تۇرسۇنجان مۇھەممەت

# ھىجران

2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ



ISBN 978-7-228-10683-7
9 787228 106837 >
定价：28.00元

تۇرسۇنجان مۇھەممەت

# ھىجران

2

(رومان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据
诀别. 下/吐尔逊江·买买提著. —乌鲁木齐:
新疆人民出版社，2006.12（2007.11 重印）
ISBN978—7—228—10683—7

Ⅰ.诀… Ⅱ.吐… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—
维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I 247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2006）第 156700 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 吐尔逊江·买买提 |
| 责任编辑 | 艾则孜·吐尔迪 |
| 责任校对 | 古丽夏尔·尼格买提 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 13.125 |
| 插　　页 | 2 |
| 版　　次 | 2006 年 12 月第 1 版 |
| 重　　印 | 2007 年 11 月第 2 次印刷 |
| 印　　数 | 3001—6000 册 |
| 定　　价 | 28.00 元 |

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەزىز تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى : گۈلشەھەر نىغمەت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

# ھىجران (2)


ئاپتورى : تۇرسۇنجان مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەزىز تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى : گۈلشەھەر نىمەت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون : 2827472—0991
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى : 830001
باسقۇچى : شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى : 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 13.125
قىستۇرما ۋارىقى : 2
نەشرى : 2006 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2007 ـ يىلى 11 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 3001—6000
كىتاب نومۇرى : ISBN978—7—228—10683—7
باھاسى : 28.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىتى ئادرېسى

# مۇندەرىجە


| | | |
|---|---|---|
| بىرىنچى باب | قوشنىلار ........................ | 1 |
| ئىككىنچى باب | گۈللۈك فونتان.................. | 20 |
| ئۈچىنچى باب | يېڭى ئۇۋا ....................... | 55 |
| تۆتىنچى باب | تېڭىرقاش ...................... | 93 |
| بەشىنچى باب | مۇھەببەت ........................ | 121 |
| ئالتىنچى باب | غۇر - غۇر شامال ........... | 166 |
| يەتتىنچى باب | قىزىل يوللۇق گالستۇك...... | 212 |
| سەككىزىنچى باب | تۇنجى خەت .................... | 259 |
| توققۇزىنچى باب | تەڭلىك ........................ | 301 |
| ئونىنچى باب | كۆلپەت ........................ | 356 |
| ئون بىرىنچى باب | ھىجران ........................ | 413 |
| ئون ئىككىنچى باب | ئازابلىق كۈنلەر ............... | 471 |
| ئون ئۈچىنچى باب | قىياق .......................... | 509 |
| ئون تۆتىنچى باب | يۈرەكتىكى زەرداب .......... | 548 |
| ئون بەشىنچى باب | كەيىپ بولغان يۈرەكلەر ...... | 602 |
| ئون ئالتىنچى باب | پاجىئە ......................... | 695 |
| ئون يەتتىنچى باب | قۇتۇلۇش ........................ | 758 |
| ئون سەككىزىنچى باب | توزۇغان گۈل................. | 784 |
| ئون توققۇزىنچى باب | پەرۋاز ......................... | 854 |

## ئون ئىككىنچى باب

# ئازابلىق كۈنلەر

### 56

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. تەبىئەت قىش بوۋاي ھەدىيە قىلغان ئىزغىرىن سوغۇق ۋە تومۇز چوكان ھەدىيە قىلغان كۆيدۈرگۈچ ئىسسىقنىڭ تەمىنى يەنە بىر قېتىم تېتىپ ئۆتتى. كۈنلەر دەقىقە ساناپ شۇنداق تەستە كەچ بولغىنى بىلەن، بىر يىلنىڭ قانداقسىگە مۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم تۇيمايلا قالدى.

سۇلايمان قاسىمنىڭ تورۇسقا قاراپ ياتقىنىغا نەچچە سائەتتىن ئاشتى. ئۇ مۇشۇ بىر يىلنىڭ ئۆزىگە نېمىلەرنى بەخش ئېتىپ، نېمىلەرنى ئېلىپ كەتكىنىنى ئەسلىمەك بولاتتى. لېكىن، شاماللار گۈرۈلدەپ تۇرغان قەدىمىي ئورماندەك غۇيۇلداپ تۇرغان ئېغىر بېشىدا ئەسلەشكە ئەرزىگۈدەك ھېچ نەرسە يوق ئىدى. پەقەت ھېلىقى ئاخشام ... قەمبەرخان ئۇنى باغاق يېزىشىپ بىرىشكە چاقىرغان ھېلىقى ئاخشام ... ئۇ چاغدا سۇلايمان قاسىم ھېچ ئىشنى ئويلىماستىنلا قەمبەرخاننىڭ كەينىدىن ئۆيىگە چىققانىدى. ئۆيئىچى ھەر كۈندىكىگە ئوخشاش سەرەمجانلاشتۇرۇلغان، ئۇنىڭدىن ئادەمگە ھېچبىر يېڭىلىق تۇيغۇسى كەلمىسىمۇ، مېھمانخانا ئىچىدە ئېغىر سۈكۈنات لەيلەپ تۇراتتى. ھەممەيلەننىڭ دىمى ئىچىگە چۈشكەن، سەل تىترەپ قالغان بارماقلىرى ئارىسىدا چىڭ قىسىلغان موخۇركىسىنى چېكەيمۇ - چەكمەيمۇ دېگەندەك ئىككى خىيال بولۇپ ئولتۇرغان ھوشۇر سەلەي ئۇنىڭغا ئايانچلىق نەزەردە قاراپ قويدى. قەمبەرخان بولسا سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە مۆلدۈرلەپ

قارايتتى . ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن رىسالەتنى كۆندۈرۈشكە سىلىنىڭ باشقىچە ئامالىلىرى بارمۇ؟ دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى. رىسالەت مېهمانخانىغا كەينىنى قىلغان هالدا ئىككى قولىنى گىرەلەشتۈرۈپ ، يۈزىنى دېرىزىنىڭ مۇزدەك ئەينىكىگە ياققىنىچە سىرتقا — ئاستا - ئاستا سۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان قارا بۇلۇتلارغا ، كەچكى شامال لىڭشىتىپ ئويناۋاتقان مەجنۇنتال يوپۇرماقلىرىغا ، بارغانسېرى گۆگۈم قوينىغا شۇڭغۇۋاتقان كۆرۈمسىز بىنالارغا قارىغىنىچە مۇڭلىنىپ تۇراتتى . ئۇنى بۇ هالدا كۆرۈپ سۇلايمان قاسىمنىڭ ۋۇجۇدى كاچكۇلدەك مۇزلىدى . ئۇ قايسى كۈنى رىسالەت بىلەن دەريا بويىدا خوشلاشقاندىن بېرى ئۇنى بىر قېتىممۇ كۆرمىگەنىدى .

— شۇنداق قىلىپ توينى قىلىدىغان بولدۇق ، ئۇكا ، — دېدى هوشۇر سەلەي ئېغىر تىنىپ قويۇپ ، — ئەمما ، بۇ قىز نېمىنى ئويلايدىغاندۇ؟ تويغا رازىلىق بەردىيۇ ، لېكىن ئىشتىن كەلسىلا مۇشۇنداق تۇرغىنى تۇرغان . ئۇنىڭغا قاراپ ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلىدۇ . هەي ، بالا دېگەن كىچىكىدە بالا ئىكەن ، سايىسى تېقىدمىغا چۈشتىمۇ ، بولدى ، ئادەم دېگەننى پۈشتىغا ئېلىپمۇ قويمايدىكەن . ئاتا - ئانا بولغۇچى ئۆز يۈرەك پارىسىنى قاراپ تۇرۇپ ئوتقا ئىتتىرەمدۇ؟ ئەلكۈن ئالدىدا بىزنىمۇ ئويلاپ قويۇشى كېرەك ئەمەسمۇ؟

سۇلايمان قاسىم ئۈندىمىدى . ئۇ ئاستا كېلىپ ساپادا ئولتۇردى . پۈرژىنىلىرى بوشاپ قالغان ساپامۇ هوشۇر سەلەيگە قوشۇلۇپ زارلاۋاتقاندەك غىچىرلىدى . بۇ ئاۋاز خۇددى سۈكۈتلۈك دالىدا يىراقتىكى ئېقىننىڭ شارقىرىشى ئاڭلانغاندەك ئۆيئىچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى . رىسالەت ئېغىر خىياللار قوينىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ، كەينىگە بۇرۇلدى ۋە ساپادا تۇتقان - قويغىنىنى بىلمەي ئولتۇرغان سۇلايمان قاسىمنى كۆرۈپ ، چىرايىغا سۇس كۈلكە يۈگۈردى . ئەمما ، ئۇ تېزلا بۇرۇنقى بىپەرۋا ، سوغۇق هالدىتىغا قايتىۋالدى . ئۇنىڭ چىرايىدىن «تۈگىدى ، ئەمدى هەممىسى تۈگىدى» دېگەندەك بىر خىل ئۈمىدسىزلىك ئىپادىسى غىل - پاللا

كۆرۈنۈپ قالدى .
قەمبەرخان ياتاق ئۆيدىن بىر تىزىملىك بىلەن بىر قوچاق باغاقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ، سۇلايمان قاسىمنىڭ ئالدىدا قويدى . ئۇ مۇشۇ ئىشنى قىلىۋېتىپمۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ چىرايىدا قانداق ئىپادىلەرنىڭ كۆرۈلىدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولغاندەك ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمىدى . سۇلايمان قاسىم تۇنجى قېتىم بۇ ئايالنىڭ گۇمانخورلۇقىدىن ، بىزەڭلىكىدىن ئاغرىندى . ئۇ «ھە مانا ، ھەممىنى كۆرۈۋال» دېگەندەك ئايالنىڭ بىرئاز تاتىراڭغۇ كۆرۈنىدىغان سولغۇن چىرايىغا دادىللىق بىلەن تىكىلدى . ئىككى جۈپ كۆز بىر - بىرىگە خۇددى ئەشەددىي رەقىبلەرنىڭكىدەك قادالدى . سۇلايمان قاسىم شۇ چاغدىلا قەمبەرخاننىڭ نېمە مەقسەتتە ئۆزىگە بۇنداق تىكىلىپ قارىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى . چۈنكى ، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ تېگىدە «قىزىم مۇشۇ كۈنگە قالدى ، بۇ ئىشتا سىلىنىڭ سەۋەبكارلىقلىرى يوقمۇ ؟» دېگەن سوئال چايقىلىپ تۇراتتى . سوئالغا ئۇنىڭ يۈزمۇيۈز تۇرۇپ لىللا جاۋاب بەرمىكى مۇمكىن ئەمەس . شۇڭا ، ئۇ نەزىرىنى دەستىلىنىپ تۇرغان باغاقلارغا يۆتكىدى ۋە تۆش يانچۇقىدىكى قەلەمگە قولىنى ئۇزاتتى .
باغاقلار ئالاھازەل ئىككى سائەتلەردە يېزىلىپ بولدى . ھەربىر باغاق ئۆتكۈر خەنجەرگە ئايلىنىپ سۇلايمان قاسىمنىڭ يۈرىكىگە زەرپ بىلەن سانجىلاتتى . سەۋەبىنى بىلىپ بولماس بىر ئاغرىق ئۇنى تىنىمسىز ئازابلىماقتا ئىدى . ئۇ خۇددى ، ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسىنى ئۆز قولىدا يەرلىككە قويغاندەك بىر تۇيغۇ ئىچىدە ئازابلىناتتى . باغاقلار يېزىلىپ بولغۇچە رىسالەت تۇرغان يېرىدىن قىمىرلاپمۇ قويمىدى . ئۇ خۇددى ھەيكەلتىراشنىڭ قولىدىن ئەمدىلا پۈتۈپ چىقان ئاق قۇنىڭ ھەيكىلىدەك ، قارىيىپ تۇرغان ئاسمانغا ، ئۇ يەردە خىرە - شىرە كۆز قىسىپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قارىغىنىچە جىمجىت تۇراتتى . ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ سۇلايمان قاسىمنىڭ قەلبى چېقىلغان ئەينەكتەك پارە - پارە بولدى .
شۇنداق ، باغاق يېزىلىپ ھەپتىدىن كېيىن بۇ قورۇدا توي

دېسە تويى ئەمەس، نەزىر دېسە نەزىر ئەمەس ئاددىيلا بىر مەرىكە ئۆتكۈزۈلدى. ھەشەم ـ دەرەمسىز بۇ تويدا بىر جۈپ يۈرەك ئازابلىق پۇچۇلانماقتا ئىدى. سۇلايمان قاسىمنىڭ جۇدالىق دەردى پاتماي تۇرغان يۈرىكىدە يەنە ئەندىشىمۇ بار ئىدى. ئۇ ھىممەت ياسىننىڭ ھېلىقى ئىشنى بىلىپ قېلىشىنى، ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلاپ يۈرۈپ ئېغىزى ئېچىۋېتىلگەن بىر كونۋېرتقا ئېرىشكىنىنى بىلىپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى. ناۋادا بۇ ئىشتىن بىرەر چاتاق چىقىدىغان بولسا قەمبەرخاننىڭ گۇمانى روياپقا چىقىپ، ئالەمنى مالەم قىلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ناۋادا شۇنداق ئىش يۈز بېرىپ قالسا، ئۇلار ئۇزۇندىن بېرى كۆڭۈل قويۇپ قۇرۇپ چىققان قوشنىدارچىلىق بىناسىنىڭ ئۇلى تەۋرەپ قېلىشى، ھەتتا ئۇ پۈتۈنلەي غۇلاپ چۈشۈشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

چۈشتىن كېيىن قىز كۆچۈرۈلدى. ئىككى ئۆينىڭ ئارىلىقى يېقىن بولغاچقا، رەسمىيەت يۈزىسىدىن بىرنەچچە ماشىنا يىگىت قولدىشى، قىز يەڭگىسى ۋە ھە ـ ھۆچىلارنى ئېلىپ ناھىيە كوچىلىرىنى بىرپەس ئايلىنىپ چىقىپ، بۇ تويىنىڭ داغدۇغىسىنى قىلغان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھىممەت ياسىن تومۇرلىرىدا ئىسسىق قېنى شۇرۇلداپ ئېقىپ تۇرغان بىر قىزنى ئەمەس، ماگىزىنلاردىكى سۇلياۋدىن ياسالغان مودېللاردەك، سوغۇق بىر تەننى ئۆز ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

مۇشۇلارنى ئويلىسا، سۇلايمان قاسىمنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كېتەتتى. بىر يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلغان، تاماكىنى ئۈزمەي چېكىپ يۈرۈپ چىرايىمۇ تاماكا ئىسىدەك قارىداپ كەتكەن، سەۋەبىنى بىلىپ بولماس بىر ئاغرىق ئۇنىڭ دەرمانىنى ئاستا ـ ئاستا شورىماقتا ئىدى. قەددى ئېگىلىپ، ئەتلىرى تارتىلغان سۇلايمان قاسىم بىراقلا نەچچە ياش قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

ھەرھالدا تويدىن كېيىن بىرەر ئىش كۆرۈلمىدى. توي كېچىسىمۇ تىپتىنچ ئۆتۈپ كەتتى. بىرەر شەپە چىقمىغاندىن كېيىن، سۇلايمان قاسىمنىڭ ئەندىشىدىن تىپچەكلەپ تۇرغان يۈرىكىمۇ

جايىغا چۆشكەندەك بولدى . ئەمما ، ئۇ ھەر قېتىم ھىمىت ياسىن بىلەن بىللە پەلەمپەيلەردە دوقۇرۇشۇپ قالغىنىدا ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك سېزىم ئىچىدە قالاتتى . ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ ھەممە ئىشلار ئۆز رېتىمىغا كەلگەن ، قەمبەرخاننىڭ شۈبھە ۋە تەشۋىش چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىمۇ مۇلايىملىشىپ قالغانىدى .

بىر ھەپتىدىن كېيىن ھىمىت ياسىن قېيناتا - قېينانىسى بىلەن قوشنىسى سۇلايمان قاسىملارنى ئۆيىگە چاقىرتۋالدى . قەمبەرخان ، ھوشۇر سەلەي ، شاپائەت ، قۇربان ، جەۋلانلار شىرەنىڭ بىر تەرىپىدە ، سۇلايمان قاسىم ، زۇلخۇمار ، خالىقجان ، قۇددۇسجانلار بىر تەرەپتە ئولتۇرۇشقانىدى . چىرايىدىن مەمنۇنلۇقى چىقىپ تۇرغان ھىمىت ياسىن مېھمانلارنىڭ ئالدىدا قىلغىلى قىلىق تاپالماي يۈرەتتى . ئۇ ھېلى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ سۇلياۋ خالتىلاردىكى مېۋە - چېۋىلەرنى پەتنۇسقا تىزاتتى . ھېلى ئاشخانىغا كىرىپ ، ئۇ يەردە نېمىدۇر بىر ئىش بىلەن مەلىكە بولۇۋاتقان رىسالەتكە بىرنەرسىلەرنى دەپ پىچىرلايتتى . ئۆيئىچىگە نەزەر تاشلاپ ئولتۇرغان قەمبەرخاننىڭ چىرايىدا مەمنۇنىيەت كۈلكىسى جىلۋە قىلاتتى . ئۇ بىر قىزنى خاتىرجەم ئۇزاتقىنىدىن ، تويدىن كېيىن ئۇ ئەنسىرىگەن ئىشلارنىڭ چىقمىغىنىدىن ئۆزىنى بەكلا يېنىكلەپ قالغاندەك سەزمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ ھەمىشە سۇلايمان قاسىمغا نەشتەردەك سانجىلىدىغان كۆز نۇرلىرىمۇ قاياقتىدۇر يوقالغانىدى .

شىرە ئۈستى نېمەتلەر بىلەن توشقۇزۇۋېتىلدى . تونۇر كاۋىپى ، پىشۇرۇلغان توخۇ ، مەگزى بەختى ئېچىلغان قىزلارنىڭكىدەك قىزىرىپ تۇرغان گۆشگىردە ... ھەممىسى بازارنىڭ تەييار تاماقلىرى بولۇپ ، رىسالەتنىڭ قولىدىن پەقەت قىزىق چاي دەملەشلا كەلگەندەك قىلاتتى . بۇنىڭغا قاراپ بۈگۈنكى مېھماندارچىلىقنىڭ ھىمىت ياسىننىڭ تەكلىپى بىلەن بولغانلىقىنى پەملىگەن سۇلايمان قاسىمنىڭ يۈرىكى يەنە بىر قېتىم پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى . ئۇ ھىمىت ياسىننىڭ چىرايىغا پەقەتلا قارىيالمىغانىدى .

ئاشخانىدىن چىقىپ ، مېھمانلارغا چاي تۇتۇۋاتقان رىسالەتنىڭ

ۋىللىدە قىزارغان يۈزلىرى سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى . دەل شۇ چاغدا قەمبەرخاننىڭ يۈگۈرۈك كۆزلىرىمۇ بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ئۈلگۈردى . ئارىدا قۇلايسىز بىر كەيپىيات پەيدا بولۇپ ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىشقا باشلىدى . رىسالەت ئىشنى تۈگەتتى ۋە شىرەدىن سەل نېرى سۈرۈلۈپ چەتتىكى بىر كىچىك ئورۇندۇققا ئولتۇردى . ئۇنىڭ چىرايى يەنىلا شۇنداق سولغۇن ، يېڭى تويى بولغان ، شېرىن مىنۇتلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان قىزلارنىڭ يۈزىدە پەيدا بولىدىغان بەخت جىلۋىسىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى . ئۇ خۇددى ئۆز تۇپرىقىدىن قومۇرۇلۇپ باشقا بىر تۇپراققا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن گۈلدەك سولىشىپ تۇراتتى . سۇلايمان قاسىم قىزنىڭ چىرايىدىكى بەختكە يات بۇ ئىپادىنى كۆرۈپ ، ھالىغا ئېچىندى . ئەمما ، ئۇنىڭ ئېچىنىشتىن باشقا قولىدىن ھېچ نەرسە كەلمەيتتى .

سۇلايمان قاسىم شۇ قېتىمقى مېھماندارچىلىقتىن كېيىن بىرەر ئايغىچە رىسالەتنى قورۇدا قايتا ئۇچرىتالمىدى . قىز كۆزىگە چېلىقمىغانسېرى ئۇنىڭ چايقىلىپ تۇرغان كۆڭۈل ئېقىنلىرىمۇ بىر ئىزغا چۈشكەندەك بولاتتى . ئەمما ، يەنە نېمىدۇر بىر نەرسىسىنى يىتتۈرۈپ قويغان ئادەمدەك تەشۋىشلىنەتتى ، كۆزلىرى ئەتراپتىن بىرنىمىنى ئىزدەيتتى . ئىزدىگەن نەرسىسى تېپىلمىغانسېرى ئۇنىڭ كۆڭلى غەش بولاتتى . ئىشقىلىپ ئۇ سەۋەبىنى ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان بىر خىل مۈرەككەپ روھىي ھالەت ئىچىدە قالغانىدى . مۇمكىن بولسا ، ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئەسىر قىلىۋالغان مۇشۇ ئىزتىراپلىق خىياللاردىن بىراقلا قۇتۇلۇپ ، يىراق - يىراقلارغا كەتكۈسى ، ئاسماندەك كەڭ ، تاغدەك سۈكۈتلۈك دالىلارنى ماكان تۇتۇپ ، زاھىتلاردەك بىر ئۆمۈر تىپتىنچ ياشىغۇسى كېلەتتى .

سۇلايمان قاسىم تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇدىن بىدار ھالەتتە ئۆتكۈزدى . ئىشتىھاسى تۇتۇلدى ، تىنىمۇ ئاستا ئېرىۋاتقان مۇز قاتلىمىدەك بارغانسېرى سىزىپ بارماقتا ئىدى . ئۇ ئىشتىن چۈشسىلا ئۆيگە كىرەتتى . زۇلخۇمارغا ، بالىلارغا گويا ئۇلار بىلەن

قىلچە ئالاقىسى يوقتەك پەرۋاسىزلارچە قاراپ قوياتتى ۋە خانىلەرنى بىرقۇر ئارىلىغاندىن كېيىن ، يەنە سىرتقا ماڭاتتى . قولىنى كەينى-گە تۇتۇپ ، ئۆزىگە تونۇش كوچىلاردىن قانداق مېڭىپ ئۆتكىنىنى تۇيمىغان ھالدا بىر يەرلەرگە بېرىپ قالاتتى . ئازابلىق خىياللار قوينىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ، ئۆزىنىڭ شەھەر سىرتىدىكى يار-داڭلىقلاردا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى ھېس قىلغىنىدا چۆچۈپ كې-تەتتى .

— سىزگە نېمە بولدى ؟ — سۇلايمان قاسىمدىكى ئىلگىرىكى-گە ئوخشىمايدىغان بۇ غەيرىيلىكتىن ھەيران بولغان زۇلخۇمار بەزىدە ئۇنىڭ مۇزدەك بارماقلىرىنى يۇمشاق ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ مۇلايىملىق بىلەن سورايتتى ، — مىجەزىڭىزمۇ بۇرۇنقىدەك ئەمەس ، سىزگە چوقۇم بىر ئىش بولدى . ھەرگەپ بولسا ئىچىڭىزگە يۇتۇپ ئولتۇرماي دەۋەتمەمسىز ؟ بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ ، كۆڭلىڭىزگە ئازار بەردىممۇ يا ؟ شۇنداق بولسا مېنى تىللاڭ ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىزمۇ رازىمەن . ئەمما ، بۇلۇتلۇق ئاسماندەك مۇنداق تۇتۇلۇپ ئولتۇرسىڭىز مەن چىدىمايمەن...

شۇنداق ، ئۇنىڭ ھازىرقى روھىي دۇنياسى بەئەينى ھېلىلا چېلەكلەپ يامغۇر قۇيۇۋېتىدىغان ئاسماندەك تۇتۇق ئىدى ، ئۇ يەردە قاپقارا بۇلۇتلار ئۆرىدەيتتى ، لالما بۇلۇتلار شامال تېزلىكىدە ئۇ-زۇپ يۈرەتتى ، ئەتراپ تۇيۇقسىز كېلىدىغان قانداقتۇر بىر ئاپەتنى كۈتۈۋاتقاندەك سۈكۈتلۈك ئىدى . ئۆزىنىڭ قانداقسىگە بۇنداق بو-لۇپ قالغانلىقىغا سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى .

ئۇ زوردىغا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ، زۇلخۇمارنىڭ قولىنى چىڭ - چىڭ قىساتتى . ئەمما ، دىرىلدەپ تىترەپ تۇرغان لەۋلىرى ئارىسىدىن ھېچقانداق سادا چىقمايتتى .

كۈز كۈنلىرى يېقىنلىشىپ قالغانىدى . ئەتراپتىن سوغۇق شامال كېلىشكە باشلىغان ، بەرگىدىن بالدۇر ئايرىلغان سارغايغان ياپراقلار ئاشۇ شامالغا قوشۇلۇپ ئۇچۇپ يۈرەتتى . يارداڭلىقنىڭ تۆۋىنىدىكى بىر تاختا قوناقلىقنىڭ قۇرۇشقا باشلىغان ياپراق-

لىرى شامالدا شار - شۇر قىلىپ ئاۋاز چىقىراتتى . كۈنمۇ بارغانسېرى يىراقلاپ كەتكەن ، دەرەخلەرنىڭ سايىسىمۇ نەچچە ھەسسە ئۇزىراپ قالغانىدى . نەچچە كۈن ئۆتسە بۇ قوناقلارمۇ چېپىلىدۇ ، باشاقلىرى خامانغا توشۇلىدۇ ، غول ۋە سارغايغان ياپراقلار ئېغىل - قوتان ئەتراپىدىن ئورۇن ئالىدۇ . قوناقلىق يالىڭاچلىنىدۇ . ئاندىن بۇ يەردە ئاچچىق سوغۇق كۈچ كۆرسىتىپ ، ئىزغىرىن شاماللار ھۇشقۇيتىدۇ . قىرو قاپلىغان دالا سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆڭلىدەك ئاستا - ئاستا توڭلاپ قېتىشقا باشلايدۇ .

ئاچچىق خىيال بىلەن ئۆتكەن بىرمۇنچە ۋاقىت ئۇنىڭغا شۇنداق بىر ھەقىقەتنى تونۇتتى : «كۆڭۈل جاھىل نەرسە ، ئۇ ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدۇ . ئۆزۈڭگە تەۋە بولمىغان ، ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ كۆڭۈلنى خاتىرجەم قىلمايدىغان نەرسىلەرگە ئېرىشىشنى ئاچ كۆزلەرچە خالايدۇ . سەن ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۇنىڭ مۇتتەھەملىكىدىن قۇتۇلالمايسەن . بەزىدە ئۇ غالىب كېلىپ ، سېنى ھەر كويلارغا باشلايدۇ . ئىختىيارىڭنىڭ تىزگىنىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويغىنىڭنىڭ تۈگەشكىنىڭ شۇ ! بۇنداق چاغدا كۆڭۈل ساڭا بىر ئۆمۈر تىرىشىپمۇ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان پۇشايمان شارابىنى غەرق مەست بولغۇچە ئىچۈرۈۋېتىدۇ . بۇنداق چاغدا قاقشىغىنىڭ ، ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە باشنى يارغىنىڭمۇ بىكار . چىققان كۆز ئورنىغا كەلمەيدۇ...»

سۇلايمان قاسىم رىسالەتنىڭ ئەينى چاغدىكى قىزغىنلىقىنى بىر خىل بەڭۋاش ھەۋەسنىڭ بىردەملىك قوترىشى دەپ بىلگەن ۋە نۇرغۇن كۆڭۈل ئىستەكلىرىنى جاۋابسىز قالدۇرغان ، تېخى ئۆتەتەك قىزغىنلىقىنى مەسخىرە قىلىپ ئىچىدىمۇ كۈلگەنىدى . ئۆزىنىڭ بىر ئائىلىگە باش بولغىنىنى ، رىسالەت بىلەن بىللە بولسا ، بۇنىڭغا ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ — جەمئىيەتنىڭمۇ يول قويمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغان ، ھەتتا ئەڭ ئاخىرقى بىر تەلىپىنىمۇ چىرايلىقچە رەت قىلغانىدى . بەلكىم ئۇنىڭ شۇنداق قىلغىنى تامامەن توغرىدۇر . مانا ، ئەمدى كېلىپ ئۆزىنىڭ قانداق-

www.uyghurkitap.com

سگه بۇنداق خىيالچان بولۇپ قالغانلىقىنى ، قانداقسىگە بۇنداق ئايىغى چىقماس خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولغىنىنى ، قانداقسىگە رىسالەتكە مۇنچە مەپتۇن بولۇپ قالغىنىنى بىلەلمىدى . بەلكىم بۇ ئۇنىڭ كۆڭۈل تىزگىنىنى خىيال سەردارىغا تۇتقۇزۇپ قويغىنىدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەت بولسا كېرەك . بۇخىل سورۇقچىلىقنىڭ قاچانغىچە داۋاملىشىشىنى ئۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى .

سۇلايمان قاسىم تورۇسقا قاراۋېرىپ تېلىپ كەتكەن كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىرئاز ياتتى ۋە بىر ئىش تۇيۇقسىز ئېسىگە كەلگەندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇردى . ئۆيئىچى تاماكىنىڭ ئاچچىق ئىسىغا تولغانىدى . ئۇ بالكونغا چىقىپ دېرىزىنى ئېچىۋەتتى . سىرتتىن ئېتىلىپ كىرگەن مۇزدەك شامال ئۇنىڭ خام كاۋىدەك ئېسىلىپ تۇرغان بېشىنى بىرئاز سەگىتتى . ئۇ سائىتىگە قارىدى . كەچ كىرىشكە يەنە بىر سائەتچە ۋاقىت قالغانىدى . زۇلخۇمار يېزىغا تۇغقان يوقلاپ چىقىپ كەتكەن ، خالىقجان بىلەن قۇددۇسجاننىڭ قورسىقى ئۇنىڭغا قاراشلىق بولۇپ قالغانىدى . باللار مەكتەپتىن كەلگۈچە ئۇلارغا يەيدىغان بىرنەرسە تەييارلاپ تۇرمىسا بولمايتتى . شۇڭا ، ئۇ يەڭلىرىنى شىمايلاپ ، بىر داسقا ئۇن ئالدى ۋە خېمىر يۇغۇرۇشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى . دەل شۇ چاغدا ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ قالدى . سۇلايمان قاسىم باللارنى مەكتەپتىن كەلگەن بولسا كېرەك ، دەپ ئويلاپ ئىشىكنى ئاچتى . بوسۇغا تۈۋىدە قەمبەرخان كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى .

ــ مانا ، مانا ، ئويلىغىنىمدەك چىقتى ، ــ دېدى ئۇ پىخىلداپ كۈلۈپ قويۇپ ، ــ ھەي ئۇكام ، نېمە قىلغانلىرى بۇ ؟ ئەر كىشىمۇ قولىنى خېمىر قىلامدۇ ؟ قويسىلا بۇ ئىشنى ! زۇلخۇمارنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەچكە ، كەچلىك تاماقنى بىزنىڭكىدە قىلدىم . باللار مەكتەپتىن كەلسىلا ئېلىپ چىقسىلا . ھوشۇركىلىرىمۇ سىدىلىنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ . چاققان بولسىلا ئەمىسە .

سۇلايمان قاسىم بۇ ئايالنىڭ كۆزلىرىدىكى سەمىمىيلىكنى ، چىرايىدىكى قىزغىنلىقنى كۆرۈپ ، تەكلىپىنى رەت قىلالمىدى .

www.uyghurkitap.com

تويدىن كېيىن هوشۇر سەلەي سۇلايمان قاسىملارنىڭ ئۆيىگە كىـ
رىپ ـ چىقىپ يۈرسىمۇ ، لېكىن سۇلايمان قاسىم نىمىشقىدۇر
ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگەنىدى . بولۇپمۇ قەمبەرخاننىڭ
كۆزلىرىدىكى ھېلىقى گۇمانىي تۈيغۇلارغا تويۇنغان سىرتۇق ئۇچقۇنـ
نى ھەر قېتىم كۆرسە ، بىردىنلا ساراسىمىگە چۈشۈپ ، تېنىنى
مۇزدەك سوغۇق تەر بېسىپ كېتەتتى . «خۇدۇكى بار موللام بەك
تەرلەيدۇ» دېگىنى شۇ بولسا كېرەك ، ئاشۇ قېتىم رىسالەت ئۇنى
قۇچاقلاپ تۇرغاندا ، قەمبەرخان بۇ ئىشنىڭ ئۈستىدىن چۈشكەن
بولغاچقا ، سۇلايمان قاسىم ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇراتتى . تويمۇ
بولدى ، تويدىن كېيىن باشقىچە بىر ئەھۋالمۇ كۆرۈلمىدى . شۇـ
ڭا ، قەمبەرخاننىڭ كۆڭلىمۇ ئەمىن تېپىپ قالغان ۋە ئىلگىرىكى
قىزغىن قوشنىدارچىلىق كەيپىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇـ
نۇۋاتقاندەك قىلاتتى .

ــ يەنە سىلەرنى ئاۋارە قىلامدىمەن ئەمدى ؟ ــ دېدى سۇلايـ
مان قاسىم ئۇن يۇقى قوللىرى بىلەن گەدىنى تاتىلاپ قويۇپ .

ــ قويسىلا ئۇ گەپنى ، ئۇكام . ئەمدى ئادەمنى بىر خىجىل
قىلمىسىلا ! ئۆزلىرىنىڭ بىزنىڭ بوسۇغىدىن پۇتلىرىنى ئېلىپ
باقمىغانلىرىغا قانچىلىك بولغاندۇ ؟ ھېچ ئىشتىن ـ ھېچ ئىش يوق
بۇنداق باتنىشىپ يۈرسەك ، دوست ـ دۈشمەنگە ئويۇن ئەمەسمۇ ؟
بولدى ئۇكام ، بىزنى ئەمدى يەنە يوللىرىغا قارىتىپ يۈرمىسىلە .
كەچلىك تاماقتا باشلىرىدىن بىرتال ياغاچ ئۈشتۈۋەتمىسەم بولمىدى
ئەمدى . ئەمىسە شۇنداق بولسۇن ، باللار كەلسىلا بىزنىڭكىگە
دىككىدە چىقسىلا . ھەمداستىخان بولۇپ تاماقنى بىللە يەيمىز .

سۇلايمان قاسىم مىننەتدارلىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى .



رىسالەت بۈگۈن ئىشتىن بەكلا كېيىن چۈشتى . ئىككى قېـ
تىملىق ئوپېراتسىيە ۋە ئوپېراتسىيىدىن كېيىنكى كۆزىتىش ئىشـ

لىرى بىلەن پالاقلاپ يۈرۈپ ، ئۇنىڭ جۇلىقى چىققانىدى . ئۇ شۇنچە چارچىغىنىغا قارىماستىن ، يەنە ئەتىكى ئوپېراتسىيىنىڭ تەييارلىق ئەھۋالىنى بىر قۇر تەكشۈردى . ھەممە ئىشلارنىڭ جايىدا ئىكەنلىد-كىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن ، دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن چىقتى . ئۇنىڭ پۇتلىرى ئۆزىگە ھېچ بويسۇناي دېمەيتتى ، جىسمىغا ئۇستى-لەپ ھاردۇق يەتكەندەك ئىدى . چۈنكى ، ئۇ ھەر قېتىم قولى ئىشتىن بوشاپ ، دوختۇرخانا ئالدىغا چىققاندا ، ئۆيگە قايتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىش ئۇنىڭ بېشىغا تاغ بولۇپ يىقىلاتتى . ئۇنىڭ ئاچچىق تاماكا ئىسى نەپەسنى بوغىدىغان ، تام - تورۇسلىرىدىن مۇدھىش يېغىپ تۇرىدىغان ئاشۇ ئۆيگە پەقەتلا قايتقۇسى يوق ئىدى .

رىسالەت جىگەررەڭلىك سومكىسىنى مۈرىسىگە تاشلىغىنىچە پىيادىلەر يولىغا چۈشتى ۋە تەگسىز خىياللارغا بېرىلگىنىچە ئاستا قەدەملەر بىلەن مېڭىشقا باشلىدى . رىتىملىق توپلەي ئاۋازى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان گادىرماش خىياللىرىغا دەخلى قىلال-مايتتى . پەقەت ئادەت كۈچى بىلەنلا نىشانىدىن ئاداشماي يۈرۈۋاتقان پاچاقلىرى ئۇنى ئۆزى خالىمىسىمۇ ھامان بېرىشقا مەجبۇر بولىد-غان ھىممەت ياسىنىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باراتتى . بۇنداق چاغلاردا ئۇ كوچىدا بىرەر تونۇش - بىلىش ئۇچراپ قالسىمۇ ، كۆرمەي ئۆتۈپ كېتەتتى . شۇڭا ، قورۇدىكى بىكارچىلىقتىن تىنىپ كەت-كەن ۋىت - ۋىت خوتۇنلار : «قەمبەرخاننىڭ بۇ قىزى خالاتنى كىيىپلا ئۆزگىرىپ كەتتى ، ھەتتا ئادەمگە سالام قىلىشقىمۇ بوينى يەر بەرمەيدۇ » دېيىشىپ غوتۇلدىشاتتى .

شۇنداق ، رىسالەتكە نىسبەتەن ھاياتنىڭ ئەمدى تارتىشقۇدەك ، ئارزۇلىغۇدەك نېمە خۇشلۇقى قالدى ؟ ھەممە ئۈمىدلىرىنى سۇلاي-مان قاسىمغا باغلاپ ، قەلبىدە قۇرۇپ چىققان مەنىۋى قەلئەسىگە بىكىنىپ يۈرۈپ مەكتەپ پۈتتۈرگەن بۇ قىزنىڭ ئېرىشكىنى نېمە بولدى ؟ شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ھىممەت ياسىنلا ئەمەس ، ھەتتا ئاتا - ئانىسىمۇ يات بىلىنەتتى . ئۇ ئىشتىن چۈشەتتى ، ئۆيگە قايتاتتى ، ئۆز ئۆيىگە يانمۇيان تۇرغان ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېشىنى

تىقاتتى . ئانىسى بىلەن گەپ ـ سۆزلىرى خۇددى قوناق يارمىسىدا قىلىنغان خىمىردەك بىر ـ بىرىگە قولاشمايتتى . ئاندىن ئۇ «ئۆز ئۆيى» گە چىقاتتى . بۇ ئۆينىڭ تام ـ تورۇسلىرى ، ئىشكاپ ـ ساپالىرى ، چىنە ـ قوشۇقلىرى ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك بىلىنەتتى . خىللاپ يۇرۇپ تازغا ئۇچرىغاندەك ، ئارزۇ ـ ئارمانلاپ يۇرۇپ ئېرىشكەن ئادەمنى ئويلىسا ، ئۇنىڭ ھەتتا بۇ ئۆيدە نەپەس ئالغۇسىمۇ كەلمەيتتى .

رىسالەت ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازىنى ئاڭلاپلا خىياللار قويىنىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى . سىگنال بىرىپ ھەم جىددىي تورمۇزلانغان ماش رەڭلىك جىپ ئۇنىڭغا سوركىلىپ دىگۈدەك ئۆتۈپ ، نەچچە قەدەم يىراقلىقتا توختىدى . چىرايىنىڭ ئۆڭسۈلى قالمىغان شوپۇر دىرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ بىرنىمە دىمەكچى بولدىيۇ ، رىسالەتنى تونۇپ تىلىنىڭ ئۇچىغا كىلىپ قالغان ئاچچىق سۆزلىرىنى زورىغا يۇتۇۋېتىپ ماشىنىسىنى قوزغىدى . رىسالەت بىر قاراپلا ئۆزىنىڭ چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىلىپ قالغانلىقىنى سەزدى . ئۇ پۇتلىرىغا ئىشىنەتتى ، خۇددى ئاشۇ چاغدا سۇلايمان قاسىمغا ئىشەنگەندەك ... مانا ، ئىشەنچ قىلغان پۇتلىرىمۇ ئۇنى ئۆز مەنزىلىگە ئەمەس ، ئەجەلگە يېقىنلاشتۇرغاندى . ئۇ شوپۇرنىڭ ھاماقەتلىكىدىن كۈلۈپ كەتتى . نىمە بولىدۇ ؟ غاچچىدە دەسسىتىۋەتسە نىمە بولىدۇ ؟ ماشىنىسىنىڭ چاقى ئۇپراپ كېتەمتى ؟ ھەي بىچارە ، ئۆلگۈدەك قورقۇپ ، تىترەپ كەتكىنىڭنى قارا...

ئۇ خىيلىلا كەچ كىرىپ قالغىنىنى كۆرۈپ ، قەدەملىرىنى تېزلەتتى ۋە يوگۇرگەندەك مېڭىپ قورۇغا كىرىپ كەلدى . ئۇ ھاسىرىغىنىچە مېڭىپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىققاندا ، ھوشۇر سەلەيىنىڭ ئىشىكىنىڭ قىيا ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە ئۆيگە كىرىپ ئاتا ـ ئانىسىغا سالام بەرمەكچى بولدى . ئىشىك ئالدىغا كىلىپلا سۇلايمان قاسىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئورنىدا چېپپىدە توختىدى . ئۇنىڭ ئەمدى بۇ ئۆيگە كىرىشتىنمۇ رايى قايتقاندى . شۇڭا ، ئۇ لىۋىنى چىشلىگىنىچە كەينىگە يېنىپ ، ئۆز ئىشىكىنى

ئاچتى ۋە ئۆيگە كىرىپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى .
مۇزدەك تۆت تام ، ئىس پۇراپ تۇرىدىغان دىمىق ھاۋا ، شۇنچە يۇيۇلغىنىغا قارىماي ھەمىشە ئادەمنىڭ كۆزىگە كىر كۆرۈنىدىغان ۋەيرانە پەردىلەر ، ئۆينىڭ تۇرغان ـ پۈتكىنى شۇ . بۇ يەرنىڭ ئادەمنىڭ مەيلىنى تارتقۇدەك ھېچنېمىسى يوق ! ھىممەت ياسىنىنىڭ قايسى دوقمۇشتا تېنەپ يۈرگەنلىكىنى كىم بىلىپتۇ ؟ يېقىندىن بېرى ئۇمۇ ئۆيگە كەچ قايتىدىغان ، ئۆيگە كىرسىمۇ يات ئادەملەردەك زۇۋان سۈرمەيدىغان بولۇۋالدى . ئەسلىدىنلا گەپنى پۇلغا ئالىدىغاندەك ئاۋايلايدىغان بۇ بايقۇشنىڭ ئەمدىلىكتە يەنىمۇ جىمغۇرلىشىپ كېتىشى رىسالەتنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ يېرىم قىلاتتى .
ئۇ تۇرۇشقا قاراپ بىرھازا ياتتى . بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ ، قەمبەرخاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :
— قىزىم ، مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە ؟ ئەجەب يېتىۋاپسەنغۇ ؟
رىسالەت ئۈندىمىدى . ئۆيئىچى پاشا ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك دەردىجىدە سۈكۈتكە چۆمدى . قەمبەرخان بىرئاز كۈتۈپ تۇرغاندىن كېيىن ، يەنە جاۋۇلداشقا باشلىدى :
— ئەنە كىرەر ، مانا كىرەر دەپ ئولتۇرسام ، ئىشىكتىن بېشىڭنىمۇ تىقىپ قويمايسەن . بوسۇغاڭ نېمانچە ئېگىزلەپ كەتتى سېنىڭ ؟ ماۋۇ ئۆيدە ئانام بار ، دادام بار دېيىشنىمۇ بىلمەيسەنغۇ ؟ تۇر ئورنۇڭدىن ، بىزنىڭكىگە چىقمىز . تاماق پىشقىلى نېكەم ؟
رىسالەت ياستۇقتىن بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن ، تام تەرەپكە قاراپ يېتىۋالدى .
— يائاللا ، نېمە بولغاندۇ بۇ بالىغا ؟ — قەمبەرخان يەنە قايناشقا باشلىدى ، — ئەمدى كېلىپ ئاناڭنىڭ سۆزىمۇ قۇلىقىڭغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىۋاتامدۇ ، قىزىم ؟ قوپە ئورنۇڭدىن ، ئۆيگە چىقمىز ، سۇلايمان ئاكاڭمۇ بىزنىڭكىدە .
— مېھمىنىڭىزنى كۈتىۋېرىڭ ئانا ، — دېدى رىسالەت پەس ئاۋازدا ، — مېنىڭ كۆڭلۈم ھېچ نەرسىنى تارتمايدۇ . بەكلا چارچاپ كەتتىم . مەن بىردەم يېتىۋالاي .

قەمبەرخان رىسالەتكە قاراپ بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن، ياندۇ-رۇپ سورىدى:

—راستىنىلا چىقمامسەن، قىزىم؟

—راستىنىلا، مەن بىردەم ئارام ئېلىۋالاي.

قەمبەرخان غودۇڭشىغىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. كۆگۈرۈم پەردىسى ئىچىدە بارغانسېرى غۇۋالىشىپ كېتىۋاتقان ئۆي ئۇنىڭ كۆڭلىنى بارغانسېرى غەش قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇ سەل - پەل سارغىيىپ تۇرغان تامغا تىكىلگىنىچە مۇشۇ بىر يىل ئىچىدىكى باش ئەگىزگە ئوخشاش لايقىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مەنىسىز كۈنلىرىنى قايتىدىن كۆز ئالدىغا كەلتۈردى...

ئەنە، توي ئاخشىمى ھەشەم - دەرەم بىلەن كوچىلاردا سازايى قىلىنىپ كەلگەندىن كېيىن، يەڭگىلەر ئۇنى خۇددى خىرۇستالدىن ياسالغان نەپىس ھەيكەلنى يۆتكىگەندەك قولتۇقلاپ، ئاۋايلاپ دەس-سەپ مۇشۇ ئۆيگە ئېلىپ كىرىشكەنىدى. گەرچە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيى بۇ ئۆيدىن بىرنەچچە تام ئارقىلىقلا ئايرىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئۆزىنى دەشتى باياۋاندىكى بارسا كەلمەس يولغا كىرىپ قالغاندەك، ئەمدى ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ مەنزىلگە يېتىپ بارغى-لى بولمايدىغاندەك بىر سېزىم ئىچىدە سەزمەكتە ئىدى. ئۇ ئىككى قات سېلىنغان كۆرپىنىڭ ئۈستىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇردى. كۆرپە-نىڭ ئاستىغا كىمدۇر بىرى تىقىپ قويغان قوش مۇشتتەك تاش ئۇنى بەكلا بىئارام قىلدى. كونىلارنىڭ دېيىشىچە، يېڭى توي بولغان قىز - يىگىتنىڭ كۆرپىسىنىڭ ئاستىغا توي كېچىسى تاش تىقىپ قويسا، ئۇلارنىڭ كۈنلىرى ئۇرۇش - جېدەلدىن خالىي، خاتىرجەم ئۆتەرمىش، كېلىن بولسا يېڭى ئۆيگە قورام تاشتەك، مەھكەم ئورنىشىپ قالارمىش...

كەچ كىردى، بىنا پەلەمپەيلىرىدىكى تاراق - تۇرۇق، كىشى-لەرنىڭ ئۈنلۈك ئاۋازدا گۇدۇڭشىشلىرى بىرئاز بېسىقىپ قالغان-دى. ئەتىدىن بېرى كۆرپىنىڭ ئاستىدىكى تاشتەك قېتىپ ئولتۇر-غان رىسالەتنىڭ ۋۇجۇدىغا جان كىرگەندەك بولۇپ، ئورنىدا قىمى-

شىپ قويدى . ئۇ بۈگۈن ئۆزىنىڭ تويى بولغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەندەك ، باشقا قىزلاردەك يالغاندىن نازلىنىپ ، يىغلاپ - مىشىلداپمۇ كەتمىگەنىدى . چۈمپەردىسى ئېلىۋېتىلگەندىمۇ ئۇ ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك بېشىنى سالغىنىچە ئېغىر خىياللار قوينىدا كېزىپ يۈرەتتى . كەچ كىرىپ ، ئۆيگە چىراغ يېقىلغاندىلا ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ نەگە كېلىپ قالغانلىقىنى سەزگەندەك بولدى .

— ئاخىر بېشىڭىزنى كۆتۈردىڭىز ، — دېدى ئۇنىڭغا يەڭگە بولغان زۇلخۇمار پىخىلداپ ، — ساراڭ قىز ، نېمانچە تۇگمەيدىغان خىيال بۇ ؟ بۇنداق ئولتۇرۇۋالسىڭىز ، قانداق بولىدۇ ؟ بۇ تۇرقىڭىزغا قاراپ ھىمىتجان «خوتۇن ئالدىمىكىن دېسەم ، ئەسلىدە تاش ھەيكەل ئالغان ئوخشىمامدىمەن» دەپ ئويلاپ قالمىسۇن يەنە . تويى بولغان قىزمۇ سىزدەك بولامدۇ ؟ ئېچىلىپ - يېيىلىپ ، غۇنچىسى ئېچىلغان قىزىلگۈلدەك كۈلۈپ ئولتۇرمامسىز مۇنداق ؟

رىسالەت زورىغا كۈلۈمسىرىمەكچى بولدىيۇ ، ئوخشىتالماي قالدى ، ئۇنىڭ يۈز تېرىلىرى تارتىشىپ ، چىرايى كۈلكىلىك بىر تۇسكە كىرىپ قالدى . ئۇنىڭ يۈز تېرىلىرى ئاستىدا لۆمشىپ ئېقىۋاتقان ئازاب دولقۇنلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

زۇلخۇمار بىلەن يەنە بىر يەڭگە تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ بىرھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن ، بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ ، كۆز قىسىشىۋالدى - دە ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى . زۇلخۇمار رىسالەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، يىلىم پۇراپ تۇرىدىغان چاچلىرىنى سىلىغىنىچە قۇلىقىغا پىچىرلىدى :

— رىسالەت ، ھەرئىش بولسا ، ئەمدى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ ، سىز دېگەن خەقنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن ئادەم . خەقنىڭ قوندىقىغا قونۇپ بولۇپمۇ كونا ئەسلىمىلەر ئىچىدە تېنەپ يۈرسىڭىز بولمايدۇ . كونىلار : «كەپە بولسىمۇ ئۆيۈم بولسا ، سۆگەت بولسىمۇ ئېرىم بولسا» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان . سىزمۇ بىلىسىز ، ھىمىتجان بىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق قوشنىمىز ، ئۇنىڭ قانداق ئادەم

ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز ئوبدان بىلىمىز . سىزمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا چوڭ بولغان ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاتا ـ ئانىڭىزمۇ ئۇسۇرسىڭىز ئاڭلانغۇدەك يەردە . شۇڭا ، كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇپ ، خۇدايىمنىڭ شۇنداق يەردىن رىزىق بەرگىنىگە شۈكۈر قىلىشىڭىز كېرەك . مەن بىر قارا قورساق ئايال ، سىزگە نەسىھەت قىلغۇچىلىكىم يوق ، شۇنداقتىمۇ ئىككى ئېغىز كاپىلداپ قويدۇم . ئەمدى سىز ئارام ئېلىڭ ، مەن ئۆيگە چىقىپ بالىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كىرىمەن ، — ئۇ ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ بولۇپ كەينىگە بۇرۇلدى ۋە قوشۇپ قويدى ، — ھەرگىز باشقىچە خىياللاردا بولۇپ يۈرمەڭ ، سىڭلىم . ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كېتىدۇ .

ئىككى يەڭگە چىقىپ كەتتى . ياتاق ئۆي ئادەم چىداپ تۇرغۇسىز سۈكۈتكە چۆمدى . رىسالەت ئۆزىنى گويا ئادەمزات ئايغى تەگمىگەن دەشتى قىيامەتكە كېلىپ قالغاندەك سەزدى . تۆت تام قىستاۋاتقاندەك ، تورۇس گۆمۈرۈلۈپ چۈشكەندەك ئىچى سىقىلدى . ئەتىدىن بېرى مىت قىلىپ قويمىغان كۆزلىرىدە باش باھارنىڭ يامغۇر تامچىلىرى پەيدا بولدى ، ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ ، ئىچىدىكى ھەممە دەرد ـ ئەلەملىرىنى بىراقلا تۆكۈپ ھۆركىرەپ يىغلىماقچىمۇ بولدى . بىراق ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋە قوشنا ـ قولۇملارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن نومۇس قىلىپ ، ھەممە دەردىنى يەنە كۆكرەك قەپەسىگە سولاشقا مەجبۇر بولدى . سۈيى تارتىلماي تۇرىۋەرگەن قۇدۇقنىڭ ئىچى پۇراپ قالغاندەك ، ئۇنىڭ دەرد ـ ھەسرەتكە پەۋەس تولغان كۆڭۈل كۆلچىكىمۇ بەتبۇي پۇراق تارقىتىۋاتقاندەك قىلاتتى .

بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ ، ھىممەت ياسىن كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ چىرايى قوۋاشتەك چاقناپ كەتكەنىدى . ئۇ ھوجرا ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ، مەمنۇنىيەت بىلەن تازا بىر كېرىلدى ـ دە ، ئۈستىخانلىرىدىن قاراسلىغان ئاۋاز چىقارغىنىچە رىسالەتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى . قىز يەنىلا قورام تاشتەك مىدىرلىماي قويمىدى . ھىممەت ياسىن كۈلۈپ تۇرۇپ قىزنى ئېڭىكىدىن كۆتۈرۈپ ئۆزىگە

www.uyghurkitap.com

قاراتتى . ئەمما ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى سوغۇق ئۇچقۇننى كۆرۈپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالدى . رىسالەت يەنىلا بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى . ئارىنى بايىقىدىنمۇ ئۆتە بىر خىل سۈكۈنات ئۆز ئىلكىگە ئالدى .

تام سائىتى بىر خىل رىتىمدا چىكىلدايتتى . بەلكىم ئۇ ئارىدى-كى بۇ خىل جىمجىتلىقتىن بەكلا بىزار بولغان بولۇشى مۇمكىن . بىنا ئىچى بىراقلا جىمىدى . رىسالەت زۇلخۇمارنىڭ باللارنى ئو-رۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كىرىمەن دېگىنىنىڭ بىر باھانە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى ، ۋاقىت دۆڭدىن دومىلىتىپ قويۇپ بېرىلگەن قار پوكىزى-كىدەك بارغانسېرى تېز چېپىشقا باشلىدى . ھېممەت ياسىنمۇ ئېغىر خىياللار قوينىدا ئېڭىكىنى يۆلەپ ئولتۇراتتى . ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان بىر خىل قايناق ھېسسىياتى بىلەن سېغىنغان ، مانا ئەمدى بىر يەردە ، ئوخشاش ھاۋادىن نەپەسلىنىپ تۇرغان رىسالەتكە كۆڭلىنى قانداق ئىزھار قىلىشنى بىلەلمەي ئولتۇراتتى . رىسالەتمۇ ئۆزىگە شۇنچە يېقىن ئولتۇرغان بۇ ئادەمگە نىسبەتەن ھېچقانداق تەسىراتنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ يەتكەندى . رىسالەت ئۆزلى-رى شۇنچە يېقىن ئولتۇرسىمۇ ئارىلىقنىڭ بەكمۇ يىراقلىقىنى ، كۆڭۈللەرنىڭمۇ بىر - بىرىدىن ياتسىراپ تۇرغانلىقىنى ئويلاپ ، ئىچ - ئىچىدىن خورسىندى . بولغۇلۇق بولغان ، ئۇ ئەمدى بۇ يەردىن خالىغانچە باش ئېلىپ چىقىپ كېتەلمەيتتى . بىر چاغدا ھېممەت ياسىننىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرى ئۇنىڭ يەلكىسىدە مى-دىرلاشقا باشلىدى . رىسالەت بۇ قوللارنى ئۆزىگە بۇنىڭدىن كېيىن ئىگە بولىدىغان ئادەمنىڭ قوللىرى ئەمەس ، خۇددى دەرەخلەردىن تۆكۈلۈپ ، نەم تۇپراق ئۈستىدە ئۆمىلەۋاتقان قۇرتتەك ھېس قى-لىپ ، تىترەپ كەتتى .

يىراق - يىراقلاردىن خورازلارنىڭ باش چىللىقى ئاڭلاندى . ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى . ھېممەت ياسىننىڭ نەپىسى تېزلىشىپ ، رىسالەتنىڭ يەلكىسىدە ئويناۋاتقان قوللىرى تېز - تېز ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى . ئۇنىڭ ئېغىزىدىن پۇرقۇپ تۇرغان ئا-

تەش نەپەسلىرى رىسالەتنىڭ بويۇنلىرىنى كۆيدۈرۈشكە باشلىغاندى . بىر چاغدا ئەسەبىيلەشكەن ھىممەت ياسىن قىزنىڭ يۇمران بويىنىنى قايرىدى ۋە ئۇنى كۆتۈرۈپلا كارىۋاتقا باستى. رىسالەت بۈركۈتنىڭ چاڭگىلىدىكى قۇچقاچتەك تىپىرلىدى ، قاپقانغا چۈشۈپ قالغان ئاھۇدەك تولغاندى ، كونا تۇگمەننىڭ گۈگۈسلىرىدەك پىرقىرىدى ، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ قوچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقالمىدى . ھىممەت ياسىن بارلىق مېھرى بىلەن ئۇنىڭ بويۇنلىرىنى يالاشقا باشلىغانىدى . رىسالەت خۇددى يات بىرسىنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىغاندەك خورلۇق ھېس قىلدى ـ دە ، بارلىق كۈچىنى چىشلىرىغا يىغىپ ، ئۇنىڭ مۈرىسىنى غەزەپ بىلەن چىشلىدى . ھىممەت ياسىن ئاغرىق دەستىدىن يارىلانغان يولۋاستەك ئېچىنىشلىق ھۆركىرىدى . ئۇ رىسالەتنىڭ ئۈستىدىن ئارتىلىپ پولغا يىقىلىپ چۈشتى . ئۇنىڭ قىزنىڭ مۇستەھكەم چىشلىرى چوڭقۇر پاتقان مۈرىسىدىن شۇرۇلداپ قان ئېقىشقا باشلىغانىدى...

مانا ، ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى . ئۇلارنىڭ كۆڭۈلسىزلىك سايە تاشلاپ تۇرغان تۇرمۇشى بەئەينى پىتقىشىپ تۇرغان زەيكەشلىكتەك مەنىسىزلىك ئىچىدە ئۆتۈپ كەتمەكتە ئىدى . رىسالەتنىڭ بەزىدە ھىممەت ياسىنغا ئىچى ئاغرىپمۇ قالاتتى . بىراق ، ئۇنىڭ قولىدىن نېمە كەلسۇن ؟ ئاللىقاچان بىرسىگە بېغىشلانغان كۆڭۈلگە يەنە باشقا بىر ئادەمنى سىغدۇرۇش مۇمكىنمۇ ؟ ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ ئادەمگە كۆڭلىنىڭ بىر بۇرجىكىدىن بولسىمۇ ئورۇن بېرەلمىدى . توي كۈنىنىڭ ئەتىسى ، سۇلايمان قاسىمنىڭ ھە ـ ھۇسى بىلەن تازا ئىچىپ كەيپ بولغان ھىممەت ياسىن زورلۇق كۈچىگە تايىنىپ ، رىسالەتنىڭ ۋەسلىگە يەتتى . ئۇ كەيپ بولغاچقا ، ھېچ نەرسىنى سەزمىدى ، ئىككى يۈرەك ئەندىشە ئىچىدە كۈتۈۋاتقان پاجىئەلىك تەقدىردىن قۇتۇلۇپ قالدى . چۈنكى ، كەيپلىكتە ئادەمگە كونۋېرتنىڭ كونىسى بىلەن يېڭىسىنىڭ پەرقى يوق ئىدى .

رىسالەتنىڭ تەنھالىق ئىچىدىكى كۈنلىرى داۋام قىلماقتا ئى-

دى . قارىسا ئۇنىڭ يېنىدا ئېرى بار ، ئەمما قەلبىدە ئېرىگە نىسبە-
تەن ھېچ نەرسە يوق ئىدى . شۇڭا ، ئۇ دائىم ئۆزىنى باياۋاندا ئۇسۇپ
قالغان توغراقتەك تەنها ، تىكەندەك يالغۇز ھېس قىلاتتى . ئەتراپىدا
ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرگەن شۇنچە كۆپ ئادەم بىلەن ئۆزىنىڭ قىلچە
ئالاقىسى يوقتەك ، بۇ دۇنيادا ئۆزىدىن باشقا ئادەم قالمىغاندەك بىر
غېرىبلىق ئۇنى تاغدەك باساتتى .
مانا ، بۈگۈنمۇ ئۇ تامغا قاراپ يېتىپ بۇقۇلداپ يىغلاشقا
باشلىدى . ئەھە دەپ يۆتەلسىلا ئاڭلىنىدىغان شۇنداق يېقىن
يەردە ئاتا ـ ئانىسى ، ئۆزى كۆڭۈل بەرگەن ئادىمى بار بولسىمۇ ،
ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىسى تويدىن كېيىن بىراقلا ئۈزۈلۈپ
قالغاندەك ئىدى . مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە ئۇ سۇلايمان قاسىمنى
ئاساسەن كۆرمىگەندەك قىلدى . ئۇلار كارىدوردا بىر نەچچە قېتىم
دوقۇرۇشۇپ قالدى ، لېكىن ھەر ئىككىسى بىر خىل ئوڭايسىزلىق
ئىچىدە بىر ـ بىرىنىڭ چىرايىغىمۇ تۈزۈكرەك قارىيالماي ئۆتۈپ
كېتىشتى . مانا ئەمدىلىكتە ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ چىرايىنى كۆز
ئالدىغا كەلتۈرمەكچى بولاتتى ، لېكىن قانداقتۇر بىر مەۋھۇملۇق ،
تۇتەك ئىچىدىكى گۈڭگا ـ غۇۋالىق ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرگىلى قويمايتتى . ئۇ يىغلايتتى . ھىمىت ياسىنىنىڭ قايسى دوقمۇش-
لاردا تېنەپ يۈرگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ ، مۇشۇ كۈنلەردە
ئۇنىڭمۇ كۆڭلى رىسالەتتىن بارغانسېرى قېلىشقا باشلىغانىدى .
ھىمىت ياسىنىنىڭ ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن سۆيۈشلىرىگە پۈرۈچ
قورچاقتەك ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەيدىغان بۇ ئايال ئۇنىڭ نەچچە
ۋاقىتتىن بېرى ئارزۇلاپ كەلگەن بەخت ئۆلچىمىگە لايىق كەلمەي
قويغانىدى . شۇڭا ، ئۇ ئىلگىرىكى ئىچەرمەن دوستلىرى بىلەن
قايتىدىن تېپىشىپ ، كۈنلىرىنى قاۋاقخانىلاردا ئۆتكۈزمەكتە ئىدى .
رىسالەت يىغلاپ يېتىپ قانداقلارچە ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى تۇي-
مايلا قالدى . بىر پەستىن كېيىن ئۆيئىچىدىكى يۈرەكنى ئەزگۈدەك
ئېسەدەش يىنىك پۇشۇلداشقا ئالماشتى...

# 58

قىش كىرىپ قالغانىدى. ئەتراپتىن سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك ئاچچىق شامال كۆتۈرۈلەتتى. يوللاردىكى ئويمانچاقلاردا مۇز قاتقان، تۆكۈلگەن ياپراقلار مۇزغا چاپلىشىپ ياتاتتى. بوزىرىپ تۇرغان ئاسماندا قارا بۇلۇتلار كېزىپ يۈرەتتى. ھاۋا بەئەينى نەشىسى تۈگەپ كەتكەن بەڭگىنىڭ قاپىقىدەك تۈرۈلگەن، قارىغاندا بۈگۈن كېچە شۇئۇرغان چىقىدىغاندەك قىلاتتى.

قېلىن پاختىلىق چاپان كىيىۋالغان ھوشۇر سەلەي ئادىتى بويىچە سەھەردىلا مەيدانغا چىقىۋالدى ۋە قولىدىكى شاخ سۈپۈرگە بىلەن مەيداننىڭ ھەربىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىكى ئەخلەت ـ چاۋارلارنى ئېرىنمەستىن تازىلاشقا باشلىدى. سۈپۈرگىنىڭ بېتون تاختايلارغا سۈركەلگەندىكى شىرت ـ شىرت قىلغان ئاۋازى مەيداننىڭ ئەتىگەنلىك سۈكۈتىنى بۇزۇپ تۇراتتى. بىر ۋاسكىتبول مەيدانچىلىك كېلىدىغان يەرنى تازىلاپ بولغۇچە ھوشۇر سەلەينىڭ بويۇنلىرىدىن شۇرقىراپ تەر قۇيۇلدى. ئۇنىڭ بىرئاز كەينىگە سۈرۈپ قويۇلغان قۇلاقچىسىنىڭ تېگىدىن ئىسسىق ھور پۇرقىراپ كۆتۈرۈلەتتى.

بىر چاغدا مەيدانغا خىزمەتچىلەر بىردىن ـ ئىككىدىن كېلىشكە باشلىدى. ئىشقا چۈشىدىغان ۋاقىت يېقىنلاپ قالغانىدى. پۈرۈر كىيىنگەن، بىرئاز قورساق سېلىپ قالغان ئىدارە باشلىقى ياسىنجان قورۇ ئىچىگە مەغرۇر دەسسەپ كىرىپ كەلدى. ئۇ قولتۇقىدىكى قارا رەڭلىك خىزمەت سومكىسىنى كىمگىدۇر بىرسىگە تۇتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، غىلجىڭ چوكانلاردەك بېلىنى تولغىنىپ مەيدان ئىچىدە چېنىقىشقا باشلىدى. گەپ چېنىقىش دەپ چىرايلىق ئېيتىلغىنى بىلەن، ئۇنىڭ سىنچى كۆزلىرى مەيداننىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقىقىغا بىرمۇبىر تىكىلەتتى. قىسقىسى، ئۇ ھوشۇر سەلەينىڭ ئەستايىدىللىقىدىن گۇمانلىناتتى. ئاشۇ چاغدا يېگەن

تاياق ئۇنىڭ يادىدىن تېخىچە كۆتۈرۈلگىنى يوق . ئۇ ھوشۇر سەلەيـ-
نى كۆرگەندە ، ئۆزىچە كۈلۈپ ، ئۇنىڭ دولىسىغا شاپىلاقلاپ ،
دوستانىلىقىنى ئىپادىلەپ يۈرگىنى بىلەن ، بىر پۇرسەتنىڭ كېلىد-
شىنى ، «گۆشمۇ كۆيمەيدىغان ، زىخمۇ كۆيمەيدىغان» بىر چارە
بىلەن بۇ قىساسنى ھەسسىلەپ ئېلىپ ، ئۇنى ئىدارىدىكى ھەممە
ئادەمنىڭ ئالدىدا ۋاي داد دېگۈزۈشنى ئويلايتتى . شۇڭا ، ئۇ مەيدان-
نى بويلاپ چېنىقىشقا باشلىدى . ئەپسۇسكى ، بۇ قېرى قاقۋاش
ئۇنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ قالغاندەك ، ئۆزىگە ساغرا سىلىتىپ ،
قۇيرۇق تۇتقۇدەك ئىمكان قالدۇرمىغانىدى .

— تازىلىق ھەقىقەتەن ياخشى بوپتۇ ، خۇددى يالىغاندەك تازى-
لاپسىز ، تەشكىل سىزدىن ھەقىقەتەن رازى ، بىزنىڭ ئىسلاھات
ئېلىشلىرىمىز سىزدەك ئەستايىدىل ئادەملەرگە موھتاج .

ھوشۇر سەلەينىڭ چىرايىدا سۈس كۈلۈمسىرەش ئىپادىسى
بالقىدى . ئۇنىڭ قارا داغلار يۇگۈرۈشكە باشلىغان مىسرەڭ چىرايى
سوغۇقتىنمۇ ياكى ياسىنجاننىڭ يۇز تۇرانە ماختاشلىرىنى ئاڭلىغان-
لىقتىنمۇ ، ئەيتاۋۇر قىزىرىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئىدارە باشلىقى
سۇنغان بىر تال تاماكىنى قوش قوللاپ ئالدى ۋە قېلىن لېۋىگە
قىستۇرۇپ يانچۇقىدىن سەرەڭگە ئىزدەشكە باشلىدى . ئۇنىڭغىچە
ياسىنجان ياققان چاقماقنىڭ ئوتى تاماكىنىڭ ئۇچىنى قىزارتىپ
ئۈلگۈردى .

— سەت بولدى ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا سەت بولدى ،
ئۇكام ، — دېدى ھوشۇر سەلەي تاماكا ئىسىدىن قېقىلىپ تۇرۇپ .

ياسىنجان مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ، ئەتراپتا قاراپ تۇر-
غانلارغا «قانداق ، مەن بولامدىكەنمەن ؟ ماڭا تىغ تەگلىگەنگە مەن
ھۆرمەت شارابى تۇتىمەن» دېگەندەك مەنىدە قاراپ قويۇپ ، ئىشخا-
نىسى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى .

— بۈگۈن سەھەر تۇرغان ئوخشىمامسىز ؟ — دېدى خىزمەت-
چىلەردىن بىرى كۈلۈپ تۇرۇپ ، — باشلىقنىڭ كاتتا ئىلتىپاتىغا
ئېرىشكىنىڭىزدىن قارىغاندا ، بۈگۈن چوقۇم بوسۇغىدىن ئوڭ پۇتد-

ڭىز بىلەن چىقىپسىز ، ھوشۇركا .

ــ سىزگە ئامەت باردەك قىلىدۇ . چوڭىنىڭ بەرگىنى خۇدانىڭ بەرگىنى دېگەننى ئاڭلىغانمۇسىز ؟

ــ نېمىلا دېگەنبىلەن ياسىنجان بولىدىغان ئادەم ، ئۇنىڭ قورسىقىدا يانچۇقى يوق ، كۆڭلىدە كىر توختىمايدۇ . بولمىسا ئۇنى ئېشەكنى دۇمبالىغاندەك قوغلاپ يۈرۈپ كالتەكلىگەن ھوشۇركام بۇ چاغقىچە ئۆزىنى قەيەردە كۆرەر ئىدى ؟

ــ قاراڭلار ، مۇشت كۆتۈرگەنگە ئاش بەرگەندەك ، ئۆزىنىڭ قىممەت باھالىق تاماكىسىنى ھوشۇركامغا تۇتۇشلىرىنى ، تېخى ئۇتىنىمۇ ئۆزى يېقىپ بەردى دەڭلا…

سىرتتىن كەيپسىز ھالدا كىرىپ كەلگەن سۇلايمان قاسىم بولۇنۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ئۇرانىغا قاراپلا ، ھەممىنى چۈشەندى . ئۇنىڭغىچە ھوشۇر سەلەي ئېغىزىدىكى تاماكىنى ھەممەيلەنگە تۇتۇپ ، بىرنەچچىدىن شورىۋېلىشقا تەكلىپ قىلدى . باشقا تاماكىلارنىڭكىدىن قىلچە پەرقلەنمەيدىغان كۆكۈچ ئىس ھەممە ئېغىزدىن پۇرقۇلۇپ چىقىپ ئىسسىق ھورغا قوشۇلۇپ ، ھاۋاغا سىڭىپ كېتەتتى . شۈلگەي ئېقىپ تۇرغان ئېغىزلاردا پەقەت تاماكىنىڭ سېسىق تەملا قالدى . ئۆزىگە سۇنۇلغان تاماكا كۆيۈندىسىنى چىرايلىقچە رەت قىلغان سۇلايمان قاسىم نېمە ئۈچۈندۇر ھوشۇر سەلەينىڭ چىرايىغا لىپ قىلىپ قاراپ قويدى . ئۇنىڭ يۈزىدىكى قىزىللىق تېخىچە يوقالمىغانىدى .

خىزمەتچىلەر بىر ـ بىرلەپ ئىشخانىلىرىغا مېڭىشتى . سوغۇق شامال كىرىپ يۈرگەن مەيداندا ھوشۇر سەلەي بىر ئۆزى يالغۇز قالدى . ئۇ تاماكا قالدۇقى بارمىقىنى كۆيدۈرگەندىلا ئېسىگە كېلىپ ، قولىنى سىلكىدى . تاماكا كۆيۈندىسى نەگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى . ئۇ ئېچىشىپ تۇرغان بارمىقىنى سىلىغىنىچە شاخ سۈپۈرگىسىنى سۆرەپ ئامبارغا قاراپ يول ئالدى . ئەمدى خىزمەت بىناسىغا چىقىشى ، ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىنى تازىلىشى ، چايدانلاردا قايناق سۇ ئەكىلىشى كېرەك ئىدى . ئاندىن يېتىشەلىسە سۇلايمان

قاسىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ، ئۇنىڭ بىلەن بىردەم گۇڭۇر ـ مۇڭۇر پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇۋېلىشنىمۇ خىيال قىلغانىدى .
ئۇ ئىش ـ كۈشلىرىنى تۈگىتىپ سۇلايمان قاسىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندە ، ۋاقىت خېلىلا بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى . بىرنەرسىلەرنى يېزىپ ئولتۇرغان سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ، ئاندىن قەلىمىنى تېز ـ تېز ھەرىكەتلەندۈرۈپ قولىدىكى ماتېرىياللارنى پۈتتۈرۈۋېتىشكە ئالدىرىدى .
ــ تازا ئالدىراش چاغدا كىرگەن ئوخشىمامدىمەن ؟ ــ دېدى ھوشۇر سەلەي . ئۇ قويۇن يانچۇقىدىن مىجىلىپ كەتكەن تاماكا قېپىنى چىقاردى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تال تاماكىنى سوغۇرۇۋېلىپ ئوتتۇرىدىن ئۈشتۈپ ئىككى پارچە قىلدى ، ئاندىن ئوت يېقىپ ، بىرنى سۇلايمان قاسىمغا تەڭلىدى .
ــ ئۇھ ، ئاخىر پۈتتى ، ــ دېدى سۇلايمان قاسىم رازىمەنلىك بىلەن كېرىلىپ قويۇپ . ئۇ ھوشۇر سەلەي سۇنغان تاماكىنى ئىككى شوراشتىلا ئوتىنى بارمىقىغىچە ئاپاردى . قويۇق ئىس خۇمدانىنىڭ تۈرخۈنىدىن كۆتۈرۈلگەن كۆمۈر ئىسىدەك پۇرقۇلۇپ چىقىشقا باشلىدى .
ــ خۇمار يامانغۇ ئۇكام ، ــ دېدى ھوشۇر سەلەي تاماكىنىڭ كۈلىنى قېقىۋەتكەندىن كېيىن ، ــ بولمىسا مەن غاچچىدە چىقىپ بىر قاپ ئەكىرەيمۇ ؟
ــ ياق ، ياق ، ــ سۇلايمان قاسىم كېلىپ ئورنىدىن قوزغىلىشقا تەمشىلىۋاتقان ھوشۇر سەلەينىڭ مۈرىسىدىن باستى ، ــ ئاۋارە بولماڭ ھوشۇركا ، تاماكا دېگەن مەندە تولا گەپ ، بارنى تەڭ چېكىمىز . قېنى ، ئازادە ئولتۇرۇڭ ، ھە راست ، ئەتىگەن ياسىنجاننىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئوخشىمامسىز ؟
ــ ئۇنى قانداقمۇ مۇكاپات دېگىلى بولسۇن ؟ ناھايىتى شۇ بىر تال تاماكا تۇتۇپ ، ئوت يېقىپ بەردى ، ئۇكام . «قوشنىسىنىڭ قوش كۆرۈنەر» دېگەندەك ، بۇ ئىش ئىداردىكىلەرگە ئالامەت يوغان بىلىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك ، ھەممەيلەن تاماقلىرىنى تاشلاپ

كېتىشتىغۇ تاڭ ؟

ــ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ ئەلۋەتتە يوغان ئىش ، ھوشۇركا .
چۈنكى ، ئىدارە باشلىقىغا تاماكا تۇتۇپ ، بىرى تۇتقان تاماكىغا يەنە
بىرى ئوت يېقىشىنىڭ كويىدا پۇرسەت ئىزدەپ يۈرگەن ئادەملەر
ئۈچۈن ، بۇنى ھەرگىزمۇ كىچىك ئىش چاغلىغىلى بولمايدۇ . ئىش-
قىلىپ بۇنىڭ ياخشىلىقتىن كۆرە يامانلىق تەرىپى چوڭراقمىكىن
دەيمەن . ئىشەك دېگەنمۇ كۆتىگە تېزەك كەلمىگۈچە قۇيرۇقىنى
كۆتۈرمەيدىغان نېمە .

ھوشۇر سەلەي ئۈندىمەستىن تاماكىسىنى شوراۋەردى . ئۇنىڭ
مىسرەڭ چىرايى قايتىدىن قىزىرىشقا باشلىغاندى . ئۇ تۇمشۇقى
ئاقىرىپ كەتكەن ئۆتۈكىنىڭ ئۇچىغا قارىغىنىچە خىيال سۈرۈپ
ئولتۇراتتى .

ــ كېچىدىن ھەممىت ياسىن يەنە مەست بولۇپ كەلدى--
مۇ ، نېمە ؟ ــ دېدى ئۇ پاراڭنىڭ تېمىسىنى باشقا ياققا يۆتكىمەك
بولۇپ ، ــ كاربىدوردا ئۇنىڭ قەي قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك
قىلدىمغۇ ؟

ھوشۇر سەلەينىڭ يۈرەك يارىسى يەنە بىر نۆۋەت تاتىلاندى .
ئۇ قىزىنىڭ توي قىلغاندىن بېرى چىرايىنىڭ بىر قېتىممۇ ئېچىد-
لىپ باقمىغانلىقىنى ، يەنە كېلىپ ھەممىت ياسىنىڭمۇ يېقىندىن
بېرى هاراققا بېرىلىپ ، قاۋاق - رەستىلەردە لاغايلاپ يۈرگىنىنى
ئويلاپ ، تولا ئازابلىنىدىغان بولۇپ قالغاندى . سۇلايمان قاسىمنىڭ
بۇ گېپى بىلەن ئۇنىڭ چىرايى كۆز كۆنلىرى ئۆششۈك تەگكەن
قىزىل مۇچىدەك قىزىرىپ كەتتى .

ــ بۇ ئىشلارنى ئويلاپ يۈرىكىم ئېقىپ كېتىۋاتىدۇ ،
ئۇكام ، ــ دېدى ئۇ يىلان چېقىۋالغاندەك تولغىنىپ ، ــ ھەي ،
ئارزۇ - ئارمانلاپ قاتارغا قوشۇلغان قىزىم مۇشۇ ئىدى ، خۇدايىم
بەختىنى بەرمىدى - دە . ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىنى ھەر قېتىم
كۆرسەم ، يۈرىكىم چوغقا تاشلانغان قوي مېيىدەك پىژىلداپ كۆيىد-
دۇ ، ئۇكام . ئادالەتنىڭ تېخىچە ئىز - دېرىكى يوق ، قالغانلىرىمۇ

قاپاقا شوينا بولالمايدىغان نان قىپىلار چىقتى ، ھەي ، خۇدايىم ، مۇشۇ قىزىمنىڭ بەختىنى بەرسە نېمە بولىدۇ؟ شۇنچە قىلغان دۇئالىرىم ئىجابەت بولمىدى ، ئانىسى بىچارىنىڭمۇ يېشى قۇرۇماي-دۇ . قارىغاندا بىز باللارنى ئۇنچە ياخشى تەربىيىلىيەلمىگەن بول-ساق كېرەك .

— بۇنى ئۆزىڭىزنىڭ ئائىلە تەربىيىسىدىن كۆرۈۋالسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ — دېدى سۇلايمان قاسىم چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويۇپ ، — مەن سىزگە ئۆتكەندىمۇ بىر قېتىم دېگەن . خۇددى توخۇ چۈجىسى چوڭ بولسا ، ئانىسىنىڭ قانات ئاستىغا پاتمىغان-دەك ، باللارمۇ چوڭ بولغانسېرى سىلەرنىڭ قاتارىڭلاردىن چى-قىپ ، جەمئىيەتنىڭ ئادىمىگە ئايلىنىدۇ . ياخشى - يامان ئىشلارنى جەمئىيەت ئۇلارغا خالىغانچە ئۆگىتىدۇ . بەلكىم سىزنىڭمۇ توغرا قىلمىغان ياكى باللارنى چىڭراق تۇتمىغان يەرلىرىڭىز باردۇ . ئەمما ، ھەممىنى ئۆزىڭىزدىن كۆرسىڭىز بولمايدۇ - دە !

ھوشۇر سەلەي قولىدىكى تاماكا كۆيۈندىسىنى كۈلدانغا بې-سىپ ، سۇلايمان قاسىمدىن يەنە بىر تال تاماكا سورىدى ۋە ئۇنىڭ-غىمۇ ئوت ياقتى . ئىسسىنى كۈچەپ - كۈچەپ سۈمۈرۈپ ئېغىز - بۇرنىدىن پۇرقىرىتىپ چىقىرىشقا باشلىدى . ئىشخانا ئىچىدە ئۆزىچە ئايلىنىپ يۈرگەن سۇلايمان قاسىم دېرىزە ئالدىدا توختىدى ۋە قارا بۇلۇتلار تېز - تېز ئۆزۈپ يۈرگەن ئاسمانغا ، يالىڭاچلانغان دەل - دەرەخلەرگە ، سوغۇق شامال كېزىپ يۈرگەن مەيدانغا نەزەر تاشلىدى . راستىنى دېگەندە ، ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ پەرىشان ئىدى . ھوشۇر سەلەي ، ھىممەت ياسىنلارنى ھەربىر قېتىم كۆرگەندە ، نېمىشقىدۇر خىجالەت بولاتتى . كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە يەنە رى-سالەتنى سېغىنغانغا ئوخشاش بىر تۇيغۇمۇ بار ئىدى . جاھاننىڭ ئىشلىرى قىزىق بولىدىكەن ، باللار كىچىك چاغلىرىدا سەن ئۇنى خالىغانچە قۇچىقىڭغا ئالالايدىكەنسەن ، ئەركىلىتىپ تۇرۇپ خالىغان يېرىگە سۆيەلەيدىكەنسەن . لېكىن ، ئۇلار چوڭ بولغانسېرى سەن مۇنداق ھوقۇقتىن مەھرۇم بولىدىكەنسەن ، مانا ، رىسالەت كىچىك

ۋاقىتلىرىدا ئۇنى چۆرگىلەپ كېتەلمەيتتى . بەزىدە ئۇنىڭ قۇچىقىغا
چىقىۋېلىپ ، قارلىغاچ بالىسىدەك ۋىچىرلاپ كېتەتتى ، بەزىدە ها-
پاچ بولسا ، بەزىدە قۇلىقىنى سوزاتتى ، يەنە بەزىدە بۇرنىنى چىم-
دايتتى . سۇلايمان قاسىمنىڭ قىزنىڭ يۇمران مەڭزىگە ساقىلىنى
سانجىپ ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى . ھەر قېتىم رىسالەتنى تۇتۇۋې-
لىپ ، يىرىك ساقىلىنى ئۇنىڭ مەڭزىگە سۈركىگەندە ، قىز ئەركى-
لەپ چىرقىراپ كېتەتتى . يىللار ئۇلارنى بۇ ھوقۇقتىن ئاستا -
ئاستا مەھرۇم قىلدى . رىسالەت چوڭ بولدى ، ئۇنىڭغا ئىلگىرىكى-
دەك غەرەزسىز ، سەبىي كۆزلىرىدە ئەمەس ، مۇھەببەتلىك كۆزلە-
رىدە قارايدىغان بولدى . ئەلۋەتتە ، بىر ئائىلىگە باش بولغان ،
ئىككى بالىنىڭ ئاتىسىغا ئايلانغان ، بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق -
سوغۇقنى ئۆتكۈزگەن ئادەمنىڭ بۇنداق مۇھەببەتنى يەڭگىلتەكلىك
بىلەن قوبۇل قىلىشى مۇمكىنمۇ ؟ بۇ قاراپ تۇرۇپ ھېچقانداق
تۇرمۇش تەجرىبىسى يوق بىر ناتىۋان قىزنى پاتقاققا سۆرىگەندەك
ئىش ئەمەسمۇ ؟ سۇلايمان قاسىم قىزنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى
قەلبىدە پىنھان ساقلاپ كېلىۋاتقان مۇھەببىتىنى چىرايلىقچە رەت
قىلدى ، تېخى ئۆزى ئەلچى بولۇپ ، ئۆزى باغاق يېزىپ ، تويىنى
قىلىپ قويدى . ئەمما ، بۇنىڭ بىلەن نېمە مەسىلە ھەل بولدى ؟
رىسالەت بەختىنى تاپالىدىمۇ ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس . قىزنىڭ سول-
غۇن چىرايى ، ئەتراپقا بىر قېتىم بولسىمۇ كۈلۈپ باقمىغان مۇڭ-
لۇق كۆزلىرى ئۇنىڭ تېخىچە ئاشۇ مۇھەببەت دۇنياسىدىن چىقىپ
كېتەلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى . ئەمدى بولغاندا سۇلايمان قاسىم
نېمىمۇ قىلىپ بېرەلىسۇن ؟ رىسالەتكە قانداقمۇ يول تېپىپ بېرەلە-
سۇن ؟ بۇنداق باش ئاغرىقىنىڭ ئەلۋەتتە ئۇنۇملۇك دورىسىمۇ يوق .
شۇڭا ، سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆڭلىرىنى ئىزتىراپ ، ئاچچىق خىيال
بىلەن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولماقتا ئىدى .

— ئادالەتتىن بىرەر خەۋەر بارمۇ ؟ — بىر چاغدا سەل
ئېسىگە كەلگەن سۇلايمان قاسىم ئۆزىگە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان قوش-
نىسىغا بىرنەرسە دېمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، سوراپ

www.uyghurkitap.com

قويدى ، — ئۇ هازىر نەدە تۇرۇۋېتىپتۇ ؟
— ئۆتكەندە ئاچىسىغا تېلېفون بېرىپ ، ئۆزىنىڭ ئىچكىرىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىكەن . بىراق ، تېلېفوننى رىسالەتنىڭ باش-لىقى ئالغاچقا ، ئېنىق ئادرېسىنى سورىۋالماپتۇ . بىز ئىزدەيلى دېسەكمۇ نەدىن ئىزدەيمىز ؟ ئىچكىرى دېگەن بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئىزدىگەن ئادەمنى ئاسانلا تېپىۋالىدىغان توخۇ بازىرىمىز ئەمەس - دە . شۇڭا ، خۇدايىمدىن ئۇنىڭ ئامانلىقىنى تىلەپ ، خەۋەر كۈتۈۋاتىمىز ، ئۇكام .
— ئىلاھىم ئۇنىڭ تېنى سالامەت بولغاي ، — سۇلايمان قا-سىم ئادالەتنىڭ كۈلگەندە مەڭزىدە پەيدا بولىدىغان چىرايلىق زىنن-قىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . بۇغداي ئۆڭلۈك ، توم ، قارلىغاچ قانىتىدەك ئەگىم قاشلىرى يۇمىلاق يۈزىگە خويمۇ ياراشقان ، كۈل-گۈنچەك بۇ قىز مانا ئەمدى كىشى يۇرتىدا سەرسان بولۇپ يۈرۈپتۇ . ئۆلۈك - تىرىكلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ . سۇلايمان قاسىم بادام دوپپىسى تاز چىرايىغا ئانچە ياراشمايدىغان ، قۇرتتەك يۇمشاق ، ئەمما ھەرقانداق مۇستەھكەم توساقلارنى بىمالال تېشىپ ئۆتەلەيدى-غان ئەمەت هاجىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . ئۇياق تاپقان پۇلىنى يەنە كىشىلەرنى چىرىتىشكە ئىشلىتىپ ، نۇرغۇن قىزلارنى يولدىن چىقارغاندى . مانا ، ئۆزىغۇ ئۆلۈپ تۈگىدى . لېكىن ، ئۇ پەيدا قىلغان جاراھەتنىڭ ئورنى ھېلىھەم يىرىڭلاپ تۇرۇپتۇ ، كىشىلەر-نىڭ ئۇ تۈپەيلى تارتىۋاتقان سورۇقچىلىقلىرى تېخىچە ئاخىرلاشمى-غاندى .
ھوشۇر سەلەي تاماكىسىنى چېكىپ تۈگەتتى . ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرى بىرئاز قىزىرىپ قالغاندى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بې-شىنى سالغىنىچە سىرتقا قاراپ ماڭدى . بوسۇغا تۈۋىگە بارغاندا بىر ئىش يادىغا كەلگەندەك كەينىگە بۇرۇلدى .
— ئۇكام ، — دېدى ئۇ كىرپىكلىرىدىن ئۈزۈلۈپ بۇرنىنىڭ ئۇچىغا دومىلاپ چۈشكەن ئىككى تامچە يېشىنى ئالىقىنى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ ، — ئىچىم دەردكە توشۇپ كەتتى ، ۋاقتىڭ بولسا

بىزنى ئىلگىرىكىدەك يوقلاپ تۇرغىن ، مۇڭدىشىمىز ، مېنى ئۇنداق
تاشلىۋەتمە...

هوشۇر سەلەينىڭ لەۋلىرى ئۇمچەيدى ، ئۇ بېشىنى سالغىنىچە سۇلايمان قاسىمنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن چىقىپ كەتتى .

ئىشخانا ئىچى ئادەم چىداپ تۇرغۇسىز بىر سۈكۈت ئىچىدە قېتىپ قالدى . سۇلايمان قاسىم بارماقلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇلغان تاماكىنىڭ ئاز ـ ئازدىن كۆيۈپ بېرىۋاتقىنىنىمۇ سەزمەستىن ، ئورۇندۇققا چىڭ چاپلىشىپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ بېشى ھېلىلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك ۋاڭشىپ كەتكەنىدى . هوشۇر سەلەينىڭ «مېنى ئۇنداق تاشلىۋەتمە...» دېگەندىكى تىترەڭگۈ ئاۋازى بارغانسېرى كۈچىيىپ ، ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئەكس سادا بولۇپ ياڭرىماقتا ئىدى . ئۇ شۇ ھالدا ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قالدى . بىنا ئىچىدىمۇ ئېغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى . خۇددى مۇشۇ تۆت قەۋەتلىك بىنادا ئۇنىڭدىن باشقا بىرمۇ ئادەم قالمىغاندەك ... سۇلايمان قاسىم يۈرىكى لەختە ـ لەختە قان بولغان ھالدا ئېغىر تىنىپ ئۇھ تارتتى . ئۇنىڭ سىقىلىپ تۇرغان ئىچكى ئەزالىرى ئاشۇ ئاھ بىلەن بىرئاز بوشىغاندەك قىلدى . لېكىن ئۇ يەنىلا ئېغىر خىيالغا پاتتى .

«مېنىڭمۇ ئىككى ئوغلۇم بار ، باللار چوڭ بولۇۋاتىدۇ ، ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى قانداق قىسمەتلەر بولۇشى مۇمكىن ؟ ئاشۇ باللارنىڭ دەردىدە مەنمۇ قانداق سورۇقچىلىقلارنى تارتارمەن ؟ ناۋادا خەيرىنىسا بىلەن ئىككىمىزنىڭ تۈنجى مۇھەببەت مېۋىسى — ئاشۇ ئۆلۈپ كەتكەن قىزىم ھايات بولغان بولسا ، قانداق كۈنلەرنى كۆرەر ئىدى ؟ بالا دېگەن ھەرقانداق دىشۋارچىلىقلارنى يىغلاپ ـ كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆتكۈزۈۋېتەلەيدۇ ، لېكىن ئۇنىڭ دەردىنى ئاتا ـ ئانا بولغۇچى كۆتۈرەلمەيدۇ . پەرزەنتنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرد ئاتا ـ ئانىنىڭ يۈرىكىگە كېلىدۇ . پەرزەنتنىڭ جاراھىتى ئاتا ـ ئانىنىڭ يۈرىكىدە يېرىڭلايدۇ . قان ـ ياشقا تولغان بۇنداق قىسمەت ئاتا ـ ئانىنىڭ يۈرىكىدە تاش بولۇپ قاتى-

دۇ . بۇنداق ئازابنى ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ ئۆتتۈپ كېتەلىشى ئاسان ئەمەس . كونىلار : «تۆمۈرنى نەم يەيدۇ ، ئادەمنى غەم» دەپ بەكمۇ توغرا ئېيتىشقان . بالا دەردى ، بالا غېمى ئادەمنىڭ ئۆمرىگە سىلىنغان ئىكەك ، بۇنداق ئىكەكنىڭ زەربىسى ھەرقانداق ئۆتكۈر تىغنىڭكىدىنمۇ يامان . مانا ، ھوشۇر سەلەي بىلەن قەمبەرخان مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك تېزلىك بىلەن قېرىپ كەتتى . رىسالەتنىڭ بەختى ئېچىلمىدى . ئادالەتنىڭ ئىز ـ دېرىكى يوق ، يىراق يەرنىڭ ئەندىشىسى يامان بولىدۇ ، ئۇستى ـ ئۇستىلەپ كەلگەن بۇ زەربىنى قانداق توسۇۋېلىش مۇمكىن؟ بۇ ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ . ياراتقۇچىنىڭ يازمىشى شۇ بولسا ، ئۇلارنىڭ پېشانىگە پۈتۈلگەننى تارتماي ئامالى يوق . شۇڭا ، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىش ، تەسەللىگە تازا موھتاج بولغان چاغدا ئۇلار-نىڭ ھالىغا يېتىش كېرەك . »

سۇلايمان قاسىم تاماكا قالدۇقى بارماقلىرىنى كۆيدۈرگەندىلا خىيال دەرياسىدىن ئۈزۈپ چىقتى ۋە ئورنىدىن تۇردى . قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن غۇيۇلداپ سوغۇق شامال كىرمەكتە ئىدى . ئىش-خانا ئىچى خېلىلا سوغۇق بولسىمۇ ، سۇلايمان قاسىم تومۇز كۈنلى-رى جاڭگالغا كىرگەن ئوتۇنچىدەك چىپ ـ چىپ تەرلەپ كەتكەنى-دى . ئۇ ئاستا بېرىپ ئىشكاپنى ئاچتى ۋە ماتېرىياللار ئارىسىغا تىقىپ قويۇلغان بىرنەچچە كونۋېرتنى ئېلىپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قېلىنراق بىرسىنىڭ ئېغىزىنى ئاچتى . بىر پارچە خەتكە قوشۇلۇپ رىسالەت بىلەن بىللە چۈشكەن ھېلىقى سۈرەت ئۇنىڭ قولىغا چىق-تى . قىزىل پەلتو ئىچىدىكى رىسالەت كەلگۈسى تۇرمۇشىدا بېشىغا كېلىدىغان دىشۋارچىلىقلارنى ئالدىن ھېس قىلغاندەك بىرئاز مە-يۈس ھالەتتە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى . سۇلايمان قاسىم ئىلگىرى دىققەت قىلمىغان بۇ قىياپەتكە قاراپ ، يۈرىكىنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىنىڭ پىژىلداپ ئېچىشىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى . رىسالەتنىڭ لەۋلىرىدە سۈس ئىپادىلىنىپ تۇرغان كۈلكىسىنىڭ تېگىدىمۇ ئاجا-يىپ بىر چوڭقۇر قايغۇ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . ئۇ تېنىدىكى ئازغىنا

www.uyghurkitap.com

هارارەت بىلەن ئاشۇ پەلتو ئىچىدىكى ئازاب ئىگىسىنىڭ مۇز بولۇپ قاتقان ۋۇجۇدىنى بىرئاز ئىللىتماقچى بولغاندەك، سۇرەتنى باغرىغا ياقتى . ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرىدىن ئېتىلىپ چىقتى . سۇلايمان قاسىم شۇ ھالدا ئىشكاپنىڭ ئالدىدا خېلى ئۇزۇن تۇردى . پەقەت كارىدوردا ياسىنجاننىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندىلا سۈرەتنى ئالدىراپ كونۋېرتقا سېلىپ ، ئىشكاپنىڭ ئەڭ تېگىدىكى تارتمىسىغا سېلىۋەتتى .

## 59

رىسالەت يەنە ئوپېراتسىيىگە ماڭدى . بۇ ئۇنىڭ مۇشۇ بىر كۈن ئىچىدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق ئوپېراتسىيىسى ئىدى . سوقۇر ئۈچەي ئوپېراتسىيىسىغۇ ئانچە چوڭ ئوپېراتسىيىمۇ ئەمەس ، ئەمما تىرىك تۇرغان بىر ئادەمنىڭ قورسىقىنى كەسكەندىكىن ، ئۇنىڭ ھاياتىغا مەسئۇل بولۇش كېرەك ـ دە ! ئادەتتە سەن بىراۋنىڭ قورسىقىنى سەۋەبسىز يېرىۋەتسەڭ ، جىنايەتچى بولىسەن ، ئەمما دوختۇر ئوپېراتسىيە قىلىمەن دەپ كەسسە ، بۇ نورمال ئىش ھېسابلىنىدۇ . بىراق ، دوختۇر بىمارنىڭ قورسىقىنى كېسىپ ، ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارسا ئوخشاشلا جىنايەتچى بولىدۇ . گەرچە قانۇن دوختۇرنى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەتچى دەپ بېكىتمىسىمۇ ، ئۆزىگە زور ئۈمىدلەر بىلەن باققان كىسەل ئىگىلىرىنىڭ ئالدىدا ۋىجدان قەرزىگە بوغۇلىدۇ . بۇ قەرز يەلكىسىدىن تاغدەك بېسىپ ، بىر ئۆمۈر ۋىجدان ئازابى تارتىپ قېلىشى مۇمكىن . شۇڭا ، رىسالەت ھەر قېتىم ئوپېراتسىيە خالاتىنى كىيىپ ، قولىغا ئوپېراتسىيە پىچىقىنى ئالغىنىدا ، بىرئاز ھاياجانلىنىپ كېتەتتى . ئۇ بۈگۈنمۇ دەل ئاشۇنداق تۇيغۇنىڭ ئىچىدە قالدى ، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ قولى بىر ئاز تىترەپ تۇراتتى . ياردەمچى دوختۇر ئۇنىڭ بۇ خىل روھىي ھالىتىگە قاراپ ئۇنىڭغا مەسلىھەت سالدى :

ــ بەك چارچاپ كەتكەن بولسىڭىز ، ئوپېراتسىيىنى ئەتە قىد-

لامدۇق يا ؟
— بىمارنىڭ ئازابى ئەتىگىچە ساقلاپ تۇرالمايدۇ ـ دە ! ئۇنىڭ
ئۈستىگە ۋاقتىدا ئامال قىلمىساق ، ئۇچەي تېشىلىپ بىمارنىڭ
ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزۈشى مۇمكىن . ھېچقىسى يوق ، مەندىن ئەن-
سىرىمەڭ ، خاتىرجەم بولۇپ ، ماڭا ماسلىشىپ بەرسىڭىزلا بولدى .
شۇنداق قىلىپ ئوپېراتسىيە باشلاندى . قىرىق مىنۇتلۇق ئوپې-
راتسىيە ئۇنىڭغا قىرىق يىلدەك بىلىنىپ كەتتى . ئۇ ھېچقاچان
ئۆزىنى بۇگۈنكىدەك روھسىز ، ماجالسىز ھېس قىلمىغانىدى . رى-
سالەت ئوپېراتسىيىخانىدىن چىقىپلا يىقىلىپ قالدى . تەلىيىگە
ئىككى سېسترا ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلىۋالدى .
رىسالەتنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن ، كۆز قارىچۇقىد-
مۇ بىر ئاز تارتىشىپ قالغانىدى . بۇنى كۆرۈپ دوختۇرخانا باشلىقى
بېشىنى چايقىدى .
— ھەي رىسالەت ، ئۆزىڭىزگە نېمانچە جاپا سالىسىز ؟ قايسى
گۇناھىڭىزغا ئۆزىڭىزنى بۇنچە قىينايسىز ؟ ئەمدى بىرنەچچە كۈن
دەم ئالمىسىڭىز بولمىدى . ناۋادا خالىسىڭىز مۇشۇ يەردە يېتىپ ،
داۋالانغاچ ئارام ئېلىڭ . سىزنى بىزمۇ ئاز ـ تولا داۋالاپ باقايلى .
گەرچە تېخنىكىمىز سىزگە يەتمىسىمۇ ، ھەرھالدا مەسلىھەتلىشىپ
بىر ئىش قىلامدۇق ؟
رىسالەت دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ كۆيۈنۈش تەلەپپۇزىدىكى بۇ
نەسىھىتىگە كۈلۈمسىرەپ قويدى .
— ئېرىڭىزگە خەۋەر قىلامدۇق يا ؟ — سورىدى سېسترالار
باشلىقى ئامىنە ئۇنىڭ قان بېسىمىنى تەكشۈرۈۋېتىپ . رىسالەت
گەپ ـ سۆز قىلماستىن بېشىنى چايقىدى .
ئۇنىڭغا تىنچلاندۇرۇش ئوكۇلى ئۇرۇلدى . ھەش ـ پەش دې-
گۈچە كۆزلىرى ئۇيقۇغا كەتكەن رىسالەت ئۈچ سائەتتەك ئۇخلىدى .
ئۇ ئويغانغىنىدا ئۆزىنى خېلى روھلۇق سەزدى . لېكىن ، ۋاقىت
بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى . ئۇ ياتقان ياتاقنىڭ دېرىزىسىدىن
قارىپ تۇرغان ئاسمان مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇ

سائىتىگە قارىدى. ئىستىرېلكا كەچ سائەت توققۇزنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. شۇ چاغقىچە ھېمىت ياسىننىڭ ئۆزىدىن ئەنسىرەپ يا تېلېفون بەرمىگىنى ياكى بولمىسا دىككىدە دوختۇرخانىغا ئىزدەپ كەلمىگىنى ئۇنىڭ كۆڭلىگە بەكمۇ كەلدى. مۇشۇ چاغقىچە مۇشۇ- كۆك كۆلۈڭنى تاپالمىسىمۇ، ئۇنى ئىزدەپ باقمىدىغان ئىش ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇكچىلىك بولالمىغانلىقىغا ئۆكۈندى. توغرا، «كۆڭۈلدىن يىراق كۆزدىن يىراق» دەپتىكەن. بۇ ھامىنى پىشمايدىغان ئاش. شۇنداق ئىكەن، ئەمدى ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتۈپ نىمە كەپتۇ؟ ئۇ ئەسلىدىمۇ ئۈمىد كۈتكۈدەك ئادەم ئەمەسقۇ؟ رىسالەت ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى.

ئۇ ئەمدى ئورنىدىن تۇرۇشى، خەقنىڭ ئالدىدا قەدىرسىز بولسىمۇ ئۆيگە قايتىشى، خەقنىڭ ئىلكىدىكى ئادەم بولغاندىكىن، سىرتلاردا قونۇپ يۈرمەسلىكى كېرەك. گەرچە بۇ دوختۇرخانا بولسىمۇ، ۋاقتى كەلگەندە بەزىبىر ئىشلارنى چۈشەندۈرمەك ئاسان ئەمەس. شۇڭا، ئۇ يەنىلا لوقۇلداپ ئاغرىپ تۇرغان بېشىنى كۆتۈرۈپ كارىۋاتتىن چۈشتى. سومكىسىنى ئېسىپ دوختۇرخانا ئالدىغا چىقىشىغا چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، بۇياقتا قاراپ ئالدىراش كېلىۋاتقان ئىككى ئادەمنى كۆرۈپ قالدى. دەرۋازا ئالدىدىكى چىراغ يورۇقىدا ئۇلارنىڭ دادىسى ھوشۇر سەلەي بىلەن سۇلايمان قاسىم ئىكەنلىكىنى تونۇدى. دادىسى بىرئاز ئاقساپ قالغان، قەددى ئېگىلگەن، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگەن ئاۋازى خېلى يىراقتىن ئاڭلىناتتى. سۇلايمان قاسىم بولسا نېمىگىدۇر جىددىيلىشىپ قالغاندى. ئۇنىڭ چىڭ تۈرۈلگەن قوشۇمىسىنى كۆرۈپ، رىسالەتنىڭ قەلبىدىكى نامەلۇم بىرنەرسە شۇررىدە ئېرىپ، كۆز جىيەكلىرى ياشقا تولدى. ئۇ گەرچە بەختتىن مەھرۇم بولغان بولسىمۇ، مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولمىغانىدى. مۇشۇ تاڭ ـ تاڭ سوغۇقتا سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۇنى ئىزدەپ كېلىشى گەرچە رىسالەتكە ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئورۇن بولمىسىمۇ، كۆڭلىدە ئورۇن بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرمەمدۇ؟

ئۇلار دوختۇرخانا ئالدىدا ئۇچراشتى . قىزىنى كۆرۈپ ، ھو- شۇر سەلەينىڭ چىرايىغا سۇس كۈلكە يۈگۈردى .

— كەچ قالدىڭغۇ ، قىزىم ؟ — دېدى ئۇ جىددىيلەشكەن ھالدا ، — سەندىن بەكلا ئەنسىرىدۇق . ئالدىڭغا ئەۋەتەي دېسەم ، ھىممىتجان ئۆيدە يوق ئىكەن . شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈملا بېرىپ كېلەي دەپ ماڭغانىدىم ، قورۇدا سۇلايمان ئاكاڭ ئۇچرىدى . ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئۇمۇ بىللە كەلدى . نېمە بولدى ؟ دوختۇرخانىدا بىر ئىش بولدىمۇ ؟ نېمىگە بۇنچە كەچ قالدىڭ ؟

— بۈگۈن ئۈچ قېتىملىق ئوپېراتسىيىگە كىرىپتىمەن . قارى- سام بىرئاز ھارغىنلىق يېتىپ قاپتۇ . سەل كۆزۈمنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالاي دەپ ياتسام ، ئۇخلاپ قاپتىمەن . سىلەرنى بىكارغا ئەنسىرىتىپ قويغىنىمنى كۆرمەمدىغان ؟

رىسالەت شۇنداق دېدى ۋە سۇلايمان قاسىمغا مىننەتدارلىق ھېسسىياتىدا قاراپ كۈلۈپ قويدى . بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ تۇرۇلگەن قوشۇمىسىمۇ ئېچىلىپ كەتتى .

— مەن تېخى سىزگە بىرەر ئىش بولغانمىدۇ ، دەپ بەكلا ئەنسىرىگەنىدىم ، — دېدى سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ چولپاندەك چاق- ناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ، — نەچچە كۈندىن بېرى كەيپىياتى- ڭىزنىڭ سەل جايىدا ئەمەسلىكىنى سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن ، ئۆزىڭىز- نى ئاسراڭ ، رىسالەت . خىزمەت دېگەن بىر كۈندە تۈگەيدىغان كوپېراتسىيىنىڭ چىمى ئەمەس . ساق - سالامەت بولساق ، خىزمەت دېگەننى قىلىۋالىمىز .

رىسالەت ئۇنىڭ خۇددى دوختۇرخانا باشلىقى بىلەن دېيىشىۋال- غاندەكلا گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ، قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قال- دى . ئۇ ئويلايتتى : «ئادەم دېگەننىڭ تۇيغۇسى ھەممىنى سېزىۋالا- لامدىغاندۇ ؟ دېمەك ، ئۇمۇ مېنى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۆزىتىۋې- تىپتىكەن - دە ؟ ! ھېچ ئۇچرىغاندەك قىلمىغان ، نەدە يۈرۈپ كۆرگەندۇ ؟ ئىست ، مۇشۇنداق ئادەمنىڭ قولىغا چۈشكەن بولسام قانداق ياخشى بولاتتى - ھە ؟ لېكىن ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتۈش

www.uyghurkitap.com

پېشانەمگە پۇتۇلمىگەنىكەن . تەقدىرنىڭ ماڭا بۇنچە بېخىللىق قىلىشىنى كىمدىن كۆرىمەن؟ ھەي ، تەڭشەلمىگەن ئالەم……»

ئۇلار باشقا گەپ ـ سۆز قىلىشماستىن ئاسفالىت يول بىلەن ئۆيگە قاراپ مېڭىشتى . ئىدارە قورۇسىغا كىرىپ بىناغا چىققۇچە ھېچكىم بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدى . ئۇلار ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ ، ھەركىم ئۆزىگە تەۋە ئىشىكلەرنىڭ ئالدىغا بارغاندا ، رىسالەت ئېغىز ئېچىپ قالدى :

— رەھمەت ، سۇلايمان ئاكا . سىزمۇ كىرىپ ئارام ئېلىڭ ، دادا ، ئەتە كۆرۈشەيلى .

— ئۆيگە كىرىپ ئازراق چاي ئىچىۋالامسەن ، قىزىم؟ — دېدى ھوشۇر سەلەي رىسالەتنىڭ يېنىدىن تارتىپ ، — ئاناڭمۇ سېنى بىر كۆرمىسە ، بوگۇنكى ئۇيقۇسى ھارام بولىدۇ .

— ئانامغا بۇ تۇرقۇم بىلەن كۆرۈنگۈم يوق . ئەتە ئەتىگەن كىرەي ، دادا بەكلا چارچاپ كەتتىم .

رىسالەت شۇنداق دېگىنىچە ئىشىكنى ئېچىپ ، ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى . ھوشۇر سەلەي ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن دېگەندەك مۈرىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى ۋە سۇلايمان قاسىمغا پەس ئاۋازدا دېدى :

— يۈر ، ئۇكام ، ئۆيگە كىرىپ ئازراق ئولتۇرۇپ چىققىن .

— ھېلىمۇ بەك كەچ بولۇپ كەتتى ، ھوشۇركا . سىزمۇ پۇت ـ قولىڭىزنى سۇنۇپ ئوبدانراق بىر ئارام ئېلىڭ . ئەتە يەنە خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ، بىز بىر يەرگە قېچىپ كەتمىگەندىكىن ، ئەتە ـ ئۆگۈن پەتلەپ كىرەرمىز .

— بوپتۇ ئەمىسە ، سەنمۇ ئارام ئال ، خوش ، خۇداغا ئامانەت ، ئەتە كۆرۈشەيلى .

ئۇلار شۇ تەرىقىدە خوشلاشتى ۋە ئىشىكلىرىنى گۈپۈلدىتىپ يېپىشتى . ھەممە شەپىنى سىرتتىن تۇرغان رىسالەت سەنتۇرۇلگەن پېتى بېرىپ ، ئۆزىنى كارىۋاتقا ئاران ئالدى . پار بېرىلگىنىگە قارىماي ، ئۆيئىچى يەنىلا سوغۇق ئىدى . ئۇ يۇڭ ئەديىالنى تارتىش-

لاپ ئۆزىنى چۆمكىدى . ئەدىيال بىلەن تەڭ ئۇنىڭ يالغۇزلۇقى
ئۇستىدىن بېسىپ ، كۆچىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى . ئۆيئىچىدە
بوران گۇركىرەيتتى ، ئاللىقانداقتۇر نەرسىلەر قاراسلاپ سۇناتتى .
ياۋايى هايۋانلار قورقۇنچلۇق هۇۋلايتتى ، هۇۋقۇشنىڭ شۇملۇق
تىلەپ سايرىغان ئاۋازى يېقىنلا يەردىن ئاڭلانغاندەك بولاتتى . ئائىلە
مېھرىگە تەۋە هېچقانداق ئىللىقلىق بولمىغان بۇ ئۆي ئۇنىڭ قەلبىد-
ـدەكلا قۇپقۇرۇق ئىدى . ھىممەت ياسىن بەلكىم بۇ چاغقا ئاللىقاچان
مەست بولۇپ ، ئاللىقانداق يەردە يىقىلىپ قالغاندۇ . ياكى بولمىسا
ئۆز خىلىدىكى ، كۆڭلى تارتقان بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ ، پومداق-
لىشىپ كۆڭۈل ئېچىۋاتقاندۇ . ئىشقىلىپ ئۇ ئاللىقاچان بۇ ئۆينىڭ
سىرتىدىن ئۆزىگە تەۋە دۇنياسىنى ، كۆڭۈل خۇشاللىقىنى تېپىۋال-
غانىدى . بۇنى ئۇنىڭ نەچچە كۈندىن بېرى ئۆيگە قايتمىغانلىقىدىنلا
چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس . بۇ هال رىسالەتنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق
تېگىپمۇ كەتمىدى . چۈنكى ، ئەسلىدىن خۇددى خاتا ئۇچرىشىپ
قالغان ۋە بىر ـ بىرىگە مۇنداق نەزەر تاشلاپ قويۇپ ئۆتۈشۈپ
كەتكەن يولۇچىلاردەك تۇرمۇش رىسالەتكە ھەممىنى دەپ بەرگەن ،
ئۇنىڭ ھىممەت ياسىنغا ئەسلا كۆڭلى بولمىغاچقا ، ئۇنىڭ بەزىبىرى
ئىشلىرىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالغان ، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئۆزىگە
يېپىشىۋېلىپ ئاۋارە قىلمىغانلىقىدىن خۇشال بولغانىدى . بۇنداق
مەنىسىز تۇرمۇشمۇ ئادەمنى ئاسان تۈگەشتۈرۈۋېتىدۇ . خۇددى يىل-
تىزى تۈتمىغان گۈل ئاسان خازان بولغاندەك ...

تام سائىتى بىر خىل رىتىمدا چىكىلدىماقتا . دوختۇرخانىدا
بىرپەس ئۇخلىۋالغان بولغاچقىمىكىن ، كېچە سائەت بىردىن ئاشقان
بولسىمۇ ، ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى . ئۇيان ئۆرۈلۈپ ، بۇيان
چۆرۈلۈپ يېتىپ يەنە تۈگىمەس خىياللار قوينىغا شۇڭغۇدى . ئەپ-
سۇسكى ، ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىنى خىيال قىلغانلىقىنى پەقەتلا بىلمەيت-
تى . بەئەينى ئادەم ئايىغى بېسىلمىغان قەدىمىي جاڭگالدىكى قۇم-
لۇق ئۈستىگە سىڭىنغان ، يالغۇزلۇق ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغان يېگانە
قەلئەدە ئەرۋاھلاردەك كېزىپ يۈرەتتى .

بىر چاغدا گۇم - گۇم قىلىپ ئىشىك ئۇرۇلدى . ئاندىن ئاچقۇچنىڭ شاراقشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ ، بىردەمدىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى . كۆزلىرى قىزارغان ھەمىت ياسىن چاچلىرى پاخپايغان ، كىيىم - كېچەكلىرى بۇلغانغان ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى . ئۇبدانلا دەسسەپ مېڭىشلىرىغا قارىغاندا ، ئۇ بۈگۈن ئانچە كۆپ ئىچمىگەنىدى . ئۇ ياتاق ئۆيگە كىرىپ ، سۇس يورۇپ تۇرغان كىچىك لامپۇچكىنىڭ يورۇقىدا خۇددى شېرىن ئۇخلاۋاتقاندەك كارىۋاتتا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە سوزۇلۇپ ياتقان رىسالەتكە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قاراپ كەتتى . ئۇ نېمىشقىدۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى . ئاندىن يېشىنىپ كارىۋاتقا چىقتى ۋە چىراغنى ئۆچۈرۈپ ، رىسالەتنىڭ قوينىغا كىردى . مۇزدەك بارماقلار ئۇنىڭ ھارارەتلىك كۆكسى ئۈستىدە يىلاندەك ئۆمىلەشكە باشلىدى . رىسالەت چىشلىرىنى چىڭ چىشلىگىنىچە قىرغاققا چىقىپ قالغان ئۆلۈك بېلىقتەك ياتاتتى . ھەمىت ياسىن ئۇنى ئاستا ئۆزىگە قاراتتى . رىسالەت يەنىلا تاش ھەيكەلدەك ئۇلگۇچە مىدىرلاپ ئۇنىڭغا قارىدى . ھەمىت ياسىن ئۇنىڭ چىڭ يۇمۇلغان لەۋلىرىگە سۆيدى . ئاھ ، نېمانچە بەتتام ! رىسالەت يەنىلا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەستىن ، ئۆلۈكتەك ياتاتتى . ھەمىت ياسىننىڭ ئۆسۈپ قالغان ساقىلى ئۇنىڭ مەڭزىگە سانجىلدى ··· ئۇ سۇلايمان قاسىمنى دەرھال يادىغا ئالدى . ئۇ كىچىك ۋاقىتلىرىدا ھەمىشە كىرپە تىكىنىدەك يىرىك ساقىلىنى بىچارىنىڭ يۇمران مەڭزىگە سانجىيتتى . ھەمىت ياسىن بىر ھازا ھەپىلەشكەن بولسىمۇ ، ئۆلگەن روھنى تىرىلدۈرەلمىدى . رىسالەت يەنىلا ئۆلۈكتەك ياتاتتى . ئۇنىڭ كەيپى ئۇچۇپ ، مۇشتلىرى تۈگۈلدى . ئەمما ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە رىسالەتنى كۆچەپ ئىتتىرىۋەتكەندىن كېيىن ، بېشىنى ياستۇققا تاشلىدى . بىرپەستىن كېيىن ئۇنىڭ خارقىرىغان خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى .

رىسالەتنىڭ چىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرىدىن خىلۋەتتىكى بۇلاقنىڭ كۆزى ئېچىلىپ كەتكەندەك ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى . كۆڭۈل

بىرەلمىگەن ئەر بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويۇپ ، بىر ئۆۋنى
قىزىتماق نىمانداق تەس ـ ھە ؟ مانا ، ھىمىت ياسىن ھەممىنى
ئۇنتۇيالايدۇ ، خورەكنى دۆڭ تارتىپ بەخىرامان ئۇيقۇغا كېتەلەي-
دۇ ، ئىچى پۇشسا هاراق ئىچىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرالايدۇ ،
كۆڭلى تارتقان بىرسى بىلەن كۆڭۈل ئاچالايدۇ . لېكىن ، رىسالەت-
چۇ ؟ ئۇ ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايدۇ . ھەممىنى ئىچىگە ئېلىپ ،
يۈرىكىنى دەرد ـ ئەلەمگە لىق توشقۇزۇۋەتكەن . شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە-
مۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچقان . بۇنداق مەنىسىز كۈنلەرنىڭ
ئايىغى قەيەردىن چىقار ؟

رىسالەت ئايىغى چىقماس خىياللار بىلەن بۇ كېچىنىمۇ تاڭغا
ئۇلىدى . يىراقتىن ــ قاراڭغۇلۇقتا پاتقان نامەلۇم بىر بوشلۇق-
تىن بامداتقا ئوقۇلغان ئەزان ساداسى كېلىشكە باشلىدى . بۇ ئاۋاز
غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقانلارغا ئەتىگەنلىك نامازغا ئالدىراش كېرەك-
لىكىنى ، ئاندىن بىر كۈنلۈك تىرىكچىلىكنىڭ باشلىنىش ۋاقتى
بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىش بىلەن كۈپايىلىنەتتى ، شۇنداقلا كى-
شىلەرگە ئۈمىد بېغىشلايتتى .

رىسالەتنىڭ كۆزلىرى قۇم تىققاندەك ئېچىشىپ ، بېشى كال-
تەك بىلەن ئۇرغاندەك شۇنچىلىك چىڭقىلىپ ئاغرىپ تۇرسىمۇ ،
ئاستا ئورنىدىن تۇردى ۋە ئەتىگەنلىك چايغا تۇتۇش قىلدى . مۇد-
ھىش جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن بۇ ئۆيدە ئۇنىڭ ساپما كەشىنىڭ
پالاقلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ ، ھاياتلىقتىن شەپە بېرىپ تۇراتتى .

ھىمىت ياسىن ۋاقچە ئورنىدىن تۇردى . ئۇنىڭ كۆزلىرى
بەقەمدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى . توپا ـ چاڭغا مىلەنگەن كىيىم ـ
كېچەكلىرىگە قاراپ ئادەمنىڭ قۇسقۇسى كېلەتتى . ئۇ يۈز ـ قول-
لىرىنى خۇددى رەسمىيەت ئۈچۈنلا يۇيۇۋاتقاندەك ئەزمىلىك بىلەن
چالا ـ بۇلا يۇيدى ۋە چاي شىرەسى ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى .
ئۇنىڭ قاپاقلىرى يەنىلا چۈشۈپ كەتكەنىدى . رىسالەت ئۇن-
دىمەستىن ، ئۇنىڭ ئالدىغا بىر پىيالە چاي قويدى . ھىمىت
ياسىن لام ـ جىم دېمەستىن ، بىر بۇردا ناننى قولىغا ئالدى ۋە

چايغا چۆمۈراپ بىر چىشلىدى. لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر ناننى چاينىاپ يۇتقۇسى كەلمەي، ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ رىسالەتنىڭمۇ ئىشتىھاسى تۇتۇلدى. ئۇ ئۇندىن سومكىسىنى ئېلىپ يەنە ئىشقا ماڭدى.

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە داۋام قىلماقتا ئىدى. بۇنداق ھالەتنى ئۆزگەرتىش ھەر ئىككىلەننىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇلار تەقدىرنىڭ بۇنداق قاملاشمىغان تىزگىنىنى ئۆزۈن قويۇۋېتىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە قانداقتۇر بىر مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك خىرامان يۈرۈشەتتى.

www.uyghurkitap.com

# ئون ئۈچىنچى باب

# قىياق

## 60

سوغۇقنىڭ پەيلى خىلىلا ياندى ، ھۇشقۇيتۇپ تۇرغان ئاچچىق شامالنىڭ ئورنىنى باش باھارنىڭ سەلكىنى ئىگىلەشكە باشلىدى . كۆللەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ گۈللۈك فونتاننىڭ ئەتراپىدا يىڭنە يوپۇرماقلىق قىياقلارنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈشكە باشلىدى . ئىللىق ھاۋا دەمىۇدەم يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى . قانداقتۇر بىر نىپىز پەردىنىڭ كەينىدىن باھارنىڭ گۈزەل كۆزلىرى ماراپ تۇراتتى .

رىسالەت ئۈستىدىكى قىلىن پەلتو - چاپانلىرىنى سېلىۋەتتى . ئەمما ، قەلبىدىكى ئېغىر يۈك — غەم - قايغۇلىرىنى يەنىلا تاشلىۋېتەلمىدى ...

بۈگۈن ئۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتىدىكى ئۇنتۇلماس بىر كۈن بولدى . بۇ ئەلۋەتتە كىچىك ھاياجانلىنىش بەخش ئەتكەن خۇشال مىنۇتلار بولماستىن ، ئۇ مۇشۇ ئۆمرىدە سادىر قىلغان ئەڭ ئېغىر ئاقىۋەتتىن پەيدا بولغان قايغۇلۇق تەسىراتنىڭ يالدامىسى ، خالاس .

رىسالەت ئەتىگەندە روھسىز ھالدا ئىشقا كەلگەندە ، دەرۋازا ئالدىدا دوختۇرخانا باشلىقى ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى . ئۇ رىسالەتنى يىراقتىن كۆرۈپلا قولىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ يۈگۈرگەندەك كەلدى . چېكە چاچلىرى ئاقارغان بۇ ئادەمنىڭ چىرايىدىن بىر خىل جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى . بۇنىڭدىن چوقۇم دوختۇرخانىدا ئالاھىدە بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى پەملىگەن رىسالەتمۇ قەدىمىنى تېزلەتتى .

— ھەي ئۇكام، ئىش چاتاق، — دېدى دوختۇرخانا باشلىقى بېشىنى قاشلىغىنىچە، — كېچىدىن نۆۋەتچى دوختۇر بىر بىمارنى قوبۇل قىلغانىكەن، دىئاگنوز خاتا قويۇلغانمۇ قانداق، ئىشلىتىلگەن ئوكۇلنىڭ ئەكس تەسىرى كۆرۈلۈپ، بىمارنىڭ ئەھۋالى يارغانسېرى ناچارلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇنى يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارغا يۆتكەش ئىمكانىيىتىمۇ يوق ئىكەن، ئەمدى ئوپېراتسىيە قىلمىساق بولمىغۇدەك. لېكىن، ئۇنىڭ ئوپېراتسىيىدىن ساق چىقالىشىغا كۆزۈم يەتمىدى. شۇڭا، سىزنىڭ يولىڭىزغا قاراپ تۇرغانىدىم. تېز بولۇڭ، جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە بارايلى.

دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ شۇ گەپلەرنى دەپ بولغۇچە چېكە - بويۇنلىرىدىن شۇرقىراپ تەر قويۇلدى. ئۇ بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى. رىسالەت ئۇنىڭ كەينىدىن جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە قاراپ يۈگۈردى.

بىمارنىڭ ئەھۋالى ھەقىقەتەن ئېغىر ئىدى. ئۇنىڭ ئېغىز - بۇرنىدىن قان قۇيۇلۇپ تۇراتتى. چىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرى ۋە سارغىيىپ مۈردىنىڭكىدەك بولۇپ قالغان چىرايىدىن ھاياتلىققا تەۋە بىرەر ئىزنانى تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. رىسالەت نۆۋەتچى دوختۇردىن كېسەلنىڭ دەسلەپكى ئىپادىلىرىنى بىرقۇر ئاڭلىدى ۋە داۋالىنىشقا بىمارنىڭ كېسىلىگە كېسىپ بىرنەرسە دېيەلمىدى.

— رىسالەت دوختۇر، قانداقلا بولمىسۇن، ئانامنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىڭ. سىزدىن ئۆتۈنەي، بىر چارىسىنى قىلىڭ، قىلغان ياخشىلىقىڭىز بىزدىن يانمىسا خۇدادىن يانار جېنىم دوختۇر...

بىمارنىڭ ئوغلى بولسا كېرەك، بىر يىگىت ئۇنىڭ ئالدىدا پوككىدە تىزلاندى. ئۇنىڭ قىزلارنىڭكىدەك سىدام يۈزلىرى، يېغىدىن قىزارغان كۆزلىرى رىسالەتكە ئىلتىجالىق باقاتتى. يىگىتنىڭ ۋاپادارلىقى، ئانىسىغا كۆيۈنۈشى ئۇنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. چوڭ تەكشۈرۈشلەرنى قىلىشقا دوختۇرخانىنىڭ شارائىتى يار بەرمەيتتى. رىسالەت بىمارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسلىنىپ يەنە بىرقۇر تۇرۇپ تەكشۈردى. لېكىن، يەنىلا ئېنىق

بىر پىكىرگە كېلەلمىدى .
— بىمارنى ئوپېراتسىيە قىلايلى ، — دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن ، — دوختۇرخانا باشلىقى ، سىز بىمارنىڭ بىۋاستە تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى ئۆتۈۋېتىڭ . ئوپېراتسىيە خاتىرىسىگە ماۋۇ يىگىت قول قويۇپ بەرسۇن . قېنى ، بىمارنى ئوپېراتسىيىخانىغا يۆتكەڭلار . ناركوز خادىمى تەييار بولسۇن .
بىر قېتىملىق ھايات - ماماتلىق جەڭ باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى . رىسالەت بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى . چۈنكى ، بۇنداق ئېغىر كېسەلنى ئوبدانراق تەكشۈرۈپ ، ئېنىق دىئاگنوز قويۇشى ۋە داۋالاش لايىھىسى تۈزۈپ ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرىنى ئالغاندىن كېيىن ، شۇ بويىچە داۋالاش كېرەك ئىدى . ئەمما ، كېسەلنىڭ ئەھۋالى بۇنداق تەپسىلىي تەكشۈرۈشكە ئىمكانىيەت بەرمەيتتى . ھېچقانداق داۋالاش پىلانى بولمىغان رىسالەت دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ مەدىتى بىلەن ئوپېراتسىيە كىيىمىنى كىيدى ۋە ناركوز خادىمىغا ئوكۇل سېلىش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى . بىمارنىڭ غولىغا ناركوز ئوكۇلى ئۇرۇلدى . كۆپ ئۆتمەي بىمارنىڭ يۈرەك ھەرىكىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ماشىنىدا تۇز سىزىقلىق تەسۋىر پەيدا بولدى . رىسالەتنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى . ھەرقانداق جىددىي قۇتقۇزۇش ، سۇنئىي نەپەسلەندۈرۈش ، يۈرەك قوزغىتىش چارىلىرى كار قىلمىدى . بىمار ئېغىر بىر تىنىپلا جىم بولۇپ قالغانىدى...
بىمار رىسالەتنىڭ قولىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنىدى . رىسالەت چېكىسىنى ئۇۋۇلىغىنىچە بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن ، خالاتىنىمۇ يەشمەستىن ئوپېراتسىيىخانىدىن چىقىپ كەتتى . ئىشىك ئالدىدا ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن بىرنەچچە كۆز قاراپ تۇراتتى . رىسالەت نېمە ئۈچۈندۇر بۇ كۆزلەر ئالدىدا خىجالەتچىلىك تارتاتتى . ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇستىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولغانىدى .
— دوختۇر ، ئا ... ئانامنىڭ ئەھۋالى قانداق ؟
رىسالەت يىگىتنىڭ لىققىدە ياشقا تولغان كۆزلىرىگە قارىغىنى-

چە بىر ئاز تۇرۇۋالدى ۋە ئۆزىمۇ يىغلىۋېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن نەزىرىنى باشقا ياققا بۇرىدى . شۇ تاپ ئۇ يىگىتكە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەيلا قالغانىدى .

— كە… كەچۈرۈڭلار ، بىز ئامال قىلالمىدۇق

ئارىنى بىر پەس سۈكۈت قاپلىدى . بۇ خۇددى قارا بۇلۇتلار ئېسىلىپ تۇرۇپ ، قارا يامغۇردىن شەپە بېرىۋاتقان دىمىق ھاۋاغا ئوخشاپ كېتىدىغان جىمجىتلىق ئىدى . ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش بەكمۇ قىيىن ئىدى . بىر چاغدا يىگىت ئېچىنىشلىق چىرقىرىدى :

— ئانا … ئانامنى تۆلەش ، ھۇ قولىدىن پوق كەلمەيدىغان نان قېپىلار ، ئانامنى تۆلەپ بېرىش ، ئانامنى تۆلە … ھۇ ئاق خالاتلىق ئالۋاستى ، ئاق خالات كىيىۋالغان قاتىل ، ئانامنى تۆلە …

رىسالەت نېمە بولغىنىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە قاتتىق ئۇرۇلغان مۇشتىنىڭ زەربىسىدىن ئارقىسىغا ئۈچۈپ چۈشتى . ئۇنىڭ ئېغىز - بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتكەنىدى . يىگىت باشقىلارنىڭ قولىدىن ئاجراشقا ھەرىكەت قىلىپ يۇلقۇناتتى ، بايىلا ئالدىدا تىزلانغان ، ئانىسىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئۆتۈنگەن رىسالەتكە چايناپ - چايناپ پۈركۈۋەتكۈدەك ئەلپازدا داپشۇيتتى ، ئىتتەك ھەيۋە قىلاتتى . كارىدورنى يىغا - زار قاپلىغانىدى .

— ھۇ ئېشەك داۋالايدىغان نان قېپىلار ، ئاق خالاتلىق ئالۋاستىلار ، ئانامنى تۆلە …

رىسالەت شۇ يىقىلغانچە ئورنىدىن تۇرالمىدى . بىرنەچچە سېسترا ئۇنى كۆتۈرۈپ ياتاققا ئەكىرىپ قويۇشتى . دوختۇرخانا باشلىقى پۇتى پۇتىغا تەگمىگەن ھالدا ھېلىقى يىگىتكە ناماقۇل بولۇش ، مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى . ئۇ مۇشۇنداق ئېغىر كېسەلنى يۇقىرىغا يۆتكەشنى ئورۇنلاشتۇرماي ، ياتاققا قوبۇل قىلغان نۆۋەتچى دوختۇرنى ئىچىدە مىڭنى تىللايتتى .

رىسالەت شۇ ياتقانچە بىرنەچچە كۈنگىچە ئورنىدىن تۇرالمىدى . ئاشۇ قورقۇنچلۇق ۋەقەنى ئېسىگە ئالسىلا كاللىسى ۋاڭشىپ كېتەتتى . مۇشت دەل سول يۈزىگە تەگكەن بولغاچقا ، قازان قارىسى سۈرتۈپ قويغاندەك كۆكىرىپ كەتكەنىدى . ھىمىت ياسىن ئۇنى يوقلاپ دوختۇرخانىغا بىر قېتىم كەلدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىچە قىزىرىپ تۇراتتى . سەل ساڭگىلىغان ، قارىدىغان قاپاقلىرى ئۇنىڭ كېچىلەرنى ئويۇن - تاماشىلارغا بېرىلىپ ئۇيقۇسىز ھالەتتە تاڭغا ئۇلاۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى . ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ ، رىسالەتنىڭ ئىچى سىيرىلدى . چۈنكى ، ھىمىت ياسىن ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسىنى ئۇ بېرەلمىگەن ، قەلب خانىسىدىكى شاھانە كۇرسىغا ئۇنى باشلىيالمىغان . شۇ سەۋەبتىن ھىمىت ياسىن قەلبىدىكى چاڭقاق يەرلەرنى ئوسا قىلىش ئۈچۈن كېچە - كېچىلەپ ياۋا كۆلچەك بويىدا «سۇ ياقىلىغان» ئىدى . ياقىلىرى كىرلىشىپ كەتكەن رەتسىز كىيىم - كېچەكلىرى ، ئۆسۈپ كەتكەن ساقال - بۇرۇتلىرى ئۇنى تۇرمۇشى رەتسىز ، ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن قېرى بويتاققا ئوخشىتىپ قويغانىدى . ئۇ كېسەلخانىغا كىرىپ ، رىسالەتنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىغا قاراپ بىردەم ئولتۇردى ۋە ئېلىپ كەلگەن نەرسە - كېرەكلىرىنى تومپۇچكا ئۈستىدە قويغاندىن كېيىن ، لام - جىم دېمەستىن سىرتقا ماڭدى . كارىۋاتنىڭ قېشىدىكى ئورۇندۇقتا مىشىلداپ ئولتۇرغان قەمبەرخان ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇشنى ئويلاپ ، ئورنىدىن تۇردى ، ئەمما رىسالەت ئۇنىڭ بىلىكىدىن كاپپىدە تۇتۇپ ، بېشىنى ئاستا چايقاپ قويدى .

— قانداق نېمە بۇ ؟ — دەپ غودۇڭشىدى قەمبەرخان ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ ، — خوتۇنى خەقتىن بىكارغىلا تاياق يەپ كېسەل كارىۋىتىدا يېتىۋاتسا ، «قانداقراق ؟» دەپ بىرەر ئېغىز ئەھۋال سورىشىمۇ يوق ، ھىندىلارنىڭ بۇتىدەك قېتىپ ئولتۇرۇپ ، ئارغامچىسىنى ئۈزۈۋەتكەن تۆگىدەك لۆڭشۈپ قوپۇپ چىقىپ كېتىۋاتىدۇيا ؟ جاھاندا شۇنداقمۇ ئەر بولامدۇ ؟ قىزىمنىڭ بەختىنىڭ

گۆلدەك ئىچىلالمىغانلىقى بىكار ئەمەسكەن – دە؟!

— ئانا ... — رىسالەت ئايانچلىق ئاۋازدا ئۇنى چاقىردى، — يىلتىزى ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەن تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ گۆلدەك ئىچىلالىسۇن؟ ھىممىتجاننى تەڭلىككە سالماڭ، مەنمۇ ئۇنىڭ بەخت يىلتىزىغا پالتا ئۇرۇۋاتمەن. ئەمدى ئۇنىڭ ماڭا نىسبەتەن بۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بىزنىڭ بولۇشىمىز مۇشۇ ئانا، ئۇنىڭغا تاپا – تەنە قىلماڭ.

رىسالەت شۇنداق دەۋېتىپ كۆزلىرىگە يۇگۇرگەن ياشنى ئانىسىغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن تام تەرەپكە قارىۋالدى. قەمبەرخان قىزىنىڭ گەپ – سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، بىر ئاز گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى ۋە رىسالەتنىڭ مۇزدەك بارماقلىرىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئالدى.

— قىزىم، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ – كىچىك تىنغىنىچە پەس ئاۋازدا، — كونىلار ئانا دېگەن قىزنىڭ قاياشى دېيدىكەن، بىراق سەن مېنى ئانا ئورنىدا كۆرمەمسەن ياكى باشقىچە سەۋەب بارمۇ، بىلمىدىم، سەن مۇشۇ يېشىڭغىچە كۆڭلۈڭدىكىنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ، ماڭا دەپ باقمىدىڭ. تويۇڭنىمۇ قىلىپ قويدۇق، بىراق چېھرىڭ بىر قېتىممۇ ئېچىلىپ باقمىدى. بەئەينى ئاپتاپ كۆرمىگەن مايسىدەك سارغىيىپلا كەلدىڭ. ئېرىڭنىڭ تۇرغان – پۈتكىنىمۇ شۇ ئىكەن. ئېيتقىنا، كۆڭلۈڭدە نېمە دەردىڭ بار؟ ھەممىنى ئىچىڭگە يۇتۇپ يۇرۇپ تېپىۋالغان خاپىلىق بۇ. نېمە گېپىڭ بولسا ماڭا دېگىن. قىز بالا دېگەن ئانىسىغا موھتاج بولغاندا، ئىچىنى ئاچمىسا بولامدۇ؟ نېمە گېپىڭ بولسا، ماڭا دېگىن، جېنىم قىزىم. دەردىڭنى سۆزلىۋالساڭ، ئىچىڭ بوشاپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

رىسالەت كۆزلىرىدىن قويۇلۇۋاتقان ياشلىرىنى يوشۇرماستىن ئانىسىغا قارىدى ۋە ئۇنىڭ قوللىرىنى مىننەتدارلىق ھېسسىياتىدا چىڭ قىستى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ تىلىغا سۆز كەلسۇنمۇ؟ ئۇ ئىچ – ئىچىدىن بوغۇلۇپ دەمدەردەك بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تىنىپ ياتقان بولاقنىڭ كۆزى ئېچىلىپ كەتكەندى . ئۇ يەردىن كۆزنى ئېچىشتۇرىدىغان يورەك زەردابى بولدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقاتتى .

— قىزىم ، ئەسلىدە كۆڭۈل بەرگەن ئادىمىڭ بارمىدى ؟

رىسالەت يىغلاپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى .

— ئۇ كىم ئىدى ؟

رىسالەت بېشىنى ئاستا چايقىدى .

— سەن نېمىشقا شۇنداق بىرسىنىڭ بارلىقىنى بىزگە ، ھېچ-بولمىسا ماڭا دېمىگەن ؟

— دې··· دېيەلمەيمەن ، دېسەممۇ پايدىسى يوق ئىدى···

— پايدىسى يوق ئىشقا نېمىشقا كۆڭۈل بەرگەن ؟

— كۆڭۈلنىڭ ساراڭلىقىدىن .

قەمبەرخانىڭمۇ كۆز جىيەكلىرى قايتىدىن قىزىرىپ ، ياشلى-رى يېپىدىن ئۇزۇلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى .

— مەن بىلدىم ، قىزىم ، ھەممىنى چۈشەندىم . سېنىڭ قانداق بولۇپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىڭنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەن-دىم . سەن بارسا كەلمەس يولنىڭ يولۇچىسى ئىكەنسەن . ئۆزۈڭ مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغان نەرسىنى ئىزدەپ يۈرۈپ ، مۇشۇ كۈنگە قاپسەن ، شۇنداقمۇ ؟

رىسالەت يىغلاپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى .

— سېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئادەمنى مەن بىل-دىم . مەن ھەممىنى چۈشەندىم ، قىزىم .

— بىراق ، ئۇنىڭدا گۇناھ يوق ، ئانا .

— شۇنداق ، ئۇنىڭدا گۇناھ يوق ، بۇ سېنىڭ تارتقۇلۇقۇڭ . سەن ، ھەي جېنىم قىزىم ، قانداق قىلىپ مۇشۇنداق بېشىڭغا كەلگەن مەنزىلسىز يولغا كىرىپ قالغانسەن ؟ سۇلايمان قا-سىم ئۇ ···

رىسالەت بىگىز بارمىقىنى ئانىسىنىڭ لېۋىگە تەگكۈزۈپ «جىم» دېگەن ئىشارىنى بىلدۈردى . قەمبەرخان ئېغىزىنى ئاچقىنى-

www.uyghurkitap.com

چە تۇرۇپ قالدى .

— بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىڭ ئانا . سۇلايمان ئاكامنىڭ بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھېچقانداق گۇناھى يوق . كاشكى ، ئۇمۇ ماڭا چىن كۆڭلىدىن ئورۇن بىرەلىگەن بولسا ئىدى ، مەنمۇ بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتىم . ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرى بار . ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە ۋە سىلەرگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمىدى . مەن مۇشۇنداق ئەقىدىسى كۈچلۈك ، مېھىر - ۋاپانى بىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ قولىغا چۈشەلمىگىنىمدىن ئازابلىنىمەن . ئۇنى ھەرگىز ئەيىبلىمەڭ ، ئانا .

قەمبەرخان يىغلاپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى . بىر ئىم كۈن ۋاقىت ئانا - بالىنىڭ سىردىشىشىغا ئاران يەتتى . قەمبەرخان قىزىنىڭ قەلبىدىكى مەڭگۈ ساقايماس جاراھەتنىڭ يىلتىزىنى ئاخىر بىلىپ يەتتى . سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك ئادەم ئەمەسلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندى . قىزىنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ سەۋدادىن ئەپسۇسلاندى . رىسالەتنىڭ شۇنچىۋالا دەرد تارتىپ يۈرۈپمۇ ، لام - جىم دېمىگەنلىكىدىن ھەيران قالدى . ئادالەتنىڭ شاللاق تۇرمۇش يولىغا كىرىپ قالغىنىدىن ئۇنىڭ خېلى بۇرۇنلا خەۋىرى بار ئىدى . ئۇ بىر ئىشلارنىڭ ھىد - پۇسىنى سەزمەيدىغان ئاياللاردىن ئەمەس ، قىزىنىڭ بولمىغۇر ئىشلىرىنى ئەيىبلەپ خېلى نەسىھەت قىلىپمۇ باققان ، بىراق ئانىنىڭ سۆزلىرى ئادالەتنىڭ بۇ قۇلىقىدىن كىرىپ ، ئۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كەتكەنىدى . ئەمدى بۇ قىزىنىڭ شۇنچە دەرد تارتىپ يۈرۈپمۇ يولدىن چىقىپ كەتمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئۇقۇپ ، قىزىنىڭ ئىنساپىدىن سۆيۈندى . سۇلايمان قاسىمنىڭ ئالىيجاناب روھىدىن تەسىرلەندى .

— مەن تېخى ئۇنى ساقلىغا ئاق كىرگەندىمۇ پەيلىدىن يانماي ، كۆڭلۈڭنىڭ كەينىدىن كىرىپ ، سېنى يولدىن چىقىرىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ ، دەپ ئويلاپ يۈرگەنىدىم ، ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەن - دە !

— ئۇ ماڭا نىسبەتەن بەكمۇ گۈزەل ، ئەمما مەڭگۈ چىققىلى

بولمايدىغان تاغقا ئوخشايدۇ ، ئانا .

كەچكە يېقىن سۇلايمان قاسىم بىلەن زۇلخۇمار رىسالەتنى يوقلاپ كەلدى . زۇلخۇمار ئۇنىڭ مەڭزىدىكى كۆكنى كۆرۈپ كۆز-لىرىگە ياش ئالدى .

— ئاھ ، سىڭلىم ، نېمىمۇ بولغانسىز ؟ شۇنداق قاتتىق يارد-لىنىپسىز ئەمەسمۇ ؟ سىزگە چوقۇم كۆز تېگىپتۇ . قەمبەرخاچا ، بىزنىڭكىدە ئادراسمان بار ، رىسالەت دوختۇرخانىدىن چىققاندا ، ئۇنى ئوبدان بىر ئىسرىقلاپ قويايلى جۇمۇ .

سۇلايمان قاسىم رىسالەتنىڭ يۈزىدىكى يارا ئىزىغا قاراپ يۈرد-كى پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى . ئۇ دوختۇرخانىدا بولغان ئىشلارنى ئاخشاملا ھوشۇر سەلەيدىن ئاڭلىغان ۋە كۆزىگە كىچىكچە تۈزۈكرەك ئۇيقۇ كەلمىگەنىدى . شۇڭا ، رىسالەتنى بۇ ھالدا كۆ-رۈپ ، بىر ئېغىزمۇ ئەھۋال سورىيالمىدى . ئۇ كارىۋاتنىڭ ئايىغىغا بېرىپ ، ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزلىرىنى قەمبەرخاندىن يوشۇرغان ھالدا يەرگە قاراپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ ئىچى ھەرە كۆنىكىدەك مىژىلدىشىپ كەتكەنىدى . قەمبەرخان كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭغا قاراپ قويدى . سۇلايمان قاسىم ھېلىلا يەرگە كىرىپ كېتىدىغاندەك مۆكچىيىپ قالغانىدى . سەزگۈر ئانا بىر ئىشنى پەملىگەندەك بو-لۇپ ، تومپۇچكا ئۈستىدىكى چايداننى قولىغا ئالدى .

— زۇلخۇمار سىڭلىم ، مالال كەلمىسە ، مەن بىلەن بېرىپ ، بىر چايدان قايناق سۇ ئەكېلىشىپ بېرەمسىز ؟ يالغۇز چىقسام ، ھېلىقى ئوغرى ئاسماندىن پوككىدە چۈشۈپ ، مېنى بوغۇزلىۋېتىدى-غاندەك قورقىدىكەنمەن . يورۇقتا چاي ئەكىرىۋالمىساق ، بىردەمدە تۈگەيدىكەن .

زۇلخۇمار بىرنەرسە دەپ بولغۇچە سۇلايمان قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ ، قەمبەرخاننىڭ قولىدىكى چايدانغا قول سۇندى .

— بولدى قەمبەرخاچا ، سىلى زۇلخۇمار بىلەن ئولتۇرۇپ تۇرسىلا ، قايناق سۇنى مەن ئەكېلەي .

— بۇنداق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى ئەرلەرگە بۇيرۇغد-

لى بولامدۇ ، جىنىم ئۇكام ؟ بىزدەك مەزلۇم خەق قىلىدىغان ئىشـ لار بۇ . غاچچىدە چىقىپ ئۇچقاندەك كىرىمىز . سىلى بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرسىلا .

ئىككى ئايال چايداننى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى . ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا قوزۇقتەك تۇرۇپ قالغان سۇلايمان قاسىم قەمبەرخاننىڭ بۇ قىلىقىنى قانداق چۈشىنىشنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ تۇراتتى . ئۇ رىسالەتنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئاستا مېڭىپ كارىۋاتنىڭ بېشىغا كەلدى .

ـــ مېنى يوقلاپ كەلگىنىڭىزگە رەھمەت ، ـــ دېدى رىسالەت پەس ئاۋازدا ، ـــ ئەمدى بىز مەڭگۈ بىر ـ بىرىمىزنىڭ ھالىغا يېتەلمەيمىز ۋە بىر ئېغىزمۇ پاراڭلىشالمايمىز ، دەپ ئويلىغانىدىم . ھەرنېمە بولسا كەپسىز ، خۇش بولدۇم .

ـــ ئۇنداق دېمەڭ ، رىسالەت ، ھەممىگە مەن سەۋەبچى ، سىزـ نى يامان كۈنگە قويدۇم . مېنى كەچۈرۈڭ !

ـــ مەندىن كەچۈرۈم سورىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق . مەن پېشانەمگە پۈتۈلگەننى تارتتىم . بۇنىڭدا سىزنىڭ ھېچقانداق ئەيىبىـ ڭىز يوق . مېنىڭ ئالدىمدا ھەرگىز قىسىلماڭ .

سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چىقتى .

ـــ سىز شۇنداق دېگەنبىلەن سىزنىڭ توي ئىشىڭىزنى مەن ئاۋۋال تىلغا ئالغان ھەم ھىممەت ياسىنىڭ ئەلچىسى بولغانمەن . تويدىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ قاملاشمىغان بىر ئىش قىلغانلىقىمنى چۈشەندىم . ھىممەتمۇ ، سىزمۇ بەختلىك بولالمىدىڭلار ، بۇنىڭدا ئەلۋەتتە مېنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىم بار . يەنە كېلىپ ، بىز ئۇرۇمچىدە ھېلىقى ئاخشىمى...

ـــ بولدى ، ئەمدى ئۇ ئىشنى قايتا تىلغا ئالماڭ ، بىلىپ قېلىڭ ، ئۇ كۈنى سىزنى ئىزدەپ ياتاققا ئۆزۈم بارغان . مەن شۇ چاغدىمۇ سىزگە دېگەن ، مەن ئەلۋەتتە بۇ ئىشقا رازى . سىزدىن رەنجىشىم يوق ...

رىسالەت سەل ھاياجانلىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك ، تىنىقى تىنىقىغا يېتىشمەي ھاسىراپ كەتتى . ئۇنىڭ چىرايى دالىدا ئۆسكەن لالىنىڭ بېغىشىدەك قىزارغانىدى . ھاسىراشلىرىغا ئەگىشىپ بىر كۆتۈرۈلۈپ ، بىر پەسىيىپ تۇرغان كۆكسى بەئەينى دولقۇنلىرى ئۆركەش ياساپ ئېقىۋاتقان دەرياغا ئوخشايتتى . سۇلايمان قاسىم بىرپەس ئارام ئېلىۋالسۇن دېگەندەك ، سۈكۈت ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇردى . سەلدىن كېيىن رىسالەتنىڭ چىرايىدىكى قىزىللىق يوقاپ نەپەس ئېلىشمۇ نورماللاشتى .

— بۈگۈن مەن ئانامغا ھەممىنى دېدىم ، — دېدى رىسالەت ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلگەن ھالدا ، — ئىچىمدىكىنى سۆزلىۋېلىپ خېلىلا يېنىكلەپ قالدىم . مەن ئەزەلدىن ئانام بىلەن مۇنداق چوڭقۇر سىردىشىپ باقمىغانىدىم .

— ئەجەبا سىز ھېلىقى ئىشنىمۇ ...

سۇلايمان قاسىمنىڭ يۈرىكى سىقىلىپ ، سۆزىنىڭ كەينىنى يۇتۇۋەتتى . ئۇنىڭ چىرايى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى .

— توۋا دەڭا ، — دېدى رىسالەت سۇس كۈلۈمسىرەپ ، — ئۇ ئىشنى ئانامنىڭ ئالدىدا قانداقمۇ تىلغا ئالغىلى بولسۇن ؟ شۇنىڭدىن باشقىنى سۆزلەپ بەردىم . ئەسلىدە ئانام سىزنى خاتا چۈشىنىپ كەپتىكەن ، دېگەنلىرىمنى ئاڭلاپ بەكمۇ تەسىرلەندى . ئۇنىڭ ئىككىمىزنى ياتاقتا يالغۇز قويۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى بىلگەنسىز ؟

سۇلايمان قاسىممۇ كۈلۈمسىرىدى . ئۇ رىسالەتنىڭ يوتقان سىرتىغا چىقىپ تۇرغان قولىنى ئاستا تۇتتى ۋە پىچىرلىغاندەك قىلىپ دېدى :

— سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ماڭا تېگىل بولدى ، رىسالەت . بىزگە بۇ دۇنيادا بىللە بولۇش نېسىپ بولماپتۇ . خۇدايىم ، ئۇ ئالەمدە مۇھەببىتىڭىزگە لايىقىدا جاۋاب قايتۇرارمەن . مېنى كەچۈرۈڭ .

ئىككى جۈپ ياشلىق كۆز بىر - بىرىگە تىكىلىشتى . قارىچۇقلاردا كۆيۈۋاتقان ھىجران ئوتلىرى ۋۇجۇدلارنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلغۇدەك دەرىجىدە لاۋۇلدىماقتا ئىدى...

www.uyghurkitap.com

كارىدوردىن ئاياغ تىۋىشى كېلىشكە باشلىدى. سۇلايمان قاسىم رىسالەتنىڭ قولىنى چىڭ ـ چىڭ سىققاندىن كېيىن، قويۇۋەتتى ۋە ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇرۇپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، ياتاققا قەمبەرخان بىلەن زۇلخۇمار كىرىپ كېلىشتى.

## 61

ئىدارىدە ئىشلار كۆپىيىپ قالغانىدى. ياسىنجاننىڭ يېڭى ـ يېڭى ئىسلاھات پىلانلىرى ئىدارىدىكىلەرنى يۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئالدىراش قىلىۋەتتى. چۈنكى، يېقىندا يۇقىرىدىن چۈشكەن كادىر تەكشۈرۈش سىياسىتىدىن ئىلھاملانغان ياسىنجاننىڭ بىر كېچىدىلا نەتىجە يارىتىپ، يەنىمۇ يۇقىرى ئۆرلەش خۇمارى تۇتقانىدى. شۇڭا، قولىدىكى بار ئىمكانىيەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، باشقىلارنىڭ قولى بىلەن نەتىجە يارىتىشنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمايتتى. «ئەر چېپىلغاق بولسا، خوتۇنغا ئارام يوق» دېيىشىدۇ كونىلار. شۇنىڭغا ئوخشاش باشلىق چېپىلغاق بولسا، كادىرغىمۇ ئارام يوق! ئۇنىڭ ھەممە ئىشلارغا قول تىقىپ، قىلدىن قىيىق كەتسە، سەكرەپ ـ مۆكۈپ يۈرۈشلىرى ھەممەيلەننى بەزدۈرگەنىدى.

ــ ئۇ يەنە تاياق سېغىنىپ قالدى، ــ دېيىشەتتى بەزىلەر كۇسۇرلىشىپ، ــ ھوشۇركامدەك ئوبدان بىر ساۋداپ قويىدىغان بولسا، سىلىقلاش مېيى سۈرۈلگەن چاقتەك سىلىقلىشىپ كېتەتتى.

ئۇلار شۇنداق دېگەنبىلەن، ھېچكىم ئۇنىڭغا ئالدىراپ قول سالالمايتتى. ئەكسىچە ئۇلار ياسىنجاننىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشنىڭ كويىغا چۈشۈشكەنىدى.

بۈگۈن ئىدارىدە چوڭ يىغىن ئېچىلدى. قانداقتۇر بىر شەپەلەردىن چۆچۈپ يۈرگەن كادىرلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىشكەنىدى. ئىدارىنىڭ ئۈچىنچى قەۋەتتىكى يىغىن مەي-

دانى بىر - بىرىگە ئەندىشىلىك قاراپ قويۇپ، موخۇركىسىنى پۈرقىرىتىپ چېكىپ ئولتۇرغانلار بىلەن لىق توشقانىدى. سۇلايمان قاسىم بىلەن ھوشۇر سەلەي توپنىڭ ئارقىسىدا يانمۇيان ئولتۇرۇشاتتى.

بىر چاغدا ياسىنجاننىڭ پارقىراق يۈزى ئىشىكتە پەيدا بولدى. ئۇ ئىسلاھاتچىلارغا خاس كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئۇششاق دەسسەپ يىغىن مەيدانىغا كىرىپ كەلدى. مۇنبەرگە چىقىپ، ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئۆزىگە تەۋە كۇرسىدا ئولتۇرماقچى بولدى ۋە ئورۇندۇققا قاراپ قوشۇمىسىنى تۈردى. ئۇ يانچۇقىدىن ئاپئاق قولياغلىقنى چىقىرىپ، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكلىرىنى سۈرتۈشكە باشلىدى. ھوشۇر سەلەينىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى. ياسىنجان شۇ ھەرىكىتى بىلەن ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا «بۇ ھوشۇر سەلەي زادى بىر ئىشلارنى ئەستايىدىل قىلمايدۇ، قاراڭلار، ئورۇندۇقنىمۇ پاكىز سۈرتمىگەن، شۇنداق ئادەمنىڭ ئىدارىدە نېمە كېرىكى ...» دېگەن شىكايەتنى پەيدا قىلماقچى بولغاندەك ئىدى.

— يولداشلار، — دېدى ئۇ مېيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، — ھازىر ناھىيىمىزدە ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش، كادىرلارنى تەڭشەش دولقۇنى قوزغىلىپ كەتتى. بۇ ھازىرقى ئىسلاھات روھىغا تامامەن ئۇيغۇن. ئاپپاراتلار كېلەڭسىز، كادىرلار قوشۇنى چاچقۇن بولسا، دۆلەتكىمۇ، ھۆكۈمەتكىمۇ زور بېسىم پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، بۇنداق پايدىلىق شەرق شامىلىنى ھەممىمىز قوللىشىمىز، پۇرسەتنى تۇتۇپ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشىمىز، ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا بىردەك ئاۋاز قوشۇشىمىز لازىم. بۈگۈن مەن ھەرقايسىڭلارغا ئىدارە پارتكومىنىڭ قارارىنى يەتكۈزىمەن. يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا ئاساسەن ئىدارىمىزدىن بىرقىسىم كىشىلەر تارقاقلاشتۇرۇلىدۇ. ئىسمى ئوقۇلغانلار مۇشۇ نەچچە ئاي ئىچىدە ئۆزىگە ماس كېلىدىغان ئىدارىلەردىن ئورۇن ئۇقۇشۇشى كېرەك. بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە ئورۇن تاپالمىغانلارنىڭ تەش-

كىلىي رەسمىيىتى ئەمگەك كادىرلار ئىدارىسىگە يۆتكەپ بېرىلىدۇ . ئەمدى ھەممەيلەننىڭ تۆمۈر تاۋاققا ئېسىلىپ ، كۆڭلىرىنى بىغەم ئۆتكۈزۈشىنىڭ ۋاقتى كەتتى . ئىدارىدە قالىدىغانلار بىز بىلەن ئوبدان ھەمكارلاشسا ، ئىشى ئوڭغا تارتىدۇ . بولمىسا ··· بولمىسا ئاقىۋىتىنى ئۆزۈڭلار مۆلچەرلىۋېلىڭلار .

ياسىنجاننىڭ بۇ سۆزىدىن كېيىن ، زال ئىچى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە سۈكۈتكە پاتتى . ھەممەيلەننىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندى . ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشاتتىيۇ ، كۆز-لىرى ھېچنېمىنى كۆرۈشمەيتتى . قاتتىق ۋەھىمە ھەممەيلەننى سا-راسىمىگە سېلىۋەتكەندى . ھوشۇر سەلەينىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ ، مۇزدەك تەرلەپ كەتتى . ئۇ ئاشۇ قېتىم ياسىنجاننى ئالدىغا سې-لىپ ، ئېشەكنى دۇمبالىغاندەك رەسۋا قىلغىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . دېمەك ، بۈگۈن ئېتىلىدىغان بىرىنچى پاي ئوق ئۇنىڭ ئىدى . بۇنداق ئوبدان پەيت يېتىپ كەلگەندە ، ئوق ئۈزمەيدىغان ئوۋچى بولامدۇ ؟ تېخى نەچچە مىنۇت ئالدىدا ياسىنجان ئۇنىڭ ئىشىدىن ئۇنىسىز قۇسۇر تاپمىدىمۇ ؟ شۇڭا ، ئۇ لاغ ـ لاغ تىترەپ كەتتى . ئىدارە باشلىقىنىڭ گېپىمۇ قۇلىقىغا كىرمىدى . ئۆزىنى بەئەينى ھاۋايى مۇئەللەقتىن چۈشۈپ كەتكەندەك سەزمەكتە ئىدى .

— ئىدارىنىڭ دەرۋازىۋىنى قاۋۇلجان بۈگۈندىن ئېتىبارەن پېنسىيىگە چىقىدۇ ، — بىر چاغدا ئىدارە باشلىقىنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەرنىڭ تېگىدىن كېلىۋاتقاندەك ئاڭلاندى ، — بۇ خىزمەتنى ھوشۇر سەلەي ئۆتكۈزۈۋالىدۇ . شۇنداق قىلىپ ھوشۇر سەلەينىڭ زىممىسىگە ئىدارىنىڭ ئامانلىق ، تازىلىق ، بىخەتەرلىك ، يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلىرىدىن باشلاپ دەرۋازىغا قاراشقىچە بىر تالاي مەسئۇلىيەت يۈكلەندى . بۇمۇ تەشكىلنىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنگىنى ، شۇڭا ھوشۇر سەلەي ھەرقانداق چاغدا ئەستايىدىل بولۇشى كېرەك . ئىشنى قول ئۇچىدا ئىشلەشكە بولمايدۇ . مەسىلە چىقسا ، بېشى بىلەن جاۋاب قىلىدۇ . ناۋادا بۇنىڭغا كۆنمىسە ، ئۇنىڭغا ئىدارىمىز-نىڭ ئىشىكى ھەرۋاقىت ئوچۇق . كارىۋاتتا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ،

يەلپۈپ باقىدىغان ئورۇن بولسا چاي بېرىپ ئۈزىتىپ قويىمەن. مەن دېگەن مۇشۇنداق كۆكسى ـ قارنى كەڭ ئادەم ...

ياسىنجاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ھوشۇر سەلەينىڭ كۆڭلى سەل پەسكويغا چۈشكەن بولسىمۇ، يەنىلا جىددىيلىشىپ تۇراتتى. ئۇ قورقۇنچتىن چىمچىقلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى سۇلايمان قاسىمغا تىكتى. ئۇمۇ قوۋۇزلىرىنى كۆپتۈرگىنىچە يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. بىر ئىشلار كاللىسىغا قاتتىق تەسىر قىلسا، قوۋۇزىنى كۆپتۈرۈشنى ئادەت قىلىۋالغان سۇلايمان قاسىمنىڭمۇ قوشۇمىلىرى تۇرۇلگەنىدى.

يىغىندىن كېيىن ئىدارە قايىنىغان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىممىپ كەتتى. ھەممەيلەن ئىشخانىلىرىغا سولىنىپ ئولتۇرۇپ كاردۇردىكى شەپىگە قۇلاق سېلىشاتتى. قىسقارتىش ئوبيېكتلىرى بولسا ھۆركىرەپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. دېمىسىمۇ ئۇلار نەچچە ئون يىلنى مۇشۇ ئىدارىدە ئۆتكۈزۈپ، ساقال ـ بۇرۇتىغا قىرو چۈشكەندە ئەمدى قايسى ئىدارىنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىپ، قايسى باشلىقنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىدۇ؟ بۇ بەئەينى تىرىك تۇرۇپ گۆرگە كىر دېگەن بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ ئىشتىن قالسا جاننى قانداق باققۇلۇق؟ ئەمدى بۇ تۈزۈمنى بۇزۇشقا كىم جۈرئەت قىلالايدۇ؟ تۇخۇمنىڭ تاشقا تەڭ كەلگىنى نەدە بار؟ ھەممەيلەننىڭ ئويلايدىغىنى شۇ ئىدى.

سۇلايمان قاسىمنىڭمۇ كۆڭلى جايىدا ئەمەس ئىدى. مەيلى خىزمەت ئىستاژى ياكى ئىدارىدىكى شەرەپ ـ تۆھپىسى جەھەتتىن بولسۇن ئۇنىڭ باشقىلاردىن قالغۇچىلىكى يوق، شۇڭا ئۇ مەڭگۈ قىسقارتىش ئوبيېكتى ئەمەس، بۇ جەھەتتىن ئۇ خاتىرجەم ئىدى. ھوشۇر سەلەيمۇ قىسقارتىلمىغانىدى. ئەمما، «قېرى ئېشەككە ئېغىر يۈك» دېگەندەك، ساپلا مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلىدىغان ئېغىر ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنىدى. كاللىسى ئازراقلا ئىشلەيدىغان ئادەمنىڭ بۇنىڭ تېگىدە چوقۇم بىر سىرنىڭ بارلىقىنى بايقىۋالمىقى تەس ئەمەس ئىدى. سۇلايمان قا-

سىم بىر قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتنىڭ ھوشۇر سەلەيگە قاراپ ئاستا ـ ئاستا سۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدى.

كەچ كىردى. سۇلايمان قاسىم ھارغىن جىسمىنى سۆرەپ ئۆيگە ئاران كەلدى. زۇلخۇمار ئوخشىتىپ لەڭمەن ئەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، گېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدى. زۇلخۇمار ئۇنىڭ بەكلا چارچاپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئورۇن راسلاپ بەردى. سۇلايمان قاسىمنىڭ يېنى يۇمشاق كۆرپە ئۈستىگە تەگكەندە، دىلى ئائىلە مېھرىدىن سۆيۈنۈپ، ۋۇللىدە يورۇغاندەك بولدى.

ــ نېمە بولدى؟ ئىدارىدە بىرسىدىن كۆڭلىڭىز ئاغرىدىمۇ؟ ــ زۇلخۇمار كۆيۈنگەن ھالدا سورىدى. ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۇزۇن سوزۇلغان پۇتلىرىنى ئاۋايلاپ تۇتۇشقا باشلىغاندى.

ــ ماڭغۇ ھېچ ئىش بولمىدى، ــ دېدى سۇلايمان قاسىم ئېغىر خورسىنىپ، ــ بۈگۈندىن كېيىن ئىدارىدە كۆن ئالماق تەس بولىدىغان ئوخشايدۇ. بۈگۈن بىرمۇنچە ئادەم تارقاقلاشتۇرۇش ئوبيېكتى قىلىنىپ ئىسمى ئوقۇلدى. ئۇلارنىڭ كۆزىدىكى بىچارىلىككە قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى.

ــ تارقاقلاشتۇرۇش دېگەن قانداق گەپ؟ ــ چۈشىنەلمەي سورىدى زۇلخۇمار.

ــ سىنىڭ ئەمدى بىزگە كىرىنىڭ يوق، باشقا يەردىن ئورۇن تاپ، دېگىنى.

زۇلخۇمارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك ئالدىراپ سورىدى:

ــ ھوشۇركام…

ــ ھازىرچە ئۇنىڭغا ھېچ ئىش بولمىدى، ئەمما قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ئۈستىگە دەرۋازىۋەنلىك قوشۇلدى. قارىغاندا بۇنىڭ تېگىدە بىر گەپ باردەك قىلىدۇ.

ــ ئىدارە باشلىقى ھوشۇركامنى ئاخىر ئىشىككە باغلاپ قويىدىغان ئىنتقا ئايلاندۇرۇپتۇ ـ دە!؟ يامان ئادەم ئىكەن. ھېچ ئىشنى

نىسى قىلماپتۇ . مەن تېخى ئۇ جېدەلنى ئۇنتۇپ كەتكەندۇ ، دەپ ئويلىغانىدىم . دېمىسىمۇ ئاردىن نۇرغۇن يىل ئۆتتى ئەمەسمۇ؟ ھەي ، بۇ كەمنىڭ باشلىقلىرىنىزە••• ھەممىسىنى ئۇرسام ، يىقىتىسامىلا دەيدىكەن . پۇقراغا كۆيۈنىدىغانلىرى بەكمۇ ئاز .

دەل شۇ چاغدا ئىشىك قېقىلدى . زۇلخۇمار ئالدىراپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى . بوسۇغا تۈۋىدە ھوشۇر سەلەي بىلەن قەمبەرخان قاراپ تۇراتتى . ئۇلارنى كۆرۈپ ، زۇلخۇمار ئىشىكنى ئۇلۇغ ئاچتى ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئۆيگە باشلىدى .

— قېنى كىرىشسىلە ، تېخى ھېلىلا ھەرقايسىلىرىنىڭ گېپىدىنى قىلىشىپ تۇراتتۇق .

ھوشۇر سەلەي ئېغىر تىنغىنىچە ئۆيگە كىردى . قەمبەرخاننىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى . بىر ئۆمۈر يىغلاپ چىققان بۇ ئايالنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشنىڭ ئېقىپ تۈگىمىگىنىگە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى .

— نېمە قىلغىنى بۇ؟ قېرىپ بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەمنى ئىشقا سېلىپ ئۆلتۈرەي دەمدۇ بۇ باشلىق؟ ئەمدى بۇ ئادەم ئېشىپ - تېشىپ دەرۋازا باقامدىكەن؟ تېخى ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ كىرىپ ، ئۆزىنىڭ گىنە - ئاداۋەت ساقلىمايدىغانلىقىنى ، شۇڭا بۇ قېتىمقى قىسقارتىشتا رەھىم قىلغانلىقىنى ئېيتىپ ، بىرمۇنچە رەھمەت - باركاللا ئېيتقۇزۇپتۇ . مۇشۇمۇ گىنە - ئاداۋەت ساقلىمايدىغان ئادەمنىڭ ئىشىمۇ؟ ئەته - ئۆگۈن بىرسى تامدىن ئارتىلسا ، جاۋابىنى مۇشۇ غوجامدىن ئالىدىغۇ تايىنلىق .

قەمبەرخان ئىشىكتىن كىرەر - كىرمەيلا قايناپ كەتتى . ئۇنىڭ بويۇن تومۇرلىرى چوكىدەك كۆپۈپ چىققانىدى . غەزەپتىن قارامتۇل چىرايى تېخىمۇ قاردىغان ، چۇۋۇلغان چاچلىرى ساراڭنىڭكىگە ئوخشاپ قالغانىدى . زۇلخۇمار ئۇلارغا بىر پىيالىدىن چاي تۇتتى ۋە ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى . بىرپەستىن كېيىن ئىككى قاچا لەگمەننى كۆتۈرۈپ چىقتى .

— ھەي سىڭلىم ، بۇ چاغ بولغاندا كۆڭۈل ئاماق ئارتامدۇ - ھە ؟ — دېدى ھوشۇر سەلەي ئاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ ، — قويسىلا ، گېلىمدىن ھېچ نەرسە ئۆتمەيدۇ . ئوتتۇز نەچچە يىل ئىشلەپتىمەن . يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ . ئەمدى مېنى قويۇۋەتسە ، ئارامغا چىقسام بولماسمىدى ؟ ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا بۇنداق خارلىققا قالىدىغانلىقىمنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەنمەن .

— مېنىڭمۇ گېلىمدىن غىزا ئۆتمىگەنىدى ، — دېدى سۇلايمان قاسىم بىر قاچا ئاشنى ئالدىغا تارتىپ ، — ئويلاپ باقسام بۇ قىلغىنىمىز بولماپتۇ . ياسىنجانغا قېيداپ ئاماق يېمىسەك ، ئۇنىڭ ھېچ يېرى غىڭ قىلمايدۇ . زىيان تارتىدىغىنى يەنىلا بىز بولغۇدەكمىز . قېنى ھوشۇركا ، ئاشنى قولىڭىزغا ئېلىڭ ! زۇلخۇمار ، قەمبەرخاچامغا غاچىدە ئاش سېلىڭلار . ھەممىمىز بىللە ئولتۇرۇپ ئاماق يەيلى . كىمدىن قالمىغان جاھان بۇ ؟

سۇلايمان قاسىمنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ھوشۇر سەلەيمۇ قاچىغا قول ئۇزاتتى . ئۇلار ئالىسلا - باقسىلا بىلەن بىر قاچىدىن ئاماقنى قورسىقىغا كۆمتۈرۈۋەتتى .

— مەن سەل ئەندىشە قىلىۋاتىمەن ، ئۇكام . ياسىنجاننىڭ قورسىقىدا نېمە باردۇ ؟ ئىدارىدىكى توقۇناق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ماڭا مىنۇۋالدى دېسە …

ھوشۇر سەلەي ئاماقتىن كېيىن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن دۇئا قىلىپ ، بىرپەس ئولتۇرغاندىن كېيىن ، سۇلايمان قاسىمدىن بىر تال ئاماكا سورىۋالدى . ئۇ ئاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ بىرنەچچىنى شورىغاندىن كېيىن ، گېپىنى داۋام قىلدى :

— سىرتىمغا چىقارمىغىنىم بىلەن ئاشۇ جېدەلدىن كېيىن ئىچىمدە بىر ۋەھىمە قايناپ تۇراتتى . مەن شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئەزرائىلنى كۆتۈۋاتقان بىمارەدەك دەككە - دۈككە ئىچىدە ياشىدىم . ئەمدى كېلىپ ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى . مەن سەزمەيلا ياسىنجاننىڭ يانپىشىغا چىقىپ قالدىم . ئۇ - بۇ دېسەم ، تېخى



www.uyghurkitap.com

بولمىغان . ئاناڭدىن قالغان خىزمىتىڭنى چېكەڭگە تاڭ دەي دې-
سەم ، باللار ئوقۇۋاتىدۇ . ئىقتىساد دېگەن ئادەمنى تىكەن ئۈستىدە
زوڭ ئولتۇرغۇزىدىكەن . ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن ، ئۇكام ؟
سۇلايمان قاسىممۇ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى ۋە ئېزىلەڭگۈ-
لۈك بىلەن شورىغىنىچە ئۈندىمەستىن ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ
ئولتۇرۇپ كەتتى . ئۇ ئويدانىراق گەپ قىلىپ ، هوشۇر سەلەيىنىڭ
كۆڭلىنى تىندۇرۇپ قويمىسا بولمايدىغانلىقىنى هېس قىلغانىدى .
شۇڭا ، بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ ئولتۇر-
غان قوشنىسىغا قارىدى :
— هوشۇركا ، بىز راستىنلا بىر ئىشلاردىن ئۈركۈپ كەتكەن
ئوخشايمىز . ياسىنجاننىڭ قورسىقىدا جىن بولسا ، بۇ چاغقىچە
كۈتۈپمۇ ئولتۇرمىغان بولاتتى . بۇ قېتىم ئۇنىڭ سىزنى قىسقارتىش
ئوبيېكتى قىلمىغىنىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ . شۇڭا ، سىز خا-
تىرجەم بولۇڭ . ئەمما ، زىممىڭىزدىكى مەسئۇلىيەت ھەقىقەتەن
ئېغىر ، بەزى ئىشلاردا قاتتىق ئېھتىيات قىلمىسىڭىز بولمايدۇ .
چىشىڭىزنى چىشلەپ بىرنەچچە يىلنى ئۆتكۈزىۋەتسىڭىز ، يېشى-
ڭىزمۇ توشۇپ قالىدۇ . ئۇ چاغدا ياسىنجاننىڭ سىزنى قويۇۋەتمەي
ئامالىمۇ يوق . خاتىرجەم پېنسىيىگە چىقىۋالسىڭىز ، ئىشىڭىزنىڭ
ئوڭ كەلگىنى شۇ . شۇڭا ، ئارتۇقچە غەم يەپمۇ كەتمەڭ . ئەمما ،
ھەددىدىن زىيادە بىخۇدلىشىپمۇ يۈرمەڭ . بىر ئىدارىنىڭ ئامانلىقى
دېگەن ئوينىشىدىغان خىزمەت ئەمەس ، يۈگۈر - يېتىم ئىشلارغا
يېتىشىپ بولالمىسىڭىز ، بىزمۇ قاراپ تۇرماسمىز . ياسىنجان شۇن-
داق قىلغىنى بىلەن سىزنى ھەممەيلەن ياخشى كۆرىدۇ . بىز بولغان-
دىكىن ، بەزى ئىشلارنى بار مەسلىھەت قىلارمىز . ئىدارىدە سىز
يالغۇز ئەمەسقۇ ؟
هوشۇر سەلەيىنىڭ چىرايىدىكى قارا بۇلۇتلار تارقاپ كەتتى .
ئۇنىڭ ئۇمچىيىپ تۇرغان لەۋلىرىدە كىشىنى سۆيۈندۈرگۈدەك بىر
تەبەسسۇم پەيدا بولدى . ئۇ پىيالىدىكى سوغۇق چاينى بىر كۆتۈرۈش-
تە ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ، ئورنىدىن تۇرغاچ دېدى :

— ئەمىسە ئۇكام، سەنمۇ ئارام ئال، ئالتۇندەك كەپلىرىڭنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى. ئەمدى كېچىچە خاتىرجەم ئۇخلايدىغان بولدۇم. رەھمەت ساڭا.

— بىردەم ئولتۇرۇشامىلا؟ — دېدى زۇلخۇمار قەمبەرخاننىڭ قولىنى تۇتۇپ، — ھە راست، رىسالەتنىڭ ئەھۋالى ھازىر خېلى ياخشىدۇ؟

— كۈندە ئىشقا بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. بىراق، ھىمىتجان يەنىلا كۆڭلەن خۇيىنى تاشلىيالماي، شىشە قېشىدىن قوپالماي يۈرۈۋاتسا كېرەك، ئائىلە تۇرمۇشى بۇرۇنقى بىلەن ئوخشاش. بىچارە قىزىمنىڭ ئىچ - ئىچىدىن كۈلگىنىنى كۆرەلمەيدىغان ئوخشايمەن.

قەمبەرخان شۇنداق دېگەچ سۇلايمان قاسىمنىڭ يۈزىگە لەپپىدە قاراپ قويدى. ئەمما، ئۇنىڭ كۆزىدىكى ھېلىقى قورقۇنچلۇق سوئالدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. بۇنىڭدىن سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆڭلىمۇ ئەمىن تېپىپ قالدى.

ئادەملەرگە تۇيدۇرمايلا ياز كىرىپ قالغانىدى. قورۇدىكى گۈللۈك فونتاننىڭ ئەتراپىدا ئىتنىڭ تۇكىدەك قىياقلار ئۈنۈپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يېڭنە يوپۇرماقلىرىدا فونتاندىن چېچىلغان ئۇششاق ئۈنچىلەر جۇلالاپ تۇراتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ گۈللەر پورەك ئاچقان، ھەسەل ھەرىلىرىمۇ غوڭ - غوڭ ناخشىنى باشلىۋەتكەنىدى. قۇشلارنىڭ چاڭىلداپ سايرىغان ئاۋازى تەشۋىشلىك كۆڭۈللەرگە بىردەملىك بولسىمۇ ئارام بەخش ئېتەتتى.

چۈشتىن كېيىن بىردىنلا ھاۋا تۇتۇلدى. تاغ تەرەپتىن سۈرۈلگەن قارا بۇلۇتلار ئىسسىق شامالنى ئالدىغا سالغىنىچە باستۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. قارىغاندا، قارا يامغۇر ياغىدىغاندەك قىلاتتى. بۇلۇت ئاستىدىكى زېمىن قاغىنىڭ قانىتىدەك قارىيىپ كەتكەن ئاشۇ دەھشەتلىك ئېقىن ئالدىدا ئادەملەر بەكمۇ بىچارە كۆرۈنەتتى. بۇلۇت سۈرۈپ ماڭغان يامغۇر تامچىلىرى زېمىنغا قامچىدەك تارسىلداپ چۈشمەكتە، گۈللۈك فونتاندىكى گۈل - گىياھلار مۆلدۈرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندەك شۇمشىيىپ قالغان، فونتان ئەت-

ـراپىدىكى قىياقلار ئاشۇ تامچىلارغا مەڭگۈ باش ئەگمەيدىغاندەك ،
بېشىنى قىلچىنىڭ ئۇچىدەك تىككىدە كۆتۈرۈپ يالتىراپ تۇراتتى .
هوشۇر سەلەي خىرقىراپ يۇرۇپ ئىدارە قورۇسىدىكى يېڭى-
دىن كەلتۈرۈلگەن سېمونت ، قۇم - شېغىل دېگەندەك نەرسىلەرنى
برېزېنت بىلەن ئاران يۆگىۋالدى . هەددىدىن زىيادە جىددىيلىشىپ
كەتكەن ۋە يۇگۈرۈپ يۇرگەن بولغاچقا ، ئۇنىڭ دېمى كېسىلىپ ،
گېلىدىكى نامەلۇم بىرنەرسە پۇشتەك چېلىشقا باشلىغانىدى . ئىش-
خانا دېرىزىسىدىن ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان ياسىنجان مىيىقىدا كۇ-
لۇپ قويدى .
ــ كاساپەت ، بەك قۇۋ ئىكەنسەنغۇ ؟ ــ دېدى ئۇ ئۆز -
ئۆزىگە پىچىرلاپ ، ــ مۇشۇ ئىشقا كاللا ئىشلەتمىگەن بولساڭ ،
ماتېرىيال ئۇچۇن خەجلىگەن نەچچە ئون مىڭ سومنىڭ ئۇستىد-
گە يىقىلغان بولاتتىڭ - دە ! بۇزۇلغان سېمونت ، ئېقىپ
كەتكەن قۇم - شېغىل دېگەن سېنىڭ نەچچە ئايلىق ئىش ھەققىڭنى
يوققا چىقىراتتى ئەمەسمۇ ؟ ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىغىچە بىلىڭنى رۇس-
لىيالماي ، غوجىكام دەپ يېلىناتتىڭ ماڭا . ھېلىمۇ چاققان كەل-
دىڭ . قېنى ، سېنىڭ قاچانغىچە بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىڭنى
مەن بىر كۆرەي…
شۇنداق ، هوشۇر سەلەي ھەربىر ئىشنى پۇختا قىلىپ ، يول-
ۋاسىنىڭ ئېغىزىغا ئۇدۇل كېلىپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا تىرىشماقتا
ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىدا قانداق ئوتنىڭ گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقانلىد-
قىنى ، قايسى بۇلۇڭدا قانداق قىسمەتنىڭ ئۆزىنى ماراپ تۇرۇۋاتقاد-
لىقىنى ئالدىن بىلىۋالالايدىغان ئەۋلىيادەك سەزگۈرلىشىپ كەتكە-
نىدى . ئىشلاردىن سەللا چاتاق چىقسا ، قىلدىن قىيىق كەتسە ،
بېشىغا كېلىدىغان دىشۋارچىلىقلارنىڭ نەچچە ھەسسە ئېغىرلاپ
كېتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى . شۇڭا ، ئۇ ئىشلاردا جاپا چەكسد-
مۇ قۇيرۇق قالدۇرماسلىقىقا تىرىشاتتى . كونىلار ئېيتقان كۇچۇكنى
خار قىل ، يۇزۇڭنى خار قىلما ، دېگەن شۇ ئىدى .
هوشۇر سەلەي قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ

بولغاندىن كېيىن ، ئىدارىنىڭ توك سىملىرىنى بىر قۇر تەكشۈردى . ئىشىك ـ دېرىزىلەرگە قاراپ چىقتى . ئىشلارنىڭ جاي ـ جايىدا ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن ، ئۇھ دېگىنىچە بىرىنچى ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىدىكى بېتون پەشتاختا ئولتۇردى . ئۇنىڭ چېكە تەرلىرى يامغۇر تامچىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەنىدى . ئۇستۇبېشى سۇغا چۈشۈپ كەتكەن مۈشۈكنىڭكىدەك چۆپ ـ چۆپ بولۇپ كەتكەن ، سوغۇقتىن چىشلىرى كاسىلداپ تۇراتتى .

بىنادىن چۈشۈپ كەلگەن ياسىنجان ئىشىك ئالدىدا كۈنلۈكنى ئاچتى ۋە پەلەمپەي ئۈستىدە شۈمشىيىپ ئولتۇرغان ھوشۇر سەلەينى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردى . قولىدىكى كۈنلۈكنى كىيىملىرى ئاللىقاچان ھۆل بولۇپ كەتكەن ھوشۇر سەلەينىڭ بېشىغا تۇتتى . ئۇ شۇ ھەرىكىتى بىلەن ئۆزىنىڭ بىر ئىسلاھاتچىلا ئەمەس ، يەنە باشقىلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن يامغۇر تامچىسىغىمۇ قاراپ تۇرمايدىغان كۆيۈمچان رەھبەر ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلىماقچىدەك قىلاتتى .

ـــ بەكمۇ چارچاپ كەتكەنسىز ـ ھە ؟ ـــ ئۆزىچە ئەھۋال سورىدى ياسىنجان يۇمشاق ئاۋاز بىلەن ، ـــ سىزنىڭ جاپادا قالغانلىقىڭىزنى بىلىمەن . ئەمما ، بۇنىڭغا نېمە ئامال ؟ شۇ تۇرقىدا مۇشۇ خىزمەتنى بەرسەم ، جان دەپ قىلىدىغانلار ئۆچىرەتتە تۇرۇۋاتىدۇ . لېكىن ، سىز ـ بىزلەر كۆڭلىمىز يېقىن ئادەملەر . شۇنداق بولغاندىكىن ، مەن يەنىلا سىزنى تاللىدىم . جاپا بولسىمۇ چىدىمىسىڭىز بولمايدۇ .

ـــ ئەلۋەتتە چىدايمەن ئۇكام ، ياق ، يا جوجاڭ ، مەن سىلىنىڭ ئۇمىدلىرىنى ھەرگىزمۇ يەردە قويمايمەن . ئىلگىرى مەندىن ئۆتكەن يەرلەر بولسا ، ئەپۇ قىلغايتەرلا . سىلىنىڭ كەڭ قورساق ئادەم ئىكەنلىكلىرى ماڭا مەلۇم .

ھوشۇر سەلەي ئېگىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا رەھمەت ـ بارىكاللا ئېيتتى . ياسىنجان سىرلىق كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ، بېشىنى تىك تۇتقان پېتى يولىغا ماڭدى . ئۇنىڭ لۆمۈلدەپ تۇرغان كېلەڭسىز

بەستى قارا يامغۇر شارقىراپ چۈشۈۋاتقان خۇنۇك ھاۋا ئىچىدە ئېرىپ كەتكەندەك بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى . ھوشۇر سە-لەي ئۆزىنىڭ ئىگىسىگە قاراپ قويۇرۇقىنى شىپاڭلىتىۋاتقان كۈ-چۈكتەك بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈ-رۈپ ، ئىچ - ئىچىدىن بوغۇلدى . ئەمما ، ئۇنىڭ شۇنداق قىلماي ئامالى يوق ئىدى . چۈنكى ، خۇشامەتكە ھېرىسمەن كىشىنىڭ بۇن-داق سۆزلەرنى ئاڭلىماي قالسا ، كۆڭلىنىڭ چىۋىن يەۋالغاندەك بىئارام بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان ھوشۇر سەلەي ياسىنجاننىڭ تومۇرىنى تۇتمايلا ، كېسىلىنى بىلىۋالغانىدى . ئۇ ئېغىزىنىڭ ئۇچىدا بولسىمۇ شۇنداق دەپ قويمىسا ، ياسىنجاننىڭ مىجەزى قوداڭشىپ ، ئوتنىڭ ئۈستىگە ياغ چېچىشتىن يانمايتتى .

بىر چاغدا بىنادىن سۇلايمان قاسىم چۈشۈپ كەلدى . ئۇ نېمى-گىدۇر غودۇڭشىپ ، تاماكىسىنى جەھلى بىلەن شوراپ كەلمەكتە ئىدى . چىڭ تۈرۈلگەن قوشۇمىسى ئۇنى بەكمۇ سۇرلۇك كۆرسى-تىپ تۇراتتى . ئۇ بىنادىن چىقىپلا مەيدانغا تۇتىشىدىغان پەلەمپەيدە سوغا چىلىنىپ ئولتۇرغان ھوشۇر سەلەينى كۆردى .

— بۇ يەردە ئولتۇرۇپسىزغۇ ؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولغى-نىچە ، — قاراڭا ئۈستۈڭشىڭىزنىڭ بولۇپ كەتكىنىنى ؟ يامغۇر يېغىۋاتقىنىنى كۆرمىدىڭىزمۇ ؟ ياكى ئۆزىڭىزچە سەگىدەش ئۈچۈن يامغۇر سەيلىسى قىلىۋاتامسىز ؟

— قويغىنا ئۇكام ، ياش بۇ يەرگە يەتكەندە ، يامغۇر سەيلىسى قىلىپ نېمە كەپتۇ ؟ ياسىنجاننىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئېرىشكەن بىر تالاي ئىشلارنى بېسىقتۇرۇپ بولغۇچە ماجالىم قالمىدى . ھەي قې-رىلىق ، ئازراق مىدىرلاپ بولغۇچە گال پۇشتەك چېلىپ ئارام بەرمىگەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇت - قولنىڭ قۇشقاچىنىڭچىلىكمۇ جېنى يوق . ماغدۇرسىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن ، ئۇكام .

سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇز-دى . ھوشۇر سەلەينىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى . ئۇزمەي چۈش-كۈرۈپ ، قېقىلىپ يۆتىلەتتى . قارىغاندا ئۇ ئۆزىگە سوغۇق ئۆتكۈ-

زۇۋالغاندەك قىلاتتى .

ــ يۇرۇڭ ، ھوشۇركا ، ئۆيگە قايتايلى .

ــ ئۇكام ، سەن كېتىۋەر ، مەن ئىشخانىلارنى تەكشۈرۈپ ، توك سىملىرىنىڭ ئۇزۇلگەن - ئۇزۇلمىگەنلىكىگە بىر قاراپ باقاي . ئالىمادىس بىر ئىش چىقىپ قالسا ، مېنىڭ تۈگەشكىنىم شۇ

سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭغا قاراپ بىرپەس تۇرۇپ قالدى ۋە بېشىنى چايقىغىنىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىناغا كىردى . ئۇلار قەۋەتمۇ قەۋەت يۈرۈپ ئىشخانىلارنىڭ ئۇز - چاتلىرىنى بىرمۇ بىر تەكشۈردى . پايپاسلاپ مېڭىۋاتقان ھوشۇر سەلەيىنىڭ ھاسىرىشى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەنىدى .

ــ ئەمدى قايتايلى ، ئۇكام ، ــ دېدى ئۇ خىرقىراپ تۇرۇپ ، ــ كۆڭلۈم ئەمدى ئەمىن تاپتى . ھەي ، بۇ جاننى باقماقنىڭ تەسلىكى ، ياسىنجانغا پۇقرا بولماقنىڭ تېخى تەسلىكى…

سۇلايمان قاسىم ئۇنى يۆلىۋالدى . ئىككىسى شارقىراپ چۈشۈۋاتقان قارا يامغۇردا يولنى تەسلىكتە پەرق ئېتىپ كەلمەكتە ئىدى . ئاسفالت يوللاردا يامغۇر سۇلىرى سەل بولۇپ ئېقىشقا باشلىغاندى . لۆمشىپ ئېقىۋاتقان يامغۇر سۇلىرى ئەۋرەز كاتەكلىرىگە قۇيۇلاتتى . كوچىلاردا ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى . ھەممە نەرسە ــ شۈمشىيىپ تۇرغان دەل - دەرەخلەرمۇ ، ئادەمسىز قالغاندەك كۆرۈنىدىغان بىنا - قورۇلارمۇ يامغۇرلۇق ھاۋادا تۇمان ئىچىدە قالغاندەك كۆرۈنەتتى . بارغانسېرى كېڭىيىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان يوللاردا ئاندا - ساندا كىچىك ماشىنىلار ئۆتۈشۈپ قالاتتى . بۇ ھال كىشىنىڭ كۆڭلىنى بەكمۇ يېرىم قىلاتتى .

ئۇلار بىر - بىرىنى قولتۇقلىشىپ مېڭىپ ئۆز بىناسىنىڭ كارىدورىغا ئاران كىرىۋېلىشتى . چېلەكلەپ قۇيغاندەك يېغىۋاتقان يامغۇر سۇلىرى ئۇلارنىڭ ئۈستىۋېشىدىن چېپىلداپ تېمىپ تۇراتتى . سۇلايمان قاسىمنىڭمۇ غولى قورۇلۇپ ، بەدىنىگە تىترەك ئولاشقانىدى . ھوشۇر سەلەيىنىڭ بولسا قەدەم ئالغۇچىلىكى قالمىغانىدى .

— نېمە بولغىنى بۇ؟ مولللام گۆش يېمەس، يېسە بوش يېمەس دېگەندەك، يىللاپ - يىللاپ بىرەر قېتىم يامغۇرمۇ ياغمايدىغان يەر ئىدى بۇ. مانا، ئاران بىر قېتىم يېغىۋىدى، خۇددى يۇرتنى ئېقىتىپ كېتىدىغاندەك پەيلى بەكمۇ يامان. مۇشۇنداق يېغىۋەرسە، يېزىلاردىكى ئاجىز - ئورۇقلار قانداقمۇ قىلار؟ ئۇلارنىڭ توپا تاملىق كونا ئۆيلىرى بۇنداق يامغۇرغا بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟

سۇلايمان قاسىمنىڭ بۇ پەريادلىرى جاۋابسىز قالدى. چۈنكى، هوشۇر سەلەي بارغانسېرى يېقىنلىشىپ قېچىۋاتقان كامېردەك بوشىشىپ، ئورنىغا يىقىلىپ قالغىلىۋاتاتتى. بۇنى كۆرۈپ سەل جىددىيلەشكەن سۇلايمان قاسىم ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

— ۋاي خۇدايىم… — قەمبەرخاننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېرىنى بۇ هالدا كۆرۈپ كۆڭلىدىن هەر قىسما خىياللار كەچتى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ هوشۇر سەلەينىڭ يەنە بىر قولتۇقىدىن يۆلىدى.

— نې… نېمە بولدى؟ — ئۇ كېكەچلىگىنىچە بىردە سۇلايمان قاسىمغا، بىردە هوشۇر سەلەيگە قارىدى. سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، قوشنىسىنى كارىۋاتقا ياتقۇزدى. هوشۇر سەلەي تىنماستىن چۈشكۈرەتتى ۋە توختىماستىن ئىنجىقلايتتى. ئۇنىڭ قارامتۇل چىرايى بارغانسېرى تاتىرىپ كۆكىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

— قۇرۇق كىيىملەردىن ئەكەلسىلە، هوشۇركامنىڭ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋېتەيلى، — دېدى سۇلايمان قاسىم پەس ئاۋازدا، قەمبەرخان پايپاسلاپ يۈرۈپ بىر قۇر كىيىم ئېلىپ چىقتى ۋە سۇلايمان قاسىم بىلەن بىللە ئۇنىڭ چۈپ - چۈپ بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى.

— يامغۇردا ئىشلەپ يۈرۈپ ئۆزىگە سوغۇق ئۆتكۈزۈۋالغان

ئوخشايدۇ ، ــ دېدى سۇلايمان قاسىم كارىۋاتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قەمبەرخان سۇنغان لۆڭگە بىلەن يۈز - كۆزلىرىنى سۈرتكەنىچە ، ــ دورا بولسا ئىچكۈزۈپ قويسىلا ، بولمىسا رىسالەتكە تېلېفون بېرەيلى ، غاچچىدە كېلىپ ئوكۇل ئۇرۇپ قويسۇن :

ــ مەن دېمىدىممۇ ؟ ــ قەمبەرخان ئېسەدىگىنىچە قايناشقا باشلىدى ، ــ قېرىغاندا ئىدارىنىڭ ئىشلىرى يەپ كېتىدىغان بولدى بۇ ئادەمنى . مۇشۇنداق ئېغىر ئىشلارغا سېلىپ قىيىنىغان ياسىنجانمۇ ئەرشىئەلاغا چىقىپ كەتمەس . مەن ھەممىنى خۇدايىمغا قويدۇم . ناكەسكە بەندە قىلمىغايلا ، خۇدايىم . بىزگە يامان كۆزدە قارىغانلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگەيلا ، خۇدايىم . بىزگە قەست قىلغانلارنى پەس قىلارلا ، خۇدايىم…

ــ بو…بولدى ، كۆزۈڭنىڭ يۇندىسىنى ئېقىتما ، ــ ھوشۇر سەلەي تارشىدەك قېتىپ كەتكەن قولىنى يوتقاندىن چىقىرىپ سىلكىدى ، ــ ھەرقانچە قاقشىغان بىلەن پايدىسى يوق . سېنىڭ خۇدايىمغا ئۇنى قىلارلا ، بۇنى قىلارلا دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە نېمە ھەددىڭ ؟ گەپ دېگەننى ئاقىدىغان يەرگە قىلغۇلۇق . بولدى ، تولا كوتۇلدىماي سۇلايمانغا چاي كەلتۈر . ئازراق ئىسسىۋالسۇن .

سۇلايمان قاسىم ئورنىدىن تۇردى ۋە ھوشۇر سەلەينىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ بېقىپ ، تېخىچە مىشىلداپ تۇرغان قەمبەرخانغا دېدى :

ــ ھوشۇركام سەل قىزىپ قاپتۇ . دورىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئىچۈرۈپ قويسىلا ، مەنمۇ ئەمدى ئۆيگە چىقاي ، كېيىملىرىمنى ئالماشتۇرمىسام ، زادى ئىسسىمايدىغاندەك قىلىمەن .

سۇلايمان قاسىم شۇنداق دېگىنىچە قەمبەرخانىنىڭ چايغا تۇتۇشلىرىغا ئۆزرە ئېيتىپ چىقىپ كەتتى . قەمبەرخانىنىڭ تېخىچە زەردىسى قايناپ تۇراتتى . شۇڭا ، ئۇزۇنغىچە كوتۇلداپ ، ياسىنجاننى بىرھازا قارغىدى . ھوشۇر سەلەي بولسا قۇلىقىم ھېچنېمىنى ئاڭ-

لىمىسۇن ، دېگەندەك بېشىنى يوتقانىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغانىدى .

## 62

رىسالەتمۇ سەللىمازا ساقىيىپ قالغانىدى . ئۇ يۈزىدىكى قازان قارىسى يىتمەي تۇرۇپ ئىشقا چۈشۈۋالدى . ئاغرىپ ياتقان چاغلىرىدا ھىمىت ياسىن بىر قېتىم ئۇنىڭغا كۆرۈنۈش قىلغاندىن باشقا قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىگەنىدى . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ دېگەندەك بەختلىك ئەمەسلىكىدىن دوختۇرخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى خەۋەر تېپىشتى . خىزمەتكە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن كىرىشىدىغان ، مەيلى بىلىم ، مەيلى تېخنىكا جەھەتتىن بولمىسۇن ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ، خېلىلا ئېغىر - بېسىق كۆرۈنىدىغان بۇ قىزنىڭ بىر ھاراقكەشكە نېسىپ بولغىنىنىڭ سەۋەبىنى تېخىچە چۈشەنمەي يۈرگەن دوختۇر - سېسترالارغا نىسبەتەن بۇ ھەقىقەتەن ئىچ ئاغرىتقۇدەك ئىش ھېسابلىناتتى . شۇڭا ، سېسترالار باشلىقى ئامىنە قولى ئىشتىن بوشىسىلا ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ پاراڭلىشىدىغان ، مۇڭدىشىدىغان بولۇۋالغانىدى . چۈنكى ، ئۇمۇ ئۆزىنى تۇرمۇشتا ئېغىر سىناققا دۇچ كەلگەن بەختسىز ئاياللارنىڭ بىرى ھېسابلايتتى .

دوختۇرخانىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىش نەزىرىدە قاراشلىرىدىن بەكلا بىزار بولغان رىسالەتمۇ بارغانچە كەم سۆز ، جىمغۇرلىشىپ كەتكەنىدى . ئۆز خىزمىتىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشلەيتتى . بىمارلىرىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ، ئېرىنمەستىن خاتىرە يازاتتى . يېڭى - يېڭى كېسەللىكلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ، داۋالاش لايىھىسىنى تۈزەتتى . ئىش - كۈشلىرى تۈگىگەندە بولسا ، ئىشخانىسىغا سولىنىۋېلىپ دېرىزىدىن سىرتتىكى مەنزىرىلەرگە — دوختۇرخانا ھويلىسىدىكى چىملىقلارغا ، تام بويلىتىپ سېلىنغان قارا تېرەكلەردە ، چېچەكلىرى خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان ئاكاتسىيىلەردە ۋىچىرلاپ سايرىشىپ يۈرگەن قۇشقاچلارغا ، چىملىق ئەتراپىدا ئويمانچاقلارغا يىغىلىپ قالغان سۇنىڭ

ئەتراپىدا ئۇزۇن قۇيرۇقىنى سۆرەپ يۈرگەن سۇندۇكلارغا قارىغى-
نىچە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ خىيال سۈرەتتى،
ئەمما نېمىنى ئويلىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. مۇشۇنداق چاغلار-
دا ئىشخانىغا كىرگەن ئامىنە قىزىق - قىزىق يۇمۇرلىرى بىلەن
ئۇنى خىيالىي دۇنيادىن قايتۇرۇپ كېلەتتى. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭ-
لاشسا، رىسالەتنىڭمۇ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى.

بۈگۈن ئامىنە يەنە سۈيى تۆكۈلۈۋاتقان قاپاقتەك بولدۇقلىغى-
نىچە ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى.

— قىزىقلا بىر يۇمۇر، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، —
ھېلىلا بىر ماتېرىيالدىن ئوقۇدۇم. سۆيۈنچە بەرسىڭىز ئېيتىپ
بېرىمەن.

— يۇمۇرغىمۇ سۆيۈنچە ئالامسىز؟ — رىسالەت دېرىزە ئال-
دىدىن كەلدى ۋە ساپادا ئۇنىڭغا يانمۇ يان ئولتۇردى.

— نەپ بەرمىسە ھۆپۈپمۇ بىكارغا ئوسۇرمايدىكەن، رىسالەت
دوختۇر، — ئامىنە ھەيىيارلىق بىلەن كۆزىنى قىسىپ
قويدى، — قېنى ئېيتىڭا، مۇشۇ كۈنلەردە كىممۇ نەپ چىقمىغان
يەرگە قاترايدۇ؟ ئەمچەكتە سۈت بولمىسا، بالىمۇ ئانىسىغا قارىماي-
دىغان زامان بوپكەتتى، خېنىم.

— يۇمۇرىڭىز مېنى كۈلدۈرەلىسە، بىر تاۋاق توخو قوردىقى
بىلەن مېھمان قىلىمەن، — دېدى رىسالەت ئۇنىڭ يەلكىسىگە
بوشقىنا ئۇرۇپ قويۇپ.

— ئەمىسە گېپىمىز گەپ - ھە، — ئامىنە شۇنداق دېگىنىدى-
چە چاي قۇتىسىنى ئېلىپ، رىسالەت دەملەپ قويغان چايدىن بىر
ئوتلام ئىچىۋالدى ۋە ئېغىزىنى سۈرتكىنىچە يۇمۇرنى سۆزلەشكە
باشلىدى، — بىر ئايال ئەرز قىلىپ سوتقا بېرىپتۇ. سوتچى
ئۇنىڭ باش - كۆزىگە ئوبدان بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، «قېنى،
تەلىپىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ» دەپتۇ.

— ئېرىمدىن ئاجرىشىمەن، — دەپتۇ ئايال.

سوتچى بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئايالغا قاراپ مۇرا-

جىئەت قىپتۇ :

— ئاجرىشىش سەۋەبىڭىزنى ئاڭلاپ باقسام بولامدۇ؟

— ئېرىم خورەك تارتىدۇ ، — دەپتۇ ئايال .

— سىلەر توي قىلغىلى قانچىلىك بولدى ؟ — سوراپتۇ سوتچى قىزىقىش ئىلكىدە .

— تېخى تۈنۈگۈنلا توي قىلغان ، — دەپتۇ ئايال . بۇنى ئاڭلاپ سوتچى دەرھال ئىپادە بىلدۈرۈپتۇ :

— ئاجرىشىش تەلىپىڭىز يوللۇق . چۈنكى ، توي كېچىسى دېگەن خورەك تارتىدىغان كېچە ئەمەس ...

رىسالەت بۇ يۇمۇرنى ئاڭلاپ دەسلەپىدە ھېچ نەرسىنى ھېس قىلالمىدى . سەل ئويلانغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭدا ئىشارەت قىلىنغان ئىشنى چۈشىنىپ يېتىپ ، ئۆزىچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

— ۋۇي شەيتان ، نەدىنمۇ تاپقانسىز بۇنداق گەپلەرنى ، — دېدى ئۇ ئۆزىنى كۈلكىدىن توختىتىۋالالمىغان ھالدا ، — قاراڭا ، كۆزتۈرۈپ كىرگەن گېپىڭىزنى . ھۇ قېلىن .

— ئىش قىلىپ سىز كۈلدىڭىز ، — دېدى ئامىنەمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ، — بىر تاۋاق توخۇ قوردىقى گەدىنىڭىزگە ئۆتتى . يەنە ئاڭلامسىز ؟

— بولدى بولدى ، ئاڭلاۋەرسەم ، قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكۈدەكمەن . بۈگۈنچە مۇشۇنچىلىك بولسۇن .

— سىزمۇ توي كېچىسى ھىمىتجاننىڭ خورىكىنى ئاڭلاپ باققانمۇ ؟ — سورىدى ئامىنە .

— بىلمەيمەن ، — بۇ گەپ بىلەن رىسالەتنىڭ قەلبىدىكى جاراھەتنىڭ قاقچى يەنە بىر قەۋەت سويۇلدى . ئۇنىڭ ھېلىلا ئاپتاپتەك ئېچىلغان چىرايىدا قارا بۇلۇت پەيدا بولدى . ئۇ ئامىنەدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ ، دېرىزە ئالدىغا باردى ۋە يۈزىنى مۇزدەك سوغۇق ئەينەككە ياققىنىچە سىرتقا قارىۋالدى . ئۆزىنىڭ قاملاشمىغان بىر سوئالنى سوراپ قويغىنىنى سەزگەن ئامىنە ئاستا بېرىپ ، ئۇنىڭ قولىنى سىقتى .

— كەچۈرۈڭ ، رىسالەت دوختۇر ، مەن ... مەن ئوبدان گەپ قىلماپتىمەن . ئويلىمايلا...

رىسالەت ھېچقىسى يوق دېگەندەك بېشىنى بوشلا چايقاپ قويدى . ئۇ كۆز ياشلىرىنى ئاران ـ ئاران تۇتۇپ تۇراتتى . بۈگۈنكى سۆھبەت كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئاخىرلاشقان بولدى . ئامىنە ئۇنىڭغا قاراپ بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن ، يەنە بىرنەرسە دېيىشىنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، ئاستا كەينىگە ياندى . ئۇ ئىشىك ئالدىغا بارغاندا ، كەينىگە بۇرۇلۇپ پەس ئاۋازدا دېدى :

— سىزنى رەنجىتىپ قويدۇم ، رىسالەت دوختۇر . بۈگۈنكى قەرز ماڭا ھېساب بولسۇن . بىر كۈنى كۆڭلىڭىزنى ئوبدان بىر ئېلىۋالىمەن . كەچۈرۈڭ .

رىسالەتمۇ كەينىگە بۇرۇلدى . ئۇ تولىمۇ تەڭقىسلىقتا تۇرغان ئامىنەگە قاراپ زورىغا كۈلۈمسىرىدى .

— سىزدىن رەنجىمىدىم . بەزى ئىشلار ئېسىمگە كېلىۋېلىپ ، بىرئاز كەيپىم ئۇچتى ، خالاس . قەرز دېگەن ھامىنى قەرز . ئۇنى تۆلىمەي بولمايدۇ . بىر كۈنى ئىككىمىزلا بىر ئولتۇرايلى . ئوبدان بىر مۇڭدىشىۋالارمىز .

ئامىنەمۇ ماقۇل دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى ۋە ئاستا مېڭىپ چىقىپ كەتتى . ئىشخانىدا يالغۇز قالغان رىسالەت خېلى بىر چاغقىچە ئۆزىگە كېلەلمىدى . ئامىنەنىڭ «سىزمۇ توي كېچىسى ھىمىتجاننىڭ خورىكىنى ئاڭلىغانمۇ ؟» دېگەن سوئالى ئۇنىڭ ئەمدىلا تىنچىشقا باشلىغان كۆڭۈل دولقۇنلىرىنى داۋالغۇتۇۋەتكەنىدى . ئۇششاق دولقۇنلار گىرەلىشىپ نەگىدۇر ئالدىراپ چېپىشاتتى . قاياقتىندۇر قايتىپ كەلگەن دولقۇنلار يېڭىسى بىلەن سوقۇلاتتى ۋە يەنە نۇرغۇن ئۇششاق دولقۇنلارغا پارچىلىنىپ تاراپ كېتەتتى . مۇشۇنداق تىنچسىز كۆڭۈلنىڭ كەينىدىن چېپىپ يۈرگەن رىسالەتنىڭ ھالى قالمىغانىدى .

ئۇ ئىشخانىسىدا كەچ كىرگۈچە ئولتۇردى . خىيال سۈردى ، ئويلاندى . بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش يوللىرى ئۈستىدە باش

قاتۇردى . ئەمما ، كۆڭۈلدىكىدەك جاۋابقا ئېرىشەلمىدى . ئەكسىچە ،
ئويلانغانسېرى كۆڭلى يېرىم بولۇپ ، ئۇنى يىغا تۇتاتتى . تۇرمۇش
مەسىلىسىدە بىر قارارغا كېلەلمىگەنسېرى ئۇنىڭ بېشى تاشتەك
قاتماقتا ئىدى .

كەچ كىرىپ ئىشتىن چۈشىدىغان چاغمۇ بولغانىدى . كارىد-
دوردا ئىشتىن چۈشكەن ۋە نۆۋەتچىلىكنى ئۆتكۈزۈۋېلىۋاتقان
دوختۇر - سېستىرالارنىڭ ئاياغ تىۋىشى كۆپىيىشكە باشلىدى . كىم-
دۇر بىرى يەنە بىرىنى چاقىرىپ ئۈنلۈك ۋارقىرايتتى . ئالدىراش
تاراقلاپ كېتىۋاتقان ۋە كېلىۋاتقان توپلەي ئاۋازلىرىمۇ كۆپىيىپ
قالغانىدى . رىسالەت سائىتىگە قاراپ قويغاندىن كېيىن ، خالاتلىرد-
نى سېلىپ ، كىيىم ئالماشتۇردى . بىراق ، ئۆيگە قايتىشتىن ئىبا-
رەت بىر ئىش يەنىلا ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتاتتى . ئۇنىڭ تۈز سېلىن-
مىغان ئاشتەك مەززىسىز تۇرمۇش داۋام قىلىدىغان بۇ ئۆيگە پەقەت
قايتقۇسى يوق ئىدى . لېكىن ، قايتمىسا بولمايتتى . كونىلارنىڭ
«توي قىلمىسام تالادا قالدىم ، توي قىلسام بالادا» دېگىنى ئۇنىڭ
بېشىغا كەلگەنىدى . ھىمىت ياسىننى ئويلىسىلا ئۇنىڭ ئىچى سىقى-
لاتتى . قۇلاققا يارىغۇدەك بىرەر ئېغىز گېپى يوق ، خۇددى ئۆينىڭ
تۆت تېمىدەك زۇۋانسىز بۇ تۇرمۇش ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئېغىر
كەلگەنىدى . ھىمىت ياسىنمۇ بۇ كۈنلەرگە لېۋىنى چىشلەپ بەرداش-
لىق بېرىۋاتقاندەك ئىدى . بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەرنىڭ قانداق
بولىدىغانلىقى ، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ تۇرمۇشىنىڭ قايسى
تەرەپكە قاراپ ماڭىدىغانلىقى ھەققىدىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھېچبىر
بەلگە - نىشان يوق ئىدى . شۇڭا ، ھىمىت ياسىنمۇ كۈنلىرىنى
ھاراققا زورلاپ ، تالا - تۈزدىن ئۆزىگە تەسەللى ئىزدەپ تېنەپ
يۈرەتتى . ئۇنىڭ روھىي ئازابىمۇ رىسالەتكە بەش قولدەك ئايان ،
بىراق بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى .
تۇنجى پەيدا بولغان تۇنجى مۇھەببەت قەلبىگە خۇددى تاشقا مۆھۈر
باسقاندەك مەھكەم ئورناشقان ، ئۇنىڭغا ئېرىشىش مۇمكىن بولمى-
سىمۇ ، بىراق بۇ سەۋدانى ئۇنتۇپ كېتىش ياكى ئاشۇ مۆھۈر

ئىزنى يوق قىلىۋېتىش ئۇنىڭغا نىسبەتەن مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇمۇ ئىشلارنىڭ بىر يېرىدىن تېشىلىپ چىقىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى.

رىسالەت سومكىسىنى مۈرىسىگە تاشلاپ كارىدورغا چىقتى. ياتاقلاردىن كىچىك بالىلارنىڭ قىرقىراپ يىغلاشقان ۋە كىمدۇر بىرىنىڭ پەس، ئىنچىكە ئاۋازدا ئەللەي ناخشىسى ئېيتىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. رىسالەت ئورنىدا چىپپىدە توختاپ ئاشۇ ناخشا كېلىۋاتقان تەرەپكە قۇلاق سالدى. خۇددى چۆل - جەزىرىلەردە يىراقتىن كېلىۋاتقان تۆگە كولدۇرمىسىنىڭ ئاۋازىدەك يۈرەكنى ئېزىدىغان بۇ مۇڭلۇق ناخشا قايسىدۇر بىر قەغىش قېپى بوۋاققا ئەمەس، قەلبى يىغلاۋاتقان رىسالەتكە ئوقۇپ بېرىلىۋاتقاندەك بىر تۈيغۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى موجۇپ ئۆتتى. ئۇ تامغا يۆلەنگىنىچە ئەللەي ناخشىسىغا قۇلاق سالماقتا ئىدى:

ئەللەي قىزىم ئەللەي،
بەختىم قىزىم ئەللەي.
يىغلاپ كۆزۈڭ تالمىدى،
بەزلەپ ھالىم قالمىدى.

مەن بالامنى بۆلەيمەن،
تاغدىن تاغقا يۆلەيمەن.
ئەللەي قىزىم ئەللەي،
بەختىم قىزىم ئەللەي...

ئەللەي ناخشىسىدا بىر ئانىنىڭ پەرزەنت ئۈچۈن سوقۇۋاتقان يۈرىكىنىڭ تىۋىشى بار ئىدى. ئەللەي ناخشىسىدا بىر ئانىنىڭ پەرزەنت ئۈچۈن بېرىۋاتقان قۇربانلىقىنىڭ ساۋابى بار ئىدى. ئەللەي ناخشىسىدا بىر ئانىنىڭ قىزىنىڭ بەختى ئۈچۈن چېكىۋاتقان پەريادىنىڭ تاشقىنى بار ئىدى. ناخشىنى ئاڭلاپ، رىسالەتنىڭ كۆ-

زىدىن ياش قۇيۇلدى . ئەمما ، ئۇ مەڭزىنى بويلاپ ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى تۇيمايلا قالغانىدى .
ــ نېمە بولدىڭىز ؟ يىغلاپسىزغۇ ، رىسالەت ؟
ئۇ ئىتتىكلا كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە بېشىنى كۆتۈردى . ئالدىدا دوختۇرخانا باشلىقى ھەيران بولغىنىچە قاراپ تۇراتتى . رىسالەت ئۆزىنى كۈلكىگە زورلاپ ئۇنىڭغا ئىللىق چىراي ئاچتى . ئەمما ، ئىچ ـ ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان ھەسرەت ـ پىغان بىلەن چىرايىدا پەيدا بولغان يالغان كۈلكە دوقۇرۇشۇپ قالدى . ئۇنىڭ چىرايى بايىقىدىنمۇ ئازابلىق تۈس ئالدى .
ــ بۇنداق مۇڭلۇق ئەللەي ناخشىسىنى ئاڭلىمىغىلى ئۇزۇن بوپتىكەن ، ــ دېدى ئۇ يوشۇرمايلا ، ــ نېمىشقىكىن ئۇنى ئاڭلاپ ، كۆڭلۈم سەل يېرىم بولۇپ قاپتۇ . باشقا ئىش يوق ، دوختۇرخانا باشلىقى . خاتىرجەم بولۇڭ .
ــ ئەمما ، ــ دوختۇرخانا باشلىقى شۇنداق دېدىيۇ ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى . ئۇمۇ باشقا دوختۇر ـ سېستىرالارغا ئوخشاشلا بۇ يارامىلىق قول ـ قانتىنىڭ ئەھۋالىدىن ئېچىنىپ يۈرەتتى ، شۇڭا گەپنى ئۇزارتىپ ئۇنىڭ يۈرەك يارىسىنى كوچىلاشنى خالىمىدى . پەقەت ئۇنىڭغا قاراپ بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، قوشۇپ قويدى ، ــ بوپتۇ ئەمىسە ، ھەمتجانغا مەندىن سالام دەڭ ، باشقا بىر كۈنى ئوبدانراق پاراڭلىشارمىز . ئۆيگە قايتىپ ئارام ئېلىڭ ، كوچا ـ كويلاردا مۇنداق يىغلاپ يۈرسىڭىز بولمايدۇ . سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىزمۇ دېگەندەك ياخشى ئەمەس . ئاۋادا يىقىلىپ قالسىڭىز ، بىز توكۇر باخشىدەك ھېچ ئىش قىلالمايمىز .
رىسالەت بېشىنى لىڭشىتتى ۋە ئالدىراپ سورىدى :
ــ ھېلىقى ئۆلۈپ كەتكەن بىمارنىڭ دەۋاسى قانداق بولدى ؟
ــ ئۇ بىمارنىڭ ئىگىسى بەكلا ئۇششۇق نېمىلەركەن ، ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرۈپ قىلغۇلۇقنى ئۆزى قىلىپ بولۇپ ، يۈندىسىنى بېشىمىزغا چاچسام دەيدۇ . بىراق ، پېقىرمۇ ئۇنداقلارغا ئاسان

بوزەك بولىدىغانلاردىن ئەمەس ، ــ دوختۇرخانا باشلىقى يانچۇقىدىن تاماكا چىقىرىپ ، بىر تال تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋام قىلدى ، ــ سەھىيە ئىدارىسىگىچە باردۇق . يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك بىزنىڭ قوللانغان داۋالاش تەدبىرلىرىمىزنىڭ توغرا بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى . كېسەل ئاللىقاچان پىششىق بولغاندا ، بىزنىڭ قولىمىزدىن نېمە كېلەتتى ؟ بىزمۇ بىر سۈپكۈچلەپلا ھەممىنى تىرىلدۈرۈۋالىدىغان ئەۋلىيا ئەمەس ـ دە . سىز ناھەق تاياق يەۋالدىڭىز ، بۇ ئىش ئاخىرلاشسا ، مەن تېخى ھېلىقى مۇتتەھەمنىڭ ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىلىمەن . ئەتە ـ ئۆگۈن يىغىن ئېچىپ ، يۇقىرىنىڭ يەكۈننى يەتكۈزىمەن . سىز خاتىرجەم بولۇڭ . بىزگە ھېچ ئىش كەلمىدى .

ــ ئۇنداق قىلىش ھاجەت ئەمەس ، قاراپ تۇرۇپ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئادەمنىڭ مۇنداق قوپاللىقلاردىن ساقلىنالىشى تەس . ئۇمۇ مېنى ئۇرۇپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغان بولدى . بوپتۇ دەيلى ، دوختۇرخانا باشلىقى . مېنىڭ يارامۇ ساقىيىپ قالدى . ئەمما ، ھېلىقى بالىنىڭ جۇدالىق يارىسى ئۇنچە ئاسان ساقايماسلىقى مۇمكىن .

دوختۇرخانا باشلىقى رىسالەتنى ئەمدىلەتىن كۆرۈۋاتقاندەك ، ئۇنىڭغا بىرپەس قاراپ تۇردى ۋە بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى . ئۇ رىسالەتكە يەنە بىر قېتىم قايىل بولغانىدى .

رىسالەت ئۈستىدىن ئېغىر بىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك يېنىكلەپ قالدى . چۈنكى ، يېقىندىن بېرى دوختۇرخانا ئىچى ـ سىرتىدا «رىسالەت دوختۇر بىر بىمارنى خاتا داۋالاپ ، ئۆلۈم ھادىسىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىپتۇ» دېگەن گەپلەر ئاۋۇپ قالغانىدى . بۇنىڭ ئۇنداق ئىش ئەمەسلىكىنى ، بىمار ئىگىلىرىنىڭ كېسەلنى ۋاقتىدا دوختۇرخانىغا ئەكەلمەي ، داۋالاش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىنى ، پەقەت ئامال بولمىغاندىلا ، يۆتكىگەنلىكىنى ، بۇنىڭدا مەسئۇلىيەتنىڭ يەنىلا ئاشۇلارنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولاتتىمۇ ؟ ئاق ـ قارا ئايدىڭلاشمىسا ، رىسالەت-

ننىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىغىمۇ سوغۇق سۇ سېپىلىشى ، ئەڭ مۇ-
ھىمى ئۇ ئۇۋالچىلىق تارتىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى . مانا ، يۇقى-
رى دەرىجىلىك داۋالاش تارماقلىرى مەسئۇلىيەتنىڭ دوختۇرخانىدا
ياكى مەسئۇل دوختۇردا ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپتۇ . شۇنداق بولسى-
مۇ يەنىلا ئۇنىڭ كۆڭلى بىرئاز يېرىم ئىدى . ئەسلىدە بۇ ئۆلۈم
ھادىسىسى كېلىپ چىقماسلىقى ، ھېچبولمىغاندا ، ئۇ قول تىققان
ئوپېراتسىيە ئۈستىدە ئۆلۈپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى . شۇڭا ،
ئۇنىڭ قەلبىدە ئەپسۇسلىنىش تۇيغۇسىمۇ ھۆكۈم سۈرەتتى .

ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىپ ، يول بويىدىكى دورىخانىغا باردى
ۋە دادىسىغا كېرەكلىك ئوكۇل سۇيۇقلۇقىدىن بىرنەچچە بوتۇلكا
سېتىۋالدى . ھېلىقى كۇندىكى قاتتىق يامغۇردىن كېيىن ھوشۇر
سەلەي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ، ئۇنى رىسالەت ھەركۇنى ئۆزى
ئوكۇل ئۇرۇپ ، ئۆيىدە داۋالاۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئوكۇل سېتىۋالغىنى-
نى كۆرگەن بىر مال ساتقۇچى ئاستا سورىدى :

— بەكلا ئەخمەق ئىكەنسىز ، رىسالەت دوختۇر . مۇنداق ئو-
كۇل دوختۇرخاناڭلاردا كۆپقۇ ؟ تۇيدۇرماي بىرەر كېسەلنىڭ ھېسا-
بىغا يېزىپ قويۇپ ، خالىغانچە ئېلىپ كەتسىڭىز بولمامدۇ ؟

رىسالەت ئۇنىڭ باش - ئايىغىغا ئوبدان بىر قارىۋەتكەندىن
كېيىن ، قوپاللىراق قىلىپ جاۋاب بەردى :

— مېنىڭ كىشىنىڭ ھەققىنى يەيدىغان ئادىتىم يوق . ئەزەل-
دىن يىگىنە چاغلىق ھارام سىڭمەيدىغان ئادەممەن .

مال ساتقۇچى ئېغىزىنى ئاچقىنىچە تۇرۇپ قالدى . رىسالەت
سۇلياۋ خالتىغا سېلىنغان سۇيۇقلۇقنى كۆتۈرگىنىچە ئىشىك ئالدى-
غا بارغاندا ، كەينىگە بۇرۇلۇپ تېخىچە ھاڭۋېقىپ تۇرغان قىزغا
قاراپ قويدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بالقىپ چىققان يىگىندەك ئۆت-
كۈر سوغۇق نۇر قىزنىڭ يۈرىكىنى مۇزلاتتى .

— مېنى نېمە چاغلاپ قالدىكىن بۇ مىتە قۇرت . مەن شۇنداق
ئادەمما ؟ خەق ئۆزىنىڭ ئىسسىق جېنى ئۈچۈن مىڭبىر ئامالالار
بىلەن پۇل - موچەنلەپ يىغقان ۋە باشقىلاردىن قەرز سوراپ يۈرۈپ

تاپقان ئازغىنا پۇلى بىلەن داۋالىنىۋاتسا ، مەن تۇيدۇرمايلا ئۇلارنىڭ ھېسابىغا سوغۇق قول تەگكۈزۈپ ، دورىسىنى ئوغرىلىسام بىر دوختۇر ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق شەرمەندىلىك بولامدۇ؟ كونىلار : «ئىگىمىز بىر گۇناھتىن ھەرگىز ئۆتمەيدۇ ، ئۇ بولسىمۇ كىشى ھەققىنى يېيىشتۇر .» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتىشقان. كىشى ھەققى دېگەن بۇ ئالەمدىمۇ ، ئۇ ئالەمدىمۇ ئادەمنى قان قۇستۇرىدىغان نەرسە ، شۇنى بىلىپ تۇرۇپ ، مەن قانداقمۇ ئۇنداق قىلالايمەن ؟ ــــ رىسالەت دۇكاندىن چىقىپ خېلى بىر يەرگە بارغۇچە ئاچچىقىنى باسالمىدى . ئويلىغانسېرى غەزىپى قاينايتتى . بەلكىم مال ساتقۇچىنىڭ دېگىنىمۇ ئاساسسىز ئەمەستۇر . شۇنداق پوقنى بىلىپ تۇرۇپ يەيدىغان دوختۇر - سېستىرالار بەلكىم بولۇشى مۇمكىن . ئۇنداق بولمىغىنىدا ھېلىقى قىز بۇ ئىشنى نەدىن بىلسۇن ؟

ئۇ چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ پىيادىلەر يولىغا چۈشتى ۋە ئوكۇل سۇيۇقلۇقى قاچىلانغان سۇلياۋ خالتىنى قۇچاقلىغىنىچە خىيال سۈرۈپ ئاستا مېڭىشقا باشلىدى . كۈن ئاللىقاچان ئۇپۇققا باش قويغان ، كەچكى شەپەق بەئەينى بىرسى ئاسمانغا قىزىل رەڭ چېچىۋەتكەندەك بۇلۇتلارنى قىپقىزىل بويىۋەتكەنىدى . كوچىنى بويلاپ سوقۇۋاتقان غۇر - غۇر شامال يول بويلىرىدىكى مەجنۇنتاللارنىڭ قىزلارنىڭ كوكۇلىسىغا ئوخشاش ساڭگىلاپ تۇرغان ئىنچىكە شاخلىرىنى يەلپۈپ ئوينايتتى . كوچا سۇلياۋ خالتىلارغا قاچىلانغان سەي - كۆكتاتلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئالدىراش قايتىۋاتقان ئاياللار ، يول بويىدىكى ۋادەكلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ، ئەلەس كۆزلىرى بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قىز - چوكانلارغا يەۋېتىدىغاندەك قاراپ ، كۆزىنىڭ پىتىنى ئۆلتۈرۈۋاتقان زابويلار ، ئۇزمەي سىگنال بېرىپ ، بىر - بىرىنى قوغلاشقىنىچە كوچىنى بېشىغا كىيىپ كېتىۋاتقان ماشىنىلار ، گويا بۇ يولدا ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھەققى يوقتەك ئەلپازدا ئۇچۇۋاتقان موتسىكلىتلار ، غالتەك ـ مەيدىلىرىنى سۆرىشىپ ، بىر كۈنلۈك تىجارەتتىن ئالغان كىچىككىنە نېسىۋىسى ئۈچۈن شۈكۈر ئەيلەپ ئۆيلىرىگە قايتىشىۋاتقان ئۇششاق ئوقەتچىلەر ··· ـــ بەئەينى ئۇۋىسىغا سۇ كىرىپ كەتكەن چۈمۈلىلەردەك پىتىراپ كەتكەن ئادەملەر بىلەن ئاۋاتلىشىپ قالغانىدى . كەچ كىرىپ ئەتراپقا گۈگۈم پەردىسى يېيىلغاندا ، بۇنداق مەنزىرىلەر ئۆز ـ ئۆزىدىن غايىب بولاتتى . تۇرمۇشمۇ خۇددى كەچ كىرىش ئالدىدا قايناپ كەتكەن كوچىغا ئوخشايدۇ . ئۇنىڭ قىزغىنلىقى بىردەملىكلا . ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەبەدىيلىك سۈكۈتىنى باشلايدۇ .

رىسالەت خىيال سۈرۈپ كېتىۋېتىپ بىر كىچىك ماشىنىنىڭ ئۆزىنىڭ يان ئۇدۇلىدا توختىغىنىنى سەزمەي قالدى . پەقەت كۈچلۈك سىگنال ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىلا چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە چوڭ يولدا تۇرۇپ ئۆزىگە قول ئىشارىتى قىلىۋاتقان ھەمدۇللا دوختۇرنى كۆردى . ئۇ رىسالەت ئىشلەۋاتقان دوختۇرخانىنىڭ رىيىنتگېن مەسئۇلى ئىدى . ھال ـ كۈنى ئوبدان بولغاچقا ، كىچىك ماشىنا سېتىۋالغانىدى . نېمىشقىدۇر رىسالەتنىڭ ئەتراپىدا پات ـ پاتلا سايىدەك پەيدا بولۇپ قالىدىغان بۇ ئادەم بۈگۈن ئۇنى يېنىغا چاقىرىۋاتاتتى :

ـــ رىسالەت دوختۇر ، بۇياققا كېلىڭ . سىزنى ماشىنام بىلەن ئاپىرىپ قوياي .

ھەمدۇللا كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنى ماشىنىسىغا تەكلىپ قىلدى . رىسالەت ئاستا بېشىنى چايقىدى .

ـــ رەھمەت ، ئۆيگە نەچچە قەدەملا قالدىم . بىردەمدىلا يېتىپ بارىمەن . ئاۋارە بولماڭ .

ـــ بۈگۈن ھوسۇل خېلى يامان ئەمەسكەنغۇ ؟ ـــ ھەمدۇللا ئۇنىڭ قولىدىكى سۇيۇقلۇق قاچىلانغان خالتىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى ، ـــ ئۇنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈچە ماڭا ھايت دەۋەتسىڭىز بول-

مامدۇ؟ ياكى مېنى كۆرۈپ قالسا بولمايدۇ، دەپ ئويلىدىڭىزمۇ؟ خاتىرىڭىزنى جەم قىلىپ، ماڭا تولۇق ئىشەنسىڭىز بولىدۇ. مېنىڭ ئېغىزىم بانكىنىڭ بىخەتەر ساندۇقىدىنمۇ مۇستەھكەم. ئۇنى ھېچكىم ئاچالمايدۇ.

رىسالەتنىڭ تاپىنىدىن كىرگەن بىر ئوت چوققىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ھەمدۇللاغا قاراپ بىرھازا تۇرۇپ قالدى. ئېغىزىغا گەپمۇ كەلمىدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن دوختۇرخانىدىن ئېلىپ كېلىدىغان نەرسە - كېرەك بولسا ماڭا دەڭ، ماشىنامدا ئەكېلىپ بېرىمەن. ھېچكىممۇ كۆرمەيدۇ. ئولجىنى كوچىدا بۇنداق ئاشكارا كۆتۈرۈپ يۈرسىڭىز خەقنىڭ كۆزى قىزىرىدۇ.

— پۇلغا ئالغان نەرسىنى كۆتۈرۈپ يۈرسە، كۆزى قىزىرىدىغان كىمكەن ئۇ؟ — رىسالەت ئاچچىق ئارىلاش ۋارقىرىدى، — مەن بۇنى دوختۇرخانىنىڭ يېنىدىكى دورا دۇكىنىدىن سېتىۋالدىم. دادامنىڭ كېسىلىنى ھالال پۇلغا ئالغان دورا بىلەن داۋالايمەن. بولدى، تولا ئاچچىقىمنى كەلتۈرمەي، يولىڭىزغا مېڭىڭ. ھېلى مەندىن رەنجىپ قالسىز بىكار.

ھەمدۇللا ئۆزىنىڭ ئارتۇقچە سۆزلەپ قويغىنىنى ۋە بىر مەخپىيىتنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغىنىنى ھېس قىلىپ، ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇردى ۋە جەھلى بىلەن قوزغىدى. چاقنىڭ ئېچىنىشلىق چىرقىرىغان ئاۋازى يولنى بىر ئالدى. ماشىنا ئالدى تەرەپتىكى بىر ئايلانمىدىن بۇرۇلۇپلا كۆزدىن غايىب بولدى. رىسالەت ئۆزىنىڭ ھېلىقى مال ساتقۇچى قىزغا بىكارغا ئاچچىقلانغانلىقىنى، ئەسلىدە بۇ ئىشنىڭ ھەممە بىلىدىغان ئاشكارا مەخپىيەت ئىكەنلىكىنى، مۇشۇ تۇرقىدا باشقىلارنىڭ ئۆزىنىمۇ دوختۇرخانىدىن دورا ئوغرىلاپ كەپتۇ دەپ ئويلاپ قىلىشىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ھېس قىلىپ، يۈزلىرى ئوت ئالغاندەك ئېچىشىپ كەتتى.

ئۇ تولىمۇ ئۇڭايسىز بىر ھالەتتە قورۇغا كىرىپ كەلدى ۋە گۈللۈك فونتانغا مۇنداقلا قاراپ قويدى . قارىدىيۇ ، كۆككە قاراپ بوي سوزغان ، كەچكى شەپەق نۇرىدا ئۇچلىرى قىزارغان قىياقلارغا كۆزى چۈشۈپ قالدى . پارقىراپ تۇرغان قىياقلار كۆككە قاراپ ئۈستىلىش ئالدىدا تۇرغان سانسىزلىغان خەنجەرلەرگە ئوخشاپ قالغا- نىدى . بۇنى كۆرۈپ ، رىسالەتنىڭ كۆڭلىدىن شۇنداق بىر ئوي كەچتى :

«ئەي خەنجەرسىمان قىياقلىرىم ، سەن ئۆزۈڭگە ھىممەت كۆرسىتىپ تۇرغان كۆككە ئەمەس ، ئەتراپىڭدا بولۇۋاتقان ئاچ كۆز- لۈككە ، كىشى ھەققىنى ئەيمەنمەي يەۋاتقان نەپسى بالالارغا ، كىشى- نىڭ قان ـ يىلىكىنى شوراۋاتقان سۈلۈكلەرگە قاراپ ئۈستىلگىن . ئۇلارنىڭ قارا يۈرىكىنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەت ! »

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

## ئون تۆتىنچى باب

# يۈرەكتىكى زەرداب

63

ھوشۇر سەلەي ئاخىر ئورنىدىن تۇردى . ئۇنىڭ قايتىدىن يەر دەسسىگىنىنى كۆرۈپ ، قەمبەرخاننىڭ غەم بۇلۇتلىرى كېزىپ يۈرگەن چىرايىدا خاتىرجەملىك كۈلكىسى جىلۋە قىلدى . ئۇ چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ : «ئۇھ» دېدى .

ئەمدى ئىشقا چىقىش كېرەك ، ھېلىمۇ ھوشۇر سەلەي يىگىرمە نەچچە كۈن يېتىپ قالغانىدى . ياسىنجاننىڭ كۆزى ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تېشىلەي دېگەنىدى . دېمىسىمۇ ئىدارىدە ھوشۇر سەلەيدىن باشقا قارا ئىشچى بولمىغاچقا ، دەرۋازىغا قاراش ، ئىشخانا - مەيدانلارنى تازىلاش دېگەندەك ، يۇگۇر - يېتىم ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىراقلا ئاقسىغان ، قول بېغىشى ئۈزۈلۈپ كەتكەن ئادەمدەك ھېچ ئىش قىلالمىغان ياسىنجان بىرسىدىن ئۇنىڭغا : «ھوشۇر سەلەي ئەمدى تۇرمىسا ، ئورنىغا باشقا ئادەم ياللايمەن ، ياللىغان ئادەمنىڭ ئىش ھەققىنى ئۇنىڭ مائاشىدىن تۇتۇپ بېرىمەن» دەپ گەپ ئېيتىپمۇ بەرگەنىدى . شۇڭا ، ھوشۇر سەلەي ئەمدى چىشىنى چىشلەپ بولسىمۇ تۇرۇپ كەتمىسە بولمايتتى .

ئۇ ئىدارىگە كەلدى . ئۇچ ھەپتىدىن بېرى تاشلىنىپ قالغان مەيدان - ئىشخانىلار بىقىش تاپالمىغان يېتىم بالىدەك بويىنىنى قىسىپ ، ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ قاراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇ كېلىپلا شاخ سۈپۈرگىنى قولىغا ئېلىپ ئىدارىنىڭ ئىچىنى ئالا قويماي تازىلىدى . ئىشخانىلارنى ، ئىشىك - دېرىزىلەرنى ،

ئۆستەل ـ ئورۇندۇقلارنى بىرمۇبىر سۈرتۈپ چىقتى . يېرىم كۈن-لۈك تىرىشچانلىقتىن كېيىن ئىدارە ھېلىلا مۇنچىدىن چىققان سەتەڭدەك ۋاللىدە ئېچىلدى .

ــ ھوشۇركامنىڭ ھەقىقەتەن قولى گۈل ئادەم ، ئۇ بولمىسا ئىدارىنىڭ تۈگەشكىنى شۇ ...

ــ ھوشۇركامنىڭ بىر ئىشلارغا ھەقىقەتەن پەمى بار . قاراڭ-لار ، ئۇ تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئىدارىنى بىردەمنىڭ ئىچىدە كۈلدۈرۈ-ۋەتتى...

ــ ھوشۇركامىغا ھاردۇق يېتىپ ، ئۈزۈلۈپ قالمىسا بولاتتى...

ــ ئىشقىلىپ بۇ ئىدارىدە ياسىنجان بولمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ . بىراق ، ھوشۇركام بولمىسا زادى بولمايدۇ ...

ئىدارىدىكىلەر شۇنداق دېيىشەتتى . بۇ گەپلەر ھايالشىمايلا كىمنىڭدۇر بىرىنىڭ سىپسىق ئاغزى ئارقىلىق ياسىنجاننىڭ قۇلى-قىغا يېتەتتى . ئىدارىدىكىلەرنىڭ مۇنداق دېگىنىدىن بەكلا خاپا بولغان ياسىنجان ئىشەككە كۆچى يەتمەي توقۇمنى ساۋىدايتتى . ئاقىۋەت يامان كۆرۈنىدىغىنى يەنىلا ھوشۇر سەلەي بولۇپ چىقاتتى .

ــ دېمەك ، مەن بولمىساممۇ مەيلى ، لېكىن ھوشۇر سەلەي بۇ ئىدارىدە بولمىسا زادى بولمايدىكەن ـ دە ! ؟ ــ ياسىنجان چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى . قانداقتۇر بىر ئىشلارنىڭ تېزرەك ئو-سەي كېتىشىنى ، شۇ ئارقىلىق بۇ «مۇھىم جاناب» نىڭ كۆكۈلى-سىدىن تۈتۈۋېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى .

سۇلايمان قاسىم كىلەر ئايلىق خىزمەت پىلانىنى يېزىپ پۈت-تۈرگەندىن كېيىن ، ئۇنى ياسىنجاننىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىر-دى . ئايلانما ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلاپ ، پۈرقىرىتىپ تاماكا چەك-كىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ياسىنجان ئۇنى كۆرۈپ چۆچۈدى ۋە ئۆزىنى تېزلا تۈزەشتۈرۈۋالدى . ئۇ سەل چېنىپ قالغىنىغا باقماستىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ، كەم تېپىلىدىغان قىزغىن-لىق بىلەن سۇلايمان قاسىمنى ساپاغا تەكلىپ قىلدى . ئاندىن بىر

ئىستاكان قايناق سۇ ئەكىلىپ ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى شىرە ئۈستىگە قويدى . بۇنداق قىزغىن كۈتۈۋېلىشنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەن سۇلاي-مان قاسىم قولىدىكى پىلاننى ئۇنىڭغا سۇندى .

— پاھ ، ئەجەب تېز پۈتتۈرۈپسىزغۇ ؟ — دېدى ياسىنجان قاتتىق ھەيران بولغان قىياپەتتە ، — ئىدارىدىكى بۆلۈم باشلىقلى-رى ئىچىدە سىزنىڭ كاللىڭىز ئوبدانلا ئىشلەيدۇ . مانا ، مانا ، بۇ خىزمەتنى تاپشۇرغىلى ئىككى كۈن بولدى ، قالغانلاردىن ھېچبىر سادا يوق . سىز پۈتتۈرۈپ بوپسىز . مەن سىزنىڭ خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقىڭىزدىن بەكلا رازى ، ھەممە ئادەمنىڭ كاللىسى سىزنىڭكىدەك ئۆتكۈر بولغان بولسا ، ھەممە ئادەم ئۆز خىزمىتى-نىڭ ھۆددىسىدىن سىزدەك چىققان بولسا ، بىزنىڭ ئىسلاھات ئىش-لىرىمىز ئاللىقاچان بىر باشقا چىققان بولاتتى .

سۇلايمان قاسىم مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ، ئۇنىڭ ماختاشلىرى-غا ئىرەنشىمىدى . چۈنكى ، بۇ چىن يۈرەكتىن چىققان ماختاش بولماستىن ، قانداقتۇر مەقسەتلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن پىلاننىڭ مۇ-قەددىمىسى ئىدى . ياسىنجاننىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى ماختاشلى-رىغا سازاۋەر بولغان ئادەم ھوشيار تۇرمىسا بولمايتتى .

— بۇ قېتىم ناھىيىدە كادىرلارنى چوڭ تەڭشەش بولىدىكەن ، — دېدى ياسىنجان ئۇنىڭ مۈرىسىگە بوش شاپىلاقلى-غىنىچە كۈلۈپ قويۇپ ، — مەن سىزنى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلى-قىغا كۆرسىتىمەن .

— مېنىڭ بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇچى-لىكىم يوق ، — دېدى سۇلايمان قاسىم ئەمدى بىرنېمە دېمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، قولىنى سىلكىگىنىچە ، — ھا-زىرقى يەۋاتقان نېنىمدىن ئايرىلىپ قالمىساملا ، شۈكۈر قىلىمەن . ئارتۇقچە ئاۋارە بولماڭ ، ئىدارە باشلىقى .

— بۇ دېگەن سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزچە بولىدىغان ئىش ئە-مەس ، تەشكىلنىڭمۇ سىزدىن كۈتكەن ئۈمىدى بار ، — ياسىنجان شۇنداق دېدى ۋە گەپنى باشقا ياققا بۇرىماقچى بولغاندەك قوشۇپ

قويدى، — قوشنىڭىز ھوشۇر سەلەي ئىشقا چۈشۈپتۇ - دە!

— شۇنداق، بۈگۈن ئىشقا چۈشتى، — سۇلايمان قاسىم ياسىنجاننىڭ ھوشۇر سەلەينىڭ ئىشقا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، بۇ سوئالنى نېمە مەقسەتتە سورىغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. شۇنداقتىمۇ قوشۇپ قويدى، — بىچارە ئادەم بۇ قېتىم كېسەلنىڭ تەمىنى خېلىلا ئوبدان تېتىدى. تەستە ئۆرە بولدى.

— سىزمۇ بىلىسىز، — ياسىنجان ئۇنىڭغا بىر تال تاماكا سۇنغاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ بىر تال تۇتاشتۇرۇپ كۈچەپ شورىدى ۋە ئىسنى يىلاننىڭ تىلىدەك قىلىپ پۈۋلىدى، — ھازىر مەملىكەت مىقياسىدا كادىر قىسقارتىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بىزنىڭ ئىدارىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. شۇڭا، بۇ قېتىم بىر تۈركۈم كادىرلارنى تارقاقلاشتۇردۇق. لېكىن، ھوشۇر سەلەينىڭ يۈزىنى قىلىپ، ئۇنى ئىدارىدە داۋاملىق ئېلىپ قالدۇق. تېخى ئۇنىڭ يۈزىنىڭ چوڭلۇقىدىن ھەمىشە هاراققا چىلىشىپ ياتىدىغان كۈيئوغلى ھىممەت ياسىنمۇ بۇ بالادىن ئامان قالدى. ئۇلار شۈكۈر قىلىشى كېرەك - دە. ھېلىمۇ مېنىڭ كەڭ قورساق ئادەملىكىم، بىر پۇرسىتى كەلگەندە، بۇنى ئۇنىڭغا پۇرىتىپ قويارسىز.

سۇلايمان قاسىم بولىدۇ، دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— يەنە ئاڭلىسام ئىدارىدە ياسىنجان بولمىسىمۇ بولىدۇ، لېكىن ھوشۇركام بولمىسا زادى بولمايدۇ، دېگەندەك گەپلەر تارقىلىپ يۈرگۈدەك. بۇ ئىدارىدە رەھبەرنىڭ بولماسلىقىنى ئارزۇ قىلىپ، بىر ئىشچىنى ئۇلۇغ شەيخكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا مۇرىت بولۇش ئۈچۈن ئۆچىرەتتە تۇرۇۋاتقانلار ئاز ئەمەس ئوخشايدۇ. ھوشۇر سەلەينىڭ سۈپۈرگىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئىدارىنى چۆرۈپ كېتەلىشىگە مەن ئىشەنمەيمەن. يەنىلا باشلىقنىڭ باشلىق بولغىنى، ئىشچىنىڭ ئىشچى بولغىنى تۈزۈك. مۇنداق گەپ - سۆزلەر قۇلىقىڭىزغا كىرىپ قالغۇدەك بولسا، ئوبدان چۈشەندۈرۈپ، ئۇ گەپ

خالتىلىرىنىڭ تېگىشلىك دەككىسىنى بېرىپ قويارسىز . ھەممە ئادەم ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ يۈرسە ، ئۇلارنى قانداقمۇ ئىدىيىسى ساغلام كادىر دېگىلى بولسۇن ؟ بۇنداق ناچار ئىستىلغا خاتىمە بېرىش كېرەك . كونىلاردا «كالىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزاينىڭ بېشىغىمۇ چوقۇم كېلىدۇ » دەيدىغان گەپ بار . سىزمۇ كەلگۈسىدىكى رەھبەر . بۇ ئىشلاردا مېنى قوللىمىسىڭىز ، مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن كۈن سىزنىڭ بېشىڭىزغىمۇ كېلىدۇ . بىز زىچ ئىتتىپاقلىشىپ ، ھازىردىن باشلاپ بۇنداق بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم .

— بۇنداق گەپ - سۆزلەرگە ھەرگىز ئېرەن قىلماڭ ، ئىدارە باشلىقى . بۇنى كىملا يەتكۈزگەن بولمىسۇن ئۇنىڭ نىيىتى دۇرۇس ئەمەس . ھوشۇر سەلەي بىلەن سىزنى قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ ؟ رەھبەر دېگەننى يۇقىرى چۈشۈرىدۇ ، تۆۋەن بويسۇنىدۇ . ئىدارىدىكىلەرنىڭ ئۆزى چاغلاپ رەھبەر سايلىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس .

— شۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن تۆۋەندىكى شەپلەرگىمۇ قۇلاق سالماي بولمايدۇ ، — دېدى ياسىنجان چېقىر كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قويۇپ ، — مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ قورسىقىدا نېمە ئوي بارلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم ئەمەسمۇ ؟ ئىشقىلىپ مېنىڭ ئۈمىدىم يەنىلا سىزدە . سىزمۇ كەلگۈسىدىكى رەھبەر . ئىشنى جىق قىلغان خارەتنىڭ تارشىسى جىق دېگەندەك ، ئادەم خىزمەت قىلغانىكەن ، ھەسەتخورلارنىڭ ئۇششاق گېپىدىن خالىي بولغىلى بولمايدىكەن . بۇنداق تەقدىردىن سىزمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايسىز . بىز ئوبدان ھەمكارلاشساقلا ئىسلاھات ئىشلىرىنى ...

سۇلايمان قاسىم دىككىدە ئورنىدىن تۇردى ۋە سائىتىگە قاراپ قويۇپ تېخىچە سۆزلەۋاتقان ياسىنجاندىن ئۆزرە سورىدى :

— كەچۈرۈڭ ، ئىدارە باشلىقى ، مېنىڭ ئىشخانىدا يەنە ئازراق ئىشىم بار ئىدى ، مەن چىقاي ...

سۇلايمان قاسىم ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىجازىتىنى كۈتمەستىن چىقىپ كەتتى. ياسىنجاننىڭ چىرايى كۆمۈردەك قارىداپ، كۆزلىرى پۇلتىيىپ چىقتى. ئۇ كارىدوردا بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىغا قۇلاق سالغىنىچە غۇدۇرىدى:

ــ بۇ نېمىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تىلى بىر، قاراپ تۇرۇش، مەن يەم بىلەن يېپنى يىگىندىن شۇنداق سۇغۇرىمەنكى، شۇ چاغدا ئۆزلىرىڭنىڭ نېمە بولۇشىنىڭنى بىلمەي قېلىشىسەن.

سۇلايمان قاسىم ئىشخانىسىغا كىرگەندىن كېيىن، قولى ئىشقا بارماي بىرھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. ياسىنجاننىڭ خۇدۈكى قارنىڭ تېگىگە كۆمۈلگەن جەسەتتەك ئاشكارىلىنىشقا باشلىغانىدى.

دەل شۇ چاغدا ئىشخانىغا ھوشۇر سەلەي كىرىپ كەلدى. ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ قولىدىكى يېرىمى چېكىلىپ بولغان تاماكىغا قولىنى سۇندى.

ــ ھە مانا، ماۋۇنى… ــ سۇلايمان قاسىم ئۈستەلدىكى تاماكا قېپىنى ئۇنىڭغا سۇندى.

ــ ياق، ئۇكام، مۇشۇنچىلىك قالغىنى تاتلىق بولىدۇ، ــ ھوشۇر سەلەي شۇنداق دېگىنىچە ئۇنىڭ قولىدىكى تاماكىنى ئالدى ۋە پۇرقىرىتىپ چېكىشكە باشلىدى. سۇلايمان قاسىمۇ ئېغىر ئۇھ تارتقىنىچە بېرىپ ھوشۇر سەلەينىڭ يېنىدىكى ساپاغا چۆكتى.

ــ ھوشۇركا، بوشراق كۆچەڭ جۇمۇ، بولمىسا باشقىلار سىزنى سۈپۈرگىسىگە تايىنىپ ئورنۇمغا كۆز تىكىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالمىسۇن يەنە.

ــ نېمە دەيدىغانسەن، ئۇكام؟ ــ ھوشۇر سەلەي تاماكا ئىسىنى ھالقا شەكلىدە پۈۋلىگىنىچە كۈلۈپ قويدى، ــ سۈپۈرگىگە تايىنىپ ھوقۇق ئالغىلى بولىدىغان ئىش بولسا، ھېلىغىچە يول سۈپۈرىدىغان ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆسۈپ بولماسمىدى؟ تولا چاقچاق قىلمىغىنا. كىمنىڭ گېپىكەن بۇ؟

ــ مەن مۇنداقلا دەۋاتىمەن، ــ سۇلايمان قاسىم قولىنى قېقىشتۇرغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ــ ئۇنىڭ ئۈستىگە

سىز يېقىندىلا كېسەلدىن تۇردىڭىز . بەك چارچاپ كەتسە ، يەنە ئۆزۈلۈپ قالمىسۇن ، دەۋاتىمەنغۇ شۇ .

ــ بۇنىڭدىن غەم يېمە ، ئۇكام ، ئۆيدە مېنى ئوبدان كۈتىدىـ غان دوختۇر بار ، كېسەل بولۇشتىن قورقمايمەن ، ــ ھوشۇر سەلەي شۇنداق دېدى ـ دە ، قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئورنىدىن تۇردى ، ــ بۇ قېتىم قىزىم بەكمۇ ئەسقاتتى ، ئۇكام . ئۇنىڭ شىپالىق قولى بولمىغان بولسا ، مەن تېخىچە قىزىپ ياتقان بولاتـ تىم . خۇدايىم كۆزىدىن ئايرىسىمۇ ، ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ دېگەنـ دەك ، مەندەك كېسەلمەن قېرىغا ئاشۇنداق قولى شىپالىق بىر قىزنى بەردى . شۈكرى قىلىمەن ، ئۇكام ، ئاللاغا يۈز مىڭلاپ شۈكـ رى قىلىمەن . ھەي ، ئۆزۈڭدىن دوختۇر بولسا نېمىدېگەن ياخشى ؟ رىسالەت بۇ قېتىم مېنىڭ ھاردۇقۇمنى ئوبدان بىر چىقاردى . ئاشۇ قىزىمدىن پەخىرلىنىۋاتىمەن ، ئۇكام .

ھوشۇر سەلەي تاماكىنى چېكىپ بولۇپ ، تاغدىن ـ باغدىن ئازراق پاراڭ قىلغاندىن كېيىن ، چىقىپ كەتتى . ئىشخانا ئىچى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك جىمىدى . سۇلايمان قاسىم ئاستا بېرىپ ئىشىكنى يېپىۋەتتى ۋە ئىشكاپنى ئېچىپ ھېلىقى تىقىپ قويغان سۈرەتنى قولىغا ئالدى . قىزىل پەلتو كىيگەن رىسالەت ئۇنىڭغا قاراپ : «مەن سىزنىڭ شەخسىي دوختۇرىڭىز بولۇپ ، ھالىڭىزدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالىمەن .» دەۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇ سۈرەتكە قاراپ بىر ھازا ئولتۇردى . ئاشۇ چاغلارنى ــ ئۈرۈمچىدىكى قار ئۇچقۇنداپ تۇرغان تار ، ئىس ـ تۈتەككە تولغان ، ماشىنىلارـ نىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى بېسىلمايدىغان كوچىلىرىدا بىللە ماڭـ غان ، تاماق يېگەن ، دۇكانلارنى ئارىلىغان ۋاقىتلارنى بىرمۇبىر كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . ئۇنىڭغا بۇ ئىشلارغا ناھايىتى ئۇزۇن بولغاندەك بىلىنىپ كەتتى . ئۇ سۈرەتكە قاراۋېرىپ يەنە بىر سىرنى بايقىغاندەك بولدى . چۈنكى ، سۈرەتتىكى رىسالەتنىڭ بوشقىنا ئېچىلىپ قالغان لەۋلىرى ئۇنى «تاش يۈرەك» دەپ ئەيىبلەۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى . دېمىسىمۇ بىچارە قىز سۇلايمان قاسىمغا كۆڭۈل

بەرگەنلىك سەۋەبىدىن ھېلىغىچە بەختىنى تاپالماي يۈرەتتى . ئۇ رىسالەتنىڭ بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالسا ، بۇنچە مەجنۇن بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى . ئۇنىڭ ھىممىت ياسىنغا ئەلچى بولۇشىمۇ «رىسالەت تويدىن كېيىن ئىلگىرىكى ئىشلارنى جەزمەن ئۇنتۇپ كېتىدۇ ، بەلكىم ئۇ ھىممىت ياسىنغا مېھرى چۈشۈپ قال- سا ، بۇنداق ئازابلىق كۈنلەردىن خالاس بولار . قىز دېگەننىڭ كېرىكى بەربىر ئەرغۇ ؟ دېمىسىمۇ ، مەن مەيتۇن بولغان خەيرىنىسامۇ مەن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن سۆيىقەست ئىشلىتىپ ، بەختىمىزگە ئۆلتۈرغان قاسىم باراتقا خوتۇن بولۇشقا كۆندىغۇ ؟ » دەپ ئويلىغان- لىقتىن بولغانىدى . تويدىن كېيىن ئۇ ئۆز ھۆكمىنىڭ خاتا بولغان- لىقىنى ھېس قىلدى . بىچارە رىسالەتنىڭ بەختى ئېچىلمىدى ، كۈنلىرى ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئازابلىق ئۆتۈشكە باشلى- دى . سۇلايمان قاسىم ئاشۇ چاغدا پاكىستاننىڭ «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» دېگەن فىلىمىنى كۆرۈۋېتىپ ، دۇنيادا مۇ- شۇنداقمۇ مۇھەببەت بولامدىغاندۇ ؟ دەپ ئويلىغان ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى كەچمىشلىرىنى خىيال قىلىپ ، بۇ ھەقىقىي مۇھەببەت بولماستىن ، پەقەت بىر توقۇلما دەپ چۈشەنگەنىدى . مانا ، ئەمدى كېلىپ رىسالەتنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى رۇخسارىنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ چۈشتى . سۇلايمان قاسىم مۇشۇلارنى ئويلىسا ، ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر بەختسىز بولۇپ قېلىشىغا ئۆزىنىڭ سەۋەبچى ئىكەنلىكى- نى ھېس قىلاتتى . تەقدىرنىڭ نېمىشقا شۇنداق بىر تراگېدىيىنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقىغا ئاچچىقى كېلەتتى .

سۇلايمان قاسىم سۈرەت بىلەن خەتلەرنى ئەسلىدىكى كونۋېرتقا سېلىپ ، يەنە ئىشكاپقا تىقىپ قويدى . ئۇنىڭ قەلبى قاتتىق ئازابلى- نىۋاتاتتى . ھىجران ئازابىدىن بەختى كۆلمىگەن رىسالەتنى ئويلاپ چوڭقۇر خورسىندى . بىراق ، ئۇ رىسالەتنى دەپ زۇلخۇمارغا ، ئىككى ئوغلىغا ۋاپاسىزلىق قىلسا بولمايتتى . رىسالەتنى ئالدىسا ، پاك مۇھەببىتىنى ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرسە تېخىمۇ بولمايتتى . كاللىسى قاتمۇقات زىددىيەت ئىچىدە قالغان سۇلايمان قاسىمنىڭ

دەردىنى تاماكىدىن ئالماي ئامالى يوق ئىدى.

ئۇ كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئاز - تولا ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن كوچىغا چىقتى. ئىيۇل ئايلىرى كىرىپ قالغان، كەچ كىرگەنلىكىگە قارىماستىن، ھاۋا يەنىلا دىمىق ئىدى. تاماق سىڭدۈرۈش ئۈچۈن كوچىغا چىقىۋالغانلارمۇ خېلى بار ئىدى. تاغاردەك يوغان قورساقلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئورۇقلاش مەقسىتىدە پىخىلداپ تىنغىنىچە ئايلىنىپ يۈرگەن بودەكلەرمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. سۇلايمان قاسىم ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە سالام قىلغاچ مېڭىپ، ناھىيە بازىرىنىڭ سىرتىدىكى سۆگەتلىك مەھەللىسىگە كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمىدى. ئۇ دەل - دەرەخلىرى كۆجۈم، غۇر - غۇر شامال سوقۇپ تۇرغان بۇ يەرگە ئىلگىرى خېلى كۆپ كېلەتتى. ئۇ چاغدا مەھەللىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا يوغان بىر كۆل بولىدىغان. كىشىلەر ئۇنى «سۆگەتلىك كۆل» دەپ ئاتىشاتتى. دېمىسىمۇ كۆلنىڭ ئەتراپىدا ئادەمنىڭ غولىچى يەتمەيدىغان قارا سۆگەتلەر بار ئىدى. يازنىڭ تومۇز كۈنلىرى شەھەردە تۇرالمىغانلار بۇ يەرگە كېلىشىپ، سۆگەت سايىلىرىدە ئۇخلاپ كۈننى كەچ قىلىشاتتى. ئۇششاق سېپكىلەكلىرىنى سىلكىتىپ، قاپاقنى يۇدۇپ سۇغا چىققان سەھرا قىزلىرىنى ماراپ كېلىدىغانلارنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى. سۆگەتلەر ئارىسىدىن قۇشلارنىڭ سايراشقان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. سۇ يۈزىدىن ئادەمنىڭ تالچىققان ۋۇجۇدىغا راھەت بەخش ئېتىدىغان سالقىن شامال ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. بۇ يەر ھەقىقەتەن ھاۋاسىنى پۇلغا ساتقۇدەك ئېسىل ئارامگاھ ھېسابلىناتتى. كېيىن بۇ كۆل نېمە سەۋەبتىندۇر تىندۇرۇۋېتىلدى. سۆگەتلەر كېسىۋېتىلدى. نەچچە يىل ئۆتۈپ بۇ يەردە شۇنداق راھەت بىر كۆلنىڭ بولغانلىقىنى كىشىلەر ئۇنتۇپ كېتىشتى.

سۇلايمان قاسىم سۆگەتلىكنىڭ توپىلىق يوللىرىدا بىرپەس ئايلاندى. ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندى. خاتىرىسى ياخشى ئادەمگە نىسبەتەن گۈزەل ئەسلىمىلەرمۇ بىر بايلىق ھېسابلانسا كېرەك. ئۇ ئاشۇ يىراق ئۆتمۈشنى، ئاشۇ

زامانلاردا تېتىپ باققان تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۇچۇك تەمىنى خىيال قىلسىلا ، ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن ياشىغانلىقىدىن سۆيۈ- نۇپ قالاتتى . ئاچچىق - تاتلىق خىياللار ئۇنىڭ روھىنى ئۇرغىتات- تى . ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا كۈچ ئاتا قىلاتتى .

ئاي تۇغدى ، ئەتراپ سۈتتەك ئاي نۇرى بىلەن بېزەلدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھەممە نەرسە سۈتكە چىلىنىپ تۇرغاندەك يارقىن بىر مەنزىرە زاھىر بولدى . توپىلىق يوللارنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تېرەكلەر ، سالۋاراپ تۇرغان جىگدىلەر ، چىگگىلىك ياماشقان چىت- لاقلار ، ساراڭنىڭ چېچىدەك پاخپىيىپ تۇرغان ماندالار ... ھەممىسى سۈتتەك ئاي نۇرىدا كۈمۈش تەڭگىدەك پارقىراپ كېتىش- كەندى . كېچىنىڭ سالقىن شامىلىدا دەرەخ يوپۇرماقلىرى يېنىك شىلدىرلىشاتتى . مەھەللىنىڭ قايسىبىر ئېرىقىدىكى ئازمىدىن سۇ- نىڭ كوركىراپ چۈشۈۋاتقان ئاۋازى كېلىپ ، كېچىنىڭ جىمجىتلى- قىنى بۇزاتتى . سۇلايمان قاسىم ئاشۇ تىۋىشلارغا قۇلاق سالغىنىچە كېچە مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلانغان ھالدا كەلمەكتە ئىدى . بىر چاغدا ئالدى تەرەپتىن بىرسىنىڭ بەخت پەيزىدىن مەست بولغىنىچە پى- خىلداپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ ئاستا مېڭىپ ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە يېقىنلىدى . يول بويىدىكى ئورمانلىقتىكى ، ئاي نۇرى يو- رۇتۇپ تۇرغان بىر پارچە ئاق يەردە ئىككى تەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكە- نىدى . كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ، سەل ئېسىلىپ ، سىرتقا تېپىپ تۇرغان لەۋلىرىنى يېرىم ئېچىپ ، بوش ئىڭراۋاتقان قىزنىڭ يۇپيۇ- مىلاق يۈزى ئاي نۇرىدا قاشتېشىدەك پارقىراپ كەتكەنىدى . پاخما باش يىگىت ئۇنى چىڭ قۇچاقلىغان ، ئۇ توختىماستىن سۆيۈشكە تەشنا بولۇۋاتقان قىزنىڭ ئاشۇ يېرىم ئېچىلىپ تۇرغان لەۋلىرىگە قانماي سۆيەتتى ... خۇدانىڭ مۇشۇنداق ئايدىڭ كېچىلەرنى كىم ئۇچۇن ياراتقانلىقى سىر ئەمەس . سۇلايمان قاسىمنىڭمۇ بۇنداق شېرىن دەملەرنى تالاي قېتىم بېشىدىن كەچۈرگەن چاغلىرى بول- غان . ئۇمۇ خەيرىنىسا بىلەن بۇنداق گۈزەل كېچىلەرنىڭ پەيزىدىن ھۇزۇرلىنىشنىڭ تەمىنى خېلى ئوبدان تېتىغانىدى . ئاشۇ چاغلارنى

www.uyghurkitap.com

خىيال قىلىپ ئۆلگۈرگەن سۇلايمان قاسىم ئۆزىچە كۈلۈپ قويۇپ ، بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلارغا ئىچىدە بەخت تىلىدى ۋە شەپە چىقارماستىن ئارقىسىغا ياندى .

## 64

قەمبەرخاننىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇمىدى . رىسالەتنىڭ لاي سۇدەك ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇشى ئۇنىڭغا ئىغىر كەلگەننىڭ ئۈستىگە ئادالەتنىڭ پىراق ئوتى ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆرتەيتتى . بىچارە قىزنىڭ كىمنىڭ قولىغا قاراپ ، قايسى يەردە تىنەپ يۈرگەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى . قەمبەرخان ئۇنى خىيال قىلسىلا كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈشكە باشلايتتى . ئۆلگەن ئادەم ئەستىن ئاسان كۆتۈرۈلىدۇ . بىراق ، ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىنى ، نەلەردە تىنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمىغان ئادەمنىڭ قايغۇسى كۈنسېرى ھەسسىلەپ ئاشىدۇكى ، ھەرگىز پەسەيمەيدۇ . قەمبەرخانمۇ شۇڭا يىغلايتتى . قىزىدىن بىرەر ئۇچۇر بولمىغانسېرى ئۇنىڭ يۈرىكى پارە ـ پارە بولاتتى .

شاراپەتمۇ چوڭ بولماقتا ئىدى . ئۇمۇ كۈندە ئەينەكنىڭ ئالدىدا سائەتلەپ ئولتۇرۇپ رەڭ تۈزەيتتى . قىزىنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ بىچارە ئانىنىڭ سەپراسى ئۆرلەيتتى ، كۆڭلىگە ئەندىشە چۈشەتتى . ئۇ بۇ قىزىنىڭمۇ ئادالەت ماڭغان يولدا مېڭىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى . بەزىدە ئۇنىڭ قولىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ ، يىغلاپ تۇرۇپ نەسىھەتمۇ قىلاتتى . شاراپەت دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ ، ئۆزىدىن تولۇق خاتىرجەم بولسا بولىدىغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ ئادالەتكە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ، توغرا ھايات يولىنى تاللاپ ماڭالىغۇچىلىكى بارلىقىنى ئېيتاتتى . بىراق ، «يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقمىغاندەك» بۇ تەجرىبىسىز قىزنىڭ توغرا ھايات يولىنى تاللىيالايدىغانلىقىغا ئانىنىڭ كۆزى يەتمەيتتى .

بۈگۈن قەمبەرخان تولىمۇ خامۇش ھالدا ئورنىدىن تۇردى .

كىچىچە كۆرگەن چۈشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، يەنە كۆڭلى بۇزۇلدى . چۈشىدە بېشىغا پۈتۈنلەي يارا چىقىپ ، چىرايى تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن بىر قىز پۈچۈق ھېجىرنى كۆتۈرگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگۈدەك . قەمبەرخان ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن ، قولىدىكى سەي - كۆكتاتلىرىنى كۆتۈرگىنىچە يولىغا ماڭغۇدەك . ھېجىر كۆتۈرۈۋالغان تاز قىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ خېلى بىر يەرگىچە كەلگۈدەك ۋە بىر چاغدا ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ يىغلىغۇدەك .

— ئانا ، ماڭا سەدىقە بەرمەمسىز ؟ — دېگۈدەك ھېلىقى قىز . بۇ تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ قەمبەرخان چۆچۈپ كەتكۈدەك .

— سىز··· — ئۇ قىزغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلگۈدەك .

— ئانا ، مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ ؟ مەن ئادالەتقۇ ؟ — دېگۈدەك ھېلىقى قىز ئۆكسۈپ تۇرۇپ . قەمبەرخان ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتقۇدەك ، ئادالەتنىڭ بېشىدىكى جاراھەتنى سىلاپ تۇرۇپ يىغلىغۇدەك . دەل شۇ چاغدا قىز تۇتۇنگە ئايلىنىپ غايىب بولغۇدەك . قەمبەرخان : «قىزىم ، جېنىم قىزىم ، نەدىسىز ؟» دەپ ۋارقىراپ يۈگۈرۈپ يۈرگۈدەك . ئانىنىڭ پەريادلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن تاغۇ تاشلار يېرىلغۇدەك . دەل - دەرەخلەر قاراسلاپ سۇنغۇدەك . ئېرىق - ئۆستەڭلەردىكى سۇلار تاشقىنلاپ ھەممە يەرنى غەرق قىلغۇدەك ··· بۇ چۈشنىڭ يامانلىق بېشارىتى ئۆز - ئۆزىدىن چىقىپ تۇراتتى . ئۇنىڭغا تەبىر بېرىش ھاجەتسىز . ئاشۇ قورقۇنچلۇق چۈش دەممۇ دەم ئېسىگە كېلىۋېلىپ ، ئۇنى قىينايتتى ، يۈرىكىنى لەختە - لەختە قىلاتتى . بېشى قېيىپ ، تۇتقان - قويغىنىنىمۇ بىلمەيتتى . بالكونغا چىقىۋېلىپ ، يىراق - يىراقلارغا نەزەر تاشلايتتى . قىزى ئاشۇ ئاقىرىپ تۇرغان ئۇپۇقنىڭ مەلۇم بىر يېرىدىن چىقىپ كېلىدىغاندەك بىر تۇيغۇ ئۇنى ئۈمىدلەندۈرەتتى .

كۈن چۈش بولدى . ھوشۇر سەلەينىڭ تاماققا كېلىدىغان ۋاقتى بولغانىدى . ئەمما ، قەمبەرخاننىڭ قولى ئىشقا بارماي ، تاماق ئەتمىگەنىدى . مانا ئەمدى ئۇنىڭ كاللىسى ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئادەمنىڭكىدەك سۇزۇلدى . ھېچبولمىسا چاي دەملەپ

قويمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئاشخانىغا قاراپ يۈگۈردى.

تاماق ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. هوشۇر سەلەي ۋە بالىلار قىزىلتوق چاي بىلەن نان غاجىلاپ ئۆز ئىشلىرىغا مېڭىشتى. ئۆيدە قەمبەرخان يەنە يالغۇز قالدى. ئاشۇ چۈش ئۇنى يەنە پاراكەندە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ كۆرگەن يامان چۈشنىڭ سەدىقىسى ئۈچۈن بېشىدىن بىر نەرسە ئۆرۈۋېتىش كېرەكلىكىنى هېس قىلىپ، ياتاق ئۆيگە كىردى. ئادالەتنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئاختۇرۇپ، سەل ئۆڭگەن بىر يوپكىسىنى قولىغا ئالدى ۋە ئۇششاق سۇرىلەرنى ئوقۇپ هۈردىگەندىن كېيىن: «قىزىمنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا ـ قازانىڭ ھەققىدە» دەپ پىچىرلىغىنىچە ئۆيدىن چىقىپ، چوڭ يول بويىدىكى بىر توپ قارىياغاچقا ئېلىپ قويدى. ھەممە بالا ـ قازا ئاشۇ يوپكا بىلەن بىرگە كېتىدىغاندەك بىر سېزىم ئىچىدە ئۇنىڭ كۆڭلى بىرئاز تەسكىن تېپىپ قالدى.

ئۇ قورۇغا قايتىپ كەلدى ۋە گۈللۈك فونتاننىڭ يېنىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان بىرنەچچە ئايالنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. قورودىكى قوشنا ئاياللار ئۇنى كۆرۈپ دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— ۋاي بارمۇ سىلى؟ — دېدى يۈزى سەپكۈنلۈك چوكان ئۇنى يېنىغا شەرەتلەپ، — خېلى كۈنلەر بولدى، تالا ـ تۈزدىمۇ كۆرۈنمەيدىلا. ئاغرىق ـ سىلاق بولۇپ قالمىغانلا؟

— ئاغرىق ـ سىلاق بولۇپ قالسىمۇ، نېمە قورقۇش؟ ئۆيدە يارامىلىق دوختۇردىن بىرسى بارغۇ؟ — گەپ قىستۇردى يەنە بىرسى.

— ۋاي نېمە دېگەنلىرى بۇ؟ ئۆيدە ھەرقانچە ئەۋلىيا ـ ئەزىم بولسىمۇ، ئادەمنىڭ ساقلىقىغا نېمە يېتىدۇ دەيلا؟

قەمبەرخان بۇ ئاياللارنىڭ قايسىبىرىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى. سەپكۈن يۈزلۈك چوكان ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى.

— بايا بىرنەرسىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق ئىتتىك مېڭىپتىكەنلا، بىزنىمۇ كۆرمىدىلە.
— كېچىچە قارا بېسىپ، چۈشۈم بۇزۇلۇپ قاپتىكەن، بې-شىمدىن بىرنەرسە ئۆرۈۋېتىپ كىردىم.
قەمبەرخاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئاياللار بىر - بىرسىگە مەنى-لىك قاراپ قويۇشتى.
— سىلىنىڭ ئادالەت قىز كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — سورىدى ياشتا چوڭراق، سېمىزلىكتىن ساغرىسى ئاستىدىكى كىچىك ئورۇندۇق-تىن خۇددى كاساڭدىن تېشىپ كەتكەن بولدۇرۇلغان خېمىردەك ساڭگىلاپ تۇرغان ئايال قاشلىرىنى سۈزگىنىچە.
— بۇ يەرنى كىچىك كۆرۈپ، ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا مېڭىپتۇ دەپ ئاڭلايمىزغۇ؟ — دېدى بىر ئايال گەپ قىستۇرۇپ.
قەمبەرخان بىرنەرسە دەپ بولغۇچە يەنە بىر چوكان ئېغىز ئاچتى:
— پۇل دېگەننى ساماندەك تاپىدىغان دوختۇر ئاچىسىنىڭ دۆ-لىتىدە ھېلىغۇ ئۈرۈمچى ئىكەن، ياپونىيىدە ئوقۇسىمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ قانداق دېدىم، قەمبەرخان؟
قەمبەرخان بۇ يەرگە كېلىپ يۈرمەي، ئۇدۇللا ئۆيىگە كىرىپ كەتمىگىنىگە بەكمۇ پۇشايمان قىلدى. قارىغاندا بۇ ئاياللار ئېچىر-قاپ كەتكەن قارا قۇشقاچتەك قەمبەرخاننىڭ يېغىرىنى چوقۇپ، توختىماستىن ۋىچىرلىشىپ، ئارام بەرمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بىردەم - يېرىمدەم مۇڭدىشىۋالسام، كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالار دېگەن ئۈمىدىمۇ كۆپۈككە ئايلاندى. قاتتىق ئۇ-مىدسىزلەنگەن قەمبەرخان گەپ - سۆز قىلماستىن ئورنىدىن تۇر-دى ۋە يۈزى سەپكۈنلۈك چوكاننىڭ «ۋاي ئەمدى كېلىپلا يەنە ماڭدىلىغۇ؟» دېگەن سۆزىگىمۇ پىسەنت قىلماي ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ بىنا ئالدىغا بارغاندا، فونتاننىڭ يېنىدىن ئاياللارنىڭ قورۇنى بېشىغا كىيىپ قاقاقلاپ كۈلۈشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ كۈلكە ساداسى ئۇنىڭ يۈرىكىگە زەھەرلىك ئوق بولۇپ تەگدى.

www.uyghurkitap.com

كۈنلەر سىغىنىش ، ئازاب ۋە تەشۋىش ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى . رىسالەتمۇ ئىشقا باراتتى ، ئىشتىن كېلەتتى . بەزىدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېشىنى تىقىپ ، ئۇلاردىن ئەھۋال سوراپ قوياتتى . ھوشۇر سەلەي بولسا كۈندۈزلىرى ئۆلگۈدەك ئىشلىگەنىنىڭ سىرتىدا كېچىلىرى ئىدارىنىڭ دەرۋازىسىغا قارايتتى . قىرىغاندا يالغۇز قالغان قەمبەرخانىنىڭ كۆز ياشلىرىدىن بىشىدىكى سامان تەكىيمۇ چۆپ - چۆپ بولۇپ كېتەتتى . قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى تولا كۆرۈپ ، ئويغىنىپ كەتكەن كېچىلىرى ئۇيقۇدىن بىدار ھالەتتە تۈننى تاڭغا ئۇلايتتى . مۇشۇنداق يۈرۈپ بۇ بىرنەچچە يىلدا ئۇنىڭ چاچلىرى ئۈچتەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى .

— ئادالەت قانداقلا بولمىسۇن قايتىپ كەلسە ياخشى بولاتتى ، — ھوشۇر سەلەي بەزىدە ئۆزىچە سۆزلەپ قوياتتى . قەمبەرخان شۇنداق چاغلاردا ئىچىگە تىنىپ مۆرىمەي يۈرگەن بۇ ئادەمنىڭ يۈرىكىمۇ سىغىنىش ۋە ئەندىشىدىن پۇچىلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىۋالاتتى . ھەممە دەردىنى تاماكىدىن ئېلىپ ئۆگەنگەن ھوشۇر سەلەينىڭ كۆز ئالدىدا بەزىدە قىلىن بىر قەۋەت تۇمان پەيدا بولاتتى . ئاشۇ تۇمان ئىچىدە ھەممە نەرسە خۇددى يىلىنجاۋاتقان ئوتنىڭ نېرىسىدىن كۆرۈنۈۋاتقاندەك تەۋرىنەتتى . ئۇ شۇنداق چاغلاردا ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ ، يەنە جىم بولۇۋالاتتى .

— ئادالەتكە چوقۇم بىر ئىش بولدى ، — بىر كۈنى قەمبەرخان ھوشۇر سەلەينىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ، ئۇمچەيگەن پېتى پەس ئاۋازدا دېدى ، — دائىم چۈشۈم بۇزۇلىدۇ . مۇشۇ كۈنلەردە قارا بېسىپ ، پەقەتلا ئۇخلىيالمايۋاتىمەن . خۇددى ئادالەت يىراقتىن بىزنى چاقىرىۋاتقاندەك ، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار دەپ ۋارقىراۋاتقاندەك بىر تۇيغۇ كاللامغا كىرىۋالدى دادىسى . مۇمكىن بولسا ، ئۇنى بىر ئىزدەپ باققان بولساق . خۇدانىڭ ئالەمدە بىر يەردىن دېرىكى چىقىپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەستى .

ھوشۇر سەلەي ئۇندىمەستىن تاماكىسىنى شورىغىنىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە ئېتىدىن چۈشكەن

يۈز تېرىلىرى پۈرلىشىپ قالغانىدى . بىر ئاز ئۆسۈپ قالغان ساقىلىمۇ بوران ۋەيران قىلغان قاغا چاڭگىسىدەك كۆرۈنەتتى . ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ، ئۆزىگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن قاراپ تۇرغان قەمبەرخاننىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى .

— ئۇنى قەيەردىنمۇ ئىزدەرمىز ، خوتۇن ؟ ھېچبىر ئات - ئۇچۇرى بولمىسا ، قارىسىغا ماڭغان بىلەن تاپقىلى بولامتىمۇ ؟ بىز ئۇنى خۇدايىمغا تاپشۇرايلى ، خۇدانىڭ بىزگە رەھمى كەلسە ، بىر يەرلەردىن خەۋىرى بولۇپ قالار . سەۋر قىلىڭلا .

— مۇشۇ كۈنلەردە شاراپەتمۇ ئەينەكچى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ . ئۇنىڭدىن سەل ئەنسىرەپ قالدىم . بىر پۈرسىتىنى كەلتۈرۈپ نەسىھەت قىلىپ قويغان بولسىلا ، مېنىڭ گېپىم ئۇنىڭ قېتىغىمۇ كەلمىدى .

قەمبەرخاننىڭ كېيىنكى سۆزلىرى يىغىغا قوشۇلۇپ كەتتى . ھوشۇر سەلەي تۇرمۇشنىڭ ھېچبىر خۇۋلۇقىنى كۆرمەي قېرىپ كېتىۋاتقان قەمبەرخاننىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلىدى .

— بالا دېگەن كىچىك چېغىدا بالا ئىكەن ، چوڭ بولسا بالاغا ئايلىنىدىكەن . بىز ئۇلارنى يېمەي يېگۈزۈپ ، كىيمەي كىيگۈزۈپ مىڭبىر جاپادا بېقىپ قاتارغا قوشقانىدۇق . لېكىن ، ئۇلار قانات - قۇيرۇقى چىقىپلا ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىۋاتىدۇ . خۇدايىمدىن ئۇلارغا ئىنساپ تىلىمەكتىن باشقىغا چارەم يوق . بوپتۇ ، بىر پۈرسىتىنى تېپىپ ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ قوياي ، دادامكەن دېسە ، گېپىمنى ئاڭلار ، بولمىسا مەيلى .

ھوشۇر سەلەي شۇنداق دەپلا ئورنىدىن تۇردى ۋە ھاسىرىغىنىچە ئىشقا ماڭدى . ئۆيدە يالغۇز قالغان قەمبەرخان ئۆزىنىڭ ۋە ھوشۇر سەلەينىڭ پايپاقلىرىنى يامىدى . ئۇنىڭ قەلبى يەنىلا بوران گۈركىرەپ تۇرغان دەشتى باياۋانغا ئوخشاش ھۇۋۇلداپ تۇراتتى . بىر چاغدا ئىشىك يېنىك قېقىلدى . ئۇ پايپاسلاپ بېرىپ ، ئىشىكنى ئاچتى . بوسۇغىدا كۈلۈپ تۇرغان زۇلخۇمارنى كۆرۈپ ، ئۇنى بوينىدىن قۇچاقلىدى .

www.uyghurkitap.com

— ۋاي ، يېزىدىن قاچان كەلدىڭىز ، سىڭلىم ؟ كۆزۈمدىن ئۆچتىڭىزغۇ قۇرغۇيۇم ؟ ئەجەب ھايال قالدىڭىزغۇ ؟ تۇغقانلار ئامان- مىكەن ؟ ھەي ، سىز بولمىسىڭىز ، بۇ يەرنىڭمۇ مېھرى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىكەن . قېنى كىرىڭ ، تازا يالغۇزسىراپ ، ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولۇپ ئولتۇراتتىم . خۇدايىم بىر بەردىغۇ سىزنى . قېنى كىرىڭ ، بۇياققا ئۆتۈپ ئولتۇرۇڭ ...

قەمبەرخان ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدى . قىزىق چاي دەملىدى . خۇددى ھېيتقا جابدۇنغاندەك شىرە ئۈستىنى مېۋە - چېۋە ، نان - توقاچلار بىلەن توشقۇزۇۋەتتى .

— يېزىغا بارمىغىنىمغا ئۇزۇن بوپتىكەن ، — دېدى زۇلخۇ- مار ساپاغا چۆكۈپ ، — تۇغقانلار زادىلا قويۇپ بەرمىدى . ئۇلارنىڭ- چە بولسا ، يەنە بىر - ئىككى ھەپتە تۇرسام بولاتتى . بىراق ، باللارنى ، سىلەرنى ئويلاپ ، قايتىپ كەلدىم . سومكىنى ئۆيگە تاشلىۋېتىپلا يانلىرىغا كىرىشىم ، قەمبەرخاچا .

— ۋاي سىڭلىم ، سىزنىڭ يوقلۇقىڭىز بىر ماڭا بىلىندى جۇمۇ ، — دېدى قەمبەرخان ياغلىقنىڭ ئۇچى بىلەن ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ ، — سىرتقا چىقىپ ، باشقىلار بىلەن ئاز - تولا پاراڭلىشىپ كىرەي دېسەم ، ھەممىسى قوڭىدا ئوت يۈۋۈلەپ ، قىڭىدا - بىسىدا بىرنەرسىلەرنى دېيىشىدۇ ، ئۆيدىلا ئولتۇرسام ، تۆت تامغا سۆزلەشىنىڭ ئورنى يوق . ھەممەيلەن ئىشقا بىر كەتسە ، ئۆيدە جىنىدەك يالغۇز قالىمەن . تولا چۇشۇم بۇزۇلۇپ كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق ، يىغلايمەن ، يىغىدىن توختايمەن ، يەنە يىغلايمەن ، ھەي ، شۇمۇ كۈن بولدىمۇ ؟ ئەمدى ھەرگىز بىر يەرلەر- گە كەتمەڭ ، سىڭلىم . كېتىدىغان ئىش بولسا ، مېنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىڭ . بۇنىڭ نېرىسىغا مەن چىدىمايمەن .

زۇلخۇمار قەمبەرخاننىڭ دەردىنى تولۇق چۈشەندى ۋە ماقۇل دېگەندەك ئۇنى قۇچاقلاپ قويدى . بىچارە ئاياللىنىڭ يۈزلىرىگە نەچچە كۈندىن بېرى تۇنجى قېتىم كۈلكە يۈگۈردى . ئۇلار تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ بىردەم ئولتۇردى .

— ئادالەتكە بىر ئىش بولدىمىكىن دەيمەن ، — دېدى قەمبەر-
خان خۇددى يادلىۋالغاندەك ھېلىقى گېپىنى تەكرارلاپ ، — نەچچە
قېتىم ئۇنى بېشى يارا ، يۈزلىرى قارا ھالەتتە چۈشىدىم . بۇ دېگەن
ياخشىلىقتىن بېشارەت ئەمەس . مۇشۇ قىزىمنى ئويلاپ يېشىم قۇ-
رۇمىدى . كىشى يۇرتىدا قانداقمۇ قىلغاندۇ ؟ بېشىغا ئاپتاپ چۈش-
سە ، قايسى سايىگە يۆگۈرگەندۇ ؟ يامغۇردا قالسا ، قايسى دالدىغا
ئۆزىنى ئاتقاندۇ ؟ ئاچ - توق قالسا ، كىمنىڭ قولىغا قارىغاندۇ ؟
مۇشۇلارنى ئويلاپ سىبىسغان ئالمىدەك ئىچىمدىن تۈگىشىپ كېتىد-
ۋاتىمەن . خۇدايىم ئاشۇ بەختى قارا قىزىمنى يەنە بىر قېتىم
كۆرۈۋېلىشقا نېسىپ قىلارمۇ ، سىڭلىم ؟

قەمبەرخانىنىڭ كۆز ياشلىرى يەنە قۇيۇلۇشقا باشلىدى .
ئىچ - ئىچىدىن فونتاندەك بوغۇلۇپ چىقىۋاتقان يىغا ئۇنىڭ قوراي-
دەك بولۇپ قالغان قامىتىنى سىلكىتەتتى . زۇلخۇمار ئۇنى يەنە
قۇچاقلىدى ۋە يۈزىنى يۈزىگە ياقتى .

— خاتىرجەم بولسىلا ، قەمبەرخاچا ! ئادالەتمۇ ئەقىللىق
قىز ، ئۇ قانداق يەردە ئۆزىنى تۇتۇشنى ، قانداق يەردە ئۆزىنى
كۆتۈشنى بىلىدۇ . خۇدايىم بۇيرۇسا ، ئۇ قىزىلگۈلدەك ئېچىلغىنىد-
چە چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ .

— بولدى ، كۆڭلۈمنى ياسمايلا قويۇڭ ، ئۇ ئەقىللىق قىز
ئەمەس . بولمىسا ئاتا - ئانىسىنى زار قاقشىتىدىغان شۇنداق پوقىد-
مۇ يەرمىدى ؟ — قەمبەرخانىنىڭ چىرايى ئازابلىق تۇس ئالدى . ئۇ
بارماقلىرىنى غاراسلىتىپ چىشلەيتتى ، — ئۇ ئەقىللىق بولسا ئۆ-
زىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن مۇشۇ تۇپراققا يۈز كېلەلمەيدىغان
ئىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرەرمىدى ؟ خەقنىڭ ماكانىدا ئاتا - ئانىدىنمۇ
ئەزىز نېمە بار ئۇنىڭغا ؟

— كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا ، قەمبەرخاچا ، مانا ئال-
دىلىرىدا رىسالەت ، شاراپەت ، قۇربانلار بارغۇ ؟ يەنە بىزمۇ
بار دېسىلە .

— لېكىن ، سىڭلىم ، ھەر بالىنىڭ ئوتى باشقىچە بولىدىكەن ،

بولۇپمۇ پىراقتىكىسىنىڭ غېمى يامان ئىكەن . رىسالەت ئوقۇشقا ماڭغاندىمۇ كۆڭلۈم توق ، بۇنچىلىك ئازابلانمىغانىدىم . ھېچبولمىسا ئۇنىڭ ئوقۇيدىغان مەكتىپى ، ئىگە بولىدىغان ئۇستازلىرى بار ئىدى . ئادالەتنىڭ خەقنىڭ يۇرتىدا نېمىسى بار ؟ ئۇنىڭ غېمى كاللامغا تولا كىرىۋېلىپ ، يۈرىكىمنى سۇ قىلىپ ئېقىتىپ بولىدىغۇ ، خۇدايىم .

زۇلخۇمار قوشنىسىغا تەسەللى بېرىپ ، بىرپەس ئولتۇردى ۋە تام سائىتىگە قاراپ قويۇپ ، ئورنىدىن تۇردى .

— مەن چىقاي ، قەمبەرخاچا ، بالىلارنىڭ كىر - قاتلىرى يىغىلىپ قاپتۇ . غاچچىدە چايقىۋېتىپ تاماقتا قويىمەن . ھوشۇركام كەلسە ، ئېلىپ بىزنىڭكىگە چىقسىلا ، كەچلىك تاماقنى بىللە يەيمىز .

— ۋۇي ، شۇنچە يەردىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەندە ، سىز ئارام ئېلىڭ . تاماقنى مەن ئېتىمەن . بىزنىڭكىدە...

— نەچچە كۈندىن بېرى تاماق ئېتىلمەي قازىنىمۇ داتلىشىپ قاپتۇ . ئاز - تولا ياغلاپ قويمىسامۇ بولماس . يەنىلا تاماقنى مەن ئېتەي . ھوشۇركام كەلسىلا ، بىللە چىقسىلا ئەمىسە .

زۇلخۇمار شۇنداق دېگىنىچە ئىشىككە قاراپ ماڭدى . قەمبەرخان ئۇنى ئۇزىتىپ ، ئىشىك ئالدىغىچە چىقتى ۋە دېدى :

— ھەي ، يەنە سىزنى ئاۋارە قىلامدىمەن ئەمدى ؟ ھە بوپتۇ ، سىزنىڭ تامىقىڭىزنىمۇ تازا سېغىنىپ قالغانىدىم . ئەمىسە شۇنداق بولسۇن . ئەتە - ئۆگۈن مەنمۇ قازاننى ئوڭدا قىلارمەن .

65

مۇشۇ كۈنلەردە رىسالەتنىڭ كەينىدە بىر سايە پەيدا بولغانىدى .

ھەمدۇللا دوختۇر قىرىق بەش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان گەۋدىلىك ئادەم . ئۇنىڭ كەمسىرى بىلەن كۈچ ئېلىشىپ ، تاۋۇزدەك

يۇسكىيىپ چىققان قورسىقى ، سەل چىچەك ئىزلىق سىمىز يۈزىگە سۆلەت بېغىشلاپ تۇرغان قاپقارا بۇرۇتى ، قوشۇما قاشلىرى تېگىدە-كى نۇرلۇق كۆزلىرى ئادەمگە خېلىلا يېقىشلىق كۆرۈندۇ . ئۇنىڭ كەسپىي قابىلىيىتىمۇ يامان ئەمەس . ھەمدۇللا دوختۇر دېسە يىراق - يېقىندا نامىمۇ بار . بىر قىز ، بىر ئوغۇلغا دادا بولغان بۇ ئادەمنىڭ خوتۇنى مۇشۇ ناھىيىدىكى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ . باللىرى ئاللىقاچان ئۆز بويلۇق بولۇپ كەتكەن . بۇ ئائىلىنى سىرتىدىن قارىغان ھەرقانداق ئادەم دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئائىلىلەردىن بولسا كېرەك ، دېيىشىدۇ . دېمىسىمۇ ئايجامال خانىم بىلەن ھەمدۇللا دوختۇر مەيلى چىرايي - تۇرق جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئىقتىسادىي ئورۇن جەھەتتىن بولسۇن بىر - بىرىدىن قېلىشقۇچىلىكى يوق . ئۇلار خۇددى ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك ، بىر - بىرىگە خويمۇ ماسلاشقان . بىراق ...

گەپنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە . ھەمدۇللا دوختۇر ئۆزىنىڭ قاملاشقان بويي - بەستىدىن پەخىرلىنىپ ، ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ يۈرۈشكە بەكمۇ ئامراق ئادەم . ئۇنىڭچە بولغاندا ، دۇنيادىكى بارلىق ئايال زاتى ئۆزىگە شەرتسىز بويسۇنۇشى ، ئۆزىنىڭ ھەرقانداق تەلەپ - ئېھتىياجلىرىنى بەجانىدىل ئورۇندىشى ، تېخى ئۆزىدەك قاملاشقان ئادەمنىڭ بىرەر ئېغىز چاقچىقىغا نائىل بولغىنى ئۈچۈن ، ئۆزلىرىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئاياللاردىن سانىشى كېرەك . خوتۇن - قىزلارغا زىيادە ھېرىسمەن بۇ ئادەم ئاشۇنداق خىيالنىڭ كەينىگە كىرىپ ، كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ قالغان ھەرقانداق ئايالنى ئىندەككە كەلتۈرمىگۈچە بولدى قىلمايتتى . ئۇ-نىڭ پۈتۈن ئىش - ھەرىكەتلىرىمۇ مۇشۇ مەقسەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى . شۇڭىمۇ ئۇ ئاياللارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى چوڭ تۇتاتتى ۋە ئۇلارغا مەنسىتمىگەندەك بىر تۈيغۇدا مۇئامىلە قىلاتتى . ھەمدۇللا دوختۇر ئۆزى پېيىگە چۈشمەكچى بولغان ئايال-لارنى ئۇلار ھامان مېنىڭ ئالقىنىمدىكى بىر قۇشقاچ ، قاچانلا گاھ

دېسەم ، قولۇمغا قونىدۇ ، دەپ قارايتتى .

لېكىن ، بۇ قېتىم ئۇنداق بولمىدى . دوختۇرخانىدا رىسالەت پەيدا بولغاندىن بۇيان ، بولۇپمۇ ئۇ توي قىلغاندىن كېيىن ، ھەمدۇللا دوختۇر ئۆزىچە ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىدىغان ، پۇرسەت بولسىلا ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىۋېلىپ ، گەپ ساتىدىغان بولۇۋالغانىدى . رىسالەتمۇ ئۇنىڭ بەزگە كۆڭگەن مۈشۈكتەك سۈۋۈنۈشلىرىدىن ، گەپنىڭ تېگىدىن گەپ يورغىلىتىپ ، ئىككى بىسلىق چاقچاقلار بىلەن ساقال تاشلاشلىرىدىن بىزارلىق ھېس قىلاتتى .

ھەمدۇللا دوختۇرمۇ ئۆسكىلەڭ بەستىگە يارىشا ئىغىر - بېسىق كۆرۈنىدىغان ئادەم ئىدى . رىسالەتنىڭ دوق قىلىشلىرى ، ئادەمنىڭ قوۋۇرغىسىنى تېشىۋەتكۈدەك گەپ - سۆزلىرى ، قېيداشلىرى ئۇنىڭغا ئانچە تەسىر قىلمىغاندەك ئىدى . ئۇ قېلىن لەۋلىرىنى تامشىپ ، نۇرلۇق قوي كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ، رىسالەتنىڭ ئارقىسىدىن يۈرگىنى يۈرگەنىدى .

بۈگۈنمۇ ئۇ بىر قۇتا قىزىل چاينى كۆتۈرۈپ رىسالەتنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى .

ــ تويدىن كېيىن قاچانلا قارىسام ، لەۋلىرىڭىز گەز باغلاپلا تۇرىدۇ ، ــ دېدى ئۇ رىسالەتنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ ھىجايغىنىچە ، ــ تېخىچە ئۇسسۇزلۇقىڭىز قانغاندەك ئەمەس . قىزلار دېگەن بىر دەك ئادەمنىڭ قولىغا چۈشمىسە ، ئۆمرى بىكار كېتىدۇ . قېنى ، ئازراق ئۇسسۇزلۇق ئىچىۋېلىڭ . يۈرىكىڭىز سەگىدەپ ، تەشنالىقىڭىز بېسىقىپلا كېتىدۇ . يەنە بارمۇ دەپ سوراپىدىغان بولىسىز .

رىسالەت ئۇنىڭ كۆرەڭ چىرايىغا قاراپ بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن ، ئۆزىگە تەڭلەنگەن قىزىل چاينى سىپايىلىك بىلەن ئېلىپ ، ئىشكىنىڭ كەينىدىكى ئەخلەت سېۋىتىگە تاشلىۋەتتى . ھەمدۇللا دوختۇر بۇنى كۆرۈپ لەۋلىرى ھەيرانلىقتىن تارتىشىپ كەتتى…

ــ كەچۈرۈڭ ، ھەمدۇللا دوختۇر ! ــ دېدى رىسالەت ۋەزمىن ئاھاڭدا ، ــ مېنىڭ مىجەزىم سەل ئوسالراق . ئاسانلا خەقنىڭ

كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويىمەن . تەشنالىقتىن چاڭقاپ ئۆلسەم ئۆلدە-
مەنكى ، كەلسە ـ كەلمەس ئادەملەرنىڭ چىيىدا ئۆزۈمنى سۇغىرىپ
يۈرمەيمەن . ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت . ئەمدى شەپەرەڭدەك
قاراڭغۇ ئۆيىڭىزگە چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇ . مېنىڭ يەنە كۆرىدى-
غان كېسىلىم بار .

— ھېچقىسى يوق ، — دېدى ھەمدۇللا دوختۇر بىر تەرىزدە
كۈلۈمسىرەپ ، — مېنىڭمۇ مىجەزىم سەل غەلىتە . قانچە جاھىل
بايتال بولسا ، شۇنچە كۆندۈرگۈم كېلىدۇ . بىز بىر يەردە بولغاندى-
كىن ، پۇرسەت دېگەن كۆپ . سىزنى ئاستا ـ ئاستا ئەيۋەشكە
كەلتۈرىمەن .

— سىزنىڭ مۇنچە قابىلىيەتلىك ھايۋان كۆندۈرگۈچى ئىكەنى-
لىكىڭىزنى ئۇقماپتىمەن ، — رىسالەتمۇ پېتىنى بۇزمايلا شۇنداق
دېدى ، — مەن تېخى سىزنى خېلى پىشقان ئادەم دوختۇرى چاغلى-
غانىكەنمەن . بۇ گېپىڭىزدىن بەكلا ھەيران قالدىم . ئادەمگە سىرتى-
غا قاراپ باھا بەرسەك بولمىغۇدەك . كەچۈرۈڭ ، بۇ يەردە سىز
كۆندۈرىدىغان بايتال يوق . مال دوختۇرخانىسىغا بارسىڭىز سىزگە
بۇنداق پۇرسەتلەر تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ .

ھەمدۇللانىڭ چىرايى بىرئاز تاتاردىيۇ ، ئۆزىنى تېزلا ئوڭشى-
ۋالدى . ئۇ بايىقىدەكلا كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى :

— بەزىدە ئادەم ھايۋانغا ئايلىنىپ كەتكەندە ، ئۇنى ئادەم سى-
ياقىدا ئەمەس ، ھايۋان سىياقىدا كۆرۈپ كۆندۈرۈشكە توغرا كېلى-
دۇ ، رىسالەت دوختۇر . بۇنىڭ ئۈچۈن مال دوختۇرخانىسىغا بېرىش
ھاجەت ئەمەس . خوش ، بۈگۈن ئوبدان پاراڭلاشتۇق . بىزگە پۇر-
سەت دېگەن كۆپ . سىزنى يەنە سۆزلىتىۋەرسەم ، تېخىمۇ چاڭقاپ
كېتىشىڭىز مۇمكىن . شۇڭا ، پارىڭىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن .
قولۇم ئىشتىن بوشىسىلا ، مەن يەنە كىرىمەن . قاچان ھاجىتىڭىز
چۈشسە ، ھە دەۋېتىڭ ، كۆڭلىڭىزنى ئەرشىئەلاغا چىققاندەك خۇش
قىلالمىسام ھېساب ئەمەس . خوش ...

رىسالەتنىڭ چىرايى غەزەپتىن قارىداپ كەتتى . ئۇ بىردىنلا

تاھىرنى ئويلاپ قالدى . تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۇمۇ ئاشۇنداق ئاسمانغا قارىتىپ يەل قويۇۋەتكەندەك يوغان گەپلەر بىلەن رىسالەت-نىڭ چىشىغا تېگەتتى . رىسالەتنىڭ بۇنداق گېپى سىڭىمىز ئەرلەر بىلەن پۇرچىقى پىشمايدىغانلىقى ھەمدۇللا دوختۇرنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى . ئۇ بۇ قېتىم كۆندۈرۈش مەڭگۈ مۇمكىن بولمايدىغان بايتالغا ئۇچرىغانىدى . ئۇنى زادى كۆندۈرمەن دېسە، بەلكىم ئۆزىنى ناكا قىلىۋېلىشىمۇ مۇمكىن…

رىسالەت چىشىنى چىشلىگىنىچە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى . دوختۇر-خانىدا ئۇنىڭ غوۋغا كۆتۈرسە ، ئۆزىگىمۇ ياخشى بولمايتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش سىرتقا يېيىلىپ كەتسە ، ھەمدۇللا دوختۇرنىڭ ئايالىغىمۇ ، ھىممەت ياسىنغىمۇ چۈشەندۈرمەك تەس . شۇڭا ، ئۇ ئىككى چېكىسىنى ئۇۋۇلىغىنىچە خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ قالدى .

— نېمە بولدى ؟ ئەجەب ئاچچىق يۇتۇپ قاپسىزغۇ ؟ — بىر چاغدا ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەن ئامىنە ئۇنىڭ چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇرغىنىنى ، چىرايىدا بوران ئۇچۇپ ، قوشۇمىسىنىڭ تۈرۈ-لۈپ ، بۇرۇن تۆشۈكچىلىرىنىڭ كېڭىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بولغىنىچە سورىدى . ئۇ رىسالەتنىڭ بىر ئىشلار كۆڭلىگە كەلسىلا چىرايىدا ئاشۇنداق ئىپادىلەر كۆرۈلىدىغانلىقىنى سېزىۋال-غانىدى .

— ھېچ ، ھېچ ئىش بولمىدى ، — دېدى رىسالەت زورىغا كۈلۈمسىرەپ ، — ئۆزۈمچە خويۇم تۇتۇپ قالغان ئوخشايدۇ .

— نەدىمۇ سەۋەبسىز تۇتىدىغان خوي بولىدۇ ؟ — ئامىنە ئۇ-نىڭ سۆزىگە پەقەتلا ئىشەنمىدى ، — ياكى ئاخشام ھىممىتجان بوش كېلىپ قېلىپ…

— ھوي ، قېلىن… — رىسالەتنىڭ چىرايى ئوتقاشتەك قى-زاردى ، — شۇنىمۇ گېپىم بار دەپ قىلامسىز ؟ گېپىڭىزچە ئەرلەر بوش كېلىپ قالسا ، بىز ئۆلۈپ بېرىدىكەنمىز - دە ؟ تەربىيە كۆرگەن ئادەمدەك تۈزۈك گەپ قىلىڭا مۇنداق !

— ھەي ، رىسالەت دوختۇر ، ئەرلەرنىڭ ئۆيدە بار بۇغداي

نىنى ئاتا ـ ئانىمىزنىڭكىدىمۇ پاتمانلاپ تۇرۇپتۇ . ئەمدى ئەرگە تەگكەندىكىن ، چىراق بولسىكەن دەيمىزغۇ شۇ ...

— سىز ماڭا مۇشۇ گەپنى قىلغىلى كىرگەنمۇ ؟ — رىسالەت ئامىنەنىڭ يۈزىگە قاراشتىنمۇ ئۈيىلىپ ، يۈزلىرى كۆ ـ يۈشكەندى . — بۇ دوختۇرخانىدىكى ئادەملەرگە نېمە بولغاندۇ ؟ ھەممىسىنىڭ ئېغىزىدا شۇنداق تېتىقسىز گەپ . خۇددى ئادەم ھاي- ۋانغا ئوخشاش ياشايدىغاندەك ...

— بولدى ، بولدى ، مەن چاقچاق قىلىۋاتىمەن ، — ئامىنە تى- زىغا مۇشتلاپ كۈلۈپ كەتتى ، — بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتقىلى شۇنچە بولسىمۇ ، يۈزى ئېچىلمىغان قىزدەك چاقچاق كۆتۈرەلمەيدى- كەنسىز ، رىسالەت دوختۇر . ئۇنداق قىلماڭ ! ئادەم دېگەننىڭ قۇ- لىقى گەپ ـ سۆزدىن سەمرىيدۇ . كۈلكە ـ چاقچاق دېگەن ئادەم- نىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىدۇ . بولدى سەكرىمەڭ ، بۈگۈن بىر يۇمۇر ئاڭلىغان ، سۆزلەپ بېرىپ كۆڭلىنى بىر ئاچاي دېسەم ، قاراڭا ، بولۇپ كەتكىنىڭىزنى ، خۇددى ھەممە نېمىسىنى ئۇتتۇرۇۋەتكەن تەرسا قىمارۋازدەك . يۇمۇرنى زادى ئاڭلامسىز ، يوق ؟ ئاڭلار بول- سىڭىز ھازىر ئاڭلاڭ . كېيىن ئاڭلايمەن دېسىڭىز ، ئۆچىرەت كۈتۈپ قالىسىز .

رىسالەتنىڭ چىرايىدىكى قىزىللىق بىرئاز يوقالدى . ئۇ ئۆزى- نى ئورۇندۇققا تاشلاپ بىرپەس ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئامىنەگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى .

— بولدى ، بۈگۈن مېنىڭ يۇمۇر ئاڭلىغۇدەك ، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلانغۇدەك ھالىم يوق . بېشىنى يەيدىغان ھەمدۇللا دوختۇر ئېچىمنى ئىلەشتۇرۇۋەتتى . شۇ ئاچچىقىمدا سىزگىمۇ چېچىلىپ ساپتىمەن . كەچۈرۈڭ ، يۇمۇرنى باشقا كۈنى ئاڭلاي .

— مانا مانا ، سىزگە چوقۇم بىر ئىش بولدى دەپ ئويلىغان- دىم ، ئويلىغىنىمدەك چىقتىغۇ ئاخىر ، — ئامىنە شۇنداق دېگىنىچە كېلىپ رىسالەتنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە سۆزىنى داۋام قىلدى ، — ئۇ نوچىنىڭ ئەمدى

سىزگە كۆزى چۈشۈپتۇ ــ دە! ھەي ، يېتىم قوۇۇرغام ، بۇ كەمدە-
كى ئەرلەرگە نېمە بولغاندۇ؟ ھەممىسى بەزىنىڭ پېيىغا چۈشكەن
مۈشۈكتەك بولۇپ قاپتىغۇ تاڭ . مەنمۇ مۇشۇ ئادەمنىڭ كەينىگە
كىرىپ ، نۇرغۇن سورۇقچىلىقلارنى تارتقان ئايالمەن . ھەمدۇللا
دېگەن ئىتنى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ .
ــ نېمە؟ ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپ ، سورۇقچىلىق تارتتىم
دېدىڭىزما؟ ــ رىسالەت ئەندىككىنىچە ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ
قويدى ، ــ قانداق دەرد يۇتۇۋالدىڭىز؟
ــ بۇنى كېيىن دەپ بېرىمەن ، رىسالەت دوختۇر . شۇ تۇرقى-
دا مەن ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرۈش ئەمەس ، ئىسمىنى ئاڭلىسامۇ ،
قۇيقا چاچلىرىم تىك تۇرۇپ كېتىدۇ . ئۇنىڭ ئىزىدىن ئاتلىغان
ئايالنىمۇ قارا باسىدۇ . كاستۇم ــ بۇرۇلكا كىيىپ قېتىپ يۈرگىنى
بىلەن ، ئۇ ئادەم ئەمەس ، بەئەينى ساراڭ ھاڭگىنىڭ ئۆزى . بۇ
بىرنېمە بىز ئاياللارنى نېمە كۆرۈپ قالدىكىن؟ ئاڭلىسام ئۇنىڭ
خوتۇنىمۇ ئۇ يەر ــ بۇ يەردە مەڭگەن سورۇپ يۈرگۈدەك ، يېقىندا
قايسىبىر مەكتەپنىڭ ئەخلاق مۇدىرى بوپتىمىش .
ــ نېمە ، ئەخلاق مۇدىرى؟ ــ رىسالەت ئۆزىچە قاقاقلاپ كۈ-
لۈپ كەتتى ، ــ ئۆزى باش بولۇپ ئەخلاقنى دەپسەندە قىلىپ يۈر-
گەن ئادەمنىڭ بىر دۆمىلاپلا ئەخلاق مۇدىرى بولغىنى قىزىق بوپتى-
غۇ؟ جالاپ قېرىسا يۇۋۇم بولار دېگەن شۇكەن ــ دە . ئۇلار بالىلارغا
ئەخلاقىي تەربىيىنى قانداق ئىشلەيدىغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ قولىدا تەربى-
يىلىنىپ چىققان بالىلارنىڭ ئەخلاقى نېمە بولماقچى ــ ھە؟
ــ بۇ جاھاننىڭ بەزى ئىشلىرىغا بىرنەرسە دەپ بولمايدىكەن .
ئوغرىنى قازناقچى قىلغاندەك ئىش ھەممىلا يەردە ئۇچراپ تۇرمام-
دۇ؟ ــ ئامىنە ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئېچىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ،
يېنىك تىن ئالدى ، ــ مۇشۇ دوختۇرخانىدىمۇ ئادەمنىڭ كۆزىگە
سىغمايدىغان بەزى ئىشلار بولۇپ تۇرامدۇ؟ مەسىلەنگە دېسەم ،
سىزدەك قابىلىيەتلىك دوختۇرمۇ ئوتتۇن يارغان پالتىدەك ئىشلىك
سىرتىدا قېلىۋاتىسىزغۇ؟

— ۋاي ئامىنە ، سىز مېنى قەتئىي چۈشەنمەيدىكەنسىز . كالتە ئاقساقاللىق دېگەن ماڭا نېمىدى؟ ماڭا كېرىكى كەسىپ ! ماڭا ئوپېراتسىيە سۇپىسى بولسىلا كۇپايە بولىدۇ . كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ، شۇ ئارقىلىق ئۆز كەسپىمنى خاتىرجەم تەرەققىي قىلدۇرسامىلا بولىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقىسىنىڭ بىر تاغار ئالتۇن سوۋغىنى يۈنچە بەرسىمۇ ماڭا كېرىكى يوق .

رىسالەت مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى . ئامىنە ئۇنىڭ چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ قىلغان بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بىر ئاز خىجالەتچىلىك تارتقاندەك يەرگە قارىۋالدى . شۇ ئارىدا كارىدوردىن بىرسىنىڭ «ئامىنە» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇردى ۋە رىسالەتكە قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە :

— يۇمۇرنى باشقا بىركۈنى سۆزلەپ بېرەي ، — دېدى .

— ئۆتكەنكى قەرزنى ئادا قىلالماي بولغاندا ، ئالدىن ئاڭلاي ، — دېدى رىسالەتمۇ جاۋابەن .

ئىشتىن چۈشىدىغانغا يەنە بىر سائەتتەك قالغانىدى . ئۇ بالىنىستقا چىقىپ ، ئۆزى داۋالاۋاتقان بىمارلارنى بىرقۇر تەكشۈرۈپ كىرمەكچى بولۇپ ، ئورنىدىن تۇردى . تىڭشىغۇچنى بوينىغا ئېسىپ ، كېسەل تارىخى دېگەندەك نەرسىلەرنى قولتۇقلاپ كارىدورغا چىقىشىغا ئالدى تەرەپتىن بىرسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

— رىسالەت !

ئۇ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان سالاپەتلىك ، ئېسىل كىيىنگەن بىرسى بىلەن دوختۇرخانا باشلىقىنى كۆرۈپ ، ھەيرانلىقتىن تۇرۇپ قالدى . كارىدورغا قۇياش نۇرى ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن چۈشۈۋاتقان بولغاچقا ، ئۇ دوختۇرخانا باشلىقىغا ياندىشىپ كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ چىرايىنى دەماللىققا ئېنىق كۆرەلمىدى . دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ كەيپى چاغ ، قەدەملىرى تېتىك ئىدى . ئۇ رىسالەتكە قاراپ قولىنى پۇلاڭلاتتى .

— قاراڭ ، رىسالەت دوختۇر ، مەن كىمنى باشلاپ كەلدىم - ھە ؟

ــ ئالىمجان ؟

ئارىلىق يېقىنلاشقانسېرى بىر تونۇش چىراي ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇشقا باشلىدى . ئۇ راستىنلا ھېلىقى ئالىمجان ئىدى . سەل سەمرىپ ، تەن قويۇپ ، سالاپەتلىك بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قاپتۇ . رىسالەت ئالىمجاننى كۆرۈپ ، ئاشۇ چاغدا بېكەتتە بىلەن ئالغۇچە تەرلەپ ـ پىشىپ ، چىرايى قىزىرىپ كەتكەن تۇرقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ چىرايىدا ئاشۇ چاغدىكى قىزىللىق ھېلىھەم ساقلىنىپ قالغاندەك ئىدى . ئىككى جۈپ كۆز بىر ـ بىرىگە ھەم تەئەججۈپ ئىلكىدە تىكىلدى . ئالىمجان ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى رىسالەتنىڭ سىيماسىنى تاپالمىغانىدى . يىللار ۋە تۇرمۇش ئۇنىڭغا خېلى كۆپ سوۋغات ئاتا قىلغان ، جۈملىدىن ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرى ئەتراپىدىكى ئۇششاق قورۇقلارمۇ بۇلارنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئىدى .

ــ سىلەر مەكتەپداش بولغاندىكەن ، تونۇشتۇرۇپ يۈرمىسەممۇ بولار ، ــ دېدى دوختۇرخانا باشلىقى كۈلۈپ تۇرۇپ ، ــ ئالىمجان ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بوپتۇ . رىسالەت سىلەر ئوقۇغان مەكتەپ سىزدەك قابىلىيەتلىك دوختۇرلارنىلا ئەمەس ، ئالىمجان جۇجاڭدەك باشقۇرغۇچى خادىملارنىمۇ يېتىشتۈرىدىكەن . شۇ مەكتەپنىڭ بالىلىرى بەك ئەقىللىق بولساڭلار كېرەك .

ــ نەدىكىنى ؟ ــ دېدى ئالىمجان قولىنى سىلكىگىنىچە كۈلۈپ تۇرۇپ ، ــ رىسالەت مەندىن بىر قارار كېيىن ئوقۇغان . بۇ قىز ئەينى چاغدا بىزنىڭ مەكتەپتە داڭقى چىقىرىۋەتكەنىدى . مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئۇنى ماختىمايدىغىنى يوق ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ھەممەيلەننىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن . خوش رىسالەت ، قانداق ئەھۋالىڭىز ؟ كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولدى . ئاڭلىسام توي قىلىۋاپسىز . ناھايىتى ياخشى بوپتۇ . سىز ئۈچۈن خۇشال بولۇۋاتىمەن .

رىسالەتنىڭ ئېغىزىغا بىر ئېغىزمۇ گەپ كەلمىدى. بۇ تاسادىپىي ئۇچرىشىشتىن ئۇ مەڭدەپ تۇرۇپ قالغانىدى. دوختۇرخانا باشلىقى چاققان كېلىپ، بۇ ئوڭايسىز ھالەتكە خاتىمە بەردى:

— قېنى، قېنى، ئىشخانىغا كىرىپ پاراڭلىشايلى.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئالىمجاننى بىلىكىدىن تۇتۇپ ئۆز ئىشخانىسى تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. رىسالەتمۇ ئۇلارغا ئەگەشتى.

— سىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزدىن بايىلا خەۋەر تاپتىم، — دېدى ئالىمجان ئىشخانىغا كىرگەندە، رىسالەتكە يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويۇپ، — نېمىشقىدۇر سىز بىلەن كۆرۈشمەي كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. شۇڭا، دوختۇرخانا باشلىقىنى ئاۋارە قىلىپ، بۇ يەرگە ئۇدۇللا كېلىشىم. قانداق، بۇ دوختۇرخانىنىڭ شارائىتى سىزنىڭ ئۆگەنگەنلىرىڭىزنى ئىشلىتىشىڭىزگە ماس كېلەمدىكەن؟

— ماس كېلىدۇ، — دېدى رىسالەت تاڭلىيىغا چاپلىشىپ تۇرغان تىلىنى تەستە مىدىرلىتىپ، — ئۆزىڭىزمۇ ئوبدان تۇرۇۋاتامسىز؟ ئائىلە - ئۇششاقلىرىڭىز ئامان - ئېسەن تۇرۇۋاتقاندۇ؟

— يامان ئەمەس، — ئالىمجان دوختۇرخانا باشلىقى سۇنغان تاماكىنى قولىغا ئالدى، ئەمما رىسالەتنىڭ ئالدىدا تۈتۈن پۈۋلەپ ئولتۇرۇشتىن نومۇس قىلىپ، ئەدەپ بىلەن ئۈستەلگە قويغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھە راست، مەنمۇ توي قىلدىم، بىر قىزىم بار. ئۇنىڭ ئىسمىمۇ رىسالەت، ھازىر ئۈچ ياشقا كىردى. يەسلىدە تۇرۇۋاتىدۇ.

نېمىشقىدۇر رىسالەتنىڭ يۈزلىرى ئوت بولۇپ كۆيۈشتى. ئۇ ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى يەردىن ئۈزۈپ، ئالىمجانغا قاردى. ئۇنىڭ تاھىر بىلەن جېدەللىشىپ قېلىپ، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان چاغدىكى ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئالىمجاننىڭ ئۆزىنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى، ئەمما ئۆزىنىڭ قەلبىدە تۇنجى پەيدا بولغان ھەم مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان بىر ئوت بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بېرەلمىگىنىدىن خىجىللىق

ھېس قىلدى. رىسالەت خىجىللىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئالىمجانغا تىككىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ئىستاكان چاي قويدى ۋە سورىدى:

— بۇ يەردە قاچانغىچە تۇرىسىز، ئالىمجان؟

— ھازىرلا قايتىمەن، — ئۇ چايدىن بىر ئوتلىغاندىن كېيىن، سائىتىگە قاراپ قويدى، — سىز بىلەنمۇ كۆرۈشتۇم. ئەمدى قوشنا ناھىيىگە تەكشۈرۈشكە بارمىسام بولمايدۇ. ماشىنىدا يەنە ئىككى ھەمراھىم بار، ئۇلارنىڭ ۋاقتىنى ئالسام تېخىمۇ بولمايدۇ. خوش، ئامان بولۇڭ، — ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە دوختۇرخانا باشلىقىغا قاراپ دېدى، — رىسالەتنى ئوبدان قەدىرلەڭلار، بولمىسا مەن ئۇنى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا يۆتكىۋالىمەن. ھازىر ئۇنىڭدەك ئوبدان ئوقۇغان كەسىپ ئىگىسىنى تاپماق بەكمۇ تەسلىشىپ كەتتى.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، رىسالەت دوختۇر ھازىر دوختۇرخانىمىزنىڭ كۆزى. ئۇنى ئوبدان قەدىرلەيمىز، خاتىرجەم بولسىلا.

— ھە راست، بۇ مېنىڭ ئىسىم كارتوچكام، — دېدى ئالىمجان كارىدورغا چىققاندا رەڭدار بېسىلغان بىر تال كارتوچكىنى رىسالەتكە سۇنۇپ، — مەن قىلىپ بەرگۈدەك ئىش چىقىپ قالسا، مەن بىلەن ئالاقىلىشىڭ، ياردەمدە بولىمەن. خوش ئەمىسە.

— ئۆيگە بېرىپ بىر پىيالە چېيىمنى ئىچىپ ماڭسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى رىسالەت سەل ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

— مەن بەكلا ئالدىراش، بۈگۈن سىزنى ئۇچرىتىپ قېلىشىمنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم. ھەرنېمە بولسا يۈز كۆرۈشۈۋالدۇق. يەنە پۇرسەت بولسا دىدارلىشارمىز. ئەمىسە يولدىشىڭىزغا مەندىن سالام ئېيتىڭ. خوش.

ئالىمجان شۇنداق دېگىنىچە كارىدورنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. دوختۇرخانا باشلىقىمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، نېمىدۇر بىرنەرسىنى چۈشەندۈرۈۋاتقاندەك قوللىرىنى ئويناتقىنىچە كېتىپ باراتتى. رىسالەت ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى. بۇ

تاسادىپىيلىقتىن ئۆرنتۆپە بولۇپ كەتكەن يۈرىكى تېخىچە جايىغا چۈشمىگەنىدى .

شۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتىن كېيىن دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىسى يەنىمۇ ياخشىلىنىپ كەتتى . ھەرقانداق بىر ئىش بولسا رىسالەتنىڭ مەسلىھەتىنى ئالماي تۇرۇپ قارار چىقىرىلمايتتى . بۇ ھال دوختۇرخانىدا بەزى پىتنە ـ پاساتلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغانىدى .

ــ دوختۇرخانا باشلىقى چوقۇم رىسالەتنىڭ سۆيدۈكىدە تېيىلىپ كەتتى ، ــ دەيتتى بەزىلەر غەيۋەت قىلغۇدەك دالدا تاپالىسا بېشىنى بىر قىلىپ ، ــ بولمىسا نېمە دەپ ئۇنىڭ كۆزىگە قارايدۇ ؟ رىسالەت دوختۇر ئۇنداقەي ، مۇنداقەي دەپ يۈرگىنى بىلەن ، ئۇ كېلىشتىن ئىلگىرىمۇ بىز بۇ يەردە كېسەل داۋالاپ ، خەقنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ كەلگەنغۇ ؟ ئەجەبا ئۇنىڭدا قابىلىيەت بولسا ، بىزدە ئىقتىدار يوقمىكەن ؟

ــ دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئېغىزى پوق بولغاچقىلا ئۇنىڭ تەرىتىدە ناماز ئوتەۋاتىدۇ ، بولمىسا نېمە دەپ ئۇنىڭ كۆشۈكىگە سامان تىققۇدەك ؟ ئۇلارنىڭ چوقۇم بىر ئىشى بار .

ــ نېمىلا بولمىسۇن ، بۇ قىز توي قىلغاندىن كېيىن بىر قېتىممۇ كۆڭلى ئېچىلىپ باقمىدى . قارىساڭ ئەتىدىن ـ كەچكىچە ھەممە نېمىسىنى ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك سالپىيىپ يۈرگىنى يۈرگەن . قېرى بولسىمۇ ئەر دېگەن بەربىر ئەر . ئاز ـ تولا ھاجىتىدىن چىقسىمۇ ھېساب . شۇڭا ، ياشىسۇن چار ساقال دەپ ئۇنىڭ پېشىگە باش قويغان بولسا ، دوختۇرخانا باشلىقىمىزمۇ ھايا-جانلىنىپ باش بېغىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن . ئادەم قېرىغاندا خوتۇن چىرايلىق كۆرۈنىدۇ دەيدىغان گەپ بارغۇ ؟ ئۇنىڭدىن باشقا ئىش يوق…

بۇ گەپ ـ سۆزلەر رىسالەتنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپ باردى . ئەمما ، كونىلاردا شۇنداق بىر گەپمۇ بار : «قورسىقىڭدا ئاغرىق بولمىسا ، تاۋۇز يېيىشتىن قورقما !» ئۇ بۇنداق گەپلەرنى قېتىغى-

مۇ ئېلىپ قويمىدى . كىمنىڭ دىگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ يۈرمىدى . ئۇنىڭ بىكار ۋاقىتلىرى ئىشخانىلاردا سولىنىپ غەيۋەت قىلىش ئەمەس ، كىسەللەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇش ، دورىنىڭ تەسىرىنى تەكشۈرۈش ، يېڭى - يېڭى داۋالاش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش بىلەن ئۆتەتتى . بۇنداق پەرۋاسىزلىقتىن ئىچى پۇشقان غەيۋەتچىلەر قاۋاۋىرىپ توختاپ قالغان ئىتتەك بىر مەزگىلدىن كىيىن ئۆزىچە بىسىقىپ قىلىشتى .

## 66

كۈنلەر بىر خىل تەرزدە ئۆتمەكتە . دوختۇرخانا ، ئۆي ، ئىدارە ، ئۆي ، بەئەينى جۇۋاز كالىسىدەك بىر دائىرە ئىچىدە چۆرگىلەپ يۈرگەن بۇ ئادەملەر ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن بەند ئىدى . ھىممەت ياسىنمۇ ھارىقىنى ئىچىپ ، كوچىلاردىن ئۆزىگە خۇشاللىق تېپىپ يۈرەتتى . رىسالەت بىلەن بەزىدە بىر يەرگە كېلىپ قالسىمۇ ، ھەر ئىككىسى گويا بىر - بىرى بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق ناتونۇش ئادەملەردەك گەپ - سۆز قىلىشمايتتى . مەست - ئەلەس بولۇپ قايتىپ كەلگەن ھىممەت ياسىن خورەكنى دۈڭ تارتىپ ئۇيقۇسىنى ئۇخلايتتى . رىسالەت بولسا ياكى كىتاب كۆرەتتى ، ياكى بولمىسا داۋالاش تەجرىبىلىرىدىن خۇلاسە يازاتتى . ئۇنىڭغىمۇ رىغبىتى بولمىغاندا ، تورۇسقا قاراپ يېتىپ چېكى يوق خىياللار قوينىغا ئۆزىنى ئاتاتتى .

بىر كۈنى رىسالەت گۈللۈك فونتاننىڭ يېنىدا سۇلايمان قاسىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن ، چىرايى بىرئاز قارىدىغان ، سەل ئورۇقلاپ مەڭز سۆڭەكلىرى پۇلتىيىپ چىققان سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ كۆزىگە كىسەل چىراي كۆرۈندى .

— مىجەزىڭىز يوقمۇ ؟ — ئورنىدا چىپپىدە توختىغان رىسالەت بىرئاز جىددىيلەشكىنىچە ئالدىراپ سورىدى ، — چىرايىڭىزنىڭ ھېچبىر ئۆڭسۈلى يوققۇ ؟خۇددى ئۇن يىل كىسەل تارتقان

ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قاپسىز .

— نېمە بولغىنىنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن ، — دېدى سۇلايمان قاسىم ئويچان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ تۇرۇپ ، — نەچچە كۈن بولدى ، كۆڭلۈم تاماق تارتمايدۇ . كېچىلىرى ئۇيقۇممۇ ياخشى ئەمەس . ھە دېسە بېشىم ئاغرىپ ، كۆزلىرىم چىڭقىلىدۇ . ھە راست ، مەن ئەجەب ئۆز ھالىم بىلەنلا قاپتىمەنغۇ ؟ سىزنىڭ ئەھۋا-لىڭىزچۇ ؟

— مېنىڭ ئەھۋالىم نېمە بولماقچىدى ؟ — رىسالەت ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ ، پەس ئاۋازدا دېدى — سىزنىڭ شاپائىتىڭىز بىلەن ئەرلىك بولۇپ قالدىم . كۈنلىرىمنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى بول-سا ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن . ئېغىزىم ھەركۈنى تۇزسىز تاماق يەۋاتقان ئادەمنىڭكىدەك بەتتام ، كۈنلىرىم خاتىرىسىنى يوقاتقان ئادەمنىڭ-كىدەك مەنىسىز . ھە راست ، ۋاقتىڭىز بولسا ، بىر يەردە ئاز - تولا مۇڭدىشىۋالغان بولساق ، ئوبدان بولاتتى . خاتىرجەم بولۇڭ ، سىزگە زورلۇق قىلىپ يېپىشىۋالمايمەن . ئەمدى مېنىڭ تۇرمۇش-تىن كۈتىدىغان ھېچقانداق تىلىكىم يوق . پەقەت خالىس نىيەتتە سىزدىن بەزىبىر نەسىھەتلەرنى ئالاي دېگەن . ۋاقتىڭىز چىقمىسا ، ئۇنىڭغىمۇ مەيلى . ئەمما ، سىز دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنۈپ ، ئاش-قازىنىڭىزنى بىر تەكشۈرتۈپ كۆرۈڭ . سالامەتلىكىڭىز ھەممىدىن مۇھىم . بۇنىڭغا سەل قارىسىڭىز ، مەن سىزنى كەچۈرمەيمەن .

— مانا مەن ھازىرمۇ دوختۇرغا كۆرۈنۈۋاتىمەنغۇ ؟ — دېدى سۇلايمان قاسىم كۈلۈپ تۇرۇپ ، — سىزنى كۆرۈپ كېسىلىم سەل-لىمازا ساقىيىپ كەتكەندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ ، رىسالەت . ھېچقىسى يوق ، مەندىن ئەنسىرىمەڭ ، ماڭا ھېچنېمە بولمايدۇ . ئۆزىڭىزنى ئوبدان ئاسراڭ . يىقىلىپ قالسىڭىز ، بىز ئەنسىرەپ قالىدىكەن-مىز . ھە راست ، ھىمىتجان ئاخشام قايتىپ كەلمىدىغۇ دەيمەن ؟

— سىز قانداق بىلىسىز ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى رىسا-لەت .

— ئۇ كەلسە كارىدور تاراقلاپ كېتەتتى . ئاخشام ھېچبىر

www.uyghurkitap.com

سادا يوق .

— شۇنداق ، ئۇ قايتىپ كەلمىدى ، — رىسالەت شۇنداق دېگەنىچە يەرگە قارىدى .

— بىر پۇرسىتىنى تېپىپ ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقايمۇ ؟ — سۇلايمان قاسىم يۈرىكى ئېچىشىپ تۇرسىمۇ يەنىلا بۇ سوئالنى سورىدى .

— ياق ياق ، ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ ، — دېدى رىسالەت ئالدىراپ ، — ئۇمۇ ئۆزى توغرا دېگەن يولدا مېڭىشقا ھوقۇقلۇق . چۈنكى ، مەن ئۇنىڭغا موھتاج بولغان نەرسىسىنى بېرەلمىدىم ، شۇڭا ئۇنى ئۆز يولىدىن توسسام بولمايدۇ . مەن مۇشۇنداق تۇرمۇشقا كۆنۈپ كەتتىم . بىر ھېسابتا ئۇنىڭ مېنى ئاۋارە قىلمىغىنىمۇ ئوبدان بولدى . شۇڭا ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن دېگەن گەپنى ھەرگىز قىلماڭ . خوش ، مەن ئىشقا كەتتىم . ئەمما ، سىز دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈشنى ئۇنتۇپ قالماڭ . كېسەلگە سەل قاراش ھاماقەتلىك .

رىسالەت شۇنداق دېدى ۋە سۇلايمان قاسىمغا قاراپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن ، قورۇدىن چىقىپ كەتتى . سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ ئاشۇ تاتلىق كۈلكىسىنى كۆرمىگىلى ئۇزۇن بولغاندى . ئۇ رىسالەتنىڭ ئەينى چاغدىكى بېلىق قۇيرۇقىدەك بىر تۇتام چېچىنى سىلكىتكىنىچە مەكتەپكە ماڭغان تۇرقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . يىللار نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن - ھە ! ئاشۇ غۇبارسىز قىز بۈگۈن تۇرمۇش قايىنىمىدا ئۆزگە تېگىشلىك بەختىنى تاپالماي پىرقىراپ يۈرۈپتۇ . كۈنلىرى ئەسلىدە شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان بۇلاق سۈيىدەك سۈپسۈزۈك ، شوخ ۋە ئەركە ئۆتۈشى كېرەك ئىدى . ئەمما ، ھازىر ئۇنىڭ ئېرىقىدا لايقىپ ، خۇددى يۇندىدەك بۇلغانغان ئەگىز ئاقماقتا . بىر ئادەمنىڭ پېشانىسىگە قاراپلا كېيىنكى كۈنلىرىگە بىر نەرسە دەپ بولمايدىكەن ، شۇنداق ئاق كۆڭۈل ، قەتئىي ئىرادىلىك بىر قىزنىڭ تەقدىر تەرىپىدىن بوزەك ئېتىلىپ مۇشۇنداق كۈنلەرگە قېلىشىنى كىم ئويلىغان ؟ ئۇنىڭ شۇنچە زورۇقۇپ

ئۆگىنىشلىرى، ئىلىم تەھسىل قىلىشلىرى مۇشۇنداق لايىقىپ ئاقى-
دىغان تۇرمۇش ئەگىزلىرى ئۇچۇنمىدى؟...

سۇلايمان قاسىم خىيالغا پاتقان ھالدا ئىدارە قورۇسىدىكى مەيدانغا كەلدى. ئۇ شاخ سۇپۇرگىنىڭ شىرت - شىرت قىلغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ خىيالدىن ئويغاندى. ھوشۇر سەلەي تەرلەپ - پىشىپ تازىلىق قىلماقتا ئىدى. ھەركۈنى يېرىم سائەت بۇرۇن ئىشقا چۈشۈپ، مەيدان - ئىشخانىلارنى ئالا قويماي تازىلاش ئىشخا-نىلارغا قايناق سۇ ئەكىلىش، ئۇنىڭغا ئۇلاپ يۇگۇر - يېتىم ئىش-لارنى بىجىرىش يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بۇ ئادەمگە ھەقىقە-تەن ئېغىر كەلگەنىدى. شۇ تاپتىمۇ ئۇنىڭ چىرايى رەڭدە بويىغان تۇخۇمدەك قىزارغان، قېلىن لەۋلىرى دومسايغان، چىرايىدىن بەكلا چارچاپ كەتكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ سۇلايمان قاسىمنى يىراقتىن كۆرۈپ ئاچچىق ئەلەم ئەگىپ تۇرغان چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى.

— ھە ئۇكام، ئوبدان تۇرۇپسەنمۇ؟ تاماكاڭ بولسا بىر تال بەرگىنە، خۇمارىم تۇتۇپ كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قالدىغۇ ئەتىگەندە.

سۇلايمان قاسىم ئىككى تال تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ بىرىنى ئۇنىڭغا سۇندى. ھوشۇر سەلەي ئىككى شوراپلا تاماكىنى يېرىملاش-تۇرۇپ قويدى. ئۇ ئېغىز - بۇرنىدىن چىقىۋاتقان قويۇق ئىسقا قوشۇلۇپ ئىچىدىكى خاپىلىقلىرىمۇ بىللە چىقىپ كەتكەندەك ئۆزى-نى يېنىك سەزدى. چىرايىدا ئانا سۈتىگە تويۇپ خۇمارى بېسىل-غان بوۋاقنىڭ چىرايىدىكىگە ئوخشاش خاتىرجەملىك تۇي-غۇسى پەيدا بولدى.

— مەن ياردەملىشەيمۇ؟ — دېدى سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ قو-لىدىكى سۇپۇرگىگە قول سۇنۇپ.

— يوقسۇ ئۇكام، بۇنداق قارا ئىشنى مانا مەندەك قارا قور-ساقلار قىلىدۇ. ساڭا سۇپۇرگە بېرىش خۇددى بوۋاققا قىلىچ تۇت-قۇزغاندەك ياراشمايدۇ. بولدى، بۇ ئىشنى ئۆزۈملا قىلىپ

ئاخىرلاشتۇراي . سەن بولساڭمۇ ئىشخاناڭدا ئىسسىق چاي ئىچىپ
ئولتۇرۇپ ، راھەت كۆرۈۋال .
شۇ پاراڭ بولۇۋاتقاندا ئىدارە قورۇسىغا ياسىنجان كىرىپ
كەلدى . ئۇ كىچىك ماشىنىدىن ئالدىرىماي چۈشۈپ ، يەرگە قاتتىق
قىلىپ بىرنەچچىنى تاپاندىدى ۋە سۇلايمان قاسىم بىلەن ھوشۇر
سەلەيىنىڭ بىللە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، چىرايى بىرئاز ئۆڭدى . ئۇ
مەن تۇتۇۋالغۇدەك نېمە ئۇچراركىن دېگەندەك قىلىپ ، قورۇنىڭ
بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا بىرمۇبىر قاراپ چىقتى . مەيدان ئوبدان
تازىلانغان ، ھەممە نەرسە پارقىراپ تۇراتتى . نېمىگىدۇر ئىد-
چى پۇشقان ياسىنجان بىر بىسىپ ، ئىككى چامداپ ئۇلار
قېشىغا كەلدى .
ــ قانداق ھوشۇركا ، ئىدارىنىڭ ئامانلىق ئىشلىرى جايىد-
دۇ ؟
ــ خۇدانىڭ ئىلتىپاتى جايىدا ، ھەرھالدا تىنچ ـ ئامان ،
جۇيجاڭ . ئەنسىرىگۇدەك ئىش يوق .
سۇلايمان قاسىم بىلەن ھوشۇر سەلەيىنىڭ ئۇنىڭغا سۇنغان
قوللىرى ئۇچ تاپالمىغان ئېيىقنىڭ تاپىنىدەك بوشلۇقتا لەيلەپ
قالدى . ياسىنجان كۆرمەسكە سېلىپ ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن غادايغان
پېتى ئۆتۈپ كەتتى . ئۇ بىنا ئالدىغا بارغاندا كەينىگە بۇرۇلۇپ ،
ھوشۇر سەلەيگە جېكىلىدى :
ــ بۇنىڭدىن كېيىن سىرتنىڭ چىۋىنىغا چاغلىق نەرسىسى
قورۇ ئىچىگە كىرىپ يۈرمىسۇن . دەرۋازىغا ئوبدان قاراڭ !
ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن «سەن دېگەن بەرىبىر دەرۋازا باقىدىغان
لالما ئىت ، شۇڭا مېنىڭ كەينىمدىن باشقىلارغا ھە ـ ھۇ دېيىشىپ
يىتنە ـ پاسات تارقاتماي ، ئىشىككە ئوبدان قارا» دېگەن مەنە
ئوپئوچۇق چىقىپ تۇراتتى . دېمىسىمۇ بۇ قورۇغا سىرتنىڭ ھەرقاند-
داق ماشىنىسى كىرەلمەيتتى . شۇنداق تۇرۇپ ئۇنىڭ بۇ ئىشنى
قايتا ئەسكەرتكىنى ھوشۇر سەلەيگە بەكمۇ ئەلەم قىلدى . ئۇ قولىدى-
كى تاماكىنى بىر شوراپلا كۆيۈندىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ،



www.uyghurkitap.com

مەيدانغا سۇپۇرگە سىلىشقا باشلىدى .
سۇلايمان قاسىم ئىچى ئاچچىق ھېسلارغا تولغان ھالدا ئىشخا-نىسىغا كىرىپ كەلدى . ياسىنجاننىڭ ، «قىزىم ساڭا ئېيتاي ، كې-لىنىم سەن ئاڭلا» دېگەندەك ، دارتىملاپ قىلغان گەپ - سۆزلە-رى ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىۋەتكەنىدى . ئۇنىڭ قولى بىر ئىشلارغا بارىدىغاندەك ئەمەس ، تاماكىنى ئۇزمەي چېكىپ ئىشخانا ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭغىنى ماڭغانىدى . تۈنۈگۈن چالا قالغان ، بۈگۈن ئەتىگەندە پۈتتۈرۈۋېتىشنى نىيەت قىلغان ماتېرىيال ئورىگە-ناللىرىمۇ ئۈستەل ئۈستىدە چېچىلىپ ياتاتتى . ئۇنىڭ بۇ قەغەزلەر-نى رەتلىۋېتىشكىمۇ قولى بارمىدى . ئەتىگەن رىسالەت بىلەن ئۇچ-رىشىپ بىرئاز تەسكىن تېپىپ قالغان كۆڭلى يەنە بىئارام بولۇشقا باشلىغانىدى .
ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ، بىر چاغدا ئىشخانا ئى-شىكى يېنىك چېكىلدى ۋە ئۇنىڭ ئىجازىتىنى كۈتمەستىنلا سەلىمە-جان كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ كالىنىڭ پېلىنىدەك تېخىمۇ ئاقىرىپ كەتكەن يۈزىدە ئىچ - ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان بىر خۇشاللىق ئەكس ئېتەتتى ، قاتۇرۇپ كىيىۋالغان كاستۇم - بۇرۇلكىسى ، بويىنىدىكى قىزىل يوللۇق چوشقىنىڭ قۇلىقىدەك كەڭ گالستۇكى ، تىمساھ تېرىسىدىن تىكىلگەن ھەر قەدىمىدە غاچىلدىتىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان ، پارقىراپ تۇرغان شىبلىتى ئۇنىڭغا ئاجايىپ سۆلەت بېغىشلىغانىدى . ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈشمىگەن ساۋاقدىشىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن ئۇنىڭ ئېغىزى كاككۇكنىڭكىدەك ئې-چىلىپلا قالدى .
— نېمە بولدۇڭ ھوي ؟ — دېدى ئۇ سەلىمجاننىڭ ئۆزىگە سۇنۇلغان قولىنى چىڭ قىسقىنىچە ، — بىر ۋىلايەتنىڭ ۋالىيسى-دەك پۇزۇر كىيىنىپ قېتىۋاپسەنغۇ ؟ بىر يەردىن غايىب خەزىنە ئۇچرىمىغاندۇ ؟
— ۋالىي - پالىي دېگەنلەرمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەمغۇ ؟ سەلىمجان شۇنداق دېگىنىچە كۈلۈپ قويدى ۋە يانچۇقىدىن

پارقىراپ تۇرغان بىر قاپنى چىقىرىپ ، ئۇنىڭغا بىر تال تاماكا تۇتتى .

ــ بۇ ئىشىڭ بولمىدى ، ــ دېدى سۇلايمان قاسىم تاماكىنى ئېلىۋېتىپ ، ــ قارىسام مەرتىۋەڭ يەنە ئۆسۈپ قالغاندەك . قائىدە بويىچە تۆۋەن دەرىجىلىكلەر يۇقىرى دەرىجىلىكلەرگە تاماكا تۇتۇشى كېرەك ئىدى . سەن بۇ قائىدىنى بۇزۇۋەتتىڭ ، ساۋاقدىشىم . قانداق ئەھۋالىڭ ؟ باللار ئامان - ئېسەندۇ ؟

ــ بىر شەھەرگە كۆچۈپ كەلگىنىمىزدىن كېيىن ، تاشلىۋەتتىڭ ، سۇلايمان ، ــ سەلىمجان ئۇنىڭ سوئاللىرىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ ، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن ، باشقا ياقتىن گەپ باشلىدى ، ــ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى مېنى بىرەر قېتىممۇ يوقلاپ قويماي دېمىدىڭ . شۇنداق بىر قوشاق ھېلىمۇ ئېسىمدە ، «ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن ، ئەقىدەمگە يىغلايمەن» ، شۇنداق ، مەن ئۆلمىدىم ، بىراق ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتمىغىنىغا ئۆكۈنىمەن .

ــ بولدى سەلىم ، بۇ ئىشتا مېنىڭ ھەقىقەتەن يۈزۈم قارا ، سەن نېمە دېسەڭ ھەقلىقسەن . ئەمما ، ماڭغان يولىمىز بىر بولمىغاندىكىن سېنى ئىزدىمىگىنىممۇ راست . شۇ تۇرقىڭدا مېنىڭ كۆڭلۈم بۇنىڭسىزمۇ بەكلا پاراكەندە . مېنى تولا ئەيىبلىمە . ھەرنېمە بولسا مېنى ئىزدەپ كەپسەن ، خۇش بولدۇم . قانداق بۇرادەر ، ئىشلىرىڭ جايىدىمۇ ؟ قارىسام مەرتىۋەڭ ئۆسۈپ كەتكەندەك . خوش قېنى ، سېنى ئەمدى نېمە دەپ چاقىرىمىز ؟ ئاددىيلا قىلىپ سەلىم دېگىنىمدىن رەنجىپ قالمىغانسەن ؟

ــ بىزمۇ بوش ئەمەس ، ــ دېدى ئۇ قولىدىكى تاماكىنىڭ كۈلىنى قېقىۋېتىپ ، ــ يېقىلغان يەردىن تۇردۇق ئاداش . ئەسلىدىكى ئىش قولغا تەگدى . تېخى بۆلۈم باشلىقى دېگەن تاج بىلەن بىللە دېگىنە !

ــ مۇبارەك بولسۇن ! ــ سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ قولىنى يەنە بىر قېتىم دوستلارچە سىقتى ، ــ بۇ تەبرىكلىگۈدەك ئوبدان ئىش بوپتۇ ، ئاداش . ياخشى ئىشلە ، ھە راست ، ئەمدى ھېلىقىدەك يېڭى

ئەمەت ھاجىلارنىڭ كەينىگە كىرمە ، قاغىنىڭ كەينىگە كىرسەڭ يېيىشىڭ پوق دېگەندەك ، شۇ ئادەمنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ تارتقان سورۇقچىلىقلىرىڭ ئازمۇ سېنىڭ ؟ ئۇنداقلار قولۇڭدا ھوقۇق بار چاغدا ۋاي دېگىنى بىلەن ، پۇتۇڭ لايغا پاتقاندا ، قۇيرۇقىنىمۇ تۇتقۇزمايدۇ . سەگەك بول ، ئاداش .

سەلىمجان ئۇنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ ، بېشىنى چايقىغىنىچە مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى .

— سەن تېخىچە مۇشۇ كاللا بىلەن يۈرۈۋاتامسەن ؟ — دېدى ئۇ مەسخىرىلىك ھىجىيىپ ، — كاللاڭ بەكلا زاماننىڭ كەينىدە قاپتۇ ، ئاداش . قۇدۇقتىكى پاقىدەك ئۆتۈۋەرمەي ، ئەتراپىڭغىمۇ قاراپ باق . سەن قاچانغىچە مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتمەكچى ؟ قۇرۇق ئىشخانىغا بۆلۈم باشلىقى بولغىنىڭغىمۇ ئۇزۇن بولدى . پاقىچىلىك بولسىمۇ مىدىرلىمامسەن ؟ سېنىڭ ئورنۇڭدا مېنىڭ ئىچىم پۇشۇپ كېتىۋاتىدۇ . ھەي ساۋاقدىشىم ، كۆزۈڭنى ئاچ ! سەن خەقنىڭ خىزمىتىنى قىلىپلا ئەمەس ، خەقنى ئۆزۈڭگە خىزمەت قىلدۇرۇپمۇ ئۆتۈشۈڭ كېرەك . مانا ، بۇ ئىش ھازىر مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ . بىرەر مەقسىتىڭ بولسا ، ماڭا ھايت دەۋەت . ئاكاڭ قارىغاي بىر چەتتە قاراپ تۇرمايدۇ . ئون بەش - يىگىرمە مىڭ بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك قونداقلا قونالايسەن .

سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ ئېغىزىغا قارىغىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ قايتىدىن بۇنچە تېز ئۆزگىرىپ كەتكىنىگە ئىشەنمەدى . ئاشۇ چاغدا ، ئەمەت ھاجى ئۇنى يارغا قىستىغاندا ، ماڭقىسىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ پەندىيات دېگەن سەلىمجان مۇشۇمۇ ؟ ھازىر ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئەپتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغاندى . سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ بۇنچە تېز ئۆزگىرىپ كېتىشىگە ئىشەنمەيتتى . بەلكىم ئۇنى چاقچاق قىلىۋاتسا كېرەك دەپ ، كۆزىنىڭ ئىچىگە سىنچىلاپ قارىدى . ئەمما ، ئۇ ئىزدىگەن نەرسە سەلىمجاننىڭ كۆزلىرىدىن تېپىلمايتتى .

— ئەمىسە مەن چىقاي ، — دېدى ئۇ سۇلايمان قاسىمغا قولد-

نى سۇنۇپ ، ـــ بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ نېمە ئۈچۈندۇر سىنى
يوقلاش نىيىتىگە كېلىپ قالدىم . ئىتىك يامان ئىكەن ، ماشىنامنى
كىرگۈزمەي دەرۋازا ئالدىدا قالغان ، شوپۇر يولۇمغا قاراپ قالدى
بۇ چاغقا . بىر ئىشلار بولسا تارتىنماي دېگىن . بەلكىم ئىشەنمەسلى-
كىڭ مۇمكىن ، مېنىڭ هازىر ھەممىگە قولۇم يېتىدۇ . قانداق ،
گۆش يەيدىغان چىش باردۇ ؟ ـــ ئۇ ھېلىقى چاغدىكىدەك سۇلايمان
قاسىمغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى ، ـــ پۇت - پاچاقلارنىڭ
پېيى چىقىپ قالغاندا ، ھايت دەۋەت ، سىنى ئۆزۈم تېرىگە ئالدـ
مەن . خوش ئەمىسە .

سەلىمجان ئىپسىل شىبلىتىنى غاچىلدىتىپ ئىشخانىدىن چىد-
قىپ كەتتى . ئۇنىڭ غالىب سەركەردىدەك مېڭىشلىرىدىنمۇ «ئاكاڭ
قارىغاي···» دېگەن مەنە ئوچۇق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . سۇلايمان
قاسىم بىرسى پىرقىرىتىپ قويۇپ بەرگەندەك ، ئۆك - سولىنى
بىلمىگەن هالدا ئىشخانا ئىچىدە خېلى ئۆزۈن تۇرۇپ قالدى . كوند-
لارنىڭ «ئادەم بالىسى بەزىدە ئىشەكچىلىك بولالمايدۇ» دېگىنى شۇ
بولسا كېرەك . كۆۋرۈكتىن چۈشۈپ كەتكىنى سەلىمجان ئەمەس ،
بىر ئىشەك بولغاندا ئىدى ، ئۇ يەنە شۇنداق كۆۋرۈككە دۇچ كەلسە ،
باشقىلار ئۇرۇپ دۇمبالىسىمۇ ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئۆتمىگەن بولات-
تى . بۇرنىغا سۇ كىرمىگەن سەلىمجان تېخىچە گۆش يەپ ،
تېرىگە ئېلىشنىڭ كويىدا قاپتۇ . ھەي ، خام سۈت ئەمگەن بەندد-
لەر···

سۇلايمان قاسىم ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى ۋە ئىشكاپنى ئې-
چىپ ، ھېلىقى قىزىل يوللۇق گالستۇكنى قولىغا ئالدى . ئۇنىڭ-
دىن رىسالەتنىڭ ھىدى كېلىۋاتقاندەك ئىدى . سۇلايمان قاسىم
گالستۇكنى بويىنىغا چىگىپ ئىشىك يېنىدىكى ئەينەككە قارىدى .
گالستۇك ئۆزىگە ئىسكەت بېغىشلىغاندەك قىلغان بىلەن يەنىلا سە-
لىمجانغا يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ ئەينەككە قاراپ يەنە
تەگسىز خىياللار قوينىغا چۆمدى . بىر چاغدا كارىدوردىن ئاڭلىند-
ۋاتقان گۈدۈك - گۈدۈكلار ئۇنى سەگىتتى . سۇلايمان قاسىم

خۇددى بىرسى ئۆزىنى يوشۇرۇن كۆزىتىۋاتقاندەك ، ھەممە ئىش ـ
ھەرىكىتىنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ھودۇقتى ۋە ئالمان ـ تالمان گالس ـ
تۇكنى بوينىدىن يېشىپ چىرايلىق قاتلىغاندىن كېيىن ، ئىشكاپقا
سېلىپ ، ئۇھ دېدى .

چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولغانىدى . كارىدوردىن ئىشتىن چۈش ـ
كەن خىزمەتچىلەرنىڭ كۈلكە ـ چاقچاقلىرى ۋە پالاقلىغان قەدەم
تىۋىشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . سۇلايمان قاسىممۇ يۈزىدىكى تەرلە ـ
رىنى سۈرتكىنىچە ئىشخانىدىن چىقتى . ئۇ تېخىچە ھودۇقۇپ تەم ـ
تىرەيتتى . مېنىڭ بۇ ئىشىمنى كۆرۈپ قالغىنىڭ قايسىڭ ، دېگەن ـ
دەك ھەممەيلەننىڭ چىرايىغا ئەندىشىلىك باقاتتى . قورۇغا چىقىپ
دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان ھوشۇر سەلەينى كۆرگەندە ، ئۇنىڭ يۈرىكى
قايتىدىن گۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى .

67

بۈگۈن رىسالەتنىڭ بېشى تازا قاتتى . چۈشتىن كېيىنكى ئو ـ
پېراتسىيىنىڭ ۋاقتى قىستاپ قالغانىدى . قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچ ـ
راپ ، ئىككى قوۋۇرغىسى سۇنغان بىمارنىڭ نەپەس يوللىرىدىن
چاتاق چىققان ، ھە دېسە قان تۈكۈرگىنىگە قارىغاندا ، سۇنغان
قوۋۇرغا ئۆپكىسىنى تېشىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن ، دەپ پەرەز
قىلىشقان دوختۇرلار دىئاگنوزنىڭ يەنىمۇ ئېنىق بولۇشى ئۈچۈن ،
رېنتگېندە تەكشۈرۈش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقانىدى . لېكىن ،
ھەمدۇللا دوختۇرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى . رېنتگېنخانىنىڭ
ئىشىكى قۇلۇپلانغان ، ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيت ـ
تى . رىسالەت سېستىرالار باشلىقى ئامىنەنى بىرنەچچە قېتىم ماڭ ـ
دۇردى . ئۆزىمۇ يەر ئاستى ئۆيىگە جايلاشقان بۇ رېنتگېنخانىغا
ئىككى قېتىم كەلدى . نەگىدۇر يوقالغان بۇ ئادەمنىڭ قاچان كېلى ـ
شىنى ھېچكىم ئۇقمايتتى . شۇڭا ، بۇ ئىشنى دوختۇرخانا باشلىقىغا
ئېيتىشقا توغرا كەلدى .

ــ هەي ، نەگە كەتكەندۇ ؟ ــ دېدى دوختۇرخانا باشلىقى ئاقىرىشقا باشلىغان شالاڭ چاچلىرىنى تاتىلىغىنىچە ، ــ ئىش ئورنىدىن خالىغانچە ئايرىلىدىغان مۇنداقمۇ ئادەم بولامدۇ ؟ گەپ قىلمىسا ئۆزىنى بىلمىگەن ، گەپ سەللا قاتتىق كەتسە ، خۇيى يامان چوكانىدەك باتناپ ، يۆتكىلىپ كېتىمەنەي ، خىزمىتىمدىن ئىستىپا بېرىپ ، ئۆز ئالدىمغا شەخسىي دوختۇرخانا ئاچىمەنەي دەپ ، ئادەمگە قوقاق سالغان . كەسىپ ئىگىسى دېگەن كەمتەر ، مەسئۇلىيەتچان بولغاننى كۆرگەنمەن . بۇ كەمىنىڭ ئادەملىرىنى نېمە بۇزۇۋەتكەندۇ ؟ ھەممىسى پۇللا دېيىشكەن ، ئادىمىي ئەخلاقتىن ئەسەرمۇ يوق...

دوختۇرخانا باشلىقى ئۆزىچە تېرىكىپ بىرمۇنچە قايىنىغاندىن كېيىن ، ھەمدۇللا دوختۇرنىڭ قول تېلېفونىغا تېلېفون ئۇردى .

ــ ۋەي ، ھەمدۇللامۇ ؟ ياللا ، جېنىم ئۇكام ، نەگە كەتتىڭىز ؟ بۇ يەردە ئوپېراتسىيە قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان بىر بىمار تۇرۇپتۇ . ئادەم ئۆلەي دەۋاتسا ، سىز بولسىڭىز... نېمە ، نېمە ؟ مەن رېنتگېنخانىدا ؟ ئەستا ، بۇ قانداق بولغىنى ـ ھە ؟ ئىزدەپ بارغانلار سىزنى تاپالماپتىغۇ ؟ ھە ، ھە ، بولىدۇ . شۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭ . رىسالەت دوختۇر ھازىرلا يېنىڭىزغا بارىدۇ . ماقۇل ئەمىسە .

دوختۇرخانا باشلىقى تۇرۇپكىنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن ، رىسالەتكە قارىدى .

ــ قاراڭ ، بۇ ساختىپەزنى ، ئەتىدىن بېرى ھېچ يەرگە بارماي رېنتگېنخانىدا ئولتۇرۇۋاتىمەن ، مېنى ھېچكىم ئىزدىمىدى ، دەيدۇ . بۇنداق يالغانچى ئادەمنىڭ ئۇ دۇنيادىمۇ يۈزى قارا قوپىدىغۇ ئاخىر . ھە راست ، رىسالەت ، بىمارنى تەكشۈرتكەندىن كېيىن ، چۈشتىن كېيىنكى ئوپېراتسىيىگە تەييارلىق قىلىڭ . قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ . بۇ بىمارنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدىرەك تۇرىدۇ . قەتئىي چاتاق چىقىپ قالمىسۇن . بەك مۇمكىن ئامال بولمىسا ، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەپ بېرەرمىز .

— تەكشۈرۈش ئىنچىكە بولۇپ، دىئاگنوز جايىدا قويۇلسىلا داۋالاپ كەتكىلى بولىدۇ، — دېدى رىسالەت دوختۇرخانا باشلىقى-نىڭ ئىشەنچسىزلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ، — خاتىر-جەم بولۇڭ، قەتئىي چاتاق چىقمايدۇ.
ئۇ باشلىق ئىشخانىسىدىن چىقىپ سېستىرالار باشلىقىغا بىمار-نى رېنتگېنخانىغا ئېلىپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئۆزى بۇرۇن-راق ئۇ يەرگە بېرىپ، كېسەلنىڭ ئەھۋالىدىن ھەمدۇللا دوختۇرنى خەۋەرلەندۈرمەكچى بولدى. ئۇ رېنتگېنخانىغا يۆتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا ھەمدۇللا دوختۇر سېرىق چاچ-لىق بىر قىزنى تەكشۈرۈش جازىسىغا چىقىرىپ، رېنتگېن نۇرى چۈشىدىغان يەرگە ئۇدۇللاشقا تۇتۇنغانىدى.
— نەنى تەكشۈرىدىكەنمەن؟ — دېدى رىسالەتنىڭ بۇ يەرگە كىرگەنلىكىنى سەزمىگەن ھەمدۇللا دوختۇر قىزنىڭ كۆزىگە قا-راپ.
— قەيەرنى تەكشۈرۈشنى دوختۇرنىڭ يېزىپ بەرگەن قەغىزى-دىن كۆرمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى قىزمۇ شوخلۇق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ.
— دوختۇرغۇ سىزنىڭ ئۆپكىڭىزنى سۈرەتكە ئېلىپ بېرىشىم-نى ئېيتىپتۇ. بىراق، مېنىڭ يۈرەك بىلەن بۇ يەرنى تەكشۈرگۈم بار، — ھەمدۇللا شۇنداق دەپ بېگىز بارمىقى بىلەن قىزنىڭ ھېلىلا كوپتىسىنى يىرتىۋېتىدىغاندەك دىڭگىيىپ تۇرغان ئەمچىكى-گە بوش چېكىپ قويدى. قىزنىڭ سارغۇچ چىشلىرى پارقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ نازلىق كۈلكىسىنى كۆرۈپ، ھەمدۇللا خۇددى تام تۆشۈكىدىن قۇشقاچ بالىسىنى ئالماقچى بولغان كەپسىز بالىدەك ئۇنىڭ قوينىغا ئىككى قولىنى بىراقلا تىقتى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان رىسالەت يېنىك يۆتەلدى. بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتكەن ھەمدۇللا قولىنى قىزنىڭ قوينىدىن خۇددى چايان چاققاندەك تېزلىك بىلەن تارتىۋالدى. قىز سەنتۇرۇلگىنىچە جازىدىن چۈشۈپ كەتكىلى قىل قالدى. ھەمدۇللا ئېسىنى يىغىپ يۆتەل ئاۋازى كەلگەن تەرەپكە

قاردى ۋە رىسالەتنى كۆرۈپ ، تامدەك تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا بىرئاز قىزىللىق يۈگۈردى .

— سىزمىدىڭىز رىسالەت دوختۇر ؟ — دېدى ئۇ قىلچە تارتىنىپ ئولتۇرماستىن ، — يامان بىر چاغدا شەپىمۇ چىقارماي كېلىپ قاپسىز - دە ، بۇ يەرگە . نېمە ئامال ، بىمار دېگەننى ئەستايىدىل تەكشۈرمەي بولامدۇ ؟ قانداق ، سىزنىمۇ بىرقۇر تەكشۈرۈپ قويالامۇ ؟

رىسالەتنىڭ تىلىغا دەماللىققا گەپ كەلمىدى . ئۇنىڭ ئاق خالاتقا قارا سۇرتۇۋاتقان بۇ ئادەمگە گەپ قىلغۇسى يوقتەك قىلاتتى . چىشلىرى ئارىسىدىن دانىمۇدانە چىقىرىپ دېدى :

— مەن سىزنىڭ تەكشۈرۈشىڭىزگە موھتاج ئەمەس ، ئىشىڭىزنى تېزرەك تۈگىتىپ تەييار بولۇڭ . چۈشتىن كېيىن ئوپېراتسىيە قىلىدىغان بىر بىمار ھازىرلا كېلىدۇ . ھوش كاللىڭىز بىلەن تەكشۈرۈپ قويارسىز .

— ھە ، ئەمدى بىلدىم ، دوختۇرخانا باشلىقىغا چېقىشتۇرغىنى ئەسلىدە سىز ئىكەنسىز - دە ، - ھەمدۇللانىڭ چىرايى دەقىقە ئىچىدە بىر قىزىرىپ ، بىر تاتاردى ، — مانا مەن بۇ يەردىغۇ . ئۆزىڭىزمۇ مېنىڭ بىمارلارنى قانداق تەكشۈرۈۋاتقىنىمنى كۆردىڭىزغۇ . گېپىڭىز بولسا مېنىڭ يېنىمغا ئۇدۇللا كەلمەي ، ئۇ قېرىنى ئاۋارە قىلىپ نېمە قىلىسىز ؟ مانا مەن سىزنىڭ ھەرقانداق گېپىڭىزنى ئاڭلاشقا ھەر ۋاقىت تەييارغۇ ؟ ھەرقانچە بولسىمۇ دوختۇرخانا باشلىقى پۈرلەش تېرىسىدىن ئازراق كېسىپ بەرمىگەندۇ ؟

ھىڭدىن سېسىق بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، رىسالەتنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ ، قۇلىقى غوڭۇلداپ كەتتى . ئۇ ئەتراپىغا قاردى . قولىغا چىققۇدەك ھېچ نەرسە يوق ! ھەي ئىست ، چۈشتىن كېيىن ئوپېراتسىيە بار - دە ! بولمىسا مۇنۇ توڭگۇز پۇشتىنى بىر چىشلەپلا تاھىردەك چىرقىرىتىۋەتكەن بولاتتى...

رىسالەت گەپ - سۆز قىلماستىن رېنتگېنخانىدىن چىقىپ كەتتى . كارىدورغا چىققاندا نېمىشقىدۇر بىرئاز تۇرۇپ قالدى ، دەل

شۇ چاغدا ھەمدۇللانىڭ قىزغا دېگەن مۇنۇ گېپى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى :

— ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇردىغۇ بۇ ئەركەكزەدەك ! ھەي ، كېلىنىڭ قىزچاق ، بۇياققا چىقىڭ . مەن سىزنى ئەمدى ئۆز قولۇم بىلەن رەسمىي تەكشۈرىمەن . مۇنداق تۇرۇڭ . ھە ، مەن تەكشۈرۈدىغان يەر ماۋۇ… ھەببەللى ، سىز خالىسىڭىزلا بۇنىڭدىن كېيىنمۇ پات - پات تەكشۈرۈپ قويىمەن . راستما ؟ مۇشۇ گېپىڭىز ئۇچۇن قېنى ، ئەمسە بىرنى…

رىسالەت جالاقلاپ تىترەپ كەتتى . مۇشۇنداق بىر نومۇسسىز ئادەم بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقىنىدىن قاتتىق ئۆكۈندى…

شۇ كۈنى ئۇ بىردەممۇ تىنچلىنالمىدى . ئاشۇ ئىش ئېسىگە كەلسىلا ، قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كېتەتتى . ئوپېراتسىيە ھەر-ھالدا مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىنغان بولسىمۇ ، ئۇ رىسالەتنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ قىيىن بولغان بىر قېتىملىق ئوپېراتسىيە بولۇپ قالدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ زېھنى چېچىلىپ تۇرغاچقا ، نەچچە قېتىم ياردەمچى دوختۇرنىڭ بىر ئىشلارنى ئەسكەرتىشىگە توغرا كەلدى .

كەچ كىردى ، ھېرىپ جۇلىقى چىققان رىسالەت ئىشتىن چۈشتى . ئۇ سومكىسىنى ئېلىپ دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن چىقىشىغا ئۇ يەردە ماشىنىسىغا يۆلەنگىنىچە تاماكا چېكىپ تۇرغان ھەمدۇللا دوختۇرنى ئۇچرىتىپ قالدى . ئۇ تاماكا چەككەچ بىرسىنى ساقلاۋاتقاندەك قىلاتتى . رىسالەتنى كۆرۈپ ، قولىدىكى تاماكا كۆيۈندىسىنى يەرگە تاشلاپ پۇتى بىلەن ئەزگەندىن كېيىن ، قولىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇنى يېنىغا چاقىردى :

— رىسالەت دوختۇر ، رىسالەت ، بۇياققا كېلىڭا ، مەن ئاتايىن سىزنى ساقلاپ تۇرغان ، ھېرىپمۇ كەتكەنسىز . ماشىنا بىلەن سىزنى ئايلانغاچ غاچىدە ئاپىرىپ قويىمەن .

رىسالەت ئۇنىڭغا ئەمدىلەتىن كۆرۈۋاتقاندەك تىكىلىپ قاردى . ھەمدۇللا ئەتىگەنكى ئىشنى خۇددى بايىلا قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى يەرگە تاشلىغانچىلىك ئىش ھېسابلىسا كېرەك ، ئۇنىڭ

چىرايىدا ھېچقانداق خىجالەتچىلىك ، قورۇنۇش ، ئەيمىنىش ئىپادى-
سى يوق ئىدى . ئۇ ھىجايغىنىچە رىسالەتكە قول ئىشارىسى قىلات-
تى .
—كەچۈرۈڭ ، مېنىڭ تەلۋ ئادەمنىڭ ماشىنىسىدا ئولتۇ-
رۇپ ، بىر يەرلەرگە كاللا قويغۇم يوق ، —دېدى رىسالەت چىرايى-
نى پۈرۈشتۈرۈپ ، —مېنىڭسىزمۇ سىزنىڭ تەكشۈرىدىغان بىمار-
لىرىڭىز خېلى بارغۇ ؟ ئاشۇنداق ئالتۇن چاچلىق قىزلار بۇ ماشىنى-
ڭىزغا تازا باب كېلىدۇ .
—ئۇلارنى قانداقمۇ سىزگە تەڭ قىلغىلى بولسۇن ؟ —ھەم-
دۇللا ماشىنىسىنى ئاستا ھەيدەپ ئۇنى يانداپ مېڭىشقا
باشلىدى ، —مەن سىزدەك كۆندۈرۈش تەس ياۋا قىزلارنى ياخشى
كۆرىمەن . ئۆزۈڭ كۆندۈرۈپ مىنگەن ئۇلاغنىڭ ھۇزۇرى دېگەن
باشقا گەپ...
رىسالەت بىرنەرسە ئىزدەپ ئەتراپقا قارىدى . پىيادىلەر يولى-
نىڭ بويىدىكى چىملىقتا تۇرغان مۇشتۇمچىلىك تاشنى كۆرۈپ شۇ
ياققا ماڭدى . ھەمدۇللا دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ ، رىسالەتنىڭ
تاشنى قولىغا ئالغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ غەرىزىنى چۈشەندى -
دە ، ماينى كۆچەپ بېرىپ ماشىنىنى بولۇشىغا ھەيدەپ قاچتى .
رىسالەت ئاتقان تاش ماشىنىغا يېتىشەلمەي يولدا دومىلىغىنىچە
ئاستا توختاپ قالدى .
—ھۇ ئىززىتىنى بىلمىگەن هاراملىق ، ئۆزىنى چاغلىيالمى-
غان قېرى ھاڭگا ، ئىشرەتخورلۇقۇڭ ھامان بېشىڭغا چىقىدىغۇ
سېنىڭ . مېنى نېمە چاغلاپ قالدىڭ ؟ سەندەك سامان تاغارلىرىنى
بىر يېرىمىنىڭ قىرىغا ئېلىپ قويمايمەن . ساڭا تېتىمىغان جاننى
ئىتقا تاشلاپ بېرەرمىنا...
رىسالەت جىلە بولۇپ ، كوچىنى بېشىغا كىيىپ ۋارقىرىدى .
ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىشتى . ئۇ
بېشىنى قامالىغىنىچە يول بويىدا ئولتۇرۇپ قالدى . قىرغاقتا
زەرىپ بىلەن ئۆرۈلگەن ياۋا دولقۇنلار كەينىگە ياندى . قىرغاقتا ياۋا

دولقۇنلار قالدۇرغان ئەخلەت - چاۋارلار ، تاش - شېغىللار يېيىلىپ ياتاتتى . رىسالەتنىڭ قىزىللىق تىقىلغان كۆزلىرى بىرئاز سۇزۇلگەندەك بولدى . ئۇ ئۆزىنىڭ تېخىچە يول بويىدا ئولتۇرغىنىنى ھېس قىلىپ ، ھەسرەتلىك تىنغىنىچە ئورنىدىن تۇردى - دە ، ئېغىر - ئېغىر قەدەم تاشلاپ يولىنى داۋاملاشتۇردى . ئۇ بىرنەچچە قەدەم مېڭىشىغا ئارقىسىدىن بىرسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

— رىسالەت دوختۇر ، رىسالەت دوختۇر ، توختاپ تۇرۇڭا...

ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ، ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان تاشقى كېسەل بۆلۈمىدىكى سېسترا رەيھاننى كۆردى . ئۇنىڭ ئۆزىنى نېمىگە چاقىرغانلىقىنى ئۇقالماي ، دېلىغۇل بولغىنىچە قاراپ تۇردى . چۈنكى ، يوللاردا ئۇچرىشىپ قالسا سالاملىشىپلا ئۆتۈشۈپ كېتىدىغان بۇ سېسترا بىلەن رىسالەتنىڭ ئانچە ئالاقىسى يوق ئىدى . دوختۇرخانىغا كەلگەندىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن بىرەر قېتىم پاراڭلاشقىنى ياكى بولمىسا بىر چىنە سوغۇق سۇنى بىللە ئىچكىنىنى بىلمەيتتى .

— نېمە ئىش ؟

رەيھان ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، چىرايى قىزىرىپ كەتكەندى . بەك تېز يۈگۈرگەچكىمىكىن ، ئۇ ھاسىراپ تىنىقى تىنىقىغا يېتىشمەي قالغانىدى . رىسالەت ئۇنى بىرئاز دېمىنى ئېلىۋالسۇن دېگەندەك كۈتۈپ تۇردى . سەل ئۆتكەندىن كېيىن ، رەيھان ھاسىراپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى :

— بىر ئىش بار ئىدى ، دېسەم كۆڭلىڭىزگە كەلمەس - ھە ؟

— دەۋېرىڭ ، — دېدى رىسالەت مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ، — مەن ئۇنچىۋالا تاۋۇ نازۇكلاردىن ئەمەس . بىر ئىشلار ئاسانلىقچە پەرۋايىمغا كەلمەيدۇ .

— بىر دوستۇمدىن ھازىر تېلېفون كەلدى . ئېرىم بىلەن سىزنىڭ ئېرىڭىز ھەممىتجان ئىككى قىزنى ئارقىسىغا سېلىپ «قاپلان» رېستورانىغا كىرىپ كېتىپتۇ . ئۇ رېستوران بۇ يەردىن ئانچە يىراقمۇ ئەمەس . ئىككىمىز غاچچىدە بېرىپ ئۈستىدىن چۈشسەكمىد-

كىن دېگەن. مېنىڭ ئېرىممۇ نەچچە كۈندىن بېرى پەيلىنى بۇزۇپ يۈرگەن. شۇنىڭغا قاراپلا ئۇنىڭ قورسىقىدا جىن بارمىكىن دېگەندىم. ئەمدى پۇرسەت كەلدى، ئۇلارنى تۇتۇۋالساملا شەرمەندە قىلىپ ئېرىم دېگەن لاتىنى ئىككىنچىلەپ ئالدىمدا ئېغىزىنى ئاچالمايدىغان قىلىۋېتىمەن. قانداق، بارامدۇق؟

ئۇنىڭغا رىسالەتنىڭ بەكلا ئىچى ئاغرىدى. تۇرمۇشتا ھېچقانداق تەجرىبىسى يوق، بىقۇۋۇل ئايالىلا دەل ئۇنىڭدەك قىلىدۇ. خەير، ئۇ ئېرىنى تۇتۇۋالدىمۇ دەيلى، ئېرى شەرمەندىمۇ بولسۇن، بۇنىڭلىق بىلەن رەيھاننىڭ تۇرمۇشىدا قانداق يېڭىلىقلار يۈز بېرەر؟ ناۋادا بۇ ئىش چىڭغا چىقىپ، يەنە بىر كۆڭۈلسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، ئۇ قانداق قىلىدۇ؟

— سىلەرنىڭ بالاڭلار بارمۇ؟ — سورىدى رىسالەت لەۋلىرى تىترەپ تۇرغان سېستراغا قاراپ.

— بىر قىز، بىر ئوغۇل ئىككى بالام بار.

— ئەمىسە سىز شۇ بالىلارنىڭ يۈزىنى قىلىپ، بۇ نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ، — رىسالەت شۇنداق دېگىنىچە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭدى. مەڭدەپ تۇرۇپ قالغان رەيھان بېشىنى سىلكىگىنىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى.

— بىراق، ئۇ مەلئۇن ئىككى بالىنىڭ، ئون يىللىق ئائىلىنىڭ يۈزىنى قىلمىغان تۇرسا، — دېدى ئۇ رىسالەتنىڭ ئالدىنى توسۇپ، — مۇشۇنداق چاغدا ئۇنى رەسۋا قىلىپ، ئۆزۈمگە باش ئەگدۈرۈۋالمىسام، ئۇ مېنى بوزەك موللام كۆرۈپ، قىلغۇلۇقنى قىلىۋېرەمدۇ؟

— ئىناۋىتى تۆكۈلۈپ رەسۋا بولغان ئەرنىڭ مۇشۇ بىر قېتىملىق تۇتۇلۇش بىلەنلا سىزگە باش ئېگىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، — رىسالەت پەس، ئەمما قەتئىي ئاۋازدا دېدى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ئىناۋىتى بىلەن ئويناشماقچى بولغان ئەر ئىككى بالىڭىزنىڭ دادىسى ئىكەن. ئۇنى شەرمەندە قىلىمەن دېسىڭىز، ئۆزىڭىزمۇ شەرمەندە بولىسىز. ئېرىڭىزنىڭ تۆكۈلگەن يۈزى سىز-

نىڭ يۈزىڭىز ئەمەسمۇ؟ ئەر كىشى دېگەن بەربىر تالانىڭ ئادىمى. بىر قېتىملىق ئىناۋىتىنى تۆكۈش بىلەن ئۇنى بۇ يولدىن توسۇپ قالالىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس. ئاراڭلار بۇزۇلسا، ئۆيمۇ بۇزۇلىدۇ، بالىلار يېتىم بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، سىز بۇ ئىشنى ئۇقمىغان بولۇپ يۈرۈۋېرىڭ. ھەرقانداق قازاننىڭ قايناپ ـ قايناپ توختايدىغان چاغلىرى بولىدۇ. ئەرلەر بىر مەھەل سىرتقا قارىغاندەك قىلغان بىلەن ھامىنى بىزنىڭ ئادىمىمىز. ئۇلارنىڭ يېنىمىزغا قايتىپ كەلمەي ئامالى يوق. شۇڭا، بولدى قىلىپ ئۆيگە قايتىڭ. بەلكىم بۇ چاغقا بالىلىرىڭىزنىڭ قورسىقىمۇ ئاچقاندۇ. ئۇلارغا تاماق ئېتىپ بەرمىسىڭىزمۇ بولماس. قانداق دېدىم؟

رەيھان ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە بىرپەس تۇرۇپ قالدى.

— سىز ئۆز ـ ئۆزىڭىزدىن ھېلىم بوزەك ئىكەنسىز، — دېدى ئۇ رىسالەتنى كۆزگە ئىلمىغاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرگىنچە، — مەن دېگەن ئەرلەر سىرتلاردا ئويناپ بولۇپ كۆتۈرۈپ كەلگەن بىر نېمىسىنى كۆرۈپ، ھەرنېمە بولسا ماڭا ئاززاق قاپتۇ دەپ خۇشال بولىدىغان ئاياللاردىن ئەمەس. سىزنى تېخى بۇ ئىشنى ئاڭلىسا مېنىڭ ئالدىمدا يۈگۈرۈيدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. بولدى قويۇڭا، بارمىسىڭىز ئۆزۈم بارىمەن. ھېچبولمىسا ئاشۇ لاتىنى مەندىن تالاشقان رەسۋانىڭ كىملىكىنى، چىرايىنىڭ قانداقلىقىنى بولسىمۇ كۆرۈپ كېلىمەن. ئىشقىلىپ، ئۇنى مۇشۇ قېتىم يەرگە قاراتمىسام ھېساب ئەمەس.

— رەيھان، توختاپ تۇرۇڭ، مۇمكىن بولسا ئۇ يەرگە بارماڭ، بارغان بىلەنمۇ ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئۆزىڭىزگە خاپىلىق تېپىۋالىسىز...

رىسالەت كىرىچتىن ئايرىلغان ئوقتەك ئۇچۇپ كېتىۋاتقان رەيھاننىڭ ئارقىسىدىن توۋلاپ قالدى. بىچارە ئايال يولدا ياغلىقىنىڭ چۇشۇپ قالغىنىنىمۇ تۇيماستىن يۈگۈرۈپ كېتىپ باراتتى، ئۇ ئىشتىن چۇشۇپ ئۆيلىرىگە ئالدىراش كېتىۋاتقان ئادەملەر ئارد-

سىغا شۇڭغۇدى ۋە بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى .

رىسالەت ئاستا مېڭىپ كېتىۋېتىپ «قاپلان»دا بولىدىغان «جەڭ»نى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى : رەيھان ۋارقىرىغىنىچە بىرىنى قىزلارغا شىردەك تاشلىنىدۇ . ئۇلارنىڭ چېچىنى يۇلۇپ ئالەمنى مالەم قىلىدۇ . چىنە ـ تەخسىنى سۇندۇرۇپ ، ئۇستەللەرنى ئۆرۈيدۇ . رەيھاننىڭ ئېرى ئاۋۋال بىرنېمىلەرنى دەپ قىزلارنى قاچۇرۇۋېتىدۇ . ئاندىن سۇنغان چىنە ـ تەخسىلەرنى تۆلەپ بېرىپ ، گەپ ـ سۆز قىلماستىن رەيھاننىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ئۆيگە قايتىدۇ . ياكى بولمىسا مانا ئەمىسە دەپ ئۇنى راسا دۇمبالايدۇ . ئاچچىقىنى چىقىرىپ بولۇپ ، يىغلاپ ماڭقىسىنى ئېقىتىۋاتقان ئايالىنى تاشلاپ قويۇپ ، يەنە بىر يەرلەرگە كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن قاترايدۇ . بۈگۈن بولمىسا ئەتە ، بولمىسا ئۆگۈن ئۇ قىزلار بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ ، ئۇلارغا چېچى يۇلۇنغىنى ئۈچۈن ، رەيھانغا ئېلىپ بەرگىلى قىيمىغان كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئېلىپ بېرىپ كۆڭلىنى ئېلىۋالىدۇ ... ئىشلار شۇنىڭ نىرىسىغا بارمايدۇ .

رىسالەت تۈرلۈك خىياللار بىلەن مېڭىپ گۈللۈك فونتاننىڭ يېنىغا كېلىپ قالغىنىنى تۇيمايلا قالدى . ئۇ ئۇ يەردە ئويناۋاتقان قۇددۇسجان بىلەن ئىنىسى قۇربانىنى كۆرۈپ ، تونۇيالمىغىلى تاسلا قالدى . باللارنىڭ ئاۋازى تولىلىشىپ ، بۇرنىنىڭ ئاستىغا يۇمران موييلار ئۈنۈشكە باشلىغانىدى . بۇرۇتى خەت تارتىپتۇ دېگىنى مۇشۇ ئىدى . باللار بىلىندۇرمەيلا چوڭ بولماقتا ئىدى .

رىسالەت كەينىگە يېنىپ ، دەرۋازا ئالدىغا چىقتى ۋە ئۇ يەردىكى بوتكىدىن ئىككى قۇتا «ساغلاملىق گۆھىرى» سېتىۋېلىپ قايتىپ كىردى . قورۇدىكى كىچىك باللارنى ئەتراپىغا يىغىۋېلىپ ، ئۇلارغا ئويۇن قىلىپ بېرىۋاتقان قۇربانىنى چاقىرىپ ، قولىدىكى قۇتىلارنى ئۇنىڭغا سۇندى .

ـــ قارىغىنا ئەپتىڭگە ، تەرگە چىلىشىپ كېتىپسەن . مە ، بۇلارنى قۇددۇسجان بىلەن بىللە ئىچكىلار . بىللە ئويناۋاتقان باللارغىمۇ بېرىڭلار .

قۇربان رەھمەت ، دېگەندەك كۆلۈپ قويۇپ ، ئىككى قوتىنى قولىغا ئالدى .

— ھە راست ، دېدى ئۇ ئاچىسىغا قاراپ ، — ئانامنىڭ بىر ئاز مىجەزى يوق تۇرىدۇ . چۈشتىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرەلمەپتۇ . سېنى كېسەلمىنى بىر كۆرۈپ قويسا بولاتتى ، دەۋاتقان .

رىسالەت ئىتتىكلا بىناغا قاراپ ماڭدى . قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن كىرگىنىدە ، قەمبەرخاننىڭ ئايانچلىق ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇنىڭ يۈرىكى قارت قىلدى - دە ، ياتاق ئۆيگە ئۆزىنى ئاتتى .

قەمبەرخان قىزىپ قالغانىدى . شاراپەت ئۇنىڭ پېشانىسىگە ھۆل لۆڭگە قويۇپ قويغان ، ئانىنىڭ كۆزىنى ئاچقۇچىلىكى يوق ئىدى . رىسالەت كېلىپلا ئانىسىنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى ، چىلىك يۇمۇلغان قاپىقىنى قايرىپ ، كۆز ئالمىسىنى كۆزەتتى . قەمبەرخاننىڭ كېسىلى خېلى باردەك قىلاتتى . ئۇ ئانىسىنىڭ زۇكامدىن ئۆزۈلۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، ئوكۇل ئۇرماقچى بولدى .

— ئاپلا ، — دېدى ئۇ ئوكۇل سۈيۈقلۇقىنىڭ قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ ، — سەن ئانامغا قاراپ تۇر ، مەن تېزدىن سۈيۈقلۇق ئەكېلەي ، ئوكۇل ئۇرمىساق بولمايدۇ .

— ئانامغا مەنلا قارامدىم ؟ — شاراپەت ئۇنىڭغا نارازى بولغاندەك دومسىيىپ قاراپ ، تۇمشۇقىنى ئۇچلىدى ، — ھېلىمۇ يېرىم كۈن ۋاقتىم ئۇنىڭغا كەتتى . ئەمدى سەن بولغاندىكىن…

— بۇ گېپىڭچە ، ئانامغا قارايمەن دەپ مەكتەپكە بارماپسەن - دە ؟ — رىسالەت بوسۇغا تۈۋىدە ئايىغىنى كىيىۋېتىپ سورىدى .

— بىرىنچىسىغۇ بارغان ، چۈشتىن كېيىن دەرس يوق ، ئىختىيارىي ئۆگىنىش ئىكەن ، ئۆيدە ئۇنتۇپ قالغان بىرنەرسىنى ئالغىلى كەلسەم ، ئانام بۇنداق يېتىپتۇ . شۇڭا…

— ئىنساپىڭغا بارىكاللا ، بىردەم تەخىر قىل . مەن ھايال قالمايلا كېلىمەن . دورىخانا يىراق ئەمەس .

www.uyghurkitap.com

رىسالەت شۇنداق دېدى ـ دە، ئۆيدىن چىقتى. يولدا قانات چىقىرىپ ئۇچقاندەك ماڭاتتى. ھەددىدىن زىيادە جىددىيلىشىپ كەتكىنى ئۈچۈن يولدا ئۇچرىغان تونۇش ـ بىلىشلەرگىمۇ قارىمايتتى. ئۇ ھېلىقى دورا دۇكىنىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇ يەردە كۆرگەن بىر ئىشتىن ھەيران بولۇپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. چۈنكى، دوختۇرخانىنىڭ ئىچكى كېسەل دوختۇرى جامال بىر يەشىك دورا ـ ئوكۇل، داۋالاش سايمانلىرى دېگەندەك نەرسىلەرنى مال ساتقۇچى قىزغا ئۆتكۈزۈپ، پۇلىنى ھېسابلىشىۋاتاتتى. رىسالەت ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بۆلمەسلىك ئۈچۈن بىر ئاز كۈتۈپ تۇردى. قىرىق پىرسەنت ئەرزان بېرىلگەن دورا ـ ئوكۇللارنىڭ پۇلى بەش يۈز سەكسەن سوم چىققانىدى. مال ساتقۇچى سۇنغان بىر تۇتام پۇلنى تۆش يانچۇقىغا سېلىۋاتقان جامالنىڭ كۆزلىرى ئۆزگە نەشتەردەك سانجىلىپ تۇرغان رىسالەتنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا، چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈلمىدى. ئۇ سوغۇق ھىجىيىپ قويۇپ، رىسالەتكە بېشىنى سەل ئېگىپ قويدى ـ دە، دورىخانىدىن چىقىپ كەتتى.

رىسالەت گەپ ـ سۆز قىلماستىن، كېرەكلىك دورا ـ ئوكۇللارنى ئېلىپ كەينىگە ياندى. ئۇ بىر كېچە كىرپىك قاقماي ئانىسىنى داۋالىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە قەمبەرخانىنىڭ كۆزلىرى ئېچىلغان، قىزىتمىسىمۇ خېلىلا ياندى. ئۇ يەنە ئانىسىغا دورا ئىچۈرۈپ قويۇپ ئاندىن ئۆز ئۆيىگە چىقتى. يۈز ـ كۆزلىرى تاتىلانغان، يول ـ يول تىرناق ئىزى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرغان ھىممەت ياسىن ئېغىر ئۇيقۇدا ياتاتتى. قارىغاندا، رەيھاننىڭ ئۇ يەردىكى جېدەلى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بولسا كېرەك. ئۇ ھىممەت ياسىننىمۇ بوش قويماپتۇ. جېدەل رىسالەت مۆلچەرلىگەندىكىدىنمۇ ئېغىردەك قىلاتتى. ھىممەت ياسىننىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرى، ياقىسى يىرتىلغان كۆڭلىكى، يېرىم ئېچىلىپ تۇرغان ئېغىزىدىن ئاققان شالىسى بىلەن يېرىمى ھۆللەنگەن ياستۇقى كىشىنى سەسكەندۈرەتتى. ئايىغىنىمۇ سالماي ياتقان ھىممەت ياسىن بۇ ئۆيگە

سەھەر پەيتىدە قايتىپ كەلگەندەك قىلاتتى .
رىسالەت ئۇنىڭغا ئىچىنىش ئىلكىدە قاراپ قويدى ۋە كېرەك-لىك نەرسىسىنى ئالغاندىن كېيىن ، ئىشقا ماڭدى . ئۇ دوختۇرخانا ئالدىغا كەلگەندە ، ماسكا تارتىۋالغان رەيھان بىلەن يەنە ئىككى سېستىرانىڭ پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى .
— ۋۇي ، يۈزىڭىزگە نېمە بولدى ؟ — سورىدى سېسترا-لارنىڭ بىرى رەيھانىنىڭ ماسكا ئەتراپىدىن چىقىپ تۇرغان كۆكنى كۆرۈپ ، — يۈزىڭىز قارىداپ قاپتىغۇ ؟
— ئاخشام سىرتقا چىققان ، كارىدوردىكى لامپۇچكا كۆيۈپ كېتىپتىكەن ، قاراڭغۇدا يىقىلىپ كەتتىم ، — دېدى رەيھان خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك . بىراق ، ھېلىقى سېستىرانىڭ بۇنىڭغا ئى-شەنگۈسى كەلمىدى بولغاي ، يەنە بىر سېستراغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى .
— «قاپلان» دا يىقىلىپ چۈشتىڭىزمۇ ياكى كارىدوردىكى پەلەمپەيدىمۇ ؟ — رىسالەت كۈلگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ، — بەدەنىنىڭ باشقا يېرىدە يارا يوقتۇ ؟ ئۆزىڭىز يالغۇزلا يىقىلمىغاندەك قىلىسىز . تىرناق ئىزىدىن قارىغاندا ، سىزگە قوشۇلۇپ قاتتىق يىقىلغانلارمۇ بارمۇ نېمە ؟
رەيھان بۇنى ئاڭلاپ قۇلاق تۈۋىگىچە قىزىرىپ كەتتى . ئەمما ، ھېچ نەرسە دېمىدى .
— قانداق ، باش ئەگدىمۇ ؟ — ئۇ پەس ئاۋازدا سورىدى . رەي-ھانىنىڭ كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش كەلدى ، — ھاي ، توختاڭ دېسەم ، قۇترىغان شىردەك كېتىپ قالدىڭىز ، ئۇ يەرگە بېرىپ ، نېمە مەسە-لىنى ھەل قىلدىڭىز ؟
رەيھان پاڭڭىدە يىغلىۋەتتى . ئۇلارنىڭ پەس ئاۋازدا نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىنى بىلەلمەي تىت - تىت بولۇپ تۇرغان سېسترالار ھەيران بولغىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى .
— گېپىڭىزگە كىرسەم بوپتىكەن ، — دېدى ئۇ ئۆكسۈپ تۇرۇپ ، — قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ ، يەنە مېنى شۇنچە كىشى-

لەرنىڭ ئالدىدا ئۆلگۈدەك دۇمبالىدى. تېخى شۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماستىن، بۈگۈن ئاجرىشىمەن دەپ قوپۇپتۇ. مەن كىم ئۈچۈن جەڭ قىلدىم؟ مۇشۇ ئۆينى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ ئەر كىشىگىمۇ ئىشىنەمدۇ كىشى؟ ئۇ هايۋان ئىككى بالىنىڭمۇ يۈزىنى قىلمايدىغان ئوخشايدۇ...

ــ چاپىنىڭنىڭ پېشىنى تىكەن ئىلىۋالسىمۇ توختايدىغان گەپ، ــ رىسالەت ئاشۇ ئاقىۋەتنى باشتىلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندەك، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشقا تۇتۇندى، ــ شۇنچە دېسەم، گېپىمگە پەرۋا قىلمايلا كېتىپ قالدىڭىز. مەسىلىنى ئەر كىشىنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ، خەقنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلىش يولى بىلەن هەل قىلغىلى بولاتتىمۇ؟ قاراڭا، يۈزىڭىزنى شاتۇت يېگەندەك بوياپ كەپسىز. ئەمەلىيەتتە ئۆزىڭىزنىڭ يۈزى چۈشتى مانا. يىقىلىپ چۈشكىنىڭىزگە، پەقەت يۈزىڭىزنىڭلا زېدە بولغىنىغا قاراپ گېپىڭىزگە كىم ئىشىنىدۇ؟ هەي، ئەخمەق چوكان...

رىسالەت شۇنداق دېگىنىچە ئىشخانىسى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. كارىدوردا تۇرغان هەمدۇللا دوختۇر ئۇنى يىراقتىنلا كۆرۈپ، سېستىرالار ئىشخانىسىغا ئۆزىنى ئاتتى. پور كۆتەكنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرۈپ رىسالەت ئىچىدە كۈلۈپ قويدى-دە ئۆز ئىشخانىسىغا قاراپ يولىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئىشىكنى ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا كارىدوردىن دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئۇنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ــ رىسالەت، سىزگە تېلېفون...

رىسالەت قانداقتۇر بىر ئەندىكىش ئىچىدە تۇرۇپكىنى قولىغا ئالغاندا، ئۇنىڭدىن ئاڭلانغان بىر تونۇش ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى.

ــ ۋەي...

ــ ئاچاما، مەن ئادالەت... ئادالەت... ئاچا، مەن...

ــ ۋەي، ئادالەتمۇ سەن؟ جېنىم سىڭلىم، سەن نەدە؟ جېنىم سىڭلىم، سە...

رىسالەتنىڭ قولىقىغا تېلېفوننىڭ تىت - تىت قىلغان ئاۋازى

ئاڭلاندى . تېلېفون ئاللىقاچان ئۈزۈلۈپ كەتكەنىدى . رىسالەت سىڭلىسىنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ ، يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇ-تۇپ تۇراتتى . ئۇ تېلېفوننىڭ نېمىشقا ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىكىنى بى-لەلمىدى . قايتا ئۇراي دېسە نومۇرى يوق ئىدى . ئۇ تۇرلۇك ـ تۈمەن ئەندىشىلەر بىلەن تېلېفوننىڭ يېنىدا ئىككى سائەتتەك ئول-تۇردى . ئادالەتتىن قايتا تېلېفون كەلمىدى . بۇنىڭ بىلەن رىسالەت-نىڭ ئۇنىڭغا باغلىغان ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ ، يۈرىكى پىچاق تىققاندەك ئېچىشىپ كەتتى . دېمەك ، ئۇنىڭغا چوقۇم بىر ئىش بولغان ، ئۇنى باشقىلار تۇتۇۋالغان ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاللىكىملەرنىڭ چاڭ-گىلىدا تۇرۇپ مەھبۇسلاردەك كۈن كەچۈرگەن ، بۈگۈن ئۇ سولاق-مىدىن قېچىپ چىقىپ ئاران دېگەندە تېلېفون ئۇرغان ، ئەمما گەپلىشىپ بولغۇچە ھېلىقى ئادەملەر قوغلاپ كېلىپ تېلېفوننى ئۈزۈۋەتكەن… مۇشۇلارنى ئويلاپ رىسالەتنىڭ كۆزلىرىدىن ئاچچىق ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى . نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يىغىلىپ قالغان يۈرەكتىكى زەرداپ بىراقلا تېشىپ كەتكەنىدى . ئۇنى تۇتۇپ قېلىشقا رىسالەتنىڭ قۇربى يەتمەيتتى .

ئۇ بىر كۈن يىغلاپ چىقتى . رىسالەتنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن تۆكۈلۈپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ، ئەمما ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋىرى يوق سىستىرالار ئۇنى چوقۇم ئېرىدىن تاياق يەپتۇ ، دەپ ئويلاشتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئون بەشىنچى باب

# كەيپ بولغان يۈرەكلەر

## 68

ھەش ـ پەش دېگۈچە ياز مەۋسۇمى ئاخىرلىشىپ، قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇقى ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. بازار ئەتراپىدىكى، قورۇدىكى، يول بويلىرىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى مۇنچىغا جابدۇنغاندەك يالىڭاچلاندى. بارغانسېرى كېڭىيىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان كوچىلاردا سوغۇق شامال ھۇشقۇيتاتتى. قېلىن كىيىنىشكە ئۈلگۈرمىگەن ھۆپىگەرلەرنىڭ چىشلىرى كاسىلداپ تۇراتتى. ھەر تىنىقى بىلەن تەڭ ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىدىن كۆكۈچ ھور كۆتۈرۈلەتتى. قورۇدىكى قۇشلارنىڭ ئاۋازى، ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ غوڭۇلداشلىرى بېسىقىپ قالغان، ياز بويى خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان گۈللەرمۇ شۇمشىيگەن، ئەتراپتىن كىشىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان مۇسىبەت كۈيى كېلەتتى.

ئاشۇ قېتىملىق ئۇزۇلۇپ قالغان تېلېفون خەۋىرىنى ئۇققاندىن كېيىن، قەمبەرخان پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر ياز يىغلىدى، ئەندىشە ئىچىدە كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچتى. ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، بەئەينى ئۆسۈملۈك ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالغاندى. رىسالەت ئۇنى بىر قوللۇق داۋالاپ كۆردى. دوختۇرخانىدىمۇ ياتقۇزدى. بىراق، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان پىغان، كۈنسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتقان بالا غېمى بىلەن بۇ ئايال پەقەتلا ئۆرە بولالمىدى. ھوشۇر سەلەيىنىڭ بولسا دەردى ئىچىدە ئىدى. تاماكىسىنى پۈرقىرىتىپ چېكىپ گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈر-

گەن بىلەن، كىچىلىرى ئۇمۇ بۇقۇلداپ يىغلايتتى. دادىسىنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلار بىلەن ياستۇقىنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكىنىنى رىسالەت پات - پات كۆرۈپ قالاتتى. ئارىدا ھوشۇر سەلەي قىزىم تېلېفون بېرىپ قالسا دەپ ئۆيىگە قارشى تەرەپنىڭ تېلېفون نومۇرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان تېلېفون ئورناتتى. رىسالەتمۇ ئادالەت تېلېفون ئۇرۇپ قالسىلا دەپ بېرىمەن دەپ بۇ تېلېفوننىڭ نومۇرىنى قايتا - قايتا يادلاپمۇ ئالدى. ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىن ئادالەت بىر قېتىممۇ تېلېفون بەرمىدى. زور ئۈمىدلەر بىلەن ئورنىتىلغان تېلېفوننىڭ توپا بېسىپ تۇرغىنى تۇرغاندى.

بۈگۈن ھەرھالدا ھاۋا ئوچۇق بىر كۈن بولدى. قەمبەرخاننىڭ كۆڭلى تالا - تۈزنى تارتىپ قالدى. ئۇ ماجالسىز پۇتلىرىنى تەستە ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە بالكونغا چىقىپ سىرتلارغا قارىدى. قۇياشنىڭ ھارارەتسىز يورۇقىدا پارقىراپ كەتكەن يالىڭاچ دەرەخلەر ئۇنىڭ كۆزنى چىملىدىتىۋەتتى. ئۇ دېرىزىنى ئاچتى. مۇزدەك سوغۇق شامال ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلدى. ياز بويى دىمىقىپ ياتقان قەمبەرخاننىڭ كۆڭلىمۇ دەل مۇشۇنداق سوغۇق بىرنەرسىنى تارتىپ تۇراتتى. شۇڭا، شامال ئۇنىڭ روھىنى ئۇرغۇتقاندەك بولدى.

دەل شۇ چاغدا قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن بىر قاچا تاماق كۆتۈرۈپ زۇلخۇمار كىرىپ كەلدى. ئۇ قەمبەرخاننىڭ يەر دەسسىگەنلىكىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقتىن ۋارقىرىۋېتىشكە قىل قالدى.

— پاھ قەمبەرخاچا، بۈنداق كۈنىنىمۇ كۆرىدىكەنمىز - دە! — دېدى ئۇ قاچىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويغاندىن كېيىن، بالكونغا چىقىپ ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ، — بۈگۈن مىجەزلىرى خېلى ياخشى ئوخشىمامدۇ؟ ھەرنېمە بولسا تۇرۇپ كېتىپىلا.

— ھەي سىڭلىم، تۇرماي نېمە ئىلاج؟ — قەمبەرخان ئۇنىڭ يۆلىشى بىلەن كېلىپ ساپادا ئولتۇردى، — خۇدا ئالمىدىغان ئاماندىتىنى يا بىر ئالمىدى. ئەجەبمۇ ئۇزۇن يېتىپ كەتتىم. شۇنچە

ئۇزۇن يازنىڭ قەيەردىن كېلىپ ، قەيەرگە كەتكىنىنى تۇيمايلا قاپ-
تىمەن ئەمەسمۇ ؟ بۇگۈن ئىشىڭىز بارمۇ ؟
ــ يوق ، تاماقنى ئېتىپ بولدۇم . باللارمۇ قورسىقىنى ئەس-
تەرلەپ ، مەكتەپلىرىگە مېڭىشتى . ئەمدى قىلىدىغان باشقا ئىشىم-
مۇ يوق . قانداق ، ئۆزلىرىنىڭ مەن ياردەملىشىدىغان ئىش ـ
كۈشلىرى بارمۇ ؟
ــ تالائى بىر ئايلىنىپ كىرگۈم بار . ماڭا ھەمراھ بولۇپ
چىقىشىپ بېرەلەرسىزمۇ ؟
ــ چىقىشىنغۇ چىقىمەن . بىراق ، سىلى بۇ سوغۇققا بەرداش-
لىق بېرەلەمدىلا ؟ ناۋادا ئۈزۈلۈپ قالسىلا ، مەن ھۆددىسىدىن چى-
قىپ بولالمايمەن جۇمۇ .
ــ سىزلا بولسىڭىز ، ئۆلۈكۈم كوچىدا قالمايدۇ ،
سىڭلىم ، ــ دېدى قەمبەرخان سۈس كۈلۈمسىرەپ
تۇرۇپ ، ــ بىزنىڭ ئادەمنىڭ مېنى ئايلاندۇرۇپ كىرىشكە پەقەتلا
ۋاقتى چىقمايدۇ . رىسالەتنىڭمۇ مۇشۇ كۈنلەردە ئىشى ئالدىراش
بولۇپ كەتتى . قالغانلىرىدىن ئۈمىدىم يوق ، ــ ئۇ تاتىراڭغۇ بار-
ماقلىرىنىڭ ئۇچىغا قاراپ بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن ، قوشۇپ
قويدى ، ــ سىرتلارنى بىر ئايلىنىپ كىرسەم ، كۆڭلۈم كۆتۈرۈ-
لۈپ ، ئۆزۈمچە ياخشى بولۇپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن .
ــ ئەمىسە قېلىنراق كىيىنىۋالسىلا ، بۈگۈن شامال باشقىچە
قوتراپ قاپتۇ ، سوغۇق ئۆتۈپ قالمىسۇن ، ــ دېدى زۇلخۇمار .
ئىككى ئايال بىر ـ بىرىنى قولتۇقلاپ قورۇغا چىققاندا ، كۈن
چۈشتىن قايرىلغانىدى . ھاۋانىڭ شۇنچە سوغۇقلۇقىغا قارىماي ،
قەمبەرخان چىپ ـ چىپ تەرلەپ كەتكەنىدى . ئۇلار قورۇنىڭ
ئالدىدىكى چوڭ يولغا چىقىشتى . سىرلىرى ئۆڭۈپ كەتكەن بىر
كوچا ئاپتوبۇسى قورۇنىڭ ئالدىدىكى بېكەتتە توختاپ ، ئۇ يەردە
كۈتۈپ تۇرغان ئىككى ئادەمنى ئالغاندىن كېيىن ، قولاقنى يارغۇ-
دەك گۈركىرەپ مېڭىپ كەتتى . يول يەنە ئاۋۋالقىدەك جىمىدى .
پەقەت يالىڭاچ شاخلارنى سىلكىتىپ ھۇشقۇيتىۋاتقان شاماللا بۇ

يەرنىڭ سۈكۈتىنى بۇزۇپ تۇراتتى .

قەمبەرخاننىڭ كاللىسىدا ئەندىشىلىك خىياللار كېزىپ يۈرەتتى . ئاھ ، قىزىم ، نەلەردىمۇ يۈرۈۋاتقانسەن ! ؟ مۇشۇ تاڭ - تاڭ سوغۇقتىن قانداق پاناھلىنىۋاتقانسەن ؟ كىمنىڭ قولىغا قاراپ يۈرۈۋاتقانسەن ؟ ھاياتمۇ سەن ، بارمۇ سەن ؟ تىنىقىم توختىماستا سېنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋېلىشقا نېسىپ بولارمۇ ؟ دەردىڭدە ئاناڭنىڭ قانداق تۈگىشىپ كەتكەنلىكىنى بىر كۆرۈۋالالارسەنمۇ ؟ داداڭنىڭ قانداق تۈگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىر قېتىم كۆرۈۋېلىشقا ئۈلگۈرەلەرسەنمۇ ؟ ھەي ؟ شور پېشانە قىزىم ، بىزنى تۈگەشتۈرۈۋەتتىڭغۇ !

— ئەمدى قايتايلى ، قەمبەرخاچا ، — دېدى زۇلخۇمار بىر چاغدا ئۆزلىرىنىڭ خېلى ئۇزاپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ، — سىلى تېخى ئەمدىلا يەر دەسسىدىلە ، بۇنداق كۆچەپ كەتسىلە بولمايدۇ . قىش كۈنى دېگەندە نەگىلا بارساق ئوخشاش . ھەممە يەر ئوچۇقچىلىق . تاماشا قىلغۇدەك مەنزىرىمۇ يوق . شۇڭا ، قايتايلى . ھوشۇركام ئۆيگە كېلىپ قالسا ، سىلىنىڭ يوقلۇقلىرىنى كۆرۈپ ، ئەنسىرەپ قالىدۇ .

— ماقۇل ، سىڭلىم ، قايتايلى ، — دېدى قەمبەرخان يۈز - كۆزلىرىدىن شورقىراپ قۇيۇلۇۋاتقان مۇزدەك تەرلەرنى كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن سۈرتكىنىچە ، — ھېلىمۇ سىزنى بىرمۇنچە ئاۋارە قىلىۋەتتىم . بولدى ، سوغۇق شامال كاللامنى خېلىلا سەگىتتى . بىر ئاز ئارام تېپىپ قالغاندەك بولدۇم . پۇرسەت بولسا يەنە كېلەرمىز . قايتايلى .

ئۇلار كەلگەن يولى بىلەن ئارقىسىغا يېنىشتى . قورۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، جىددىيلەشكىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي تورغان ھوشۇر سەلەي بىلەن ئۇچراشتى . ئۇ قەمبەرخاننىڭ زۇلخۇمارغا ئېيسىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، يېنىك تىن ئالدى . ئۇنىڭ سولغۇن يۈزىدە خاتىرجەملىك كۆلكىسى پەيدا بولدى .

— ئايلىنىپ كەلدىڭلارمۇ ؟ — دېدى ئۇ ئىنتىكلا كېلىپ ،

قەمبەرخاننىڭ يەنە بىر قولتۇقىدىن يۆلىگىنىچە، — قانداق، ھېرىپ قالمىغانسىلە ئانىسى؟ تالا - تۈزنى كۆرۈپ، كۆڭلۈڭلار بىر ئاز ئېچىلىپ قالغاندەكمۇ؟

ھاسىراپ تۇرغان قەمبەرخان بېشىنى ئاران لىڭشىتتى. ئۇنىڭ دېمى كېسىلىپ، ئېغىزىغا گەپمۇ كەلمەي قويغانىدى.

— چاققان كىرىپ يېتىۋېلىڭلا، — دېدى ھوشۇر سەلەي سائىتىگە قاراپ قويۇپ، — سىلىگە قاراپ چىقاي دەپ، ئون بەش مىنۇتلۇق رۇخسەت سورىغان. ۋاقتىم توشۇپ قالدى. زۇلخۇمار، ئاچىڭىزنى ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇڭ. ئالدىراش بولمىسىڭىز دورىسىنى ئىچىۋېلىشىغا ياردەملىشەرسىز. ھەي، بۇ خىزمەتنىز....

ھوشۇر سەلەي شۇنداق دېگىنىچە بېشىنى سالغان پېتى ئالدىراش يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يادەك ئېگىلگەن قەددى ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇراتتى.

— بىچارىگىمۇ قېرىلىق يېتىپتۇ، — دېدى قەمبەرخان خۇددى دوك ئادەمدەك ئېڭىشىپ كېتىپ بارغان ئېرىگە قاراپ، — ھەي، بالا دەردى، قىزلىرى ئۈچۈن جېنىنى سېلىپ بېرەتتى، مانا ئەمدى تارتقۇلۇقنى بولۇشىچە تارتىۋاتىدۇ. كېچىلىرى نەچچە قېتىم بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. بىراق، بۇ ئادەمگە يىغلىشىپ بېرىشتىن باشقا مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلىدۇ دەيسىز، سىڭلىم؟ شۇڭا، يوتقاننى چىشلەپ يېتىۋالدىم. ئىسىت، ئىسىت، قانداق چىدامىلىق ئادەم ئىدى بۇ - ھە؟!

قەمبەرخاننىڭ كۆزلىرىدىن يەنە ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. زۇلخۇمار ئۇنى يۆلەشتۇرۇپ ئىككىنچى قەۋەتكە مىڭ بىر قىيىندا ئېلىپ چىقتى. ئۆيگە كىرگەندە، قەمبەرخاننىڭ ئۇزايىدىن شورقىراپ قارا تەر قۇيۇلۇپ كەتكەنىدى.

— سەللىمازا ساقىيىپ بولغۇچە بەك زورۇقمىسىلا بولغۇدەك، — دېدى زۇلخۇمار ئۇنىڭ تەرلىرىنى لۆڭگە بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، — گەرچە تاپانلىرى يەر دەسسىگەن بىلەن يەنىلا ماغدۇرلىرى يوق ئوخشايدۇ. بىر مەزگىل ئوبدانراق كۈتۈنمىسىلە بولمى-

غۇدەك . سۇلايمان كەلسە ئېيتاي ، قۇۋۋەت دورىلىرىدىن ئەكېلىپ بەرسۇن ، ئىچىپ كۆرۈپ باقسىلا ، قەمبەرخاچا .

— بولدى ، سىڭلىم ، كۆڭلىڭىز ماڭا تېگىل بولدى ، ئەمدى ماڭا قۇۋۋەت دورىلىرىمۇ كار قىلمامدىكىن دەيمەن . بولدى ، مۇ- شۇنداق يېتىپ خۇدانىڭ رەھمىتىنى كۈتەي ، خۇدانىڭ ئامانىتىنى تېزرەك ئېلىشىنى كۈتەي . ئۇنىڭدىن باشقىغا چارەم يوق .

— ئۇنداق دېمىسىلە ، قەمبەرخاچا . سىلى سەللىمازا ساقىي- يىپ كېتىدىلا . ئادالەتمۇ قايتىپ كېلىدۇ . ھەممىمىزنىڭ جەم بولىدىغان كۈنلىرىمىز كېلىدۇ . ھەرگىز قالايمىقان خىياللاردا بولمىسىلا .

قەمبەرخان تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن زۇلخۇمارنىڭ ئىسسىق قولىنى چىڭ قىسقىنىچە پەس ئاۋازدا دېدى :

— دېگىنىڭىز كەلگەي ، سىڭلىم . ھەي ، سىلەرنى يەتكۈچە ئاۋارە قىلىۋەتتۇق . سۇلايمان بىلەن ئىككىڭلارنىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقىنى ئۆمۈر بويى قايتۇرۇپ بولالمايمىز . خۇدايىمنىڭ سى- لەردەك قوشنىغا ئېرىشتۈرگىنىگە يۈز مىڭلاپ شۈكرى ، — ئۇ ھاسىرىغىنىچە بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، سۆزىنى يەنە داۋام - لاشتۇردى ، — مېنىڭ ئەمدى ھاياتتا بۇنىڭ نېرىسىغا كۆزۈم يەت- مىدى . مەندىن كۆڭلىڭىز رەنجىگەن يەرلەر بولسا ، رازى بولۇڭ سىڭلىم . مەن سىزدىن ئىككىلا ئالەم رازى . پەقەت بىرلا ئۆتۈنۈ- شۈم بار ، قىز بالا دېگەنگە ئانا بولمىسا بولمايدۇ . رىسالەتنى ھەرھالدا تالاغا چىقارغان بولدۇق . بىراق ، ئۇنىڭ بەختى ئېچىلمى- دى . ھىمىتجان ئۇنى ئۇرۇپ - دۇمبالىمىغان بىلەن قەدرىنى قىلالمىدى . ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن پەقەتلا خاتىرجەم بولالمايمەن . ئادالەتنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىدىن خەۋەر يوق . شاراپەت بولسا كىچىك ، ئەقلىسىزرەك قىز بولىدىغان ئوخشايدۇ . كونىلارنىڭ ، ئادەمنىڭ قورسىقىدىن ئارغامچا بىلەن توقۇناقتىن باشقا ھەممە نەرسە چۈشىدۇ ، دېگىنى راست ئىكەن . بالا دېگەننى تۇغۇۋالىدىكەن- مىز . بىراق ، خۇيىنى تۇغقىلى بولمايدىكەن . مەندىن كېيىن قال-

سا ، ئۇلارنىڭ قانداق كۈن كەچۈرىدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم . قىزلى-
رىمغا ئانا بولۇپ ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويارسىز ، سىڭلىم .
 — ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان بۇنداق گەپلەرنى
قىلمىسىلا ، قەمبەرخاچا ، — زۇلخۇمارنىڭ كۆزلىرىدىن بوراندەك
ياش كەتتى ، — سىلى ساقىيىدىلا ، سەللىمازا ساقىيىپ تۇرۇپ
كېتىدىلا . بىز يەنە بىرقازاننىڭ تامىقىنى بىللە ئولتۇرۇپ يېيىشى-
مىز . بالىلارنى بىللە قاتارغا قوشىمىز . رىسالەتنىڭمۇ كۆڭلىرى
ئىزىغا چۈشىدۇ ، ھىممىتجاننىڭ ئادەم بولىدىغان چاغلىرىمۇ كېلى-
دۇ . رىسالەتنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ : «خوتۇن ، مەندىن
ئۆتتى ، كەچۈرۈڭلار » دەپ گۇناھىنى تىلەيدۇ . شاراپەتنىمۇ ئوبدان
يەردىن لايىق چىقسا ، تالالىق قىلىمىز ، كۆڭۈللىرىنى ھەرگىز
يېرىم قىلمىسىلا .
بەكلا چارچاپ كەتكەن بولغاچقا ، قەمبەرخاننىڭ كۆزلىرى يۇ-
مۇلۇپ كەتتى . زۇلخۇمار ئۇنىڭغا زورلاپ يۇرۇپ دورىسىنى ئىچكۈ-
زۇپ قويغاندىن كېيىن ، يوتقاننى ياخشىلاپ چۈمكىدى . ئارىدىن
ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ يېنىك خورۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . قەم-
بەرخان ئۇيقۇغا كەتكەنىدى . زۇلخۇمار ئۇنىڭ سولغۇن يۇزلىرىگە
قارىغىنىچە ئۆتكەن كۈنلەرنى بىرقۇر كۆز ئالدىغا كەلتۇردى . شۇن-
داق چەبدەس ، هارغاننى بىلمەيدىغان بىر ئايالنىڭ تاغدەك يىقى-
لىپ ، بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى .
قىش كۈنىنىڭ بەرىكىتى يوق . بىردەمدىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ
كەتتى . قورۇ تەرەپتىن ئىشتىن چۈشكەنلەرنىڭ گۇدۇڭلىغان ئاۋا-
زى كېلىشكە باشلىدى . قەمبەرخاننىڭ كىسەللىك چىرماپ ئالغان
تۇرقىغا قاراپ خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان زۇلخۇمار قانداقسىگە
بۇنچە تېز كەچ كىرىپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالغانىدى . ئۇ قۇد-
دۇسجاننىڭ كارىدوردا تۇرۇپ «ئانا » دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى
ئاڭلىدى . ئۇنىڭغىچە قەمبەرخانمۇ ئويغانغانىدى .
 — ئاپىلا ، سىڭلىم ! — دېدى ئۇ ئۇزۇك - ئۇزۇك
ئاۋازدا ، — بالىلار مەكتەپتىن كېلىپ بولغان ئوخشايدۇ . قېشىمدا

ئولتۇرمىغان بولسىڭىز ، ئۇلارنىڭ كېلىشىگە ئۇلگۇرتۇپ ئىسسىق تاماق ئېتىپ قويار ئىدىڭىز . مەنمۇ سىزنى قارىتىپ قويۇپ ئۇخلاپ كېتىپتىمەن . قوپۇڭ ئەمدى ، ئۆيگە چىقىپ بالىلارغا بىرنەرسە قىلىپ بېرىڭ .

زۇلخۇمار ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى . ئۈچ - تۆت قەدەم ماڭغاندىن كېيىن ، كەينىگە بۇرۇلۇپ دېدى :

— قەمبەرخاچا ، كۆڭۈللىرى نېمە تارتىدۇ ؟ مەن شاققىدە ئېتىپ ئەكىرىپ بېرىمەن .

— بولدى سىڭلىم ، ئاۋارە بولماڭ . ھازىرچە ھېچ نەرسە يېگۈم يوق . ھېلى رىسالەت قايتىپ كەلسە ، بىرنېمە قىلىپ بېرەر . تېز چىقىڭ ، قۇددۇسجان ئۆيگە كىرەلمىگەن ئوخشايدۇ .

زۇلخۇمار كارىدورغا چىقتى . قۇددۇسجان كۆل پاقىسىدەك پىرقىراپ ، بىنانى بېشىغا كىيىپ ۋارقىرىماقتا ئىدى . ئۇ ھوشۇر سەلەينىڭ ئۆيىدىن چىقىۋاتقان ئانىسىنى كۆرۈپ ، دومسايغىنىچە يەرگە قارىۋالدى . ئانىسىنىڭ سورىغان سوئاللىرىغىمۇ جاۋاب بەرمىدى .

شۇ كۈنى كېچىسى زۇلخۇمارنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى . ئۇ بىر خىل تەرىزە خورۇلداپ ياتقان ئېرىنىڭ يوتقىنىنى تۈزەشتۈرۈپ قويغاندىن كېيىن ، بىلىكىگە تايىنىپ يېنى بولدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قەمبەرخاننىڭ سولغۇن چىرايى كېزىپ يۈرەتتى ، قۇلاق تۈۋىدە بولسا ، بۇ دۇنيادىن بارلىق ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتكەن ، پەقەت ئەزرائىلنىڭ كېلىشىنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتقاندەك بىر تۇيغۇدا رازىلىق تەلەپ قىلغان ئاۋازى ياڭراپ تۇراتتى . ئۇ ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ بىر چاغقىچە كۆز يېشى قىلدى .

سوغۇق كۈن ساناپ كۈچەيمەكتە ئىدى . سەھەر پەيتلىرىدە شەھەر ئىچى تۇمانلىشىپ كېتەتتى . قويۇق كۆمۈر ئىسى بوخسۇپ تۇرغان كوچىلاردىن ئادەمنىڭ خاتىرجەم نەپەسلىنىپ ئۆتمىكىمۇ تەس ئىدى . چىرىغىنى ياندۇرۇۋالغان كىچىك ماشىنىلار كۈچلۈك

هور پۇرقىغىنىچە ئىرغاڭلاپ مېڭىشاتتى . چويۇندەك قېتىپ كەت-
كەن يول بويلىرىدا توڭلاپ ئۆلگەن مۇشۇك ، توخۇ - كەپتەرلەر
كۆزگە چېلىقاتتى . ئېچىرقاپ كەتكەن ئىتلار بۇ تەييارئولجىلارنى
پۇرايتتى ، بىراق ، يېيىشكە چىشى ئۆتمەيتتى . ئاڭلاشلارغا قارىغان-
دا ، بۇ يىلقى سوغۇقتا جاڭگالغا ئوتۇنغا كىرگەن نەچچە ئوتۇنچى
توڭلاپ ئۆلگەنمىش… بۇ خەۋەر ئەلۋەتتە قەمبەرخاننىڭ يۈرىكىنى
لەختە - لەختە قىلاتتى . چۈنكى ، تۇرالغۇسىنىڭ خەۋىرى يوق
قىزىنىڭ ئەندىشىسىمۇ سوغۇقتىن يامان ئىدى .

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ، ئۇنىڭ ئەھۋالىدىمۇ بىر ئاز
ياخشىلىنىش كۆرۈلگەنىدى . كۆڭلى ئاز - تولا بىرنەرسە تارتىدى-
غان ، ئورنىدىن تۇرسىمۇ ئىلگىرىكىدەك قارا تەرگە چۆممەيدىغان ،
بەزىدە تېخى قورۇغا چىقىۋېلىپ فونتاننىڭ ئەتراپىدىكى گۈللەرنىڭ
قىرو قونغان سامان غوللىرىنى ئاز - تولا تاماشا قىلىدىغان بولۇ-
ۋالغانىدى . قەمبەرخاننىڭ كېسىلىنىڭ بىر ئاز ياخشىلىنىشى بۇ
ئىككى ئائىلە كىشىلىرىنى خېلىلا خاتىرجەم قىلدى . رىسالەتنىڭ
چىرايىدىكى ئەندىشىمۇ تۈگىدى ، زۇلخۇمارنىڭ كۆزلىرىدە لىغىر-
لاپ تۇرىدىغان ياشمۇ قۇرۇدى . هوشۇر سەلەيىنىڭ تاتىراڭغۇ چىرا-
يىغىمۇ قان يۈگۈردى . سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆڭلىمۇ ئەمىن تېپىپ
قالغانىدى .

بىر كۈنى ھەمىت ياسىن ئۆيگە پۇلاڭگىدە ئۇسۇپ كىردى .
قەمبەرخان ئۇنى كۆرۈپ ، پۇت - قولىدا جان قالمىدى . ئۇ ھاسى-
راپ ئورنىدىن تۇردى ۋە تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بۇ كۈي-
ئوغلىغا چاي دەملىدى .

ھەمىت ياسىن پەتنۇستىكى چاينى ئېلىپ ، شىرەدە دوققىدە
قويغاندىن كېيىن ، كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە ئىچىگە تىنىپ ئولتۇ-
رۇپ كەتتى . ئۇنىڭ ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلاۋاتقان ئاتنىڭكىدەك تۇرقىغا
قاراپ ، قەمبەرخاننىڭ ئىچى سىقىلىپ كەتتى . ھەمىت ياسىن بىر
چاغدا كۆزىنى ئاچتى ، بۇ كۆزلەرنى كۆرۈپ ، قەمبەرخان ئەزرائىل-

نىڭ قانىتىنى كۆرگەندەك ئەندىكىپ كەتتى .
ــ بىرە··· بىرەر ئىش بىلەن كىرگەنمىدىلە ، ئوغلۇم ؟ ــ سورىدى ئانا كېكەچلىگەن هالدا .
ھەممەت ياسىن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن ، غۇرتىدە قىلىپ تۇكۇرۇكىنى يۇتتى . ئۇ ئاشۇ تۇكۇرۇككە قوشۇپ دېمەكچى بولغان گەپلىرىنىمۇ يۇتۇۋەتكەندەك قىلاتتى . بەلكىم ، ئۇ ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىدىن ئەمدىلا بوشانغان بۇ كېسەلمەن ئايالغا كۆڭلىدىكىنى دېيىشتىن ئېھتىيات قىلغاندۇ ياكى بولمىسا ئۇنى ئايىغاندۇ . ئىشقىلىپ ئۇ چايىنىمۇ ئىچمەستىن بىرھازا ئۇلتۇرغاندىن كېيىن ، لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ، خوشمۇ دېمەستىن چىقىپ كەتتى . قەمبەرخان ھەممەت ياسىننى ئۇزىتىش ئۈچۈن ئېغىناپ مېڭىپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ، كارىدوردا ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى .
ئۆيگە تۇيۇقسىز كىرىپ ، تاش چىشلىۋالغاندەك بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن چىقىپ كەتكەن ھەممەت ياسىننىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ ، قەمبەرخاننىڭ يۈرىكى قاتتىق سىيلىپ كەتكەندى . ئۇ ھەممەت ياسىن بىلەن رىسالەت ئوتتۇرىسىدا بىر ئىش بولغانمىدۇ ، دەپ غەم غەيتتى . ئۇ ئەندىشىلىك خىياللار بىلەن كەچ كىرگۈچە پەقەتلا تىنچلىنالمىدى . ئۆيئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى . تۇتقان - قويغىنىنى بىلمەيتتى . پەقەت رىسالەت قايتىپ كەلگەندىلا ئېسىگە كەلدى ، پۇت - قولىغا جان پەيدا بولدى .
ــ ئەتىدىن ئېرىنىڭ كىرىپتىكەن ، ــ دېدى قەمبەرخان قىزىنىڭ كۆزىگە قاراپ ، ــ ماڭا دەيدىغان بىر گېپى باردەك ئېغىزىنى ئۆمەللەپ خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ قالدى . كېيىن ھېچ نەرسە دېمەي چىقىپ كەتتى . ئاخشاملاردىن بىرنەرسە دېيىشىپ قالمىغانسىلەر ، قىزىم ؟
ــ بىزنىڭ دېيىشكۈدەك نېمە گېپىمىز بولماقچىدى ، ئانا ؟ ــ دېدى رىسالەت مەيۈسانە ھالدا ، ــ سۇلايمان ئا-

كامدىن باشلاپ ھەممىڭلار مېنى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا قىستىدىڭلار. ھازىر بۇ توينىڭ ماڭا خۇشاللىق ئېلىپ كەلمىگەنلىكىنىمۇ ھەممىڭلار بىلىسىلەر. مەن ئەسلى توي قىلمايمۇ، سىلەرنىڭ ھالىڭلاردىن ئۇبدان خەۋەر ئالالايتتىم. مانا ئەمدى مەندىن ئەنسىرەپ، نېمىمۇ قىلارسىلەر؟

— بىراق، قىزىم، بىزمۇ ساڭا ياخشى بولسۇن، دېدۇق ئەمەسمۇ؟ ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يۇرۇپ ياشلىقى سۇدەك ئېقىپ تۈگىمىسۇن دەپتىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، — قەمبەرخان ئاۋازىنى پەسەيتىپ خۇددى پىچىرلاۋاتقاندەك دېدى، — سۇلايمان ئاكاڭنى قانچە ياخشى كۆرگىنىڭ بىلەنمۇ بىكار، ئۇنىڭ ئائىلىسى بار. بىز زۇلخۇمار ئاچاڭغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلساق ھەرگىز بولمايدۇ. ئۈستۈمدە خۇدا تۇرۇپتۇ، پەرىشتىدەك بىر ئايالنىڭ ئۆيىنى بۇزۇپ، ئۇنى ھىجران ئازابىغا تاشلىغۇچە تىرىكلا گۆرگە كىرىپ كەتكىنىمىز تۈزۈك، قىزىم. ئېسىڭدە بولسۇن، سەن يەنە پەيلىڭدىن يانماي، سۇلايمان ئاكاڭنى چۈشەپ يۇرۇپ، شۇنداق پوقنى يېمەك بولىدىكەنسەن، مەن ئۆلسەممۇ گۆرۇمدە ئۆرە ئولتۇرىمەن. بۇنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت! يەنە بىر گەپ، ھىممىتجانغىمۇ ئاز - تولا كۆڭۈل بېرىپ قوي. ئۇ سېنىڭ سەۋەبىڭدىنلا ھازىرقى يولنى تاللىۋالغاندەك قىلىدۇ. بىز ئۆزىمىز بىلىپ - بىلمەي خەققە ئۇۋال قىلساق، كېيىن ئۇنىڭ دەردىنى تارتىپ قالىمىز. بۇ دېگەن ئۆتنە ئالەم. كىشىنىڭ ھەققى كىشىدە قالمايدۇ، قىزىم. ئەرنىڭ كۆزىدىن ياش ئېلىش ئۇنچە يېنىك گۇناھمۇ ئەمەس. شۇڭا، سەنمۇ ئەمدى تاش چىشلەپ ئولتۇرماي، ئۇنىڭ ھالىغا يەت، بۇنىڭ ساڭا ساۋابى بولىدۇ.

رىسالەت ئانىسىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشتىن قورقۇپ، لام - جىم دېمىدى. قىزىنىڭ ئۈندىمەي تۇرغىنىنى كۆرۈپ، قەمبەرخاننىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئۇ ئىشلارنىڭ ئوڭشىلىپ كېتىشىنى، قىزى بىلەن ھىممىت ياسىنىڭ ئېچىلىپ -

يېيىلىپ يۇرۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى . قىزنىڭ بەختىنى كۆزلىمەيدى-
غان كىم بار دۇنيادا ؟

## 69

بۇگۈن دوختۇرخانىدا جىددىي يىغىن ئېچىلدى . يىغىندا ۋىلا-
يەتتە ئېچىلىدىغان ئاساسىي قاتلام دوختۇرخانىلىرىنىڭ ياش تايانچ
كۈچلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتنىشىدىغانلارنى بېكىتىش مۇ-
زاكىرە قىلىنغاندى . بىرھازا تالاش - تارتىش قىلىش ئارقىلىق
بۇ كۇرسقا رىسالەت بىلەن ئامىنە قاتنىشىدىغان بولدى .

رىسالەت ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن بۇيان مۇشۇ ناھىيىنىڭ سىر-
تىغا چىقىپ باقمىغانىدى . شۇڭا ، ئۇ بىر ئاز ھاياجانلىنىپ تۇراتتى .
ئامىنەنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ئاللىقانداق ئۇچقۇنلار چاچراپ تۇراتتى .
ئۇلار قول تۇتۇشۇپ يىغىن مەيدانىدىن چىققاندا ، كەينىدىن ھەسەت
ئوتلىرى پۇرقۇپ تۇرغان نۇرغۇن كۆزلەرنىڭ قاراپ قالغانلىقىنى
خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمىگەنىدى . بىر كۈنلۈك ئالدىراش تەييارلىق-
تىن كېيىن ، ئۇلار ئاپتوبۇس بىلەن بۇ يەردىن ئۈچ يۈز كىلومېتىر
يىراقلىقتىكى ئۆگىنىش ئورنىغا قاراپ يولغا چىقىشتى . رىسالەت
ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشكە بارىدىغانلىقىنى ئانىسىدىن باشقا ھېچكىمگە
تىنمىدى .

ماشىنا غۇيۇلداپ كېتىۋاتقان ساي باغرىدىكى كۈمۈش لېنتى-
دەك سوزۇلۇپ ياتقان ئاسفالت يولغا قاراپ ، رىسالەتنىڭ ئوقۇشقا
تۇنجى ماڭغان چاغلىرى ئېسىگە كېلىۋالدى . ئۇ چاغدا ئارتۇقچە
غېمىمۇ يوق ، خۇددى يېڭى ئۇچۇرما بولغان قۇش چۈجىسىدەك
ھەممە نەرسىگە تويماي قاراپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرغانىدى . مانا ،
ئارىدىن تالاي يىل ئۆتۈپ كەتتى . ئۇنىڭ مۇشۇ يولدا كېتىۋېتىپ
كۆڭلىگە پۈككەن تالاي ئارمىنى كۆپۈككە ئايلاندى . ئارزۇ - ھە-
ۋەسلىرى ئالۋۇندەك يوققا چىقتى . ئەمدى قالغىنى بوران گۇركى-
رەپ تۇرغان سايغا ئوخشاش تاپتاقىر كۆڭۈل ! ئۇ يەردە ھېچقانداق

ئۆسۈملۈكمۇ ئاينىمىغان ، ئۈمىدمۇ يوق .خۇددى ھاياتنى كىم ئۈچۈندۇر ياشاپ بېرىۋاتقاندەك ... جاھاندا ئارزۇ ـ ھەۋەسسىز ياشىماق نېمانچە تەس؟ قەلبىڭدە ئۆزۈڭگە تەۋە ھېچقانداق نەرسەڭ- نىڭ بولماسلىقى نېمانچە قورقۇنچلۇق؟ ئۆزۈڭ تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەن روھنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش نېمانچە مۇشكۇل؟ ئەتراپىڭدا بىرمۇنچە ئادەم لاغايلاپ يۈرسىمۇ ، ھەتتا يوتقىنىڭنىڭ ئىچىدە بىر- سى خورەكنى بولۇشغا تارتىپ ئۇخلاپ ياتسىمۇ ، ئۆزۈڭگە تەۋە بىرەر يېقىن ئادىمىڭنىڭ بولماسلىقى نېمىدېگەن ئازاب ! ھەي خۇ- دا ، بۇنداق كۈنگە قويغۇچە يا جانىنى ئال ، ياكى بەختىنى بەر !

ناۋادا ئادەممۇ ماشىنىغا ئوخشاش بارلىق دەرد ـ ئەلەمنى كەينىگە تاشلاپ كېتەلىگەن بولسا ، قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە ! ئاردىن تالاي يىل ئۆتتى ، سۇلايمان قاسىم بىلەن ئىشىمنىڭ ئايد- غى چىقمايدىغانلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم . شۇنداق تۇرۇپ مەن نېمىشقا باشقا بىرىگە كۆڭۈل بېرەلمەيمەن؟ مانا ، ھىممەت ياسىن بىلەنمۇ توي قىلدىم ، لېكىن نېمىگە ئېرىشتىم؟ پۈتمەس ـ تۈگى- مەس قايغۇ ـ ئازاب ۋە مۇشۇ تاقىر ساي قوينىدا ياتقان تاشتەك يالغۇزلۇق ! ھىممەت ياسىن بەلكىم تاش بولۇپ قاتقان كۆڭلۈمنى قانداق ئېرىتىشنى ، مەندەك مۇھەببەت چۆلىدە تىكەندەك يالغۇز قالغان بىر قىزغا قانداق ھەمراھ بولۇشنى بىلمىگەندۇ؟ كىچىكى- دىن ئاتا ـ ئانا تەربىيىسى كۆرمىگەن ، ئۆز يۈرىكىنى ئۆزى تىڭشاپ يۈرۈپ چوڭ بولغان بىر ئادەمنىڭ بۇنداق ئىنچىكە تەرەپلەرنى ئويلاپ يېتەلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئادالەتنىڭ دەردىمۇ يامان بولۇۋاتى- دۇ . ئاتا ـ ئانام مۇشۇ ئىش تۈپەيلى تۈگىشىپ كەتمەكتە . ئەلۋەت- تە ، ئۇلارنىڭ ھالىنىڭ خاراب بولۇشىدا مېنىڭمۇ سەۋەبلىكىم بار . ھېچبولمىسا مېنىڭ بولسىمۇ بەخت گۈلۈم ئېچىلغان بولسا ، ئۇلار- نىڭ غەملىك كۆڭلى بىرئاز بولسىمۇ تەسكىن تېپىپ قالماسمىدى؟ بىراق ، مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلىدۇ؟ بۇ ساراڭ كۆڭۈلگە نېمە چارە؟ مەن باشقىچە بولالمايمەنغۇ ئاخىر !

ماشىنا بىر خىل سۈرئەتتە غۇيۇلداپ كېتىپ باراتتى ، رىسا-

لەتىنىڭ خىياللىرىمۇ ماشىنا سۈرئىتىدىن قېلىشمىغان ھالدا چاپاتتى . بۇنداق جىمجىتلىقتىن ئىچى سىقىلغان ئامىنە ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتتى .

— رىسالەت دوختۇر ، بەكلا غەمكىنغۇسىز ؟ نېمە بولدى ؟ خۇددى تۈگىمەس دەرد - ئەلەمگە مۇپتىلا بولغان ئادەمدەك مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ ؟ سىز دېگەن دوختۇر ، كىشىلىك تۇرمۇشتا بىلمەيدىغىنىڭىز يوق ، ئادەم بەك غەمكىن بولۇپ كەتسە ئاسان قېرىپ كېتىدۇ . ماڭا قاراپ بىر كۈلۈڭا ، ھەي ، شەھەرگە ماڭغان ئادەم دېگەن ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرماي غورا يېگەن تازدەك قوشۇمىڭىزنى تۈرۈۋالامسىز ؟ ياكى ئۇ يەردە قانداق ئويناشنى پىلانلىيالماي ئىچىڭىز پۇشۇپ كەتتىمۇ ؟

— نېمە بولغىنىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن ، — دېدى رىسالەت ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ ، — ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ تۈگىمەس خىياللارنى كاللامدىن چىقىرىۋېتەلمىدىم .

— سىزنى شۇنداق پاراكەندە قىلىۋاتقان نېمە خىيال بۇ ؟

— ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن .

— توۋا دەڭا ، — ئامىنە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ، — كۆڭۈلدىكى خىيالنى كاللىسى بىلمەيدىغانمۇ ئىش بولامدۇ ؟ سىز قەستەن مەندىن يوشۇرۇۋاتىسىز . ماڭا قاراڭ ، مەنمۇ يېقىندا ئېرىمدىن ئاجراشتىم ، بۇنى ھېچكىمگە بىلىندۇرمىدىم . ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ دېگەن ھەممىلا ئادەمگە جاكارلاپ يۈرىدىغان ياخشى ئىشمۇ ئەمەس - دە . پەرۋايىمغا ئالمىدىم . بىز ئاياللار قېرىپ كەتسەك ، ياشلىقىمىزنى — گۈلدەك چېغىمىزنى ھېچكىم قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ . شۇڭا ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئاسرىمىساق بولمايدۇ . ھە راست ، باشقىلاردىن ئاڭلىسام ، سىزنىڭ ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان بىر ساۋاقدىشىڭىز بارمىشقۇ ؟ خېلى يوغان ئەمەلدار دەيدۇ ، شۇنداقمۇ ؟

— ھەئە ، ئالىمجان ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشىم بار . سەھىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىكەن .

— مانا قاراڭ، تاغدەك يۆلەنچۈكىڭىز تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانماي يۈرگىنىڭىز نېمىسى؟ باشقىلار بارغۇ پىرىم كېسەكچىلىك تونۇش تاپسا، ھەرنېمە قىلىپ بولسىمۇ بىنا قوپۇرىدۇ. ئاشۇ ساۋاقدىشىڭىزغا دەپ ۋىلايەتكە يۆتكىلىپ كەتسىڭىز بولمامدۇ؟

— ۋىلايەت بىلەن يۇرتىمىزنىڭ نېمە پەرقى بار ئاممىنە؟ نەدە بولساق، كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن قىلىمىزغۇ؟

— ئەلۋەتتە پەرقى بار، — دېدى ئاممىنە ماشىنا دېرىزىسىدىن بوزىرىپ ياتقان كۆرۈمسىز ساي باغرىغا كۆز تاشلىغىنىچە، — نېمىلا دېگەنبىلەن چوڭ يەرنىڭ شارائىتى باشقىچە بولىدۇ. ئادەملىرىمۇ مەدەنىي، پاكىز، بىزگە ئوخشاش ئۇستۇۋېشىدىن توپا قۇيۇلۇپ يۈرمەيدۇ. چوڭ يەردە ئىشلىگەن ئادەمنىڭ ئىناۋىتىمۇ چوڭ بولىدۇ. ۋىلايەتتە ئىشلىسىڭىز، خەقلەر سىزنى ئېشەككىنىمۇ داۋالىيالمايدىغان ئالۋاستى دەپمۇ تىللىيالمايدۇ. تېخى ئىشتىن سىرت بىرسىنىڭ دوختۇرخانىسىدا ئىشلەپ بەرسىڭىز، مۇشۇ قابىلىيىتىڭىز بىلەن باغلام - باغلام پۇلمۇ تاپالايسىز.

— بولدى قويۇڭا، — رىسالەت تازا بىر كېرىلىپ ئەسنەپ قويدى، — ئاتا - ئانام ياشىنىپ قالدى، كۆزىنىڭ ئۇچۇقچىلىقىدا خىزمىتىنى قىلىپ، ھالىدىن خەۋەر ئالمىسام بولمايدۇ. يەنە تېخى ھېلىقى مۆرىمەس ئېرىممۇ بار. ئۇنى…

— ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى سۇ، قاچىسىدىكى ئاش بولالمىغان ئۇنداق لىكتاسىملارنى كونا كەشنى تاشلىغاندەك چۆرۈۋېتىش كېرەك. مانا، مەنمۇ ئاجرىشىۋىدىم، تېرىلىرىم كېڭىيىپ شۇنداق يېنىكلەپ قالدىم. ئەمدى نېمە قىلساممۇ ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارى، ئاقساقال بولىدىغان، كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ھەممىلا ئىشىمنى ماراپ يۈرىدىغان ئادەممۇ يوق. ئۆزۈمگە ئۆزۈم بەگ بولۇپ، شۇنداق يايراپ كېتىۋاتىمەن.

رىسالەت ئۇندىمەي بىرپەس ئولتۇردى. دېمەككە ئاسان بولغان بىلەن ئەمەلدە كۆرسىتىش بەكمۇ تەس. ئۇ ئىش رىسالەتنىڭ قولىدىن ھەرگىز كەلمەيتتى. ھىممەت ياسىن بىلەن قاملىشالماسلىق-

ىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبكارى رىسالەتنىڭ ئۆزى تۇرسا، ئۇنىڭدىن ئاجراشقان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئامىنە ئېيتقاندەك ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇپ كېتەلىشى ناتايىن. سۇلايمان قاسىم بىلەن بولغان ئىشنى بولسا ئۇ مەڭگۇ كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمەيدۇ.

— سىزنىڭ يۆتكەلگۈڭىز بولمىسا، مەن ئۇچۇن يول مېڭىشىپ بېرەمسىزيا؟ — بىر چاغدا ئامىنەنىڭ ئەركىلىگەندەك تەلەپپۇزدا دېگەن بۇ گېپى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى، — مېنىڭ مۇشۇ نەس باسقان يەردىن بىر غېرىچ بولسىمۇ يىراق كەتكۈم بار. چوڭ شەھەردە كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىپ يۈرۈپ ئىشلىسەم دەيمەن.

— سىز نەگىلا بارماڭ، بەرىبىر ئامىنە، مۇھىت ئالماشتۇرغىنىڭىز بىلەن باشقىچە بولۇپ كېتىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس. تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز دەيتىكەن. كۆنگەن يەرگە نېمە يېتىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز بىزار بولغان يەر بىزنىڭ كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن يۇرتىمىز تۇرسا، باشقا يەرلەر ھەرقانچە ياخشى، شارائىتى ھەرقانچە ئەۋزەل بولسىمۇ، سىزنى ئۆز قۇچىقىغا ئانا يەردەك سىغدۇرۇپ كېتەلەرمۇ؟

ئامىنە ئۈندىمىدى. ئارىنى بىرپەس جىمجىتلىق ئۆز ئىلكىگە ئالدى.

— بۇ قېتىم چوڭ شەھەردە ئوبدانراق ئويناپ، كۆڭۈلنى تازا بىر ئېچىپ كېلەيلى، رىسالەت دوختۇر، — دېدى ئامىنە كۈلۈپ تۇرۇپ، — دوختۇرخانىدىكى نۇرغۇن ئاياللارنىڭ كۆزى قىزىرىپ، ھەسەتتىن ئىچى ئاداپ كېتىشتى. شۇنىڭغا يارىشا ئويناپ كۈلۈپ، گۈلدەك ئېچىلىپ بارمىساق بولمايدۇ. بەلكىم بۇ ئۆگىنىشكە ئەرلەرمۇ كەلگەندۇ. كۆڭۈلگە ياققۇدەكلىرى بولسا، شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈپ كېلىشىمىزمۇ مۇمكىن. قانداق دېدىم؟

رىسالەت ئۇنىڭغا قاراپ ئاچچىق كۈلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى چايقاپ قويدى. ئۇنىڭ بەكلا ئۇيقۇسى كەلگەنىدى.

كۈن قايرىلغاندا ماشىنا ئاخىر شەھەر ئەتراپىغا كىرىپ كەل-

ندى . يول بويلىرىدىكى يوپۇرماقسىز دەل ـ دەرەخلەر ، تۇرخۇنلى-
رىدىن كۆتۈرۈلگەن قاپقارا ئىس ئېرىنچەكلىك بىلەن ئاستا ـ ئاستا
يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان ئۆيلەر ، قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ مەڭ-
رۇر كېتىۋاتقان مەپە ئاتلىرى ، سوغۇقتىن دۈگدىيىپ ، قىزىرىپ
كەتكەن قولىنى هورداۋاتقان بىكار تەلەپلەر ... شەھەر مەركىزىگە
يېقىنلاشقانسېرى بۇ مەنزىرىلەر ئېگىز ـ ئېگىز بىنالارغا ئالمىشىپ
بارماقتا ئىدى . كوچىلاردىكى قوڭغۇزدەك ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان
كىچىك ماشىنىلار ئەنسىز سىگنال بېرىشەتتى . لىققىدە ئادەم قاچى-
لاپ كېتىۋاتقان كوچا ئاپتوبۇسىنىڭ دېرىزىلىرى كىشىلەرنىڭ تى-
نىقىدىن قېلىن مۇز تۇتقان ، ئىچىدىكى ئادەملەر قارا ـ قۇرا
بىر نەرسىلەر بولۇپ كۆرۈنەتتى . شىۋىرغاندىن بەلگە بېرىپ تۇرغان
ئىچىدە بىنالار تولىمۇ مىسكىن كۆرۈنەتتى . پىيادىلەر يولىدا ئۆز
تىرىكچىلىكى ئۈچۈن پالاقلاپ يۈرگەن ئادەملەر تېز ـ تېز مېڭىشات-
تى .

ئاپتوبۇس بېكەتكە كىرىپ توختىدى . رىسالەت بىلەن ئامىنە
نەرسە ـ كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ بېكەتتىن چىقىشقا ئۆلارنى بىر
توپ تاكسىچىلار ئورىۋېلىشتى .

ـــ خېنىم ، سەپەر قاياققا ؟ قېنى ماشىنىغا چىقسىلا ، غاچچىدە
ئاپىرىپ قويىمەنيا .

ـــ مېنىڭ ماشىنامنى كۆردىلىمۇ خېنىم ؟ پەچەت ماشىنا بۇ .
مېڭىپ كېتىدىغان بولسا ، كەينى چاقى ئالدى چاقىغا ھەرگىزمۇ
يېتەلمەيدۇ . قېنى ، لىككىدە ئولتۇرۇپ بەرمەملا ؟

ـــ ماۋۇ ماشىنىغا چىقسىلا ھەرقايسىلىرىنى ماشىنا ئەمەس ،
مەن كۆتۈرۈپ ماڭغاندەك راھەتتە ئولتۇرىدىلا . قېنى ، ھېرىپ
كەلگەندە ، بىر راھەتلىنىۋالمامدىلا ؟

بۇ تېتىقسىز گەپ ـ سۆزلەردىن جىلە بولغان رىسالەت ئامىنە-
نىڭ قولىدىن تارتقىنىچە بىر چەتتە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ياشقىنا
بىر بالىنىڭ ماشىنىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى . بۇنى كۆرۈپ تاكسى-
چىلارنىڭ ھاياسىز كۈلكىسى ئەتراپنى بىر ئالدى .

— خانىملارغا يەنىلا تازنىڭ ئەرزىدى . ۋاي بۇ چوكانلارنى...
رىسالەت ماشىنىغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن ، رولنى ئايلاندۇ-
رۇپ ئولتۇرغان بالىنىڭ بېشىغا قارىدى ، دېگەندەك دوپپىنىڭ
تېگىدىن ئۆچكە چۇپۇرىغا ئوخشاش شالاڭ چاچلار بىلەن مىس-
تەك قىپقىزىل چىقىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ خىيالىغا كوند-
لارنىڭ ، «تاللاپ - تاللاپ تازغا ئۇچراپتۇ» دېگەن تەمسىلى كەلدى
ۋە ئامىنەگە قارىغىنىچە كۈلۈپ تاشلىدى . ئىككى ئايالنىڭ قاقاقلاپ
كۈلگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، شوپۇر بالا ھەيران بولغىنىچە كەينىگە
قاراپ قويدى .
ئۇلار سەھىيە مېھمانخانىسىغا كەلگەندە ، كۈمۈش لېگەندەك
سۇس پارقىراپ تۇرغان قۇياش ئالىقاچان تاغ كەينىگە يوشۇرۇنغا-
نىدى . ئۇلار ئالدىراپ تىزىملىتىش رەسمىيىتىنى ئۆتىدى ۋە ياتاققا
ئورۇنلاشتى . ئىككى كىشىلىك پاكىز سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ، تې-
گىگە گىلەم سېلىنغان چاققانغىنا بۇ ياتاقنىڭ مۇنچىسى بار ئىدى .
ئامىنە مۇنچىغا كىرىپ سۇنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ، پى-
خىلداپ كۈلگىنىچە رىسالەتنىڭ بېقىنىنى چىمدىدى :
— ھەي رىسالەت دوختۇر ، كارىۋات يۇمشاق ، سۇ ئىسسىق
ئىكەن ، ئەمدى بىزگە نېمە كەم؟ شۇ تۇرقىدا نېمە قىلىمىز؟
— يۇيۇنۇپ - تارىنىپ بولغاندىن كېيىن ، كەچلىك تاماق
يەيمىز . ئۇنىڭدىن باشقا نېمىمۇ قىلاتتۇق؟
— بىكاردىن - بىكارغىلا يۇيۇنامدۇق؟ شەرتىنى ھازىرلاپ-
راق ، بىرنەرسە قىلمامدۇق؟
رىسالەت ئۇنىڭ بېقىنىنى چىمداۋاتقان قولىنى ئىتتىرىۋەتتى .
— ھېلىتىن دىغراپ كەتتىڭىزمۇ ئامىنە؟ بولمىسا ھېلىقى
تازنى چاقىرىڭ ئەمىسە .
— ئەمەلىيەتتىمۇ تازنىڭ ياخشى دەيدۇ ، بىرسىدىن «گۆش
يېسەڭ غازنىڭكىنى ، ئوينىساڭ تازنىڭكىنى» دەپ ئاڭلىغانىدىم ،
تاز بىلەن بىللە بولسا پەيزى بولارمىش...
ئامىنە قاقاقلاپ كۈلگىنىچە نەرسە - كېرەكلىرىنى رەتلەشكە

تۇتۇندى .

ئەتىسى ئەتىگەن مېھمانخانىنىڭ چوڭ يىغىن زالىدا ئۇقۇش باشلاش مۇراسىمى ئېچىلدى . يۈزدەك كۇرسانت بىر ـ بىرىگە يېتىرقاش نەزىرىدە قاراپ قويۇپ رەتلىك ئولتۇراتتى . بىر چاغدا ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى مۇنبەردىن ئورۇن ئېلىشتى . يىغىن باشقۇرۇۋاتقان ئالىمجاننى كۆرۈپ ، رىسالەتنىڭ خىيالى چېچىلدى . ئالىي مەكتەپتە ئۆتكەن كۈنلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈشكە باشلىدى . ئاشۇ چوڭ زال ، ئۇ يەردە ئۆتكۈزۈلگەن تانسا ، بېزەكلىك بىلەن قىزلارغا تاشلىنىپ تۇرغان تاھىر ، ئۇنى ئەدەپ بىلەن پىرقىرىتىپ يەڭگىل تانسا ئويناۋاتقان ئالىمجان ... رىسالەت تۇيۇقسىز ئاشۇ قېتىمقى تانسىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ بىرەرسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ سورۇندا پىرقىراپ باقمىغىنىنى ھېس قىلدى . ئۇنىڭ چىشى چىقىپ ئوينىغان تانسىسى شۇ بىر قېتىم ئىدى .

يىغىن ئالاھازەل ئىككى سائەتتەك داۋام قىلدى ؛ مۇراسىمدىن كېيىن كۇرسانتلار رەھبەرلەر بىلەن كوللېكتىپ رەسىمگە چۈشىدىغان بولدى . يىغىن زالىنىڭ ئالدىدىكى كەڭرى مەيدانغا بىر رەت ئورۇندۇق تىزىلىپ ، ئۇلارغا رەھبەرلەرنىڭ ئىسمى يېزىلغان قەغەزلەر چاپلاپ قويۇلغانىدى . رىسالەت پاتىپاراقچىلىقتا نېمە قىلاردىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى . ھەممەيلەن رەھبەرلەر بىلەن رەسىمگە چۈشۈشنىڭ خوشلۇقىدا بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ ، سەپنىڭ ئالدىنى تالىشاتتى . ئامىنەمۇ رەھبەرلەرنىڭ كەينىدىكى بىرىنچى رەتكە كېلىپ ئۈلگۈرگەنىدى . بىر چاغدا رىسالەت بىر تونۇش ئاۋازنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى . سەپنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرغان ئالىمجان ئۇنى ئۆز يېنىغا چاقىرغانىدى .

— رىسالەت ، بۇياققا كېلىڭ ، بۇ يەردە بوش ئورۇن بار ، قېنى كېلىڭ ، تېز بولۇڭ .

رىسالەت خۇددى بىر غايىب قول ئۆزىنى تارتىپ كېتىۋاتقاندەك ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئالدى رەتكە باردى . ئالىمجان ئۇنى

ئىسىم يېزىلمىغان بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ قويغاندىن كې-
يىن ، ئۆزىنىڭ ئورنىغا كەتتى . چىراغىنىڭ پاس - پۇس قىلىپ
بىرنەچچە قېتىم چاقنىشى بىلەن كۇرسانتلار تەقەززا بولغان رە-
سىمگە چۇشۇش ئاخىرلاشتى . ھەممەيلەن ئۇۋۇسى بۇزۇلغان چۇمۇ-
لىلەردەك سەپنى بۇزۇشقىنىچە كۆڭلى تارتقان تەرەپلەرگە مېڭىش-
تى . ئامىنە رىسالەتنىڭ يېڭىدىن تارتتى :

— سىزنى چاقىرغان ھېلىقى باشلىق ساۋاقدىشىڭىز شۇمۇ ؟

— ھەئە .

— سىزگە بەكمۇ ھەۋەسىم كېلىۋاتىدۇ ، — دېدى ئامىنە تا-
ماقلىرىنى چاكىلدىتىپ ، — نېمىدېگەن سالاپەتلىك ، نېمىدېگەن
قاملاشقان ئادەم بۇ ؟ بۇ قېتىم سىز تازا ئېچىلىپ ، پۇخادىن بىر
چىقىۋالىدىغان بولدىڭىز…

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ ؟ — رىسالەتنىڭ غۇززىدە ئاچچىقى
كەلدى ، — مەن كىمنى كۆرسەم ئېچىلىپ ، پۇخادىن چىقىدىغان
ئادەمما ؟ بىلىپ قويۇڭ ، بىز دېگەن ئادەتتىكى ساۋاقداش ، يەنە
كېلىپ ئۇ مەندىن بىر يىل بۇرۇن ئوقۇش پۈتتۈرگەن . سىز
دېگەندەك ئىش قەتئىي مەۋجۇت ئەمەس . ھەي ئامىنە ، سىز ھە
دېسە شۇ گەپتىن باشقىنى قىلمايدىكەنسىز . ئۇيالسىڭىز بولمامدۇ ؟

— مېنىڭ مۇشۇ ئېغىزىمنىزە… — ئامىنە قولىنىڭ كەينى
بىلەن ئېغىزىغا بوشقىنا بىرنى ئۇرۇپ قويدى ، — بولدى رىسالەت
دوختۇر ، مەن چاقچاق قىلدىم . قاراڭ ، ئۇ ساۋاقدىشىڭىز بىز
تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ .

ئىش - كۇشلىرىنى تۈگەتكەن ئالىمجان تېخىچە تاراپ بولال-
مىغان ئادەملەر ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ ، ئۇلارنىڭ
ئالدىغا كەلدى .

— قانداق رىسالەت ، تىنچلىقمۇ ؟ ئۆيدىكىلەر ئوبدان قالدى-
مۇ ؟ ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالىچۇ ؟ بۇ يەرگە قاچان كەلدىڭىز ؟

— ھەممىسى ئوب… ئوبدان تۇردى . يۇ… بۇ يەرگە تۈنۈگۈن
كەچ چۈشتۇق ، — رىسالەت بىرئاز قىزارغىنىچە دۇدۇقلاپ جاۋاب

بەردى .

— تۈنۈگۈن كەلگەن ئادەم دېگەن تېلېفون ئۇرمامدۇ مۇنداق؟ — دېدى ئالمجان بىرئاز رەنجىگەندەك قىلىپ، — مەن تېخى سىزنى بۇ قېتىم كەلمەيدىغۇ دەپ ئويلىغان . ئەتىگەن كۆرۈپ ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم ، — ئۇ سائىتىگە قاراپ قويغاندىن كېيىن ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — مۇنداق بولسۇن ، سىز ھازىر ئارام ئېلىپ چۈشتىن كېيىن دەرسكە قاتنىشىۋېرىڭ ، سىزنى كەچتە كۈتۈۋالىمەن . نەچچىڭلار كەلدىڭلار؟

— مۇشۇ ئىككىمىز ، — دېدى رىسالەت تىلى تاڭلىيىغا چاپلىشىپ قالغاندەك بەكمۇ تەسلىكتە ، — بۇ خىزمەتدىشىمنىڭ ئىسمى ئامىنە . بىر ياتاقتا چۈشتۇق .

— ئوبدان بوپتۇ ، قالغان گەپنى كەچتە دېيىشىۋالىمىز . مېنىڭ بېجىرىدىغان يەنە ئازراق ئىشىم بار . ئەمىسە شۇنداق بولسۇن . ياتاق نومۇرۇڭلار قانچە؟

— 205 ، — ئامىنە ئالدىراپ جاۋاب بەردى .

— ئەمىسە كەچ سائەت ئالتىدە مەن سىلەرنى ياتىقىڭلاردىن تېپىۋالاي . شۇ يەردە كۆرۈشەيلى .

ئالمجان گېپىنى تۈگىتىپ ئالدىراش كېتىپ قالدى . ئامىنە ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن ، رىسالەتنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى :

— بۇ ساۋاقدىشىڭىزنىڭ ھەقىقەتەن ئەمەلدارلىق سۈرى باركەن ، ئىشلارنىمۇ شۇنچە كەسكىن بېجىرسە كېرەك . قاراڭا ، ئالدىراش مېڭىشلىرىنى ، ھەي ، ئەمدى ئوبدان بولدى . سىزنىڭ باھانىڭىزدە ئويناپ ـ كۈلۈپ ، زىياپەتكە قاتنىشىپ زېرىكمەيدىغان بولدۇم .

رىسالەت ئۇنىڭغا مەنىسىتمىگەندەك قاراپ قويدى . ئۇلار لام ـ جىم دېيىشمەستىن ياتاققا قايتىپ كىرىشتى .

چۈشتىن كېيىنكى دەرسمۇ ئىككى سائەتتەك داۋام قىلدى . شەھەر دېگەندە كۈننىڭ پەقەتلا بەرىكىتى بولمىسا كېرەك ، سائەت

بەش بولماستا ئەتراپقا گۆگۈم پەردىسى يېيىلىشقا باشلىدى . تۇتەك-لىشىپ تۇرغان ئاسمان نەشىسى قالمىغان بەڭگىدەك قاپقىنى سې-لىپ تۇراتتى . رىسالەت ياتاقتا بېكىنىۋېلىپ ئەينەك ئالدىدا سائەت-لەپ ئولتۇرۇپ ئۆزىگە تۇجۇپىلەپ گىرىم قىلىۋاتقان ئامىنەگە قاراپ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى . دېمىسىمۇ ئامىنە بەئەينى سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزمەكچى بولغان ئارتىستەك گىرىم قىلىۋالغانىدى . ئۇنىڭ قېنىق بويىغان لەۋلىرى ، ئەترىنى بولۇشىغا چاچقان پۇزۇر كىيىملىرى ، يىلىم بىلەن قاتۇرۇپ ، بىر چەتكە سەل قىيپاچ قىلىپ ياسىۋالغان ئاتىنىڭ تۇكىدەك قىزغۇچ چاچلىرى ، يۇزماي بىلەن ئاقارتىلغان چىرايى ئادەمگە يېڭىلا رېمونت قىلدۇرۇلغان ئۆيدەك تەسىرات بېرەتتى . ھەر قېتىم كۈلگەندە ، چىشلىرىغا يۇ-قۇپ قىپقىزىل لەۋ سۇرۇخ پارقىراپ كۆرۈنەتتى .

— چىشلىرىڭىزنى سۈرتۈۋېلىڭ ! — دېدى رىسالەت قوپاللىق بىلەن ، — بەئەينى بازارغا تۇنجى كىرگەن سەھرالىق قىزلاردەك ياسىنىۋالغىنىڭىزنى قاراڭ . سىز ئۇ يەرگە ئەرگە تەگكىلى ئە-مەس ، بىر ۋاخ تاماق يېگىلى بارىسىز ، ئامىنە ، نېمىگە ئۇنچە ياسىنىپ كېتىسىز ؟ سىزنى بۇ ھالدا كۆرگەن ئادەمنىڭ خىيالىغا باشقىچە ئوي كېلىپ قالىدىكەن . ئۆزىڭىزنى باشقىدىن تۇزەشتۇرۇپ چىقىڭ .

— قانداق ئوي كېلىدىكەن ؟ — قىزىقىپ سورىدى ئامىنە .

— خۇددى پاھىشىدەك...

— ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ، ئامىنەنىڭ چىرايى بىرئاز ئۆزگىرىپ ۋە دېدى :

— تۇزۇك گەپ قىلىسىڭىزچۇ ، رىسالەت ! مۇشۇمۇ سىز دەي-دىغان گەپمۇ ـ ھە ؟ «يېغى ياندىن قوپار ، بالا قېرىنداشتىن» دېگەندەك ، سىزنىڭ ئېغىزىڭىزدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، بەكمۇ ئاچ-چىقىم كېلىۋاتىدۇ .

— ئەينەككە ئوبدانىراق بىر قارىسىڭىزلا ، مېنىڭ ئاشۇرۇۋەت-مىگەنلىكىمنى بىلىپ قالىسىز ، ئامىنە . ئۆزىڭىزنى مەن دېگەندەك

تۈزەشتۈرۈۋېلىڭ ، بولمىسا خەقنىڭ كۈلكىسىگە قالىسىز . ئايال كىشى دېگەنگە گىرىمنى بەك قېنىق قىلىۋەتسىمۇ ياراشمايدۇ . ھەر نەرسىنىڭ نورمال بولغىنى ياخشى .

بىر چاغدا ئىشىك چېكىلدى . رىسالەت ئىشىكنى ئاچتى . كارىدوردا ئالىمجان كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى .

— تەييار بولدۇڭلارمۇ ؟ — ماشىنا پەستە ساقلاپ قالدى . تېزرەك چۈشۈڭلار - ھە ! — ئالىمجان شۇنداق دەپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى .

رىسالەت بىلەن ئامىنە بىنادىن چىقىپ كەلگەندە ، ئالىمجان ماشىنىنىڭ يېنىدا ئۇلارنى كۈتۈپ تۇراتتى . جىگەر رەڭلىك يېپيېڭى سانتانانى كۆرگەندە ، ئامىنەنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى .

— ساۋاقدىشىڭىزنىڭ ماڭا ئاشمايدىغانلىقى ئېنىق ، — دېدى ئۇ رىسالەتنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ ، — بولدى ، ئۇنى مەنمۇ تالدىشىپ يۈرمەي ، ئەمما شوپۇرى مېنىڭ ، قانداق قىلىپ بولمىسۇن ، ئۇنى قولغا كەلتۈرىمەن .

— تولا مازلاشمىسىڭىزچۇ ؟ — رىسالەتنىڭ كەيپى ئۇچتى ، — سىزنىڭ بۇنداق شاللاق ئايال ئىكەنلىكىڭىزنى ئويلىماپتىمەن . ئادەم دېگەن ئۆز قەدرى - قىممىتىنى ساقلاشنى بىلىشى كېرەك . نېمە ئۇ كەلتۈرىمەن دېگەن ؟ مۇشۇنداق پەلپەتىش گەپلەرنى دېيىشتىن ئۇيالسىڭىزچۇ !

ئۇلار بىر - بىرى بىلەن پىچىرلاشقاچ ماشىنىنىڭ يېنىغا كېلىشتى . ئالىمجان كۈلۈمسىرىگىنىچە ئەدەپ بىلەن ئۇلارغا ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەردى . ئامىنە ئالدىراپ ماشىنىغا چىقتى ۋە رولنى تۇتۇپ ئولتۇرغان توپتەك سېمىز ، يۈزى مۇدۇر - چوقۇر ئالاگەدەن شوپۇرنى كۆرۈپ ، سەل ئۇمىدسىزلەنگەندەك تىلىنى چىقىرىپ قويدى . رىسالەتمۇ ماشىنىغا چىقتى ۋە شوپۇرنى كۆرۈپ ، ئۆزىنى كۈلكىدىن تەستە بېسىۋالدى . ئامىنە قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋالغانىدى .

ماشىنا سىلىق قوزغىلىپ ، سەھىيە مېھمانخانىسى قورۇسى-

دىن چىقتى ـ دە ، چوڭ يولنى بويلاپ مېڭىشقا باشلىدى . ئالىمجان قول تېلېفونى بىلەن كىمدۇر بىرسىگە تېلېفون بەردى :
ــ ئەمىسە بىز ماڭدۇق ، «دەۋران» دا كۆرۈشەيلى ، هايال قالماڭ ـ هە !
كوچا چىراغلىرى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇرغان كەڭرى ئاسفالت يوللار ، يول بويلىرىدىكى زىننەت چىراغلىرى بىلەن بېزەلگەن ئېگىز بىنالار ، ماگىزىنلاردىن يۇقىرى ئاۋازلىق كانايدا قويۇۋېتىلگەن گۈلدۈر ـ غالاپ ناخشا ـ مۇزىكىلار ، شەهەرنىڭ تېخى بېسىقىشقا ئۈلگۈرمىگەن كەچكى شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى ئادەمنىڭ مەيلىنى تارتاتتى . ماشىنا شەهەر يوللىرىدا بىر هازا ماڭغاندىن كېيىن دوقمۇشتا ئالىيېشىل چىراغلار بىلەن بېزەلگەن يوغان ۋەۋىسكىسى بار بىر رېستوراننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . رېستوران ئالدىدا توختاپ كەتكەن هەررەڭ ـ سەررەڭدىكى كىچىك ماشىنىلارغا قاراپلا ، بۇ يەرنىڭ مۇشۇ شەهەردىكى ئەڭ كاتتا رېستوران ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى .
ــ قېنى ئەمىسە ، ئارقامدىن مېڭىڭلار ، ــ دېدى ئالىمجان تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرماستىن ، ــ سىلەر بۇ يەرنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرىنى بىلمىگەندىكىن ، ئۆزۈملا باشلاپ ماڭاي ، قېنى مەرهەمەت .
ئۇلار ئۇلىغا گىلەم سېلىنغان تار ، ئۇزۇن بىر كارىدورغا كىرىپ بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ، ئىككىنچى قەۋەتكە تۇتىشىدىغان پەلەمپەيگە چىقىشتى . ئىككىنچى قەۋەتنىڭ كارىدورىمۇ شۇنداق تار ، ئۇزۇن ئىدى . ئالىمجان ئۇلارنى باشلاپ ئاشۇ چوغدەك گىلەملەرنى دەسسەپ كېتىپ باراتتى . ئۇلار ئىشىك بېشىدا «208» دېگەن سان بار بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . ئۇ يەردە قول باغلاپ تۇرغان مۇلازىم قىز ئەدەپ بىلەن ئىشىكنى ئاچتى . ئالىمجان مېهمانلارنى خانىگە تەكلىپ قىلدى :
ــ قېنى ئەمىسە ، ئىچكىرى كىرىڭلار ، هەرگىز تارتىنماڭلار .

رىسالەت بىلەن ئامىنە بىر - بىرىنى ئاز - تولا خوش ئېتىش-
كەندىن كېيىن ، باشتا ئامىنە ، ئارقىدىن رىسالەت خانىگە كىردى .
چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇلغان خانىدا رەڭدار چىراغلار كۆزنى
قاماشتۇراتتى . ئۈستەللەر شۇ دەرىجىدە پارقىراپ تۇراتتىكى ، قارى-
غان ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقاتتى . پولدىكى ياڭاق ياغىچىدىن ياسال-
غان تاختايلارمۇ ئەينەكتەك پالتىراپ تۇراتتى . ئۇلار قايسى پۇتىدا
ئاۋۋال دەسسەشنىمۇ بىلەلمىگەن هالدا مېڭىپ ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا
ئاران كېلىۋالدى .

— هەرگىز تارتىنماڭلار ، — دېدى ئالىمجان كۆ-
لۈپ تۇرۇپ ، — بۇ دېگەن رېستوران ، سىلى ، بىزدەك ئادەملەر
كېلىپ تاماق يەپ كېتىدىغان ئارامگاھ ، ئۆزۈڭلارنى ئەركىنرەك
تۇتۇڭلار .

ئۇلار ئورۇندۇققا جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن ، كۈتكۈچى
قىز خرۇستال پىيالىلەرگە قىزىق چاي قۇيدى .

— شوپۇرىڭىز كىرمەيدىغۇ ؟ — سورىدى رىسالەت ئامىنەگە
يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويۇپ .

— ئۇ ئادەمنىڭ بۇنداق سورۇنلار بىلەن ئانچە خۇشى يوق .
شۇڭا ، قايتىپ كەتتى . هېلى بىز تارقىغاندا ئالغىلى كېلىدۇ .

ئامىنە بولدى قىل دېگەندەك رىسالەتنى جەينەكلەپ قويدى .
ئارىدىن سەل ئۆتۈپ ئايرىمخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ، بىر
ئايال كىرىپ كەلدى . ئوتقاشتەك قىزىل كىيىم كىيىۋالغان ، سۇس
گىرىم قىلغان ، ئاق ، يۈزى زاماسكىلىغاندەك سىپسىلىق ، لەۋلە-
رى تاڭدا ئېچىلغان قىزىلگۈلنىڭ بەرگلىرىنى ئەسلىتىدىغان بۇ
ئايال قۇچىقىنى ئاچقان پېتى كېلىپ ئاۋۋال ئامىنەنى ، ئاندىن
رىسالەتنى قۇچاقلاپ كۆرۈشتى . ئۇلار تىنچ - ئامانلىق سوراشقاند-
دىن كېيىن ئالىمجان ئايالىنى ئۇلارغا تونۇشتۇردى :

— بۇ مېنىڭ ئايالىم ، ئىسمى شەھىدە ، ئۆزى ئوقۇتقۇچى ،
هەراست ، بۇياق مەن سىزگە دائىم گېپىنى قىلىپ بېرىدى-
غان هېلىقى ساۋاقدىشىم رىسالەت ، بۇياق ئۇنىڭ خىزمەتدىشى ،

ئىسمى...

— ئامىنە، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، — سىلەر بىلەن تونۇشقىنىمدىن بەكمۇ خۇشالمەن.

ئۇنىڭ بۇ گېپى كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىكى ئادەت سۆزلىرىگە بىرئاز ئوخشاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن باشقىچە تەسىرات بەرمىدى. شەھىدە رىسالەتكە باشتىن - ئاخىر بىرقۇر قارىغاندىن كېيىن، رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

— بىزنىڭ ئالىمجان سىزنىڭ گېپىڭىزنى تولا قىلاتتى. ھەقىقەتەن ئېغىزدىن چۈشۈرمىگۈچىلىكىڭىز بار ئىكەن، رىسالەت. تونۇشۇپ قېلىپ ئوبدان بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئىزدىشىپ ئۆي - تەيلى، — دېدى ئېرىگە قاراپ كۈلگىنىچە، — بۇنىڭغا پىكرىڭىز يوقتۇ، ئالىمجان؟

— سىلەر جېدەللىشىپ، چاچ - ماچتىن ئېلىشمىساڭلارلا مەن خاتىرجەم بولىمەن.

— سىز بىزنى شۇنداقمۇ قىلىدۇ، دەپ ئويلامسىز؟ — شەھىدە كۈلۈپ كەتتى، — بىلىپ قويۇڭ، بىز ئۇنچىۋالا ئىچى قوتۇر خوتۇنلاردىن ئەمەس. پرىنسىپال مەسىلىلەردە سېنىڭ - مېنىڭ دېيىشمەيمىز. بارنى تەڭ كۆرىمىز، قانداق دېدىم، رىسالەت؟

رىسالەت نېمە دېيىشىنى بىلمەي كۈلۈپ قويدى. شەھىدە پات - پات يەرنىڭ تېگىدىن رىسالەتنىڭ سەل پورلەشكەن يۈزىگە قاراپ - قاراپ قوياتتى. بۇنى سەزگەن ئالىمجان قوشۇپ قويدى:

— ئەمەلىيەتتە رىسالەت ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە يېڭى ئېچىلغان گۈلنىڭ ئۆزى ئىدى، — دېدى ئۇ ئېغىر خورسىنغان ھالدا، — بەزى كەچلىرى ياتاقتا يېتىپ ئۇيقۇسى قاچقان يىگىتلەر ئۇنى خىيال قىلىپ، ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەيدىغان ئىشلارمۇ بولغان. بەزىدە ئۇنى تالىشىپ مۇشتلىشىپمۇ كېتەتتۇق. بىر قېتىم بىزنىڭ سىنىپتىكى بىرسى ئۇنىڭ ئۈچۈن پىچاق يەپ، ساق ئىككى ھەپتە ئۆرە بولالمىغان، — ئۇ

ئۆزىنى ئەتەي «بىرسى» دەپ چۈشەندۈرمەكتە ئىدى، — بىراق، رىسالەت، سىز بىرئاز جۈدەپ قاپسىز، ئۆزىڭىزنى ئوبدان كۈتمەي، تاشلىۋەتتىڭىزمۇ نېمە؟

— ھەي، ناھىيە دېگەننىڭ شارائىتى بۇ يەرلەرگە يەتمەيدۇ، — دېدى رىسالەت شەھىدەگە قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە، — ئۆزىمىزنى ھەرقانچە كۈتەيلى دېسەكمۇ، ئامال يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاياللار توي قىلغاندىن كېيىن، بىر ئائىلىنىڭ ھەممە يۈكى ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشىدىغان ئىش ئىكەن. ئوقۇغان چاغدىكى ئارمانلارنىڭ ئوننىڭ بىرى بولسا، نېمە دەرسىز؟ ئىشقىلىپ، بىز چالما تامدەك تۆۋىمىزدىن زەيلەپ كېتىپ بارىمىز. بۇنى ئۆزگەرتىشكە ئامال يوق.

— ھەرگىز بەل قويۇۋەتمەڭ، — دېدى شەھىدە نازلىق كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەر دېگەنگە ئۆزىڭىزنى قويۇپ بەرسىڭىز، راستلا سىزنى زەيلىتىشكە تۆت كۈن كەتمەيدۇ. ئەر دېگەننىڭ پات - پات بېشىغا دەسسەپ تۇرۇش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا «ۋاي» دەيدۇ.

شەھىدەنىڭ خۇشخۇيلۇقى بىلەن ئارىدىكى يېتىرقاش، تارتىنىش، قورۇنۇش تۇيغۇلىرى بىردەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. تاماق تارتىلدى. ئۇلار پاراڭ بىلەن ئولتۇرۇپ كۆڭۈللۈك غىزالاندى. ئالىمجان جىممىدە ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالاتتى. شەھىدەنىڭ قىزىق - قىزىق چاقچاقلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ كۈلۈپ قوياتتى. ئايرىمخانىنى ئاجايىپ بىر خىل قىزغىن كەيپىيات ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى.

— ھوي ئالىمجان، — دېدى ئۇ بىر چاغدا چوكىنى قويۇپ، — چاشقاننىڭ تاماشىسىنى كۆرۈۋاتقان مۈشۈكتەك كۆزىڭىزنى پارقىرىتىپ ئولتۇرىسىزغۇ؟ گاللار قىمىلداپ كەتتى، ئۇسسۇزلۇق كەلتۈرمەمسىز؟

ئالىمجان رىسالەت بىلەن ئامىنەگە قاراپ قويدى. ئۇسسۇزلۇقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەن بۇ ئىككىسى خىرامان ئولتۇرۇشاتتى. ئالىمجان گەپ - سۆز قىلماستىن، ئورنىدىن تۇردى ۋە

ئايرىمخانىنىڭ ئىشىك تۈۋىدە قول باغلاپ تۇرغان مۇلازىم قىزنى چاقىردى .

— بىزگە شوتلاندىيىنىڭ ۋىسكىسىدىن بىر بوتۇلكا ، ئىككى قۇتا سودا سۇيى ئەكىرىپ بېرىڭ .

شۇندىلا ئۇسسۇزلۇقنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن رىسالەت ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى :

— بولدى ئالىمجان ، قىزىق چاي بولغاندىكىن ، هاراق ئىچمەيلى ، ئاۋارە بولماڭ .

— ئاۋارە بولمايدۇ ، — دېدى شەھىدە ئۇنىڭ يېنىدىن تار - تىپ ، — بۈگۈن ئۈچ ئايال بىللە بولۇپ ئۇنى تازا بىر قويايلى . ئاران بىر كۆرۈشكەندە ، ئاز - تولا ئىچىپ قويمىساقمۇ بولماس .

— مەن پەقەت هاراق ئىچىپ باقمىغان ، — رىسالەت ئايانچىلىق نەزەردە شەھىدەگە يېلىنىۋاتقاندەك قارىدى ، — راست دەيمەن خانىم ، بىزدەك لاي پاچاق خوتۇنلارغا هاراق ئىچىش نەدە تۇرۇپتۇ ؟

— بۈگۈن پۇرسەت كەلگەندىكەن ، بىر ئىچەيلى ، رىسالەت ، — شەھىدە ئۇنىڭ پىيالىسىگە چاي لىقلىدى ، — قارىسام ، سىزنىڭ بىرئاز دەردىڭىز باردەك قىلىدۇ . يۈزىڭىزدە كۆلكە ، كۆزلىرىڭىزدە ئازاب ! هاراق دېگەن ئازابنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان خاسىيەتلىك دورا ! ئۇنى ئاز - تولا ئىچىپ قويسىڭىز ، ئىچىڭىز بوشاپ ، دەردلىرىڭىز يېنىكلەيدۇ . يەنە…

— شەھىدە ، — ئالىمجان ئۇنىڭغا قوپاللىق بىلەن قاتتىق تەگدى ، — نېمە دېگىنىڭىز بۇ ؟ هە دېسە رىسالەتنىڭ يۈرىكىدىكى قاقاچىنى تاتىلايسىزغۇ ؟ سىزنىڭمۇ هاراق ئىچىپ ئۇنتۇغۇدەك نېمە دەردىڭىز بار ئىدى ؟ قاراڭا ، خۇددى زابويلاردەك گەپ قىلغىنىڭىزنى ؟ ئۇلار ئىچمەيمەن دېسە ، مەيلى ئەمەسمۇ ؟ ئەمەلىيەتتىمۇ ئاياللارنىڭ هاراق ئىچكىنى ئۇنچىۋالا ياخشى ئىش ئەمەسقۇ ؟ نېمىدەپ ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىۋالىسىز ؟

— بولدى ، بولدى ، قايىنىماڭ ئالىمجان ، — رىسالەت بەكمۇ تەڭقىسلىقتا قالدى ، ئۇ ئالىمجاننىڭ ئۆز تەبىئىتىگە ماس كەلمى-

گەن بۇ قوپاللىقنى ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى ، — شەھىدەمۇ بىزنى
دەپ شۇنداق دەۋاتىدۇ . بىراق ، خانىم ، بىز راستلا ئىچىپ باقمە-
غان ، شۇڭا ئەپۇ قىلغايسىز . سىلەر بۇنداق ئىگىز – پەس گەپلە-
شىپ قالساڭلا ، تەڭلىكتە قالىدىكەنمىز . بولدى قىلىڭلار ، سەمە-
مىي كۆڭلۈڭلار بىزگە تېگىل بولدى . رەھمەت .
شۇنىڭدىن كېيىن ئىلگىرىكى قىزغىنلىقنىڭ ئورنىنى بىر
خىل كۆڭۈلسىز كەيپىيات ئىگىلىدى . شەھىدەنىڭ چىرايىدىكى
كۈلكىنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنغان ئاچىزلىق — هاراقخۇمارلىق ئاش-
كارىلىنىپ قالغانىدى . ئالىمجان رىسالەتنىڭ ئالدىدا بەكمۇ ئوڭاي-
سىزلاندى . شۇڭا ، ئۇ تاماق يېيىلىپ بولۇشىغا شوپۇرغا تېلېفون
بەردى .
— ئەمدى قايتايلى ، — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا ، — رىسالەت
بىلەن بۇ خانىممۇ ئارام ئالمىسا بولمايدۇ . ئەتە رەسمىي سەككىز
سائەتلىك دەرس بار . بەك كەچ ئۇخلىسا ، ئەتىكى دەرسلىرىگە
تەسىر يېتىپ قېلىشى مۇمكىن . بۇلار يەنە ئىككى ھەپتىگىچە
بولغاندىكىن ، باشقا كۈنى ئولتۇرۇۋالارمىز . قانداق دېدىم ، رىسا-
لەت ؟
— بولىدۇ ، قايتايلى ، سىلەرگە كۆپ رەھمەت . شەھىدە ،
ئۇبدان تونۇشۇپ قالدۇق ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇچرىشىپ تۇرۇشقا
پۇرسەت دېگەن كۆپ ، ئىزدىشىپ تۇرايلى . مېنىڭ سىزنىڭ پىشىد-
ىڭىزگە ئېسىلغىنىم ئېسىلغان .
رىسالەت كۆڭۈل ئۇچۇن بولسىمۇ بۇگۈن تونجى قېتىم يالغان
ئېيىتتى . چۈنكى ، ئۇنىڭ شەھىدەدەك مەنمەنچى ئاياللار بىلەن ئانچە
خۇشى يوق ئىدى . شەھىدە بولسا ئۇنىڭ سۆزىگە ئانا سۇتىگە قانمى-
غان بوۋاقتەك مەيۇس هالدا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇش بىلەنلا
كۇپايىلەندى .
ئۇلار رېستوراندىن چىققاندا ، قار يېغىشقا باشلىغانىدى . كوچا
چىرىغىنىڭ يورۇقىدا سانسىزلىغان قار گۇللىرى ئانا يەر باغرىغا
بوران سوققان ئۇچمىدەك تۆكۈلمەكتە ئىدى . شەھىدە ئىبسىل قاما

پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى . ئۇنىڭ بايىقى سۆزمەنلە-كىنىڭ ئورنىنى ئادەتتىن تاشقىرى جىمجىتلىق ئىگىلىگەنىدى . ئۇ قار توزۇپ تۇرغان ئاسمانغا مۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ ، ئۆزىچە غودۇڭشىدى :

— بۇ ھاۋانىڭمۇ تازا تايىنى يوقكەن ، بايا تېخى بىر ئوبدان تۇراتتى . بىردەمدىلا توقسان گرادۇس ئۆزگىرىپ كەتكىنىنى كۆر-مەمدىغان ؟

ماشىنا يېتىپ كەلدى . تازچاق شوپۇر خىجالەت ئارىلاش ئا-لىمجانغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى :

— ئالدىمىزدىكى يولدا قاتناش ھادىسىسى كۆرۈلۈپتىكەن . يول توسۇلۇپ قاپتۇ . بىرمۇنچە ئايلىنىپ مېڭىشقا توغرا كەلدى .

ئالىمجان گەپ - سۆز قىلمىدى . ئۇنىڭمۇ زېھنى چېچىلىپ تۇراتتى . شۇڭا ، جىممىدە ماشىنىغا چىقتى . شوپۇر ئۇلارنى ئېلىپ «سەھىيە مېھمانخانىسى» ئالدىغىچە باردى . رىسالەت بىلەن ئامىنە كۆپ ئۆزرىلەر بىلەن ماشىنىدىن چۈشۈپ قالدى . ياتاققا كىرگەندە ئامىنەنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپلا كەتتى .

— ۋاي بۇ ئالىمجانىنىڭ نېمە قىلغىنى دەيمەن ؟ رېستورانغا بارغاندىكىن ، خوتۇننى باشلاپ كەلگۈچە ئەرلەردىن بىرنەچچىنى چاقىرغان بولسا ، تانسا دېگەننى بولۇق ئويناپ ، پۇت - قولنىڭ قولىشىشلىرىنى بىز تۇزىمەسمىدۇق ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭا بىر ئېغىزمۇ سۆزلەش پۇرسىتى بولماي ، ئىچىم ئەجەب سىقىلىپ كەت-تى . تاماقنى ئېغىزىمغا يېدىممۇ ، بۇرنۇمغىمۇ ، پەقەتلا بىلەلمە-دىم . ھەي سەھرالىق دوختۇر ، ئاز - تولا ئىچىپ قويغانىنىڭ نېمە يامىنى بار ئىدى ؟ ئەمدى ئۇ ئۆيىگە بېرىپ ، خوتۇنىغا بىر تالاي يالۋۇرمىسا ھېساب ئەمەس . خوتۇنىغا ئۇلپەت بولۇپ ، بىرەر شې-شىدىن ئىچىشىپمۇ بېرەمدۇ تېخى ؟

— نېمە دەيدىغانسىز ، ئامىنە ، ئىچىدىغان يېرى بولسا ئابايىلا ئىچمەسمىدى ؟

— سىزنىڭ يۈزىڭىز چوڭ ئىكەن ، رىسالەت . ئالىمجان سىز-

نىڭ ئالدىڭىزدا ئىزا تارتتى . بولمىسا نېمىدەپ ئۇ ئايالمۇ ئېرىنىڭ ئالدىدا هاراقتىن چۆشىدۇ ؟ تېخى ئۇنى ئۇسسۇزلۇقتا بۇيرۇغىنىنى كۆرمىدىڭىزمۇ ؟

رىسالەت ئۆزىنى ساپاغا تاشلاپ خىيال سۈرگىنىچە بىرپەس ئولتۇردى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئاشۇ چاغدا كادىرلار مېهمانخانىسىدا سۇلايمان قاسىم بىلەن بىللە هاراق ئىچكەن مەنزىرىلەر بىر-بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى . ئەنە ، رىسالەت ئۇنىڭ قولىدىكى رومكىنى تارتىۋالدى . بىر رومكا ، يەنە بىر رومكا ، ئاندىن ئۇ هاراقنى بوتۇلكىسى بىلەنلا ئېغىزىغا ئاپاردى … ئاندىن ، ئاندىن … نېمىشقىدۇر رىسالەتنىڭ گېلى قىمىشىپ كەتتى . ئۇ ئۇزۇندىن بېرى ئۆزىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر قىزغىنلىقنى ، يۈرىكىنى جىغىلدىتىۋەتكەن بىر مايىللىقنى ، ئەر ھۇزۇرىغا تەلپۈنۈشتەك بىر ئىختىيارلىقنى سەزگەندەك بولدى . ئۇ هاياجاندىن تىترەپ كەتكەندى .

— ئامىنە ، ئازراق ئىچەيلىمۇ ؟ — دېدى ئۇ ئاشۇ چاغدىكى مەنزىرىنى كۆز ئالدىدىن يىتتۈرۈپ قويماسلىقتا تىرىشىپ ، — يوگۇرۇپ چىقىپ بىر بوتۇلكا ئەكىرسىڭىز ، مەن بولالمايۋاتىمەن .

— تېخى بايىلا ئىچمەيمەن ، ئىچىپ باقمىغان دەپ مەيدىڭىزگە ئۇرغانتىڭىزغۇ ؟

— ئە… ئەمدى ئازراق ئىچكۈم كېلىۋاتىدۇ . تېزرەك بولسىڭىزچۇ !

ئامىنە ئۇنىڭغا هەيرانلىق بىلەن قاراپ بىرپەس ئولتۇرغاندىن كېيىن ، يەنە سورىدى :

— قىزىلىدىنمۇ ياكى ئاقتىنمۇ ؟

— قاندىقى بولسا مەيلى ، بولسا گالنى يىرتىپ ئۆتىدىغىنىدىن بولسۇن .

— سىز ئالجىپسىز ، ساراڭ بوپسىز ساراڭ…

ئامىنە غوتۇلدىغىنىچە ياتاقتىن چىقىپ كەتتى . رىسالەت ئاجايىپ بىر تەشنالىق ئىلكىدە ئۆزىنى گىلەم سېلىنغان پولغا تاشلى-

دى . ئۇنىڭ ئېغىزى قۇرۇپ ، يۈرىكى ئوت ئىچىدە قالغانىدى . بىر چاغدا ئامىنە قارا سۇلياۋ خالتىغا قاچىلانغان بىر بوتۇلكا قىزىل هاراق ، گازىر ، يەر ياڭىقى دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كىردى . ئۇنىڭ غوتۇلدىشى تېخىچە بېسىقمىغانىدى :

— بابا بىر ئوبدان سورۇندا ئىچمەيمەن دەپ ، تاش چىشلەپ تۇرسىز ، تېخى ئالىمجان بىلەن ئايالىنىمۇ جېدەلگە سالغىلى قىل قالغانىدىڭىز . مانا ، ياتاقتا كېلىپلا ئىچكۈڭىز كېلىۋاتىدۇ . سىزنى پەقەتلا چۈشىنىپ بولمايدىكەن ، رىسالەت دوختۇر . ئەمدى ئىككىمىز بۇ ياتاقتا قەسەم ئىچكەندەك ئولتۇرىدىغان بولدۇق . ئايال كىشىگە يالغۇز ئولتۇرۇپ هاراق ئىچىش ياراشمايدۇ . ئەسلى بۇ يەردە بىزگە ئۆلپەت بولىدىغان ئەرلەرمۇ بولغان بولسا ، ئاندىن هاراقنىڭ پەيزى بولغان بولاتتى…

رىسالەت ئۇنىڭ كوتۇلداشلىرىغا پەرۋا قىلماستىن ، بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىنى ئاچتى . ئامىنە تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ ئىستاكاننى چايقاپ چىققۇچە ئۇ بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپلا هاراقنىڭ يېرىمىنى ئىچىپ بولغانىدى . بۇنى كۆرۈپ ئامىنە هەيرانلىقتىن تۇرۇپلا قالدى .

— ئۇھ ، — بىر چاغدا رىسالەت بوتۇلكىنى يەردە قويدى . بەئەينى جاڭگالدا نەچچە كۈن سۇسىز قالغان ئوتۇنچى مۇزدەك كۆل سۈيى ئۇچرىغاندا ، بىر قاپاق ئىچىپ تەشنالىقىنى قاندۇرغاندەك بىر راھەتلىك سېزىم ئىلكىدە كۆزلىرىنى يېرىم يۇمدى . ئۇنىڭ بېشى كارىۋاتقا قويۇلغان ، چۈۋۇلغان چاچلىرى كىرلىك ئۈستىدە يېيىلىپ ياتاتتى . چىرايىدىكى سولغۇنلۇقنىڭ ئورنىنى بىر خىل سۇس قىزىللىق ئىگىلەپ ، ئۇنى كۆندىكىدىن نەچچە هەسسە چىرايلىق كۆرسىتىپ تۇراتتى . ئۇنىڭغا ئامىنەنىڭ ئىچى ئاغرىدى . شۇنداقلا ئۆزىگىمۇ ئېچىندى . ئۇ ئىستاكاننى قويۇپ يەنە سىرتقا ماڭدى . بىر چاغدا ئىككى بوتۇلكا قىزىل هاراقنى قوينىغا تىقىپ ئېلىپ كىردى .

— قېنى ، رىسالەت دوختۇر ، سىزنىڭ بۈگۈنكىدەك ئېچىلغى-

نىڭىزنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن . ئىچەيلى ، يۈرەك قانـ
غۇدەك ، ئازاب ئۇنتۇلغۇدەك بىر ئىچەيلى ، مەن سىزگە ئۇلپەت
بولاي . بۈگۈن ھەممە دەردنى ئۇنتۇپ كېتەيلى . خۇشە...

ئامىنەمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە ئىستاكان ھاراق ئىچىـ
ۋەتتى . رىسالەت ھاياجىنى بېسىلىپ ، بىرئاز ئۆزىگە كەلگەندى .
ئۇ ئۆزىگە سۇنۇلغان بىر ئىستاكان ھاراقنى تۇتقىنىچە خېلى ئۇزۇن
ئولتۇرۇپ كەتتى . مەڭزىنى بويلاپ ئاققان كۆز ياشلىرى ئىستاكانـ
دىكى ھاراق بىلەن جىمىدە سىڭىشىپ بارماقتا ئىدى . ئاشۇ ئىككى
تارام ياش ئېقىنى چىراغ يورۇقىدا پارقىراپ كۆرۈنەتتى . ئۇ كۆز
ياشلىرى سىڭگەن ھاراقنى بىر كۆتۈرۈشتە ئىچىۋەتتى . ئاندىن
ئىستاكاننىڭ تېگىدىن نېمىنىدۇر ئىزدەۋاتقاندەك ، ئۇنىڭ ئىچىگە
قارىغىنىچە خېلى ئۇزۇن ئولتۇردى .

ئامىنە يەنە ھاراق قۇيدى . ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرىمۇ قىزىرىشـ
قا باشلىغانىدى . ئۇ بىر ئىستاكان ھاراقنى گۈپپىدە ئىچىۋەتكەندىن
كېيىن ، رىسالەتكە قارىدى .

ــ مەن بۈگۈن سىزنىڭ كۆزلىرىڭىزدىن ئاجايىپ چوڭقۇر
ئازاب دېڭىزنى كۆرۈپ قالدىم ، ــ دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا ، ــ
ئۇنىڭ تېگىگە مەڭگۈ يەتكىلى بولمىغۇدەك . خوش قېنى ، بۈگۈن
ئىككىمىزلا بار ، بىر مۇڭ تۆكۈشۈپ ئىچىمىزنى بوشىتىۋالمايـ
مىزمۇ ؟ يەنە بىر رومكىدىن ئىچەيلى ، ماۋۇ ئەمدى سىزنىڭكى ،
قېنى ، گۈپپىدە...

رىسالەت ھاراقنى قولىغا ئالدى . قىزىرىپ كەتكەن كۆزلەرگە
ھاراق قان رەڭگىدە كۆرۈندى . ئۇ بۇنى يۈرەكتىكى زەرداپ دەپ
بىلدى ۋە كۆزنى يۇمۇپلا ئىچىۋەتتى . ھاراق ئۇنىڭغا راستىنلا
قاندەك تۇزلۇق ۋە ئاچچىق بىلىندى .

ــ مېنىڭ دەردىمنى بىر ئاخشامدا سۆزلەپ بولۇش مۇمكىن
ئەمەس ، ئېيتىپ كەلسەم ئۇ يەنە كىچە ھېكايىلىرى بولۇشى مۇمـ
كىن ، ــ دېدى رىسالەت ئەسلىدىكى قايغۇلۇق ھالىتىدە
قايتىپ ، ــ سىزنىڭ ئاچىرىشىپ كەتكىنىڭىزنى ئاڭلىمىغانىكەنـ

مەن . ئاۋۋال سىزنىڭكىنى ئاڭلايلى ، بۇ چاغ بولغاندا نېمىدەپ ئاجرىشىپ كەتتىڭلار ؟ ئىككى بالىنى قانداق قىلىسىلەر ؟

ئامىنە ئۆزىگە يەنە بىر ئىستاكان هاراق قۇيدى ۋە هاسىراپ تۇرۇپ ئىچىۋەتتى . ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا هاراق ئۆز كۈچىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى .

— هەممىسى ئۆزۈمدىن ئۆتتى ، — دېدى ئۇ پاڭڭىدە يېرىلىپ ، — سىز دېگەن شاللاقلىق بېشىمغا چىقتى ، گۈلدەك ئۆيۈم توزۇپ كەتتى ، ئىككى بالام يېتىم بولدى . تېشىمدا هېيت ئويناپ كۈلۈپ يۈرگىنىم بىلەن ئىچىم دەردكە توشۇپ كەتكەن ئايالمەن . مېنى شۇ تۇرقىدا پارە - پارە قىلىۋەتسىمۇ ، ئازلىق قىلىدۇ . بۇ ئىشقا هەمدۇللا دوختۇر سەۋەبچى ···

— هە ··· هەمدۇللا دوختۇر ؟ — رىسالەت هەيران بولغىنىدىن قاشلىرى تىككىدە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى .

— بىر كۈنى بىر بىمارنىڭ رېنتگېن نەتىجىسىنى ئالغىلى بارغانىدىم ، — دېدى ئامىنە پەس ئاۋازدا ، — ئۇ چاغ ئەتراپ ئەمدىلەتىن ئىللىشقا باشلىغان باهار مەۋسۇمىنىڭ باشلىرى ئىدى . يەر ئاستىدىكى قاپقاراڭغۇ رېنتگېنخانىدا ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنەتتى . مەن يورۇق يەردىن بىراقلا قاراڭغۇلۇققا كىرىپ قالغىنىم ئۈچۈن كۆزلىرىم دەماللىققا هېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى . بىر ئاز ئۆتۈپ ئەتراپ سەل يورۇغاندەك بولدى . قارىسام ، رېنتگېن سۈپىسىدا لەنىتى هەمدۇللا دوختۇر بىلەن بىر قىز سۇنايلىنىپ يېتىپتۇ . ئۇلار يېڭىلا ئىشنى تۈگەتكەن ، هالىدىن كېتىپ ئارام ئېلىۋاتقان چېغى ئىكەن . ئۇلارنى بۇ هالدا كۆرۈپ يا ئالدىمغا يا كەينىمگە ماڭالماي تۇرۇپ قاپتىمەن . بىر چاغدا هەمدۇللا ئېغىر پۇشۇلداپ ئورنىدىن تۇردى . ئوشۇققىچە سىيرىلىپ چۈشكەن ئىشتىنىنى يۆلەۋېتىپ مېنى كۆرۈپ قالدى ۋە چۆچۈگىنىدىن ئىشتىنى يەنە سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى . هېلىقى قىزمۇ بىر چىرقىرىغىنىچە ئورنىدىن تۇردى . مەن بىر قاراپلا ئۇنى تونۇدۇم ، ئۇ دوختۇرخانىدىكى پىشقەدەم بىرسىنىڭ قىزى ئىدى .

شۇ كۈندىن كېيىن ھەمدۇللا دوختۇر ئۆزىچە ماڭا يېقىنچىلىق قىلىدىغان، پۇرسەت بولسىلا مېنى گەپكە تۇتۇپ، ئۇنى - بۇنى سورايدىغان بولۇۋالدى. نېمىشقىكىن مەندىمۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر قىزىقىش پەيدا بولۇپ قالغانىدى. بىر كۈنى ئۇ مېنى چاقىرتىپتۇ. مېنىڭمۇ ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتىم بولغانىدى. ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭ دېگەن يېرىگە باردىم. ئۇ مېنى ماشىنىسىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى. بىز خېلى ئۇزۇن مېڭىپ مەن ئىلگىرى بېرىپ باقمىغان بىر يەرگە باردۇق. ئەتراپ شۇنداق تىنچ، قويۇق جىگدىلەر شامالدا بوش شىۋىرلاپ تۇرىدىغان خىلۋەت يەر ئىكەن. ئۇ ماڭا قاراپ بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن، قويۇن يانچۇقىدىن نەپىس ئىشلەنگەن بىر قاپنى چىقىرىپ ماڭا سۇندى.

— سىزنى ئۇزۇندىن بېرى سېغىنىپ كېلىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ ئىسسىق لەۋلىرى بىلەن بوينۇمغا سۆيۈپ، — ئىلگىرى بۇ گەپنى ئېغىزدىن قانداق چىقىرىشنى بىلمەي يۈرەتتىم. ئەمدى بىردىنلا قاپ يۈرەك بولۇپ كەتتىم. بۇ مېنىڭ ئەرزىمەس سوۋغام. قوبۇل قىلىسىڭىزمۇ، پارە - پارە قىلىۋەتسىڭىزمۇ، ئىختىيار ئۆزىڭىزدە. قېپنى ئېچىپ كۆرۈپ بېقىڭ. ئىلاھىم بۇ سوۋغامنى سىزگە ياقسىكەن دەيمەن.

قاپنى ئاچتىم. ئۇنىڭدا يالىلداپ تۇرغان بىر تال ئالتۇن ئۈزۈك تۇراتتى. ئۇ شۇ كۈنلەردە مودا بولغان، مەن ئېلىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن، لېكىن ئېلىشقا قۇربىم يەتمىگەن ئۈزۈكنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. مەن ئىختىيارسىز ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كېتىپتىمەن. بىز شۇ كۈنى ئاشۇ جىگدىلىكتە ماشىنىنىڭ ئىچىدە تاكى كەچ كىرىپ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق ئۆز ئىلكىگە ئالغۇچە كۆڭۈل ئاچتۇق. شۇ خۇشاللىقتا قورسىقى ئاچ ئىككى بالام، يولۇمغا قاراپ قالغان ئېرىممۇ يادىمغا كەلمەپتۇ. بىر چاغدا مەن شېرىن چۈشتىن ئويغانغاندەك چۆچۈپ كەتتىم. قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئاسماننى كۆرۈپ تېنىم تىكەنلەشتى. ئەمدى ئۆيگە قانداق بارارمەن دېگەننى ئويلىدىم. ھەمدۇللانى تېزرەك قايتىشقا دەۋەت قىلدىم. ئۇمۇ



www.uyghurkitap.com

كۆڭلۈمنى چۈشىنىپ ماشىنىنى ئالدىراپ ھەيدىدى . ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، قورقۇنچتىن پۈت ـ قولۇم تىترەپ كەتتى . مەن ماشىنىدىن چۈشتۈم . دەرۋازا ئالدىدا قوللىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ تۇرغان ئېرىمنى كۆرۈپ ، ھەمدۇللامۇ ماشىنىدىن چۈشتى .

ــ ئىشتىن چۈشەيلى دەپ تۇرساق ، بىر جىددىي كېسەل كېلىپ قالدى . ئوپېراتسىيە قىلىمىز دەپ بەكمۇ ھايال قالدۇق . قارىسام ئامىنەنىڭ بۇ قاراڭغۇدا پىيادە ماڭمىقىمۇ ئاسان ئەمەس ، شۇڭا ماشىنا بىلەن ئەكەپ قويدۇم ، ــ دېدى ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك .

ــ رەھمەت ، سىزنى ئاۋارە قىپتۇق ، ــ دېدى ئېرىم ئۇنىڭ قولىنى مىننەتدارلىق بىلەن سىقىپ ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ غەزىپىمۇ بىرئاز يېنىپ قالغاندەك ئىدى .

ھەمدۇللا دوختۇر «قانداق ، بولامدىكەنمەن ؟ سىزنى ئېرىڭىزنىڭ قولىغا ساق تاپشۇرۇپ بەردىمغۇ مانا» دېگەندەك ماڭا لەپپىدە قاراپ قويۇپ ، ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى . باشتا مەن ئېرىمنىڭ ئالدىغا بۇلغانغان تېنىم بىلەن كىرگىنىم ئۈچۈن بەكمۇ نومۇس قىلدىم . ئەمما ، كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ، بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قالدىم . ئەمدى مېنىڭ كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدىغان ، ھەمدۇللانى بىردەم كۆرمىسەم ، تۇرالمايدىغان ھالغا يەتكەندىم . ھە دېسە رېنتگېنخانىغا يۈگۈرۈيتتىم . رېنتگېن سۈپىسى بىزنىڭ ۋىسال شەربىتى ئىچىدىغان كارىۋىتىمىزغا ئايلانغانىدى . پۇرسەت بولسىلا ئۇ يەردە كۆڭۈل ئاچاتتۇق . ھەر قېتىم مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغىنىمدا ، ئېرىمدا يوق بەزى ئارتۇقچىلىقلارنى ھېس قىلاتتىم . شۇڭىمۇ ئۇ مېنى پۈتۈنلەي ئەسىر قىلىۋالغانىدى .

ئارىدىن بىر يىلدەك ۋاقىت ئۆتتى . بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز خۇددى شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك شېرىنلىك ئىچىدە داۋام قىلماقتا ئىدى . بىر كۈنى يەنە ئۇنى ئىزدەپ ھېلىقى نەس باسقۇر يەرگە بېرىپ قاپتىمەن . ئىشىك ھىم يېپىپ قويۇلغانىكەن . ئۇنى

ئاچاي دەپ تۇرۇشۇمغا رىنتگىنخانىدىن بىرسىنىڭ نازلىق ئىڭرىغان
ئاۋازى ئاڭلاندى . خۇددى بىرسى مېنى مۇئەللەقتىن تاشلىۋەتكەندە-
دەك بىر سېزىم ئىچىدە خۇدۇمنى يوقىتىپتىمەن . قۇلىقىمغا ھەد-
لىقى پاسكىنىنىڭ : «جېنىم تاتلىقىم ، مېنى ئەمدى تاشلىۋەتمە-
ڭىز سىزگە ئۆلۈپ بېرىمەن ، ۋاي ، تاتلىقىم ، ئومىقىم ... » دېگەن-
دەك تېتىقسىز نالەشلىرى ۋە ھەمدۇللانىڭ ھاسىراپ تۇرۇپ :
«مەنمۇ سىزنى ئۇزۇندىن بېرى ياخشى كۆرۈپ كەلگەنىدىم ، بىراق
مانا بۈگۈن قاپ يۈرەكلىك قىلىپ ، سىزگە كۆڭلۈمنى ئاشكارىلى-
دىم . سىزلا خالىسىڭىز ، بىز ئۆمۈرلۈك ئاشىق - مەشۇقلاردىن
بولۇپ كېتەلەيمىز . مەندە يۈزدەيۈز ئىشەنچ بار » دېگەن ئاۋازى
ئاڭلاندى . مېڭەم ۋاڭڭىدە يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقالدى . كۆ-
زۈمگە گۆردەك قاراڭغۇلۇق تىقىلدى . نېمە بولغىنىمنى بىلمەي-
مەن . بىر چاغدا ئىشىكنى كۈچەپ تەپتىم . جالاقلاپ ئېچىلغان
ئىشىك بىلەن تەڭ ئۇمۇ ھېلىقى ئايالنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ چۈش-
تى . مېنىڭ ئورنۇمنى ئىگىلىۋالغان قايسى پاسكىنىدۇر دېگەندەك
بىر قىزىقىش تۈپەيلى قاراپ ساپتىمەن . ئۇ دوختۇرخانىنىڭ تازد-
لىق ئىشچىسى خاسىيەت ئىكەن . بەكمۇ مېڭەمگە تەگدى . مەن
تىترەپ تۇرغان ھەمدۇللانىڭ يۈزىگە تۈكۈردۈم - دە ، رىنتگىنخاند-
دىن چىقىپ كەتتىم ...
مەن ئەمدى ئۇنىڭ يۈزىگە ئىككىنچى قارىمايمەن دەپ ئويلىغا-
نىدىم . كىم بىلسۇن ، ھېلىقى بىرنېمىنىڭ تولغان كۈچۈكنىڭ-
كىدەك ئىڭرىغان ئاۋازى قۇلاق تۈۋۈمدىن پەقەتلا كەتكىلى ئۇنىمە-
دى . ھەر قېتىم ھەمدۇللانى كۆرسەم يۈرىكىم ئېچىشاتتى . ئۇمۇ
مېنى ئەتەي كۆرسۇن دېگەندەك ، ماشىنىسىغا قىزلارنى سېلىپ
ئالدىمدىن ئۆتۈپ كېتەتتى . شۇنداق چاغلاردا ۋۇجۇدۇم ئوتقا چۈش-
كەن قىلدەك تولغىناتتى . مەن ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشىمنىڭ ئۇنچە
ئاسان ئەمەسلىكىنى چۈشەندىم . ئاقىۋەت ئۇنىڭ ئالدىغا بېشىمنى
ئېگىپ بارماي بولمىدى .
ئۇ كۈنى بۇرۇنلا ئىشىم تۈگىگەنىدى . بىكارچىلىقتىن ئايلد-

نىپ يۈرۈپ يەنە رېنتگېنخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن . پۈتلىـ
رىم ئىختىيارىمغا بويسۇنماي ، مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەندىـ
كىن ، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي دەپ يەر ئاستىغا چۈشتۈم . ھەمـ
دۇللا بىر ياشانغان كىشىنى تەكشۈرۈۋاتقانىكەن . مېنى كۆرۈپ
مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئىشىنى تېزلا ئاخىرلاشتۇردى . بىمار چىـ
قىپ كەتكەندىن كېيىن بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى ۋە
ئىسىنى يۈزۈمگە پۈۋلىدى . ئۇنىڭ مۇغەمبەرلىك چىقىپ تۇرغان
كۆزلىرىنى كۆرۈپ تۇرساممۇ ، بۇ يەردىن بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ
كېتەلمىدىم .

— سىزنى كۆرگۈم كەلدى ، — دېدىم پەس ئاۋازدا .

— ئاچچىقىڭىز ياندىمۇ ؟ — دېدى ئۇمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرـ
رۇپ ، — ھېلىقى كۈنى ماڭا تۈكۈرگىنىڭىز ئېسىڭىزدە باردۇ ؟
سىز خەقنىڭ كۆزىچە ماڭا شۇنداق قوپاللىق قىلدىڭىز .

— سىزمۇ بۇغداي بىلەن مەككەنى ئايرىپ ئولتۇرمىغاندىـ
كىن ، ئاچچىقىم بەكلا كېلىپ قاپتۇ . كېيىن بىر ئاز پۇشايمان
قىلدىم .

— مەيلى نېمە بولسۇن ، ماڭا ئېھتىياجى چۈشكەن ئادەمنى
قۇرۇق قول ياندۇرمايدىغان ئادىتىم بار ئادەممەن ، — دېدى ئۇ
بىلمىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ ، — مانا ، مېنى شۇنچە قاتتىق ھاقارەتـ
لىسىڭىزمۇ ، ئالدىمغا كەلگەن ئىكەنسىز ، يەنە سىزنى قارشى ئېلىـ
ۋېرىمەن . قانداق ، مۇشۇ يەردىمۇ ياكى كونا جايدىمۇ…

شۇنداق قىلىپ يەنە ئۇنىڭغا ئېرىشتىم . ئاچچىق يۇتۇپ يۈرـ
گەن كۈنلىرىم ئۆتۈپ كەتتى . گەرچە يول ـ مەيدانلاردا خاسىيەت
بىلەن ئۇچرىشىپ قالساق ، ئۇنىڭغا يەۋەتكۈدەك ئالىيىپ ، كۆزۈمدە
مىخ قېقىپ يۈرگىنىم بىلەن ئاشكارا سورۇنلاردا بىرنەرسە دېيەلـ
مەيتتىم . ئۇمۇ مېنى كۆرسە بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئۆتۈپ كېتەتـ
تى . يېپىق قازان يېپىق پېتىچە قالدى . مەن ئىنتىلگىنىمگە
ئېرىشىپ ئارمانغا يەتتىم .

شۇ كۈنلەردە كۆزۈمگە ئېرىممۇ ، بالىلىرىممۇ كۆرۈنمىگەنىـ

كەن . مەن بەئەينى ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك ھەمدۇللاغا يېپىشىپلا ئالغانىكەنمەن . ئۇمۇ ماڭا ئۇدۇللۇق مۇئامىلە قىلاتتى . بىرىپ - بىرىپ كۆرسە ھالى يوق ، كۆرمىسە كارى يوق بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى . ئەمما ، مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەلپۈنۈشۈم بارغانسېرى ئېشىپ بارماقتا ئىدى . مېنىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىم بەئەينى ئوتلاقتا چېپىپ كېتىۋاتقان شاش بايتالغا ئوخشاپ قالغانىدى . ئۇنى ھېچقانداق كۈچ توسۇپ قالالمايتتى .

كۈنلەر شۇنداق بىسەرەمجانلىقتا ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى . بىر كۈنى ئۇ مېنى ئېلىپ يەنە ھېلىقى جىگدىلىككە كەلدى . بۇ چاغدا جىگدىلەر غۇچچىدە مارجانلىغان ، مەڭزى قىزارغان جىگدىلەر رەسىدە بولغان چاغلار ئىدى . بىز ئەتراپنى بىرقۇر تاماشا قىلدۇق . ھاۋانىڭ شۇنچە ئىسسىقلىقىغا قارىماي ، بۇ يەردە مەيىن شامال يۈزلەرگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى . بۇنداق خىلۋەت يەردىن ئادەمنىڭ قانداقمۇ قۇرۇق قول كەتكۈسى كەلسۇن ؟ بىر چاغدا ھەمدۇللا مېنى باغرىغا باستى . مېنىڭ تەشنا بولۇۋاتقىنىممۇ دەل مۇشۇ ئىدى . بىر دۆڭنىڭ يانباغرىدا ئىككىمىز يومىلاقلىشىپ كەتتۇق ··· ئاردىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ، بىرسىنىڭ ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى :

— ھۇ شەرمەندىلەر ، ئاخىر قولۇمغا چۈشتۈڭمۇ ؟

تونۇشلا بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتىم . ھەمدۇللا ئۈستۈمدىن چۈشۈپلا ئىشتاننى كۆتۈرگەن پېتى قېچىپ بېرىپ ، ماشىنىسىنى ھەيدەپ جىنىنى ياقىغا ئالدى . ئۇنى قوغلاپ يېتەلمىگەن ئېرىم كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئالدىمغا كەلدى . مەن قورقۇنچتىن سىيرىلىپ چۈشكەن كىيىملىرىمنىمۇ كىيەلمەستىن ، ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن . ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىدىم . ئېرىم پۇت - قولى بوشىشىپ ، يۇمشاق قومنىڭ ئۈستىدە لاسسىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ قومغا چوڭقۇر پاتقان مۇشتى لاغىلداپ تىترەيتتى .

ئەسلىدە ئۇ بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ھەققىدىكى مىش - مىش

گەپلەرنى ئاڭلاپ قالغان ۋە ئۇلارغا تازا ئىشەنمەي يۈرگەنىكەن. بۈگۈن بىر ئۈزۈن قۇلاق بىزنىڭ مۇشۇ تەرەپكە ماڭغىنىمىزنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇپتۇ. ئۇمۇ بىر ماشىنا كىرا قىلىپ ئارقىمىزدىن بۇ يەرگىچە كەلگەنىكەن. ئۇ شۇ چاغدا مېنى ئۇرۇپ دۇمبالىغان بولسا، تېرەمنى تەتۈر سويۇپ ئىچىگە سامان تىققان بولسا، بەكمۇ ئاقىلانە ئىش قىلغان بولاتتى. بىراق، ئۇ ماڭا قول تەگكۈزمىدى.. بىرھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن، كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە ئورنىدىن تۇردى ۋە مېنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ئۇ شۇ ھەرىكىتى بىلەن مېنىڭدە ئۆزىگە نىسبەتەن مەڭگۈ تۆلەپ بولالمايدىغان ۋىجدان قەرزى قالدۇردى. ئىككى كۈن تىپتىنچ ئۆتۈپ كەتتى. ئۆگۈنى ئۇ مېنى ئېلىپ نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش ئورنىغا باردى. گۇناھ ئۆزۈمدە بولغاچ غىڭ قىلالمىدىم. جىمجىتلا ئاجراشتۇق. ئۇ ئۆينى ماڭا قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى. مەن پۈتمەس - تۈگىمەس ئازاب، پۇشايمان ئىلكىدە يالغۇز قالدىم. بۇ ئىشنى ئۇققان ئاتا - ئاناممۇ مېنى قارغاپ بىر پۇلغا ئالغۇسىز قىلىۋەتتى. مانا ئەمدى مېنىڭ بالىلىرىم ئالدىدىمۇ، ئاتا - ئانام ئالدىدىمۇ، تونۇش - بىلىشلەر ئالدىدىمۇ يۈزۈم يوق. سېسىقى تۆرگە چىققان تۇل خوتۇننىڭ ئۆزى بولدۇم.

كېيىن ئويلاپ ھېلىقى خەۋەر بەرگەن ئادەمنىڭ چوقۇم خاسىيەت ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم. چۈنكى، ھەمدۇللا ئۇنىمۇ ئاشۇ جىگدىلىككە ئېلىپ بارغان، ئۇ ھەمدۇللانىڭ بېرىشى مۇمكىن بولغان يەرلەرنى پىششىق بىلگەچكىلا، ئېرىمگە توغرا ئاخبارات بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. مەيلى ئۇنى كىمدىنلا كۆرمەي بولغۇلۇق بولدى، ئۆزۈمدىن ئۆتتى، چىققان كۆزنى جايىغا ئەكەلمەك مۇمكىن ئەمەس. مەن بىر مەھەللىك كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قالغان ئادەم. بەربىر مەڭگۈ تازىلىغىلى بولمايدىغان ياغلىق قاپاق. شۇڭا، شوپۇر بولامدۇ، باققال بولامدۇ، ئىشقىلىپ مەن بىلەن كۆڭۈل ئاچقۇسى بار ھەرقانداق ئادەمنى رەت قىلمايمەن. ئويۇننى بولۇشغا ئويناپ، تەقدىرىمدىن قىساس

ئالىمەن . قېنى ، بىر رومكىدىن كۆتۈرۈۋېتەيلى .

ئامىنە ھېكايىسىنى تۈگەتتى ۋە بىر ئىستاكان ھاراقنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتى . رىسالەت ئۇنىڭ بۇ مەخپىيىتىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچىندى . تۇرمۇشتا ئېنىق بىر ياشاش مەقسىتى بولمىغان ئاياللارنىڭ كۆڭۈلنىڭ ، بىردەملىك ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ ، ئاسانلا يولدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندى . مانا، ھەمدۇللا ئۇنىڭغىمۇ ئېغىز ئاچقان ، بىراق تېگىشلىك دەككىسىنى يەپ قۇيرۇقىنى قىسقانىدى . ئۇنىڭ دوختۇرخانا ئىچىدە ، يەنە كېلىپ خىزمەت ئورنىدا شۇنداق ناشايان ئىشلارنى قىلىپ يۈرگىنى چېكىدىن ئاشقان ئەخلاقسىزلىق ، دوختۇرلارنىڭ شەنىگە چىچقاقلىق ، يۈزىگە كەندە سۈۋىغانلىق ئىدى . مۇشۇ ئادەمنىڭ پاسكىنا ئايىغىدا بۇلغىنىپ كەتكەن دوختۇرخانا بىناسىنىڭ غۇلاپ چۈشمەي ، ھېلىمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشى بىر مۆجىزە ئىدى .

رىسالەت شىشىنى قولىغا ئالدى ــ دە ، ھاراقنى غورتۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى . قىزىل ھاراق ئۇنىڭ تومۇرلىرىدىكى قانلارنى قىزىتماقتا ئىدى . ھاراق كەيپىگە قوشۇلۇپ ئاشۇ چاغدىكى مەنزىرە يەنە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولۇشقا باشلىدى . ئۇ خۇدىنى بىلمىگەن ھالدا «سۇلايمان !» دەپ ۋارقىرىۋەتتى . ئۇنىڭ ئاۋازى بەئەينى ئوغلىقىنى يىتتۈرۈپ قويغان مارالنىڭكىدەك ئېچىنىشلىق ئىدى ...

ــ سۇلايمان دېگەن كىم ؟ ــ سورىدى ئامىنە بىردىنلا سەگەكلىشىپ .

ــ ئۇ مېنىڭ تۇيغۇم ، ئۇ مېنىڭ سەزگۈم ، ئۇ مېنىڭ چۈشۈم ! تاسادىپىي پۇرسەتتە كۆرۈپ قالغان ۋە مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتىشكە قادىر بولالمىغان شېرىن چۈشۈم . مەن مۇشۇ چۈشنىڭ ئاسارىتىدىن بەختسىز بولۇپ قالغان ئايالمەن .

ــ تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بەرمەمسىز ؟

ــ بۇ چۈشنىڭ قايسىبىرىنى سۆزلەپ بولاي ؟ چۈنكى ، مەن كۈندە مۇشۇ چۈشنى تەكرار كۆرۈۋاتقان تۇرسام ... ــ رىسالەتنىڭ

كۆز ياشلىرى يەنە ئېقىشقا باشلىدى ، — ھەممە دەردىمنى كۆزۈم-
دىن كۆرسىڭىز بولىدۇ ، ئامىنە ، ئۇلارنى تىلىم سۆزلەشكە قادىر
ئەمەس !

ئىككى ئايال بىر - بىرىگە ئېسىلغىنىچە بۇقۇلداپ يىغلاپ
كەتتى .

ئەتىسى ئۇلار ۋاقچە ئورنىدىن تۇردى . ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەنىدى . رىسالەت تاشتەك ئېغىرلاپ كەتكەن بېشىنى سالغىنىچە پولدا ياتقان بوتۇلكىلارنى يىغىشتۇردى . ئامىنە بولسا گازىر شۆپۈكلىرىنى تازىلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى . ئۇنىڭ ئاخشام دېگەن گەپلىرى رىسالەتنىڭ قۇلاق تۈۋىدە قايتىدىن جاراڭ-لاشقا باشلىدى . بىرپەسلىك ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ ، ھەممى-دىن ئايرىلىپ قالغان ئامىنە يەنە بولمىغۇر ھەرىكەتلىرى بىلەن تۇرمۇشتىن ، باشقىلاردىن قىساس ئالماقچىدى . ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، كۆز ئالدى قان رەڭگىدە كۆرۈندى .

— ئامىنە ، — دېدى ئۇ غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا ، — ئاخشام دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى راست گەپلەرمۇ ؟

— مېنى تۇتامى يوق ، يالغانچى ، گەپ دېگەننى يانپىشىغا ئۇرۇپلا توقۇۋېتىدۇ ، دەپ ئويلىغانمىدىڭىز ؟

ئامىنە ئۇنىڭ سوئالىغا سوئال بىلەن جاۋاب قايتۇردى . رىسا-لەت ئۇندىمەستىن ، بېشىنى قاماللاپ بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن ، تېخىچە ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئامىنەنىڭ تاتىراڭغۇ يۈزىگە تىكىلدى .

— سىزنىڭ تەقدىردىن ئۆچ ئالماقچى بولغىنىڭىز راستمۇ ؟ سىز راستلا شوپۇر بولامدۇ ، باققال بولامدۇ ، بىدىك بولامدۇ ، ئىلغاپ ئولتۇرمامسىز ؟ بۇنىڭ ئۆچ ئېلىش ئەمەس ، ئۆز - ئۆزى-ڭىزنى دەپسەندە قىلىش ، خەقنىڭ ئالدىدا كەمسىتىلىش ئىكەنلىكى-نى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ ؟ ئاخشام سىزنىڭ ياسانغىنىڭىزغا قاراپ ، پاھىشىنىڭ گېپىنى قىلسام تېرىككەنىدىڭىز . بىراق ، سىز قىلماق-چى بولغان ئىشلارنىڭ پاھىشىنىڭكىدىن نېمە پەرقى بار ؟ بىر ئايال ئۈچۈن مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن تەقدىردىن ئۆچ ئېلىشتىن باشقا

ياشاش يولى يوقمۇ؟ پاك ئەقىدىسى، ئالتۇنغا بەرگۈسىز ۋىجدانى بىلەن بىر قېتىم قىڭغىر كەتكەن يولىنى روسلاپ، ئادىمىيلىك سېپىگە قايتىپ كەلگەن ئايالللارمۇ ئاز ئەمەسقۇ؟ سۆيۈملۈك دوستۇم، ئويلاپ بېقىڭ، مېنىڭ سىزگە تورمۇش جەھەتتىن نەسىھەت قىلغۇدەك سالاھىيىتىمغۇ يوق. سىزنىڭ جەمئىيەتتە ھۆرمىتىڭىز، ئىناۋىتىڭىز بار. كەسپىتىمۇ خېلى قابىلىيىتىڭىز بار. شۇڭا، سىز سېستىرالار باشلىقى بولغان. ئۈستىڭىزدىكى ئاق خالات نىمەدىن دېرەك بېرىدۇ؟ سىز ئاشۇ يولدا مېڭىپ بۇ خالاتنى بۇلغاپ قويۇشتىن ئەنسىرىمەمسىز؟ شۇنداق مەقسەتلەر بىلەن ياشىسىڭىز بۇ خالاتقا يۈز كېلەلەمسىز؟ ئامىنە، ھەي ئامىنە، ئويلاپ بېقىڭ، بىر ئايالنىڭ پاك نامىنى ساقلاپ قالمىقى ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پەرزەنتلىرىنىڭمۇ كېيىنكى يۈز ـ ئابرۇيى ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ ئاشۇ باللار تاڭلا بەش كۈندە سىز دېمەتلىك ئادەم بولىدۇ. ئۇلار ئاق ـ قارىنى بىلگۈدەك بولغىنىدا، ئانىسىنىڭ ھەممىگە پۇر كەتكەن سېسىق نامىنى ئاڭلىسا، قانداق تۇيغۇدا بولار؟ سىز ئاشۇ نامىڭىز بىلەن ئۇلارنىڭ يۈزىگە قانداقمۇ قارارسىز؟ مۇشۇلارنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

ئامىنە خۇددى ئەمدىلەتىن ئۇيقۇسى ئېچىلغاندەك، كۆزلىرىنى چوڭ ئاچقىنىچە رىسالەتنىڭ ئېغىزىغا قاراپلا قالغانىدى.

— مەنمۇ تۇرمۇشتا بىر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدىم. ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان مۇھەببەتكە ئېرىشەلمىدىم. كۆڭلىرىم شۇنچە مەنىسىز ئۆتۈۋاتىسىمۇ، ئەمما تۇرمۇشتىن ئۇ خىل يول بىلەن ئۆچ ئېلىشنى زادىلا ئويلاپ باقمىدىم. ئۇ ئۆچ ئېلىش ئەمەس، ئۆز ـ ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلغانلىق. سىزنى يولدىن چىقارغان ھەمدۇللا ماڭىمۇ ئېغىز ئاچقان، مەنمۇ ئۇنىڭ تۇزىقىغا چۈشكەن بولسام، بۈگۈن بۇ يەردە سىزگە مۇنداق ئۇلۇغۋار قىياپەتتە سۆزلەپ ئولتۇرمىغان بولاتتىم. مېنىڭ تۇرمۇشتىن كۈتىدىغىنىم ئۇنداق ياۋا مېۋىلەر ئەمەس! شۇڭا، مەن مەغرۇر ھالدا ھەمدۇللانىڭ ماشىنىسىغا تاش ئاتالىدىم. مانا،

ئادەمنى ئاق قىلىدىغىنىمۇ ، قارا قىلىدىغىنىمۇ شۇنچىلىكلا ئىش ! ھاۋايى ھەۋەس ئادەمگە پۇشايماندىن باشقا شەربەت سۇنمايدۇ . ئويىلاپ بېقىڭ ، ھازىر ۋۇجۇدىمىزدا ئاخشامقى لەززەتنىڭ ئىزناسىمۇ يوق ، ھاۋايى ھەۋەس دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەمدى بىلگەنسىز ؟ ھاۋايى ھەۋەس ئۇنچىۋالا قوغلىشىدىغان نەرسىمۇ ئەمەس . ئۇنىڭغا بەك بېرىلىپ كەتسە ، ئادەمنى نەس باسىدۇ .

ئامىنەنىڭ كۆزلىرىدە سەھەر پەيتىدىكى سۇزۇك شەبنەمدەك ياش تامچىلىرى پەيدا بولدى . ئۇ گەپ قىلماستىن رىسالەتنى چىڭ قۇچاقلىدى .

ئىككى ھەپتىلىك ئۆگىنىش ۋاقتى تېزلا ئۆتۈپ كەتتى . ئامىنە ئۇن - تىنسىز ھالدا ئۆگىنەتتى ، ئەستايىدىل خاتىرە قالدۇراتتى . بوش ۋاقىتلىرىدا ياتاقنىڭ بالكونىغا چىقىۋېلىپ ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارغا ، ئادەملەرگە قارىغىنىچە خىيال سۈرەتتى . ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى تۈزگەن ئويۇن پىلانلىرىنىڭ ھەممىسى رىسالەتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئۆز - ئۆزىدىن چۇۋۇلۇپ كەتكەنىدى . ئامىنە ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى ئانا ، كۆيۈمچان ئايال بولالمىغانلىقىنى ، بىر قېتىم قىڭغىر كەتكەن يولىنى رۇسلاپ مېڭىش ئۈچۈن ئەمدى بارلىق چاكىنا ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن قول ئۈزمىسە بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى .

ئەتە قايتىمىز دېگەن كۈنى كەچ ئالىمجان ئۇلارغا ئۇزىتىش چېيى بەرمەكچى بولدى . رىسالەتنىڭ بۇ چايغا تازا تاۋى يوق ئىدى . شۇنداق بولسىمۇ ، ئۇ ساۋاقدىشىنىڭ كۆڭلىنى رەت قىلالمىدى . پەقەت خىيالىدا ئەمدى ئۇ ئايالنى باشلاپ كەلمىسكەن دېگەن بىرلا ئوي كېزىپ يۈرەتتى .

يەنە ھېلىقى پارقىراپ تۇرىدىغان سانتانا . بۈگۈن ئامىنە گىرىم قىلىپمۇ ئولتۇرمىدى . پەقەت چىرايلىق دەزمالللانغان بىرقۇر كىيىمىنى كىيىۋالدى . ئاندىن بېشىنى سالغىنىچە رىسالەتكە ئەگىشىپ ماشىنىغا چىقتى . ئۇلار بىرمۇنچە ماڭغاندىن كېيىن ، بىر

چوڭ بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بىنانىڭ دوقمۇشىدىكى يوغان ۋىۋىسكىغا «ئەتىرگۈل رېستورانى» دېگەن خەتلەر رەڭدار چىراغلار بىلەن چىرايلىق نەقىشلەنگەنىدى. ئالىمجان بۈگۈن نېمىشقىدۇر بەكلا كەم سۆزلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ رىسالەتلەرنى باشلاپ لىفت بىلەن ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقتى ۋە تېگىگە رەڭدار گىلەم سېلىنغان ئۇزۇن كارىدورنى بويلاپ بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ئىشىكى قىيا ئوچۇق بىر خانىگە باشلىدى. ئۇ يەردە ئالىمجان دېمەتلىك كېلىشكەن بىرسى ئۇلارنى ساقلاپ ئولتۇرغانىدى.

—تونۇشۇپ قېلىڭلار، —دېدى ئالىمجان ھەممىيلەن يۇمىلاق ئۈستەلنى بويلىتىپ تىزىلغان ئوبىما نەقىشلىك ئورۇندۇقلارغا جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن، —بۇياق مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم، ئىسمى خالمۇرات، ۋىلايەتلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ. بۇياق، —ئۇ رىسالەتنى كۆرسەتتى، —مېنىڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتتىكى بىر قارار كېيىن ئوقۇغان ساۋاقدىشىم. ئىسمى رىسالەت بولىدۇ. ئەينى چاغدىكى مەكتەپنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ چاغدا بىز بۇلارنىڭ قولىغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيتتۇق. بۇياق ئۇنىڭ خىزمەتدىشى ئامىنە، بۈگۈن مۇشۇ ئىككى جۈپلا ئولتۇرىمىز. قايسى كۈندىكى ئايالىمنىڭ ئەدەپسىزلىكى ئۈچۈن بۈگۈن سىلەردىن كەچۈرۈم سورايمەن. ئېچىلىپ ئولتۇرايلى، پارىڭىمىز كۆڭۈللۈك بولسۇن! يەنە بىر كۆرۈشكۈچە كىم بار، كىم يوق، پۇرسەتنى چىڭ تۇتايلى.

—خانىملار بىلەن تونۇشقىنىمغا ئىنتايىن خۇرسەنمەن، —دېدى خالمۇرات قىزلارنىڭكىدەك ئىنچىكە، جىغىلداق ئاۋازدا، —ئالىمجان نەچچە كۈن ئىلگىرى سىلەرنىڭ كەلگەنلىكىڭلارنى، مۇشۇنداق بىر ئولتۇرىدىغانلىقىمىزنى دېگەن، لېكىن ھېچبىر پۇرسىتى بولمىغانىدى. بۈگۈن سائىتى كەپتۇ. قېنى ئەمىسە، تاماقنى تارتىڭلار.

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتكۈچىگە بۇيرۇق قىلىش بىلەن

ئاخىرلاشتۇردى . رىسالەت يەر تېگىدىن ئامىنەگە قاراپ قويدى . ئۇ تىرنىقىنى تاتىلىغىنىچە يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى . ئاشۇ كۈندىكىدەك پەيلى بولىدىغان بولسا ، خالمۇرات ئاللىقاچان ئۇنىڭ ئوۋ نىشانى بولۇپ قالغان بولاتتى . بىراق ، بۈگۈن ئۇ ھەممە ھاۋايى ھەۋەسلىرىدىن كەچكەندەك ، شاللاق قىلىقلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ھالدا ئېسىل سۈپەت ئولتۇراتتى . رىسالەت ئۇنىڭ چىرايىدىكى خاتىرجەملىك بەخش ئەتكەن نازاكەتنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن يامان ئەمەس ئايال ئىكەنلىكىنى پەملىدى . بىراق ، ئۇنىڭ ئىلگىرى ئۆزىنىڭ يولىنى توغرىلاپ ماڭالمىغان ئەيىبى بار ئىدى .

بىرپەستە ئۈستەل ئۈستى ھەرخىل تائاملار بىلەن تولدۇرۇۋېتىلدى . پەتنۇس - تاۋاقلار خاماندەك دۆۋىلىنىپ كەتتى . ئۇلار ئاز - تولا تاماقلانغاندىن كېيىن ، خالمۇرات كۈتكۈچى قىزنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى . ھايالشىماي ئۇ قىز بىر پەتنۇسقا ئېلىنغان ئىككى بوتۇلكا ھاراقنى كۆتۈرۈپ كىردى . خالمۇرات ئاياللار ئۈچۈن قىزىل ھاراق ، ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاق ھاراق بۇيرۇتقانىدى . بۇنى كۆرۈپ ، ئامىنە ئىتتىكلا رىسالەتكە قارىدى . رىسالەت ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى ئاستا چايقاپ قويدى ۋە ئۆزرە سورىدى :

— كەچۈرۈڭ ، خالمۇرات ، بىز ئەسلىدە سىزنىڭ قولىڭىزنى قايتۇرمىساق بولاتتى . بىراق ، بىز ئەزەلدىن ھاراق ئىچىپ باقمىغان . بۇنى ئالىمجانمۇ ئوبدان بىلىدۇ . شۇڭا ، سىلەر ئىچىۋېرىڭلار . بىزگە قويماڭ .

— سىلەرنى قارىتىپ قويۇپ ئىچكەن ھاراق گالدىن قانداق ئۆتىدۇ دەيمەن ؟ — دېدى ئۇ ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ئىنچىكە ئاۋازدا ، — ئۇنداق قىلماڭلار ، خانىملار ، بۇ دېگەن گرادۇسى ئىنتايىن تۆۋەن ، خۇددى سوغۇق ئىچىملىكچىلىك بىرنەرسە . ھاراق دېگىلىمۇ بولمايدۇ . ئاز - تولا گالنى نەمدەپ تۇرغاندا ، ئادەمنىڭ ئىشتىھاسى ياخشى بولىدۇ . قولۇمنى قايتۇرماڭلار .

— بىزنىڭ ئۇندىغىسىزمۇ ئىشتىھايىمىز ئوبدان بولۇۋاتىدۇ، — دېدى رىسالەت قاتتىقراق قىلىپ، — قورساق يېرىلىپ كەتكۈچە يەۋاتىمىز. ياخشىسى ئۇنى بىزگە زورلىماي ئىچىپ كۆنمىگەن نەرسە گالدىن زەھەر بولۇپ ئۆتىدۇ، خالمۇرات ئەپەندى.

— ئالىمجان، بۇ تۇمۇچۇقتا سەن بىرنەرسە دېسەڭچۇ؟ — خالمۇرات ئۇنىڭغا يېلىندى، — ئاز - تولا ئىچىشمەي بۇ سورۇننى قانداق ماغدۇرغىلى بولىدۇ؟ بىرئاز ئىچىۋالمىساق، سورۇننى قىزىتقىلى بولمايدۇ - دە!

— رىسالەت، سىزنىڭ ئىلگىرى هاراق ئىچىپ باقمىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن، — دېدى ئالىمجان ئۆزىمۇ ئاران ئاڭلىغۇدەك قىلىپ، — شۇنداقتىمۇ بۈگۈن خالمۇرات بىلەن ئىككىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ، بىر يۇتۇم بولسىمۇ ئىچىپ بېرىڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماۋۇ دوستىڭىزمۇ ئىچىدىغاندەك قىلىدۇ. سىز مۇنداق قىيتىۋالسىڭىز، ئۇ ئوسساپ قالغۇدەك. مۇمكىن بولسا...

— ئالىمجان، قەدىرلىك ساۋاقدىشىم، مېنىڭ خۇيۇمنى ئوبدان بىلىسىزغۇ؟ — دېدى رىسالەت ئۇنىڭغا قاراپ يېلىنغاندەك قىياپەتتە، — سىزنىڭ مەرتىۋىڭىز ئۆسۈپ، ھەممە ئادەم خوش دەپ تۇرىدىغان چاغدا تەلىپىڭىزنى يەردە قويماسلىقىم كېرەك ئىدى. بىراق، مەن شۇنداق كاجىراق چوڭ بولغان قىز ئىكەنمەن. قىلىپ كۆرمىگەن ئىشنى ھەرگىز قىلغۇم كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىزمەتدىشىمۇ سەل مۇتەئەسسىپرەك، هاراق - شارابنى كۆرگەندە، بىر كۈنلۈك يەرگە قاچىدىغىنىدىن. شۇڭا، بىزنى بىر قېتىم كەچۈرۈۋېتەرسىزمۇ؟

ئالىمجانغا ئەمدى دېگۈدەك گەپ قالمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ خالمۇراتقا قاراپ بېشىنى چايقىدى.

— ئەمىسە سىلەرگە مالال كەلمىسە، بىز ئىچىۋېرەيلى، — دېدى خالمۇرات ئىككى رومكىغا ئاق هاراق قۇيۇپ، — بۇ تونۇشقىنىمىزنىڭ شەرىپى ئۈچۈن!

www.uyghurkitap.com

خالمۇرات قولىدىكى رومكىنىڭ بىرىنى ئالىمجانغا سۇندى . ئىككىسى رومكىلىرىنى بىر - بىرىگە يېنىك تەگكۈزۈپ قويۇپ گەپ - سۆز قىلماستىن كۆتۈرۈۋەتتى .

هاراق بىرنەچچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن ، خالمۇراتنىڭ ئۇششاق تىلى چىقىشقا باشلىدى . ئۇ ئاياللارنى تاماقىا زورلايتتى ، ئېغىزى - ئېغىزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى . ئالىمجان بولسا تاماكىسىنى شورىغىنىچە ئېغىر تىنىپ ، گەپ - سۆز قىلماستىن ئولتۇراتتى . بىر چاغدا خالمۇرات تانسا ئويناش تەكلىپى بەردى ۋە تام بويلىتىپ قويۇلغان بىر يۇرۇش ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، بىر پلاستىنكىنى ئاپپاراتقا سالدى . چوڭ ئېكرانلىق تېلېۋىزوردا سېرىق چاچلىق رۇس ناخشىچىسى پەيدا بولۇپ ، «زىمىستان قىشتىكى چۇش» ناملىق ناخشىنى پەس ، ئەمما دولقۇنلۇق ئاۋازدا ئېيتىشقا باشلىدى . خالمۇرات قولىدا قاس چىقىرىپ قويۇپ ئامىنەنىڭ ئالدىغا ئالچاڭلاپ كەلدى .

— قېنى خانىم ، ئىككىمىز بىر قول...

ئامىنە گويا خالىمايۋاتقاندەك بىر كەيپىياتتا ئورنىدىن تۇردى . خالمۇرات تولىمۇ سىپايە بىر ھەرىكەتتە ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە پىرقىراتقىنىچە ئېلىپ كەتتى . ئالىمجانمۇ تاماكىسىنى كۈلدانغا بېسىپ ، رىسالەتنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— قېنى رىسالەت ، بىزمۇ زىمىستان قىشنىڭ چۇشىنى كۆرۈپ باقمايلىمۇ ؟

رىسالەت ئۇنىڭغا قاراپ بىرھازا تۇرۇپ كەتتى . ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى بىر نۇقتىدا ئۇچراشتى . ئەمما ، بۇ كۆزلەردىن قىزغىنلىق ئەمەس ، ھەسرەت ئۇچقۇندايتتى .

— بىر گەپنى قىلسام ، سىز ئىشىنەمسىز ؟ — دېدى رىسالەت ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ، — بۇ مېنىڭ ئىككىنچى قېتىم تانسا ئوينىشىم . تۇنجىسىنىمۇ سىز بىلەن ئوينىغان . ئاخىرقىسىنىمۇ سىز بىلەن ئوينايدىغان بولدۇم .

— توۋا دەڭا ، رىسالەت ، سىز مۇشۇ ئاددىي بىر ئۇسۇلنىمۇ

ئويناپ باقمىدىڭىزمۇ ؟

— بۇنىڭ توۋا دېگۇچىلىكى يوق ، ئاشۇ چاغدا مەكتەپ زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن تانسا كېچىلىكىدە سىز بىلەن بىر قېتىم ئوينىغان، مانا بۇ ئىككىنچى قېتىملىقى .

— سىز راھىبەلەردەكلا ياشاپ كەپسىز ، رىسالەت . بۇنداق يۈرۈپ ئىچىڭىز سىقىلمامدۇ ؟ تۇرمۇش دېگەننىڭ ئادەمگە خۇشاللىق بېرىدىغان ، روھىنى كۆتۈرىدىغان ئويۇنلىرى كۆپقۇ ؟ سىز نېمىشقا رېئاللىقتىن بۇنداق ئۆزىڭىزنى قاچۇرىدىغانسىز ؟ ھەي بىچارە ...

ئالىمجان ئېغىر خورسىنىپ قويدى ۋە بېشىنى ئۇنىڭ چاچلىرىغا يېقىنلاشتۇرۇپ ، رىسالەتنىڭ تاغ ئالمىسىنىڭكىدەك چۈچۈمەل خۇش ھىدىنى ھىدلىدى . قەلبىدە ئاللىقانداق بىر تۇيغۇلار ئۆركەشلىدى .

— مەن مۇشۇنداق كۆنۈپ قاپتىمەن . ئەمدى باشقىچە بولالىشىم مۇمكىن ئەمەس .

— تۇرمۇشىڭىز بەختلىك ئەمەسمۇيا ؟ — سورىدى ئالىمجان كۆيۈنگەن ھالدا ، — سىزدەك پەزىلەتلىك قىزنىڭ تۇرمۇشتا بەختسىز بولۇشىغا ئىشەنمەيمەن ، — ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى ، — رىسالەت ، تىلىمنىڭ ئۇچىدا بىر گەپ بار ، بىراق ئۇنى سىزگە ئېيتالمايۋاتىمەن . مۇمكىن بولسا بىز بىر يەرنى تېپىپ ، ئوبدانراق بىر پاراڭلاشساق بولاتتى . سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن يۈرەك سۆزلىرىم بار . سىز بىلەن ئوبدانراق بىرگە بولسام ، قەلبىمدىكى ئۇزۇندىن بېرى ئارمان قىلىپ كەلگەن تەشنالىقىم بېسىلىپ ، ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم ھېسابلىغان بولاتتىم...

— ئالىمجان ، مەن بۇ ئۆمرۈمدە بەخت دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي ياشاپ كەلگەن ئادەممەن . مۇشۇ تۇرقۇمدىمۇ سىزنى بەختلىك قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ . شۇنداق ، قولۇمدىن مەڭگۈ كەلمەيدۇ . مېنى چۈشىنىڭ ، ئالىمجان ، ئۆزۈم بەختىنىڭ



www.uyghurkitap.com

نىمىلىكىنى بىلىمەي تۇرۇپ باشقىلارغا قانداقمۇ بەخت ئاتا قىلالايمەن؟ — رىسالەت ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى، — مەن رېئاللىق-قا ئەمەس، قەلبىمدىكى تىندۇرمىغا تەۋە ئادەممەن. شۇڭا، رېئال-لىقتىكى ھەرقانداق نەرسە مېنى بەختلىك قىلالمايدۇ، ھەتتا سىز-مۇ. مېنىڭ ھاياتىم بەئەينى توختام سۇغا ئوخشايدۇ. ئۇ قەلبىمدە جىم تۇرغىنى بىلەن تېشىپ كەتسە ئاپەت پەيدا قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا، مەن بۇ تۇغاننى مەھكەم ساقلايمەن. باشقىلارنىڭمۇ تۇغاننى بۇزۇش ئەمەس، تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— دېمەك، مەن ئاشۇ تۇغاندىكى ئابىزەمزەمدىن بىر ـ ئىككى ئوتلامىمۇ ئىچەلمەيدىكەنمەن ـ دە؟!

— بۇ سۇ ئابىزەمزەم ئەمەس زەھەر، قەلبىمدە ئۇزۇن مۇد-دەت تۇرۇپ قېلىپ زەھەرگە ئايلىنىپ كەتكەن. شۇڭا، سىز ھەر-گىزمۇ ئۇنى ئىچىش قەستىدە بولماڭ.

— مەن قىلىپ بېرەلىدىغان بىرەر ئىشىڭىز يوقمۇ؟ — يەنە سورىدى ئالىمجان ئۇنى ھىدلاپ تۇرۇپ، — ھازىر ھەر ھالدا قو-لۇمدىن بىر ئىشلار كېلىدۇ. بەلكىم ...

— ھازىرچە يوق، ئىش چىقىپ قالسا، سىزنى چوقۇم ئىز ـ دەيمەن، — رىسالەت مۇزىكا رىتىمىغا ماسلىشالمىغان ھالدا جاۋاب بەردى ۋە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئامىنە بىلەن خالمۇراتقا قارىدى. خالمۇرات ئۇنى ھە دەپ ئۆزىگە تارتاتتى، ئامىنە بولسا كۈچىنىڭ بارىچە ئۇنى ئىتتىرەتتى. ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ئاسانلىقچە پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان قاتتىق تىركىشىش ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. رىسالەت بۇ ئايالنىڭ ۋۇجۇدىدا بىخ سۈرگەن «ياق» دېگەن تۇيغۇ-دىن بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ئەرلەرنىڭ چېكىدىن ئاشقان تەلەپلىرىگە «ياق» دېگەن جاۋابنى بېرەلەيدىغان بولغانىدى.

### 70

بۈگۈن قاتتىق قار ياغدى . خىزمەت بىناسىنىڭ ئالدىدىكى مەيدان كىمدۇر بىرى سالغان ئاق جايناماز دەك يالتىراپ تۇراتتى . ۋىژىلداپ ھۇشقۇيتۇپ تۇرغان قار سوغۇقى قۇلاقلارنى ، بارماقلارنىڭ ئۇچىنى ئۆشۈشۈتەتتى . زىيادە سوغۇقنىڭ تەسىرىدىن تۈكۈرگەن تۈكۈرۈكمۇ ئادەمنىڭ لېۋىدە مۇز بولۇپ قاتاتتى .

ھوشۇر سەلەي دوڭغاقلاپ يۈرۈپ مەيداندىكى قارلارنى تازىلىماقتا ئىدى . ئۇنىڭ قېقىلىپ يۆتەلگەن ئاۋازى بىنالارنىڭ ئۆگزىسىدىن ، يالىڭاچ دەرەخلەرنىڭ ئۇچىدىن ئەكس سادا بولۇپ قايتاتتى . ئۇچىدىن قار ئۇچقۇنلىرى توزۇپ تۇرغان سۈپۈرگىدىن شار - شۇر قىلغان ئاۋاز چىقاتتى . ھوشۇر سەلەي ئاشۇ ئاۋازلارغا قۇلاق سالغىنىچە ئۆز ئىشى بىلەن بەند ئىدى .

بىر چاغدا ئىدارىنىڭ دەرۋازىسى تەرەپتىن ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازى ئاڭلاندى . ھوشۇر سەلەي ياسىنجاننىڭ كەلگەنلىكىنى پەملەپ ، سۈپۈرگىنى تاشلىدى ۋە پايپاسلاپ كېلىپ ، مۇزدەك سوغۇق تۆمۈر دەرۋازىنىڭ قاناتلىرىنى ئۇلۇغ ئاچتى . سەل تېرىكىپ چىرايى قارىداپ كەتكەن ياسىنجان ماينى بولۇشىغا دەسسەپ ماشىنىنى قوپاللىق بىلەن قوزغىدى . ھوشۇر سەلەي ماشىنا قار قاپلىغان مەيداننى ئەمەس ، ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى دەسسەپ ئۆتۈپ كەتكەندەك ئەندىكتى . بىنانىڭ ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشكەن ياسىنجان كەينىگە بۇرۇلۇپ ، سوغۇقتىن لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتكەن ھوشۇر سەلەيگە يەۋېتىدىغاندەك ئالايدى .

— قېرىغاندا قۇلاقتىن كەتتۇقمۇ ، نېمە ؟ — دېدى ئۇ تەئەددى بىلەن ، — شۇنچە سىگنال بەرسەممۇ دەرۋازىنى ھېچ ئاچقۇمىز يوقتۇ ؟

— سۈپۈرگىنىڭ شار - شۇر ئاۋازى بىلەن ۋاقتىدا ئاڭلىيالماپتىمەن ، — دېدى ھوشۇر سەلەي ئەيىبكارلارچە بېشىنى ئې -

گىپ، ــ رەنجىمىسىلە، ئىدارە باشلىقى.

ــ تازىلىق تېخىچە تۈگىمەپتۇ، قوڭغا ئاپتاپ چۈشكۈچە سۇ-نايلىنىپ ياتماي، سەھەررەك تۇرىلى مۇنداق، ــ ياسىنجان يەنە تېرىكتى، ــ مۇشۇنداق مىسىلداپ يۇرسەك، ئىدارىدە ئىش ئاق-سىمامدۇ؟ بۇ دېگەن ئىسلاھات روھىغا خىلاپ. كادىرلار ئىشقا كېلىپ بولغۇچە تازىلىقمۇ تۈگەپ بولۇشى، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم خىزمەتكە چۈشۈشىگە شارائىت يارىتىلىشى كېرەك.

ــ ئوبدان، مەن شۇنداق قىلاي…

ياسىنجان دەرۋازا تەرەپتىن كېلىۋاتقان سۇلايمان قاسىمنى كۆرۈپ، كايىشىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى ۋە ئۇنلۇك قىلىپ دېدى:

ــ بىرەر قىيىنچىلىق بولسا تەشكىلگە ئېيتىڭ، چامىمىزنىڭ يېتىشىچە ھەل قىلىمىز. ئاممىنىڭ مەنپەئىتى بىزنىڭ مەنپەئىتىمىز. بىز سىز ئۈچۈن ھەر ۋاقىت باش قاتۇرىمىز، ھوشۇركا.

ئۇ شۇنداق دەپلا بىناغا كىرىپ كەتتى. سۇلايمان قاسىم قولىنى ئىشقىلىغىنىچە قوشنىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ــ كېچىدىن يەنە ئۆيگە قايتالماپسىز ـ دە؟

ــ ئىدارىدە ئىتنىڭ ئورنىدا ئىشىك باقتىم، ئۇكام، ــ دېدى ھوشۇر سەلەي يۆتىلىپ قويۇپ، ــ كېچىنىڭ سوغۇقى يامان ئىكەن. سەل زۇكام تېگىپ قالغان ئوخشايدۇ، بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ. قارنى تازىلاپ بولۇپلا ناشتا قىلغاچ دورا ئىچىپ كەلمىسەم بولمىدى.

ــ قېرىغاندا ئەجەب جاپادا قالدىڭىزغۇ، ھوشۇركا، ــ سۇلاي-مان قاسىم ئىچ ئاغرىتقان ھالدا ئۇنىڭ قارىداپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ قويدى، ــ بايىقىدەك چاغدا بېشىڭىزنى ئىچىڭىزگە تىقىپ ئولتۇرماي، قىيىنچىلىقىڭىزنى دېسىڭىز بولمامدۇ؟ ياسىنجان ئۆ-زى شۇنداق دېدىغۇ؟

ــ ھەي ئۇكام، ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە ئويلايدىغانلىقىنى كىم بىلىپتۇ؟ ــ ھوشۇر سەلەي ئېغىر ئۇھ تارتتى، ــ ئۇنىڭ ئىلگىرى دېگەن گېپى بىلەن سېنى كۆرگەندىن كېيىن دېگەن گېپىمۇ ئوخ-

شاش بولمىسا، تۇتامى يوق ئادەمنىڭ قايسى گېپىگە ئىشىنىپ بولسۇن؟ مەن ھەرقانچە بولسىمۇ ئاشۇنداق ناكەس ئادەمنىڭ قول-دىكى قۇرۇق ئىمزىگە ئىغىز ئۇپراتماسمىنا؟ بولدى قوي، بۇ زۇمنى ھارام قىلغۇچە كۆچۈمنى ھارام قىلاي. بۇ جاپاغا ئۆلمەسە مەن، ئۇكام.

سۇلايمان قاسىم ئىشخانا بىناسىغا قاراپ نەچچە قەدەم ماڭغان-دىن كېيىن، بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك كەينىگە بۇرۇلۇپ، ھوشۇر سەلەيگە ئىشارەت قىلدى:

— ھوشۇركا، بۇياققا كېلىڭا، ئەمدى يادىمغا يەتتى، بىر چاغدا ئادالەت گېپىنى قىلغان ھېلىقى ساۋاقدىشىمنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەپتۇ. شۇنى ئىزدەپ باقامدۇق يا؟ ئۇنداق جاپاغا قالغۇچە پىنسىيىگە چىقىپلا قۇتۇلمامسىز بولمىسا؟

ھوشۇر سەلەينىڭ غەم بۇلۇتلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان چىرايى-غا كۈلكە يۈگۈردى. ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ مۇزدەك قوللىرىنى چىڭ قىستى.

— جىنىم ئۇكام، بولسا شۇنداق قىلايلى، مەن بۇنداق ئىش-لەۋەرسەم، ئاز كۈندە قومچىم پىشىپ، كۆزۈم يۇمۇلغۇدەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەمبەرخانىڭمۇ مۇشۇ كۈنلەردە تازا مىجەزى يوق. ئىدارىنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇ خوتۇنغىمۇ تۈزۈك قارىيالمىدىم. بولسا ئۇكام، ئاشۇ ساۋاقدىشىڭغا مەن ئۈچۈن بىر يېلىنىپ باققان بولساڭ. بېشىمنى بىر ئوڭلاپ قويسا...

سۇلايمان قاسىم بېشىنى لىڭشىتتى.

— بولىدۇ، بۈگۈن كەچ ئۇنى بىر ئىزدەپ باقاي. تارتقان جاپايىڭىزغا خۇدايىمنىڭ ئىچى ئاغرىسا، ئىشىڭىزنى ئوڭ قىلار، ھوشۇركا.

سۇلايمان قاسىم ئىشخانىسىغا كىرگەندىن كېيىن، سەلىمجانغا تېلېفون قىلدى.

— ۋەي، سەلىمما؟ مەن سۇلايمان، قانداق مىجەز؟ ئوبدان تۇرۇۋېسەنمۇ؟ ھوشۇقۇڭ ئالچۇ چۈشكەندىكىن، ئەلۋەتتە مىنىڭكى-

ـدىن ياخشى بولـدۇ ـ دە . قانداق ، ئىشلار جايىدا كېتىپ بارامدۇ ؟ مۇنداق ئىش قارا ، بىر يىغىنىمىنىڭ سەن بىجىرىپ بەرمىسەڭ بولمايدىغان ئازراق ئىشى چىقىپ قالدى . شۇنى بىر مەسلىھەتلە- شەيلى دېگەن . قاچانلاردا ۋاقتىڭ چىقىدۇ ؟ نېمە ؟ چۈشتىن كې- يىن ؟ بولىدۇ ، مەن سائەتنىڭ توشۇشى بىلەن ئىشخاناڭدا ئۈنۈپ بولىمەن . بوپتۇ ئەمىسە ، قالغان گەپنى شۇ چاغدا دېيىشەيلى ، خوش ...

ئۇ سەلىمجان بىلەن ۋاقىتنى كېلىشىۋالغاندىن كېيىن ، خا- تىرجەم بولۇپ تۇرۇپكىنى قويدى . سەلىمجان ئۇنىڭغا بەكمۇ قىز- غىن مۇئامىلە قىلغانىدى . ئۇ چۈشكىچە قانداقلا بولمىسۇن ، قولـ- دىكى ئىشنى تۈگىتىۋېتىپ ، چۈشتىن كېيىن رۇخسەت ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى ۋە تۈنۈگۈن چالا قالغان ماتېرىياللارنى قايتىدىن قولىغا ئالدى .

سۇلايمان قاسىم دېيىشكەن ۋاقىتتا سەلىمجاننىڭ ئىشخانىسىغا باردى ، ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرغانىدى . ئەس- لىدىكىدىن نەچچە ھەسسە كەڭرى ، خورمارەڭ سىردا سىرلانغان ئالىي دەرىجىلىك جاھازىلار قويۇلغان ، تېگىگە گىلەم سېلىنغان ئىشخانىنىڭ ھەممە يېرى ۋالىلداپ تۇراتتى . سۇلايمان قاسىم بىر- ئاز قورۇنغان ھالدا ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى . سەلىمجان قۇچىقىد- نى كەڭ ئاچقىنىچە كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىدى .

— بەكلا ئالدىراش بولغاچ ، سېنى يوقلىيالمىدىم ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ، — سەن بىلەن بىر يولۇقۇشنى كۆڭلۈمدە نەچچە ئويلايمەنۇ ، قولۇم ئىشلاردىن ھېچ بوشىماي ۋاقىت چىقىرالمىدىم . بۈگۈن سەن تېلېفون قىلمىغان بولساڭمۇ ، سېنى ئىزدەي دەپ تۇرغان .

— ئويۇن ـ تاماشىنىڭ تولىلىقىدا ۋاقىت چىقىرالمىغانسەن تايىنلىق ، — دېدى سۇلايمان قاسىم كۈلۈپ تۇرۇپ ، — بولمىسا توخۇ كاتىكىدەك بىر ناھىيىدە سەن قىلىپ بولالمىغۇدەك قانچىلىك ئىش بار ئىدى ؟

— ئەمدى قازان بېشىدا بولغاندىكىن، چۆمۈچ ئۆزلۈكىدىن قولۇڭغا چىقىپ، ياغلىشىپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، دوستۇم، — سەلىمجان ئۇنىڭغا بىر تال تاماكا تۇتتى، — چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يەپ تۇرمىساڭ، كېيىن پۇشايماندا قالىسەن.

— يەنە شۇ گەپمۇ؟ — سۇلايمان قاسىم چاتقاللىقتا يىلان كۆرۈپ قالغاندەك چۆچۈدى، — يەنە قارغا جەسەت كۆمىدىغان ئەمەت هاجىدىن بىرنى تېپىۋالغان ئوخشىمامسەن؟

— سەن مېنى نېمە چاغلاپ قالدىڭ؟ — سەلىمجانمۇ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قولىنى سىلكىپ قويدى، — مەن ئەمەت هاجىدەك ئادەملەر بولمىسا، بىر ئىش قىلالمايدىغان كوڭگە قالدىممۇ؟ ياق، بۇرادەر، ئۇنىڭسىزمۇ ئويۇن - تاماشىنى بولۇق ئويناپ يۈرگەن ئادەممەن...

— مېنىڭ يېقىنمىنىڭ هېلىقى ئىشنى...

— بولدى قوي، بۇ دېگەن بىر - ئىككى ئېغىز گەپ بىلەنلا پۈتىدىغان ئىش ئەمەس، بۇ ئىشنى قىلىشتا مېنى ئوبدانراق بىر مېهمان قىلمىساڭ بولمايدۇ جۇمۇ، — ئۇ سائىتىگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، قوشۇپ قويدى، — مۇنداق بولسۇن، كەچ سائەت ئالتىدە سېنى ئىدارەڭنىڭ ئالدىدىن ئېلىۋالاي. تەييار بولۇپ تۇر. سەن بىلەن سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرمىغىلىمۇ ئۇزۇن بوپتۇ، بۈگۈن بىر - ئىككى رومكىدىن قاققۇم بار. يېقىنىڭنىڭ ئىشنى كەچتە ئالدىرىماي مەسلىهەتلىشىپ، شۇ يەردىلا پۈتتۈرۈۋېتىمىز. نۇرغۇن ئىشلارنىڭ هاراق سورۇنىدا ئوخشايدىغانلىقىنى ئاڭلىمىغانمۇ سەن؟

— خاتىرجەم بول، ساڭا بىر - ئىككى رومكا قويغۇچىلىكىم بار، بۇ ئىش پۈتىدىغانلا بولسا، ئات - تۆگە سوي دېسەڭمۇ، ياق دېمەيمەن.

— ئەمىسە مېهمان قىلىش سەندىن، نەگە بېرىش مەندىن بولسۇن، بۇرادەر، — سەلىمجان ئەمدى گەپ تۈگىدى دېگەندەك مۈرىسىنى ئېتىپ قويدى ۋە سائىتىگە يەنە بىر قارىۋېلىپ ئوڭايسىزلانغان هالدا دېدى:

— ماڭا قارا، سۇلايمان، بىر يىغىنىم بار ئىدى، ۋاقىت قىستاپ قاپتۇ، كۆرۈپ تۇرۇپسەن، مەن مۇشۇنداق ئالدىراش ئادەم. كىم مېنى بۆلۈم باشلىقى بولسۇن دەپتۇ؟ بۇ ئۆزۈمنىڭ شورى. ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، كەچتە كۆرۈشەيلى، مېنى دەرۋازا ئالدىدا ساقلا.

سۇلايمان قاسىمنىڭ يەنە بىرنەرسە دېيىشىگە ئۇرۇن قالمىغانىدى. سەلىمجان ئۇنى قوغلىغاندەك ئىشخانىسىدىن چىقىرىۋەتتى. نەپسى ئىزا تارتقان سۇلايمان قاسىم كارىدوردا بىرپەس تۇرۇپ قالدى. ئەمەلىيەتتە سەلىمجان يىغىنغا بىرىش ئۈچۈن ئىشخانىسىدىن چىقمىغانىدى.

سۇلايمان قاسىم رۇخسەت ئالغاچقا، ئىدارىسىگە قايتماي ماگىزىن ئارىلىدى، كىتابخانىلارنى بىرقۇر ئايلىنىپ چىقتى. بولقا - كەكە، تۆمۈر زەنجىر، جۇمبۇل - جاۋەن يايمىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۈچ بۇرجەك باغچىنىڭ چۆلدەرەپ تۇرغان مەيدانىدا سوغۇقتىن قوللىرى شاتۇت يېگەندەك قىزىرىپ كەتكىنىگە قارىماستىن، ساقىلىغا تۈكۈرۈپ ئولتۇرۇپ قارت ئويناۋاتقان چار ساقاللارنىڭ تاماشىسىنى كۆردى. ئۇنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى خىزمەتنى دەپ پالاقلاپ يۈرۈپ، بۇ يەرلەرنى ئايلىنىشقا چولىسىمۇ تەگمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇ قولىنى كەينىگە تۇتقىنىچە پۇخادىن چىققۇدەك بازار كۆردى. ناۋادا سەلىمجانغا ھاۋالە قىلىدىغان ئىش ھوشۇر سەلەينىڭ بولمىغىنىدا ئىدى، ئۇ ئاللىقاچان پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالغان ۋە «سەلىمجان» دېگەن ئىسمىنى كۆڭۈل خاتىرىسىدىن پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈۋەتكەن بولاتتى.

سائەت بەشتىن ئاشقانىدى. ئەمدى ئۇ ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، كاتتا ئەربابنىڭ يولىغا قارىمىسا بولمايتتى. ھوشۇر سەلەينىڭ كۆڭلى ئارام تاپىدىغانلا ئىش بولسا، ئۇ سەلىمجاننىڭ قانداق تاپشۇرۇقى بولسا، جان دەپ بەجا كەلتۈرۈشكە تەييار ئىدى. شۇڭا، نېرى - بېرىسىنى ئويلاپ ئولتۇرماستىن ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ سەلىمجاننىڭ «ھەرقانداق ئىش ھاراق سورۇنىدا ئوخ-

www.uyghurkitap.com

شايدۇ » دېگەن گېپىنى يادىغا ئېلىپ ، ئىشخانىسىغا چىقتى ۋە ھەر ئېھتىمال ئۈچۈن چىشىنىڭ كاۋىكىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان ئىككى يۈز سوم پۇلنى يانچۇقىغا سېلىۋالدى .

دەل سائەت ئالتىدە قارا رەڭلىك بىر سانتانا دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى . ماشىنىنى سەلىمجان ئۆزى ھەيدىگەنىدى . ئۇ دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ ، سۇلايمان قاسىمغا ماشىنىنى ئىشارەت قىلدى ۋە تات ـ تات قىلىپ سىگنال بېرىپ قويدى .

ــ ئۆزۈڭ ھەيدەپ كەپسەنغۇ ؟ ــ ھەيران بولۇپ سورىدى سۇلايمان قاسىم ماشىنىغا چىققاندىن كېيىن ، ــ پراۋاڭ بارمىدى ؟

ــ يېقىندا بىرسى بېجىرىپ بەردى ، ــ دېدى ئۇ كۆرەڭلىگەن ھالدا ، ــ ئەمدى ئەمەل ئۆستى ، نېمىنى خىيال قىلسام شۇ تەل بولۇۋاتىدۇ . مۇشۇنداق چاغدا پراۋاڭ بولمىسا ، شوپۇرنىڭ كۆزىگە قاراپ قالىدىغان گەپ . بۇگۈنكىدەك ئويۇنغا ماڭغاندا ، ئۇنى ئەگەشتۈرۈۋالغىلى بولامدۇ ؟ ئېشىكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تىنچ دېگەن شۇ ـ دە .

ــ بىراق ، ئېھتىيات قىل ، ماشىنا دېگەننى ئەجەل ماراپ تۇرىدۇ دېيىشىدىكەن . ئەمەت ھاجىنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى ئېسىڭدىن چىقارما .

ــ ھە دېسە ئەمەت ھاجىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدىغان بولۇپ قاپسەن ، ــ دېدى سەلىمجان مەسخىرە قىلغاندەك ھىجىيىپ ، ــ نىچاغدىكى ئىشلار ئۇ ؟ ئەمدى ئۇنى كاللاڭدىن چىقىرىۋەت . بىزنىڭ تاماشا دېگەن ئۇ بار چاغدىكىدىن قىزىپ كېتىۋاتىدۇ .

ــ مەن سەن ئۈچۈنلا ئۇ ئادەمنى ئەسلەپ كېلىۋاتىمەن ، ــ سۇلايمان قاسىمـمۇ نارازى بولغان ھالدا قاتتىـقـراق قىـلـىـپ دېدى ، ــ ئەمەلىيەتتە ئۇ ئادەمدىن ماڭا ھېچقانداق زەرەر يەتكىنى يوق ، پەقەت سېنى ئەتۇر قىينىغان ھېلىقى ئىش يادىمدىن چىقمايۋاتىدۇ . شۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا قانداق سارغايغىنىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ ؟

ــ ئۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى ، ئەمدى بىز ئالدىمىزغا قارىشى-

مىز كېرەك. بىر قېتىم يىلاندىن چۆچۈپ كېتىپ، ئارغامچا ئۇچرىسىمۇ قورقۇپ يۈرسەك قانداق بولىدۇ؟ سەن بىلەن مېنىڭ پەرقىم دەل مۇشۇ يەردە، — سەلىمجان ئۇنىڭغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، — بىر قېتىم تۈرمىگە كىرىپ چىققاندىن كېيىن، ئېگىزرەك تامنى كۆرسەڭمۇ يۈرىكىڭ سالىدىغان بوپقاپتۇ، ئاداش. ئادەم دۇنياغا بىر قېتىم كېلىدۇ. پۇرسەت بار چاغدا قىلىۋالمىساڭ، كېيىن پۇشايماندا قالىسەن. ئاز - تولا ئويناپ تۇرساڭ، تېنىڭمۇ ئۇششاق كېسەللەردىن خالىي بولۇپ، روھىڭ كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. مانا قارا، سەن بىلەن مەن بىرگە ئوقۇغان ساۋاقداشلارمىز. يېشىمىزمۇ ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئەمما، شۇ تۇرقىدا ئىككىمىزنى كۆرگەن ئادەم چوقۇم سېنى مېنىڭ تاغامىكىن دەپ ئويلاپ قالىدۇ. قارىغىنا ئەپتىڭگە! ئورۇقلاپ خۇددى تولا شۈمۈلگەن كەمپۈتتەك بولۇپ قاپسەن. تۇرمۇشۇڭمۇ ئۇنچىۋالا ناچار ئەمەس. شۇ سېنىڭ روھىي جەھەتتىن كۆتۈنۈشۈڭ خېلىلا كەمچىل. ئۆزۈڭنى بۇنداق تاشلىۋەتسە، كونا تامدەك تۆگىشىپ كېتىسەن. ئادەم دېگەننىڭ ئاز - تولا يولدىن چىقىپ تۇرغىنىمۇ ياخشى ئىش. قانداق، ئىشەنمەمسەن؟ تاماشىنى ھېلى كۆرىسەن.

سۇلايمان قاسىم سەلىمجاننىڭ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ۋەز - نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالغىنىچە لام - جىم دېمەستىن ئولتۇراتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ ماشىنىدىن چۈشۈپ قالغۇسى، ماۋۇ ئادەمنى «روھىي جەھەتتىن» داۋالايدىغان مۇتەخەسسىسنىڭ يۈزىگە تۇكۇرگۇسى كېلىپ كەتكەنىدى. بىراق، ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىشى بولغاچقىلا، سەپسەتىلىرىگە ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمىدى. ماشىنا ئۈچەيدەك تار بىر توپىلىق يولدا كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ شەھەر رايونىدىن قاچان چىقىپ كەتكىنىنى، ئەمدى قەيەرگە قاراپ كېتىۋاتقىنىنى سۇلايمان قاسىم پەقەتلا بىلەلمىدى.

— بۇ قەيەر؟ نەگە كېتىۋاتىمىز؟ — سورىدى ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ، — ئەجەب توپىلىق يولكەنغۇ؟ شەھەردىن بەك يىراقلاپ كەتتۇقمۇ، نېمە؟

www.uyghurkitap.com

ــ ئايقۇمدىكى «ئەممە پاقلان» شەھەرچىسىگە كېتىۋاتىمىز . خاتىرجەم بول ، بىردەمدىلا يېتىپ بارىمىز .

ــ نىمە ؟ «ئەممە پاقلان شەھەرچىسى» ، قانداق يەر ئۇ ؟ مۇشۇ خىلۋەت سەھرادىمۇ «ئەممە پاقلان شەھەرچىسى» قۇرۇلۇپتىمۇ ؟ مەن پەقەتلا ئاڭلاپ باقمىغانىكەنمەن ، تووۋا خۇدايىم ، مۇشۇ كۆنلەردە ئەجەب بىر شەھەرلەر پەيدا بولدى دىسە ...

ــ ئۆيدىن چىقماي خوتۇنۇڭنىڭ تەرىتىگە سۇ ئىسسىتىپ ئولتۇرساڭ ، ئۇنى قەيەردىن ئاڭلايتتىڭ ؟ ــ سەلىمجان قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ، ــ دىسەم ـ دىمىسەم ھەممە نىمىنى سۈلياۋ خالتىدىغا قاچىلاپ ، پەشتاختىغا تىزىپ ساتىدىغان مۇقىم باھالىق سودا شەھەرچىسى يادىڭغا كەلدىغۇ سىنىڭ ؟ شۇنداقمۇ ؟ جاھاننىڭ نەگە بېرىپ ـ نەدە تۇرغىنىنىمۇ ئۇقماي ياشاپسەن ـ دە ، بۇرادەر . بىلىپ قال ، «ئەممە پاقلان» دىگەن بىزدەك ئويۇنچىلار ئاشۇ يەرنىڭ شارائىتىنى نەزەرگە ئېلىپ قويغان ئىسىم . ئەممە پاقلان دىگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغانسەن ؟ ئېغىزىدىن ئانا سۈتى تېمىپ تۇرغان قوزىلار ... پاھ ، ھەممىسى تېخى سېرىق تۈكى چۈشمىگەن قوزىلار ! ئويلىسا ئادەمنىڭ ئېغىزىغا سېرىق سۇ يىغىلىپ كېتىدۇ . شۇنداق قوزىنىڭ تېرىسىگە بىر قېتىم كىرىپ چىقىدىغان بولساڭ ، ئون ياش ياشىرىسەن ، سۇلايمان . ئەتە قوپۇپ يەنە بارمۇ دىمىسەڭ ، ھىساب ئەمەس .

ــ ئادەمنى بىراقلا ئون ياش ياشارتىدىغان قانداق قوزا ئۇ ؟ ــ ھەيران بولۇپ سورىدى سۇلايمان قاسىم تېخىچە ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ...

ــ ئادەمنىڭ قوزىسى ... ــ سەلىمجان پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى ، ــ تېخى ئاغزىدىن ئانا سۈتى كەتمىگەن قىزچاقلار ... بەدىنى ئوت ، ئەركىلەشلىرى تېخىمۇ ئوت ! ئادەمنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىدۇ كاساپەتلەر .

ــ ماشىنىنى توختات ! ــ سۇلايمان قاسىم جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى ، ــ ھۇ ئادەم بولمايدىغان ھايۋان ، تېز توختات . مەن

چۈشۈپ قالىمەن .
ــ كونا كىيىملىك يەنە تۇتتى ــ دە ، سۇلايمان ، ــ سەلىمە-جان ئۇنىڭ ۋارقىراشلىرىغا پىسەنت قىلماستىن ، ماشىنىسىنى ھەيدەپ مېڭىۋەردى ، ــ ئۆزۈڭنى بىسىۋاله ! ئاز - تولىدىن ئىچىد-شىمىز ، كۆڭلۈڭ تارتسا تېرىگە كىرىسەن ، بولمىسا قۇيرۇقنى قىسىپ ، كەلگەن يول بىلەن قايتىمىز . بۇنچە چىچاڭشىپ نىمە قىلىسەن ؟ مەن سېنى يولۋاس ئۇۋىسىغا ئېلىپ ماڭمىدىم . بۇنچە قىلىپ كەتمە ، ئاداش . تېخى مەسلىھەتلىشىدىغان بىر ئىشنىڭ بارلىقىنى ئېيتقاندەك قىلىۋىدىڭغۇ ؟
سۇلايمان قاسىم تۇيۇقسىز بېشىغا بىر كالتەك يېگەندەك جىم بولدى . ئۇ ھوشۇر سەلەيىنىڭ پىنسىيىگە چىقىش ئىشىنى ئېسىگە ئېلىپ ، غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى . ئۇ يانچۇقىدىن تاماكا چىقىرىپ ، بىر تال تۇتاشتۇردى ۋە پۇرقىرىتىپ چېكىشكە باشلىدى . بىرپەستە ماشىنىنىڭ ئىچى ئىسقا تولدى .
ماشىنا بىر دوقمۇشتىن قايرىلىپ ، يوغان بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختىدى . تاملىرىغا رەڭلىك چىنە خىش چاپلانغان ، قانات-لىرى ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان بۇ دەرۋازىنىڭ بېشىدا يوغان بىر قىزىل لامپا يورۇپ تۇراتتى . بۇ ھال ئادەمگە ئاشۇ چىراغدىن قىپقىزىل نۇر ئەمەس ، قىپقىزىل قان چېچىلىپ تۇرغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى . بۇنى كۆرۈپ سۇلايمان قاسىمنىڭ تەنلىرى تىكەنلىشىپ كەتتى . ئۇ سەلىمجاننىڭ يول باشلىشى بىلەن خۇددى بويىنىدىن قىل ئارغامچىدا باغلاپ سۆرىگەندەك مېڭىپ قورۇغا كىردى . ھوي-لىدا يوغان بىر قالپاقلىق پوزا ياندۇرۇلغانىدى . چىراغ يورۇقىدا گۈلدار خىش ياتقۇزۇلغان ھويلا يەنىمۇ كەڭ ۋە پاكىز كۆرۈنەتتى . تال بارىڭىغا چىرايلىق قەپەسلەر ئېسىلغان ، بىرنەچچىدىن قۇشقاچ مۈگدەپ ئولتۇراتتى .
ــ ئەھە ، ئۆھۆ ... ــ سەلىمجان يۆتىلىپ قويدى . ھايال ئۆتمەي ئېگىز تاملىق ئۆيىنىڭ قايسىدۇر بىر ئىشىكى خۇددى يىغلا-ۋاتقاندەك سوزۇپ غىچىرلىغىنىچە ئېچىلدى ۋە كۆپتەك سەمرىپ

كەتكەن ، يۈزى پۈلتىيىپ چىققان بىر چوكان ھويلىدا پەيدا بولدى . سىمىز ساغرىسى جۇۋازنىڭ قورسىقىدەك پۈسكىيىپ چىققان چوكان قارا ئىشتان كىيىۋالغان ، قىزىل شارپىسى بويىنىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى . ئۇ سەلىمجاننى كۆرۈپ ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتكىنىچە دىكىلداپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— سىلىمىدىلە ؟ — دېدى ئۇ خۇلقى يامان ئاشىنىدەك باتىنىغان ھالدا ، — نەچچە كۈن بولدى ، قومغا چۈشكەن يىڭنىدەك يوقاپ كەتتىلىغۇ ؟ بۇ يەرنى ئەمدى تاپالمايدىغان بولدى دەپ ئويلىغۇدىم ، ھەرنىمە بولسا ئىزىپ كەتمەي كەپتىلا ، باشلىرىدىن ياغاچ ئۈشتۈۋېتەمدىم يا ؟

— مانا كەلدۇقغۇ ؟ — سەلىمجان ئايالنىڭ گەزىنىدەك يوغان مەڭزىنى بوش چىمدىپ قويدى ، — بۇ يەرنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ كەتكىلى بولسۇن ، خېنىم ؟ بىر چىرايلىق تۇمۇچۇقلىرىڭىز بىلەن نەخ يۈرەكنىڭ بىغىشىدىن تۇتقان تۇرسىڭىز ، ئىزىپ - تېزىپ يۈرگىلى بولاتتىمۇ ؟ شۇ ئىشنىڭ توللىقى ، قانداق ، قوزىچاقلارنى بۆرىگە بەرمىگەنسىز ؟

— سىلى ئۈچۈن چىشىمنىڭ كاۋىكىدا ساقلىدىم دېسىلە ، — ئايال پىخىلداپ كۈلگىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى . سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ كۈلۈۋەتكىلى تاس قالدى . چۈنكى ، سىمىز چوكان شۇ مېڭىشىدا بەئەينى قۇيرۇقى يوق مېكىيانغا ئوخشاپ قالغانىدى . ھەر قەدىمىگە ماس ھالدا تاشلىنىپ تۇرغان يوغان ساغرىسى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە لۆمۈلدەيتتى . كاشكى ، ئايال ئاشۇ يېرىنى پىنھان تۇتۇش ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋالغان بولسا ، قانداق ياخشى بولاتتى - ھە !؟ ئۇ چاغدا ئۇ مۇنچىلىك كۈلكىگە قالمىغان بولاتتى .

چوكان ئۇلارنى بىر شىپاڭلىق ئايۋانغا باشلاپ كىردى . چاقماق قەنتتەك تۆت چاسا ئايۋان ، ئۇنىڭغا قارىتىپ ئېچىلغان ئون نەچچە ئىشىك ، ئىشىكلەر مەھكەم يېپىلغان ، بىر قارىماققا چىراغ يورۇپ تۇرغان ئايۋان بەكمۇ تىنچ ، ئارامبەخشلىك تۇيۇلاتتى . ئەمە-

ما ، ئاشۇ ھەم يېپيېپ قويۇلغان ئىشكىلەرنىڭ كەينىدە قانداق ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقى بىر خۇداغا ئايان ئىدى . ئارىلاپ ـ ئارد-لاپ ئەسەبىيلەشكەن قىزلارنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىمۇ كېلىپ قالاتـ-تى . مەست قىزلارنىڭ بۇ قىيا ـ چىيالىرى خۇددى جەھەننەمدىن كېلىۋاتقاندەك بوش ئاڭلىناتتى . چوكان ئۇلارنى سول تەرەپتىكى بىر ئۆيگە باشلىدى . تام بويلىتىپ كۆرپە سېلىنغان ، قىبلە تامغا دۇتار ، تەمبۇر ، داپ دېگەندەك چالغۇلار ئېسىپ قويۇلغانىدى . خىشتىن قوپۇرۇلغان سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك شىرە قويۇلغان ، شىرە ئۈستىدە بىرنەچچە پىيالە دۈم كۆمتۈرۈلۈپ قو-يۇلغان بىر پەتنۇس تۇراتتى . ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا چويۇن مەش قويۇلغان ، قورسىقى قىزىرىپ تۇرغان مەشنىڭ ئۈستىدە بىر قارا چەينەك شىڭىلداپ تۇراتتى .

سەلىمجان تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرماستىن سۇپىغا چىقتى ۋە شىرەنىڭ ئالدىدىكى كۆرپىگە يانپاشلىدى . سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا يا ئاچچىقلىنىشنى ياكى كۇلۇشنى بىلەلمەي ، سۇپىنىڭ لېۋىگە ساغرىسىنى ئاران ئىلىندۇردى . ئۇنىڭ مۇنچە تارتىنىپ ـ قورۇنۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن سېمىز چوكان قاقاقلاپ كۈلگىنىـ-چە سۇلايمان قاسىمنىڭ ئالدىغا قىستاپ كەلدى ۋە ئۇنى چوقچىيىپ تۇرغان ئەمچىكى بىلەن بىرلا نىقتاپ سۇپىغا قىڭغايتىپ قويدى .

ــ قارىسىغۇ يېشى خېلى بىر يەرگە بارغان ، ساقىلى ئاقىرىپ زەدىكى قانقان ئەركەكتەك كۆرۈنىدىكەنلا ، قىلغان قىلىقلىرىنىزە ، يۇزى ئېچىلمىغان قىزلارنىڭكىدەك … سالسىلا ماۋۇ مېزى چۇۋۇۋ-لۇپ تۇرغان رەزگى چاپاننى . بۇ يەرگە بارغۇ مۇشۇكتەك مياۋلاي-دىغان ئەمەس ، يولۋاستەك ھۆركىرەيدىغان ئەركەكلەر كېلىدۇ . نېمە ئۇ كۆرپىسىگە چىچىپ قويغان كىچىك بالىدەك تەمتىرەپ ، شۇمۇ ئەركەكنىڭ قىلىقىمۇ ـ ھە ؟ ھېلى بىكار سىلىنى ئۆزۈم ئادەم قىلىمەن . تۇرسىلا ، يېشىنسىلە ، يائاللا سەلىمجان ، بۇ يەرگە قانداق بىر لاتىگۆشنى باشلاپ كەلگەندىلا ئەمدى ؟ ھېلىتىن تېشىۋې-تىلگەن ئۆپكىدەك سالپىيىپ تۇرسا ، ھېلى دۇكان تۇزۇلگەندە

ئىش بار ئۇخشىمامدۇ بۇ غوجامغا؟ يا ئۇنىڭ كۆزىنى بىر ئاچاي دېدىلىمۇ؟ شۇنداق نىيەتلىرى بولسا، ئۇنى ماڭا بېرىم سائەت بېرىپ تۇرسىلا، تۇغۇلغىنىغا داد دېگۈزمىسەم، ھېساب ئەمەس...

سەلىمجان ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ۋاي ھېپىزەم، ئالامەت چوكان _ دە، سەن. ئىسپانىيەنىڭ كۆندۈرمىگەن بۇقىسىنى ئەكەپ بەرسىمۇ بىر دەمدىلا ئەيۋەشكە كەلتۈرىسەن. سېنىڭ مۇشۇنداق يەرلىرىڭنى دەپ، ماشىنىغا ماي كۆيدۈرۈپ نە _ نەلەردىن كېلىمىزغۇ بۇ يەرگە. راست ئېيتىسەن، بۇ بۇرادىرىم بەئەينى ساپان كۆرمىگەن موزايدەكلا ئادەم. ئۇنىڭ كۆزىنى بىر ئاچقىنا بوگۇن...

— راستمۇ؟ ئەمىسە تۇزۇت قىلمىدىم _ ھە! — ئايال شۇنداق دېگىنىچە سۇپىنىڭ لېۋىدە قىڭغىيىپ قالغان سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۈستىگە كونا تامدەك يىقىلدى. بىچارە بايقۇشنىڭ قوۋۇرغىلىرى غىرىسلاپ، تىن ئالالماي ھېقىلداپ كەتتى. ئۇ ئۈستىدە پۇشۇلداپ ياتقان ئايالنىڭ تىنىقىغا قوشۇلۇپ كېلىۋاتقان سېسىغان گۆشنىڭكىدەك بەتبۇي پۇراقتىن سەسكىنىپ كەتتى ۋە جان _ جەھلى بىلەن تىپىچەكلەپ ۋارقىرىدى:

— سەلىم، ھوي سەلىم، قېنى سەن؟ بېشىنى يەيدىغان دەيۇز، مېنى ماۋۇ گۆش تاغىرىنىڭ ئاستىدىن تارتىۋالامسەن؟ نىمە پوقنى يەپ سېنىڭ كەينىڭگە كىردىم _ ھە؟ ھوي، كونا كالاچتەك كالچىيىپ تۇرماي مېنى تارتىۋال، مەن نەپەسلىنەلمەيۋاتىمەن...

سەلىمجان تېخىمۇ جېدەللەپ كۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قاغىنىڭكىدەك قاقىلدىغان ئاۋازى ئۆينىڭ تاملىرىنى تىترىتىۋەتتى. بىر چاغدا ئۇ كۆزلىرىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە كېكەچلەپ تۇرۇپ ئايالغا مۇراجىئەت قىلدى:

— بول... بولدى، ھېپىزەم، بولدى قىل ئەمدى، ئۇنى قويىۋەت، ئۆلۈپ قالسا ھۆددىسىدىن چىقالمايسەن. ئىككى بالىنىڭ

دادىسى بۇ ، باللارنى بېقىش سېنىڭ زىممەڭگە چۈشىدۇ بىكار.

ئايال خىرقىرىغىنىچە ئورنىدىن تۇردى ، ئۇمۇ كۈلۈپ تېلىدىقىپ كەتكەنىدى .

— ناۋادا ساقچىلار بىرەر جىنايەتچىنى تۇتۇپ ، جىنايىتىنى ئىقرار قىلدۇرالمىسا ، سېنى چاقىرسا بولغۇدەك ، — دېدى سەلىمەجان تېخىچە كۈلكىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا ، — قارىغىنا ، ئۇنى نېمە قىلىۋەتتىڭ – ھە؟ ئاللا – توۋىسىنى چىقىرىپ تۇغۇلغىنىغا راستلا پۇشايمان قىلدۇردۇڭغۇ ، يارايسەن ھېپىزەم . بولدى ئەمدى ، شىرەنى توشقۇز . بىز ئىككى – تۆت سەردىن ئىچىشىمىز . لەۋنى كۆيدۈرىدىغان گۈلچايلىرىڭدىن ئەكىر ، بۈگۈن يۈرەك چىدىلاشقۇچە ئىچىمىز . ھە راست ، ھەممىدە بارمۇ؟ بار بولسا ئۇنىمۇ چاقىرىۋەت ، تىرناقتا توختايدىغان قىزدىن بىرنى باشلاپ كىرسۇن . بۈگۈن مەن يەنە …

— ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەلمەپتىلا – ھە؟ — تېخىچە ھاسىراپ تۇرغان ئايال تىلىنى چىقىرىپ ، كۆزىنى قىسىپ قويدى ، — بىراق ، ئۇ بۈگۈن باشقا بىرىنىڭ يېنىدا ئىدى . سىلىگە يېڭى كەلگەن بىر تۇمۇچۇقنى چاقىرىپ بېرەي . ئۇمۇ ھەممىدىن قېلىشمايدىغان شوخ قىز . كۆرسىلە بىلىپ قالىدىلا . تېخى بۈگۈنلا خوتۇنلىرىنى قويۇپ بېرىپ ، ئەتىلا ئېلىپ كېتەمدىلا ئۇ بودەكنى …

ئايال شۇنداق دېگىنىچە دىكىلداپ چىقىپ كەتتى . سەلىمجان ئورنىدىن تۇرۇپ تېخىچە ۋايجانلاپ ياتقان سۇلايمان قاسىمنىڭ يېنىغا كەلدى .

— قانداقراق؟ — دېدى ئۇ كۈلكىدىن ئۆزىنى باسالمىغان ھالدا ، — بۇ دېگەن ئادەمگە جەننەت ھۇزۇرى بېرىپ ، ياشارتىۋېتىدىغان شۇنداق ئوبدان يەر . ناھىيىدىكى چوڭ – چوڭ ئەمەلدارلاردىن كەلمەيدىغىنى يوق . قىزلىرىنىڭ پەيزى بولغاچقىلا ، بۇ يەرنى «ئەممە پاقلان» دەپ ئاتاشقان . بۇ نامنىڭ بۇ يەرگە ھەقىقەتەن ماس كەلگەنلىكىنى ھېلى بىلىپ قالىسەن . خوجايىنىمۇ شۇنداق شوخ ئايال دېگىنە . مانا ، بۇ يەرگە كىلىپلا ئاشۇ شوخ چوكاننىڭ تاتلىق

قىلىقلىرى بىلەن جەننەت ھۇزۇرىنى بىر سۈرۈۋالدىڭ ، بۇرادەر . سەن نېمىدېگەن تەلەيلىك ـ ھە !

— قۇرۇپ كەتسۇن بۇنداق سېسىق تەلەي ، — سۇلايمان قا-سىم ئىڭرىغاندەك تىترەڭگۈ ئاۋازدا نالە قىلدى ، — مېنى قارىلاپ تۇرۇپ مۇشۇنداق بىر گۆش تاغىرىنىڭ ئاستىغا تاشلاپ بېرىشىڭنى بىلگەن بولسام ، ئەزبىرائى خۇدا ، نەس باسقۇر ماشىناڭغا ھەرگىز چىقمىغان بولاتتىم . قويغىنا ، سېنى ئادەم بولغاندۇ دەپ خاتا ئويـ-لاپ قاپتىمەن . سەن بۇرنىغا سۇ كىرمەيدىغان ھايۋان ئىكەنسەن . پۈتى كۆۋرۈكتىن سىيپىلىپ كەتكەن ئېشەك جىنىدا ئۇنداق ئىك-كىنچىلەپ دەسسىمەيدۇ . بىراق ، سەن ئېشەكچىلىكمۇ بولالمايدى-كەنسەن . ئاشۇ چاغدا ماڭقاڭنى قانداق ئېقىتقانىدىڭ ؟ ئىدارەڭ ئالدىدا ، خوتۇن ـ بالىلىرىڭ ئالدىدا ، ئەلكۈن ئالدىدا باش كۆتۈ-رەلمەي يۈرگىنىڭدە نېمىدەپ پۇشايمان يېگەنىدىڭ ؟ مانا ، توخۇڭ قونداقتا چىقىپلا ئاشۇ كۈنلەرنى يەنە ئۇنتۇپ كەتكىنىڭ نېمىسى ؟ سېنىڭ يەنىلا تارتقۇلۇقۇڭ تۈگىمەپتۇ ، سەلىم . مۇشۇ كۈن سېنى ھامىنى پۇشايمانغا قويمىسا ، مەن ساڭا قۇلىقىمنى كېسىپ بېرى-مەن . راست دەپتىكەن دېيسەن ، ساۋاقدىشىم .

— ئادەم ئۆزىنىڭ ھامان ئۆلۈپ كېتىدىغىنىنى بىلىدۇ ، — دېدى سەلىمجان كۈلكىدىن توختاپ ، — بىراق ئۆلۈپ كېتىدىغانلى-قىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە ياشايدۇ . مەن دېگەن ھامىنى ئۆلۈپ كېتىدىغان ئادەم ، دەپ تىرىك تۇرۇپلا گۆرگە كىرىپ يېتىۋېلىش-نىڭ ئورنى بارمۇ ؟ ياق ، بۇرادەر ، سەن ماڭا شۇنچە نەسىھەت قىلغىنىڭ بىلەن ، بىرسى كېلىپ سەن ھامىنى ئۆلىدىغان ئادەم ، شۇنداق ئىكەن ، قولۇڭدىكى ناننى يېمىسەڭمۇ بولىدۇ ، دېسە ھەر-گىزمۇ ئۇنىمايسەن . بىر كۈنىنىڭ خۇشال ـ خۇرام ئۆتكىنىنىڭ ئۆزى بەخت ! شۇڭا ، ئادەم چەكلىك ئۆمرىنى قەدىرلىشى ، ھاياتنىڭ نېمەتلىرىدىن تولۇق ھۇزۇرلىنىشى كېرەك . كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەن دېگەندەك پۇشايمانلىق كۈن بېشىمغا كەلدىمۇ دەيلى ، بىراق مېنىڭ ھازىر سۈرگەن لەززەتلىرىم ئالدىدا ئۇنداق كۈننىڭ ئازابى-

ـنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق . شۇڭا ، ماڭا تولا قوقاق سېلىپ ، بو يولدىن ياندۇرىمەن دېمە . خوش قېنى ، سېنىڭ ماڭا سالىدىغان مەسلىھەتىڭ بار ئىدىغۇ ؟ نېمە ئىش ؟ كەيپىم بۇزۇلماستا دەردىڭنى بايان قىل . ھېلى قىزلار كىرسە ، ئۇنى ئاڭلاشقا پۇرسەت بولمايـدۇ . كىممۇ قۇچىقىدىكى چىرايلىق قىزنىڭ ھۇزۇرىنى بىر ئەرزىـمەس ئادەمنىڭ غېمىگە تېگىشەلەيدۇ ؟ قېنى ، ئەمدى گېپىڭنى قىل .

ــ مېنىڭ بىر قوشنام بولىدىغان ، ــ دېدى سۇلايمان قاسىم ھاسىراپ تۇرۇپ ، ــ يېشى ئەللىك بەشلەرگە بېرىپ قالدى . ئۇ ئىدارىدە بەكلا جاپاغا قېلىۋاتىدۇ . ئۇنىڭغا قاراپ ، ئىچىم سىيرىـلىپ كەتتى . شۇ ئادەمنىڭ پېنسىيىگە چىقىش ئىشىنى ھەل قىلىپ بەرسەڭ بولاتتى .

ــ بۇ ئاسان ، ــ دېدى سەلىمجان بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرـغاندىن كېيىن ، ــ كەم ـ زىيادە ئەمەس مۇنچىلىكنى تەييارلىد ـسۇن ، ــ ئۇ بەش بارمىقىنى چىقاردى ، ــ ئانار چېچىكى تەل بولـسىلا ، ھەممە ئىش ئاسانغا توختايدۇ .

ــ بەش يۈز...

ــ نېمە دەيدىغانسەن ، سۇلايمان ؟ ــ سەلىمجان مەسخىرىلىك ھىجايدى ، ــ بەش يۈز دېگەنگە مۇشۇ يەرنىڭ سەتەڭلىرىمۇ ساڭا قاراپ بىر قېتىم قاش ئېتىپمۇ قويمايدۇ ، ئاداش ، بەش مىڭ !

ــ نېمە ، بەش مىڭ ؟ ــ سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆزلىرى چەكـچىيىپ كەتتى ، ــ توۋا دېگىنە ، سەلىم ، بۇنىڭغا شۇنچە كۆپ پۇل كېتەمدۇ ؟ مەن ئارىلاشقان ئىشقىمۇ پۇل دەمسەن ؟ مېنىڭ سېنىڭ ئالدىڭدا شۇنچىلىك ئىشقىمۇ يۈزۈم يوقما ؟

ــ بۇ يۈز مەسىلىسى ئەمەس ، ــ سەلىمجان تاماكىسىنىڭ كۈلىنى پۈۋلىگىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ قويدى ، ــ سەن «غەربكە سايا-ھەت» دېگەن فىلىمنى كۆرگەنمۇ ؟ تاڭسىك ئۆزى چوقۇنىدىغان بۇددانىڭ ھۇزۇرىدىمۇ ئالتۇن جامنى بەرمەي تۇرۇپ نومغا ئېرىشەلـمىگەن . بۇمۇ خۇددى شۇنداق ئىش . بىز دېگەن ئەۋلىيا ئەمەس ،

www.uyghurkitap.com

شۇڭا ئالتۇن جام دېمەيمىز . پەقەت بىر ھېجىرىنىڭ پۇلىنى تەييارلىسىلا بولدى . ھازىر دېگەن ھەممە ئىشنىڭ ئات ـ ئىشەكىنىڭكىدەك نەرخى بار . ئاددىيسى ، سېنىڭ خىزمەت ئىقتىدارىڭنىڭ يوقلۇقىنى ئىسپاتلاپ ئىككىلىك خەت يېزىپ بېرىدىغان دوختۇرنىڭ نەرخىمۇ ئۈچ مىڭغا چىقتى . جاھان شۇنداق تۇرسا ، مەن نېمىشقا سېنىڭ يۈزۈڭنى قىلغۇدەكمەن ؟ مەن يىقىلغان يەردىن ناھايىتىمۇ تەسلىكتە ئۆرە بولدۇم . بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەل تۆلىدىم . ھوقۇق ئاران بىر قولغا كەلگەندە ، ئورنىنى تولدۇرۇۋالمىسام بولامدۇ ؟ ھازىر پۇلنىڭ يۈزى ئالدىدا ئادەمنىڭ يۈزى دېگەن بىر پارچە تېرىدىن ئىبارەت ، خالاس . بولدى سۇلايمان ، مەنمۇ سېنىڭ يۈزۈڭنى قىلمىدىم ئەمەس ، خېلىلا ئېتىبار قىلدىم . بولمىسا بۇ ئىش دېگەن ئون مىڭغىمۇ پۈتمەيدۇ .

سۇلايمان قاسىم ئېغىزىنى يوغان ئاچقىنىچە تۇرۇپ قالدى . ئۇ سەلىمجاننىڭ ئېغىزىدىن بۇنداق گەپلەرنى چىقىدۇ دەپ ھەرگىزمۇ ئويلىمىغانىدى . ئارىنى سۈكۈت باستى . شۇ چاغدا يان ئۆيدىكى بىر قىزنىڭ نازلىق ئىڭرىغان ، بىرسىنىڭ پىخىلداپ كۈلگەن ، ئاندىن ھېپىزەمنىڭ بىرسىنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى . سۇلايمان قاسىم ئەندىكىپ كەتتى . ئۇ بىر تال تاماكىنى لەۋلىرىگە قىستۇرغىنىچە سەلىمجانغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويدى .

— پېنسىيىگە چىقىدىغان ئادەم سەن تونۇيدىغان بىرسىنىڭ دادىسى ئىدى ، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا ، — بەلكىم سەن مېنىڭ يۈزۈمنى قىلمىغىنىڭنى بىلەن ، ئاشۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىساڭ ، يۈزىنى قىلىپمۇ قالارسەن .

— مەن يۈزىنى قىلمىسام زادى بولمايدىغان ، سېنىڭدىنمۇ ئۆتە مەرتىۋىلىك ئۇ ئادەم كىم بولغىيدى ؟ — سەلىمجان قىزىقىپ سورىدى .

— ئاشۇ چاغدا سەن ئوينىغان تېيىپىي تېخنىكومنىڭ ئوقۇغۇچىسى ، ھېلىقى قىزنىڭ دادىسى شۇ .

— نېمە ؟ — سەلىمجاننىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەت-

تى ، ـــ ھېلىقى قىزنىڭ دادىسىما ؟ ئۇنداقتا بۇ ئىش بەش مىڭغا
پۇتمەيدۇ . بەلكىم ئون مىڭغىمۇ پۇتمەس . مەن بۇ ھېسابنى قانداق
ئالارمەن دەپ يۇرەتتىم . خۇدانىڭ كۇنلىرى ئۇزۇنكەنغۇ ؟ مانا ،
ئۇلار ئاخىر بىلىق ئېغىزىغا ئۆزلىرى كېلىشتى ـ دە ! «تاز قوچ-
قارنىڭ ئەنتى مۇڭگۇزلۇكتە قالماس» دېگەن شۇ . ئۇنداق بولسا ،
ئۇلار پۇلنى تولۇق تەييارلىسۇن ؟
ـــ نېمىشقا ئەمدى ؟ نېمىشقا بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئىشى ئون
مىڭغىمۇ پۇتمەيدۇ ؟ سېنىڭ ئۇلاردىن ئالىدىغان قانداق ئەنتىڭ بار
ئىدى ؟ نېمە دېگىنىڭ بۇ ؟... ـــ سۇلايمان قاسىمنىڭمۇ ئەرۋاھى
ئۇچتى . ئۇ جىلە بولغىنىدىن سەلىمجاننى سوئاللارغا كۆمۇۋەتتى .
ـــ بۇ ئىشنىڭ نېمە ئۇچۇنلۇكىنى سەن ئوبدان بىلىسەن ، ـــ
دېدى سەلىمجان پوكاندەك قىزىرىپ تۇرۇپ ، ـــ ئاشۇ چاغدا ھېلى-
قى پاسكىنىمۇ مەندىن ئون مىڭنى ساق ئالغانغۇ ؟ شۇ چاغدا ئۇ
مېنىڭ يۇزۇمنى قىلغانمىكەن ؟
ـــ سەن ساراڭ بوپسەن ، ـــ سۇلايمان قاسىم ۋارقىراپ كەت-
تى ، ـــ سەن ئاشۇ چاغدا پۇلنى كىمگە سانىغان ؟ سېنى كومىلىغى-
نى ئەمەت ھاجىغۇ ؟ ھېلىقى قىز سېنىڭ قولۇڭدىن بىر موچەننى
ئۆزى ساناپ ئالغانمىدى ؟ سەن خەققە قويۇلۇپ كېتىپ ، بۇنى ئاشۇ
بىچارىدىن كۆرسەڭ ، دۇرۇس بولامدۇ ؟ ھەي سەلىم ، سەن ئۆزگى-
رىپ كېتىپسەن . مەن سېنى تونۇيالماي قېلىۋاتىمەن . كاللاڭ
خېلى ئىشلەيدىغان نېمە ئىدىڭ . ئەمدى كېلىپ نېمە بولغانسەن ؟
سەن كىمنىڭ قارا باستۇرغىنىنىمۇ بىلمىگۇدەك دەرىجىدە كاللىپاي
بولۇپ كەتتىڭمۇ ؟ سەندىن نومۇس قىلىۋاتىمەن ، سەلىم . بولدى ،
ئەمدى ساڭا دەيدىغان گېپىم يوق ! سەن بىلەن قىلىدىغان سودام
تېخىمۇ يوق . مەن بۇ ئىشنى ساڭا دېمىگەن بولاي ! بۇگۇندىن
باشلاپ ھەر ئىككىمىز ئۆز يولىمىزغا ماڭايلى . خوش ...
ـــ نەگە بارىسەن ؟ ـــ سەلىمجان پېشىنى قېقىپ ماڭغان سۇ-
لايمان قاسىمنىڭ ئالدىنى توستى ، ئۇ سەلىمجاننىڭ قولىنى سىلى-
كىنۋەتتى . دەل شۇ چاغدا كاۋاپ ، توخۇ گۆشى ، باچكا گۆشى ،

تۇخۇم دىگەندەك يىمەكلىكلەر سېلىنغان ئىككى پەتنۇسنى كۆتۈر-گىنىچە ئۇن ئالتە - ئۇن يەتتە ياشلار چامىسىدىكى چىرايلىقىنا ئىككى قىز ئۆيگە كىرىپ كېلىشتى. قىزلارنىڭ بويىدىن تەرتۆۋە دىماغنى ئېچىشتۇرىدىغان ئەتىر ھىدى كېلىپ تۇراتتى. ئالدىدا كىرگەن قىز سەلىمجانغا قاراپ تاتلىقىنا بىرنى كۈلدى.

— ھوي، بۇ سەنمۇ ھەمىدە؟ — سەلىمجاننىڭ كۆزلىرى ئويـ-ناپ كەتتى، — ھېپىزەم تېخى بايىلا سىنى باشقىلارنىڭ يېنىدا دەۋاتاتتىغۇ؟

— سىزنىڭ ئاتايىن كەلگىنىڭىزنى ئاڭلاپ، قايتىپ چىقتىم، — دىدى قىز ئۇنىڭغا ئەركىلەپ. — قانداق، قېشىڭىزغا كەلگىنىم بولماپتىما؟ ھۇ ۋىجدانسىز، شەھەرگە بىر كىرىپ كەت-كەنچە سايىڭىزنىمۇ كۆرسەتمەيسىزغۇ؟ ماڭا ۋەدە قىلغان قول سا-ئىتىنى ئالغاچ چىققانسىز؟ سىزنى بەك سېغىندىم جۇمۇ. ناۋادا ئۆلۈپ كەتكەن بولسام، ئۇۋالى سىزنى تۇتاتتى، سەلىم ئاكاش.

سۇلايمان قاسىم قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇستىگە چىـ-قىۋېلىپ ۋايجىنىنى چىقارغان ئادەمنى يەنە خىجىل بولماي «ئا-كاش» دەپ چاقىرىپ يۈرگەن مۇنۇ ئالۋاستىنىڭ كاچاتلىرىغا ئۇرۇ-ۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى.

سەلىمجان سۇلايمان قاسىمنى قول ىبغىشىدىن تۇتۇۋېلىپ سۆرىگەندەك قىلىپ سۇپىغا چىقاردى ۋە شىرەنىڭ ئالدىدا مۇرىسى-دىن بېسىپ ئولتۇرغۇزدى. ئارقىدىن يەنە بىر قىز سۇلايمان قاسىمنىڭ يېنىغا تۆگىدەك چۆكتى. يۈزلىرى يۇمىلاق، كۆزلىرى قارا، قىرقىم چاچلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان بۇ قىزنىڭ مەڭزىدە ھاياسىز كۈلكىنىڭ ساقىندىلىرى لەيلەپ يۈرەتتى. ئۇ گاھ دىسە قولغا قونۇشقا تەييار تۇرغان قۇشتەك سۇلايمان قاسىمغا ئىنتىلەت-تى، ھەملە قىلاتتى. سۇلايمان قاسىم تام تەرەپكە قاچقانسېرى كالچىيىپ تۇرغان قىز ئۇنى قىستاپ كېلەتتى. بۇ چاغدا سەلىمجان ھەمىدە بىلەن يۆگىمەچ ئوتتەك چىرمىشىپ كەتكەنىدى…

ئادەم دىگەندە ھايا بولمىسا ھايۋاندىن پەرقى بولمايدۇ.

كونلار : «هايا ئىمانىنىڭ جۇملىسىدىندۇر» دەپ بەكمۇ توغرا ئېيتقان . شۇ تاپتا ئىنسانچىلىقنىڭ ئەڭ پىنهان تۇتۇلىدىغان بۇ ھەرىكەتلىرى سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆزىچە داۋاملاشماقتا ئىدى ... ھەممىدە نازلىق گۇڭۇرغىنىچە سەلىمجاننىڭ بوينىغا ئېسىلاتتى . سەلىمجانمۇ ئۇنى قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ مۇشۇكتەك يالايتتى . سۇلايمان قاسىم بەكمۇ ھەيران بولدى . بۇ قانداق كۆڭۈل ؟ بۇ قانداق ۋىجدان ؟ تېخى ئەمدىلا بىرسىنى يولغا سېلىۋېتىپ ، گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك يېنىغا كىرگەن بىر قىزنى نېرى - تېرىسىنى سورۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايلا قۇچىقىغا ئالسا ، بىر ئەر كىشى ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق پەسلىك بولامدۇ جاھاندا ؟

بۇ مەنزىرىلەردىن ھاياجانلىنىۋاتقان قارا كۆز قىز يەنە سۇلايمان قاسىمغا سۈركەلدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇراتتى . سەل ئېچىلغان لەۋلىرى ئارىسىدا شىلىمشىق سۈيۈقلۇق پەيدا بولغانىدى . ئۇ ھەدەپ تۇكۇرۇكىنى غورتۇلدىتىپ يۇتاتتى . ئوت بولۇپ يېلىنجاۋاتقان بەدىنىنى تۇتىرۇق قىلىپ ، سۇلايمان قاسىمغىمۇ ئوت تۇتاشتۇرۇشنى نىيەت قىلاتتى . قىزنىڭ غەرىزىنى بىلىپ قالغان سۇلايمان قاسىم بىر ئىلاج قىلىپ ، بۇ يەردىن ساق - سالامەت چىقىپ كېتىشنىڭ غېمىگە چۈشكەنىدى .

سەلىمجاننىڭ بىرپەسلىك ھاۋايى ھەۋىسى بېسىلغاندىن كېيىن ، رومكىلارغا ئاق ھاراق بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيۇلدى . قىزلارنىڭ گېلىدىن ئۆتۈۋاتقىنى ھاراق ئەمەس ، غول ئۆستەڭنىڭ سۈيى ئىدى . ئۇلار خىرامان ھالدا ھاراق ئىچىشەتتى . قارا كۆز قىزنىڭ ھاياجىنى تېخىچە بېسىلمىغانىدى . ئۇ دەممۇ دەم سۇلايمان قاسىمغا تاشلىنىپ ، ئۇچلۇق تىلى بىلەن ئۇنىڭ بويۇنلىرىنى يالىماق بولاتتى . سۇلايمان قاسىم قىزدىن سەسكىنىپ ، ئۇنى ئىتتەرگىنىچە يىراق قاچاتتى ...

— ئۆزىڭىزنى نېمانچە قاچۇرىسىز ؟ مەن سىزنى يېمەيمەن ، — دەيتتى قىز سۇلايمان قاسىمنىڭ قولىقىغا شىۋىرلاپ ، — قاراڭا قىلىپ كەتكىنىڭىزنى ؟ ئالدىدا زەدىكى ،

مەيدىسىدە چۇپۇرى بار ئەر كىشىدەك تۇرمامسىز مۇنداق؟ جەننەت هۆرلىرىدەك بىر قىز كۆڭۈل سوراپ تۇرسا، چاپاندىن قاچقان پاقىدىدەك نەگە بارىسىز؟ قېنى، سىزگە بىر رومكا كەتتى، غۇرتتىدە ...

قىز شۇنچىلىك قىلىقسىزلىق قىلدىكى، سۇلايمان قاسىمنى كونىلارنىڭ ئايالىلارنى ئازدۇرغۇچى شەيتانغا ئوخشىتىشى بىكار ئەمەس ئىكەن، دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويدى. قىز يېرىم يالىڭاچ كۆكسىنى ھەدەپ لىككىلدىتاتتى. تەر ۋە ئاللىقانداق بەتبۇي پۇراق ئۆرلەپ تۇرغان بەدىنىنى ھەدەپ تولغاپ، ئۆزىچە سۇلايمان قاسىمنىڭ ھەۋىسىنى ئۆرلىتىش ئۈچۈن كۈچىنەتتى. سەلىمجان بولسا ئاللىقاچان ھەممىدەنىڭ غۇنچىسىنى ئۈزۈپ، ئەسەبىيلەشكەن نېرۋىلىرىنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ ياتاتتى. سۇلايمان قاسىم بۇنداق يىرگىنچلىك مەنزىرىنى كۆزۈم كۆرمىسۇن، دېگەندەك بوتۇلكىنى كۆتۈردى ۋە شىشىدە قالغان ھاراقنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرى غوڭۇلدايتتى، ئاشقازىنى كىسلاتا قۇيغاندەك ئېچىشاتتى. ئاران - ئاران باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتقان سەزگۈلىرى بارغانسېرى خىرەلەشمەكتە ئىدى. ئۇ مۇشۇ يەردە ئۆلۈكۈم قالارمۇ دېگەننى خىرە - شىرە ئويلىدى ...

بىر كېچە ھەرھالدا تىنچ ئۆتۈپ كەتتى. مەھەللە ئاسمىنىدا خورازلارنىڭ بوغۇق ئاۋازدىكى چىللاشلىرى، قايسىدۇر بىر مەزىنىڭ ئۇيقۇلۇق ھالدا ئوقۇغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. سۇلايمان قاسىم ئاستا بېشىنى كۆتۈردى. ئۆينىڭ ئىچى تېخى تولۇق يورۇمىغان، ئاق سۇلياۋ تۇتۇلغان كىچىك پەنجىرە قارىيىپ تۇراتتى. ئۇ يېنىغا ئۆرۈلۈپ ئۆزى ياتقان سۇپىنىڭ يەنە بىر بېشىغا قارىدى. ئۆيدە ئۇ يالغۇز ئىدى. سەلىمجاننىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۆيئىچى قانداقتۇر بىر بەتبۇي پۇراقتىن دىمىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى، ئاخشام بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىدى. قۇلاق تۈۋىدە ھېلىقى قارا كۆز قىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. سۇلايمان قاسىم پۈتكۈل جىسمىنى بۇلغىنىپ كەتكەندەك، قانداق-

تۇر بىر نىجاسەتكە دەسسىۋالغاندەك ھېس قىلىپ ، لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلىدى . ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ پەرىشان ئىدى . ئۇ سۇپىدىن يەرگە چۈشتى . ئۆيئىچى بىرئاز سۈزۈلگەندى . ئەمدى بۇ ناپاك ئاياغلىرىم بىلەن تۇپراقنى دەسسىسەم بولمايدۇ ! ئۇنىڭ ھەممە ئوي - خىيالى مۇشۇ ئىشتا قالغانىدى . ئۇ ھاراق ، تاماكا پۇرىقى ۋە ئاللىقانداق بەتبۇي ھىدلار گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرغان بەدىنىدىن نومۇس قىلدى ۋە ئۆيئىچىگە نەزەر تاشلىدى . بۇلۇڭدا تۇرغان پىر چېلەك سۇغا كۆزى چۈشۈپ ، خۇشاللىقتىن قىن - قىنىغا سىغماي قالدى . سۇ مۇزدەك سوغۇق ئىدى . ئۇ چېلەكنى كۆتۈرۈپ ئاشۇ سوغۇق سۇ بىلەن بويىنى سۇغا سالدى . دېكابىر ئايلىرى ئاخىرلىشىپ قالغان مۇشۇ تاڭ - تاڭ سوغۇقتا ئۇ غال - غال تىترەپ تۇرۇپ ئۆزىنى پاكلىدى . ئاندىن ئاشۇ پاكلىقى بىلەن بۇنىڭدىن كېيىن سەلىمجاننىڭ كەينىگە قەتئىي كىرمەسلىك ھەققىدە قەسەم ئىچتى ...

ئەتىگەندە ئۇلار قايتىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا ، ئازغىنا بىر كۆڭۈلسىزلىك بولۇپ ئۆتتى . سۇلايمان قاسىم كىيىملىرىنى كىيىپ تۇرۇشىغا سەلىمجان كىرىپ كەلدى . ئۇ خىش تىزىلغان پالتۇكىنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ، پىخىلداپ كۈلۈپ قويدى ۋە سورىدى :

— قانداق ، سۇلايمان ، بۇ يەر بولامدىكەن ؟ ئىچىڭدىكى نەچچە ۋاقىتتىن بىرى دىمىقىپ تۇرغان ھېسسىياتىڭ پارتلاپ ، ئۆزۈڭنى يېنىكلەپ قالغاندەك سەزگەنسەن ؟ قارا ، ئاداش ، بىزدەك تەندۇرۇس ئەرلەرنىڭ ئاز - تولا ئويناپ قويغىنىمىزنىڭ زىيىنى يوق . قىزلار شوخ بولسا تېخىمۇ ياخشى ...

— نېمە دەۋاتىسەن ؟ — سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىدى .

دەل شۇ چاغدا ھېپىزەم كىرىپ كەلدى . ئۇ تېخىچە يۈزىنى يۇمىغان بولسا كېرەك ، چاچلىرى يالغۇز جىگدىگە ياماشقان ماندا-

لاردەك سالۋاراپ تۇراتتى . يۈز ـ كۆزلىرى پەردازسىز بولغاچقا ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئىلەشتۈرەتتى . ئۇ سۇلايمان قاسىمغا باشتىن ـ ئاياغ قاراپ چىققاندىن كېيىن ، ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى .

— قانداق ، بۇ يەرنىڭ قىزلىرى بولامدىكەن ؟ — دېدى ئۇ غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازدا ، — سىلىدەك نىلپە خالتىسىنىمۇ تېپىشىۋەتتى مانا . خوش يىگىتلىرىم ، ئەمدى قايتىسىلەرغۇ دەيمەن ؟ ھېساب ـ كىتابنى قىلىۋەتسەك قانداق ؟ قىزلار مېنىڭ سىلەرگە قىلغان سوۋغام بولۇپ قالسۇن ، ئوينىغاننىڭ ھېسابىنى قىلمايلى ، چۈنكى دەسمايە ئۆزىمىزنىڭ ، ئۆپىراپ كەتمەيدۇ . بىراق ، ھاراق ـ شاراب ، گۆش ـ پۆشنى بازاردىن پۇلغا ئالىمەن . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ پۇلىنى تۆلىۋەتمىسەڭلار بولماس .

— ۋاي ھېپىزەم ، ئەتىگەندە قاغىدەك قاقىلداپ ئادەمنىڭ قۇلاق مېڭىسىنى يېمىگىنە . بىزمۇ سورۇن كۆرگەن ئادەم ، ئۇنچىلىك قائىدىنى بىلىمىز ، — دېدى سەلىمجان ئەركىلەتكەندەك ئايالنىڭ ساغرىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنى تونۇيسەنغۇ ؟ مەن دېگەن بۇ يەرنىڭ كونا خېرىدارى . شۇڭا ، ئەسكەرتمىسەڭمۇ قائىدەڭنى چۈشىنىمەن . بولىدۇ . قېنى ئاۋۋال ھېسابنى بىر قىلغىنا .

— ھەممىسى ئۈچ يۈز ئەللىك سەككىز سوم بوپتۇ . پارچىسىغا مەن مەردلىك قىلاي ، ئۈچ يۈز ئەللىكنى شاققىدە تاشلاڭلار .

سەلىمجان سۇلايمان قاسىمغا قاراپ قويدى . ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن «سەن مېھمان قىلغۇچى بولغاندىكىن ، ھېساب ساڭا تەۋە بولسۇن ، قېنى پۇلنى تۆلە» دېگەندەك مەنە بار ئىدى . سۇلايمان قاسىمنىڭ بېشىغا تاغ يىقىلغاندەك بولدى . ئۇنىڭ يېنىدىكى پۇل بۇ ھېسابقا توغرا كەلمەيتتى . شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا يانچۇقىغا قول سۇندى ، بىراق ، يانچۇق قۇپقۇرۇق ، ھېلىقى ئىككى يۈز سومنىڭ سايىسىمۇ يوق ، قارىغاندا قارا كۆز قىز بۇ ھېسابنى قەتئىي نېسى قىلمىغان ، ئاخشاملا ئۇنى پىيازدەك سويغا-

ندى . سۇلايمان قاسىمنىڭ يانچۇقىدىكى قولى تىترەپ كەتتى . ئۇ ئايانچلىق بىر نەزەردە سەلىمجانغا قارىدى .

— پۇ ··· پۇل يوق تۇرىدۇ ، — دېدى ئۇ كېكەچلەپ .

— نېمە ؟ — ھېپىزەمنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى ، — ئوينايدى- غاننى ئويناپ ، ئىچىدىغاننى ئىچىپ ، ھېساب قىلىدىغان چاغدا ، بىزنىڭ قىزلارنى ئوغرى كۆرمەكچىمۇ سىز ؟ بۇ يەردىكى قىزلار بارغۇ ، پەرىشتىدەك پاك ، كىشىنىڭ يېڭنە چاغلىق بىرنەرسىسىگە قارا سانىمايدۇ . مەن بۇنىڭغا يۈزدەيۈز ھۆددە قىلالايمەن .

سەلىمجاننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەنىدى . ئۇ سۇلايمان قاسىمغا قاراپ تاماكىسىنى شورىغىنىچە بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن ، ئايال- نىڭ گەزىندەك يۈزىنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى :

— ھەي ھېپىزەم ، مەنمۇ مۇنۇ ئاداشقا ئىشەنچ قىلىپ يېنىمغا پۇل سېلىۋالماپتىمەن . مۇنداق بولسۇن ، ساۋۇر ھاجىغا ھازىرلا تېلېفون قىلاي ، بىر سائەتكە قالماي پۇلنى شۇ كىشى ئەكېلىپ بەرسۇن . بولامدۇ ؟

— ھەي ، بۇ يەردە نېسي قىلىشقا بولمايتتى . بىراق ، ساۋۇر ھاجىنىڭ گېپى چىقىپ قالدى . ئۇ كىشى ئىگە بولسا ، مەن خاتىر- جەم بولىمەن . بوپتۇ ئەمىسە ، پۇل يوق دەپ تۇرساڭلار ، قارىغۇ ئۇچىيىڭلارنى كېسىۋالالمايمەن - دە . ئەمىسە شۇنداق بولسۇن ، بىر سائەتتىن قالمىسۇن .

سەلىمجان قول تېلېفونى بىلەن بىرسىگە تېلېفون قىلدى .

ماشىنا غۇيۇلداپ كەلمەكتە . نېپىز قىرو باسقان توپىلىق يول ئادەمگە تېخىمۇ سارغىيىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى . سەلىمجانىنىڭ قاپىقى چۈشۈپ كەتكەن ، ئۇ يول بويى سۇلايمان قاسىمغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى . ئۇ ماشىنىدا بىر ئۆزى يالغۇزدەك ، قاي- سىدۇر بىر كىنو ناخشىسىنىڭ ئاھاڭىغا ئىسقىرتقىنىچە كېتىپ باراتتى . سۇلايمان قاسىم توختىماستىن تاماكا چېكەتتى ، ئاھ ئۇ- راتتى ، ھەسرەت چېكەتتى . بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى كۆز ئالدىغا

www.uyghurkitap.com

كەلتۈرۈپ زۇلخۇمارغا ، باللىرىغا ، يەنە ، رىسالەتكە يۈز كېلەلمەيدىغاندەك بىر تۇيغۇدا تولغىناتتى . ئۇنىڭ ئەمدى سەلىمجانغا دېگۈدەك گېپى قالمىغانىدى .

سەلىمجان ماشىنىسى بىلەن ئۇنى ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويدى .

ـــ كېلەر قېتىم ئەممە پاقلانغا بارغاندا يانچۇقنى تولىلۇق بىلىشنى ئۇنتۇما ، ـــ دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا ، ـــ سەن يەنىلا مېنى بىر قېتىم قويدۇڭ . كېلەر نۆۋەت مېنى ـ مېنى دېسەڭ ، يۈزۈڭگە تۈكۈرىمەن .

ـــ خۇدايىم بۇيرۇسا ، مېنىڭ ئەمدى ئۇنداق يەرلەرگە بارىدىغان پۇتۇم يوق ، ـــ سۇلايمان قاسىم يىغلىغاندەك تىترەڭگۈ ئاۋازدا كېسىپلا جاۋاب بەردى ، ـــ ئەمدى سېنىڭ ئارقاڭغا كىرىدىغان بولسام ، ھېلىقى بىرنىمەڭنى كېسىۋېتىمەن ، سەلىم ، خوش !

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە ، ئارقىسىغىمۇ قارىماستىن ئىدارە قورۇسىغا كىرىپ كەتتى . بۇ چاغدا كادىرلارنىڭ ئىشقا چۈشكىنىگە بىر سائەتتىن ئاشقان ، پاكىز تازىلانغان مەيداندا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى . ئۇ خىزمەت بىناسى ئالدىدا ھوشۇر سەلەي بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . قوشنىسىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ يۈزى تىكەن سانجىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى . ئۇ گويا ھوشۇر سەلەي ئاخشام بولغان ھەممە ئىشلارنى بىلىپ قالغاندەك قورۇندى .

ـــ قانداق ئۇكام ، ئەھۋالىڭ ؟ ئاخشام بىر يەرگە بارغانمىدىڭ ؟ ـــ دېدى ئۇ بىر تال تاماكا چىقىرىپ سۇلايمان قاسىمغا سۇنغىنىچە ، ـ زۇلخۇمار سەندىن بەكمۇ ئەنسىرەپ كەتتى . بارىدىغان يېرىڭنى ئۇنىڭغا دەپ قويمىغانمىدىڭ ؟

ـــ ئاخشام ھېلىقى ساۋاقدىشىم بىلەن بىر يەرگە بارغان ، كەچ كىرىپ قالسىمۇ قايتىپ كېلىمىزغۇ دەپ ئويلاپ ، ئۇنىڭغا دېمىگەنىدىم . بىراق ، ئۇ يەردە سەل ئېغىر ئولتۇرۇپ قاپتۇق . ساۋاقدىشىم مەست بولۇپ قېلىپ ماشىنىنى ھەيدىيەلمىدى . شۇنىڭ

بىلەن قونۇپ قالدۇق.
— بۈگۈن مىجەزىڭ يوق ئوخشايدۇ. چىرايىڭمۇ ئىلىڭ-
سىلىڭ تۇرىدۇ. ياسىنجان يىغىنغا كەتتى. قولۇڭدا ئالدىراش ئىش
بولمىسا، ئۆيگە بېرىپ ئوبدان بىر ئۇخلىۋال. بۇ تۇرقىدا ئىشخانى-
غا چىقساڭمۇ، قولۇڭ ئىشقا بارمىغۇدەك. ماڭ، ئارام ئال، ئەمما
بۇنىڭدىن كېيىن ئىچىملىككە ئۆزۈڭنى ئۇرۇپ كەتمە. قارىغىنا
ئەپتىڭگە، خۇددى ئون يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك...
سۇلايمان قاسىم گەپ قىلماستىن كەينىگە ياندى. ئۆيگە كىر-
گەندە، زۇلخۇمار ئۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ۋە سۈت ئىللىتىپ
ئىچۈردى. ئاندىن ئورۇن راسلاپ ئۇنى ياتقۇزدى ۋە يوتقاننىڭ
بۇرجەكلىرىنى ھىملىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇردى.
سۇلايمان قاسىم ئايالىنىڭ بۇنچە كۆيۈنۈشلىرىدىن بەكمۇ ئوڭايسىز-
لاندى. ئۇ يوتقاندىن قولىنى چىقىرىپ بارلىق مېھرى بىلەن ئايالى-
نى قۇچاقلىدى...



سوغۇقنىڭ پەيلى بىر ئاز يانغاندى. ئەتراپ ئىللىپ قالغان،
ھەممە يەردىن باش باھارنىڭ توڭ ئېرىتىدىغان سەلكىنلىرى كۆتۈ-
رۈلمەكتە ئىدى. كونىلارنىڭ «چاپان ئېغىر كېلىدۇ» دەيدىغان
چاغلىرىغا ئاز قالغانىدى.
رىسالەتنىڭ ۋىلايەتتىكى تەربىيىلەش كۇرسىدىن قايتىپ كەل-
گىنىگىمۇ بىر ئايدىن ئاشتى، ئۇنىڭ كۈنلىرى يەنىلا دوختۇرخانا
بىلەن ئۆيى ئارىلىقىدىكى ئايىغى چىقماس مۇساپىدىن چىقىپ كې-
تەلمەي، داۋام قىلماقتا ئىدى. ھىممەت ياسىن ئارىلاپ ئۆيگە پەيدا
بولاتتى. بىراق، بۇ ئائىلە بىلەن ئۆزىنىڭ قىلچە ئالاقىسى يوق-
تەك، خۇددى بۇ ئۆيگە ئوقۇشماي كىرىپ قالغان ئادەمدەك پەرۋا-
سىز يۈرەتتى. رىسالەتنىڭمۇ ئۇنىڭدىن كۈتىدىغان ھېچقانداق ئۈمى-
دى يوق، يەككە - يېگانە ھالدا مۇشۇنداق ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرىگە

شۇكرى قىلاتتى . بەزىدە ئامىنە بۇ يەردە پەيدا بولۇپ قالاتتى . ئۇلار بىللە تاماق ئىتىپ يەپ ، قانغۇدەك مۇڭدىشاتتى . قەمبەرخانمۇ قىزىنىڭ بىر مۇڭداش تېپىپ ، يالغۇزلۇقتىن بىرئاز بولسىمۇ قۇتۇلغىنىغا خۇشال ئىدى . ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى .

چۈشكىچە ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئۈچ قېتىملىق ئوپېراتسىيە ھەرھالدا ئوڭۇشلۇق بولدى . گەرچە كېسەل ئېغىر ، بىمارلارنىڭ بەرداشلىق بېرىش كۈچى ئىنتايىن ئاجىز بولسىمۇ ، ئۇ ئالدىن تەپسىلىي پىلان تۈزۈۋالغان بولغاچقا ، بەك ھودۇقۇپمۇ كەتمىدى . ياردەمچى دوختۇرنىڭ ماسلىشىشى ، ئامىنەنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن ئوپېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ ، ئۇمۇ پۇخادىن بىر چىقتى . بىراق ، بەكلا چارچاپ كەتكەنىدى .

رىسالەت بىلەن ئامىنە ئوپېراتسىيە قىلىنغان بىمارلارنىڭ ئەھۋالىنى بىرقۇر تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ، سېستىرالارنى مەخسۇس كۆزىتىشكە ئورۇنلاشتۇردى ۋە تاماق يېيىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى . پلاش كىيىۋالغان رىسالەت ئامىنەنى قولتۇقلىۋالـغىنىچە ئاستا كېتىپ باراتتى . بىر چاغدا كەينىدىن بىرسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

ـــ رىسالەت دوختۇر ، سەپەر قاياقتا ؟

ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ، ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان چېكىت گۈللۈك قىزىل گالستۇك تاقىغان ، چاچلىرىنى يېلىم بىلەن قاتۇرۇپ سىپتا تارىۋالغان ، پۈزۈر كىيىنگەن ھەمدۇللانى كۆردى . ھەر قەدىمىگە ماس ھالدا ئۇنىڭ بەتنىكىسى غاچىلداپ تۇراتتى .

ـــ بىزنىڭ نەگە بېرىشىمىز بىلەن سىزنىڭ نېمە چاتىقىڭىز ؟ ـــ دېدى رىسالەت تەئەددى بىلەن .

ـــ تاماقتا ماڭغان بولسا ، مېھمان قىلاي دېگەن ، ـــ ھەمدۇللا شۇنداق دېگىنىچە ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى ، ـــ شۇ تۇرقىدا مېنىڭمۇ قورسىقىم ئاچ ئىدى . بىللە تاماق يەيلى دەپ ...

ـــ مەن مېھمان قىلمىسام ، بىر قاچا تاماقمۇ تېپىپ يېيەلمەي-

دۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭىز ؟ ــ رىسالەت ئۇنىڭغا مىختەك قادالدى .
ــ ئۇنداققۇ ئەمەس ، بىراق بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم ...
ــ ئۇنداق پوققىمۇ ، سۆيدۈككىمۇ يوگۇرۇۋېرىدىغان كۆڭۈلنىڭ بىزگە كېرىكى يوق ، ــ رىسالەت شۇنداق دېدى ۋە غەزەپتىن غال - غال تىترەۋاتقان ئامىنەنى يېتىلەپ يولىغا ماڭدى . ھەمدۇللا قاققان قوزۇقتەك ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى .
باش ئەتىياز پەسلى بولغاچقا ، ۋاقىت شامالغا ئوخشاش بەك تېز ئۆتەتتى . بىر قاچا تاماق يەپ بولغۇچە چۈشلۈك تاماق ۋاقتى توشۇپ قالغانىدى . رىسالەت ئامىنەنى سۆرىگەندەك مېڭىپ ئىشخانىسىغا كەلدى . ئۇ كىيىم يۆتكەپ ئاۋۋال ھېلىقى ئوپېراتسىيە قىلىنغان بىمارلىرىنى كۆرۈپ چىقتى . ئۇلارنىڭ ئەھۋالى نورمال ئىدى . ئۇ خاتىرجەم بولۇپ ، ئىشخانىسىغا قايتىپ كىردى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھەمدۇللانىڭ كۈلۈپ تۇرغان كۆرەڭ چىرايى ، ئامىنەنى ئىندەككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئوينىغان ئويۇنلىرى ، ھېلىقى كۈنى بىمار قىزنىڭ كۆكسىنى سىلىغان چاغدىكى رەزىل قىياپىتى بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى . ئۇ زېمىننىڭ مۇشۇنداق ئادەملەرنى يۇتۇپ كەتمەي ، ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش كۆتۈرۈپ تۇرغىنىغا بەكمۇ ھەيران قالدى . ئەسلىدە يەر يېرىلسا ، بىر نامەلۇم كۈچ ھەمدۇللادەك ئادەملەرنى ئاشۇ يېرىقتىن جەھەننەمگە سۆرەپ ئەكىرىپ كەتسە ، ئوبدان بولاتتى . بىراق ، بۇنداق كۈنلەر ئاسانلىقچە كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى .
بىر چاغدا دوختۇرخانا باشلىقى ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى .
ــ رىسالەت دوختۇر ، ــ دېدى ئۇ پېشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ ، ــ ئاپايىم ئالىمجان جۇجاڭ تېلېفون قىپتىكەن ، سىزگە سالام دېدى ، بىر ئىشلار بولسا مەن بىلەن ئالاقىلەشسۇن ، دەيدۇ .
رىسالەت كۈلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى .
ــ سىزنىڭچە مۇنداق قىلساق قانداق ؟ ــ دېدى دوختۇرخانا باشلىقى ساپادا ئولتۇرۇۋېتىپ ، ــ يېقىندا ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىد-

www.uyghurkitap.com

دارىسىغە يۇقىرىدىن بىر تۇركۇم داۋالاش ئۇسكۇنىلىرى كەلتۇرۇلگەنمىش . ئۇنى چەت ؛ نامرات رايونلاردىكى دوختۇرخانىلارغا تارقىتىپ بەرگۇدەك . سىز غاچچىدە ۋىلايەتكە بېرىپ ئالىمجان جوجاڭنى بىر ئىزدىسىڭىز ، بىزدەك نامراتلارنىمۇ ئۇنتۇپ قالماي ، ئاز-تولا شاپائەت قىلىۋەتسە ...

— دوختۇرخانا باشلىقى ، — رىسالەت ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تەپتى ، — بولسا مېنى مۇشۇنداق ئىشلارغا بىر ئارىلاشتۇرمىسىڭىز ، مېنىڭ كىچىككىنە مەكتەپداشلىق مۇناسىۋىتىمنى پەش قىلىپ ، خەقنىمۇ ، ئۆزۇمنىمۇ تەڭلىككە سالغۇم يوق . بەرگۇدەك يېرى بولسا ، ئۇلار بىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالماس .

— ئەمدى ، رىسالەت ، بۇ ئۇنچىۋالا تەڭلىكتە قالىدىغان ئىشمۇ ئەمەس ، — دوختۇرخانا باشلىقى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۇنىڭغا چۇشەندۇرۇشكە باشلىدى ، — كونىلاردا «بالا يىغلىمىسا ئانا ئەمچەك سالماس» دېگەن گەپ بارغۇ ؟ بولۇشىمىز مۇشۇ دەپ قاراپ ئولتۇرماي ، ئاز - تولا يىغلاپ باقساق نېمە يامىنى بار ؟ ئەمچەك سېلىش - سالماسلىق يەنىلا يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ئىلكىدىكى ئىشقۇ ؟

— بىراق ، مېنىڭ ئالىمجانغا يېلىنغۇم يوق ، — رىسالەت دېرىزىدىن سىرتقا قارىغىنىچە ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا دېدى ، — بەزى ئىشلاردىن سىزنىڭ خەۋىرىڭىز يوق ، شۇڭا مېنى بۇ ئىشقا بۇيرۇماڭ . ناۋادا شەرتىمىز ئۇيغۇن كەلسە ياكى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە بىزگە ئورۇن بولسا ، بىزنى ئۇنتۇپمۇ قالماس . ناۋادا دوختۇرخانىمىزغا ئۇسكۇنە بېرىلمەيدىغان بولسا ، مەن ئۇ يەرگە بېرىپ ، بېشىمنى تامغا ئۇرغىنىم بىلەنمۇ بىكار . ياخشىسى كۇتۇپ باقايلى . مېنىڭ مۇشۇ ئىش تۇپەيلى ئالىمجاننىڭ ئالدىغا بارغۇم يوق .

دوختۇرخانا باشلىقى ئۇنىڭغا قاراپ بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن ، بېشىنى قاشلىغىنىچە چىقىپ كەتتى . ئىشخانىدا يالغۇز قالغان رىسالەتنىڭ كۆڭلى يەنە پاراكەندە بولدى . ئۇ لىۋىنى چىش-

لىگىنىچە دېرىزىدىن سىرتقا سوغۇق نەزەر تاشلىدى .
كەچ كىرمەكتە ئىدى ، ئەتىيازنىڭ قۇرغاق شامىلى يەنە ئەدەشكە باشلىدى . ئىشتىن چۈشكەن رىسالەت شامالدا لىڭشىپ تۇرغان يالىڭاچ دەرەخلەرگە نەزەر تاشلىغىنىچە پىيادىلەر يولىدا ئاستا كېتىپ باراتتى . ئۇ خىزمەتكە چۈشكەندىن بېرى ، مۇشۇ يولدا تالاي قېتىم ماڭدى . بىراق ، ئۆزىنىڭ نېمىنى خىيال قىلىپ ماڭغانلىقىنى پەقەتلا ئەسلىيەلمەيتتى . ئۇنىڭ كاللىسىنى تەگسىز خىياللار چۇلغىۋالاتتى . ئۇلارنىڭ نەدىن كېلىپ ، نەگە كەتكەنلىكىنى سەزمەيلا قالاتتى . «قىز چوڭ بولسا خىيالچان بولۇپ قالىدۇ» دېيىشىدىكەن كونىلار . روھىي جەھەتتىن سىقىلىپ تۇرغان ، تۇرمۇشتىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن ئادەمنىڭ ئويلايدىغانلىرى تېخىمۇ كۆپ بولىدىكەن . باش ـ ئاخىرى يوق تەگسىز خىياللار ئۇنى بەكمۇ چارچىتىپ قويغانىدى .
سەلكىن شامال ئۇنىڭ ياغلىقىنى ئۇچۇراتتى ، كۆڭلىكىنىڭ پەشلىرىنى لەپىلدىتەتتى . ياغلىق تېگىدىن چىقىپ تۇرغان ئۇششاق چاچلىرىنى توزوتاتتى . غەم بۇلۇتلىرى كېزىپ يۈرگەن مەڭزىگە سۈيەتتى . ئۇ شامالغا كۆكسىنى تۇتقىنىچە كېتىپ باراتتى . شەھەر مەركىزىدىن قايرىلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە ، ئالدى تەرەپتىن بېشىنى سالغىنىچە كېلىۋاتقان سۇلايمان قاسىمنى كۆرۈپ ، يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى . نېمىشقىكىن ، يېقىندىن بېرى ئۇ ھەر قېتىم سۇلايمان قاسىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا ، يۈرىكى جىغىلدايدىغان بولۇپ قالغانىدى . رىسالەت يەرگە قارىغىنىچە يولىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى . سۇلايمان قاسىممۇ ئۇششاق قەدەملەر بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇ خىيالدىن ئويغىنىپ ، بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان رىسالەتنى كۆرۈپ ، دەماللىققا ئېغىزىغا گەپ كەلمىدى . ئاخشام بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلاپ ، ئۇيالغىنىدىن قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى .
— ئىش ··· ئىشتىن چۈشتىڭىزمۇ ؟ — دېدى ئۇ دۇدۇقلىغان ھالدا ، — مەنمۇ بىر يەرگە بارغان ، ھازىرلا كېلىشىم ، ئۆيگە

ماڭغانمىدىڭىز؟ مەنمۇ شۇ ...

ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى پەقەتلا قولاشمىدى. قانداقسىگە مۇنداق تاققا - تۇققا سۆزلەپ قالغىنىغا ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى. رىسالەت ئۇنىڭ بۇ خىل بىنورمال روھىي ھالىتىدىن بەكمۇ ھەيران قالدى.

— دوختۇرخانىغا بارمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى رىسالەت ئۇنىڭغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ، — سىزنى تەكشۈرتۈشكە كېلەرمىكىن دەپ، يولىڭىزغا قاراۋاتقىنىمغا نەچچە كۈن بولۇپ قالدى ياكى مەن يوق ۋاقىتتا باردىڭىزمۇ؟

— دوختۇرخانىغا؟ مەن سىزگە دوختۇرخانىغا بارىمەن دېمىگەنىدىمغۇ؟ — سۇلايمان قاسىمنىڭ كاللىسى بىر يەردە بولمىغاچقا، يەنە سورىدى، — مەن سىزگە دوختۇرخانىغا بارىمەن دېگەنمۇ؟ پەقەتلا ئېسىمگە كەلمەيتۇ، قاراڭ ...

— سىزگە مەن شۇنداق دېگەن، — رىسالەت تىرىككەندەك قاتتىقراق ئاۋازدا دېدى، — سالامەتلىكىڭىزنى بىر تەكشۈرتۈپ بېقىڭ دېگەنىدىمغۇ؟ قاراڭا ئەپتىڭىزگە؟ مەن كۆيگەن سۇلايمانغا پەقەتلا ئوخشىماي قاپسىز، — ئۇ بۇ گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرىپلا قىزىرىپ كەتتى، — مۇنداق يۈرۈۋەرسىڭىز، مەن قانداقمۇ خاتىرجەم بولالايمەن؟

— ھە، ھە، راست، سىز شۇنداق دېگەن، — سۇلايمان قاسىم يەنە بىر قېتىم قىزاردى، — بىراق مېنىڭ ئەھۋالىم ياخشىغۇ؟ شۇ بىرئاز ئورۇقلاپ كەتكىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقىچە ئەھۋال يوقمىكىن دەيمەن. «ئاتنىڭ ياخشىسى تورۇق، ئادەمنىڭ ياخشىسى ئورۇق» دەپتىكەن، بىرئاز ئورۇق بولغاننىڭ زىيىنى بولمىسا كېرەك. شۇڭا، بۇ ئىشقا ئالدىرىمىغانىدىم.

— ئادەمنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلسا ۋە سەۋەبسىز ئورۇقلاپ كەتسە، بۇنى ئادەتتىكى ئىش ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. چوقۇم دوختۇرغا كۆرۈنۈپ بېقىش كېرەك.

— ھەي، سىلەر دوختۇرلارنىڭ، ئادەمنىڭ خىيالىدا يوق

ئىشلارنى كۆتۈرۈپ قوپىدىكەنسىلەر، ــ سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى، ــ دوختۇرخانىلاردا كېسەل ئۆكسۈپ قالدىمۇ، نېمە؟ بوپتۇ، ئەتىلا بېرىپ كۆرۈنۈپ باقاي، بىراق مېنى ئۆزىڭىز تەكشۈرىسىز ئەمىسە.

رىسالەت ئۇندىمەستىن كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئىككىسى يانمۇيان مېڭىپ پاراڭغا چۈشتى.

ــ كۆزىڭىز قىزىرىپ قاپتۇ. بەكلا چارچاپ كەتتىڭىزمۇ، نېمە؟ ياكى كېچىدىن ياخشى ئۇخلىيالمىدىڭىزمۇ؟

سۇلايمان قاسىمنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى. ئۇ رىسالەتنىڭ ئاشۇ ئىشنى بايقاپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى.

ــ ئاخشام بىر دوستۇم بىلەن بىر يەرگە بارغانىدۇق، پاراڭ بىلەن ئولتۇرۇپ قانداق كەچ كىرىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قاپتۇق. ئۆيگە خېلى بىر مەھەل بولغاندا كەپتىمەن. ئۇخلايدىغان ۋاقىت ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن بولغاچقا، يەنە بىر چاغقىچە ئۇخلىيالمىدىم. شۇنىڭ سەۋەبىمىكىن يا؟

رىسالەت ئۇنىڭ بۇنچە ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئارتۇقچە ھېس قىلغان بولسىمۇ، باشقا بىرنەرسە سورىمىدى. ئىشقىلىپ سۇلايمان قاسىمنىڭ روھىي كەيپىياتى بۈگۈن ئىلگىرىكىگە پەقەتلا ئوخشىمايتتى.

ــ بىر كۈنى دەريا بويىغا يەنە بىر بېرىپ كەلسەكمىكىن دەي- ۋىدىم، ــ دېدى رىسالەت پۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ ماڭغىنىچە، ــ ۋاقتىڭىز چىقارمۇ؟

ــ ھازىر ھاۋا ئۇنچە ئىللىمىدىغۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە كەلگۈن پەسلى يېتىپ كەلمىدى، سەيلە - ساياھەتمۇ قىزىمىغان تۇرسا، بارغانىنىڭ نېمە پايدىسى؟ ــ سۇلايمان قاسىم رىسالەتنىڭ غەرىزىنى چۈشەنمەي، ئۆز گېپىنى يورغىلاتقىنىچە كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، رىسالەت بىرئاز بوغۇلدى. ئۇنىڭ پاراكەندە بولۇپ تۇرغان كۆڭلى يەنە بىر قېتىم ئاستىن - ئۈستۈن بولدى.

www.uyghurkitap.com

— بىز ئۇ يەرگە دەريا سۈيىنى تاماشا قىلغىلى ياكى ھاۋا يېگىلى بارمايمىز ، — ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئۇششاق تامچىلار پەيدا بولدى ، — سىز بىلەن بەزى ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلاشقۇم بار ئىدى . بۇنىڭغا دەرياغا سۇ كېلىشىنى ياكى ھاۋانىڭ ئىللىشىنى كۈتۈش كېتەمدۇ ؟

سۇلايمان قاسىم گەپتە يەنە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، بېشىنى سالغىنىچە ئۈندىمەستىن ماڭدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ رىسالەتكە قارىغۇدەكمۇ يۈزى يوق ئىدى . ئۇ يانچۇقىدىن بىر تال تاماكا چىقاردى ۋە تۇتاشتۇرۇپ كۈچەپ شوراشقا باشلىدى .

— سىز بەك تەڭلىكتە بولىدىغان ئىش بولسا ، بارمىساقمۇ مەيلى ، — دېدى رىسالەت بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن يىراقلارغا قارىغىنىچە ئۇھ تارتىپ قويۇپ ، — مەن مۇشۇنداق تەنھا ئۆتۈشكە يارالغان بەندە ئىكەنمەن . يىغلىسامىمۇ ، كۈلسەممۇ بىر ئۆزۈمگە . بۇنىڭ باشقىلار بىلەن ئالاقىسى يوقلۇقىنى ئويلىماپتىمەن . بولدى ، بۇ گەپلەرنى دېمىگەن بولاي ، سىز ئەتىلا دوختۇرخانىغا بېرىپ ، تەكشۈرتۈپ بېقىڭ .

سۇلايمان قاسىم بېشىنى لىڭشىتتى . ئۇلار دېيىشىدىغان باشقا گەپ - سۆز يوقتەك زۇۋان سۈرمەستىن ، سەپىرنى داۋاملاشتۇردى . دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە ، قورۇدىن چىقىۋاتقان ھىممەت ياسىن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . ئۇ يەنە ئىچىۋالغانمىكىن ، كالاڭ ھاردۇقسىدەك ئىككى تەرەپكە بىر ئاز چايقىلىپ قالغانىدى . يۈزىدىكى تىرناق خېلى ساقايغان بولسىمۇ ، تارتۇق ئىزى روشەن تۇراتتى . ئۇ سۇلايمان قاسىم بىلەن بىللە كېلىۋاتقان رىسالەتنى كۆرۈپ ، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى .

— ھىممەتجان ، — سۇلايمان قاسىم ئۇنى چاقىردى ، — ئۇ-كام ، سەپەر قاياققا ؟

ھىممەت ياسىن ئۇنىڭغا مۇنداقلا بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن ، بېشى بىلەن سىرتنى ئىشارەت قىلدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ بولارغا بىرنېمە دېگۈسىمۇ كەلمىگەنىدى .

— ئۆيدە ئىسسىق ئولتۇرۇپ ، رىسالەتنىڭ قولىدىن چىققان مەززىلىك تاماقنى يەپ ، ئارام ئالسىڭىز بولمامدۇ ؟ — دېدى سۇلاي-مان قاسىم كۆيۈنگەن ھالدا ، — مۇنداق كېتىۋەرسىڭىز ، ئۆزىڭىز-نى تۈگەشتۈرۈۋالىسىز ، ئۇكام .

— مەن ھېلىمۇ تۈگىشىپ بولغان ئادەم ، — ھىمىت ياسىن دەلدەڭشىگىنىچە كۆزى بىلەن ئۇنىڭغا نەشتەر سانجىدى ، — مېنىڭ ئەمدى باشقىچە بولۇش ئويۇم يوق . كۆڭلۈم نەدىن تەسكىن تاپسا ، شۇ يەردە كۈننى كەچ قىلىمەن . خوش ، مەن كەتتىم ...

ھىمىت ياسىن سۆزىنى تۈگىتىپ ئالدى - ئارقىسىغا قارىماس-تىن كېتىپ قالدى . رىسالەتنىڭ كۆز جىيەكلىرىدە يەنە ياش تامچىلىرى يالتىرىدى .

— بىزنىڭ كۈنىمىز مانا مۇشۇ ، — دېدى ئۇ پىچىرلىغاندەك ، — مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بېرەلمىدىم . ئۇمۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاياپ ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ . بۇ ئۆي بەئەينى ئۆگزىسىنى بوران ئۇچۇرۇپ ئېچىۋەتكەن كەپىدەك ھۇۋۇلداپ قالدى . بۇنىڭدا ئەلۋەتتە سىزنىڭمۇ مەسئۇلى-يىتىڭىز بار . سىزمۇ يا مېنى بەختكە ئېرىشتۈرەلمىدىڭىز ياكى بولمىسا تىنچ قويمىدىڭىز . ئۇنىڭغا ئەلچى بولۇپ ، ئاتا - ئانامغا قولاق ئۇرۇپ يۈرۈپ ئەرگە بەردىڭىز . بىراق ، مەن بۇ تۇرمۇشقا كۆنەلمىدىم . راستىنى دېسەم ، سىزنى كۆڭلۈمدىن پەقەتلا چىقىرالمىدىم . مانا ئەمدى مەن ئۈچ ئاچا يول ئېغىزىغا كېلىپ قالغان ، لېكىن قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالغان يولۇچىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم . مېنىڭ مەنزىلىم قەيەر ؟ مەن نەگە بارىمەن ؟ كىمنىڭ پېشىگە ئېسىلىمەن ؟ كىمدىن پاناھلىق تىلەيمەن ؟ بۇلار ماڭا ئېنىق ئەمەس . قاراڭغۇلۇققا پاتقان قەلبىمدە نە ئۈمىد ، نە ئارزۇ يوق . مەن بەئەينى تىكەندەك يالغۇز قالدىم ، سۇلايمان .

سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆزلىرىدىمۇ ياش پەيدا بولدى . ئۇ رىسالەتنىڭ سىلكىنىپ تۇرغان مۈرىلىرىگە قاراپ بىرئاز تۇرغاندىن

كېيىن ، پەس ، ئەمما كەسكىن بىر تەلەپپۇزدا دېدى :

— بوپتۇ ، يەكشەنبە كۈنى دەريا بويىغا بارايلى . قالغان گەپ - سۆزلەرنى شۇ چاغدا دېيىشەرمىز ، بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇپ قالساق بولمايدۇ . قېنى ، سىزمۇ ئەمدى ئۆيىڭىزگە كىرىپ، ئارام ئېلىڭ . ئەتە يەنە ئىشقا بارىسىز ئەمەسمۇ ؟

— سىز مېنى ئۆيگە كىرىپ ياتسىلا ئارام ئالىدۇ ، دەپ ئويلامسىز ؟ ئاشۇ تۆت تامنىڭ ئىچىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ ، مەن قانداقمۇ ئارام ئالالايمەن ؟ سىزنىڭ خىيالىڭىز ، ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ خىيالى مېنى ئارام ئالدۇرامدۇ ؟ ھەي ، ئەخمەق سۇلايمان ، قاراڭغۇ دېگەن گېپىڭىزنى ؟

رىسالەت شۇنداق دېدى ۋە بىرسىدىن ئەتەي قاچقاندەك تېز - تېز چامداپ بىناغا كىرىپ كەتتى . سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ كەينىدىن قارىغىنىچە ئېغىر ئۇھ تارتتى . دېمىسىمۇ رىسالەتكە يالغۇزلۇق بەكمۇ تەس كېلىۋاتاتتى .

بىر ھەپتە ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى . سۇلايمان قاسىم ۋەدە قىلغان يەكشەنبىمۇ ئاخىر يېتىپ كەلدى . بۇ كۈنى ھاۋا بەكمۇ ئوچۇق ئىدى . قىشتىن بويان ئېرىدىن تاياق يېگەن ئازازۇل خوتۇننىڭ قاپىقىدەك تۈرۈلۈپ كەلگەن قاپقارا بۇلۇتلار نەگىدۇر غايىب بولۇپ ، ئاسماننىڭ گۈزەل جامالى يۈز ئاچقانىدى . ئۇ يەر - بۇ يەردە لەيلىشىپ يۈرگەن ئاپئاق بولۇتلار ئاستا ئۈزۈۋەتتى . ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان ئاشۇ بۇلۇتلارغا قاراپ ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە بىرپەس يېتىۋالغۇسى كېلەتتى . قۇرۇۋاتقان دەريانىڭ قېنىنى بويلاپ سوقۇپ تۇرغان شامال ئادەمنىڭ يۈزىنى غىدىقلايتتى . سەيلە - ساياھەت مەزگىلى بولمىغاچقا ، بۇ يەردە ئادەممۇ كۆپ ئەمەس ئىدى . پەقەت دەريا قېنىدىن قۇم - شېغىل توشۇيدىغان تراكتورلارنىڭ تاقىلدىغان ئاۋازىلا بۇ يەرنىڭ سۈكۈتىنى بۇزۇپ تۇراتتى .

دەريانىڭ ئىچىدە يىلانباغرى ئېقىۋاتقان كىچىككىنە بىر تارام سۇ پاراقىراپ تۇراتتى . بۇ يەرگە سۇ ئىچكىلى كېلىدىغان كەپتەر-

لەرنىڭ ئايغى ئۈزۈلمەيتتى . بۇقۇلدىشىپ ، بىرى ـ بىرىنىڭ پەيلىرىنى چوقۇپ ئويناۋاتقان كەپتەرلەر سۇغا قاڭغاندىن كېيىن ، ئاز ـ تولا ئۈششاق شېغىل تېرىپ يەيتتى ۋە كۆككە كۆتۈرۈلۈپ موللاق ئېتىشقىنىچە كۆجۈم مەھەللىلەر تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىشەتتى . ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان كەپتەرلەرنىڭ شادلىقىغا ھېچ نەرسە توغرا كەلمەيتتى . ئۇلار ناچىلىرىنى ھۇشقۇيتقىنىچە ئادەمنىڭ باش ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەندە ، ئادەمنىڭمۇ ئاشۇ كەپتەرلەرگە قوشۇلۇپ كۆكتە پەرۋاز قىلغۇسى كېلىپ كېتەتتى . دەريا ساھىلى ، دەريا قىنىدىكى رەڭدار تاشلار قۇياش نۇرىدا پارقىراپ كېتىشكەندى . تەبىئەت يېتىپ كېلىش ئالدىدىكى باھارنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقاندەك جانلىنىپ كەتكەندى .

سۇلايمان قاسىم بۇ يەرگە بۇرۇنلا كېلىۋالغانىدى ، ئۇ تاماكىسىنى پۈرقىرىتىپ چەككىنىچە دەريانىڭ شېغىل ياتقۇزۇلغان قىشىدا خېلى ئۇزۇن چۆرگىلەپ يۈردى . تىمتاسلىقتا چۆمگەن بۇ يەر ئادەمنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر دەستىدىن كاردىن چىقاي دەپ قالغان نېرۋىسىغا ئارام بەخش ئېتەتتى . ئۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ ھېلىقى سۆگەتنىڭ ئاستىدىكى قورام تاشنىڭ قېشىغا كەلدى . ئۇزۇندىن بېرى ئادەم ئولتۇرۇپ باقمىغان تاشنىڭ چىپار يۈزى بىر قەۋەت توپىنىڭ ئاستىدا قالغانىدى . تاشنىڭ بۇ ئەپتىگە قاراپ ، ئۇنىڭ خېلىلا تەسكىن تېپىپ قالغان كۆڭلى يەنە يېرىم بولدى . ئۇ يانچۇقىدىن قولياغلىقىنى چىقىرىپ ، تاشنىڭ يۈزىنى پاكىز سۈرتتى . توپا ـ تۇماندىن قۇتۇلغان تاش يەنە پارقىراپ ، كۆزنى قاماشتۇردى .

سۇلايمان قاسىم ئۈزىنىڭ بۇ ئىشىدىن بىرئاز خۇشاللىق تاپقاندەك بولدى . ئاشۇ مۇدۇر ـ چوقۇر تاش يۈزىنى مېھرى بىلەن سىلىدى . ئادەم بىلەن تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر بىر يېقىن مۇناسىۋەت باردەك ، ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق كۆرسەتكىنىدىن خۇشاللىق ھېس قىلدى . شۇنداق ، ئادەممۇ تۇپراقتىن يارىتىلغان . تاشنىڭ ئەسلىي تەركىبىمۇ تۇپراق ! شۇنىڭدىن قارىغاندا ، تەبىئەتتىكى ھەربىر شەيئى بىلەن ئادەمنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار . بۇ

www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋەتنى تونۇپ يەتكەن ئادەملەرنىڭ تەبىئەتتىكى جانلىقلارغا ياكى بولمىسا تاش ـ تۇپراققا نىسبەتەن مۇھەببىتى بولىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى بېقىۋاتقان ئانا يەرگە ئالدىراپ تۈكۈرمەيدۇ. يەرنى ئالدىراپ بۇلغىمايدۇ. يەرگە ئالدىراپ يۈزسىزلىك قىلمايدۇ. بىراق، ھەر خىل تۇيغۇدىن مۇستەسنا ئادەملەرنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرى ئەڭ ئاددىي ئىنسانىي قائىدىلەرگىمۇ توغرا كەلمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىچە تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تويمىغۇر نەپسىنى قاندۇرماقچى بولۇشىدۇ. ئۇلاردىكى ئەسەبىيلىك ساراڭلىق دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ قەلبىدە تەبىئەتكە نىسبەتەن مېھىر ـ مۇھەببەت يوق.

بىردىنلا سۇلايمان قاسىمنىڭ ئاشۇ تاشنى قۇچاقلاپ يىغلىغۇسى كېلىپ كەتتى. ئۇ ئاشۇ بىر تارام سۇغا قوشۇلۇپ تەكلىماكاننىڭ قۇملىرىغا سىڭىپ كېتىشنى ئويلىدى، مۇشۇ كۆكلەش ئالدىدا تۇرغان سۆگەتنىڭ بىر تال يوپۇرمىقىغا ئايلىنىپ، باھار شامىلىدا قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، كۆز كەلگۈچە ياشىرىپ تۇرۇشنى خىيال قىلدى. بىراق، ئۇ بەكمۇ ئاجىز، قولىدىن بۇنداق قىلىش مەڭگۈ كەلمەيتتى. ئۇ تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، كۈمۈش لېنتىدەك پارقىراپ تۇرغان سۇغا تىكىلگىنىچە خىيالغا پاتتى. ئۇ يەردە ئالۋۇنلار ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە چىمىلدايتتى...

سۇلايمان قاسىم ئاشۇ مەۋھۇم مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇپ، رىسالەتنىڭ قانداقلارچە يېنىغا كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ تۇيمىدى. پەقەت ھارارەتلىك، يۇمشاق بىر قول ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىپ، كۆزلىرىنى چىڭ ئېتىۋالغاندىلا، ئاندىن ئۇ خىيال قۇچىقىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى ۋە ئۆزىگە تونۇش بىر ھىدنى ھىدلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ـــ ۋۇي شەيتان، مېنى بىلمەيدۇ دەمسىز؟ ھوشۇر سەلەينىڭ چۈژگۈن ئوتى، يۈرەك پارىسى رىسالەت بولماي كىممۇسىز؟

ـــ ئەمىسە سىزنىڭچۇ؟ سىزنىڭ ئېمىڭىز؟

سۇلايمان قاسىم سىمى ئۈزۈلۈپ كەتكەن كانايدەك يەنە جىم بولدى. ئۇ تېخىچە كۆزىنى ئېتىپ تۇرغان رىسالەتنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقتى. رىسالەتمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن قۇچاقلىغىنىچە جىممىدە تۇراتتى. بىر چاغدا سۇلايمان قاسىم گەدىنىگە بەكمۇ ئىسسىق ئىككى تامچە ياشنىڭ چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ قىزنىڭ رايىغا بېقىپ، مىدىرلىماستىن قېتىپ تۇردى. رىسالەتنىڭ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە تېگىپ تۇرغان بەدىنى يېنىك تىترەيتتى. ئوت پۈركۈپ تۇرغان نەپەسلىرى ئۇنىڭ گەدىنىنى كۆيدۈرەتتى. بىر چاغدا ئۇ رىسالەتنى قولىدىن تۇتۇپ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى. قىزنىڭ مەڭزى ياشتىن ھۆللەنگەن، چىرايى ھاياجاندىن بىرئاز قىزارغان، لەۋلىرى ئۈمچىيىپ تۇراتتى. سۇلايمان قاسىم ئۇنى تارتىپلا باغرىغا باستى. قىزنىڭ ھەسرەتلىك يىغىسى ئەۋجىگە چىقتى...

ۋاقىت تولىمۇ تېز ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. بىردەمدىلا كۈن چۈش بولدى. گەرچە ئۇلار چىش يېرىپ بىرنەرسە دېيىشمىگەن بولسىمۇ، كۆڭۈللەر سىردىشىپ، يىغىلىپ قالغان بارلىق دەردلەرنى تۆكۈپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئەمدىلىكتە رىسالەتنىڭ چېھرىدە بۈگۈنكى قۇياشنىڭكىدەك يارقىن نۇرلار جىلۋە قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇ كۈلەتتى، ئىچ - ئىچىدىن تېلىقىپ - تېلىقىپ كۈلەتتى. قەلبىدە پۈرۈخلاپ تۇرغان ئازابلار نەگىدۇر غايىب بولغان، تېنى بەكمۇ يەڭگىللەپ قالغانىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇسسۇل ئويناشنى، دەريا ساھىلىنى بېشىغا كىيىپ ناخشا ئوقۇشنى بەكمۇ خالاپ قالدى. بىراق، ئۇ ھېچ نەرسە قىلالمايتتى.

— مەن سىزنىڭ بۇنچىلىك ئېچىلغىنىڭىزنى ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن، — دېدى سۇلايمان قاسىم قىزنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

— سىزلا يېنىمدا بولسىڭىز، مەن مەڭگۈ مۇشۇنداق ئېچىلىپ يۈرىمەن، — دېدى رىسالەت كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماستىن، — سىز ماڭا ھەم ئۈمىد، ھەم خۇشاللىق بېغىشلىيالايسىز، سۇلايمان. مەن پەقەت سىز بىللە بولغاندىلا

ئاندىن ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي مۇكەممەل بىر ئايال ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلالايمەن . سىز بۇنىڭغا ئىشىنەمسىز ؟

ــ ئىشىنىمەن ، ــ سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ بېشىنى سىلىغىنىچە تولىمۇ پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى ، ــ بىراق سىز ھەممىنى بىلىسىز ، مەن دېگەن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق ئادەم . ماڭا قاراشلىق بىر ئائىلە ، بىر خوتۇن ، ئىككى بالا بار ، رىسالەت . مەنمۇ ئىچىدە لېشى يوق گۇرۇلدەپ تۇرغان قاپاق ئەمەس ، قەلبىمدە ھېسسىيات ، سۆيگۈ دېگەنلەر تولۇپ ياتقان تىرىك ئادەممەن . پەقەت سىزدىن بۇرۇن تۇغۇلۇپ قالغان ۋە تۇرمۇشقا بۇرۇنراق يۈز تۇتقان يېرىم بار . ئەسلىدە سىزمۇ بۇرۇنراق تۇغۇلغان ۋە تەقدىر ئىككىمىزنى بۇرۇنراق ئۇچراشتۇرغان بولسا ئىدى ، بۇنداق ئېسىل كۆڭۈل ۋە ساپ مۇھەببەتتىن ئۆمۈرۋايەت مىننەتدار بولۇپ ، سىزنى مەڭگۈ باغرىمغا باسقان بولاتتىم . راستىمنى دېسەم ، مەنمۇ سىزنى چىن دىلىمدىن سۆيىمەن . بىراق ، بۇ سۆيگۈمنى سىزگە بېغىشلاشقا ، سىزنى بارلىق مېھرىم بىلەن باغرىمغا بېسىشقا قادىر ئەمەسمەن . بۇنىڭ سەۋەبىنى سىزمۇ بىلىسىز ، ناۋادا مەن سىزگە قۇچاق ئاچسام ، كىشىلەر ئىككىمىزنىڭ ساپ مۇھەببىتىمىزنى پەرۋايىغا ئالماستىن ، بىزنى بۇزۇلۇپتۇ دەپ ئەيىبلەيدۇ . ئەخلاق جەھەتتىن بۇنى ھېچكىم توغرا تاپمايدۇ . شۇنداقلا مەن ئىشلارنىڭ بۇنداق بولۇپ كېتىشىنى ، سىزنىڭ يامان ئاتىلىق بولۇپ قېلىشىڭىزنى ، مۇھەببىتىمىزنىڭ قارىلىنىپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايمەن . سىز مېنىڭ زورۇم بىلەن ھىمىتجانغا ياتلىق بولدىڭىز . بەلكىم بۇ قىلغىنىم توغرا بولمىغاندۇ . مەن ئۆزۈممۇ ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدىغان ھىمىتجاننى سىزگە سايە قىلماسلىقىم كېرەك بولغىيدى . بىراق ، سىز بۇ ئادەم بىلەن توي قىلىسىز ، بىرىنچىدىن ، ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالالايتتىڭىز . ئىككىنچىدىن ، سىز يىراققا ئۇچۇپ كەتمىگەچكە ، مەنمۇ سىزنى ھەمىشە كۆرۈپ تۇرالايتتىم . شۇڭىمۇ مەن بۇ تويغا ھوشۇركاملارنى كۆزدۈرگەنىدىم . تويدىن كېيىنكى سىزنىڭ مىسكىن تۇرقىڭىزغا ،

قاراپ ئۆزۈمنىڭ ئىنتايىن شەخسىيەتچىلىك قىلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم . سىزنىڭ قايغۇ ـ ئەلەم سايە تاشلاپ تۇرغان چىرايىڭىزنى ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە ، يۈرىكىم قوقاسقا كۆمگەندەك ئېچىشىپ كېتەتتى . شۇڭىمۇ ئىلاجى بار سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالماسلىققا تىرىشىپ كەلدىم . رىسالەت ، مېنىڭ شۇ تۇرقىدا نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلەمسىز ؟ مەن سىزنى سۆيىمەن ، لېكىن بەختلىك قىلالمايمەن . شۇڭا ، مېنىڭ ھازىرقى روھىي ھالىتىمنى چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن . سىز مېنى دوختۇرغا كۆرۈنۈپ بېقىشقا ئۈندىدىڭىز ، مەن ماقۇل بولدۇم . ئەمما ، بارمىدىم . مېنىڭ كېسىلىم قانداقتۇر ئاشقازىنىمدا ياكى ھەزىم ئەزالىرىمنىڭ بىرىدە ئەمەس ، دەل يۈرىكىمدە ! بۇنداق كېسەلنى سىلەرنىڭ دوختۇرخانا ساقايتالمايدۇ . ھەي خۇدا ، بىزنى نېمىشقىمۇ مۇشۇنداق ئايىغى چىقمايدىغان خالتا كوچىغا باشلاپ قويغانسەن ؟

رىسالەت بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ياشلار سۇلايمان قاسىمنىڭ مۇرىسىنى ھۆللىمەكتە ئىدى . ئۇ قىزنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى . ياشتىن ھۆللىنىپ كەتكەن مەڭزىگە يۈزىنى ياقتى . تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن ئۇنىڭ توزۇۋاتقان چاچلىرىنى سىلايتتى . قىز بوراندا قالغان ياپراقتەك تىترەپ كەتكەنىدى .

— ماڭا يۈرىكىڭىزدىكى گەپنى قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن رەھمەت ، — دېدى ئۇ ئۆپكىدەپ تۇرۇپ ، — ھەرنېمە بولسا ، مېنىڭمۇ باشقىلارنىڭ سۆيۈشىگە ئەرزىيدىغان قىز ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلاپ بەردىڭىز . مەن شۇنىڭغا رازى ، سۇلايمان ، قەدىرلىكىم ، ئەمدى ئۆلسەممۇ كۆزۈم خاتىرجەم يۇمۇلىدىغان بولدى . سىزدىن رازىمەن . سىزنىڭ مېنى بىر ئاشنا ياكى ئويناش كۆرۈپ دانلىتىپ يۈرمەي ، پاك مۇھەببەت ئەلچىسى سۈپىتىدە كۆرگىنىڭىزگە ، ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭىزنى يۈرىكىڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا پىنھان تۇتۇپ ، پاك ساقلاپ كەلگەنلىكىڭىزگە رەھمەت . ئەمدى مېنىڭ ھاياتتىن كۈتىدىغان ھېچقانداق ئۈمىدىم قالمىدى ، سۇلايمان .

www.uyghurkitap.com

رەھمەت سىزگە!

ئۇ شۇنداق دېدى ۋە تىترەپ تۇرغان ئوتلۇق لەۋلىرىنى سۇلاي-مان قاسىمنىڭ لەۋلىرىگە ياقتى. ئىككى روھ يەنە بىر قېتىم شاۋقۇنلىدى. ئەتراپتا شاماللارنىڭ كەپسىزلىكي بېسىققان، كېپ-تەرلەرمۇ پەرۋاز قىلىشتىن توختىغان، شىغىل ـ تاشلارمۇ شۈ-كۈتتە، ھەممە ئۇلار ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تەسلىكتە ئېرىشكەن مۇشۇ دەقىقىسى ئۈچۈن سىر ساقلىماقچى بولغاندەك كۆزلىرىنى يۇمۇۋال-غاندى. بىر چاغدا رىسالەت سۇلايمان قاسىمنىڭ قۇچىقىدىن يۇل-قۇنۇپ چىقىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئەمدى بەس، — دېدى رىسالەت قەتئىيلىك بىلەن، — سىزنى ئەمدى قايتا تەڭلىككە سالمايمەن. خۇدايىم نېسىپ قىلسا، ئۇ ئالەمدە بىر ـ بىرىمىزنىڭ ھالىغا ھال، مۇڭىغا مۇڭ بولارمىز. ئەمدى سىزدىن سورايدىغان بىر مەسلىھىتىم بار. مېنىڭ ھازىر كۆڭلەرنى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىم سىزگە ئايان. روھىم شۇنچە-لىك چۈشۈپ كەتكەنكى، تۇرمۇشقا نىسبەتەن مەندە ھېچقانداق قىزغىنلىق يوق. مەن بەئەينى ئۆسۈملۈك ئادەمگىلا ئوخشاپ قال-دىم. مەن بۇنداق كېتىشۋېرىسەم بولمايدۇ. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋات-قان چاغلىرىمدا ئۇستازلىرىم مەندىن بەكمۇ يۇقىرى ئۈمىدلەرنى كۈتۈشكەن. مېنىڭ كەلگۈسىدە يارامىلىق بىر دوختۇر بولۇپ چىقىشىمنى ئارزۇ قىلىشقانىدى. مېنىڭمۇ نۇرغۇن غايىلى-رىم، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم بار ئىدى. بىراق، تۇرمۇش ھەممىنى يەپ كەتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى بۇنداقلا يەردە قويسام بولماي-دۇ. شۇڭا، مەن روھىمنى ئۇرغۇتۇپ، بۇنداق خىيالپەرەسلىكتىن قۇتۇلۇپ، قايتىدىن باش كۆتۈرسەم دەيمەن. بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ھىممەت ياسىندىن ئاجرىشىش كېرەكمۇ؟ «كونىلاردا ئېشەك-كى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تىنچ» دەيدىغان گەپ بار، ھازىرغۇ ھىممەت ياسىن مېنىڭ ھېچقانداق ئىشىمغا ئارىلاشماي يۈرىدۇ. بىراق، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۆگىنىش ياكى تەتقىقاتقا كىرىشىپ كەتسەم، ئۇنىڭ توغرا چۈشەنمەي قىلىشىدىن ياكى باشقىلارنىڭ

ئۇستۇمدىن گەپ تېپىشىدىن ئەنسىرەيمەن . سۇلايمان ، ئىلگىرىمۇ بىر ئىشلارغا دۇچ كەلسەم ، سىزنىڭ سۇرىتىڭىزگە قاراپ ، روھ-ڭىزدىن مەدەت تىلەيتتىم . ئەمدى سىزدىن يۈز تۇرانە مەسلىھەت ئالغۇم بار . ئۆز - ئۆزۈمگە ئىچىنىۋاتىمەن ، سايغا ئاققان سۇدەك ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتلىرىم ئۈچۈن ئۆكۈنىمەن . مۇشۇ ئىشنى تولا ئويلاپ بېشىم قېتىپ كېتىۋاتىدۇ . مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن ؟

سۇلايمان قاسىم جاۋاب بېرىش ئىنتايىن قىيىن بىر تېپىشماق-قا دۇچ كەلگەندەك ، ئىچىگە تىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭ يىراقلارغا تىكىلگەن كۆزلىرى بوشلۇقتىكى نامەلۇم بىرسىدىن مە-دەت تىلەۋاتقاندەك ئىدى . ئارىدا بىر توپ كەپتەر ناچىلىرىنى ھۇش-قۇيتقىنىچە ئۇلارنىڭ باش ئۇستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى . سۇلايمان قاسىم بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان كەپتەرلەرنىڭ كەينىدىن قارىغىنىچە ئۇھ تارتتى .

— رىسالەت ، — دېدى ئۇ غەمكىن ئاۋازدا ، — سىزنىڭ قاي-تىدىن غەيرەتكە كەلگەنلىكىڭىزنى كۆرۈپ ، ئىنتايىن خۇشال بول-دۇم . ئادەم دېگەن بۇ دۇنياغا كۆڭۈل ئۈچۈنلا يارىتىلمايدۇ . كى-شىلىك تۇرمۇشتا كۆڭۈل ، مۇھەببەت دېگەنلەر غايە بولۇپ قالسا ، ئىنتايىن تار مەنىدىكى بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ . مەن سىزنىڭ ئەزەلدىن غايىلىك ، تىرىشچان قىز ئىكەنلىكىڭىزگە قول قوياتتىم . سىز نىيەت قىلسىڭىزلا ، ھەرقانداق ئىشتا نەتىجە قازىنالايسىز . ئەمدى تۇرمۇش ئىشىڭىزغا كەلسەك ، ھىممىت ياسىن بىلەن ئاجرى-شىشقا ھازىرچە ئالدىرىماڭ . چۈنكى ، بۇنداق قىلغاندا ، ھوشۇركام بىلەن قەمبەرخاچام بۇ ئىشنى دەماللىققا توغرا چۈشىنەلمەي ، ئېغىر ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن . سىز بىلىسىز ، ئۇلار ئۆمرىدە پەقەت بىر قىز تالالىق قىلدى . بۇ ئۇلارنىڭ كۆزىنىڭ ئوچۇقچىلىقىدا ئادا قىلغان ئەڭ چوڭ پەرزى ۋە قەرزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ ئىشنىڭ ھە دېگەندە نەتىجىسىز ئاخىرلىششى ئۇلارغا ھەقىقەتەن ئېغىر كېلىدۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە سىز ئۇلارغا ئاجرىشىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيسىز . شۇڭا ، ھازىرچە بۇ ئىشنى ئويلاشماي ،

تەتقىقاتىڭىزنى باشلاۋېرىڭ . ھىممەت ياسىن بەلكىم ئۇنى توغرا
چۈشىنەر . توغرا چۈشىنەلمەي قالسا ، شۇ چاغدا بىر گەپ بولار .
رىسالەت ، سىزنىڭ تۇرمۇشقا يۈزلىنىش ئىرادىسىگە كەلگىنىڭىزگە
مەن بەك خۇشال بولۇۋاتىمەن . سىز بايىقى كەپتەرلەرنى كۆردىڭىز-
مۇ ؟ ئۇلار قانچە ئېگىز ۋە قانچە تېز ئۇچقانسېرى ، ناچىسى شۇنچە
ئۇنلەيدۇ . ئادەممۇ شۇنداق ناچىلارنى ئۇنلىتەلەيدىغان بولۇشى كې-
رەك . تىرىشىڭ ، بىر ئىشلارغا دۇچ كەلسىڭىز ، يېنىڭىزدا مەن
بار . سىزگە ئاكىلىق نۇقتىسىدىن ياردەم بېرەلەيمەن . بۇنىڭغا
قوشۇلامسىز ؟

رىسالەت تۇزۇپ تۇرغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى ۋە ئاشۇ
ئۇيۇق تامان ئۇزۇپ كېتىۋاتقان بىر پارچە ئاپئاق بۇلۇتقا تىكىلگە-
نىچە بېشىنى لىڭشىتتى . ئۇنىڭ بىرئاز سۇزۇلگەن چىرايى ، كۆل-
كە تېپىپ چىقىۋاتقان كۆزلىرى بەئەينى جۇدۇندىن ئامان قالغان
غۇنچىغا ئوخشايتتى . ئەمدى ئۇ قايتىدىن بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىش
ئالدىدا تۇراتتى .

# ئون ئالتىنچى باب

# پاجىئە

## 72

كۈتەر - كۈتەر ، مول نېمەتلەرگە تولغان خاسىيەتلىك ياز ئاخىر يېتىپ كەلدى . بۇ يىلقى ياز ئىلگىرىكى ھەرقانداق بىر يىلدىكىگە قارىغاندا ، كىشىنى تولىمۇ سۆيۈندۈرەتتى . توپا بوخسۇپ تۇرغان كۈنلەر بەكمۇ ئاز . قۇياشتىن تۆكۈلگەن نۇرلارمۇ ئىلگىرىد- كىدىن جۇلالىق ئىدى . ئەتراپ بەخت مەۋجىدە قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقان قىزلاردەك چاقناپ تۇراتتى . تەبىئەت شۇنچىلىك ھاياتى كۈچكە تولغانىكى ، ئۇنىڭدىكى ئۆسۈملۈكلەرمۇ ، دەل - دەرەخلەرمۇ ، گۈل - گىياھلارمۇ ئالدىنقى يىللاردىكىگە قارىغاندا تېز يېتىلىۋات- قاندەك ئىدى . ھەممە نەرسە جانلىق ۋە تېتىك كۆرۈنەتتى .

رىسالەتنىڭ روھىي ھالىتىدىمۇ شۇنداق بىر جانلىنىش كۆ- رۈلگەنىدى . ئۇ ئىلگىرىكىدەك ئىچىگە تىنىپ ، خاپا چىراي مىسلد- داپ يۈرمەيتتى . دېرىزە ئالدىغا كېلىۋېلىپ سىرتلارغا قارىغىنىچە سائەتلەپ تۇرمايتتى . تېگى يوق خىياللارغا بېرىلىپ ، ئۆز - ئۆزد- نى ئازابلىمايتتى . ئىلگىرىكى كىتاب - ماتېرىياللىرىنى تېپىپ چىقىپ ، ئۆگىنىشنى قايتىدىن باشلىۋەتكەنىدى . ئوپېراتسىيىگە كىرەتتى . ئۇچرىغان مەسىلىلەرنى ۋە ئۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى ئەستايىدىل خاتىرە قالدۇراتتى . يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ كلىنىكىلىق داۋالاش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا بىرنەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى تېب- بىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى . بۇ ھال ھەممەيلەننى ھەيران

قالدۇردى .

— بۇنى كۆرۈپ بېقىڭ ، — دېدى رىسالەت گۈللۈك فونتان-نىڭ يېنىدا گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغان سۇلايمان قاسىمغا بىر ژۇرنالنى تەڭلەپ ، — ئۇنىڭدا مېنىڭ بىر پارچە ئىلمىي ماقالەم ئېلان قىلىنىپتۇ . تېخى ئۇنىڭغا يېزىلغان تەھرىر ئىلاۋىسىمۇ بار ئىكەن .

سۇلايمان قاسىم قولىدىكى گېزىتنى ئالدىراپ قاتلىدى ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى ژۇرنالنى ئېلىپ مۇندەرىجىسىگە قارىدى . «رىسا-لەت ھوشۇر» دېگەن ئىسمىنى كۆرگەندە ، ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى . ئۇ ھېلىقى بەتنى ئاچتى ۋە «ئوپېراتسىيە ئۈستىدە قان بېسىمى چۈشۈپ كەتكەن بىمارلارغا قوللىنىدىغان چارىلەر» سەر-لەۋھىلىك ماقالىنى ئوقۇشقا باشلىدى .

— مەن ئاخىر ئۆزۈمنى تېپىۋالدىم ، — دېدى رىسالەت كۈ-لۈپ تۇرۇپ ، — بۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىمەن .

سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ چېھرىدىكى بەخت كۈلكىسىنى كۆرۈپ يېنىك تىنىپ قويدى .

— سىزنى تەبرىكلەيمەن ، رىسالەت . مۇبارەك بولسۇن . پە-قەت كەسپىتىن يۈز تاپقان ئادەمنىڭلا سىزدەك كۈلۈش ھوقۇقى بولىدۇ . سىز يەنىمۇ تىرىشىڭ . ئۆزىڭىزنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقى-لىق جەمئىيەتتىكى ئورنىڭىزنى ئىسپاتلاڭ . ئەلنىڭ دۇئاسى سىز-نى كامال تاپتۇرىدۇ . بۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىڭ .

رىسالەت رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى .

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭغا ئۇرۇمچىدىن تېلېفون كېلىشكە باشلىدى . ئەڭ دەسلەپ تېلېفون بەرگىنى نىياسەم خانىم ئىدى .

— قىزىم ، ئامانمۇسەن ؟ — دېدى خانىم يىغلامسىراپ ، — تېلېفون نومۇرۇمنى قانداق تېپىۋالغاندۇ دەپ ئويلاۋاتقانسەن ، ئا-لىمجان دەپ بەردى . سېنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بىر كەتكەنچە قۇ-دۇققا چۈشكەن تاشتەك غايىب بولغىنىڭدىن بەكمۇ ئەپسۇسلانغا-

ندىم. سېنى چوقۇم تۇرمۇش يەپ كەتتى دەپ ئويلىغان. مانا، ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىۋاتقان ماقالىلىرىڭنى كۆرۈپ، سېنىڭ تۈگىشىپ كەتمىگەنلىكىڭنى، ساڭا ئۈمىد باغلىغىنىمنىڭ خاتا بولمىغانلىقىنى ھېس قىلماقتىمەن، قىزىم. سەن يەنىمۇ تىرىشقىن. ئۇستازىڭنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويما.

ئۇنىڭدىن كېيىن بىرگە ئوقۇغانلار ۋە مەكتەپداشلارنىڭ بىرنەچچىسىدىن تېلېفون كەلدى. ئاخىردا ئالىمجانمۇ ئۇنى تەبرىكلىدى.

رىسالەت بەكمۇ ھاياجانلاندى. ئۇستازىنىڭ ئۆزىگە ئالايىتەن تېلېفون بېرىپ، رىغبەتلەندۈرگەنلىكىدىن ئىرادىسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. ئەمدى كەينىگە يېنىشنىڭ، ئۇرغۇپ تۇرغان غايىلىرىنى تۇرمۇشنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ھەۋەسلىرىگە كۆمۈۋېتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ سۇلايمان قاسىمغا بولغان تەلپۈنۈشىمۇ كۈنسايىن ئېشىپ بارماقتا ئىدى. بىراق، ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭمۇ ئۆزىنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، بۇ خىل سۆيگۈنى قەلبىنىڭ ئەڭ پىنھان جايلىرىدا ساقلاۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ پۈتۈن دىققىتىنى تەتقىقاتقا قاراتتى.

— نېمە بولدىڭىز؟ — بىر كۈنى ئامىنە ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى ۋە كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماستىنلا دېدى، — قارىسام بەكمۇ جانلىنىپ كېتىۋاتىسىز. يۇقىرىغا ئۆسۈپ كېتەي دېمىگەنسىز - ھە؟ باشقىلارمۇ شۇنداق ئويلىشىۋېتىپتۇ. دوستۇم، نېمە قىلىسىڭىز قىلىڭ، ئەمما بۇ يەردىن كەتمەڭ. مەن سىزدىن ئايرىلىشقا چىدىمايمەن.

— ھەي ئامىنە، قاراڭا كۆتۈرۈپ كىرگەن گېپىڭىزنى، — رىسالەت ئۇنى قولىدىن تارتىپ ساپاغا ئولتۇرغۇزدى، — ماڭا قاراڭ دوستۇم، يۇقىرىغا ئۆسۈش تەمەسىدە بولغان ئادەمنىڭ قولىدىن خۇشامەتتىن باشقا نېمە كېلىدۇ؟ مېنىڭ قىلىۋاتقىنىم ئۆز كەسپىمگە دائىر تەتقىقات. بۇ دېگەن ھەربىر كەسىپ ئىگىسىنىڭ

قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ ئەقەللىي ئىشلىرىنىڭ بىرى . بۇ يەردىكى-لەر ئىلگىرى مېنىڭ غەمكىن يۈرگىنىمنى كۆرۈپ ، «ئىرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەپتۇ» دەپ گەپ تېپىشتى . ئەمدى ئېچىلىپ-يېيىلىپ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانسام ، يەنە شۇنداق دېيىشكەن بولسا ، مېنىڭ باشقا پىكرىم يوق . سىز شۇنداق دېگۈچىلەرگە : «رىسالەت پات يېقىندا ئاپتونوم رايونغا رەئىس بولىدىكەن» دەپ قويۇڭ .

ئامىنە ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىدىن كۈلۈپ كەتتى .

— رەئىس بولسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ . رەئىس دېگەنمۇ سىزگە ئوخشاش ئادەمغۇ ؟ — دېدى ئۇ رازىمەنلىك بىلەن .

كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ بەكمۇ تېز ئۆتمەكتە ئىدى . ئىلگىرى ئۇ كۈننى كەچ قىلالماي جىلە بولاتتى . مانا ئەمدى ۋاقىتنىڭ سەلدەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا خاپا بولىدىغان بولدى . ئۇنىڭچە بولغاندا ، بىر كۈنلۈك ۋاقىت دېگەن پىلانلىغان ئىشلارنى قىلىشقا يېتىشى كېرەك ئىدى . مۇمكىن بولسا ئۇ ۋاقىت ھارۋىسىنىڭ چاقىنى بىرەر كاتاڭغا تاشلىۋېتىشنى ئويلايتتى .

قاينام - تاشقىنلىق ھايات ئۇنىڭغا جۇشقۇنلۇق ئاتا قىلغانىدى . قىزىدىكى بۇ خىل روھىي ئۆزگىرىشتىن ھوشۇر سەلەي بىلەن قەمبەرخانمۇ سۆيۈندى . گەرچە رىسالەتنىڭ تۇرمۇشىدا كىشىنى خۇشال قىلغۇدەك بىرەر يېڭىلىق كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ داۋالاش ۋە تەتقىقات ساھەسىدە ئارقا - ئارقىدىن نەتىجە قازىنىشى ئۇلارنى بەكمۇ خۇشال قىلغانىدى . ھوشۇر سەلەي قىزىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىدە ئۆزىنىڭ ئىسمىنىڭمۇ يېزىلغىنىنى كۆرۈپ ، ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈندى . مۇشۇنداق بىر قىز چوڭ قىلغىنىدىن پەخىرلەندى . ئەمدى قىزىنىڭ شۇ ئىسمىغا ياندىشىپ ئۆز نامىنىڭ مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، ھاياجاندىن كۆزلىرىگە ياش ئالدى .

سۇلايمان قاسىممۇ يېنىكلەپ قالغانىدى . ئاخشىمى - ئەتىسى ھوشۇر سەلەينىڭ ئۆيىگە قورۇنماي كىرەلەيدىغان بولدى . ئۇلار

بىر يەرگە كەلسىلا رىسالەتنىڭ تەرپىنى قىلىشاتتى. ھوشۇر سەلەي كىملا ئۇچرىمىسۇن: «قاغا چاڭگىسىدىن بۈركۈت قوپقاندەك ئىش بولدى، قىزىم مېنىڭ يۈزۈمنى يورۇق قىلىدىغان بولدى» دەپ ماختىناتتى.

دەل ئاشۇنداق خۇشاللىققا تولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە سۇلايمان قاسىمغا بىر كېلىشمەسلىك قۇچاق ئاچتى. شۇ كۈنى ئۇ رىسالەتنى ئىزدەپ دوختۇرخانىغا كەلگەنىدى. يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ بېشى تولا ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ رىسالەتنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى بىر تەكشۈرۈپ قويۇشنى ئېيتتى. رىسالەت كۆلۈمسىرىگىنىچە ئۇنى ئىشخانىسىغا باشلىدى. سۇلايمان قاسىمنىڭ بېشىنىڭ چىڭقىلىپ ئاغرىيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئالدى بىلەن قان بېسىمىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى ئويلىدى. ئەسلىدە بۇ سېسترالار قىلىدىغان ئىش ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ سېسترالار باشلىقى ئامىنەنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا بېسىم ئۆلچىگۈچنى ئېلىپ كىرىشنى ئېيتتى. ئامىنە ئەسۋابنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، سۇلايمان قاسىمنىڭ يېڭىنى تۈرۈشكە تەمشەلدى. رىسالەت ئۇنىڭ قولىدىكى بېسىم ئۆلچىگۈچنى تارتىۋالدى ۋە قوشۇپ قويدى:

— بۇ بىمارنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدىرەك، شۇڭا ئۆزۈم تەكشۈرۈپ قوياي، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە پاختىدەك يۇمشاق قوللىرى بىلەن سۇلايمان قاسىمنىڭ بىلىكىنى يالىڭاچلاپ، بېسىم ئۆلچىگۈچنىڭ چاپلاشقۇسىنى ئۇنىڭ بىلىكىگە يۆگىدى. ئاندىن تىڭشىغۇچنى قۇلىقىغا تىقىپ تەكشۈرۈشنى باشلىدى. ئىككى قېتىم تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئۇ سۇلايمان قاسىمغا قاراپ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سورىدى:

— بۈگۈن بىر ئىشلاردىن خاپا بولغان ياكى ئاچچىقلانغان يېرىڭىز بارمۇ؟

سۇلايمان قاسىم ھەيران بولغىنىچە بېشىنى چايقىدى.

— تۈنۈگۈن ياكى بۈگۈن ئەتىگەن مايلىق گۆش دېگەندەك نەرسىلەرگە ئېغىز تەگدىڭىزمۇ؟

www.uyghurkitap.com

سۇلايمان قاسىمنىڭ ھەيرانلىقى يەنىمۇ ئاشتى . ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ بېشىنى چايقىدى .

— ئەمىسە بۇ نورمالنى ھالەتتىكى يۇقىرى قان بېسىمى ئە- كەن ، — دېدى ئۇ ئۇھ تارتقىنىچە ، — بېشىڭىزنىڭ ئاغرىۋاتقىنى- غا قانچە ئۇزۇن بولدى ؟

— بىر - ئىككى ئاي ، ياق ، ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن بولغاندەك قىلىدۇ ، — سۇلايمان قاسىم پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى ، — بې- شىم بەزىدە يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق ئاغرىيدۇ ، بولۇپمۇ گۆش - ياغقا يېقىن بولغان كۈنلەردە ئاغرىق تېخىمۇ ئەدەپ كېتىدۇ . بۇنى مەن زۇكامدىن بولغان ئادەتتىكى باش ئاغرى- قىمىكىن دەپتىمەن .

— شۇڭا ، مەن سىزنى دوختۇرغا كۆرۈنۈپ بېقىڭ دېگەن ئەمەسمۇ ؟ — رىسالەت خاپا بولغاندەك دومسايدى ، — بىراق سىز بەكمۇ قاتتىق قولاق چىقىپ قالدىڭىز . مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ سىزگە گەپ ئاڭلىتالمىدىم . مانا ئەمدى قان بېسىمى كارامىتىنى كۆرسەتكەندە كەپسىز . ئەسلىدە بۇنى يېمەك - ئىچمەك ئارقىلىق تىزگىنلەپ كەتكىلىمۇ بولاتتى . بىراق ، ھازىر خېلىلا كېچىكىپ- سىز . قان بېسىمى ئۆرلەپ بوپتۇ . شۇڭا ، دورا ئىچمىسىڭىز بولمىغۇدەك . قېنى ئامىنە ، قەغەزنى ئېلىپ تەييار بولۇڭ ، مۇنۇ قاتتىق قولاق بىمارغا قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش دورىسىدىن يېزىپ بېرىلى .

ئامىنە ئالدىدا شۈمشىيىپ ئولتۇرغان سۇلايمان قاسىمغا كۆزى- نىڭ ئۇچىدا قارىۋەتكەندىن كېيىن قەغەزنى قولىغا ئالدى .

— ئىسمىڭىز ؟

— سۇلايمان قاسىم .

ئامىنە بېشىنى شارتتىدە كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى . ئۇ ۋىلايەتكە ئۆگىنىشكە بارغاندا ، كەيپ بولغان رىسالەتنىڭ ئېغىزىدىن شۇنداقراق بىر ئىسىمنى ئاڭلىغاندەك قىلىغانىدى . بۇ- گۈن رىسالەتنىڭ سىپتىرالار قىلىدىغان كىچىككىنە ئىشنى تالى-

شنپ قىلغىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنلىك ئەھۋالىنى ئەستايىدىل سورىغىنىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى . ئۇنىڭ ھاڭۋېقىپ ئولتۇ- رۇپ قالغىنىنى كۆرگەن رىسالەت ئالدىراپ سورىدى :
— نېمە بولدى ؟ ئولتۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ ؟
— ھېچ ئىش يوق ، — دېدى ئامىنە تىلىنى چىقىر- رىپ قويۇپ ، — مانا ھازىرلا يېزىپ بولىمەن .
ئۇ ھەممە ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەنىدى . شۇڭا ، ئارتۇقچە گەپ سېتىپ يۈرمەي ، رېتسېپنى چىرايلىق يېزىپ ، ئىمزا قويۇش ئۇ- چۇن رىسالەتنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى .
— مېنىڭ ۋەزىپەم تۈگىدىمۇ قانداق ؟ — دېدى ئۇ سۇلايمان قاسىمغا يەنە بىر رەت قارىۋالغاندىن كېيىن ، — ئىشىم تۈگىگەن بولسا چىقىپ كەتتىم .
رىسالەت ئۇنىڭ كۆزلىرىدە پەيدا بولغان غەلىتە بىر ئۇچقۇننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى . بايا ئۇ ئەھۋال سوراش جەريانىدا سۇلايمان قاسىمغا ھەددىدىن زىيادە يېقىنچىلىق قىلغانلىقىنى ، بۇنىڭدىن ئامىنەنىڭ بىر ئىشلارنى پەملەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، گەپ - سۆز قىلماستىن ، بېشىنى لىڭشىتتى . ئامىنە ئۇ- نىڭغا قاراپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى ۋە بېسىم ئۆلچىگۈچنى قولتۇقلاپ چىقىپ كەتتى . ئۇ ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا كەينىگە بۇرۇلۇپ ، رىسالەتكە قاراپ قويدى . ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن «ئەمىسە ئىشخانا سىلەرگە ئۆچە قالدى ، گەپ - سۆز بولسا ، كەڭ - كۇشادە دېيىشىۋېلىڭلار» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى .
ئىشخانا ئىچى سۈكۈتكە چۆمدى . رىسالەت ئۇنىڭ ئالدىغا كې- لىپ پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى :
— سىزگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت ، سۇلايمان ، سىز بۈگۈن مېنىڭ يەنە بىر ئارزۇيۇمنىڭ ئىشقا ئېشىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەردىڭىز .
— سىزنىڭ يەنە قانداق ئارزۇيىڭىز بار ئىدى ؟ — سورىدى سۇلايمان قاسىم ئەجەبلىنىپ .

— مەن كىچىكىمدىن باشلاپ ناۋادا تېبىبى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇپ قالسام، سۇلايمان ئاكامنىڭ مەخسۇس دوختۇرى بولۇپ، ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمەن دەپ، ئارزۇ قىلاتتىم. بۈگۈن مەن سىزنى ئۆز قولۇم بىلەن تەكشۈرۈپ، شۇ ئارزۇيۇمغا يەتتىم.

سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ چىڭ سىقتى. ئەمما رىسالەت سىلىق بىر ھەرىكەت بىلەن سۇلايمان قاسىمنىڭ ئالىقىنىدىن بارماقلىرىنى سۇغۇرۇۋالدى.

— بۇ دېگەن دوختۇر ئىشخانىسى، سۇلايمان، خالىغانچە كۆڭۈل ئىزھار قىلىدىغان دەريا بويى ئەمەس. يۈرۈڭ، مەن سىزگە دورىڭىزنى ئېلىپ بېرەي. ۋاقتىدا ئىچمىسىڭىز بولمايدۇ. يۇقىرى قان بېسىمى سەل قارايدىغان كېسەل ئەمەس. دىققەت قىلمىسىڭىز يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن زىيادە ھاياجانلانماڭ، بىر ئىشلارغا بەك قاتتىق ئاچچىقلىنىپمۇ كەتمەڭ. تاماقتا، يېتىپ - قوپۇشتا، خىزمەتتە نورمالنى ھالەتنى ساقلاڭ. پات - پات تەكشۈرتۈپ تۇرۇشنى ئۇنتۇماڭ.

ئۇ خۇددى كىچىك باللارغا ئانىسى بىر ئىشلارنى تاپىلاۋاتقاندەك ئەستايىدىل قىياپەتتە، سۇلايمان قاسىمغا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىرمۇنچە پەرھىزلەرنى ئېرىنمەي چۈشەندۈردى. دورىخانىدىن تېگىشلىك دورىلارنى ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۇزىتىپ ئىشىك ئالدىغىچە چىقتى.

— سىزنى بىرمۇنچە ئاۋارە قىلدىم، — دېدى سۇلايمان قاسىم مىننەتدارلىق ھېسسىياتىدا، — ئىشتىن چۈشىدىغانغا يەنە بىر سائەتتىن ئارتۇقراق ۋاقىت باركەن، سىزگە ساقلىسام ئۇزۇن تۇرۇپ كەتكۈدەكمەن. شۇڭا، مەن قايتاي، كەچتە كۆرۈشەيلى. خوش، رىسالەت.

— مېنى مۇشۇنداق پات - پات ئاۋارە قىلىپ تۇرسىڭىز، مەن بەكمۇ خۇشال بولىمەن، — دېدى رىسالەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئەمىسە مەن سىزنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن يەنىمۇ قاتتىق-

بىراق ئاغرىپ تۇرسام بولغۇدەك ، ــ دېدى سۇلايمان قاسىم چاقچاق قىلىپ .

ــ ۋاي - ۋۇي ، مېنىڭ مەقسىتىم بۇ ئەمەس ، ــ رىسالەتمۇ كۈلۈپ كەتتى ، ــ مەن سىزنىڭ مەڭگۈ سالامەت بولۇشىڭىزنى ئارزۇ قىلىدىغان تۇرسام . مەن پەقەت پات - پات كېلىپ ، تەكشۈرتۈپ تۇرۇڭ دېمەكچى . ئۇقتىڭىزمۇ ؟

سۇلايمان قاسىممۇ كۈلۈپ كەتتى . ئۇلار ئىنتايىن قىزغىن كەيپىياتتا خوشلاشتى .

ــ ھېلىقى ئادەم شۇمۇ ؟ ــ رىسالەتكە سوئىدىشىپلا ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەن ئامىنە ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ سورىدى .

ــ قايسى ئادەمنى دەيسىز ؟ ــ رىسالەت ئۇنىڭ باش - ئايىغى يوق بۇ سوئالىدىن بەكمۇ ھەيران قالغانىدى .

ــ سىز كەيپچىلىكتە تىلغا ئالغان ھېلىقى ئادەمچۇ ؟ ئىسمى نېمە ئىدى ئۇنىڭ ؟ ھە ، سۇلايمان !

ــ يوق گەپنى قىلماڭا ، ئۇ دېگەن بىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق قوشنىمىز . ئاتا - ئانام بىلەن بىر تۇغقاندەك ئۆتىدۇ . قانداق ، ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ ؟ سىز نېمىگە ئاساسەن ئۇنى ھېلىقى ئادەممۇ دەپ سورايسىز ؟

ــ ئەمدى سىزنىڭ ئۇنىڭغا شۇنداق قىزغىن بولغىنىڭىزغا قاراپ گۇمانلىنىپ قاپتىمەن ، ــ دېدى ئامىنە بىرئاز ئوڭايسىزلانغان ھالدا ، ــ سىزنىڭ ھەربىر ئىغىز سۆزىڭىزدىن بەكمۇ كۆڭۈل بۆلۈش ، كۆيۈنۈش تۇيغۇسى چىقىپ تۇرىدۇ . شۇنىڭغا قاراپ ھېلىقى ...

ــ ھەي ئامىنە ، دوستۇم ، مەن ھەممە بىمارغا شۇنداق كۆيۈنىمەنغۇ ؟

ــ ھەممىسىگە كۆيۈنىدىغانلىقىڭىز راست ، بىراق بۇ ئادەمگە ھەددىدىن زىيادە كۆيۈنۈپ كەتكەندەك تۇيۇلدىڭىز . بوپتۇ رىسالەت ، باشقىچە ئويلىنىپ قالماڭ ، مەن سىزنى شۇنچە مەجنۇن قىلغان ئادەمنىڭ قانداقراق كىشى ئىكەنلىكىنى بىر كۆرۈپ باقاي دېگەن .

شۇنىڭدىن باشقا مەقسىتىمۇ يوق . ئۇزۇن يىللىق قوشنا بولغاندى-
كىن ، ئۇنىڭغا ئاشۇنچىلىك قىزغىنلىق كۆرسەتسىڭىز ئەرزىيدۇ
ئەمەسمۇ ؟ كەچۈرۈڭ .
— بىزنىڭ گۇمانخورلۇق كېسىلىمىز قاچانمۇ ساقىيار؟ خەق-
نىڭ شۇنچە ئېغىر كېسەللىرىنى داۋالاپ ساقايتالىغان بىلەن ئۆزى-
مىزنىڭ مۇشۇ كېسىلىنى پەقەتلا داۋالىيالمىدۇق - دە .
ئامىنە رىسالەتنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ، گۇناھكارلاردەك بې-
شىنى ئەگكىنىچە ئۆشخانىدىن چىقىپ كەتتى .
رىسالەت ئۆزىنى ئورۇندۇققا تاشلىدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا
ھېلىقى كۈنى دەريا بويىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر قاتار ئىشلار يەنە بىر
رەت زاھىر بولدى . ئەسلىمە دېگەن ئادەمنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ
قىممەتلىك بايلىق ، ئۇ ساڭا مەڭگۈ ھەمراھ بولىدۇ ، تىكەندەك
قالغان ، ئېغىر كۈنلەر بېشىڭغا سايە تاشلاپ ، ھاياتتىن ئۈمىدىڭ
ئۈزۈلگەندە ، ياخشى ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ئەسلىمىسى ساڭا تەسەللى
بېرىدۇ ، ئازابقا تولغان كۆڭلۈڭنى ئاۋۇندۇرىدۇ . گەرچە رىسالەت
سۇلايمان قاسىم بەخش ئېتىدىغان مۇھەببەت لەززىتىدىن مەھرۇم
قالغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆزىگە نىسبەتەن بىر ئورۇننىڭ
بارلىقىنى ، سۇلايمان قاسىمنىڭ ئېغىزىدىن چىقارماي يۈرگىنى بە-
لەن ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ مۇھەببىتىنىڭ كۆيە-
دۇم - پىشتىم دەپ ئاھ ئۇرۇپ ، مەقسىتى ھاسىل بولغاندىن
كېيىن ، پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالىدىغان ھەمدۇللانىڭ مۇھەببى-
تىدىن نەچچە ھەسسە ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى ئويلاپ بەكمۇ پەخىرلەن-
دى ، سۆيۈندى . ناۋادا دەريا بويىدىكى ئاشۇ سۆھبەت بولمىغىنىدا
ئىدى ، ئۇ تېخىچە تەگسىز خىياللار ئىلكىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ ،
ھايات دولقۇنلىرىدا تېنەپ يۈرگەن بولاتتى . شۇ تاپنىڭ ئىزتىراپلىق
خىياللار قوينىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ، ۋاقتىسىز پۈكۈلگەن قەد-
دىنى رۇسلىيالىغانلىقىدىن بەكمۇ خۇشال ئىدى . سۇلايمان قاسىم-
نىڭ كۆڭلىدە يادلىنىپ تۇرىدىغانلىقىدىن خاتىرجەملىككە چۆمگە-
نىدى . بىراق ، سۇلايمان قاسىمنىڭ بۇ كېسىلى ... قان بېسىمى

يۇقىرى دېگەنلىك ئۇنىڭغا يەنە نۇرغۇن ئەگەشمە كېسەللىكلەر چاپ-
لاشتى دېگەنلىك . بۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەمنى خۇد-
دى بوۋاقنى پەرۋىش قىلغاندەك كۈتمىسە بولمايتتى . ئەمدى ئۇ
قانداقمۇ قىلار ؟ ئەر كىشى دېگەننىڭ ئاز - تولا زەردىسى بولىدۇ .
تۇرمۇشتا ھەمىشە خۇشال - خۇرام ئۆتمەن دېگىلى بولاتتىمۇ ؟ ئەر
خەق دېگەننىڭ تاماكا چېكىدىغان ، ئاز - تولا ھاراق ئىچىپ قويىدى-
غان ئۇششاق - چۈششەك ئىللەتلىرىمۇ بار . بۇنداق ئىشلارنىڭ
ھەممىسى قان بېسىمىغا پايدىسىز . شۇنداق ئىكەن ، سۇلايمان قا-
سىم بۇ ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتالارمۇ ؟ ھاياتىغا خەۋپ ئېلىپ كېلى-
دىغان ئىللەتلەردىن قولىنى يۇيالارمۇ ؟

ئۇ يەنە دېرىزە ئالدىغا كەلدى . قۇياش بارلىق نۇرىنى سېخىي-
لىق بىلەن زېمىنغا سېپىپ تۇراتتى . ئىشخانىنىڭ كەينىدىكى باغدا
ئالمىلار سارغىيىشقا باشلىغان ، ئۇلاردىن گۈپۈلدەپ خۇش پۇراقلار
كېلەتتى . شاختىن شاخقا قونۇپ جېدەل قىلىشىۋاتقان ئىككى قۇشقاچ-
نىڭ جاۋۇلداشلىرى باغنى بىر ئالغانىدى . قاياقتىندۇر قاپاق ھە-
رىسىنىڭ بوغۇق ئۇندىكى غوڭۇلداشلىرى ئاڭلىناتتى . مېۋىسىنى
كۆتۈرەلمەي ساڭگىلاپ تۇرغان ئالما شاخلىرى ئارىسىدىن سەلكىن
شامال كېلەتتى .

ئۇ ئاشۇ مەنزىرىلەرگە قاراپ بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن كاللى-
سىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشقا تەييارلىنىۋاتقان خىياللارنى قوغلىماق-
چى بولغاندەك ، بېشىنى قاتتىق سىلكىدى ۋە ئۈستىلىگە قايتىپ
كېلىپ ، يېڭىدىن باشلىغان بىر تەتقىقاتى ئۈچۈن تەييارلىغان ماتې-
رىياللارنى كۆرۈشكە باشلىدى .

73

سەراتان ئىسسىقى باشلانغانىدى . ھارارىتى كۈچلۈك ئاپتاپ
دەل - دەرەخلەرنىڭ غازاڭلىرى ، بىنالارنىڭ ئۆگزىلىرى ، دەرۋازى-
لارنىڭ تۆمۈر قاناتلىرى ، بېتونلانغان مەيدانلارنى ئوتتەك قىزىتى-

ۋەتكەندى . دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سولاشقان ، ئادەم-
لەرنىڭ ئوزايىدىن تەر قۇيۇلغان ، تۈگمەس ناخشىلىرىنى ياڭرى-
تىپ ، ھايات خۇشاللىقلىرى ئۈچۈن تەنتەنە قىلىدىغان قۇشلارمۇ
ئۆزلىرىنى قويۇق يوپۇرماقلار ئارىسىغا ئېلىشقان ، ئەتراپتىن پە-
قەت تومۇزغىلارنىڭ چىرىلداشلىرىلا ئاڭلىناتتى .

ئادەمنىڭ نەپسىنى بوغىدىغان ئىسسىق ھاۋادا دەرۋازىغا قا-
راش ، تازىلىق قىلىش ، ئىدارىنىڭ يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلىرىغا
پالاقلاش قېرىپ ھالىدىن كەتكەن ھوشۇر سەلەيگە بەكمۇ ئېغىر
كەلگەنىدى . ئۇنىڭ زىققە كېسىلى مۇشۇنداق چاغلاردا ئاسان قوز-
غىلىپ قالاتتى . ئۇنىڭ نەپسى بوغۇلۇپ خىرقىرىغان ئاۋازى ئادەم-
گە خېلى يىراقتىنمۇ ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

دەرۋازىنىڭ سول تەرىپىگە ئورنىتىلغان كۈنلۈكسىمان سايە-
ۋەن ئاستىدا خىرقىراپ ئولتۇرغان ھوشۇر سەلەينىڭ كۆزلىرى
قىسىلغانىدى . ئۈستىدىن ئاپتاپ چۈشمىگەن بىلەن تونۇردەك قى-
زىپ كەتكەن ئەتراپتىن ئۇرۇلۇپ تۇرغان ئىسسىققا بەرداشلىق
بېرەلمەيۋاتاتتى . بىتون مەيدان ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغان ئالۋۇنلار
ئۇنىڭغا بۈككىدە سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرغان ئۆستەڭدە دولقۇن
ياساپ ئېقىۋاتقان مۇزدەك سۇنى ئەسلەتتەتتى . ئۇ ئاشۇ چاراقلاپ
تۇرغان غايىۋى ئېقىنغا قاراپ ، كىچىك ۋاقىتلىرىنى خىيال قىلى-
دى . ئۇ چاغلار دېگەن بەك كۆڭۈللۈك ، ياسىنجاننىڭ تەشۋىشلىرى-
مۇ يوق ، بىر توپ قارا قومچاق باللار قىپيالىڭاچ بولۇپ سۇغا
چۆمۈلەتتى . بىر ـ بىرىنى سۇغا بېسىشاتتى . قاشقا چىقىپ موللاق
ئېتىشاتتى . سۆگەت سايىلىرىدە ئارام ئېلىشقاچ چۆچەك ئېيتىشات-
تى . ئاندىن يەنە سۇغا موللاق ئېتىشاتتى . ئاشۇ شوخ ، كەپسىز
باللارغا ھوشۇر سەلەي سەركە ئىدى . ئۇ ھايت دېيدىغان بولسا ،
بىر توپ باللار ئۆزلىرىنى ئوتقا ئېتىشتىنمۇ يانمايتتى ...

سايىۋەن ئاستىدا كاككۇكتەك ئېغىزىنى ئېچىپ ئولتۇرۇپ ،
ئاشۇ مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ھوشۇر سەلەينىڭ بالى-
لىق چاغلىرىدىكى بىر ئىش يادىغا كەلدى :

بىر كۈنى ئۇلار سۇغا چۆمۈلۈپ بولۇپ سۆگەت سايىسىدە ئارام ئېلىپ ياتاتتى ، بالىلاردىن بىرسى ۋارقىراپ كەتتى :

ــ هوي قاراڭلار ، كىم كېلىۋاتىدۇ ؟

ھەممەيلەن شۇ ياققا قاراشتى . ئۆستەڭ بويلاپ سوزۇلغان چىغىر يولدا چاچلىرىنى قىرىق كۆكۈلا قىلىپ ئۆرۈۋالغان ، ماتا كۆڭلەكلىرى شامالدا پۇتىغا يۆگىشىپ تۇرغان ، ئۇششاق مارجان تۇتۇلغان چىمەن دوپپىسى چىلگىدەك يۇمىلاق بېشىغا خوپ ياراشقان ، بويىنىدىكى بىر تىزىق قاشتېشى مارجان قۇياش نۇرىدا چاقناپ تۇرغان ئون بەش ، ئون ئالتە ياشلاردىكى بىر قىز كىچىككىنە تۇگۈنچەكنى قولتۇقىغا قىسقىنىچە كېلىۋاتاتتى . ئىسسىقتىن ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى . ئىلدام مېڭىشلىرىدىن بىر يەرگە ئالدىراۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى .

ــ كىمنىڭ قىزىكىنە بۇ ؟ ــ دېيىشتى ئۇلار ھەيران بولغىنىچە . شۇ ئارىدا ياقۇپ پوتلا ئىسمىلىك بىر بالا ئولتۇرغانلارغا دېدى :

ــ كىم يالىڭاچ پېتى ئاشۇ قىزنىڭ ئالدىغا بارالايدۇ ؟

ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى . ئۇلارنىڭ پۈتۈن دىققىتى قىزنىڭ ئىسسىقتىن قىزىرىپ كەتكەن نۇرانە چېھرىدە قالغانىدى .

ــ كىم ئۇنىڭ ئالدىغا يالىڭاچ بارالىسا ، شۇ ھەقىقىي ئوغۇل بالا ، ــ دېدى ياقۇپ پوتلا غورت قىلىپ تۈكۈرۈكىنى يۇتقىنىچە .

توپنىڭ ئارىسىدىن بىرسى لوككىدە ئورنىدىن تۇردى . ئۇ سېرىق تۈك باسقان مەيدىسىنى كېرىگىنىچە قىزنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى . يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي خىيال سۈرۈپ كېلىۋاتقان قىز بالىلار ئولتۇرغان يەرگە نەچچە قەدەم قالغاندىلا چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان قىپيالىڭاچ بىر ئوغۇلنى كۆرۈپ ، قۇلاقلىرىغىچە شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ قەدىمىگە ماسلىشىپ پۇلاڭلاپ تۇرغان ھېلىقى بىرنېمىسىگە كۆزى چۈشكەندە بولسا ، ئۇيالغىنىدىن كۆزلىرىنى ئېتىۋالدى .

ــ ئانامەي ، ــ دېدى قىز چىرقىراپ تۇرۇپ ، ــ نەدىن كەل-

گەن مورايسەن؟ يوقال بۇ يەردىن.
ئولتۇرغانلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. چۈنكى، قىزھېلىـ
قى بالىنىڭ ئاڭلاشنى خالىمايدىغان ھەر قېتىم ئاڭلىسا، ئاچچىقلاپ
چىچاڭشىپ كېتىدىغان لەقىمىنى چىشلەپ تارتقانىدى. مەھەللىدىـ
كىلەر ئۇنى ساۋۇت موزاي دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ بۇ لەقىمىدىن بەكمۇ
نومۇس قىلاتتى.
باللارنىڭ كۈلۈشكىنىنى ئاڭلاپ، پوكاندەك قىزارغان ساـ
ۋۇت غۇلچىنى كەڭ ئاچقىنىچە قىزغا قاراپ ئېتىلدى. ئۇ نىمە
قىلارىنى بىلمەي تىتىرقاپ قالغان قىزنى بېلىدىن قۇچاقلاپ چامـ
غۇر يۇلغاندەك كۆتۈرۈۋالدى. قىز يىلان چاققاندەك چىرقىراپ
كەتتى. ساۋۇت موزاي ئۇنى يومداقلاپ ئاستىغا باستى، چۈژگۈن
ئوتتەك يۇمران قىز دېۋىدەك كۈچلۈك ساۋۇت موزاينىڭ ئاستىدا
تېپىرلايتتى. بۇنى كۆرۈپ، ھوشۇر سەلەينىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك
تۇرۇپ كەتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ بارغىنىچە قىزنىڭ ئۆزىنى مورلاش
ئۈچۈن سوزغان قوللىرىنى قايرىۋاتقان ساۋۇت موزاينىڭ قۇلاق
تۈۋىگە بىرنى سالدى. بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن ساۋۇت موزاي باراڭـ
دىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن كاۋىدەك قىزنىڭ ئۈستىدىن دومىلاپ كەتـ
تى.
— مېنى ئۇرغان قايسىڭ؟ — ئۇ ئېيىقتەك ھۆركىرەپ ئورـ
نىدىن چاچراپ تۇردى. ئىككى قولى بىلەن بېلىنى تىرىگىنىچە
قاراپ تۇرغان ھوشۇر سەلەينى كۆرۈپ، يېلى قاچقان كامىردەك
سالپىيىپ قالدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھوشۇر سەلەيگە تەڭ
كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ساۋۇت موزاي قۇلاق تۈۋىنى
سىلىغىنىچە ئۇنىڭغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويدى.
— نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ نېمىشقا بۇ قىزنىڭ يولىنى توسىـ
سەن؟ تېخى ئۇنى كونا چاپاندەك باسماقلايسەنغۇ؟
— مېنى موزاي دېسە ئاچچىقىم كېلىدىغىنىنى سەنمۇ بىلدـ
سەنغۇ؟ — دېدى ساۋۇت موزاي تېرىكىپ.
— چوپچوك ئادەم تۇرۇپ بىر قىزنىڭ ئالدىغا يالىڭاچ بارساڭ

موزاي دېمەي ، نېمە دەيتتى سېنى ؟
— سەنمۇ يالىڭاچقۇ ؟ هېچكىم سېنى موزاي دېمەيدىغۇ ؟
هوشۇر سەلەي شۇندىلا ئۆزىنىڭمۇ قىزىنىڭ ئالدىدا قىپيالىڭاچ تۇرغىنىنى هېس قىلىپ ، چاترىقىنى چاڭگاللىغىنىچە ئۆستەڭنىڭ نېرىسىغا بەدەر قاچتى…
ئاشۇ ئىشنى ئويلاپ ئۇنىڭ چىرايىدا باللارچە سەبىي كۈلكە پەيدا بولدى .
— ئاھ ، مۇشۇنداق ئىسسىقتا مۇزدەك ئۆستەڭ سۈيى ئەجەب تېتىيتتى ئادەمگە ، — ئۇ لەۋلىرىنى تامشىپ قويدى ، باللىق چاغ-لىرىنى ئەسلەپ ئىچ - ئىچىدىن خورسىندى . ئاشۇ چاغدىكى دوست-لىرىنىڭ ئالىلىقاچان قومچى پىشىپ قالغان ، ساۋۇت موزايمۇ بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالغانىدى .
ئۇ تېت - تېت قىلغان ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە دەرۋازىنى ئاچتى . ئوتتەك قىزىپ كەتكەن تۆمۈر دەرۋازا ئۇنىڭ قورايدەك بارماقلىرىنى پىژ قىلىپ كۆيدۈردى .
— مۇگدىمەي تىك ئولتۇرايلى ، هوشۇراخۇن ، — دېدى يا-سىنجان ماشىنا دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ ، — مۇشۇنداق ئىسسىقتا ئادەمنى ئاۋارە قىلماي ، ماشىنىنى يىراقتىن كۆرگەن هامان دەرۋازىنى ئېچىپ تۇرساق ، نېمە بولىدۇ ؟
هوشۇر سەلەي ئۈندىمىدى . ئۇنىڭ غەزەپتىن چەكچەيگەن كۆز-لىرىنى كۆرۈپ ، ياسىنجان بېشىنى ماشىنا ئىچىگە تىقتى ۋە شو-پۇرغا ئىتتىك مېڭىشنى ئىشارەت قىلدى . چۈنكى ، ئۇ بۇنداق چەكچەيگەن كۆزلەرنىڭ دەردىنى بىر قېتىم تارتىپ باققانىدى .
— هاۋا تەڭشىگۈچلۈك ماشىنىدا ئولتۇرۇپ ئىشىك تۈۋىدە جىندەك تۇرۇپ قالغىنىغا ئاۋارە بوپتىمۇ بۇ ناكەس ؟ — هوشۇر سەلەينىڭ ئەمدى ئوغىسى رەسمىي قايناشقا باشلىغانىدى ، — مۇ-شۇنداق ئىسسىقتا دەرۋازا ئالدىدا باغلاپ قويۇلغان ئىتتەك ئولتۇر-ماق ئاسانمۇ ؟هۇ ئىززىتىنى بىلمىگەن سولامچى .

كونىلاردا «بىر ئاچقانغا گەپ قىلما، بىر ھارغانغا» دەيدىغان ھېكمەت بار. شۇ تۇرقىدا ھوشۇر سەلەي غەزەپتىن بوغۇلۇپ تۇرغان يولۋاس ئىدى. ئۇنىڭغا بىرنېمە دېگەن ئادەم ھوشيار بولمىسا، كالتەكلىنىشى تۇرغان گەپ. شۇڭا، ياسىنجانمۇ ئۆزىنى ئېتتىكلا دالدىغا ئالغانىدى.

قۇياش تاغ كەينىگە قىيسايدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆيدۈرگۈچى ھارارىتى تېخى بېسىلمىغانىدى. قۇم چۆگۈنىنىڭ جوغىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ھوردەك ئىسسىق شامال ئادەمنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. تىنچىق ھاۋادا نەپەس ئالماقمۇ قىيىن ئىدى.

سالىقىن ئىشخانىلاردا خىزمەت قىلىدىغان كادىرلار بىر-ئىككىدىن قايتىشقا باشلىدى. بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر ياسىنجان ماشىنا بىلەن قايتمىدى. ئۇ سائىتىگە قارىغىنىچە دەرۋازا ئالدىدا بىرئاز تۇردى ۋە قاياقتىندۇر يېتىپ كەلگەن بىر ئاق رەڭلىك سانتاناغا ئولتۇرۇپ بىر يەرگە جۆنىدى. شوپۇرمۇ ماشىنىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئوبدان تاقىغاندىن كېيىن، ئاچقۇچنى ئوينىغىنىچە چىقىپ كەتتى. سۇلايمان قاسىممۇ بىنادىن چۈشتى. ئۇ دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ، ھوشۇر سەلەينىڭ ئاپتاپتىن قارىداپ، مۇنەكلىشىپ كەتكەن چىرايىغا قارىغىنىچە سورىدى:

— بۈگۈن يەنە دىجورنىلىق قىلامسىز؟

— ئەمدى ئۇكام، ئىشچى بولغاندىكىن، ھېچكىمنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىمايدىكەن. ھەممىسى گەپ-سۆز يوق قايتىشتى. دەرۋازا ئالدىدا قەدىرسىز ئىتتەك مەنلا قالدىم. دىجورنىلىق بۈگۈن يەنە ماڭا قالدى.

— سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن تۇرايمۇيا، ھوشۇركا؟ سىزنىڭ ئۆيگە قايتمىغىنىڭىزغىمۇ ئۈچ كۈن بولدىغۇ دەيمەن؟ مۇزدەك سۇدا يۇيۇنۇپ كىيىم ئالماشتۇرۇپ ئوبدان بىر ئارام ئېلىۋالامسىز بۈگۈن؟

— ھەي ئۇكام، ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت، ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم قىلغىنىم ياخشى. سېنىڭ نۆۋەتچىلىك قىلغىنىڭدىن

ھېچكىم خۇشال بولمايدۇ. ئەكسىچە سەن بىلەن مەن باشقىلارغا بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى بولۇپ كۆرۈنۈپ قېلىشىمىز مۇمكىن. شۇڭا، سەن ئۆيگە بېرىپ ئارام ئال، ھە راست، قەمبەرخانغا ئېيتىپ قوي، ماڭا تاماق سۇنۇپ يۈرمىسۇن، بۇ ئىسسىقتا گالدىن بىرنەرسە ئۆتىدىغاندەك ئەمەس. خوش، ئۇكام، ئامان بولساق، ئەتە كۆرۈشەرمىز.

سۇلايمان قاسىم سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كەينىگە بۇرۇلدى ۋە قورۇدىن چىقىپ كەتتى. دەرۋازا تۈۋىدە يالغۇز قالغان ھوشۇر سەلەينى بىردىنلا يىغا تۇتتى.

ئەتراپ تىپتىنچ، خىزمەتچىلەر كېتىپ بولغان، بىنا خۇددى چارچاپ ھالىدىن كەتكەن ئادەم قىڭغىيىپلا ئۇيقۇغا كەتكەندەك جىمىپ قالغانىدى. ھوشۇر سەلەي سايىۋەننى يىغىشتۇرۇپ، بىنانىڭ كارىدورىغا ئەكىرىپ قويغاندىن كېيىن، ئەتراپنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىقتى. ھەممە نورمال ئىدى. ئۇ ئېغىر پۇشۇلدىغىنىچە بىنانىڭ پەلەمپىيىگە كېلىپ ئولتۇردى. بۇ يەرمۇ ئىسسىقتىن ئادەمنىڭ بېشىنى ئېسەتتى.

گۆردەك جىمجىتلىق باسقان بىنا، تەنھا ئادەم، تونۇرنىڭ تەپتىدەك ئىسسىقلىق كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان مەيدان، سۈكۈتكە چۆمگەن پەلەمپەي ··· ئۇ ئاشۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئىشچى بولۇشنىڭ، تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملەرنىڭ كۈنىنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ كۆڭلىكىنى سېلىپ ئۆزىنى يەلپۈشكە باشلىدى. بىراق، ھاۋانىڭ تەپتى يانمىغاچقا، چىققان شامالمۇ ئوتنىڭ ھارارىتىدەك ئۇنىڭ يۈزىنى كۆيدۈرەتتى.

بىر چاغدا پاراس ـ پۇرۇس قىلغان ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتكەن ھوشۇر سەلەي مەيدانغا قارىدى. قارىدىيۇ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىپ كەتتى. ياسىنجاننىڭ ئامراق ماشىنىسىدىن قاپقارا ئىس چىقىۋاتاتتى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي بىر ئاز مەڭدەپ تۇرغاندىن كېيىن، بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ، ئۆز يېشىغا ماس كەلمىگەن چاققانلىق بىلەن ماشىنىنىڭ يېنىغا يۈگۈردى. قارا ئىس قىپقىزىل يالقۇنغا

ئۆزگەردى . پاراسلىغان ئاۋاز كۈچىيىپ ماشىنىغا ئوت كەتتى . ئۇ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ماشىنىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك پىرقىرايت-تى . كاپوتنى ئاچماق بولاتتى ، بىراق ئىچىدىن قۇلۇپلانغان بۇ نەرسە مىدىرلاپمۇ قويمايتتى . ماشىنىنىڭ تېگىگە قارايتتى ، لاۋۇل-داپ كۆيۈۋاتقان ئوتتا ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى . ھوشۇر سەلەي : «ئادەم بارمۇ ؟ » دەپ ۋارقىرىغىنىچە مەيدانغا سۇ چاچىد-غان شلانكىنى تېپىپ كەلدى ۋە كۆيۈپ بولاي دەپ قالغان ماشىنى-غا سۇ چېچىشقا باشلىدى . دەل شۇ چاغدا گۈم قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ماشىنىنىڭ ماي باكى پارتلىدى . ئەتراپقا كۈچلۈك ئوت يالـقۇنى چېچىلـدى . ئاشۇ يالـقۇنغا قوشۇلۇپ ھوشـۇر سەلـەيمۇ ئۇچۇپ كەتتى ...

ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسىنىڭ ئەنسىز چىرقىرىشى ئىدارە ئىچىنى تىترىتىۋەتتى . باكنىڭ پارتلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە كەلگەنلەر ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىگە تېلېفون بەرگەنىدى . ئۇلارنىڭ جىددىي ھەرىكەت قىلىشى بىلەن بىناغا قاراپ كېڭەيگەن ئوت ئۆچۈ-رۈۋېلىندى . بىراق ، ماشىنا پۈتۈنلەي كۆيۈپ كەتكەنىدى .

ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ياسىنجان دەلدەڭشىگىنىچە قاياقتىندۇر يېتىپ كەلدى . كۆپ ئىچىۋەتكەنلىكتىن ئۇنىڭ چىرايى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ كەتكەن ، بويۇن تومۇرلىرى چوكىدەك كۆپۈپ چىققانىدى . ئۇ بىر دۆۋە تۆمۈر تەسەككە ئايلىنىپ كەتكەن ماشىنى-سىغا قاراپ ، يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى .

ــ ھوشۇر سەلەي دېگەن لەقۋا قېنى ؟ ئۇنى تېپىڭلار ، ماشىنا كۆيۈپ كەتكۈچە ئۇ بىر كىمنىڭ ئاستىدا قاپتىكەنمۇ ؟ نېمىشقا ۋاقتىدا تېلېفون قىلماپتۇ ؟ مەن بۇ ھېسابنى ئالماي قويمايمەن . ھۆكۈمەتنىڭ مۈلكى ئوتتا كۆيىمەيدۇ ، سۇدا ئاقمايدۇ . بۇ ھېسابنى چوقۇم قىلىش كېرەك . ماشىنىنىڭ كۆيۈپ كەتكىنىمۇ ئوبدان بوپتۇ ، ئۇنى بىر يېڭىلايدىغان چاغمۇ بولغان ، سۇغۇرتىغا قاتناشتۇ-رۇلمىغان ماشىنا بۇ . باھاسىمۇ قىممەت ئەمەس ، يۈز مىڭ سوم بولسا مۇشۇنداق ماشىنىدىن يەنە بىرنى ئالغىلى بولىدۇ . ھوشۇر

سەلەينىڭ بۇ پۇلنى تۆلىمەي ئامالى يوق . ئۇنى چاقىرىڭلار ، نەدىن بولمىسۇن تېپىپ كېلىڭلار !

— ئىدارە باشلىقى ، — دېدى قاراپ تۇرغانلارنىڭ بىرى ، — دېجورنىلىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ سالقىندىغۇدەكمۇ ئۆيى بولمىسا ، ئۇ نەدىكى تېلېفوننى بېرىدۇ ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە هوشۇركام ئوت ئۆچۈرۈۋاتقاندا ، باك پارتلاپ پۈتۈنلەي كۆيۈپ كېتىپتۇ . ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىشتى . ئەھۋالىدىن قارىغاندا ، ساق قېلىشىدىن ئۈمىد يوقتەك . سىلى بۇ يەرنىڭ نۆۋەتچىلىك شارائىتىنى هازىرلاپ بەرمەي ، يەنە گۇناھنى ئۇنىڭغا قويامدىلا ؟ هېلىمۇ ئۇ ئادەمگە بەك ئۇۋال بولدى . هوشۇركامنىڭ ئورنىدا سىلى بۇ يەردە يېرىم سائەت تۇرۇپ باققان بولسىلا ، ئاندىن ئۇنىڭ هالىغا يەتكەن بولاتتىلا ، ئەمدى قايناۋەرمىسىلە ، ئۆلۈم هادىسىسى كېلىپ چىقسا ، بۇنىڭ جاۋابىنى بېرىشمۇ تەسكە توختايدۇ . ئەڭ ياخشىسى سىلى هازىرنىڭ ئۆزىدىلا دوختۇرخانىغا بىر بېرىپ كەلسىلە .

ياسىنجاننىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى . ئۇ ئىشلارنىڭ بۇنداق بولۇپ كېتىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى . ئۇ قورۇدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ، بىر تاكسىنى توستى ـ دە ، دوختۇرخانىغا قاراپ چاپتى . ئەپسۇسكى ، ئۇ دوختۇرخانا ئالدىغا كەلگەندە ، سۇلايمان قاسىم ۋە ئىدارىدىكى بىرنەچچەيلەن هوشۇر سەلەينىڭ جەسىتىنى يۆگەك ماشىنىسىنىڭ كوزۇپىغا ئېلىۋاتقانىدى . قىزى بىلەن قەمبەرخان هۇ تارتىپ يىغلىغىنىچە هازا ئېچىپ ، جەسەتكە ئۆزىنى ئاتاتتى . يەنە بىرنەچچە ئايال ئۇلارغا قولتۇقىدىن يۆلەپ تەسەللى بەرمەكتە ئىدى . بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى . قارىغاندا كەلگۈلۈك ئەمدى ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەندەك قىلاتتى ...

ئۇ تاكسىدىن چۈشۈپ ، كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىنى تۇكۇرۇكى بىلەن نەمدىۋالغاندىن كېيىن ، جەسەت ئېلىنغان ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلدى . ئۇ خۇددى هازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ئۈمچىيىپ ، سۇلايمان قاسىمنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى .

— سۇ ... سۇ كېچاك، ھوشۇركامنىڭ ئە ... ئەھۋالى قانداقراق؟ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا يېتىپ كەلدىم. ئۇنىڭ ئەھۋالى ...

— ھوشۇركام ئەمدى ئىدارىنىڭ مۇشەققەتلىرىدىن بىراقلا قۇتۇلدى.

سۇلايمان قاسىم شۇنداق دېگىنىچە ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ تۇرغان قولىنى ئاستا ئىتتىرىۋەتتى ۋە ماشىنىغا چىقتى. شوپۇر ئېھتىيات بىلەن ماشىنىنى قوزغىدى. جەسەت بېسىلغان ماشىنا خۇددى مىڭ پاتمان يۈكنى سۆرەۋاتقاندەك كۆچىنەتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ سۆرەۋاتقىنى ئاددىيلا بىر جەسەت ئەمەس ئىدى.

ھوشۇر سەلەيىنىڭ نامىزى كاتتا چۈشۈرۈلدى. ئۆمۈر بويى دەككە - دۈككە ئىچىدە تىنەپ يۈرگەن بۇ ئادەمنىڭ ھالىغا ئېچىنمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى. ئۇنىڭ نامىزىغا ھەرقايسى ئىدارىدىكى خىزمەتچىلەر، مەسچىتلەرنىڭ جامائەتلىرى، ئۇششاق تىجارەتچىلەر، يايمىكەشلەردىن بولۇپ بەش مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. قەمبەرخان ھوشىدىن كەتكەن، رىسالەتنىڭ يىغىدىن ھالى قالمىغانىدى. سۇلايمان قاسىم يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ھوشۇر سەلەيىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. تۇپراق بېشىدا قۇرئان ئوقۇشقا ئادەم تېپىش، مەرھۇمنىڭ نەزىر ئىشلىرىغا تەييارلىق قىلىش، نەزىر باغاقلىرىنى تارقىتىش دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنىدى. ھىممەت ياسىن بېشىنى سالغىنىچە بىر بۇرجەكتە شۈمشىيىپ تۇراتتى. بېشىدىن بۇنداق كەچمىش ئۆتۈپ باقمىغان ئادەمنىڭ بىر ئىشلارغا كارغا كەلمىكىمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ ھىممەت ياسىندىن بەك ئۈمىد كۈتۈپمۇ كەتمىدى.

سۇلايمان قاسىمنىڭ قولى ئىشتىن بوشىسىلا، ھوشۇر سەلەيىنىڭ ئاشۇ كۈندىكى بىچارە تۇرقى كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. ئىسسىقتىن تالچىققان، چىرايى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىدىغان، تىنىقى پۇشتەك چېلىۋاتقان، ئۇستىۋېشىدىن شۇرۇلداپ تەر قۇيۇلۇۋاتقان، لەۋلىرى بىر قات گەز باغلىغان ... ئاشۇ مىسكىن چىراي ئەمدى

يوق ئىدى . ئۇنىڭ «ئەمدى ئۇكام ، ئىشچى بولغاندىكىن ، ھېچكىمـ نىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىمايدىكەن ...» دەپ نالەشلىرىمۇ بېسىققانـ دى ، پەقەت يېڭىدىن قوپۇرۇلغان قەبرە ئۇنىڭ مۇشۇ يەردە مەڭگۈـ لۈك ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىۋاتقاندەك چوقچىيىپ تۇراتتى .

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئىدارىگە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كەلـ دى . ئۇلار ئاۋۋال ماشىنىنىڭ كۆيۈپ كېتىش سەۋەبىنى تەكشۈرـ دى . ئەسلىدە ئاپتاپتا توختىتىپ قويۇلغان ماشىنىنىڭ ھاراريتى ئېشىپ كېتىپ ، توك يوللىرى تۇتۇشۇپ قالغان ، ئاندىن سىمدىن ئۇچقۇن چاچراپ ، ماشىنىغا ئوت كەتكەنىدى . سەۋەب ئېنىقلانغانـ دىن كېيىن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ياسىنجاننىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈردى . نەچچە كۈنلۈك تەكشۈرۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقى ئېنىقلاپ چىقىلدى ۋە خىزمىتىدىن توختىتىپ قويۇلدى . تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر ياسىنجاننىڭ مەسىلىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشـ تى .

ئوت ئاپىتىدىن كېيىن ئىدارىدىكى خىزمەتچىلەر كۆڭلى بۇـ زۇۋېتىلگەن ھەرىلەردەك پاتىپاراق بولۇپ كەتكەنىدى . ياسىنجانـ نىڭ يان تاياقلىرىمۇ بىر دوملاپلا ئۇنىڭغا كەينىنى قىلىشتى . ياسىنجاننىڭ ئۆزۈندىن بېرى ھوشۇر سەلەينى لايغا يىقىتىش ئويىـ نىڭ بارلىقىنى ، مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئۆزلىرى بىلەن نەچچە قېتىم مەسلىھەتمۇ قىلىشقانلىقىنى ئېغىزى ئېغىزىغا تەگمەي پاش قىلاتـ تى . چۈنكى ، ئىدارىدە ياسىنجاننىڭ موللاق ئاتىدىغانلىقى ئېنىق ، ئەمدى سۇلايمان قاسىم تەختكە ئولتۇرغۇدەك دېگەن مىش ـ مىش گەپلەر تارقالغانىدى . سۇلايمان قاسىم بىلەن ھوشۇر سەلەينىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىلىدىغان بۇ كىشىلەر كونا ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ، سۇلايمان قاسىمنىڭ بۇرۇنىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئالدىراپ كەتكەنىدى . بىراق ، سۇلايمان قاسىم بۇنداق مىش ـ مىش گەپلەرـ گە ئۇنچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى . چۈنكى ، شۇنداق بىر ئىشنىڭ

بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەشكىل تەرەپتىن ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن
سۆزلەشمىگەندى . شۇڭا ، ئۇ بۇ گەپنىڭ نەدىن چىققانلىقىنى ئۆزى-
مۇ بىلمەيتتى .

ھوشۇر سەلەينىڭ يىگىرمە نەزىرسىمۇ بېرىلىپ بولدى . تو-
يۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ پاجىئە رىسالەت بىلەن قەمبەرخانغا بەكمۇ
ئېغىر كەلگەندى . قەمبەرخان شۇ كۈندىن بويان ئورۇن تۇتۇپ
يېتىپ قالدى . رىسالەتمۇ ئانىسىغا قارىغاچ ئۆيدە ئولتۇراتتى .
ئۇنىڭ ئەمدىلا چېچەكلەشكە باشلىغان ئارزۇ - ئارمانلىرى بۇ زەربە
تۈپەيلى يەنە توزۇپ ، بۇرۇنقىدەك قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا
كۆمۈلۈپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى .

— كېسەل بولسا ، بېقىۋالار ئىدىم ، — دەپ ئۆكسۈيتتى قەم-
بەرخان ھال سوراپ كەلگۈچىلەرگە دەرد ئېيتىپ ، — شۇنچە يىل
ئۆي تۇتۇپ بىر ئىشلاردىن رەنجىپ باققىنىنى ياكى مېنىڭ كۆڭ-
لۈمنى بىر قېتىم بولسىمۇ ئاغرىتىپ باققىنىنى بىلمەيمەن . خۇدا-
نىڭ مۆمىن بەندىسى ئىدى . ئۇنى ئىدارە يەپ كەتتى ، ياسىنجان
دېگەن دەيۈز يەپ كەتتى ، بىزگە قىلغانلىرىنى بالىلىرىدىن كۆرەر ،
بىزگە سالغان دەردلىرىنى بالا ، ۋاقىتسىز تارتىشار خۇدايىم ، كۆزى-
مىزگە كۆرسىتەر ئۇنى ...

رىسالەت گەپ قىلمايتتى . بالكونغا چىقىۋېلىپ سىرتقا —
قورۇدا بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئويناۋاتقان غەمسىز بالىلارغا ،
چۇرۇقلىشىپ دانلاۋاتقان قۇشقاچلارغا ، قورۇدىكى چىملىقلاردا
قۇيرۇقىنى سۆرەپ يۈرگەن سۇندۇكلارغا قارىغىنىچە سائەت -
سائەتلەپ تۇرۇپ كېتەتتى . ئۇنىڭ چىرايى بەكمۇ تاتىراڭغۇ كۆرۈ-
نەتتى . پەرىجە ئىچىدىكى زىلۋا قامىتى ئادەمگە بەئەينى كۆل بويىدا
ئۆسكەن يۇمران قومۇشنى ئەسلىتەتتى . ئۇنىڭ بۇ تۇيۇقسىز ۋەقەنى
كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمىگەنلىكى ، بۇنداق ئېچىنىشلىق كۈلپەتنىڭ
ئۆزىگە قوچاق ئاچقىنىدىن ئېسەنگىرەپ قالغانلىقى ياشاڭغىراپ تۇر-
غان كۆزلىرىدىن ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى .

سۇلايمان قاسىم كۈندە دېگۈدەك ئۇلارنىڭ يېنىدىن چىقماي

تەسەللى بېرەتتى. زۇلخۇمارمۇ بۇ ئائىلىنىڭ خىزمەتچىسىدەك تاماق ئېتىش، كىر - قاتلارنى يۇيۇش، پەتلەپ كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش دېگەندەك ئىشلارنى ئۈستىگە ئالغانىدى. راستىنى دېگەندە، بۇ ئىككى ئائىلە ئۈچۈن هوشۇر سەلەينىڭ تۇيۇقسىز كۆز يۇمۇشى چوڭ يوقىتىش بولغانىدى.

هوشۇر سەلەينىڭ يىگىرمە نەزىرىسىدىن كېيىن سۇلايمان قاسىم ئۇلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ، بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلدى:

— قەمبەرخاچا، رىسالەت، ئەمدى سەۋر قىلىڭلار، خۇدا بىزنى بۇ دۇنياغا تىرىكچىلىك ئۈچۈن ياراتتى. ئادەمنىڭ رىزقى تۈگىسە يەنە خۇدانىڭ ئالدىغا كېتىدىغان گەپ، ئۆلۈم دېگەن يەنە بىر هاياتلىقنىڭ باشلىنىشى. بىز بۇنىڭ ئۈچۈن بەك قايغۇرۇپ كەتسەكمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، ئەمدى سەۋر قىلىشىمىز كېرەك. هەممىمىز دۇئا قىلىپ، ئاللادىن ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىنى تىلەيلى. خۇدادىن ئاخىرەتلىكىنى تىلەيلى. ئۆلگەننىڭ ئارقىسىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ. تىرىكلەر يەنە ياشىمىساق، كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرمەسەك بولمايدۇ. شۇڭا، رىسالەت، سىزمۇ ئەمدى ئۆيدە قايغۇرۇپ ئولتۇرىۋەرمەي، ئىشقا بېرىڭ. بىمارلىرىڭىزنىڭمۇ يولىڭىزغا قاراپ كۆزى تۆت بولغاندۇ. خىزمەت بىلەن بولسىڭىز، قايغۇنى بىرئاز بولسىمۇ ئۇنتۇپ كېتىشىڭىز مۇمكىن. دوختۇرخانا باشلىقىمۇ سەۋرچان ئادەم ئىكەن، بولمىسا بۇ چاغقا سىزنى ئىشقا چۈشۈشكە ئالدىرىتىپ كەتكەن بولاتتى. بەلگىلىمىدە ناماز ئىشلىرى ئۈچۈن ئاران يەتتە كۈن رۇخسەت قىلىنىدۇ. بۇنى بىلىپ تۇرۇپ، خەقنى تەڭلىككە سالساقمۇ بولماس. قەمبەرخاچامدىن سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇنىڭ هالىدىن زۇلخۇمار ئاچىڭىز خەۋەر ئالىدۇ.

ئۇ نېمىنىدۇر ئويلاپ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يەنە قوشۇپ قويدى:

— هوشۇركامنىڭ يېقىندىن بېرى ئىچ - ئىچىگە سىغدۇرال-

ـماي كېلىۋاتقان بىر خۇشاللىقى بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ سىزنىڭ تەنقىقاتىڭىز . ئەمدى بۇ خۇشاللىقنى بىراقلا ھوشۇر كام بىلەن بىللە دەپنە قىلىۋەتسىڭىز بولمايدۇ . شۇڭا ، بۇ جەھەتتىكى ئىشىڭىزنىمۇ تاشلاپ قويماڭ . بىز سىز ئۈچۈن خۇشال بولغان بۇ ئىش يېرىم يولدا تاشلىنىپ قالمىسۇن . ئېسىڭىزدە بولسۇن ، رىسالەت ، ئۆلۈپ كەتكىنى بىر سىزنىڭلا دادىڭىز ئەمەس . بىز ھەممىمىز ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىمىز . شۇڭا ، بىزدە ئۆلۈمگە نىسبەتەن تەييارلىق بولۇشى ، سەۋرچانلىق بولۇشى كېرەك . گېپىمگە كىرەمسىز ؟

رىسالەتنىڭ كۆز ياشلىرى قارا يامغۇردەك تۆكۈلەتتى . ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى . ئەمدى ئۇنىڭمۇ شۇنداق قىلماي ئامالى يوقلۇقى ئۆزىگىمۇ ئايان ئىدى .

74

قىرىق نەزىردىن كېيىن قەمبەرخانلارنىڭ تۇرمۇشى بىرئاز ئەسلىگە كەلدى . قەمبەرخانمۇ تالا ـ تۈزگە ئاز ـ تولا چىقىدىغان ، ئادەملەرنىڭ چاچلىرىنى سىلكىتىپ ئوينايدىغان شاماللاردىن ھۇزۇرلىنىدىغان ، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكلىرىدىن زوقلىنىدىغان ، قورۇدىكى باللارنىڭ ئويۇنلىرىغا قىزىقىسىنىپ قارايدىغان بولغانىدى . بەختىگە دادىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن شاراپەت بەكمۇ تۈزۈلۈپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ ئىلگىرىكىدەك ئەينەك ئالدىدا سائەتلەپ ئولتۇرىدىغان قىلىقلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ، ۋاقىت تاپسىلا ماتېرىياللىرىنى يىيىۋېلىپ باش كۆتۈرمەي ئۆگىنىش قىلاتتى . ئۇ ئەمدى تايىنىدىغان دادىسىنىڭ يوقلۇقىنى ، ھەرقانداق ئىشتا ئۆزىگە تايانماي بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى . قىزىنىڭ بۇنداق تىرىشچان بولۇپ كېتىشى دىلى سۇنۇق ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى خېلى تەسكىن تاپتۇرغانىدى .

رىسالەت ئىشقا باراتتى . ئوپېراتسىيەلەرگە كىرەتتى ۋە يېتەكچىلىك قىلاتتى . بىمارلارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ ، دا-



www.uyghurkitap.com

ۋالاش پىلانىنى ئەتراپلىق تۈزەتتى . گەرچە ئۇنىڭ ئۇستىدە قارىلىق كىيىم تۇرسىمۇ ، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمىگە-نىدى . ئۇنىڭ ئەستايىدىللىقىدىن دوختۇرخانىدىكى ھەممەيلەن سۆ-يۇنۇپ كېتىشكەنىدى .

بۇگۈن ئامىنەنىڭ باشلامچىلىقىدا دوختۇرخانىدىكى سېستىرالار پۇل يىغىش قىلىپ ، رىسالەتنىڭ قارىسىنى ئۇشتۇپ قويماقچى بولۇشقانىدى . شۇڭا ، ئۇلار دورا تارقىتىش ، تېڭىق ئالماشتۇرۇش دېگەندەك ئىشلىرىنى بىردەمدىلا پۈتتۈرۈۋەتتى ۋە بىر قىسىملىرى دوختۇرخانا باشلىقىدىن رۇخسەت ئېلىپ ، رېستوران ئۇقۇشۇش ئۈچۈن ئالدىن يۈرۈپ كەتتى . ئامىنە يەنە ئىككى سېسترا بىلەن رىسالەتنى ئېلىپ بارىدىغان بولۇپ دوختۇرخانىدا قالغانىدى .

— نېمە قىلغىنىڭلار بۇ ؟ — دېدى رىسالەت ئامىنەدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، — ئاۋارە بولۇپ نېمىمۇ قىلارسىلەر ؟ بىر قېتىم-لىق يەپ - ئىچىش بىلەن مېنىڭ ئازابىم يەڭگىللىشەمدۇ ؟

— بۇنى بىزمۇ بىلىمىز ، — ئامىنە ئۇنىڭ قولىنى سىقتى ، — سىزنىڭ دەردىڭىز بىزگىمۇ ئايان ، بىر قې-تىملىق ئولتۇرۇش بىلەن ئۇنى يوق قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ . شۇن-داقتىمۇ ئاز - تولا پاراڭ سوقۇپ ئولتۇرساق ، سىزنىڭ كۆڭلى-ڭىزنى بىرئاز بولسىمۇ ئېچىلىپ قالارمىكىن دېيدۇق . شۇنداق قىلايلى ، رىسالەت ، بولسا ھەمشىرىلىرىڭىزنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويماي ، بېرىپ ئولتۇرۇپ بېرىڭ . بىزنىڭ مۇشۇنچىلىك جەم بولمىقىمىزمۇ ئاسان ئەمەس .

رىسالەت سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ، بېشىنى لىڭشىتتى . ئامىنە ئۇنى مېھرى بىلەن چىڭ قۇچاقلىدى .

— رەھمەت سىلەرگە ، — دېدى ئۇمۇ ئامىنەنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ .

سېستىرالار قارا ئۇشتۇش زىياپىتى «كۆكلەم» رېستورانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى . كەچ سائەت ئالتە بولماستا ئۇلار يۇمىلاق شىرەنى چۆرىدەپ ئورۇن ئېلىشتى . تاماق تارتىلىپ ، ھەممەيلەن

قولىغا چوكا ئالدى .

ــ كۆپچىلىك ، ــ دېدى ئامىنە ئۇلارغا تەكشى بىر قاراپ ئۆتكەندىن كېيىن ، ــ بۈگۈن بىز بۇ يەرگە دوختۇرخانىمىزنىڭ كۆلى ، ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن يارامىلىق دوختۇر رىسالەتكە ئۆز كۆڭلىمىزنى بىلدۈرۈپ ، تەسەللى بېرىش ئۈچۈن يىغىلدۇق . ئاۋۋال ھەممەيلەننىڭ بۇ ئىشقا ئاۋاز قوشقانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن . رىسالەت دوختۇرخانىمىزغا كەلگەندىن بېرى بىزنى كەسپتە يېتەكلەپ بىر سېستىرا قىلىشقا تىگىشلىك خىزمەتلەرنى زېرىكمەي ئۆگەتتى . باشقا دوختۇرلاردەك بىزنى كەمسىتمىدى . ھالا بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ دادىسى قازا قىلىپ ، بېشىغا ئېغىر مۇسىبەت كەلدى . بۇ ئەلۋەتتە بىزنىڭمۇ قايغۇمىز . شۇڭا ، رىسالەتنىڭ قازاغا رىزا بولۇپ ، سەۋر قىلىپ ، بۇ قايغۇنى تېزرەك ئۇنتۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز . رىسالەت دوختۇر ، ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى سىز بىلەن بىللە .

رىسالەت ھەرقانچە قىلىپمۇ يىغىسىنى تۇتۇۋالالمىدى . ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ھەممەيلەنگە تەزىم قىلدى ۋە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى .

ئۇلار تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلاشقاچ تاماق يېدى . رىسالەتنىڭ درد ـ ئەلىمى بىرئاز يېنىكلىگەن ، كۆڭلى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى . ئۇ بۈگۈن تۈنجى قېتىم ئىشتىھاسى ئېچىلغاندەك بولۇپ ، تاماقتىن خېلى كۆپ يېدى . باشقىلار بىلەنمۇ ئېچىلىپ پاراڭلاشتى . كەيپىياتىمۇ خېلىلا كۆتۈرەڭگۈ ئىدى . بۇنى كۆرۈپ ، ئامىنەمۇ قىلغان ئەجرىنىڭ بىكار كەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى .

ئۇلار رېستوراندىن ئۇزاپ چىققاندا ، خېلىلا كەچ كىرىپ كەتكەنىدى . رىسالەت سېستىرالار بىلەن خوشلىشىپ تاكسىغا ئولتۇرۇپ ئۆيگە كەلدى . ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالغان قەمبەرخان ئىشىككە قارىغىنىچە تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى .

ــ قىزىم ، ــ دېدى ئۇ رىسالەتنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇۋېتىپ ، ــ داداڭمۇ سىرتقا بىر چىقىپ كەتكەنچە ئۆلۈكى ئۆيگە

كىرگەندى . سىلەر كەچ قالساڭلار مەن بەك ئەنسىرەپ كېتىدىكەن-
مەن . شۇڭا ، ئۆيگە ۋاقتىدا قايتقىن ، بولامدۇ ؟
— بولىدۇ ، ئانا ، — رىسالەت قەمبەرخاننى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن كۆلۈمسىرىگىنىچە دېدى ، — ئەسلىدە بۈگۈنمۇ ۋاقتىدا كې-
لەتتىم ، دوختۇرخانىدىكى سېستىرالار قاراڭغى ئۈشتۈپ قويىمىز ، دەپ رېستورانغا باشلىغانىدى . ياق دېيەلمەي ، بىرئاز ئۇلتۇرۇپ قالدىم . بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم ۋاقتىدا قايتىمەن ، ئانا .
قەمبەرخان رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى .
— سەن بالىلارنىڭ چوڭى ، — دېدى ئۇ قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ، — ئەمدى ئۆينىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرى سې-
نىڭ زىممەڭگە چۈشىدۇ ، قىزىم . ئادالەتتىن ھېچبىر ئۈچۈر يوق ، قالغان ئۇكىلىرىڭ تېخى كىچىك ، ئۇلارنىڭ قولىدىن چوڭ ئىشلار كەلمەيدۇ . شۇڭا ، سەن ئۇلارنى يېتەكلەپ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالمىساڭ بولمايدۇ . بىر ھېسابتا سەنمۇ ئۇلارنىڭ ئانىسىغا ئوخ-
شاش .
— ئۇقتۇم ، ئانا ، خاتىرجەم بولۇڭ ، مەن ئۇلارغا ياخشى قارايمەن .
تۇيۇقسىز ئىشىك قېقىلدى . شاراپەت يۈگۈرۈپ بېرىپ ئى-
شىكنى ئاچتى . بوسۇغا تۈۋىدە تۇرغان سۇلايمان قاسىمنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇنى ئۆيگە باشلىدى .
— قانداق شاراپەت ، بۈگۈن نېمە دەرس ئوقۇدۇڭلار ؟ — دېدى سۇلايمان قاسىم ئۆيگە كىرىۋېتىپ ، — ئوقۇشۇڭلار ياخشى كېتىپ بارامدۇ ؟
— ھەرھالدا ياخشى ، — دېدى ئۇ .
سۇلايمان قاسىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، رىسالەت نېمىشقىدۇر ئانىسىنىڭ چىرايىغا لاپپىدە قاراپ قويدى . قەمبەرخان بۇنىڭغا دىققەت قىلماستىن ، ياتاق ئۆيدىن مېھمانخانىغا چىقتى ۋە سۇلايمان قاسىمنى ساپاغا باشلىدى .
— قېنى ئۇكام ، بۇياققا ئۆتسىلە ، رىسالەت ، چاي ئېلىپ

چىققىن ، قىزىم ، ــ ئۇ تېخىچە ياتاق ئۆيدە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرغان رىسالەتنى چاقىردى ، ــ قېنى سەن ؟ تېز چىققىن ، قىزىم .
سۇلايمان قاسىم ساپاغا چۆككەندىن كېيىن ، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ قىسقىلا دۇئا قىلدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ قەمبەرخاندىن ئامانلىق سورىدى .
ــ ياسىنجاننى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىپتۇ ، ــ دېدى ئۇ بىردەم جىمجىت ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ــ ئۇنى باشقا ئىدارىگە يۆتكەپ ئىشلەتكۈدەك . ئۇنىڭ ئورنىغا ياشقىنا بىر بالا كەلدى . بىراق ، بېشىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي ، خېلى زېرەك بالا ئىكەن . ئۇ ھوشۇركامنىڭ ئىش ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىدارىنىڭ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى ۋە سىلىنىڭ نەپىقە ئىشلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك ھەل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئەتە - ئۆگۈننىڭ ئىچىدە سىلىنى يوقلاپ كەلمەكچى ھەم مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ھوشۇركامغا ئىدارە نامىدىن تەزىيە يىغىنى ئۇيۇشتۇرماقچى . ھەي ، ھوشۇركام مۇشۇنداق ئادەمنىڭ قولىدا ئىشلىيەلىگەن بولسا ، قانداق ياخشى بولاتتى - ھە !
قەمبەرخان يەنە كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى .
ــ مەرھۇمنى ھېلىقى دەيۈز يەپ كەتتى ، خۇدايىم كۆزىمىزگە كۆرسىتەر ، بىزگە قىلغىنىنى بالىلىرى تارتىشار ، ئۆتنە ئالەم بۇ . كېسەل بولغان بولسا بېقىۋالاردىم ، ھالىدىن ئۇبدان خەۋەر ئالاردىم ...
ــ سەۋر قىلسىلا ، ــ دېدى سۇلايمان قاسىم قەمبەرخاننىڭ يېنىغىراق سۈرۈلۈپ ، ــ ئىدارىدە ھوشۇركامنىڭ يىغىسىنى يىغلىمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى . ئۇنىڭغا ھەممەيلەننىڭ ئىچى بەك ئاغرىدى ، ئەمدى ياخشى بولدى ، ئىدارە بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرىدۇ . ھەرقانداق تەلىپىڭىز بولسا ، يېڭى باشلىققا ئېيتىۋېرىڭ .
ــ سىزنى ئۆسىدىكەن دەۋاتاتتىغۇ ؟ ــ سورىدى شاراپەت ھەيران بولغان ھالدا ، ــ بىكاردىن خەقنى ئەكەپ يۈرگۈچە سىزنىلا

قويسا بولامدۇ ، سۇلايمان ئاكا ؟

سۇلايمان قاسىم كۈلۈپ قويدى . بۇ باللارغا ھەرقانچە چۈشەندۈرگەن بىلەنمۇ پايدىسى يوقلۇقىنى بىلىپ ، باشقا گەپ - سۆز قىلمىدى .

رىسالەت بىر چەينەك چاينى كۆتۈرگىنىچە ياتاق ئۆيدىن چىقىپ كەلدى . ئۇ سۇلايمان قاسىمغا سالام قىلغاندىن كېيىن ، پەتنۇستىكى پىيالىلەرگە چاي قۇيۇشقا باشلىدى .

— ھېلىقى يېڭى كەلگەن باشلىقنىڭ ئىسمى نېمە ئىكەن ؟ — سورىدى قەمبەرخان ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە .

— جامال دەيدىغۇ ، — سۇلايمان قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ ، رىسالەت سۇنغان چاينى ئالغاندىن كېيىن ، جاۋاب بەردى ، — قومۇشكۆللۈك ئىكەن ، قاۋۇل پاسارنىڭ ئوغلى دېيىشىدۇ . چىرايىمۇ ئوچۇق ، گەپ - سۆزلىرىمۇ ئورۇنلۇق ، ھەر ئىشنى ئالدى - كەينىنى ئويلاپ قىلىدىغان بالا ئىكەن . يېشىمۇ ئوتتۇزلاردىن ئاشمىغاندەك قىلىدۇ . مېنى باشلىق بولىدۇ دەپ ، ئىچ سىرىنى تۆكۈۋەتكەن بايقۇشلار ئەمدى پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالدىغۇ دەيمەن ؟

رىسالەت ئاستا بېرىپ ساپانىڭ بىر بۇرجىكىدە ئولتۇردى . ئۇنىڭ سولغۇن يۈزىگە بىرئاز قان يۈگۈرگەن ، كەيپىياتىمۇ ئالدىنقى كۈنلەردىكىگە قارىغاندا ، خېلىلا ياخشى ئىدى . ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ، سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆڭلىمۇ ئارام تاپتى .

— قانداق رىسالەت ، بۈگۈن ئوپېراتسىيىگە كىردىڭىزمۇ ؟ — سورىدى ئۇ گەپنىڭ تېمىسىنى باشقا تەرەپكە يۆتكىمەك بولۇپ .

— كىردىم ، بىر ئەمەس ، ئىككى ئوپېراتسىيىگە دەڭا ، — رىسالەت گەرچە پەس ئاۋازدا دېگەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ سۆز ئۇرانىدىن كۈنلىرىنىڭ ئەسلىدىكى تەرتىپكە چۈشۈۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى ، — ئوپېراتسىيە بەكمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى .

— سىزدەك ئۇستا قاسساپنىڭ قولىغا چۈشكەن ئادەمنىڭ ئوپېراتسىيىسى ئەلۋەتتە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ، — سۇلايمان قاسىم رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى، — بۇ دوختۇرخانىدىنىڭ ئىلگىرىكى نامى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. سوقۇر ئۈچەينى ئوپېراتسىيە قىلالمايمۇ ئادەم ئۆلگەن يەر بۇ، شۇڭا پۇقرالار ئاغىرىپ قالسا، ئاساسەن ۋىلايەتتىكى ياكى بولمىسا قوشنا ناھىيىلەردىكى دوختۇرخانىلارغا كۆرۈنەتتى. مانا، سىز كەلگەندىن بۇيان بۇ دوختۇرخانىنىڭ يېقىن - يىراققا داڭقى چىقىپ كەتتى. سىزنىڭ بولغىنىڭىز مۇشۇ دوختۇرخانىنىڭ ئامىتى.

— بەك ماختىۋەتتىڭىز، — دېدى رىسالەت تىرنىقىنى تاتىلاپ قويۇپ، — مەندەك بىر ئادەم بىلەنلا دوختۇرخانىنىڭ نامى چىقىدىغان ئىش نەدە بار؟

— بىر يۇرتتا نەچچە مىڭلىغان ئادەم بولغان بىلەن، مەشھۇر زاتتىن بىرى چىقسا، شۇ يۇرتنىڭمۇ نامى چىقىدۇ، رىسالەت. بۇمۇ خۇددى شۇنداق ئىش. كىشىلەر كېسەل كۆرسەتمەكچى بولسا، ئاۋۋال سىزنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشىدۇ ۋە چوقۇم سىزنىڭ داۋالاپ قويۇشىڭىزنى ئارزۇ قىلىپ، دوختۇرخانىڭلارغا كېلىدۇ. دوختۇرخانىنىڭ نامى چىقتى دېگەنلىك ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ نامىڭىز چىقتى دېگەنلىك. ئىككىڭلارنىڭ ئوبرازى يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن.

— بىراق، مېنىڭ قولۇمدىمۇ ئادەم ئۆلدىغۇ؟ شۇ سەۋەبتىن تاياقمۇ يېدىم.

— ئۇ دېگەن كىچىككىنە بىر ھادىسە، خالاس، — سۇلايمان قاسىم يانچۇقىدىن تاماكا چىقاردىيۇ، مۇسبەتلىك ئادەمنىڭ يېنىدا تاماكا چەكسە، ئەدەپسىزلىك بولىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنى يەنە يانچۇقىغا سېلىۋەتتى، — بىمار ئىگىلىرى ئۇنى ۋاقتىدا ئەكەلمەي، كېسەل پىشىپ قالغاندا ئەكەلسە، ئەلۋەتتە ئەۋلىيا بولسىمۇ ئامال قىلالمايدۇ - دە. ئۇ سىزنىڭ سەۋەنلىكىڭىز ئەمەس.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتى. رىسالەت بارغانسېرى ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلىمەكتە ئىدى. قىزنىڭ بۇ

ھالىتىگە قاراپ، قەمبەرخاننىڭ چىرايىدىمۇ ئاز - تولا كۈلكە ئىزلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ بىر چەتتە ئولتۇرۇپ سۇلايمان قاسىم بىلەن رىسالەتنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالاتتى. قىزىنىڭ ماختالغىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەسەللى ئىدى.

ۋاقىت خېلىلا بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. سۇلايمان قاسىم رىسالەتلەر بىلەن خوشلىشىپ، كارىدورغا چىقىشىغا پەستىن دەلدۈگۈنۈپ چىقىۋاتقان ھىممەت ياسىن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇ بىر يەرلەردە خېلىلا ئىچىۋالغاندەك قىلاتتى. سۇلايمان قاسىمنى ئۇزىتىشقا چىققان رىسالەت ئۇنى مەست ھالەتتە كۆرۈپ ئىشىكنى جاڭ قىلىپ ياپقىنىچە كىرىپ كەتتى. سۇلايمان قاسىمنىڭمۇ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى. ئۇ ھىممەت ياسىنغا سوڭدىشىپلا ئۆيىگە كىردى.

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ، ھىممىتجان؟ — دېدى ئۇ زەردە بىلەن، — ئايالىڭىز، قېينانىڭىزنىڭ يۈرىكى سۇ بولۇپ، مۇسىبەتتە ئولتۇرسا، سىز قېيناتىڭىزغا قارا تۇتماقتا يوق، ھاراق ئىچىپ دەلدەڭشىپ يۈرسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ ئەلكۈن نېمە دەيدۇ؟ ھوشۇركامنىڭ كۆزى يۇمۇلۇپ، جەسىتى تېخى سوۋۇمىغان تۇرسا، بىر نەچچە كۈنگە تەخىر قىلالمامسىز؟ ھاراق دېگەن سىزگە شۇنچە مۇھىمما؟ قويۇڭا سىزنى، مۇشۇ قىلىقىڭىز بىلەن سىزنىمۇ ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟

ھىممەت ياسىن ئۆزىنى ساپاغا تاشلىدى ۋە قىزارغان كۆزلىرىنى ئۆزىنى ئەيىبلەۋاتقان سۇلايمان قاسىمغا تىكتى.

— مەن بۇ ھاراقنى قېيناتامنىڭ قايغۇسىنى بېسىش ئۈچۈن ئىچتىم، — دېدى ئۇ كۆزىنى مىت قىلىپمۇ قويماستىن، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئىشىغا ھە - ھۇ دېيىشىپ بېرىشكە سىلەر بولغاندىكىن، مېنىڭ ئاھ ئۇرۇپ، پىغان چېكىپ يۈرۈشۈمنىڭ نېمە ھاجىتى؟ شۇنداق قىلسامۇ، ئۇنى كۆرىدىغان كىم بار؟ شۇڭا، قايغۇمنى بېسىش ئۈچۈن ئازراق ئىچتىم. بۇمۇ قېيناتامنىڭ ھۆرمىتى…

سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن چەكچەيدى، تىلىغا دەماللىققا گەپمۇ كەلمىدى. ئۇ ھىممىت ياسىن سوزۇلۇپ ياتقان ساپانىڭ بىر بۇرجىكىگە كېلىپ ئولتۇردى.

— ھەي، — دېدى ئۇ قاتتىقراق ئاۋازدا، — ئىدارىدە يات ئادەملەرمۇ قارا تۇتۇپ، ھەتتا تاماكىنىمۇ ئاشكارا چېكەلمەي يۈرسە، سىز دېگەن ئۇنىڭ كۈيئوغلى تۇرۇپ مۇشۇنداق قىلامسىز؟ بىزدە نەدە مۇسىبەت قايغۇسىنى ھاراقتا ئىپادىلەيدىغان ئادەت بار؟ سىزنىڭچە، ھەممە ئادەم ھاراق ئىچىپ، مەرھۇمغا بولغان قايغۇسىنى ئىپادىلىسە بولىدىكەن-دە؟ ئۇكام ھىممىتجان، مەن دېگەن سىزگە ئاكا يوللۇق ئادەم، سىزدىن نەچچە ئىشتاننى ئارتۇق يىرتقان يېرىم بار، شۇڭا ئاكىلىق يۈزىسىدىن سىزگە ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلىپ قوياي. سىزنىڭ يېشىڭىزمۇ ئانچە كىچىك ئەمەس. ئادەم ئوتتۇز ياشتىن ئاشقاندىمۇ ئادەم بولالمىسا، ئۇنى ھايۋانچىلىكمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. سىز نېمىشقا ئۆزىڭىزنى ھاراققا بۇنچە ئۇرىسىز؟ سىزنىڭ ھاراقتىن باشقا بىرەر ئارزۇلايدىغان نەرسىڭىز بولمىسا، ئادەم دېگەن بۇنداق غايىسىز ياشىسا بولمايدۇ. قاراڭا ئۆيىڭىزگە؟ سىز دېگەن بويتاق ئەمەس، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنى تۈزەپ، بىر ئائىلىگە ئەر بولۇشنىڭ شەرتىنى ھازىرلاپ، رىسالەت بىلەن چىرايلىق ئۆي تۇتۇپ قالسىڭىز بولمامدۇ؟ ئۇنى ئۆزىڭىزگە كۆندۈرۈپ، كۆڭلىنى مايىل قىلىپ، بۇ ئۆينى ئۆي قىلسىڭىز بولمامدۇ؟ ...

ھىممىت ياسىننىڭ خورەك ئاۋازى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بېسىپ كەتتى. بۇنىڭدىن قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن سۇلايمان قاسىم مۇشتىنى تۈگۈپ، ئۇنىڭ يۈزىگە شىلتىدى. بىراق، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا چىقىپ كەتتى.

سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆزىگە كېچىچە ئۇيقۇ كەلمىدى. ھىممىت ياسىننىڭ قىلغان ھۆرمەتسىزلىكى ئۇنىڭ نېرۋىسىغا قاتتىق تەگكەنىدى. مۇشۇنداق لايغەزەل ئادەمنىڭ قولىغا چۈشكەن ئائىلىنىڭ ھالى نېمە بولماقچى؟ ئۇ ئاشۇ چاغدا رىسالەتنىڭ نىكاھتىن ئاجرد-

شىش توغرىسىدا سورىغان مەسلىھەتىگە «ئالدىرىماي تۇرۇڭ ، ئۆيىدىكىلەرگە ئاجرىشىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيسىز » دېگەنلىكىدىن بەكمۇ ئۆكۈندى . مۇشۇنىڭ ئۆزى سەۋەب بولماي نېمە ؟ رىسالەتنىڭ ھىممەت ياسىنىنىڭ قولىدا تۇرۇپ سۇدەك ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىگە بەكمۇ ئىچى سىيرىلدى .

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئىدارىدە ھوشۇر سەلەينىڭ تەزىيە يىغىنى ئېچىلدى . ئۇنىڭ چوڭقايتىلغان رەڭسىز سۈرىتى يىغىن زالىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامغا ئېسىلغانىدى . ھوشۇر سەلەينىڭ سەل كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايى دەل بۈگۈنكى مۇشۇ دەقىقىلەرنى كۈتۈۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى . زالدا قايغۇلۇق ماتەم مۇزىكىسى ياڭرىغاندا ، ھەممەيلەننىڭ قەلبى يەنە بىر قېتىم مۇجۇلدى . تۆۋەنگە قاراپ تۇرغان باشلار توختىماستىن تىترەيتتى .

— يولداشلار ، — دېدى ئىدارە باشلىقى جامال پەس ئەمما قەتئىي تەلەپپۇزدا ، — بىر ئادەم ئۆز كەسپى ، ئۆز خىزمىتىنى قېتىرقىنىپ ياخشى ئىشلىگەن بولسىمۇ ، تېگىشلىك قەدىر - قىممەتكە ئېرىشەلمىسە ، خىزمەت نەتىجىلىرىگە تېگىشلىك باھا بېرىلمىسە ، ئۇنداق ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ كۆزى يۇمۇلمايدۇ . يولداش ھوشۇر سەلەي مۇشۇ ئىدارىدە ئوتتۇز نەچچە يىل ئىشلىگەن ، ئىدارىنىڭ پۈتۈن يۈكۈر - يېتىم ئىشلىرىغا بىر ئۆزى يېتىشىپ ، تەشكىلنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق ئاقلىغان . دۆلەتنىڭ مۈلكىنى قوغداش يولىدا ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى قۇربان قىلغان . بۇنداق روھ ئەلۋەتتە قەدىرلەشكە ، ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ . يولداش ھوشۇر سەلەينىڭ ئىدارىمىز ئۈچۈن تۆككەن ھېسابسىز قان - تەرى بىزنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىزگە ئېرىشىشى كېرەك . مەرھۇمنىڭ بىزگە قالدۇرغان بۇ ئۆرنەك قىلغۇدەك تۆھپە قوشۇش روھىدىن ھەممەيلەن ئۆگىنەيلى ...

زالدا چىۋىن ئۇچسىمۇ ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى . جامالنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى ئىدارىدىكى

كۆپ سانلىق خىزمەتچىلەرنىڭ كۆڭلىدە ئۇزۇندىن بۇيان يىغىلىپ تىندۇرمىغا ئايلانغان قەلب تىۋىشلىرىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى . شۇڭا ، ئاڭلىغۇچىلار ھاياجانلىناتتى . كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالاتتى . ئۇلارنىڭ بۇ ھاياجانلىق يىغىسى ھوشۇر سەلەيگە بولغان قايغۇسىنىمۇ ، ئۆزلىرىنىڭ قەدىر - قىممىتىگە بولغان ئىشەنچىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى .

## 75

سەراتان ئىسسىقىمۇ ئۆتۈپ كەتتى . خاسىيەتلىك كۈز كەلدى . ئادەمنىڭ نەپسىنى بوغىدىغان ئىسسىق شامالنىڭ ئورنىنى كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان كۈز شاملى ئىگىلىدى . ھەممە ياقتىن پىشقان مېۋىلەرنىڭ خۇش ھىدى كەلگەندەك ، ساپ سالقىن ھاۋادىن ئادەمنىڭ جېنى ياشىرىپ قالغانىدى . سارغىيىشقا باشلىغان غازاڭلار ھىلىلا بەرگىدىن تۆكۈلۈپ كېتىدىغاندەك بوشلا شىلدىرلىشاتتى . گۈل - گىياھلار ئۆزىنىڭ نەچچە كۈنلۈكى قالغانلىقىنى بىلىپ قالغان ئادەمدەك شۈمشىيىپ قالغانىدى . بۇ ھال ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلاتتى .

سۇلايمان قاسىم جامالنىڭ ئىشخانىسىدىن كەيپى كۆتۈرۈلگەن ھالدا چىقىپ كەلدى . ئۇنىڭ تۈزگەن بۇ ئايلىق خىزمەت پىلانى باشلىقىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى . باشلىق پەقەت تولۇقلاشقا تېگىشلىك بىر نەچچە مەزمۇننى قوشۇۋېتىشنى ۋە كېلەر ھەپتىدىكى پىلان يىغىنىدا مۇشۇ بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇشنى تاپىلىدى . ئۆز خىزمىتىنىڭ جايىدا بولغان - بولمىغانلىقىنى ئىلمىي كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان باشلىقىنىڭ قولىدا ئىشلەش نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك - ھە ! سەن شۇنچە قېتىرقىنىپ ئىشلىسەڭمۇ ، ئۇنى كۆرىدىغانغا كۆزى يوق ، ئەكسىچە قىلغان ھەربىر ئىشىڭدىن قەدەمدە بىر قۇسۇر تېپىپ ، قوقاق سالىدىغان ئادەم بىلەن قاملاشماق پەكمۇ قىيىن . ئۆتكەندە كىمدۇر بىرى ئىدارىدە شۇنداق بىر گەپنى

قىلغان . ئۇنى ئاڭلاپ ياسىنجاننىڭ ئىمانى قىتىق گەز ئۆرلىگەندى . ئاشۇ كىشى بىر قېتىملىق سۆھبەتتە يەنە شۇنداق دېگەندى :

— خۇدايىتالا بەندىسىنى بۇ ئالەمدە جازالىماق بولسا ، مۇنۇ ئۈچ نەرسە بىلەن جازالايدۇ : بىرى ناچار باشلىق ، ئىككىنچىسى ناچار خىزمەت ئورنى ، ئۈچىنچىسى ناچار خوتۇن . ھەرقانداق ئازاب مۇشۇ ئۈچى كەلتۈرگەن ئازابنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسە ئەمەس ...

توغرا ، بۇ ئەمەلىيەتتىن كەلگەن يەكۈن . خوتۇن ناچار بولسا ئۆيۈڭدىن كۆڭلۈڭ سۇ ئىچمەيدۇ . خىزمەت ئورنۇڭ ناچار بولسا قىلغان ئىشىڭنىڭ ئايىغى چىقمايدۇ . باشلىق ناچار بولسا ... ئەڭ يامىنى مۇشۇ ، ناچار باشلىقنىڭ قولىغا قالساڭ ، سېنىڭ خىزمەتكە بولغان تاۋىڭ مەڭگۈ ئۆسمەيدۇ ، تىرىشقىنىڭ كۆكلىمەيدۇ ، ھەمىشە بېشىڭدىن بىر غايىبىي كۈچ بېسىپ تۇرغاندەك بوغۇلىسەن . بەزىدە ئۆزۈڭنى بىنادىن تاشلاپ ئۆلۈۋالغۇڭ كېلىدۇ . خوتۇن ناچار بولسا ئۇنى قويۇۋېتىپ قۇتۇلۇشۇڭ مۇمكىن . ئىدارەڭ ناچار بولسا ، باشقا ئىدارىگە يۆتكىلىپ كېتىشىڭمۇ مۇمكىن . بىراق ، باشلىق ناچار بولسا ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلمىقىڭ خوتۇندىن قۇتۇلۇشتىنمۇ تەسكە توختايدۇ . ئورۇن تاپساڭ بەرمەيدۇ ، بىراق ئىززىتىڭنىمۇ قىلمايدۇ . يۈرىكىڭگە نەشتەر سانجىپ ئازابلىغىنى ئازابلىغان ! بۇنداق كۈننىڭ ھەربىر دەقىقىسى سېنى چەكسىز ئازابلارغا مۇپتىلا قىلىدۇ .

سۇلايمان قاسىم شۇنداق خىيال سۈرگىنىچە ئىشخانىسىغا كىردى ۋە بىردەمدىلا پىلانىنىڭ كەم يەرلىرىنى تولۇقلىۋەتتى . ئاندىن ماتېرىيالنى سېلىۋەتمەكچى بولۇپ ئىشكاپنى ئاچتى . ئەنە ، قىزىل يوللۇق گالستۇك ، قىزىل لېنتا بىلەن چىگىلگەن بىر دەستە خەت ! ئۇ رىسالەت بىلەن بىللە چۈشكەن ھېلىقى سۈرەتنى قولىغا ئالدى . قىزىل پەلتو ئىچىدە پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلدەك جىلمىيىپ تۇرغان رىسالەت بېشىنى سۇلايمان قاسىم تەرەپكە سەل قىيسايتقان ھالدا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى . ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى غەمسىز تۇرقى بەكمۇ سۆيۈملۈك ئىدى . سۇلايمان قاسىم سۈرەتكە قاراپ

بىرھازا تۇرغاندىن كېيىن ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغىنىچە ئۇنى جايىغا قويۇپ قويدى . ئۇ ئىشكاپنىڭ قۇلۇپىنى ئەتكەندىن كېيىن ، ئۆزىنى ئورۇندۇققا تاشلىدى .

خىيال سۈرۈپ قانچىلىك ئولتۇردىكىن ، بىر چاغدا تېلېفوننىڭ ئەنسىز جىرىڭلىشى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى . ئۇ تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى .

—ۋەي .

—سۇلايمانما ؟ مەن سەلىم ، قانداق بۇرادەر ئەھۋالىڭ ؟ يوقاپ كەتتىڭغۇ ؟ ھېلىقى ئىش قانداق بولدى ؟··· . —سەلىمجان باش ـ ئايىغى يوق سوئاللار بىلەن ئۇنى كۆمۈۋەتتى .

—قايسى ئىشنى دەيسەن ؟ —ئۇ تۇرۇپكىدىن سەلىم دېگەن ئىسمنى ئاڭلاپ ، بەتبۇي بىرنەرسىدىن يىرگەنگەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى .

—ھېلىقى يېقىنىڭنىڭ پېنسىيىگە چىقىدىغان ئىشچۇ ؟ پۇلنى تەييار قىلدىڭلارمۇ ؟

سۇلايمان قاسىمنىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى ۋە تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتى . ھايالشمايلا تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى . سۇلايمان قاسىم ئېغىر تىنغىنىچە جەھلى بىلەن جىرىڭلاۋاتقان تېلېفونغا نەپرەتلىك كۆزىدە قاراپ ئولتۇرىۋەردى . تېلېفون ھېچ توختاي دېمەيتتى . بىر چاغدا ئۇ تۇرۇپكىنى يۇلۇپ دېگۈدەك قولىغا ئالدى .

—ۋەي ، تېلېفوننى نېمىشقا ئالمايسەن ؟ مەنمۇ ياخشى كۆڭلۈم بىلەن ساڭا ياخشىلىق قىلاي دېدىمغۇ ؟ بىر ئادەمنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشى ئۈچۈن بەش مىڭ دېگەن قانچىلىك پۇلتى ئۇ ؟ باشقىلارنىڭ ئىشى بولسا ، ئون مىڭ كويغىمۇ پۈتمەيدۇ . سېنىڭ يۈزۈڭ بولۇپ قالدى ـ دە . بەش مىڭ كويلۇق يۈزۈڭنىڭ بولغىنىدىن خۇشال بولساڭ بولىدۇ . قانداق ، بۇ ئىشنى قاچان بېجىرىمىز ؟ سەل ئالدىرىمىساق ، بۇ ئىش تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كېتىشى مۇمكىن . ئۇ چاغدا ئون مىڭ بىلەنمۇ پۈتمەيدۇ ···

—ئۇ يېقىنىم ئاللىقاچان مەڭگۈلۈك ئارامغا چىقىپ



www.uyghurkitap.com

بولدى ، ــ دېدى سۇلايمان قاسىم غەزەپتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋې-لىپ ، ــ ئەمدى سەن ئاۋارە بولمىساڭمۇ بولىدۇ .

ــ ئارامغا چىقىپ بولدى ؟ قاچان ؟ بۇ ئىشتىن ئەجەب مەن خەۋەر تاپماپتىمەنغۇ ؟ مېنىڭ قولۇمدىن ئۆتمەي تۇرۇپ ، ئۇ قانداق-مۇ مەڭگۈلۈك ئارامغا چىقىپ بولىدۇ ؟

ــ سەن ھەممە ئادەمنى مەڭگۈلۈك ئارامغا چىقىرىدىغان ئەزرائىلمىدىڭ ؟ ــ دېدى سۇلايمان قاسىم چىشلىرىنى غۇچۇرلات-قىنىچە ، ــ سەل سەۋر قىل ، سەپرايىم ئۆرلەپ تۇرىدۇ . تېلېفوننى قويۇۋەت-تىم . مېنىڭ ئەمدى ساڭا ھاۋالە قىلىدىغان ئىشىم يوق . خوش .

ــ توختاپ تۇر ، نېمىگە ئالدىرايسەن ؟ گېپىڭچە ، ئۇ ئاللىقا-چان ئۆلۈپ بوپتۇ ـ دە . بومۇ بوپتۇ . جاھاندا ئارامغا چىقىشنىڭ ئۇسۇللىرى كۆپقۇ . ھە راست ، ئايقۇمغا باراي دېگەن ، ئەممە پاقلان-لارنى سېغىنىدىم ، بىللە بارامدۇق ؟

سۇلايمان قاسىمنىڭ ئەمدى تاقىتى تۈگىگەنىدى . ئۇ تۇرۇپكى-نى «تاراق» قىلىپ تېلېفونغا باسقاندىن كېيىن ، ئىشخانىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى . تېلېفوننىڭ قايتا جىرىڭلىغان ئاۋازى خېلى بىر چاغقىچە بېسىقمىدى .

ئۇ ئىدارە باشلىقىغا ئازراق ئىشى چىقىپ قالغانلىقىنى ئېيت-تىپ قويغاندىن كېيىن ، كوچىغا چىقتى . قۇلاق تۈۋىدە سەلىمجان-نىڭ «ئەممە پاقلان» دېگەن گېپى تېخىچە ياڭراپ تۇراتتى . ئۇ مۇشتىنى تۈگۈپ يول بويىدىكى دەرەخلەرگە ، ستولبىلارغا زەرپ بىلەن ئۇراتتى . ئويلىغانسېرى زەردىسى قايناپ ، ئىچ ـ ئىچىدىن بوغۇلاتتى .

ئۇ مەقسەتسىز ھالدا ماگىزىنلارنى ، ياپىمكەشلەر تەمە بىلەن ئولتۇرغان رەستىلەرنى ئارىلىدى ، بىراق قەلبىدە قۇترىغان غەزەپ ھېچ بېسىقاي دېمەيتتى . مىللىي قول ھۈنەر بۇيۇملىرى بازىرىغا كىرىپ ، ئۇ يەردە قاتار تىزىۋېتىلگەن مەش ـ كاناي ، چۆگۈن ـ چېلەك ، ھالقا ـ زەنجىر ، تاختا مۇشۇك ، ئوقۇر ـ جاۋەن دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆرۈپ چىقتى . بۇنىڭمۇ پايدىسى بولمىدى . شۇنىڭ

بىلەن ئۇ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا يول بويىدىكى تۆمۈر بوتكىغا كىرىپ، بىر ـ ئىككى سەر قېقىۋېلىپ، قەلبىدە گۇرۇلدەپ تۇرغان غەزەپ ئوتلىرىنى ئۆچۈرۈشنى ئويلىدى.

ئۇ بوتكىغا كىرگەندە، بۇ يەرنىڭ دائىملىق خېرىدارلىرى ـ ھاراقكەشلەر تېخى كەلمىگەندى. بىر پالاقنى تۇتۇۋېلىپ چىۋىن قوغلاپ يۈرگەن بوتكىچى قىز ئۇنىڭغا قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرەپ، بېشىنى سەل ئېگىپ سالام قىلدى. سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋابەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن، دېرىزە تۈۋىدىكى بىر ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇستەللەرنى بىر ئىلىك توپا باسقان يەردە توپىغا مىلىنىپ ياتقان لەڭپۇك، گازىر ـ خاسىڭ شۆپۈكلىرى، چالا غاجىلانغان سۆڭەكلەر ئارىسىدا چىۋىنلار گىژىلداشاتتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆڭلى ئېلىشقان بولسىمۇ، بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشكە يۈزى چىدىمىدى.

— ھەي سىڭىل، بۇ يەرلەرنى بىر تازىلىۋەتسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى ئۇ ئۇستەل ئۈستىنى قەغەز بىلەن سۈرتكىنىچە، — قاراڭا بۇ توپىلارنى؟ چىۋىنلارنىڭ كۆپلۈكىچۇ تېخى؟

— ئەمدى ئوبدان يەرگە ھەممە نەرسە يىغىلىۋالىدىكەنغۇ تاڭ؟ — قىز ئۇنىڭغا قاراپ ھاياسىزلارچە ھىجايدى، — سىزمۇ كەلدىڭىزغۇ مانا.

سۇلايمان قاسىم پىشانىسىگە پاقىدە بىرنى ئۇردى. توغرا، ئۇمۇ مۇشۇ چىۋىنلاردەك مۇشۇ مەينەت بوتكىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلدىغۇ؟ شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاشۇ گىژىلدىشىپ يۈرگەن چىۋىنلاردىن نېمە پەرقى؟ ئۇ كۈلۈپ قويۇپ نەزىرىنى باشقا ياققا بۇردى.

— ئىشقىلىپ تازىلاپ قويسىڭىز ياخشى بولىدۇ، — دېدى ئۇ گەدىنىنى تاتىلاپ تۇرۇپ.

— مېنى تازىلىمىدى دەمسىز؟ — دېدى قىز قاشلىرىنى ئۇچۈرۈپ، — بىر كۈندە نەچچە قېتىم تازىلايمەن. ھەتتا تازىلاپ، داسلانغان كالىنىڭ يىلىنىدەك ئاقارتقان چاغلىرىممۇ بار. بىراق، سىلەردەك ئىچەرمەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەچكە، تازىلاپ ئۈلگۈ-

رۇپ بولالمىدىم . هاراقكەش دېگەنگە بىز بولساق ، بۇ يەرنىڭ تازد-لىقىنىڭ قانداق بولۇشى مۇھىم ئەمەس ، شۇڭا ھەركۈنى كەچتە بىراقلا تازىلاۋاتىمەن . قانداق ئوچام ، سىزگە قاندىقى كېرەك ؟ ئۇخلىتىدىغىنىمۇ ياكى قوپۇرىدىغىنىمۇ ؟

سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولغاچقا ، قىزنىڭ بۇ چاقچىقىمۇ ئۇنىڭغا ئانچە ياقمىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ قىزنىڭ سوئالد-دىن ھەيران بولۇپ سورىدى :

— سىزنىڭ بۇ بوتكىڭىزدا قاندىقى بار ؟

— بۇ سىزنىڭ تەلەپ - ئېھتىياجىڭىزغا باغلىق ، — قىز قولىنىڭ كەينى بىلەن ئېغىزىنى توسۇپ نازلىق جىلمايدى . — چىشىڭىز ئوبدان بولسا گۆش بار ، بىلىكىڭىزدە قۇۋۇەت بولسا قىز بار ، سىز نېمىنى خالىسىڭىز شۇ بار .

— ھەممىسىگە ئۆزىڭىز يېتىشىپ بولالامسىز ؟ — سۇلايمان قاسىم ئۇنى گەپكە سېلىش ئۈچۈن ئېغىزىنى كوچىلىدى .

— يېتىشىپ بولالمىسام تېلېفون بار ، ھايت دېسەم ئوتتۇزى تەييار بولىدۇ . قانداق ، سىزگە نېمە كېرەك ؟

— ھازىرچە يېرىم جىڭلىق ئاق ھاراقتىن بىرنى ، بىر جىڭ كالا قېرىنى ، سوغۇق سەيلەردىن بولسا ئەكەپ بېرىڭ .

— قىز - پىزچۇ ؟ ئەجەب زېرىكىپ سوراپ كەتكەنتىڭىز ، قىزلاردىنمۇ بىرەرى لازىم بولار ؟

— مۇشۇ بوتكىدىمۇ ؟ مۇشۇ يەردىمۇ ؟

— نېمە ؟ بۇ يەر بولمامدىكەن ؟ — قىز ئۇنى مەيدىسى بىلەن قىستاپ كەلدى . ئۇنىڭ كەڭ ئويۇلغان ياقىسىدىن يېرىمى كۆرۈد-نۈپ چوقچىيىپ تۇرغان ئەمچىكى سۇلايمان قاسىمغا بەئەينى ئۆزىگە قارىتىپ ئېتىلغان بىر جۈپ مۇشتتەك بىلىنىپ كەتتى . ئۇ نېمىش-قىدۇر ئايقۇمدىكى ھېپىزەمنى يادىغا ئالدى . خۇدايا توۋا ، بۇ كەم-نىڭ خوتۇنلىرىغا نېمە بولغاندۇ ؟ ھەممىسى سېنى بۇزسامىلا دېگەن ، مانا ، كىچىككىنە بوتكىدىكى ئەسەبىيلەشكەن ياۋا قىزمۇ سۇلايمان قاسىمنى كۆكسى بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىشنى چاغلاۋاتىدۇ . شۇ تاپتا

ئۇ قاچىدىغان تۆشۈك تاپالمايۋاتقان چاشقاندەك بەكمۇ بىچارە هالغا چۈشۈپ قالغانىدى .

— بولدى سىڭلىم ، ماڭا هاراقتىن باشقا هېچنەرسە كېرەك ئەمەس . كېرەك بولغاندا ، مەن سىزگە دېسەملا بولمىدىمۇ ؟ پەيلى-ڭىزدىن يېنىپ ، مەن بۇيرۇتقان نەرسىلەرنى ئەكىرىپ بېرىڭ . مېنىڭ كۆڭلۈم سۇنۇق ئادەم ، هاراقتىن باشقىسىغا مىجەزىم يوق .

— بىزدە سۇنغان كۆڭۈللەرنى دەز قويماي قادايدىغان قىزلار-دىن تولا ئىدى ، — دېدى قىز بەكمۇ ئەپسۇسلانغاندەك بېشىنى چايقاپ ، — سىز بۇ يەرگە خاتا كىرىپ قالغان ئوخشايسىز . بوپتۇ ، تۇنجى خېرىدار ئىكەنلىكىڭىزنى نەزەردە تۇتۇپ ، سىزگە ئېتىبار قىلاي . بىراق ، بۇ يەرگە كەلگەن ئادەمنىڭ هاراق بىلەنلا بولدى قىلىشىغا مەن ئىشەنمەيمەن . كۆڭلىڭىزدە قۇرت مىدىرلىسا ، هۆيت دەۋېتىڭ ئەمىسە ، كۆزىڭىزنىڭ يېتىنى ئالىدىغان سەتەڭلەر-نى دۈۋىلىۋېتىمەن .

قىز بېلىنى تولغىنىنچە پەشتاختىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، يېرىم جىڭلىق هاراقتىن بىر بوتۇلكا ئېلىپ كەلدى . ئاندىن ئۇششاق توغرالغان بىر جىڭ كالا قېرىنىنى پەتنۇسقا ئېلىپ كېلىپ ، ئۈس-تەلگە قويغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ ئولتۇردى . سۇلايمان قاسىم قىزنىڭ جادۇ كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرغان هالدا بىر رومكا هاراق قۇيدى .

— ئازراق ئىچىپ قويامسىز ؟ — ئۇ ئۆزىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغان قىزنىڭ ئالدىدا رومكا كۆتۈرۈشتىن نومۇس قىلىپ سورىدى .

— ئىلتىپاتىڭىزنىڭ چوڭ - كىچىكى يوق ، — دېدى قىز شەھ-ۋەت ئۇچقۇنداپ تۇرغان كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ، — يىگىت-نىڭ بەرگىنى خۇدانىڭ بەرگىنى دەپتىكەن ، توختاپ تۇرۇڭ ، يەنە بىر رومكا ئېلىپ كېلەي ، كۆزلىرىمىزگە قاراپ تۇرۇپ ئويناما-دۇق رومكىنى ؟

— خۇدايا توۋا ، — سۇلايمان قاسىم ئۆزىنىڭ قىچىشمىغان

يەرنى قاشلىغانلىقىدىن يەنە بىر قېتىم ئەپسۇسلاندى . ئۇ ئىچىدە مىڭ توۋا قىلدى . ئۇنىڭغىچە بوتكىچى قىز يەنە بىر رومكا تېپىپ كەلدى ۋە سۇلايمان قاسىمغا سۇندى . ئۇ يېرىم رومكا هاراق قۇيدى .

— قۇيار بولسىڭىز لىققىدە قۇيماسىز ؟ — دېدى قىز كۈلۈپ تۇرۇپ ، — مەن ئەزەلدىن يېرىم نەرسىگە بەكمۇ ئۆچ . هاراق دېگەن كىچىك تىلغا يەتمىسە هېساب ئەمەس . قۇيغاندىكىن ئىچىش-تۇرغۇدەك ، ۋاي داد دېگۈزگۈدەك قۇيماسىز ؟ شەيتان ئاتلىغاندەك ئىش قىلىپ ، ئادەمنى ئاۋارە قىلماڭا .

سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى . ئۇ بىلىق كۆزى قىلىپ قۇيۇلغان هاراقنى قولىغا ئېلىپ ، كۆزىگە قارىغىنىچە ئىسقىرتقاندەك ئاۋاز چىقىرىپ ئىچىۋاتقان بوتكىچى قىزغا قاراپ ئېغىزىنى ئاچقان پېتى تۇرۇپ قالدى . قىز رومكىنى دوم كۆمتۈ-رۈپ ئۇنىڭغا كۆرسەتكەندىن كېيىن ، پىخىلداپ كۈلگىنىچە چاقچاق قىلدى :

— قانداق ؟ بولامدىكەنمەن ؟ مەن دېگەن مۇشۇنداق پەيزىسى بار قىزمەن ، مېنىڭ مۇشۇنداق يېرىمنى دەپ نە - نەلەردىن ئىچەر-مەنلەر كېلىشىدۇ . هاراق تۈتتۈم ئۆزىڭىزگە ، سىڭىپ كەتتىم كۆزىڭىزگە . سۇنۇپ قالسا ئەرلىكىڭىز ، تۆكۈلۈرمەن يۈزىڭىزگە . قېنى غوجام ، ئەمدى مېنىڭ قولۇمدىن ئىچىسىزغۇ بۇ هاراقنى ؟

قىز جىلمىيىپ ، ئۆزىچە قوشاق توقۇپ ، نازلىنىپ يۈرۈپ بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا يېرىم جىڭ هاراقنى قۇيۇپ بولدى . سۇلايمان قاسىم ئوڭ - سولىنى بىلمەيلا قالدى . ئۇ قىز ئېيتقاندەك ، ھەقىقەتەن بۇ يەرگە خاتا كىرىپ قالغانلىقىنى هېس قىلدى . ئەمدى ئۇ بۇ يەردىن چىقىپ كېتىمەن دېسىمۇ چىقالمايتتى . چۈنكى ، قىز ئۇنىڭغا ھەشقىپېچەكتەك چىرماشقانىدى . كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئىككىنچى بوتۇلكا هاراقمۇ ئۇلارنىڭ ئاشقازىنىغا كىرىپ ئۈلگۈر-دى . قىز بەئەينى ئالتۇنبېلىقتەك تولغىنىپ يۈرۈپ ، ئۇنى غىڭ قىلالماس هالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى . بىردەمدىلا ئۈستەل ئۈستى

نازۇ نېمەتلەرگە لىق تولدى . سۇلايمان قاسىم بۇ نەرسىلەرنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ، كىمنىڭ بۇيرۇغانلىقىنى بىلەلمىدى . قىز ئەمدى ئۇنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالغانىدى . قىزنىڭ تەر ۋە سۇس ئەتىر ھىدى كېلىپ تۇرغان كېلەڭسىز بەدىنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئاران سىغقانىدى . ئۇ قىزنى ئىتتىرەتتى . قىز بولسا ئۇنىڭغا يېپىشاتتى . شۇنداق قىلىپ ئۇ يەنە يېرىم جىڭ ھاراقنىڭ بېشىغا سۇ قۇيدى . ئۇ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغاندا ، پۇت - قولىدا جان دېگەندىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى .

— ھەممىسى ئىككى يۈز ئەللىك كوي ، — دېدى قىز ھېساب قىلغاندا ، گويا ئۆزى ھېچ نەرسە ئىچمىگەندەك سەزگۈرلۈك بىلەن ، — تېخى بۇنىڭغا مېنىڭ ھەمراھ بولغان ھەققىمنى قوشمىدىم . بۇ مېنىڭ سىزنى مېھمان قىلغىنىم بولۇپ قالسۇن . كۆڭلىڭىز تارتسا يەنە كېلەرسىز .

سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ كېيىنكى گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلىمىدى . بەلكىم ئاڭلىغان بولسىمۇ ، نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭقىرالمىغاندۇ . ئۇ يانچۇقىنى بىرھازا كولاپ يېنىدا بارىنىڭ ھەممىسىنى قىزنىڭ ئالدىغا تۆكتى . پارچە - پۇراتلىرىنى قوشقاندا ، ھەممىسى ئىككى يۈز سوم ئىدى . پۇلنى بارماقلىرىغا تۈكۈرۈپ ئولتۇرۇپ ساناپ چىققان قىزنىڭ چىرايىغا نارازىلىق تۇيغۇسى تېپىپ چىقتى .

— بۇ پۇل كەمغۇ ؟ — دېدى ئۇ بايىقى قىزغىنلىقتىن قىلچە ئەسەرمۇ قالمىغان تاتىراڭغۇ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ، — ھۇزۇرلىنىڭ دېسە بويتاق گاچىدەك قىلىپ كەتتىڭىز ، ئەمدى ھېساب قىلايلى دېسە بازارغا ئوغرى كىرگەندەك گۆلىيىسىز . كېمىنى قانداق قىلىمىز ؟

سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۇنداق سوراق - سوئالغا جاۋاب بەرگۈچىلىكى قالمىغانىدى . ئۇ بەئەينى شامال سوققان قومۇشتەك ئىرغاڭلايتتى . بوتكىچى قىز سۇلايمان قاسىمنىڭ بىلىكىدە پارقىراپ تۇرغان سائەتنى كۆرۈپ ، كاپپىدە تۇتۇپ ئېلىۋالدى ۋە پەم بىلەن بوتكىدىن چىقىرىپ ، يولنىڭ نېرىقى قاسنىقىغا ئۆتكۈزۈپ قويغان-



www.uyghurkitap.com

دىن كېيىن ، ئالدىراپ كەينىگە ياندى . چۈنكى ، ئەمدى ئۇ مەستلە-
كىدە بىرنەرسە بولسىمۇ ، قىزغا گەپ كەلمەيتتى .
سۇلايمان قاسىم تۇنجى قېتىم كوچىدا مەست - ئەلەس هالدا
كېتىپ باراتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ نەگە ، نېمىگە ماڭغىنىنىمۇ بىلمەيت-
تى . كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقان ، ئۇ ئۆزىنى بەئەينى قارا تۇتەك
ئارىسىدا قالغاندەك هېس قىلاتتى . لەيلەپ ، قاتلىنىپ تۇرغان
ماجالسىز پاچاقلىرى ئۇنى كۆتۈرۈش تەس كەلگەندەك ، قەدەمدە بىر
مۇدۇرەيتتى . چوڭ كوچىلارنى كېسىپ ئۆتۈپ ، يول بويلىرىدىكى
چىملىقلارغا شارقىرىتىپ سىيەتتى . ماشىنىلارنىڭ تورمۇز قىلىند-
غانلىقى ، شوپۇرلارنىڭ ئۆزىنى نېمىدەپ تىللىغانلىقى قۇلىقىغا
كىرمەيتتى . ئۇ ئاشۇ ئۇزۇن يولدا كۇچلۇك شامالدا قالغان قامغاق-
تەك ئۇچۇپ - دومىلاپ ، يولنىڭ ھەممىلا يېرىدە لاغىلاپ كېلەت-
تى . ئۇنى تونۇيدىغانلارنىڭ سوئالىمۇ جاۋابسىز قالاتتى . سۇلايمان
قاسىم ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم شەرمەندىلەرچە مەست بولغانىدى .
بىر چاغدا گۇم قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇ نەچچە قەدەم
يىراقلىققا ئۇچۇپ چۈشتى . كاللىسى ۋىڭ قىلغاندەك بولدى ۋە
ئەسلىدىمۇ سېزىمى قالمىغان بەدىنى لايدەك ئېزىلىپ كەتتى . دەل
شۇ چاغدا كىمدۇر بىرى جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراشقا باشلىدى :
— ئادەم ئۆلدى ، ۋاي ئادەم ئۆلدى ، ماۋۇ ماشىنا ئادەم سوقۇ-
ۋەتتى ، ياردەملىشىڭلار جامائەت ، بۇ بىچارىنى دەرهال دوختۇرخا-
نىغا ئاپىرايلى ، ساقچىغا تېلېفون بېرىڭلار .
— هوي ، بۇ سۇلايمان قاسىمغۇ؟ نېمە بولغاندۇ ئەمدى؟
ئادەتتە بۇ ئادەم هاراقنى مۇنداق كۆپ ئىچمەيتتى . بۈگۈن ئۇنى
بىر قارا بېسىپتىغۇ؟ ئەمدى بۇ ئىشنى بالا - چاقىسىغا دەپ قويۇش
كېرەك .
كىشىلەر شۇنداق دېگىنىچە تۇشمۇتۇشتىن يۈك ماشىنىسى
شوپۇرىغا ياردەملىشىپ ، هەممە يېرىدىن ئىسپىرت پۇراپ تۇرىد-
غان ، بېشى يېرىلىپ قان ئېقىۋاتقان سۇلايمان قاسىمنى تاكسىغا
سېلىشتى ۋە دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىشتى . بۇنداق قاتناش هادى-

سىسى كۆندە دېگۈدەك يۈز بېرىپ، پۇت ـ قولى سۇنغان، بېشى يېرىلغان، ئېغىز ـ بۇرنىدىن قان ئېقىۋاتقان بىمارلار كېلىنىۋەرگەچكىمۇ، دوختۇر ـ سېستىرالار بۇنداق كېسەلگە ئۇنچىۋالا جىددىي قاراپ كەتمەيتتى. كارىدوردا بىرسىنىڭ ۋارقىراپ دوختۇرنى تىللىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، رىسالەت ئىشخانىسىغا كىرگەن بىر سېستىرادىن سورىدى:

— سىرتتىكى نېمە غەلۋە بۇ؟ بىرسىنىڭ قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟

— بىر زابوي ماشىنىغا ئۇسۇۋالغان ئوخشايدۇ. كارىدورنىڭ ھەممىلا يېرى ھاراق پۇراپ كېتىپتۇ. ئۇنى سوقۇۋەتكەن شوپۇر جىددىيلىشىپ ھەمدۇللا دوختۇرنى تىللاۋاتىدۇ. چۈنكى، ئۇ بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەنىكەن. بىمارنى تەكشۈرمىسە قەيىرىنىڭ سۇنغىنىنى بىلگىلى بولمايدۇ ـ دە.

رىسالەت مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئىشىنى قىلىۋەردى. بۈگۈنكى تەتقىقاتىنى تاماملاپ، خاتىرىنى يېزىپ بولغىنىدا، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ يەنىمۇ كۈچىيىگەنىدى. ئارىدا بىر ئايالنىڭ قاتتىق يىغلىغان ۋە: «رىسالەت، رىسالەت، قېنى سىز؟ سۇلايمان ئاكىمىزنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. رىسالەتنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى، راست، بۇ زۇلخۇمارنىڭ ئاۋازىغۇ؟ ئۇ قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ كارىدورغا ئۆزىنى ئاتتى. غىققىدە قانغا مىلىنىپ ياتقان سۇلايمان قاسىمنىڭ يۈز ـ كۆزى ئىششىغان، چىرايى تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. رىسالەتنىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. بۇ ئۇنىڭ بىمار ئالدىدا تۇنجى قېتىم تەمتىرىشى ئىدى. ئۇ بار ئاۋازى بىلەن سېستىرالار باشلىقىنى چاقىردى:

— ئامىنە، تېز بولۇڭ، جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنى تەييارلاڭ، دوختۇرخانا باشلىقىنى چاقىرىڭلار، ئوكسىگېن تۇڭىغا قاراپ بېقىڭ، ئوكسىگېن بارمىكىن؟ ھە راست، ئايشەم دوختۇرنى چاقىرىڭلار، ماڭا ياردەملەشسۇن...

سۇلايمان قاسىم جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئېلىپ كىرىپ

كېتىلدى . زۇلخۇمار بارماقلىرىنى چىشلەپ يىغلىغىنىچە ئىشىك ئالدىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىۋاتتى . ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ئازابىغا ، غەم - قايغۇسىغا ھېچ نەرسە توغرا كەلمەيتتى . ئۇ يىغلايتتى ، كىمدىندۇر مەدەت تىلىگەندەك ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە ئىلتىجالىق نەزەردە تەلمۈرەتتى ، جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ ئىچىدىكى تىۋىشلەرگە قۇلاق سالاتتى .

بىر چاغدا ئىدارىدىكىلەرمۇ يېتىپ كېلىشتى . ئىدارە باشلىقىنىڭ چىرايىدىمۇ قان دىدارى قالمىغان ، ئۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇچرىغانلا دوختۇردىن سورايتتى . بىر چاغدا ئالدىراش چىقىپ كەلگەن دوختۇرخانا باشلىقىنى كۆرۈپ ، يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئۇنىڭ پېشىدىن تارتتى .

— دوختۇرخانا باشلىقى ، سۇلايماننىڭ ئەھۋالى قانداقراق ؟ نېمە كەتسە مەيلى ، ئۇنى قۇتقۇزۇپ قېلىڭلار ، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق چىقىمغا بىز ئىگە . سىز خاتىرجەم بولۇپ ، ئۇنى بىزگە ساقايتىپ بېرىڭ .

— ئىدارە باشلىقى ، — دېدى ئۇ شالاڭ چاچلىرىنى بارمىقى بىلەن تاراپ قويۇپ ، — بىزمۇ بارلىق كۈچىمىزنى چىقىرىۋاتىمىز . قۇتقۇزۇش جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا . ئۇنىڭ ئۈنۈمىگە ھازىر مەن بىرنەرسە دېيەلمەيمەن . بىراق ، بىزنىڭ ئەڭ قابىل دوختۇرلىرىمىز ئۆزى قول سېلىپ قۇتقۇزۇۋاتىدۇ . رىسالەت دوختۇرنىڭ قولى تەگكەن بىمارغا ئەزرائىلمۇ ئاسانلىقچە يېقىنلىشالمايدۇ . سىز خاتىرجەم بولۇڭ . بىز بارلىق ئامالنى ئىشقا سالىمىز . بىزگە ئىشەنسەڭلار بولىدۇ .

— رەھمەت سىلەرگە ، مەن سىلەرنىڭ تېخنىكاڭلارغا ئىشىنىمەن . قۇتقۇزۇش چوقۇم نەتىجىلىك بولىدۇ ، شۇنداقمۇ دوختۇرخانا باشلىقى ؟ ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر خاتىرجەم بولسا بولامدۇ ؟ بىزمۇ خاتىرجەم بولساق بولامدۇ ؟

ئىدارە باشلىقى بەكمۇ جىددىيلىشىپ كەتكەچكىمۇ ، بۇ قاملاشمىغان سوئالنى تەكرار سوراۋەردى . دوختۇرخانا باشلىقى ھە ، ھە

دەپ بېشىنى لىڭشىتقىنىچە يەنە جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە كىرىپ كەتتى. كارىدوردا قالغان ئىدارە باشلىقى ئايلىنىپ قالغىلىۋاتقان زۇلخۇمارنىڭ ئالدىغا باردى.

— ھەرگىز ئەنسىرىمەڭ، — دېدى ئۇ زۇلخۇمارغا تەسەللى بېرىپ، — دوختۇرخانىنىڭ ئەڭ قابىل دوختۇرلىرى قۇتقۇزۇۋېتىپتۇ، چاتاق چىقمايدۇ دەيدۇ. بىز بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرايلى.

ئالاھازەل ئىككى سائەتلەردىن كېيىن رىسالەت جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۇستۋېشى تەردىن چۆپ - چۆپ بولۇپ كەتكەنىدى. ھارغىنلىق ۋە جىددىيلىشىشتىن چىڭقىلىپ كەتكەن نېرۋىسى تېخىچە تىنچلىنالمىغان بولسا كېرەك، چىرايىمۇ تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنى كۆرۈپ، زۇلخۇمار ھۆڭرەپ يىغلىغىنىچە ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى ۋە دېدى:

— قانداق سىڭلىم؟ سۇلايمان ئاكىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ قۇتقۇزۇش ئۈنۈملۈك بولدىمۇ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئاچا، سۇلايمان ئاكامنىڭ ئەھۋالى ھازىرچە ياخشى، خەتەرلىك پەيت ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، — ھەرنېمە بولسا ۋاقتىدا ئەكەپتىكەن. بىراق، بىزنىڭ بەزى دوختۇرلار يوق، پەيت كېتىپ قالغىلى تاس قاپتۇ. بىزنىڭ تەلىيىمىز باركەن، قۇتقۇزۇۋالدۇق. ئۇنىڭ مېڭىسى قاتتىق سىلكىنىپ كېتىپتۇ. سول پۇتى سۇنغان ئوخشايدۇ. بىر مەزگىل ئوبدان ئارام ئالمىسا بولمىغۇدەك. ھازىرچە جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە بىر مەزگىل كۆزىتىمىز. سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار.

زۇلخۇمارنىڭ ھاياجانلىق ياشلىرى قايتىدىن تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ رىسالەتنىڭ قولىنى مىننەتدارلىق ھېسسىياتىدا چىڭ قىستى.

— رەھمەت سىڭلىم، بۇ ئەجرىڭىزنى سۇلايمان ئاكىڭىز بىلەن ئىككىمىز مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايمىز.

— بىز يات ئادەم بولمىساق، نېمىگە رەھمەت دەيسـ

www.uyghurkitap.com

ـسز ، ئاچا ؟ ـــ رىسالەت ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى ۋە ئىشخا-
نىسىغا ئەكىرىپ ، بىر ئىستاكان چاي قۇيۇپ بەرگەندىن كېيىن ،
يەنە جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە چىقىپ كەتتى .

76

سۇلايمان قاسىمنىڭ رىزقى تۈگىمىگەن بولسا كېرەك ، جېنى
ئامان قالدى . ھەپتىدىن كېيىن ئۇ كۆزىنى ئاچتى . ئۇ پۈتى
گېپىسلەنگەن بېشى تېڭىلغان ، بىلىكىگە سانجىپ قويۇلغان ئاسما
ئوكۇل توختاۋسىز چۈشۈپ تۇرغان ھالدا دوختۇرخانىدا ياتقىنىنى
كۆرۈپ ، بەكلا ھەيران قالدى . كارىۋات يېنىدا مۈگىسىراپ ئولتۇر-
غان رىسالەتنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى . ئۇ
گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى تىلى بىلەن نەمدەپ ئۆزىنىڭ قانداق-
سىگە بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سورىماقچى بولدىيۇ ، تۇيۇق-
سىز ھېلىقى بوتكىغا بارغىنى ئېسىگە كەلدى . بوتكىچى قىزنىڭ
قىلىقسىزلىقى كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەن ئۆيۈلۈپ ، تاتىراڭغۇ
چىرايىغا سۈس قىزىللىق يۈگۈردى . ئۇ قايتىدىن كۆزلىرىنى يۇم-
دى .

ـــ سۇلايمان ، مېنى كۆرگۈڭىز يوقمۇ ؟ نېمىشقا كۆزىڭى-
ـىزنى يۇمۇۋالىسىز ؟ ـــ دېدى رىسالەت ئۇنىڭ يۈزىنى سى-
لىغان ھالدا ، ـــ قاراڭا قىلغان ئىشىڭىزنى ؟ بىزنى ئەنسىرە-
تىپ ، جېنىمىزنى ئالاي دېدىڭىزغۇ ؟ ھەرنېمە بولسا كۆزىڭىزنى
ئاچتىڭىز ، ئەمدى ماڭا ئوبدانراق قاراپ ، بىرنى كۈلۈپ بېرىڭا .
شۇنداق قىلسىڭىز ، مېنىڭ ھاردۇقۇم بىراقلا چىقىدۇ .

ـــ مېنىڭ سىزگە قارىغۇدەك يۈزۈم يوق ، ـــ دېدى سۇلايمان
قاسىم يىغلاۋاتقاندەك بوغۇلۇپ تۇرۇپ ، ـــ مېنىڭ ھەرقايسىڭلارغا
قارىغۇدەك يۈزۈم يوق ...

ـــ ئەمدى سىز قالايمىقان خىياللارنى قىلماي ، ياخشى داۋا -
لىنىڭ ، ـــ رىسالەت ئۇنىڭ تىترەۋاتقان لەۋلىرىگە بارمىقىنى باس -

ـتى ، — مۇشۇنداق ئېغىر قاتناش ۋەقەسىدە سىزنىڭ ئامان قالغىنىڭىز بىزنىڭ بەختىمىز . شۈكرى قىلايلى ، سۇلايمان .

— زۇلخۇمار قېنى ؟ — ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ياتاقنىڭ ئىچىگە بىر قاراپ چىقتى .

— بۇ يەردە مەن بولغاندىكىن ، بالىلارغا تاماق ئېتىپ بېرىپ كېلىڭ دەپ يولغا سالغان . كېلىدىغان ۋاقتى بولدىغۇ دەيمەن .

نېمە ئۈچۈندۇر رىسالەتنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ، ھاياجاندىن سۇس قىزارغان يۈزى يەنە تاتاردى . سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆزىنى ئېچىپلا زۇلخۇمارنى سورىشى ئۇنىڭ ئاياللىق نەپسىگە تەگكەندى . شۇڭا ، ئۇ نەزىرىنى باشقا ياققا ئاغدۇرۇپ جاۋاب بەردى .

ئارىنى سۈكۈت قاپلىدى . شۇ ئارىدا ياتاققا بىر سېسترا كىرىپ ، رىتىملىق تامچىلاۋاتقان ئاسما ئوكۇل سۇيۇقلۇقىغا قاراپ قويغاندىن كېيىن ، چىقىپ كەتتى . كارىدوردىن ئاللىكىملەرنىڭ گۇدۇڭلىشىۋاتقان ئاۋازى ۋە بىرسىنىڭ قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى .

— نېمە بولغاندۇ ؟ نېمىگە شۇنچە ئۈنلۈك كۈلىدىغاندۇ ؟ — رىسالەتمۇ غۇتۇلدىغىنىچە ئورنىدىن تۇردى . ئۇ كارىدورغا چىقىپ بىر سېسترانى ياتاققا باشلاپ كىرىپ ، سۇلايمان قاسىمغا قاراپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن ، دوختۇرخانا باشلىقى ئىشخانىسى تەرەپكە يول ئالدى .

— كېلىڭ ، رىسالەت ، — دېدى دوختۇرخانا باشلىقى چاچلىرىنى قولى بىلەن تاراپ تۇرۇپ ، — قانداق ، ھېلىقى بىمارنىڭ ئەھۋالىدا باشقىچە ئۆزگىرىش يوقتۇ ؟

— ھازىرچە يامان ئەمەس ، ھېلىلا كۆزىنى ئاچتى ۋە گەپ قىلدى ، — رىسالەت ئۇنىڭ ئۈستىلىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ساپادا ئولتۇرۇۋېلىپ جاۋاب بەردى ، — ئەمدى ئۇنىڭ خەتەردىن پۈتۈنلەي ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى جەزملەشتۈرسەك بولىدۇ .

— كۆپ جاپا چەكتىڭىز ، — دېدى دوختۇرخانا باشلىقى رىسالەتنىڭ ئالدىغا بىر ئىستاكان چاي قويغاندىن كېيىن ، — سىز

بىلەن مەسلىھەتلەشمىدىغان بىر ئىش بار ئىدى. ۋاقتىڭىز چىقارمۇ؟

رىسالەت ئۇنىڭ بەكمۇ تەكەللۇپ قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، سەل ئوڭايسىزلاندى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— دوختۇرخانا باشلىقى، بىز يات ئادەم ئەمەس، مېنىڭ بۇ يەردە ئىشلەۋاتقىنىمغىمۇ ئۇزۇن بولدى. سىز دېگەن مېنىڭ ئاتامنىڭ ئورنىدىكى ئادەم. شۇڭا، ھەرقانداق گېپىڭىز بولسا، دەۋېرىڭ. مۇنداق تەكەللۇپ قىلىپ كەتسىڭىز، مەن بەكمۇ ئوڭايسىزلىنىدىكەنمەن ۋە مېنى يات كۆرگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالىدىكەنمەن.

— ئەمىسە مەنمۇ گەپنى دان چۈشىدىغان يېرىدىن باشلاي، — دېدى ئۇ رىسالەتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — مېنىڭ مۇشۇ دوختۇرخانىدا ئىشلەۋاتقىنىمغا ئوتتۇز يىلدىن ئېشىپتۇ. دوختۇرخانا باشلىقى بولغىنىمغىمۇ ئون يىل بولدى. مۇشۇ جەرياندا نۇرغۇن كېسەللەرنى داۋالىغان بولسامۇ، بىرەر تەتقىقات تېمىسى تۇتۇپ باقماپتىمەن. ھازىر دېگەن ئۇچۇر دەۋرى ئىكەن. مەندە نۇرغۇن داۋالاش تەجرىبىلىرى بولسىمۇ، ئۇلارنى يورۇتۇپ بېرىدىغان نەزەرىيىۋى قابىلىيەت يوق. شۇڭا، ئويلىغانلىرىمنى قەغەز يۈزىگە ئالالمايۋاتىمەن. شۇنچە يىل ئىشلەپمۇ بىرەر پارچە ئىلمىي ماقالە قالدۇرالمىسام، بۇ بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولغۇدەك، شۇڭا مۇشۇ جەھەتتە ماڭا ئۇستاز بولۇپ بېرەرسىزمۇ؟

رىسالەت ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى ۋە چايدىن بىر ئوتلاپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قارىدى.

— بۇنىڭدا چاتاق يوق. سىز ئاۋۋال ئۆزىڭىزنىڭ بىلىشىچە يېزىپ چىقىڭ. مەن ئۇستىدىن كۆرۈپ، نەزەرىيە جەھەتتىن ئىش قوشۇشقا تېگىشلىك جايلىرى بولسا تۈزىتىپ بېرەي. ئاندىن ئۇنى ماقالە شەكلىگە كەلتۈرۈپ يېزىپ چىقايلى. شۇنداق قىلساق، ئۇنى ھەرقانداق تېببىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىشقا قولاي بولىدۇ.

— رەھمەت، سىڭلىم، — دېدى دوختۇرخانا باشلىقى ئۇنىڭ مۈرىسىگە يېنىك شاپىلاقلاپ قويۇپ، — سىزنىڭ بۇ جەھەتتە قازان-

www.uyghurkitap.com

غان ئۇتۇقلىرىڭىز ئاز ئەمەس . شۇڭا ، ماڭا چوقۇم ياخشى ئۇستاز بولالايسىز .

ــ ئۇنداق دېمەڭ ، دوختۇرخانا باشلىقى ، مېنىڭ نەزەرىيىۋى بىلىمىم بولغان بىلەن ئەمەلىي تەجرىبەمدە يەنىلا سىز ماڭا ئۇستاز بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ . ئەمىسە شۇنداق قىلايلى ، مەن سۇلايمان ئاكامنىڭ يېنىغا چىقاي . ئۇ ياتاقتا يالغۇز قالغاندى .

ــ بولىدۇ ، چىقىڭ ئۇكام ، بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە ، ماڭا ۋاقتىدا خەۋەر قىلىڭلار . مەن ئىدارە باشلىقىغا ۋەدە بەرگەنمەن . ئۇنىڭ كېسىلىگە ھەممەيلەن كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ .

رىسالەت ئىشخانىدىن چىقىپ ، يەنە سۇلايمان قاسىمنىڭ ياتىقىغا كەلدى . بۇ چاغدا زۇلخۇمارمۇ كېلىپ بولغان ، ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ بېشىنى تىزىدا قويۇۋېلىپ كىچىك قوشۇق بىلەن تاماق يېگۈزۈشكە تۇتۇنغانىدى . رىسالەت ئۇنىڭ سۇلايمان قاسىمغا خۇددى كۆيۈمچان ئانىلاردەك تاماق يېگۈزۈشلىرىگە قاراپ ، لېۋىنى يېنىك چىشلەپ قويدى .

ــ تاماق ئېتىپ كەلگەنمىدىڭىز ؟ ــ دېدى ئۇ روھىي كەيپىياتىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ ، ــ باللارنىڭ ئەھۋالى قانداقراق ؟ ئۇلار بەكمۇ قورقۇپ كەتمىگەندۇ ؟

ــ خۇداغا يۈز مىڭ شۈكرى ، سىڭلىم ، ھەرنېمە بولسا سۇلايمان ئاكىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالدىڭىز ، ــ زۇلخۇمارنىڭ كۆزلىرىدىن مىننەتدارلىق ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى ، ــ سۇلايمانغا ئىنىڭمىنىڭ بىر ئىش بولغان بولسا ، مەن بۇ چاغقا قانداق بولۇپ كېتەر ئىدىم ـ ھە ؟ باللارمۇ دادىسىنىڭ ئامان قالغىنىنى ئاڭلاپ ، سىزدىن مىننەتدار بولۇشتى . ھە راست ، قەمبەرخان ئاچامۇ مەندىن ئەنسىرىمەي ، سۇلايمان ئاكىسىغا ئوبدان قارىسۇن ، دەيدۇ . شۇ تۇرقىدا سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەي قالدىم .

ــ توۋا دەڭا ، زۇلخۇمار ئاچا ، ئوتتۇرىمىزدا مۇشۇنچىلىك ئىشقا رەھمەت دېگىلى تۇرساق ، جان توشامدۇ ؟ بۇ مېنىڭ كارامىتىمدىن ئەمەس ، سۇلايمان ئاكامنىڭ يەيدىغان رىزقىنىڭ تېخى

تۇگىمىگەنلىكىدىن كۆرۈلگەن مۆجىزە . بۇنىڭدا ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ تەلىيىڭلارنىڭ بارلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ . ھەممىمىزنىڭ بەختىگە سۇلايمان ئاكام ئامان قالدى . ئەمدى ئۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ ، تېزرەك ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشىگە شارائىت ياراتمىساق بولمايدۇ .

سۇلايمان قاسىم تاماق يەۋېتىپ رىسالەتنىڭ سۆزلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلىدى . ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن نومۇسلۇق بىر ئىش قىلغىنىدىن ئۆكۈندى . ئۇنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ ، يېگەن تاماق بوغۇزىدىلا تۇرۇۋالدى . ئۇ زۇلخۇمارغا قاراپ بېشىنى ئاستا چايقىدى .

ـــ ئەمدى بولدى ، گېپىمدىن بىرنەرسە ئۆتمىدىغاندەك ئەمەس ، ئەمدى يېمەيمەن ...

بۈگۈن كېچە ئۇنىڭغا زۇلخۇمار ھەمراھ بولدى . سۇلايمان قاسىم كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە ياتاتتى . ئۇنىڭ بىر خىل تىنىپ يېتىشلىرىدىن تېخىچە ئۇخلىمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى . زۇلخۇمار ئارىدا ئۇنىڭ تەرتىگە ئىككى قېتىم قاچا تۇتتى . سۇلايمان قاسىمنىڭ يۇزلىرى ئوت بولۇپ كۆيۈشتى .

ـــ سىزنى جاپادا قويىدىغان بولدۇم ، ـــ دېدى ئۇ خورسىنغان ھالدا ، ـــ ھەي ، قارا باسقاندەكلا كەلگەن بۇ كېلىشمەسلىكنى كۆرمەمدىغان ؟

ـــ بۇنى قانداقمۇ جاپادا قويۇش دېگىلى بولسۇن ؟ ـــ زۇلخۇمار ئۇنىڭ ساقاللىرى كىرپە تىكىنىدەك دىردىيىپ تۇرغان يۇزىگە مەڭزىنگە ياقتى ، ـــ سىزدىن بىر ئىشنى ئۆتۈنسەم بولامدۇ ؟

ـــ قېنى ئېيتىڭ ، خوتۇن .

ـــ يېشىڭىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى ، تەن سالامەتلىكىڭىزمۇ ئىلگىرىكىدەك ياخشى ئەمەس ، شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن بىزنى دەپ بولسىمۇ ھاراق ئىچمىسىڭىز . ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى كۈنى بەك ئېغىر مەست ئوخشايسىز . سىزنى كوچىدا كۆرگەن ئادەملەر ياقىسىنى تۇتۇپ توۋا قىلغانمىش ، ئاتەك سەتەڭنىڭ بوتكىسىدىن چىقتى دېيىشكۈدەك . ئادەمنىڭ كەينىدە ئادەم بار . بىرى

دېمىگەن بىلەن ، بىرى گەپ ئېيتىدۇ . بۇ سىرنىڭ ئىناۋىتىڭىزگە-
مۇ ياخشى ئەمەس . شۇڭا ، بۇنىڭدىن كېيىن هاراق دېگەن نەرسى-
نىڭ قېشىغا يېقىن يولىماڭ ، بەك ئىچكۈڭىز كېلىپ كەتسە ، مەن
سىزگە هەمراھ بولۇپ ئىچىشىپ بېرەي ، ئۆيدە چىرايلىق ئولتۇ-
رۇپ بىللە ئىچەيلى ، مەست بولۇپ قالسىڭىز ، ئاۋايلاپ ياتقۇزۇپ
قويىمەن . سىرتلاردا بۇنداق لەلەڭشىپ يۈرمەڭ ، بولامدۇ ؟

سۇلايمان قاسىم بىر تونۇر قوقاسىنىڭ ئىچىدە قالدى . ئۇ
چىمىلداپ كەتكەن يۈزلىرىنى زۇلخۇمارنىڭ بويۇنلىرىغا سۈر-
كىدى .

— سىزگە ۋەدە بېرىمەن ، خوتۇن ، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە
هاراققا يېقىن يولايدىغان بولسام ، مېنى قاينىغان قازانغا تاشلىۋې-
تىڭ ، مەن بۇنىڭغا رازى . بۇ دۇنيادا تىرىك تۇرۇپلا دوزاخنىڭ
دەردىنى تارتىپ ئۆلەي .

— ئەمدى ماڭا ئۆلۈمنىڭ گېپىنى قىلماڭ ، — دېدى زۇلخۇ-
مار ئالدىراپ ، — هېلىمۇ بىر ئۆلۈمدىن قۇتۇلدىڭىز . بۇنداق گەپ
بىلەن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلماڭ . بىز سىزدىن ئايرىلساق ،
قانداق قىلىمىز ؟

سۇلايمان قاسىم ۋاقتىنىڭ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغىنىنى
كۆرۈپ ، زۇلخۇمارنى بىردەم يېتىپ كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرى-
ۋېلىشقا ئۈندىدى .

— ئەمدى ماڭا هېچ ئىش بولمايدۇ ، خوتۇن . مەن دېگەن
ئەزرائىلغىمۇ ئەرزىمىگەن ئادەم . شۇڭا ، مەندىن ئەنسىرىمەي بىر-
دەم ئۇخلىۋېلىڭ . مۇنداق قاراپ ئولتۇرۇپ چىدىيالمايسىز .

— يەنە بىردەم مۇڭدىشايلى ، سۇلايمان ، سىز بىلەن مۇشۇن-
چىلىك سوقا - سۆھبەت قۇرمىغىلىمۇ ئۇزۇن بوپتىكەن . ئۇيقۇ
دېگەنگە ۋاقىت چىقىدۇ .

— ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى ، خوتۇن . مەنمۇ چارچى-
دىم ، ئەمدى بىردەم ئارام ئالايلى . كۆزىڭىزنىڭ ئاچچىقىنى ئازراق
چىقىرىۋېلىڭ .

زۇلخۇمار ياتاقتىكى يەنە بىر بوش كارىۋاتقا بېرىپ ياتتى. بىراق، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ ئۇيقۇ قاچقانىدى.

سۇلايمان قاسىم ئۆزىنىڭ مەستلىكتە دەلدەڭشىپ مېڭىپ، كوچىلاردىن قانداق كېسىپ ئۆتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتى. دېمەك، ئۇنىڭ بارغىنى نامى مەشھۇر ئاتەك سەتەڭنىڭ بوتكىسى ئىكەن ـ دە؟ ھەي ئىسىت، ئۇنىڭ شۇ يەردىن مەست چىققىنىنىمۇ كىشىلەر كۆرۈپ قېلىشىپتۇ ئەمەسمۇ؟ ئەمدى بۇ يۈزنى قەيەردە كۆتۈرۈپ يۈرگۈلۈك؟ ناۋادا ئۇ ئۆلۈپ قالغان بولسا، كىشىلەر نېمىمۇ دېيىشەر ئىدى؟ «ئادەمنىڭ ياخشى بولمىقى مىڭ يىللىق، يامان بولمىقى دەقىقە» دېگەن گەپ راست ئىكەن. مانا، بىر قېتىم بوسۇغا ئاتلاپ، نەچچە رومكا ھاراق ئىچىپ بولغۇچە، ئۇنىڭ نامى شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟ ھەي …

سۇلايمان قاسىمنىڭ ئۆزىنى بىنادىن تاشلىۋالغۇسى كېلىپ كەتتى. ئۇ قاتتىق ئۆكۈنگەن ھالدا يەنە خىيال دەرياسىغا چوڭقۇر چۆكتى:

ــ بۇ گەپنى رىسالەتمۇ چوقۇم ئاڭلىدى، ــ ئۆزىنىڭ ئاتەك سەتەڭچىلىك بولالمىغىنىدىن ئۇنىڭمۇ نەپسى ئىزا تارتتى ھەقاچان. مېنى نېمىدەپ ئويلاپ قالغاندۇ؟ ئۆزىنى مېنىڭ ئالدىمدا ئالىيجاناب ئادەمدەك تۇتۇپ كەلگىنى بىلەن ئەسلىدە ئۇمۇ بەز يېمەيدىغان مۇشۇك ئەمەسكەنغۇ، دەپ قالغانمىدۇ؟ ئۇنىڭ يۈزىگە قانداقمۇ قارايمەن ئەمدى؟ ھەي ئىسىت، مېنىڭ ئەقىلسىزلىكىم، مەن تېخى ئادەم بولماپتىمەن.

ئۇ ئۆز ـ ئۆزىنى ئەيىبلەپ ياتقان ئاشۇ دەقىقىدە رىسالەتنىڭمۇ چوقۇم ئۇخلىمىغانلىقىنى، مۇشۇ ئىشلارنى ئويلاپ كىرپىكىنى نەمدەپ ياتقانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈردى. كاللىسىغا بۇ خىيالنىڭ قەيەردىن كېلىپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بىراق، ئىشلارنىڭ چوقۇم شۇنداق ئىكەنلىكىنى كۆڭلى تۇيۇپ تۇراتتى.

تاڭ ئاتتى، دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۇپۇق بېلىقنىڭ قورسىقىدەك ئاقىرىشقا باشلىدى. قايسىدۇر بىر مەسچىتتىن مەز-

زىنىنىڭ بامداتقا ئەزان ئوقۇغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، رادىئو كانىيە-دىن قايسىبىر ناخشىچىنىڭ مارش تىپىدىكى جەڭگىۋار ناخشىلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى . تەبىئەت كېچىلىك ئۇيقۇسىدىن ئاستا - ئاستا ئويغىنىشقا باشلىغانىدى . ياتاقنىڭ كەينىدىكى مەيداندىن بىرسى-نىڭ شاخ سۈپۈرگە بىلەن تازىلىق قىلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى . سۈپۈرگىنىڭ بېتونغا سۈركەلگەندىكى شارت - شۇرت قىلغان ئاۋا-زىنى ئاڭلاپ ، سۇلايمان قاسىم ئىختىيارسىز هوشۇر سەلەيىنى ئېـ-سىگە ئالدى . ئۇمۇ مۇشۇنداق سەهەر پەيتلىرىدە شېرىن ئۇيقۇسىنى هارام قىلىپ ، مەيدان تازىلىغان بولغىيمىدى ؟ هوشۇر سەلەي ئېـ-سىگە كېلىش بىلەن ئۇنى يەنە بىر خىجىللىق تۇيغۇسى قىيناشقا باشلىدى . قەمبەرخان` بىلەن رىسالەت هەسرەت - نادامەت چېكىپ يۈرگەن مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە ئۇنىڭ قارىسىنى سۈندۈرۈپ ، هاراق ئىچىپ مەست بولغانلىقى پەقەتلا قاملاشمىغانىدى . ئۇ رىسا-لەتنىڭ ئالدىدا يەنە خىجىلچىلىق تارتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، بېشىنى يوتقان بىلەن چۈمكىدى .

دوختۇرخانىدا ئىش باشلانغانىدى . كارىدوردىكى تاراق - تۇ-رۇق ۋە سېستىرالارنىڭ بىر - بىرى بىلەن تىنچلىق سورىشىپ ، دورا قۇتىلىرىنى جىرىڭلىتىپ ئېلىپ ماڭغان ئاۋازى كېچىچە هو-كۈم سۈرگەن جىمجىتلىقنى نەگىدۇر قوغلىغانىدى . بىر چاغدا ياتاقنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ، تاماق قاچىسى كۆتۈرۈۋالغان رىسالەت كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزارغان كۆزلىرى سۇ-لايمان قاسىمنىڭ كېچىدىكى خىيالىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى . ئۇ ، سەهەر تۇرۇپ ، سۇلايمان قاسىم ئۈچۈن ناشتىلىق تەييارلىغانىدى .

— گۆش بىلەن كۆكتات شورپىسى قىلدىم ، — دېدى ئۇ قا-چىنى زولخۇمارغا سۇنۇپ ، — سۇلايمان ئاكامنىڭ مۇشۇنداق شور-پىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندەك قىلغانمەن . ئىسسىقىدا ئىچۈرۈپ قويۇڭ ، مەن بىمارلارنى يوقلاپ بولغاندىن كېيىن ، كىرىمەن .

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە سۇلايمان قاسىمغا مۇنداقلا بىر قارىۋەتـ
كەندىن كېيىن ، ياتاقتىن چىقىپ كەتتى . سۇلايمان قاسىم رىساـ
لەتنىڭ مۇشۇ شورپىنى قايىنتىپ بولغۇچە نېمىلەرنى خىيال قىلىـ
غانلىقىنى تېپىش ئۈچۈن خېلى باش قاتۇردى ، بىراق بۇنىڭغا
ئېنىق بىر جاۋاب تېپىشقا ئالدىرىمىدى .
ئەتىگەنلىك كېسەل يوقلاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، رىسالەت
ئىشخانىسىدا قىلىدىغان ئىشلىرىنى تېزلا ئاخىرلاشتۇردى ۋە سۇلايـ
مان قاسىمنىڭ ياتىقىغا كىردى . ئۇ قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇپ
ئولتۇرغان زۇلخۇمارغا قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە دېدى :
ــ ئەمدى ئىسمىنا ئالمىشامدۇق ؟ سىز ئۆيگە بېرىپ بالىلار ـ
نىڭ چۈشلۈك تامىقىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كېلىڭ ، دېسەم ـ
دېمىسەم ئۇلار ئەتىگەن تۈزۈك ناشتا قىلمايلا مەكتەپكە مېڭىشتى .
چاي ئىچىۋالسۇن دەپ چاقىرغىلى چىقسام ، ئۇلار ئاللىقاچان كېـ
تىپ بوپتۇ . شۇڭا ، سىز ئۆيگە بىر بېرىپ كەلمىسىڭىز بولمىدى
ئەمدى .
ــ سىڭلىم ، سىزنى يەنە ئاۋارە قىلىمەنمۇ ؟ ــ دېدى زۇلخۇـ
مار كۆزلىرىگە ياش ئالغان هالدا ، ــ هەي ، ئەمدى بۇ ...
ــ تۈزۈت قىلماي بېرىۋېرىڭ ، سۇلايمان ئاكامدىن قىلچىلىك
غەم قىلماڭ ، ئۇنىڭغا ئۆزۈم قارىغاچ تۇرىمەن . تېز بېرىپ ، تېز
كېلىڭ .
ــ ئەمىسە مەن ئۆيگە بېرىپ كېلەي ، ــ دېدى زۇلخۇمار
ياغلىقىنى تۈزەشتۈرگەچ ، ــ دېمىسىمۇ بىز ئاياللارنىڭ غېمى جىق
بولىدىكەن ، بالىلارنى ئويلاپ كېچىدىنىمۇ كۆزۈمگە تۈزۈككىنە ئۇيقۇ
كەلمىگەنىدى .
ئۇ بىكارلانغان قاچىلارنى ئېلىپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى .
رىسالەت كارىۋاتنىڭ بېشىدا تۇرۇپ سۇلايمان قاسىمنىڭ چىرايىغا
ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن قاراپ كەتتى . بۇنىڭدىن بىرئاز خىجىللىق
هېس قىلغان سۇلايمان قاسىم قولىنى يوتقاندىن ئاستا چىقىرىپ ،
ئۇنى يېنىغا چاقىردى . رىسالەت بەكمۇ ئىنتائىچانلىق بىلەن ئۇنىڭ

يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە يۈزىنى ئۇنىڭ ھەربىر نەپىسىگە ئەگدىشىپ كۆتۈرۈلۈپ – چۈشۈۋاتقان كۆكرىكىگە ياقتى. سۇلايمان قاسىمنىڭ دۈپۈلدەپ تۇرغان يۈرەك سوقۇشى ئۇنىڭغا ئېنىق ئاڭلاندى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن رىسالەتنىڭ بېشىنى سىلىدى.

— مەندەك بۇزۇق ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ كەلگىنىڭىزدىن بەكمۇ ئەپسۇسلانغانسىز، — دېدى سۇلايمان قاسىم تاڭلىيىغا چاپلىشىپ قالغاندەك قېتىپ تۇرغان تىلىنى تەستە ھەرىكەتلەندۈرۈپ، — مېنىڭ راستىنىلا سىلەرگە قارىغۇدەك يۈزۈم يوق. قەمبەرخاچام بىلەن قانداقمۇ يۈز كۆرۈشەرمەن ئەمدى؟

— بۇ ئىشلارنى ھازىرچە ئويلىماي، خاتىرجەم داۋالىنىڭ، سۇلايمان. خۇدانىڭ كۈنلىرى ئۇزۇن، بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلسىڭىز بولىدۇ، — رىسالەت شۇنداق دەپلا بىردەم جىم بولغاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىغىنىچە سورىدى، — ھە راست، سىز ئىلگىرىمۇ ئاتەك سەتەڭنىڭ بوتكىسىغا بېرىپ تۇرامتىڭىز؟

سۇلايمان قاسىمنىڭ يۈزى كۈز كۈنلىرى دالىدا ئۆسكەن لالىنىڭ بېغىشىدەك قىزاردى. ئۇ كۆزلىرىنى چىڭگىدە يۇمۇپ شۆكلەپ كەتتى. ئارىدا بىر سېستىرا كىرىپ ئۇنىڭ ئوكۇلىنى ئۇرۇپ قويۇپ، چىقىپ كەتتى. ياتاق ئىچى يەنە سۈكۈتكە پاتتى.

— شۇ كۈنى مەن ئۆزۈمنىڭ نەگە بېرىپ قالغانلىقىمنى دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇقتۇم، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، ياتاقنىڭ سۈكۈتىنى بۇزۇپ — راستىنى دېسەم، بۇ بازاردا «ئاتەك سەتەڭنىڭ بوتكىسى» دەيدىغان بىر جاينىڭ بارلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەنمەن. شۇ كۈنى بەكلا ئىچىم سىقىلىپ، كۆڭلۈم بىسەرەمجان بولۇپ قالغانىدى. چۈشتىن كېيىن ئىدارىدىكى ئىشىم تۈگىگەچ، كوچىلارنى ئايلىنىپ كىرىش ئۈچۈن چىققانىدىم. ئايلىنىپ بېرىپ شۇ نەس باسقۇر يەرگە قانداق كىرىپ قالغىنىمنى ھازىرمۇ ئۇقمايمەن. رىسالەت، بۇمۇ ماڭا كەلگەن بىر كەلگۈلۈك. پېشانەمگە

شۇنداق كەلگۈلۈك پۇتۇلگەن بولسا، ئۇ ھېلىغۇ مۇشۇ بازاردا ئىكەن، ئادەمزات ئايىغى بېسىلمىغان چۆل - جەزىرىلەردە بولسىمۇ قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىكەن. مەن بەكمۇ قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپتىمەن، رىسالەت، ساقىيىپ كەتسەممۇ بۇ چۈشنىڭ ئاسارى. تىدىن ئۇزۇنغىچە قۇتۇلالمىغۇدەكمەن. كىشىلەر مېنى قانداق ئا. دەم چاغلاپ قالغاندۇ؟ ساقالغا قىرو چۈشكەندىمۇ مۇشۇنداق يەرلەر. دە تىمسىقلاپ يۈرگىنىمنى ئاڭلاپ، نېمىمۇ دېيىشكەندۇ؟ ھەي، مۇشۇلارنى ئويلاپ بەكمۇ ئازابلىنىپ كېتىۋاتىمەن.

رىسالەت ھېچنېمە دېمىدى. ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ تومۇرلى. رى بورتۇپ چىققان تۈكلۈك قولىنى ئوينىغىنىچە يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. بىر چاغدا ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، سۇلايمان قاسىمغا تىكىلدى.

— سۇلايمان، ئەرلەر نېمىشقا ئۆزىنى ھاراققا ئۇرىدۇ؟ بەزى ئەرلەرگە ھاراق بولسا، ئۆزلىرىگە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمىنىڭ لازىمى يوقتەك قىلىشىپ كېتىدىكەن. ھېمىت ياسىنمۇ ھاراققا بەكلا ئامراق. ئۇنىڭمۇ ئاشۇنداق بوتكىلاردا ئىچىپ يۈرگىنىدىن خەۋىرىم بار. ئۇ يەرنىڭ تېمىسى ياخشى؟ ئاشۇنداق بوتكىلار ھەقى. قەتەن ياخشى بولسا، سىز ساقايغاندا مېنىمۇ بىللە ئېلىپ بېرىڭ. ئىككىمىزمۇ بوتكىدا بىر ئىچىشەيلى، بولامدۇ؟

سۇلايمان قاسىم گېلىدىن بىرسى بوغۇۋالغاندەك تولغىنىپ كەتتى. ئۇ رىسالەتنىڭ خۇددى زۇلخۇمارغا ئوخشاشلا گەپ قىلىۋات. قىنىنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمدى.

— گەپ قىلمايسىزغۇ؟

— مەن يەنە نېمە دېيەلەيمەن؟ — ئۇ ئېغىر ئۇھسىندى، — مۇشۇ ئىشىم ئۇچۇن ئۆزۈمنى مەڭگۈ كەچۈرەلمەيمەن، رىسالەت. ئەمدى ماڭا ھېلىقى نەس باسقۇر يەرنىڭ گېپىنى قىلماڭ. مەن بۇنىڭدىن كېيىن ھاراق ئىچمەسلىككە قەسەم قىلدىم. مېنىڭ سا. قىيىپ قوپقاندىن كېيىن، ھېچ يەرگە بارغۇم يوق. مېنى خىجىل قىلمىسىڭىز، بولامدۇ؟

www.uyghurkitap.com

رىسالەت يۈزنى سۇلايمان قاسىمنىڭ ئالقىنىغا ياقتى.
چۈشكە يېقىن زۇلخۇمار بىر قاچا تاماق كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى بىرئاز تۇتۇلۇپ قالغاندى، ئۇ ياتاق ئىچىگە ئۇبدان بىر نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن سۇلايمان قاسىمدىن سورىدى:
— رىسالەت قېنى؟
— كېسەل كۆرگىلى چىقىپ كەتتى.
— مەن كارىدوردا بىرسىنى كۆرۈپ قالدىم، — دېدى زۇلخۇمار سىرتقا بىر قارىۋېتىپ.
— دوختۇرخانا دېگەن بىر قونالغۇغا ئوخشايدۇ، خوتۇن. ھېچكىم ئۇنىڭدا ياتمايمەن دېيەلمەيدۇ. شۇڭا، بۇ يەرگە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغانلار كۆپ. ھە راست، سىلى كىمنى كۆردۇڭلا؟
— ئىلگىرىكى باشلىقىڭىز ياسىنجاننى. بىرئايال ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلىۋاپتۇ. قارىسام چىرايىنىڭ ھېچبىر ئۆڭسۈلى يوق. ئۇچ بۇرجەك بولۇپ تۈگۈلۈۋاپتۇ. قارىغاندا كېسىلى خېلى ئېغىر بولسا كېرەك.
— ياسىنجان؟ — سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى، — جاھاندا يىقىلمايدىغان دەرەخ يوقكەن - دە؟ ئۇ ئۆزىنى مەڭگۈ كېسەل بولمايدىغاندەك، ھەتتا مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك چاغلايتتى. ئاخىر ئۇمۇ بۇ يەرنىڭ مېھمىنىغا ئايلىنىپتۇ مانا. نېمە كېسەلدۇ؟
— نېمە كېسەللىكى بىلەن چاتىقىمىز نېمە؟ ھە راست، ئۇ رىسالەتنىڭ قولىغا چۈشمىسە ياخشى بولاتتى. ئۇ دەيۈزنىڭ ھوشۇركامغا قىلغانلىرى ئاز ئەمەس. بىر ھېساپتا ھوشۇركامنى ياسىنجان ئۆلتۈرۈۋەتتى دېسىمۇ بولىدۇ. بۇنى رىسالەت ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ ئاچچىقىنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتسە، ئالىمادىس بىرەر ئىش چىقىپ قالسا، ھەممىمىزگە ياخشى ئەمەس؟
سۇلايمان قاسىم تورۇسقا قارىغىنىچە خىيال سۈرۈپ ياتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى قانداقتۇر بىر ئەندىشىدىن گۈپۈلدەپ سوقاتتى.

نەپەسمۇ تېزلىشىپ كەتكەندى .

## 77

- ئوپېراتسىيە جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا ئىدى . يۈرەك ھەرىكى-تىنى كۆزىتىدىغان ئوسكوپنىڭ رىتىملىق ھالدا تىت - تىت قىلغان ئاۋازى ئوپېراتسىيىخانىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى . تو-رۇستىكى لامپىلار ياسىنجاننىڭ ئىچ ئەزالىرىنى ئوبدانراق بىر كۆرۈپ بېقىشنى خىيال قىلغاندەك چاقناپ تۇراتتى . ئارىلاپ ئوپې-راتسىيە پىچىقى ۋە قىسقۇچلارنىڭ تۆمۈر پەتنۇسقا تەگكەندىكى ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى .

رىسالەت ئۇنىڭ چۇۋۇلۇپ ياتقان ئىچ باغرىغا نەزەر تاشلىدى . ياسىنجاننىڭ ئىچكى ئەزالىرىمۇ ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئوپېرات-سىيە قىلغان بىمارلارنىڭكىگە ئوپئوخشاش ئىدى . پەرقلەنمەيدىغان ھېچ نەرسە يوق . بىراق ، ئۇنىڭ ئىچى نېمانچە ياماندۇ؟ مۇشۇ بىھوش ياتقان ئادەمنىڭ دادىسىغا سالغان زۇلۇملىرىنى ئويلىغىنى-دا ، رىسالەتنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى . مانا ، ئۇنىڭ قولىدا پىچاق ! غول تومۇرنى شۇنداق كەسسىلا ئىش تامام ! ياسىن-جان دېگەن ئۆسۈملۈك ئادەمگە ئايلىنىدۇ . ئوپېراتسىيە جەريانىدا بۇنداق ھادىسىلەردىن ساقلانماق قىيىن . يەنە كېلىپ ئوپېراتسىيە-دىن ئىلگىرى كېلىپ چىقىدىغان بارلىق ئاقىۋەتكە ئۆزلىرىنىڭ ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۇنىڭ ئايالى قول قويغان . شۇنداق ئې-كەن ، ياسىنجان ئۆلۈپ كەتسىمۇ ، رىسالەتتىن ھېچكىم گۇمان قىلمايدۇ . خۇدانىڭ دادىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىشىپ ئۇ-چۇن ئۆزىگە مۇشۇنداق بىر ياخشى پۇرسەتنى يارىتىپ بەرگىنى-گە ئۇ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى .

ئۇ پىچاقنى ئالماشتۇردى . ئەمدىكىسى تېخى ئىشلىتىلمىگەن يېپيېڭى پىچاق ئىدى . ئۇ تورۇستىكى چىراغنىڭ كۈچلۈك نۇرىدا ۋال - ۋۇل قىلىپ يالتىرايتتى . رىسالەت كۆزىنى يۇمۇپلا پىچاقنى

قاپقارا قانلار شۇرۇلداپ ئېقىۋاتقان كۆك تومۇرغا سانجىشنى نىيەت قىلدى . دەل شۇ چاغدا ھوشۇر سەلەينىڭ چىرايى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى . چېھرىدىن نۇر تاراپ تۇرغان دادا ئۇنىڭغا جىممىدە قاراپ تۇراتتى . رىسالەت ئىچىدە ئىلتىجا قىلدى : «جېنىم دادا ، ماڭا مەدەت بەر ، مەن بۇ مەرەزنىڭ قارنىنى يۆسۈۋېتەي قىساسىڭنى ئېلىپ روھىڭنى بىر خۇش قىلاي ، سېنىڭ ئارمان بىلەن ئۇچۇق كەتكەن كۆزلىرىڭنى مۇشۇ ئىشىم بىلەن يۇمدۇراي . ماڭا مەدەت بەرگىن ، جېنىم دادا . ماڭا كۈچ قۇۋ- ۋەت ئاتا قىلغىن !...»

ھوشۇر سەلەي يەنىلا جىممىدە قاراپ تۇراتتى . دادىسىنىڭ بۇ خىل سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇۋېرىشىدىن ئىچى سىقىلغان رىسالەتنىڭ قوللىرى تىترەپ كەتتى . ئۇ كىمدىندۇر مەدەت تىلىگەندەك ئەترا- پىغا قارىدى . ئامىنە ئۇنىڭ يۈزىدىكى ئۇششاق تەر تامچىلىرىنى سۈرتتى ، باشقا سېستىرالارمۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇشاتتى .

ئامىنە رىسالەتكە قاراپ ھەيران بولماقتا ئىدى . چۈنكى ، بۇ قەيسەر ئايال ئەزەلدىن ئوپېراتسىيە ئۈستىدە بۇنداق تەرلەپ باقمى- غان ، ئەپچىل قوللىرى بۇنداق تىترىمەيتتى . نى قىيىن ئوپېراتسى- يىلەرنى كىچىك باللار پىچاق ئوينىغاندەكلا قىلىۋېتىدىغان بۇ ئايال ئەمدىلىكتە تەمتىرەپ قالغانىدى . رىسالەتتە ئەزەلدىن كۆ- رۈلۈپ باقمىغان بۇ خىل ھالەت ئۇنى راستىنلا ھەيرەتتە قالدۇرغانىدى .

ــ نېمە بولدى ؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ تېخىچە تىترەۋاتقان رى- سالەتنىڭ بىلىكىنى چىمدىپ قويۇپ ، ــ تېزرەك بولۇڭ ، ئوپېرات- سىيىنىڭ ۋاقتى سوزۇلۇپ كەتسە ، بىمارنىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچرى- شى مۇمكىن . ھېلىمۇ ئۇنىڭدىن قان كۆپ چىقىپ كەتتى .

رىسالەت ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بېشىنى كۆتۈردى . ھوشۇر سەلەي سۈس كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن ، ئاستا ـ ئاستا غايىب بولدى . رىسالەت ئۇنى ئىزدىگەندەك ئوپېراتسىيىخانىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا بىرمۇبىر قاراپ چىقتى . لېكىن ، دادىسى-

نىڭ سىيماسى يوق ئىدى . ئۇنىڭ چىڭقىلىپ تۇرغان مېڭىسى بىردىنلا سوزۇلدى . كاللىسىدا شۇنداق بىر خىيال پەيدا بولدى :
«توغرا ، ئوپېراتسىيە كارىۋىتىدا كىم ياتقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ مېنىڭ بىمارىم . ئۇنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىشىم كېرەك . قولۇمغا چۈشكەندە ئۆچۈمنى ئالسام ، مېنىڭ مۇنۇ ئادەمدىن نېمە پەرقىم قالىدۇ ؟ مەن ئاق خالاتقا يۈز كېلەلىشىم كېرەك . ئۇنىڭ ناپاك قېنى بىلەن قولۇمنى بۇلغاپ ، بىر ئۆمۈر ۋىجدان ئازابى تارتسام بولمايدۇ . خەير ، بۇ ھېسابنى خۇداغا قويدۇم . ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەملى بىلەن ھېساب بېرىدىكەنغۇ ؟ قېنى ، ياسىنجانمۇ شۇ قىلغانلىرى ئۈچۈن خۇدانىڭ ئالدىدا ھېساب بەرسۇن ... »
رىسالەتنىڭ تەرلىرى قۇرۇدى ، يىگىلا رېمونتتىن چىققان ماشىنىدەك سازلىشىپ ، پىچاق تۇتقان قوللىرى ئىلگىرىكىدەك ئەپچىل ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى . ئەمدى ئوپېراتسىيىنىڭ سۈرئىتى تېزلەشكەنىدى . رىسالەت ھودۇقماي ، تەمتىرىمەي كېسىدىغان يەرنى كېسەتتى ، تىكىدىغان يەرنى تىكەتتى . بىر سائەتكە قالماي ئوپېراتسىيە تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى . ياسىنجاننىڭ ئاشقازىنىدىكى يوغان بىر پارچە ئۆسمە كېسىپ ئېلىۋېتىلگەنىدى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ، ئىشىك تۈۋىدە كۈتۈپ تۇرغان ياسىنجاننىڭ ئايالىنىڭ چېھرىگە كۈلكە يۈگۈردى . ئۇ رىسالەتنىڭ قولىنى چىڭ قىسقىنىچە تەكرار - تەكرار رەھمەت ئېيتتى . رىسالەت ئۈندىمىدى . بىراق ، ئۇنىڭ قەلبى قانداقتۇر بىر نەرسىدىن چوڭقۇر سۆيۈنگەندەك ، شېرىن تۇيغۇغا تولدى .
بىمار ئىگىلىرى ۋە مەسئۇل سېستراغا بۇ بىمارنى قانداق كۈتۈش ھەققىدىكى ئىشلارنى بىرقۇر تاپىلىغاندىن كېيىن ، سۇلايمان قاسىمنىڭ يېنىغا كىردى . ئۇنى كۆرۈپ سۇلايمان قاسىم بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئالدىراپ سورىدى :
— ئوپېراتسىيە قانداق بولدى ؟
رىسالەت گەپ قىلماستىن بېشىنى لىڭشىتتى . سۇلايمان قا-

سىمىنىڭ جىددىيلەشكىنىدىن تارتىنىشىپ تۇرغان چىرايىغا كۈلكە
يۈگۈردى . ئۇ ئۇھ دېگىنىچە قايتىدىن بېشىنى ياستۇققا تاشلىدى .
— ھەرنېمە بولسا ئاچچىقىنىڭ كەينىگە كىرىپ قولىڭىزنى
بۇلغىۋالماپسىز . بۇنداق قىلىش ئەرزىمەيدۇ . ياسىنجانمۇ قىلغانلىد-
رىنىڭ دەردىنى ئۆزى تارتسۇن . مەن سىزدەك ئىستىقباللىق بىر
دوختۇرنىڭ ئاچچىقىنىڭ كەينىگە كىرىپ ، قولىنى بۇلغىۋېلىشىدىن
بەكمۇ ئەنسىرىگەنىدىم . قارىغاندا ، مەن يەنىلا سىزنى چۈشەنمەپتى-
مەن ، رىسالەت ، مېنى كەچۈرۈڭ .
— كەچۈرۈم سوراش ھاجەتسىز !
رىسالەت شۇنداق دېگىنىچە بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ كېلىپ
ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى . ئۇ ئىچىگە تىنىپ بىرئاز ئولتۇرغاندىن
كېيىن ، سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ دېدى :
— ئويلىغانلىرىڭىز تامامەن توغرا ، سۇلايمان . ئەسلىدە مې-
نىڭ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، دادامنى قان يىغلاتقان ئۇ
مەلئۇننى جەھەننەمگە يولغا سېلىش ئىمكانىيىتىم بار ئىدى . بى-
راق ، كۆز ئالدىمدا پەيدا بولغان دادام ماڭا مەدەت بەرمىدى . ئۇنىڭ
ئۈستىگە ماۋۇ ئاق خالاتمۇ ماڭا تەنبىھ بەرگەندەك ئۈستۈمدىن
تاغدەك باستى . شۇنىڭ بىلەن مەن نىيىتىمدىن ۋاز كەچتىم . بۇ
ھېسابنى خۇداغا قويدۇم .
— ئۆزىنىڭ ناتوغرا نىيىتىدىن ۋاز كېچىشمۇ بىر خىل ئا -
لىيجانابلىق ، — دېدى سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم
سىقىپ ، — سىز دېگەن ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن دوختۇر ،
كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالايدىغان ، رەنجىگە شىپا بولىدىغان ئا-
دەم . شۇڭا ، بەزى ئىشلاردا ھېسسىياتىڭىزغا تايىنىپلا ئىش كۆر-
سىڭىز بولمايدۇ . سىزدىن ئوپېراتسىيىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولغاد-
لىقىنى ئاڭلاپ بولغۇچە قانچىلىك ئەندىشە ئىچىدە قالغىنىمنى
بىلەمسىز ؟ ياسىنجان ھەقىقەتەن بىر مەلئۇن ، ئۇ ھوشۇركامغا كۆن
بەرمىگەن ، ئۇنىڭ ئىدارىدىكىلەرگە ۋە دادىڭىزغا قىلغانلىرى ئاز
ئەمەس . بىراق ، بۇنىڭلىق بىلەن سىز ئۇنى بىر تەرەپ قىلىۋەتسى-

ڭىز بولمايدۇ . بۇ دېگەن بىر يارامسىز دوختۇرنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس . مەن سىزنىڭ ئالىيجاناب قىز ئىكەنلىكىڭىزگە يەنە بىر قېتىم قول قويدۇم . رىسالەت ، ھەي رىسالەت ، سىزگە ھەمنەپەس بولالمىغانلىقىمدىن بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن . بىراق ، مەندە نېمە چارە ؟ ئۆزۈمنىڭ سىزدىن بۇرۇن تۇغۇلۇپ قالغانلىقىمغا بەكمۇ ئۆكۈنىمەن .

— بولدى ، گەپ قىلماڭ ، — دېدى رىسالەت ۋە ياتاقتا قاراپ تۇيۇقسىز سورىدى ، — ھە راست ، زۇلخۇمار ئاچام كۆرۈنمەيدىغۇ ؟

— بازارغا چىقىپ كەتتى ، چۈشلۈك تاماقنىڭ غېمىنى قىلامدىكىن ؟

— كۆڭلىڭىز نېمىنى تارتىدۇ ؟

— بولدى ، سىز ئاۋارە بولماڭ . زۇلخۇمار نېمىنى ئەكىرسە ، شۇنى يەرمەن . ئەمدى سىزمۇ بىردەم ئارام ئېلىۋېلىڭ . ئوپېراتسىدىيىدىن چىقىپلا بۇ يەرگە كىرىپسىز ، دەم ئالمىسىڭىز بولمايدۇ . ھە راست ، رىسالەت ، يېقىندىن بېرى تەتقىقاتىڭىز قانداق كېتىۋاتىدۇ ؟ بىرەر نېمىنى تۈتتىڭىزمۇ ؟ شۇنداق بولسا ماڭا ۋاقتىڭىزنى زايە قىلماي ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ . مەن تۇپەيلى ئۇ ئىشقا تەسىر يەتسە بولمايدۇ .

رىسالەتنىڭ ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىردەم ئولتۇرغۇسى بار ئىدى . بىراق ، «زۇلخۇمار نېمىنى ئەكىرسە ، شۇنى يەرمەن» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ ، ئورنىدىن تۇردى . چۈنكى ، بۇنداق ئىشلاردا ئاياللارنىڭ ئىچى بىرئاز تار كېلەتتى . ئۇ چاندۇرمايمەن دېگىنى بىلەن ، قېنىدا بار ئاياللىق خۇسۇسىيەت ھامىنى كارامىتىنى كۆرسىتىپ قوياتتى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان سۇلايمان قاسىم رىسالەتنىڭ كۆڭلىدىن نېمىلەرنىڭ كەچكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلماقچى بولغاندەك ، ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىنى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئون يەتتىنچى باب

# قۇتۇلۇش

## 78

سۇلايمان قاسىمنىڭ باش قىسمىدىكى جاراھەت ئىزى چاپسانلا ساقىيىشقا قاراپ يۈزلەنگەندى. ئۇنىڭ پۈتىدىكى سۇنۇقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تېنىدە كېسەللىك ئالامىتى قالمىدى. شۇڭا، ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىپ، ئۆيدە ئارام ئېلىش قارارىغا كەلدى.

— بۇ يەردىن بەكلا زېرىكىپ كەتتىم، — دېدى ئۇ بىر كۈنى ئۆزىنى يوقلاپ كىرگەن رىسالەتكە قاراپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە يېتىۋەرسەم، سىزنىمۇ خاتىرجەم خىزمەت قىلغىلى قويمايدىكەنمەن. زۇلخۇمارمۇ دوختۇرخانا بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىلىقىدا قاتراپ يۈرۈپ بالىلارغىمۇ تۈزۈك قارىيالمايدىكەن. شۇڭا، ئەمدى ئۆيدە يېتىپ پۇتۇمنىڭ ساقىيىشىنى كۈتەيمىكىن دەيمەن.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە مەندىنمۇ زېرىكتىڭىز، — دېدى رىسالەت قىزارغىنىچە، — بوپتۇ، ئۆيگە كېتىمەن دېسىڭىز، مەن توسۇمايمەن. بىراق، يەنە بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ بېرىڭ. نېمىشقىكىن مېنىڭ سىزنى بۇ يەردىن ئالدىراپ چىقىرىۋەتكۈم يوق. بۇگۈن كەچ مەن نۆۋەتچىلىك قىلىمەن. يالغۇزلۇقتىن جېنىم قاقشاپ كېتىشى مۇمكىن. ئەتە كەتسىڭىزمۇ بولىدىغۇ؟

سۇلايمان قاسىم بېشىنى لىڭشىتتى.

چۈشلۈك تاماق ئېلىپ كەلگەن زۇلخۇمار ئۇنىڭغا تاماق يېگۈزۈۋېتىپ دېدى:

— ھىمىتجان گەپ كۆتۈرۈپ كەپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئىدا-

ره باشلىقى سىزنىڭ تۈزگەن خىزمەت پىلانىڭىزنى بۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى مۇزاكىرىگە قويماقچىكەن . پىلانىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىپ بەرسۇن دەپتۇ . قانداق قىلىسىز ؟

سۇلايمان قاسىمنىڭ گېلىدە تاماق تۇرۇپ قېلىشقا قىل قالدى . ئۇ ئېغىزىدىكى تاماق قالدۇقلىرىنى يۇرقىغىنىچە ئالدىراپ يېنىدىكى ئاچقۇچنى ئېلىپ ، ئۇنىڭغا سۇندى :

— پىلان ئىشكاپتا ، ھەمىتجان ئېغىر كۆرمەي ئىدارە باشلىقىغا يەتكۈزۈپ بەرسۇن . بۇ ئىنتايىن مۇھىم پىلان ، مۇزاكىرىدىن قالسا ھەرگىز بولمايدۇ . سىلى ھازىرلا بېرىپ ئاچقۇچنى ھەمىتجانغا بېرىڭلا . ئىشكاپنى ئاچسىلا تاپالايدۇ .

زۇلخۇمار چىقىپ كەتتى . سۇلايمان قاسىمنىڭ يۈرىكى قاتتىق سالماقتا ئىدى . پىلان مۇزاكىرىگە قويۇلسىلا ئۇنىڭ ماقۇللىنىشىدا گەپ يوق . چۈنكى ، ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭ پىلانىنى بەكمۇ ماختىغان ۋە ئۆزى تولۇقلىما بەرگەنىدى . ئەگەر بۇ پىلان تەستىقلىنىپ قالسا ، ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىشلىرى يۈرۈشەتتى . بىر ئىدارە دېگەندە كادىرنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىدىغىنى يەنىلا ئۆزۈڭ ئېلىپ بارغان تەتقىقات ۋە ئۇنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان نەتىجىسى . سېنىڭ ئەمگىكىڭ ھۆرمەتلەنسە ، تارتقان جاپالىرىڭمۇ كۆزۈڭگە كۆرۈنمەي قالىدۇ . سۇلايمان قاسىمنىڭ بۇ پىلانغا قانچىلىك يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغىنىنى بىر ئۆزى بىلەتتى . شۇڭا ، ئۇ پىلانىڭ مۇزاكىرىگە قويۇلماقچى بولغىنىنى ئاڭلاپ ، تويىنىڭ ھارپا كۈنىنى تەسلىكتە ئۆتكۈزۈۋاتقان ياش يىگىتتەك ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى .

بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ، زۇلخۇمار قايتىپ كەلدى . ئۇنى كۆرۈپ ، سۇلايمان قاسىم ئالدىراپ سورىدى :

— قانداق بولدى ؟ ھەمىتجاننى تاپتىڭلىمۇ ؟ ئۇ نېمە دېدى ؟

— نېمە دەيتتى ؟ بولىدۇ ، مەن ھازىرلا پىلاننى تېپىپ باشلىققا يەتكۈزۈپ بېرەي دەپ ، ئىشخانىغا چىقىپ كەتتى . بۇنچە جىددىيلىشىپ كەتكۈدەك شۇنچە مۇھىم پىلانمىدى ئۇ ؟

— ئۇزۇن يىللىق خىزمەت تەجرىبەمنىڭ خۇلاسىسى ۋە بۇ-
نىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە جىددىي ئىشلىمەكچى بول-
غان خىزمەتنىڭ پىلانى ئىدى، مۇزاكىرىدىن قالسا، ھېچ ئىش
قىلغىلى بولمايدۇ.
زۇلخۇمار ئۇنىڭ سوۋۇپ كەتكەن تاماقىنى يېڭىۋا-
زۇشكە تۇتۇندى.
— بولدى، بولدى، مەنمۇ خېلى ساقىيىپ قالدىم. ئەمدى
كىچىك باللاردەك سىلىنىڭ قولۇڭلىدىن تاماق يەۋەرسەم، سەت
تۇرىدىكەن. ئەكىلىڭلا، ئۆزۈم يەيمەن.
سۇلايمان قاسىم قاچىنى قولىغا ئېلىپ، چاپلىشىپ كەتكەن
چۆپلەرنى يېيىشكە باشلىدى.
— بايام شۇنداق دېسىڭىز بولماسمىدى؟ مەنمۇ قاچىنى قولى-
ڭىزغا بېرىپ ماڭاتتىم، — دېدى زۇلخۇمار ئۇنىڭ كاللەك چۆپلەر-
نى بىر - بىرىدىن ئاجرىتالماي چوكا سىلكىشلىرىگە قاراپ.
— مەن دېمىسەممۇ سىلى ئويلىساڭلا بولاتتى، — سۇلايمان
قاسىم قاچىنى ئاستا تومپۇچكىنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئۇنىڭ بۇنداق
سوۋۇپ كەتكەن تاماقنى ئەزەلدىن يېمەيدىغانلىقىنى ئىبسىگە ئالغان
زۇلخۇمار يەنە سورىدى:
— دىككىدە چىقىپ، بازاردىن بىرنەرسە ئەكىرىپ بېرەمدى-
مەن يا؟
— بولدى، ئەمدى مېنىڭ كېلىمدىن ھېچ نەرسە ئۆتمەيدۇ.
سىلى قايتىپ بېرىپ، ئۆيلەرنى بىرقۇر تازىلىۋېتىڭلا. مەن ئەتە
ئۆيگە قايتىمەن. دوختۇرخانىدا يېتىۋېرىپ ئىچىم سىقىلىپ كەت-
تى. ئۆيدە يېتىپ، سىلى ئەتكەن ئىسسىق تاماقنى باللار بىلەن
بىللە يېسەم، ساقىيىشىم تېخىمۇ تېز بولغۇدەك. ئۆينى بەكلا
سېغىندىم، خوتۇن.
— راستىما؟ — زۇلخۇمارنىڭ چىرايى ئاپتاپتەك
ئېچىلدى، — راست قايتامسىز؟ خۇداغا شۈكرى، قەمبەرخاچامۇ
سىزنىڭ قاچان دوختۇرخانىدىن چىقىدىغانلىقىڭىزنى بەكمۇ سوراپ

كەتكەنىدى . بولسا ئەمدى ئۆيدە ئارام ئېلىڭ .. مەنمۇ دوختۇرخانى-نىڭ يۇراقلىرىدىن بەكلا زېرىكتىم .

— ئەمىسە ئۆيگە بېرىپ ئىشىڭلىنى قىلىڭلا ، ئەتىدىن باشلاپ ئۆي مېھمانلىق بولۇپ كېتىدۇ . بۈگۈن تازىلىق قىلىۋالمىساڭلا ئەتە يېتىشىپ بولالمايسىلە .

زۇلخۇمار بوشىغان قاچىلارنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى . سۇلاي-مان قاسىم ياتاقتا يالغۇز قالدى . نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ كۆڭلىدە تۇيۇقسىز بىر تەشۋىش پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇ ئۆزىچە تىت - تىت بولاتتى . بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇپ باقاتتى . ئۆزىنى ياستۇققا تاشلايتتى ، ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ يېتىپمۇ كۆردى . بىراق ئۇنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى كاللىسىدا داۋالغۇپ تۇرغان ئوي - خىياللى-رىنى زادىلا تىنچلاندۇرالمىدى . ئۇ قانداقتۇر بىرەر يامان سەزگۈ-نىڭ تەسىرىدىن بىئارام بولماقتا ئىدى . بىراق ، ئاشۇ سەزگۈنىڭ كۆڭلىدە نېمە سەۋەبتىن پەيدا بولغانلىقىنىڭ زادىلا تېگىگە يېتەل-مەيتتى .

چۈشتىن كېيىنلىك خىزمەت ۋاقتى بولغانىدى . بىر سېسترا ئۇنىڭ قان بېسىمىنى تەكشۈرۈشكە كىردى . تەكشۈرۈشتىن كېيىن ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ چىرايىغا گۇمانسىرىغاندەك قاراپ دېدى :

— سىزگە نېمە بولدى ؟ قان بېسىمىڭىز بىرئاز ئۆرلەپ قاپ-تىغۇ ؟ زىيانلىق بىرنەرسە يەپ قويمىغانسىز ؟

— ئىچىم بىرئاز تىتىلداپ تۇرىدۇ . شۇنىڭ تەسىرىدىنمىكىن يا ؟

— بەلكىم ، — دېدى سېسترا بېسىم ئۆلچىگۈچنى يىغىشتۇ-رۇۋېتىپ ، — سىز روھىي ھالىتىڭىزنى تۇراقلاشتۇرمىسىڭىز بول-مايدۇ . ئەمدى ئۆزىڭىزنى ئەركىن قويۇۋېتىپ ، بىردەم ئۇخلىۋې-لىڭ ، ياخشى ئۇخلىيالىسىڭىز قان بېسىمىڭىزنىڭ چۈشۈشىگە پايدىسى بار .

— رىسالەت دوختۇر بولسا ، چاقىرىپ قويامسىز ؟ ئۇنىڭدىن سورايدىغان گەپ بار ئىدى .

— رىسالەت دوختۇر كەچتە ئىشلەيدىغان بولغاچقا ، كۈندۈزى دەم ئالغان . كەچتە كېلىدۇ . ئىشقا كەلسىلا ، سىزنىڭ چاقىرغانلىقىڭىزنى دەپ قوياي .

سۇلايمان قاسىم بېشىنى لىڭشىتتى . بىراق ، ئۇنىڭ قەلبىدە قۇترىغان بوران تېخىچە گۈركىرەپ تۇراتتى . ئۇ كەچ كىرگۈچە تىنچلىنالمىدى . ياتاقتا يالغۇز يېتىپ بىرەرسىگە كۆڭلىدىكى تەشۋىشلىرىنىمۇ سۆزلەپ بېرەلمىدى . بۇرۇقتۇرما بولغانسېرى ياتاقنىڭ تۆت تېمى ئۆزىنى قىستاۋاتقاندەك بەكمۇ بىئارام بولۇپ كەتتى .

دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قۇياش تاغ كەينىگە باش قويغانىدى . يوپيورۇق تۇرغان ياتاقنىڭ ئىچىنى بىردىنلا گۇڭگاللىق قاپلىدى . دېرىزىدىن ئۇچقۇپ كىرىۋاتقان كەچكى كۈز شامىلى ئۇنىڭ چىڭقىلىپ يېرىلىپ كېتەي دەپ قالغان نېرۋىلىرىغا بىر ئاز ئاراملىق بەخش ئەتكەندەك بولدى . يا كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي ياكى بىرەرسى بىلەن مۇڭدىشالماي ، ۋاقىت گويا توختاپ قالغاندەك بىلىنگەن سۇلايمان قاسىم ، كارىدوردىكى ھەر بىر تىۋىشقا قۇلاق سالاتتى . ئۇ زارىقىپ كۈتۈۋاتقان ئاۋازنى ئەمدى مەڭگۈ ئاڭلىيالمايدىغاندەك بەكمۇ قايغۇرۇپ كەتكەنىدى . بىر چاغدا كارىدوردىن بىرسىنىڭ «رىسالەت دوختۇر» دەپ چاقىرغىنى ۋە ئۇنىڭ «نېمە ئىش؟» دەپ سورىغىنى ئاڭلاندى . رىسالەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، سۇلايمان قاسىمنىڭ پۇت - قولىغا جان كىرگەندەك بولدى . ئۇ ئىشىككە تۆت كۆزى بىلەن تىكىلىپ ئولتۇردى .

— قانداق ئەھۋالىڭىز؟ مېنى چاقىرغان ئىكەنسىز ، ئاڭلىسام ، قان بېسىمىڭىز سەل ئۆرلەپ قالغان ئوخشايدۇ . بىرەر ئۆزگىرىش كۆرۈلمىگەندۇ؟

رىسالەت ياتاققا كىرىپلا قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك بۇلدۇقلاپ ، سوئال دېگەننى ياغدۇرۇۋەتتى . سۇلايمان قاسىم گويا يىغلىۋېتىدىغاندەك ئۇمچەيگىنىچە ئۇنىڭغا قولىنى سۇندى .

— رىسالەت ، مېنى بەكمۇ تەقەززا قىلىۋەتتىڭىز جۇمۇ؟ نېمە

بولغىنىمنى بىلمەيمەن ، بۈگۈن كۆڭلۈم بەكلا پاراكەندە . بىر كۈن ۋاقتىم ئاجايىپ بىر تىت ـ تىتلىق ئىچىدە ئۆتتى ، كۈنمۇ ئەجەب تەس كەچ بولدى . نېمە بولغاندىمەن؟ قان بېسىمىمنىڭ ئۆرلەپ قېلىشىمۇ شۇنىڭ ۋەجىدىنمىكىن؟

— كەيپىياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان بىرەر ئىش بول ـ غانمىدى؟ — سورىدى رىسالەت ئۇنىڭ كىچىك بالىلارغىلا ئوخشاپ قالغان تۇرقىغا قاراپ ، — ياكى زۇلخۇمار ئاچام بىلەن بىرنەرسە دېيىشىپ قالغانمىدىڭىز؟

— ئۇنداق ئەمەس ، — سۇلايمان قاسىم قولىنى سىل ـ كىدى ، — ئىدارىدە مېنىڭ خىزمەت پىلانىمنى بۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى مۇزاكىرىگە قويماقچىكەن . ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلەيدىغان ئۈچ تەتقىقات تېمىسى كىرگۈزۈلگەن . بەلكىم شۇ ئىش كاللامغا قاتتىق تەسىر قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن . ئىشقىلىپ ئۇ مېنىڭ ئۆزۈمنى ئىسپاتلايدىغان تەتقىقات تېمام ئىدى . شۇنىڭ مۇزاكىرىدىن ئۆتمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن بولسام كېرەك . سىزمۇ ئەجەب بىر يوقاپ كەتتىڭىز ، يولىڭىزغا قاراپ كۆزۈم تېشىلەي دېدى . مۇشۇنداق چاغدا ئادەمنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ، كۆڭلى ـ گە تەسەللى بېرىپ ، ئۈمىد بېغىشلايدىغان ئادەم بولمىسا بولمايدى ـ كەن . مەن پۇخادىن چىققۇدەك بىر يىغلىۋالايمۇ؟ ئىچىم بوشاپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس .

— قېنى ئەمىسە يىغىنى باشلاڭ ، مەنمۇ سىزگە تەڭكەش قىلاي . قوش ئاۋازلىق ناخشىچىلاردەك بىللە يىغلايلى .

سۇلايمان قاسىم رىسالەتنىڭ چاچچاق ئارىلاش بۇ گېپىدىن كۈلۈپ تاشلىدى .

— ئۇ چاغدا بىزنى قوش ئاۋازلىق ناخشىچى ئەمەس ، قوش ئاۋازلىق يىغىچى دېسە توغرا بولار .

— ئۇ پىلانىڭىز قەيەردە ئىدى؟ مۇزاكىرىگە كىم يەتكۈزۈپ بەرمەكچى؟ — سورىدى رىسالەت بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك بو ـ لۇپ .

— ئىشكاپتا ، ھېلىقى چوڭ ئىشكاپنىڭ ئىچىدە ، ئۇنى ھىممىت ياسىن يەتكۈزۈپ بەرمەكچى . زۇلخۇمار ئاچقۇچنى شۇنىڭغا بەردى .

سۇلايمان قاسىم ئىشكاپ دېگەن گەپنى ئېغىزىغا ئېلىشى بىلەنلا تەڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى . كۆڭلىنىڭ بۇ قەدەر بىسەرەمجان بولۇشىنىڭ سەۋەبى پاللىدە ئايدىڭلاشتى . توغرا ، ئىشكاپنىڭ ئاچقۇچى ھىممىت ياسىنىڭ قولىغا چۈشمەسلىكى ، ھىممىت ياسىنمۇ ئۇ يەردە پىنھان ساقلانغان سۇلايمان قاسىمنىڭ مەخپىيىتىدىن خەۋەر تاپماسلىقى كېرەك ئىدى . ئىشكاپنىڭ ئىچىدە سۇلايمان قاسىمنىڭ رىسالەت بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرىتى ۋە رىسالەتنىڭ ئۇنىڭغا يازغان نۇرغۇن خەتلىرى ، يەنە قىزىل يوللۇق گالستۇك دېگەندەك نەرسىلەر بار . بۇلارنى ئۇ كۆرۈپ قالسا ، ياخشى بولمايدۇ . شۇنداق ، سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆڭلىنىڭ بىسەرەمجان بولۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىدى . ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس ، رىسالەت ئۈچۈن ۋايىم يېگەن ، رىسالەت ئۈچۈن ساراسىمىگە چۈشكەن ۋە رىسالەت ئۈچۈن تەشۋىشلەنگەندى . سەۋەب ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ چىرايى يەنىمۇ تاتىرىپ كەتتى . بۇنى كۆرۈپ ، رىسالەتنىڭ ئەندىشىسى تېخىمۇ كۈچەيدى .

— بىرەر ئۆزگىرىش كۆرۈلدىمۇ ؟ توختاپ تۇرۇڭ ، مەن سېستىرا چاقىراي ، سىزنى قايتىدىن تەكشۈرمىسەك بولمىدى .

— يا … ياق ، رىسالەت ، مەندە ھېچبىر ئۆزگىرىش كۆرۈلگىنى يوق . مېنىڭ بۇنداق جىددىيلىشىشىمنىڭ سەۋەبى باشقا . مەن ھىممىت ياسىنغا ئاچقۇچنى بېرىپ خاتا قىلغان ئوخشايمەن . ئاپلا ، ئويلىمايلا ئىش قىپتىمەن . خۇددى ئوغرى زاڭ مال يوشۇرۇنغان يەرنىڭ ئاچقۇچىنى ئۇقۇشماي مال ئىگىسىگە بەرگەندەكلا بىر ئىش بوپتۇ . ھەي ، ئۆزۈمدىن كەتتى ـ دە ، بۇ . ھىممىت ياسىن ئۇ خەتلەرنى كۆرۈپ قالسا ، قانداقمۇ قىلارمىز ؟ ئادەمنى نېمانچە نەس باسىدىغاندۇ ؟

رىسالەت ئۇنىڭ باش ـ ئايىغى يوق بۇ گەپلىرىدىن ھېچنېمىنى

چۈشىنەلمىدى . ئۇنىڭ ھىممەت ياسىن كۆرۈپ قالسا بولمايدىغان قانداق مەخپىيىتى بارلىقىنىمۇ ئويلاپ يېتەلمىدى . ئۇ كۆزلىرىنى چوڭ ئاچقىنىچە سورىدى :

— ئىشكاپقا بىرەر پادىشاھلىقنىڭ خەزىنىسى يوشۇرۇنغانمىدى ؟ نىمانچە ئەنسىرەپ كېتىسىز ؟

— مەن ئەلۋەتتە ئەنسىرەيمەن - دە . ئۇ يەردە راستلا مېنىڭ پادىشاھلىقىمنىڭ خەزىنىسى يوشۇرۇنغان . ئۇنى مەندىن باشقا ئادەم كۆرسە بولمايتتى ، — سۇلايمان قاسىم بەكمۇ ئېچىنىشلىق پەرياد چەكتى . ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەنىدى .

— زادى نېمە بار ئىدى ؟ — رىسالەت تېرىكىپ قاتتىقراق ئاۋازدا سورىدى ، — ئادەمنى تولا تەقەززا قىلماي ، ئوچۇقراق دېسىڭىزچۇ ؟

— مېنىڭ ھېچكىمگە كۆرسەتمەيدىغان بايلىقىم — سىزنىڭ ماڭا يازغان خەتلىرىڭىز ۋە بىللە چۈشكەن سۈرەتلىرىمىز ، ئاندىن ھېلىقى قىزىل يوللۇق گالستۇك ...

ياتاق ئىچى چۈشىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك سۈكۈتكە پاتقانىدى . رىسالەت بىلەن سۇلايمان قاسىم بىر - بىرىگە قارىشىپ جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى . ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك ئازابلايدىغان بۇ سۈكۈت ھەر ئىككىيلەننىڭ مېڭىسىنى كاردىن چىقىرىشقا ئۇرۇناتتى . بۇ چاغدا ياتاق ئىچىدە قاچاندۇر كىرىۋالغان چىۋىننىڭ گىڭىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . بۇ ھال ئادەمنىڭ چىشىنى قېرىشتۇراتتى .

— مەن سىزگە بالا تېرىپ بەردىم ھەرقاچان ، — دېدى سۇلايمان قاسىم ئاھ ئۇرغىنىچە ، — ھىممەت ياسىن ئۇ خەتلەرنى كۆرۈپ قالسا ، جەزمەن سىزنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ . بۇ ئىش ھەر ئىككىمىزگە پايدىسىز .

— مەن ئىشلارنىڭ ھامان بىر يەردىن تېشىلىپ چىقىشىنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتۈۋاتقان ، — رىسالەت ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى ، — ئاقىۋەت بۇ ئىش سىزنىڭ ئىشخانىڭىزدىن چىقىدىغان

بولدى . بۇمۇ ياخشى بولغىنى . مەن ئەمدى ئۇنىڭدىن قۇتۇلىدىغان بولدۇم . گەرچە بۇ ئىش سىرتقا چىقىپ كەتسە ، سىزگىمۇ ، ماڭىمۇ پايدىسىزدەك تۇرغىنى بىلەن ، مېنىڭ ئۇنىڭدىن قۇتۇلمىقىم كۆپ ئاسانغا توختايدىغان بولدى . سىز ھەرگىز ئەنسىرىمەڭ ، رىسالەتكە ئىش تېپىپ بەردىم دەپمۇ ئويلىماڭ . بۈگۈن مېنىڭ بايرام قىلىدىغان كۈنۈم ئوخشايدۇ . بوپتۇ ، ئەتە ھىممەت ياسىن نىمە دېسە شۇ . مېنىڭ ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ ، ئۆمرۈمنى يەككە ـ يېگانە ئۆتكۈزگۈم بار . شۇنداق قىلسام باشقىلار مەجبۇرىي ئەكىرىپ قويغان قەپەستىن بىراقلا قۇتۇلغاندەك ئازادلىنىشىپ كېتىشىم مۇمكىن . بۇنىڭ تەتقىقاتىمغىمۇ پايدىسى بولىدۇ .

سۇلايمان قاسىم بېشىنى قامالللىغىنىچە ئۇھ تارتىپ ئولتۇراتتى . سىرتتىن بىرسىنىڭ رىسالەتنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ بولۇپ كەينىگە بۇرۇلدى ۋە ئەسكەرتىپ قويدى :

ـــ سىز ھەرگىز بۇ ئىش تۈپەيلى ئۆزىڭىزنى ئەيىبلەپ يۈرمەڭ . مېنىڭ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن نەگە بارغىنىمنى بىلەمسىز ؟ مەن ھېلى كىرىمەن . كېچىچە مۇڭدىشىمىز . شۇ چاغدا سىزگە ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن . ياتاقتا يەنە يالغۇز قالىدىغان بولدىڭىز . بىردەم ئارام ئېلىپ تۇرۇڭ .

ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك چىقىپ كەتتى . سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆڭلىدىكى تەشۋىش تېخىمۇ كۈچەيدى . ئۇ تورۇسقا قاراپ ياتقىنىچە ھىممەت ياسىننىڭ غوۋغا كۆتۈرۈشى ۋە بۇ ئىشنىڭ زۇلخۇمارغا بېرىدىغان تەسىرى ، ئىككى ئائىلىنىڭ ئۆزۈن يىللىق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدىن گۇمانلانغان كىشىلەرنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . بۇلارنى ئويلاپ ، ئۇنىڭ يۈرىكى مۇزلىدى ، تومۇرلىرىدىكى قانلار ئېقىشتىن توختىدى . ئۇ ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغاندى .

هممت ياسىن زۇلخۇمار بەرگەن ئاچقۇچنى كۆتۈرۈپ سۇلايـ-
مان قاسىمنىڭ ئىشخانىسىغا چىقتى ۋە ئىشكاپنى ئاچتى . پىلاننىڭ
نەدە قويۇلغىنىنى بىلەلمەي ، ئۇنى ئىزدەش ئۈچۈن ئىشكاپنىڭ تۆپە
ئارىسىدا تۇرغان نەچچە ۋاراق قەغەزنى قولىغا ئالدى . ئاندىن
دەستە ـ دەستە ماتېرىياللارنى ۋاراقلاشقا تۇتۇندى . تۇيۇقسىز قىز-
زىل لىنتا بىلەن چىگىپ قويۇلغان نەچچە پارچە خەت ۋە چىرايلىق
ئورالغان بىر قاپ ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى . ئۇ قاپنى قولىغا
ئېلىشىغا قەغەزلەر ئارىسىدىن بىرنەرسە ئۇچۇپ يەرگە چۈشتى . ئۇ
ئېڭىشىپ ھېلىقى نەرسىنى قولىغا ئالدى . ئالدىيۇ ھەيرانلىقتىن
كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى . چۈنكى ، يەرگە چۈشكىنى بىر پارچە
سۈرەت ، ئۇنىڭدىكىسى رىسالەت بىلەن سۇلايمان قاسىم ئىدى .
قىزىل پەلتو ئىچىدە كۈلۈمسىرەپ ، بېشىنى سۇلايمان قاسىم تەرەپـ-
كە قىيسايتىپ تۇرغان رىسالەتنىڭ چىرايىدا بەخت كۈلكىسى جىلۋە
قىلىپ تۇراتتى . رىسالەت بىلەن توي قىلغان مۇشۇ بىرنەچچە يىل
مابەينىدە ئۇنىڭ بۇنچىلىك خۇش تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ باققىنىنى
بىلمەيتتى . سۈرەتنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى توك سوقۇۋەتكەنـ-
دەك تىترەپ كەتتى . كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ ئىشكاپ ئالدىدا
لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالغان هممت ياسىن ئۆزىنىڭ سېمونت پولدا
قانچىلىك ۋاقىت ئولتۇرغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى . ئۇ سۈرەتكە يەنە
بىر قارىدى . ۋۇجۇدى يىلان چېقىۋالغاندەك تولغاندى . ئۇ قىزىل
لىنتا بىلەن چىگىپ قويۇلغان خەتلەرنى يەشتى ۋە بىر پارچىـ-
سىنى كونۋېرتتىن چىقىرىپ ، قاراڭغۇلىشىپ بېرىۋاتقان كۆز-
لىرىگە تۇتتى .

«سالام سۇلايمان ئاكا ، ئامانمۇسىز ؟ كۆڭلىڭىز تىنچ ـ
خاتىرجەم ئۆتۈۋاتامدۇ ؟ مەن سىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭىزنىڭ كۆ-
ڭۈلدىكىدەك بولۇشىنى يارانقان ئىگەمدىن تىلەيمەن .

www.uyghurkitap.com

تۇنۇگۇن مەكتەپتە چوڭ يىغىن ئېچىلدى . مەن يەنە شەرەپ سەھنىسىگە چىقتىم . بۇ خۇشاللىقىمنى ئېيتقىدۇر سىزگە بىلدۈرگۈم كەلدى . مېنى تەبرىكلەپ باغرىڭىزغا خىيالەن بېسىپ قويۇڭ ... »

بۇ خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، ھىممەت ياسىننىڭ قوللىرى غوڭۇلداپ كەتتى . ئۇ يەنە بىر پارچە خەتنى ئاچتى .

«سۇلايمان !

ياخشى تۇرۇۋاتامسىز ؟ ئۆيئىچى تىنچلىقمۇ ؟ كۆڭلىڭىز خاتىرجەم ئۆتۈۋاتامسىز ؟ ماڭا خەت يازمىغىنىڭىزدىن قارىغاندا ، خىزمىتىڭىز بەكلا ئالدىراش بولسا كېرەك . ھېچقىسى يوق ، مەندەك بىر قىزنىڭمۇ يەر شارىدا ياشاپ يۈرگىنىنى ، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ سېغىنىش ئىلكىدە كۆيۈپ كۈل بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگىنىڭىزدە ، ئىككىلىك خەت يېزىپمۇ قالارسىز . خاتىرجەم بولۇڭ ، ئەنقا تۇخۇمىدەك ئۇ قىممەتلىك خېتىڭىز ھېچقاچان بىرەر مۇئەللىمنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەيدۇ . بۇ جەھەتتە ماڭا تولۇق ئىشەنسىڭىز بولىدۇ ... »

ھىممەت ياسىن قانداقتۇر بىر ئىچكى كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە خەتلەرنى بىر - بىرلەپ ئوقۇشقا باشلىدى . گەرچە خەتلەرنىڭ ئاخىرىدا خەت يازغۇچى ئىسمىنى ئېنىق يازمىغان بولسىمۇ ، دېيىلىۋاتقان گەپ - سۆزلەردىن ئۇلارنىڭ رىسالەتنىڭ خېتى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش قىيىن ئەمەس ئىدى . ئۇ ئاخىرقى بىر پارچە خەتنى ئاچتى :

«قەدىرلىك سۇلايمان ، قانداق ئەھۋالىڭىز ؟ تېنىڭىز سالامەت ، خىزمىتىڭىز كۆڭۈللۈك ، ئوبدان تۇرۇۋاتامسىز ؟ مەن ھەممە ئىشلىرىڭىزنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىنى ياراتقان ئىگەمدىن تىلەيمەن .

پەممىچە ، سىزنىڭ مەندىن ئەھۋال سورىغۇڭىز يوق . چۈنكى ، مەن سىزگە باش ئاغرىقى تېپىپ بەردىم . ئارامىڭىزنى بۇزۇپ قويدۇم . ئېھتىمال سىز مەندەك ‹شاللاق› قىزدىن نومۇس قىلد-

ۋاتقانسىز ، نەپرەتلىنىۋاتقانسىز . چۈنكى ، مەن پەردىشەپنى قايرىپ قويۇپ ، يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ ، سىزگە ئۆز كۆڭلۈمنى بىلدۈر- دۈم ئەمەسمۇ ؟ ... »

خەتلەر مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ ھېسسىيات بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ ماڭغانىدى . تېخى بىر پارچە خەتنىڭ ئايىغىغا قى- زىل لەۋ سۈرۈخ بىلەن سۆيگۈگە تەشنا كالپۇكنىڭ شەكلى ئېنىقلا- بىي كومىتېتنىڭ تامغىسىدەك شۇنچە ئېنىق بېسىلغانىدى . ئۇ ئىشكاپنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىپ خەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ، قىزىل يوللۇق گالستۇكنىمۇ قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ باقتى . نېمىشقىكىن ئۇنىڭ يۈگۈرۈپ بارغانچە دېرىزىدىن ئۆزىنى يەرگە ئاتقۇسى ، تۇتۇندەك توزۇپ ھاۋاغا سىڭىپ كەتكۈسى ۋە بۇ رەزىل دۇنيا بىلەن ئەبەدىي خوشلاشقۇسى كېلىپ كەتتى . ئاشۇ چاغدا ئۇ رىسالەتكە ئۆيلىنىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقان- دا ، سۇلايمان قاسىمنىڭ نېمە ئۈچۈن رومكىلارنى سۇندۇرۇپ ، قاچىلارنى ئېتىپ ، ھۆركىرەپ كەتكەنلىكىنىڭ ، تويدىن كېيىن رىسالەتنىڭ زادىلا ئېچىلالماي يۈرگەنلىكىنىڭ تېگىگە يەتتى . سۇ- لايمان قاسىمنىڭ نېمىشقا ئۆزى ئەلچى بولۇپ ، بۇ توينى روياپقا چىقارغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلگەندەك بولدى . ئىشقىلىپ ئۇ قات- تىق ھاقارەتلەنگەنىدى . دۇنيادا بۇنداقمۇ نومۇسسىزلىق بولامدۇ ؟ ئۇ رىسالەتنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بېرەلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى باشقا ياقتىن ئويلاپ كەلگەنىدى . بىراق ، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى دۈشمەن ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئاستىدا ياشاپ كەپتۇ ئەمەسمۇ ؟

ھىممەت ياسىن ئىشخانىدا تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چەككىنى- چە خىيال سۈرۈپ ناھايىتىمۇ ئۇزۇن ئولتۇردى . ئەمدى ئۇنىڭ نېمە قىلىش كېرەكلىكى ئۆزىگىمۇ ئايان ئەمەس ئىدى . ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن يول يۈرۈپ چارچاپ كەتكەن ئادەمدەك بەكمۇ روھسىز بىر قىياپەتتە ئورنىدىن تۇردى . سۈرەت ۋە خەتلەرنى جايىغا قويۇپ قويدى . ئاندىن ھېلىقى پىلاننى ئىشكاپنىڭ ئاستىنقى تارتمىسىدىن تېپىپ ، ئىشخانىدىن چىقتى . پىلاننى ئىدارە باشلىقىغا يەتكۈزۈپ

بەرگەندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ ئازراق ئىشىنىڭ چىقىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ ، رۇخسەت سورىدى . ئۇ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كىرىپ ، سۇلايمان قاسىمنىڭ ئاچقۇچىنى زۇلخۇمارغا بەرگەندىن كېيىن كوچىغا چىقتى . ئۇنىڭ قانداقلا كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقسا دەردىنى هاراقتىن ئالىدىغان ئادىتى بار ئىدى . بىراق ، ئۇ بۇگۈن بىرەر بوتكىغا كىرىپمۇ يۈرمىدى . بىر نەچچە قاپ تاماكا سېتىۋالغاندىن كېيىن ، بىر تاكسى توسۇپ ، شوپۇرغا ئۆزىنى شەھەر سىرتىغا ئاچىقىپ قويۇشنى ئېيتتى . ماشىنا خېلى ئۇزۇن يول مېڭىپ شەھەر سىرتىدىكى سايلىققا يېتىپ كەلدى . بۇ يەرنىڭ ھەممىلا تەرىپىدىن كۆز شاملى سوقۇپ تۇراتتى . ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ ، شوپۇرنىڭ ئەجەبلىنىپ قاراشلىرىغا پەرۋا قىلماستىن ، كۆز يېتىم نېرىدىكى بىر تۆپىلىككە قاراپ يول ئالدى . ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا يېرىك قۇملار غىرىسلاپ ئاۋاز چىقىراتتى ، شىغىللار شاراقلايتتى . ئۇ ھېچنېمىنى خىيال قىلمايمەن دېسىمۇ ، كاللىسىغا سانسىز ھە- رىلەر كىرىۋېلىپ غۇڭۇلداۋاتقاندەك بىر سېزىم ئىچىدە پۇچىلىناتـ- تى . ئۇ بىرەر سائەتتەك مېڭىپ قۇم دۆڭنىڭ ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇردى . يىراقتىن — ئۇنى ئەكېلىپ قويغان ماشىنا كەتكەن ھېلىقى يولدىن ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلار كۆزگە غۇۋا كۆرۈنەتـ- تى . قۇياش تاغ كەينىگە باش قويغانىدى . قۇياش پاتقان تەرەپتە لاۋىدەك قىزارغان بۇلۇتلار يېيىلىپ ياتاتتى . كەچكى شەپەقنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ ئاسماندا ئاۋۋال كۈل رەڭ ، ئاندىن قارامتۇل بۇلۇتلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى . چۆل قوينىدا غۇر - غۇر شاماللار كۆچەيگەنىدى . كەيىنىز شامال ئۇششاق قۇم دانىچىلىرىنى توزىتاتـ- تى . دۆڭ باغرىدا كۆچمە قۇملار سەلدەك ئېقىشقا باشلىغانىدى .

ھىممەت ياسىنىنىڭ بۇ مەنزىرىلەردىن ھوزۇرلانغۇدەك ھەپىسـ- لىسى يوق ئىدى ، ئۇ تاماكىنى ئۇلاپ چېكىپ ئۆزى ، رىسالەت ۋە سۇلايمان قاسىم ھەققىدە ئويلىناتتى . شۇنچە ۋاقىتتىن بىرى ئۆزىـ- نىڭ ئەڭ ئىشەنگەن ئادىمى تەرىپىدىن ئالدىنىپ كەلگەنلىكىگە بەكمۇ ئاچچىقى كېلەتتى . ئۇ ئۆزىنى يومشاق قۇمنىڭ ئۈسـ-

تىگە تاشلىدى ۋە ئاسمانغا قارىغىنىچە خىيالغا پاتتى . بىراق ، بۇ باش - ئايىغى يوق خىياللاردىن ھېچبىر نەتىجە چىقمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى .

ئەتراپقا كۆكۈم پەردىسى يېيىلدى . قارىيىپ تۇرغان ئاسماندا بىرنەچچە يۇلتۇز پەيدا بولدى . ئۇلار بەئەينى كىچىك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ دادىسىغا قاراپ تۇرغان باللاردەك بەكمۇ سۆيۈملۈك ئىدى . ئۇنىڭ بىردىنلا يۇلتۇزغا ئايلىنىپ ئالداش ۋە ئالدىنىش بىلەن تولغان بۇ دۇنيادىن نامەلۇم بىر بوشلۇققا كۆچۈپ كەتكۈسى كەلدى . كىچىك ۋاقىتلىرىدا ئۇ مومىسىنىڭ : «ئاسماندا ھەربىر ئادەمنىڭ بىردىن يۇلتۇزى بولىدۇ ، ئادەم نەپەستىن قالغاندا ئاشۇ يۇلتۇزمۇ كۆچۈپ خۇدانىڭ دەرگاھىغا كېتىدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدى . بەلكىم ئاشۇ يۇلتۇزلار ئارىسىدا ئۇنىڭ يۇلتۇزى بولۇشى مۇمكىن ، يەنە سۇلايمان قاسىم بىلەن رىسالەتنىڭ يۇلتۇزلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن . مۇشۇنى ئويلىغاندا ، ئۇنىڭ يولتۇزلار ئارىسىغا كېتىش ئارزۇسى ئۆزلۈكىدىن غايىب بولدى . راست ، ئۇ ئاشۇ يۇلتۇزلار ئارىسىغا بارغاندىمۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى .

— بەلكىم ئاشۇ يۇلتۇزلار بۇ ئىككىسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ، — دەپ خىيال قىلدى ئۇ سەل چەتتە بىر - بىرىگە يېقىنراق تۇرغان ئىككى يۇلتۇزغا كۆز تاشلاپ ، — ئۇلار شۇ تۇرقىدىمۇ مېنى مازاق قىلىپ كۈلۈۋاتسا كېرەك . ھۇ ئاناڭنى ...

ئۇ ئورنىدىن يۇگۈرۈپ قوپۇپ سۇس چىمىرلاپ تۇرغان يولتۇزلارغا قارىتىپ تۈكۈردى . بىراق شامال ئۇنىڭ تۈكۈرۈكىنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ ، يۈزىگە چاپلاپ قويدى . ئۇنىڭ ئۆتى تېخىمۇ تاشتى .

ۋاقىت ئۆتمەكتە ئىدى . سوغۇق دەمبۇدەم كۈچىيىپ باراتتى . ئاچ قورساق چېكىۋەرگەن تاماكا ئۇنىڭ زەردىسىنى قايىنىتىپ ، ئېغىزىدىن سېرىق سۇ ياندۇرۇشقا باشلىغانىدى . ئۇ لېۋىنى چىشلىگىنىچە پۇتلىرىنى سۇنۇپ ئولتۇردى . ئەمدىلىكتە سايىنىڭ ئىچى

ئاشۇ قارىيىپ تۇرغان ئاسمان بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. يولدا كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئۇ يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى ۋە زېھنىنى يىغىشقا ئۇرۇندى. ئۇنىڭ كاللىسى بىرئاز سۇزۇلۇپ، مېڭىسى بىرنەرسىلەرنى ئىلغا قىلىشقا باشلىدى.

—بۇ ئىشنى شۇنداقلا كۆتۈرۈپ چىقسام، ئۆزۈمگىمۇ سەت، —دەپ ئويلايتتى ئۇ تاماكا ئىسىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان بوشلۇققا پۈۋلىگىنىچە، —سۇلايمان قاسىمنىڭ مەن ئۇچۇن ئەلچى بولغىنىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە رىسالەت بىلەن ئىككىمىزنىڭ تويدىن كېيىن دېگەندەك ياخشى ئۆتەلمىگەنلىكىمىزنىمۇ قوشنىلار، ئىدارىدىكىلەر، دوست - بۇرادەرلەر ئوبدان بىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بۇ ئىشنىڭ ئەڭ يامان تەرىپى يەنىلا ماڭا يۈزلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈزى تۆكۈلسە، ئوخشاشلا مېنىڭمۇ تۆكۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ خەتلەر ئىككىمىز توي قىلىشتىن ئىلگىرى، يەنى رىسالەت ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلاردا يېزىلغان ئىكەن. دېمەك، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى خېلى بۇرۇن باشلانغان دېگەن گەپ. مېنىڭ نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا رىسالەتنىڭ پېيىگە چۈشكىنىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغىنىم ئەسلىدىنلا توغرا بولمىغان، شۇڭا بۇنى ئۆزۈمدىن كۆرمەي ئامالىم يوق. بوپتۇ، سۇلايمان قاسىممۇ مېنىڭ ئۇزۇن يىللىق قوشنام، ھوشۇر سەلەيلەرمۇ ھەم شۇنداق. شۇڭا، ئۇلارنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىپ تاماشا كۆرمەن دېسەممۇ ئىسسىق يۈز چىدىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە رىسالەت ھازىر ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن دوختۇرغا ئايلاندى. قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىغا توپا چاچىمەن دېسەم، كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قېلىشىم مۇمكىن. ئەڭ ياخشىسى يېپىق قازان يېپىق پېتىچە قالغىنى تۈزۈك. مېنىڭمۇ بىر يەرلەردە ئىگەم ياراتقان ھالال جۈپتۈم باردۇر؟ مەنمۇ ئەمدى ئۆزۈمگە تەۋە تۇرمۇشنى تېپىۋېلىشىم كېرەك. ھاراق بىلەن ئۆتكەن ئۆمۈردىن نېمە لەززەت كۆردۈم؟ ئەمدى بەس! ھاراق، سېنىمۇ رىسالەت بىلەن بىللە

ئۆزىتىپ قوياي . ئەمدى سىلەر ئىككىنچىلەپ مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا يېقىن يولىماڭلار ...

ئۇ بۇگۈنكى كېچىنى هاراقتىن خالىي هالدا سەگەك ئۆتكۈزدى . ئويلىغانسېرى ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ يارىماس ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى . مۇشۇنداق كېرەكسىز تۆمۈردەك ئادەمگە ئەلنىڭ هۆرمىتىگە ئېرىشكەن بىر قابىلىيەتلىك ئايال قانداقمۇ ماس كەلسۇن؟ ئۇ ئۆزىنىڭ رىسالەتتىن قەدىر ـ قىممەت جەهەتتە كۆپ پەرقلىنىدىغانلىقىنى، بۇ پەرقنى دەل ئۆزىنىڭ هاراق خۇمارىنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى هېس قىلدى . بۇنداق ئۆمۈرنىڭ كىمگە پايدىسى تېگىدۇ؟ بۇ سوئالغا ئۇ تۇنجى قېتىم «هېچكىمگە ...» دەپ هەقىقەتەن توغرا جاۋاب بەردى .

بىر كېچە ئۆتۈپ كەتتى . مۇشۇ چەكسىز ساي باغرىغا ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان قەدەم ئىزلىرى مۆهۈردەك بېسىلدى . ئۇ قالدۇرغان تاماكا قالدۇقلىرىنىڭ هېسابى يوق ئىدى . تەلىيىگە ئۇ مۇشۇ هاياتىنىڭ غوۋغالىرىدىن خالىي ساي قوينىدا ئۆز ـ ئۆزى بىلەن مۇڭدىشىپ، ئۆزىنىڭ هاياتى توغرىسىدا چوڭقۇر ئويلىنىپ، رىسالەت بىلەن بولغان ئىشىدا ئەڭ ئاقىلانە قارار چىقارغانىدى .



شۇ كۈنى كەچتە رىسالەت سۇلايمان قاسىمنىڭ ياتىقىغا ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغاندا كىردى .

ياتاق ئىچى سەل دىمىق ئىدى . ئۇ بېرىپ دېرىزىنى ئېچىۋەتتى . ئاندىن بازاردىن ئېلىپ كىرگەن باچكا كاۋىپى بىلەن يۇمشاق نانىنى تومپۇچكىنىڭ ئۈستىگە قويدى .

ــ قورسىقىڭىز تازا ئاچقاندۇ؟ ــ دېدى ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ قولىغا سۇ بېرىۋېتىپ، ــ كەچتىكى ئوپېراتسىيە ۋاقتىمنى بەكمۇ ئېلىپ كەتتى . قېنى، سەل سوۋۇپ قاپتۇ . شۇنداق بولسىمۇ بىللە ئولتۇرۇپ كەچلىك تاماق يەيلى . باچكىدىن كۆپرەك يەڭ .

سىزگە قۇۋۋەت بولىدۇ .

سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆڭلىدىكى غەم بۇلۇتلىرى تېخىچە تارقاپ كەتمىگەنىدى . شۇڭا ، ئۇ كۆپ سۆزلىمەستىن تاماققا تۇتۇش قىلدى . ئۇلار بىر - بىرىنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەچلىك تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە كىرىشتى .

— سىز چۈشتىن كېيىن نەگە بارغانلىقىڭىزنى ئېيتمىدىڭىزغۇ ؟ — سورىدى سۇلايمان قاسىم باچكا قانىتىنى غاجىلاۋېتىپ ، — مەن بەكمۇ تەقەززا بولۇۋاتىمەن .

— دەريا بويىغا باردىم ، — دېدى رىسالەت يۇمشاق پىشقان باچكا تۆشىنى ئۇنىڭ ئېغىزىغا سېلىپ قويغاچ ، — خىيال سۈرگەچ دەريا بويىنى ئايلاندىم . نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم شۇ يەرنى خالاپ قالغانىدى .

— دەريادا سۇ بارمىكەن ؟ — سورىدى ئۇ رىسالەتنىڭ چىراي ئىپادىسىنى كۆزەتمەكچى بولغاندەك ، ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ .

— بىر تارام سۇ ، ئازراقلا ئېقىپ تۇرىدۇ . ئۇنى سۇ ئەمەس ، كۆز يېشىمىكىن دەيمەن ، — رىسالەت ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ قويدى ، — ماڭا ئوخشاش ئاشىقلارنىڭ كۆز يېشى بولسا كېرەك ...

سۇلايمان قاسىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ يەرگە قارىدى .

— تولىمۇ ئەپسۇس ؟ — دېدى رىسالەت بىر باچكىنى ئۇنىڭغا تەڭلىگەچ ، — بىز ئولتۇرىدىغان ھېلىقى تاشنى بىرسى ئېلىپ كېتىپتۇ . بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولدى . دەريا بويىدا تاش دېگەن شۇنچە كۆپ تۇرسا ، تاش تاپالمىغاندەك ئاشۇ تاشنى ئېلىپ كېتىشىپتۇ . خۇددى يېقىن بىر كىشىمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولدى . تاش بىلەن ئادەمنىڭ تەقدىرى يۇغۇرۇلۇپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتسە ، شۇنداق بولامدىغاندۇيا ؟

سۇلايمان قاسىم يەنە بېشىنى سالغىنىچە ئولتۇرىۋەردى .

— بۇ قېتىم مېنىڭ ئارزۇيۇم ئىشقا ئاشتى ، — دېدى رىسالەت ئۇستىخانلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ، — مەن ئەسلىدە سۇلايمان

ئاكام ئاغرىپ قالسا ، ئۆز قولۇم بىلەن تاماق يېگۈزۈپ ، ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمەن ، كېسىلىنى ئۆزۈم داۋالايمەن ، كېچە - كۈندۈز يېنىدىن ئايرىلمايمەن دەپ ئارزۇ قىلاتتىم . تاماقنى ئۆز قولۇمدا يېگۈزۈپ ، كېچە - كۈندۈز يېنىدىن ئايرىلمايمەن دېگىنىم قۇرۇق خىيال بولۇپ قالغىنى بىلەن ، ھەرھالدا سىزنى ئۆز قولۇمدا داۋالىيالىدىم . ھېچبولمىسا بۈگۈن كەچ بولسىمۇ بىللە تاماق يېيىشكە نېسىپ بوپتۇ . بۇمۇ خۇدانىڭ ماڭا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتى . شۈكرى قىلىمەن ، مۇشۇنچىلىك كۈنلەرگىمۇ شۈكرى قىلىمەن ، بېشىمىزغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە ، سىز بولمىغان بولسىڭىز ، قانداقمۇ قىلار ئىدىم؟ كاشكى ، ھالىڭىزدىن ئوبدانراق خەۋەر ئېلىشقا پۇرسەت بولسىچۇ؟ مەن قانچە قىلساممۇ سىزنىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىزنى قايتۇرۇپ بولالمايمەن . سۇلايمان ئاكا ، سىزنى ئاكا دەۋېرەي ، سىز مېنىڭ قەلبىمدە ھەم ئاكام ، ھەم سۆيگىنىمسىز . بىلەمسىز؟ مەن شۇنچە يىلدىن بېرى ھاياتىمنىڭ ھەربىر دەقىقىسىنى سىزسىز تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىدىم . ئادەمگە ھاۋا قانچىلىك مۇھىم بولسا ، مېنىڭ ھاياتىم ئۈچۈنمۇ سىز شۇنچىلىك مۇھىم ! بىراق ، بۇ تەلەپنى مەن سىزگە قويالمايمەن . بوپتۇ ، سىزگە بولغان چىن سۆيگۈمنى يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا پىنھان تۇتاي . سىزنى تەڭلىككە سالمايمەن . دوختۇرخانىدا ياتقان مۇشۇ مەزگىلدە سىزنىڭ زۇلخۇمار ئاچامغا قانچىلىك كۆڭلىڭىز بارلىقىنى ، زۇلخۇمار ئاچامنىڭمۇ سىزنى قانچىلىك سۆيىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم . ئەمدى مېنىڭ يەنە بىر نەرسە دېيىشىمنىڭ ئورنى قالمىدى . سىز ئەتە دوختۇردىن چىقىسىز . بىزنىڭ بىللە بولىدىغان ۋاقتىلىرىمىز يوق بولىدۇ . شۇڭا ، بۈگۈن كېچە سىز بىلەن ئوبدانراق بىر مۇڭدىشىۋالاي دەيمەن . بۇنداق دېسەم ، ھەرگىز باشقىچە ئويلىنىپ قالماڭ . مەن سىزنى سىز خالىمايدىغان ئىشقا بۇيرۇپ تەڭلىككە سالمايمەن . كېلىڭ ، سۇلايمان ئاكا ، مېنىڭ ئۆز قولۇم بىلەن ئۇستىخانلىرىڭىزنى تۇتۇپ قويۇشۇمغا رۇخسەت قىلىڭ . مەن سىزنىڭ ھالىڭىزدىن ئوبدانراق بىر خەۋەر ئېلىۋالاي ! بۇنىڭدىن

كېيىن بۇنداق پۇرسەتلەرنىڭ كېلىشىگە مەن ئىشەنمەيمەن .

سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار سىرغىشقا باشلىدى . ئۇ چىرايى كۈلۈپ تۇرسىمۇ ، كۆزلىرىدە يىغا قايناۋاتقان رىسالەتـ نىڭ يۇمشاق قوللىرى بىلەن پۇتلىرىنى تۇتۇۋاتقانلىقىغا قاراپ ، ئۈنسىز ئولتۇرۇپ قالدى .

ياتاق ئىچى سۈكۈتكە پاتتى . رىسالەت كۆز ياشلىرىنى ئېقىتقىـ نىچە ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرىنى يېنىك تۇتۇشقا باشلىغانىدى . بىنا جىمجىت ، كېسەللەر ياتىقى تەرەپتىن ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتـ تى . رىسالەتنىڭ ئېغىر ئۇھسىنىشلىرى ياتاقنىڭ سۈكۈتىنى بۇـ زۇپ تۇراتتى .

ــ چارچاپ قالدىڭىز ، ئەمدى بولدى قىلىڭ ، سىڭلىم ، ــ دېدى سۇلايمان قاسىم ئۆكسۈپ تۇرۇپ ، ــ مەنمۇ سىزنىڭ مەن ئۈچۈن قىلغانلىرىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن . سىز بىر قىز بالا تۇرۇپ مەن ئۈچۈن بەكمۇ كۆپ ئازاب چەكتىڭىز ، بەك كۆپ بەدەل تۆلىۋەتتىڭىز . بۇ جاھاندا سىزگە ئوخشاش پاك ، سەممىي مۇھەببىتىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان بىر قىزنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىسا ، بەلكىم نۇرغۇن ئادەملەر ئىشەنـ مەسلىكى مۇمكىن . شۇنداق ، نۇرغۇن قىزلارنىڭ سۆيگۈسى قۇـ رۇق ۋەدىگە ئايلىنىپ ، ئۇلارنىڭ قىممىتى رېستورانىنىڭ ئايرىم خانىلىرىدا بىر تاۋاق توخۇ قوردىقى بىلەن بەلگىلىنىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە سىزنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭىز ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ، ھەممە نەرسە تاۋارلىشىپ كەتكەن مۇشۇ كۈنلەردە بۇنداق كۆڭۈلنى تاپماق بەكمۇ قىيىن ئىدى . ئەمما ، مەن ئالتۇنغا بەرگۈسىز بۇنداق ئېسىل كۆڭۈلدىن ، ساپ مۇھەببەتتىن بەھرىلىنىشكە نائىل بولالـ مىدىم . ئالدىڭىزدا بەكمۇ خىجىلمەن . رىسالەت ، مېنىڭ چارىسىزـ لىقىمنى ، ئاجىزلىقىمنى ئەپۇ قىلالارسىزمۇ ؟

رىسالەت بېشىنى لىڭشىتتى . سۇلايمان قاسىم ئۇنى باغرىغا چىڭ باستى .

ــ مەن مۇشۇنداق ئاجىز ئادەم ، سىزگە خۇشاللىق ئاتا قىـ

لىش ، تۇرمۇشىڭىزنى بەختكە چۆمدۈرۈش مېنىڭ قولۇمدىن كەل-
مىدى . ناۋادا مەن كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتسەم ، زۇلخۇمار-
غا ۋاپاسىزلىق قىلغان ، سىزنى ئالدىغان بولىمەن . شۇڭا ، مەن
سىزنى ئاددىي بىر ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرسەم بولمايدۇ . مېنىڭ
بۇ قارىشىمنى توغرا دەپ قارامسىز ؟

رىسالەت يەنە بېشىنى لىڭشىتتى . ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان
قوللىرى سۇلايمان قاسىمنىڭ مۇرىسىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى .

— بەلكىم ئەتە سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزدا قارا بوران چىقىشى
مۇمكىن ، — دېدى ئۇ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ ، — مەن سىز-
گە ساقايماس بىر باش ئاغرىقى تېپىپ بەرگەندەك قىلىمەن . ھە-
مىتجان بەلكىم ئەتە دوختۇرخانىغا كېلەر ، سىزنىڭ ياقىڭىزدىن
ئېلىپ ، كوچىلاردا رەسۋا قىلىپ سۆرەپمۇ يۈرەر . بۇنىڭ ئۈچۈن
سىزدە تەييارلىق بولۇشى كېرەك . رىسالەت ، مېنىڭ بىقۇۋۇل
پەرىشتەم ، ھەمىتجان كەلسە ، مەن سىزگە ھېچ ئىش قىلىپ بېرەل-
مەسلىكىم مۇمكىن . چۈنكى ، ئوت كۆيۈپ تۇرغان ئارغامچىنىڭ
بىر ئۇچى مېنىڭ قولۇمدا ، بۇ ئىش ھەر ئىككىمىزگە چېتىلىدۇ .
شۇنداق ئىكەن ، مەن ئوتتۇرىغا چىقسام ، ئۇنىڭ غۇرۇرى يەنە
دەپسەندە بولىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ كېتىشى
مۇمكىن . ئەتىدىن بېرى مۇشۇ ئىشلارنى ئويلاپ يۈرىكىم سۇ . بۇ
جاھان نېمىدىگەن تار ـ ھە ؟ كىچىككىنە قەلب سىرىمنىمۇ باشقى-
لارنىڭ كۆزىدىن ساقلاپ قالالمايدىغان بولدۇم . بۇنىڭ سىزگە
قانچىلىك ئازابلارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالماي-
مەن . مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزدۈم ،
رىسالەت .

رىسالەتنىڭ ۋۇجۇدى جۇغۇلداپ كەتتى . ئۇ سۇلايمان قاسىمنى
تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ دېدى :

— مەن ھېچنېمىدىن قورقمايمەن . مېنىڭ بىر كىمنىڭ ئال-
دىدا تىل تۇتۇقۇم يوق . سىز بولسىڭىز پەرىشتىدەك ئاق كۆڭۈل
ئادەم . مەن گەرچە سىزگە ئاشۇنداق خەت يازغان بولسامۇ سىز

ئىزچىل مەندىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇپ كەلدىڭىز ۋە سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنى پاختىنىڭ ئارىسىدا چوغ ساقلىغاندەك ئاسراپ ئۇلۇغلۇق دەرىجىسىگە كۆتۈردىڭىز . مەن سىزگە ئىشىنىمەن . ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ ھەقىقەتەن غەرەزسىز پاك مۇھەببەت ئىكەنلىكىگە ھەممەيلەن ئىشىنىشى كېرەك .

— بىراق رىسالەت ، بۇنى دېمەك ئاسان بولغان بىلەن ، باشقىلارنى ئىشەندۈرگىلى بولمايدۇ . مۇھەببىتىمىزنىڭ پاكلىقىنى ئىسپاتلاشقا قانچە تىرىشساق ، كىشىلەرنىڭ گۇمانىنى شۇنچە قوزغاپ قويۇشىمىز مۇمكىن . ئۇنىڭ پاكلىقىنى مەڭگۈ ئىسپاتلاپ بەرگىلى بولمايدۇ . شۇڭا ، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ھەرقانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ ، خەقنىڭ نەزىرىدە يەنىلا ئەخلاقسىزلىق ھېسابلىنىدۇ . سىز ئىدىيە جەھەتتىن تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشىڭىز كېرەك . ئەتە چوقۇم قىيامەت قايىم بولىدۇ .

— مەن قورقمايمەن ، — رىسالەت سۇلايمان قاسىمنىڭ قۇچىقىدىن ئاجراپ يەنە ئۆز گېپىنى يورغىلاتتى ، — مەن ھېچكىمدىن قورقمايمەن . مۇشۇنداق ئۇلۇغ مۇھەببەتنى ھاقارەتلەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ياشاپ قالغانلىقىمدىن ئۆكۈنىمەن . ھېممەت ياسىن خەتلەرنى ئوقۇغان بولسا مەيلى ، ئۇ ئەتە بۇ يەرگە كېلىشى مۇمكىن . بىراق ، نىمە ئىشلارنىڭ بولۇپ كېتىشىدىن پەرۋايىم پەلەك . بولدى ، سۇلايمان ئاكا ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان بۇنداق گەپلەرنى دېيىشمەيلى . مېنىڭ بۇ يەردە ئەمدى پەقەتلا تۇرغۇم يوق . مەن بىرەر ئالىي مەكتەپتە يەنە بىر مەزگىل تەربىيىلىنسەم دەيمەن . تەتقىقاتقا كىرىشكەنسېرى بىلىمىمنىڭ بەكمۇ كەمچىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتىمەن . مەن بىرەر ساھە بويىچە مەخسۇس تەربىيىلەنمىسەم بولمايدىكەن . بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىمەن ؟ ئانام بولسا ياشىنىپ قالدى . ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتىم مېنى چەكلەپ قويۇۋاتىدۇ . بىراق ، مۇشۇ مەزگىلدە ئۆگىنىۋالمىسام ، كېيىن پۇرسەت بولمايدۇ . ئادەمنىڭ يېشى بەزى ئىشلارغا چەك قويۇپ تۇرۇۋالىدىكەن . كېيىنكى پۇشاي-

ماننىڭ پايدا بەرمەيدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان . شۇڭا ، قانداق قىلسام بولىدۇ ؟

سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ چىچىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ خېلى ئۇزۇن ئويلاندى . ئۇ رىسالەتنىڭ ئۆزىگە قاراپ جاۋاب كۈتۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ، ئېغىر خورسىنىپ قويغاندىن كېيىن ، سۆز باشلىدى :

— بىرەر ساھە بويىچە مەخسۇس تەربىيىلىنىش قارارىغا كەلگىنىڭىزنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇرسەن بولۇۋاتىمەن . «قازاندا بولسا ، چۆمۈچكە چىقار» دەپتىكەن . سىزدە بولسا بىزگىمۇ ئەسقاتىدۇ . مۇشۇ قېتىم سىز بولمىغان بولسىڭىز بەلكىم بىز ھازىرقىدەك پاراكەندىچىلىكتە ئولتۇرمىغان بولاتتۇق . مېنى سىز ئەمەس ، بەلكى سىز ئۆگەنگەن تېببىي بىلىم قۇتقۇزۇۋالدى . شۇڭا ، مەن سىزنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشقا بېرىشىڭىزنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قوللايمەن . قەمبەرخاچامنىڭ ئىشىغا كەلسەك ، سىز بىزگە شەكسىز ئىشەنسىڭىز بولىدۇ . ئۇ مېنىڭ ئۆز ئانام بىلەن ئوخشاش ، ھالىدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالىمەن .

رىسالەت ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ قىستى .

— ئەمدى مەندە بىر ئاز ئىشەنچ پەيدا بولدى ، — دېدى ئۇ كۆلۈمسىرەپ قويۇپ ، — مەن ئوقۇشقا بېرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلغاچ تۇرسام بولغۇدەك .

— چوقۇم شۇنداق قىلىڭ . مەن ياردەملىشىدىغان ئىش بولسا ، تارتىنماي ئېيتىڭ ، رىسالەت .

ئۇلار يەنە بىر قېتىم سەمىمىي قۇچاقلاشتى .

— ئەمدى سىز ئىشىڭىزغا بېرىڭ ، — دېدى ئۇ رىسالەتنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ، — سىز دېگەن بۈگۈن كېچە نۆۋەتچى . پەقەت ماڭىلا قارىسىڭىز بولمايدۇ . كۆڭلىڭىز ماڭا تېگىل بولدى . ئەمدى باشقا كېسەللەرنىڭ ھالىدىنمۇ خەۋەر ئېلىڭ . خوش ، ئەتە سەھەردە كۆرۈشەيلى .

رىسالەت بېشىنى لىڭشىتقىنىچە ياتاقتىن چىقىپ كەتتى .

تاڭ ئاتتى . ھەممەت ياسىن چوڭ يولغا چۈشتى ۋە ئۆتۈپ
كېتىۋاتقان بىر يۈك ماشىنىسىنى توستى . ئۇ ناھىيە بازىرىغا
يېتىپ كەلگەندە ، كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەنىدى . ئۇ ئۇدۇللا دوخ-
تۇرخانىغا باردى . رىسالەتنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ، ساپاغا چۆك-
تى ۋە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ ، ئىرىنچەكلىك بىلەن شوراشقا
باشلىدى . رىسالەت ئۇنىڭ ئۇستىۋېشىنىڭ توپىغا مىلىنىپ كەتكەن-
لىكىنى ، كۆزلىرىنىڭمۇ قىزىرىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ
كېچىچە بىر يەرلەردە ئۇخلىماي تۈنى تاڭغا ئۇلىغانلىقىنى ھېس
قىلدى . ئۇنىڭ نېمىگە كەلگىنى رىسالەتكە بەش قولدەك ئايان .
شۇنداقتىمۇ ھەممەت ياسىننىڭ روھىي كەيپىياتى ئىلگىرىكىگە ئانچە
ئوخشىمايتتى . ئۇ ئاخشام ھاراقمۇ ئىچمىگەن ۋە بۈگۈن ھاراق
چىشلىۋېلىپ ئازابلىنىۋاتقاندەكمۇ كۆرۈنمەيتتى . ئۇلار بىر - بىرى-
گە قاراشقىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى .
— مېنىڭ بۈگۈن قېشىڭىزغا نېمىشقا كەلگىنىمنى بىلەم-
سىز ؟ — سورىدى ھەممەت ياسىن بىر چاغدا ئاۋازىنى سىلىق چى-
قىرىشقا تىرىشىپ ، — مەن ئۆزۈمدىن بېرى بىر كەكلىك بېقىپ
كەلگەنىدىم . بىراق ، ئۇنىڭ ئەس - يادى كۆز يەتكۈسىز تاغلاردا
بولۇپ ، مەندەك بىر خەسكە نەزىرى چۈشمىدى . شۇڭا ، مەن ئۇنى
ئۆز ئەركىگە قويۇۋەتمەكچىمەن . سىز خالامسىز ؟
رىسالەتنىڭ كۆز جىيەكلىرى ياشقا تولدى . ئۇ ھەممەت ياسىن-
نى ھېلىقى خەتنى كۆرگەن بولسا ، ئالەمنى مالەم قىلىدۇ ، دەپ
ئويلىغان ۋە ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈش بىلەنلا چوقۇم شۇنداق بولى-
دىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنىدى . مانا ، ئۇ كۈتمىگەن باشقا بىر گەپنى
قىلىۋاتاتتى .
— ناۋادا سىز مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلى-
سىڭىز ، ھېلىقى كەكلىك سىزدىن بىر ئۆمۈر مىننەتدار
بولغان بولاتتى ، — دېدى رىسالەت پەس ئاۋازدا .
— ئەمىسە چۈشتىن كېيىن تەييار بولۇڭ . بىز خەلق ئىشلار
ئىدارىسىگە بېرىپ ، نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش ئورنىدا قەپەسنىڭ

ئىشىكىنى ئاچايلى . سىزنىڭ كەكلىكنى قانداق قويۇپ بېرىش ھەققىدە باشقا تەلىپىڭىز بولسا ، ئۇنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ . مەن چا-مىمنىڭ يېتىشىچە ئىشنى چىرايلىق ھەل قىلىمەن .

رىسالەتنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى . ئۇ ئۆزى يوشۇرۇن كەمسىتىپ كېلىۋاتقان بىر ئىچەرمەننىڭ — ھىممەت ياسىننىڭ بۇنداق مەردلىك قىلارىنى ھەرگىز ئويلىمىغان-دى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، چىقىپ كېتىۋاتقان ھىممەت ياسىننىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى . ئۇنىڭ ئورۇق ، ئېگىز گەۋدىسى تېخىمۇ ئېگىزلەپ كەتكەندەك بىلىندى .

ئۇ يۈگۈرۈپ كىرىپ ، بۇ خۇش خەۋەرنى سۇلايمان قاسىمغا ئېيتتى . كۆڭلى پاراكەندە ياتقان سۇلايمان قاسىممۇ ھەيران بولغى-نىدىن ئېغىزىنى ئېچىپ بىرئاز تۇرۇپ قالدى ۋە دېدى :

— ئۇ سىزنى تىللاپ ئۇرمىدىما ؟ ۋارقىراپ - جارقىراپ جېدەل چىقارمىدىما ؟

— ياق ، ئۇ بۈگۈن بەك سىپايىلىشىپ كېتىپتۇ . تېخى مېنى كەكلىككە ئوخشاتتى ۋە بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئاشۇ كەكلىكنى ئۆز قولى بىلەن قويۇۋەتمەكچى بولدى . تېخى مېنىڭ كەكلىكنى قانداق قويۇپ بېرىش ھەققىدىكى تەلەپلىرىم بولسا ، ئۇلارنىمۇ ئورۇندايدىغانلىقىنى ئېيتتى .

— قارىغاندا ، بىز ھىممەت ياسىننى ئانچە چۈشەنمىگەن ئوخ -شايمىز ، — دېدى سۇلايمان قاسىم تورۇسقا قاراپ خىيال سۈرۈپ بىرئاز ياتقاندىن كېيىن ، — مەن ئۇنىڭ ئۇنچىۋالا ئۆپكىسى يوق-لاردىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتىم . بىراق ، بۇنچە كەڭ قورساقلىقى-نى ، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاياشنى بىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەن-مەن . بىچارىگە ھەقىقەتەن ئۇۋال بولدى ، رىسالەت ، ئەسلى سىز ئۇنىڭ كۆڭلىنى قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك ئىدى . بوپتۇ ، «تۇرمى-غان مېھمانىنىڭ كەتكىنى ياخشى» دەيدىغان گەپ بار . ھامىنى ئاش بولمايدىغان قازانغىمۇ ئوت يېقىۋەرگۈلۈك ئەمەس . ئۇ شۇنى ئويلى-غان بولسا ، كەكلىكنى قويۇپ بەرسە بەرسۇن .

چۈشتىن كېيىن ئۇلار دېيىشكىنى بويىچە نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش ئىشخانىسىغا كەلدى . تالاش ـ تارتىش قىلىنىدىغان مال ـ مۈلۈك ، ئارىشىدىغان بالا ، ھېسسىيات جەھەتتە مۇرەسسە قىلىدىغان ئىشلار بولمىغاچقا ، ئۇلارنىڭ مەسىلىسى ئاسانلا ھەل بولدى . قىزىل تاشلىق نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسى كۆك تاشلىق نىكاھتىن ئاجرىشىش گۇۋاھنامىسىگە ئالماشقاندا ، رىسالەت ئۇستىدىن ناھايىتى ئېغىر بىر نەرسە چۈشۈپ كەتكەندەك يېنىكلەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ ھىممەت ياسىنغا يوشۇرۇن قارىدى ، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈنمەيتتى . قارىغاندا ئۇمۇ كۆڭۈلسىز تۇرمۇشقا خاتىمە بەرگىنىگە خۇشال بولغاندەك قىلاتتى .

ئۇلار ئۈن ـ تىنسىز ھالدا ئىشخانىنىڭ ئالدىغا چىقتى . ھىممەت ياسىن يانچۇقىدىن بىر تال تاماكا چىقىرىپ ، ئوت تۇتاشتۇردى ۋە كۆچەپ شوراشقا باشلىدى . قارىغاندا ئۇنىڭ رىسالەتكە دەيدىغان بىر نەچچە ئېغىز گېپى باردەك ، بىراق ئۇلارنى ئېغىزىدىن قانداق چىقىرىشنى بىلەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ ، رىسالەتنىڭ ئىچى سىيرىلدى .

ــ كەچۈرۈڭ ، ــ دېدى ئۇ ھىممەت ياسىننىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ، ــ مەن سىزگە كۆڭۈل بېرىپ ، ياخشى خوتۇن بولالمىدىم . خىزمىتىڭىزنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلالمىدىم . بۇنىڭ ئۈچۈن بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن . مەن ئىشىنىمەن ، سىز بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم ياخشى بىر ھەمراھقا ئېرىشەلەيسىز . مېنى كەچۈرۈڭ .

ــ سىز ئەمدى قانداق قىلماقچى ؟ ــ سورىدى ھىممەت ياسىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ ، ــ سۇلايمان قاسىمنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى بار ئادەم ، ئۇ سىزنى دەپ ئائىلىسىدىن ۋاز كەچمەيدۇ . قۇرۇق ئۈستەڭگە مىراپ بولۇپ ، ئاچا يولدا قالارسىزمىكىن ؟

ــ سۇلايمان قاسىم ماڭا نىسبەتەن بىر شېرىن چۈش ، مەن ئۇنى رېئاللىقتىن ئايرىلغان ھالدا غايىۋى ياخشى كۆرۈپ كەلدىم . بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا كىشىلەر قوبۇل قىلالمىغۇدەك ھېچقانداق

ئىش يوق. مەن بۇ چۈشنى داۋاملىق كۆرىمەن. بىراق، ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئېرىشىشنى ئويلاپ باقمىدىم. مۇشۇ جەھەتتىن مېنىڭ كۆڭلۇمنى ئايىغىنىڭىزغا رەھمەت. خوش ئەمىسە، ھىمىتجان، ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ. بۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ئىش بولسا، ئىزدەپ تۇرارسىز.

رىسالەت ئۇنى بوش قۇچاقلاپ قويغاندىن كېيىن، تېز - تېز قەدەم ئېلىپ كېتىپ قالدى. ھىمىت ياسىن گويا قورقۇنچلۇق چۈشتىن ئويغانغان ئادەمدەك چۆچۈگىنىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى. شۇنداق قىلىپ نەچچە يىل مەۋجۇت بولغان، ئەمما ئوچىقىدا تۇزۇككىنە ئوت كۆيمىگەن بۇ ئائىلىنىڭ سىيماسى بىر ۋاراق قەغەز بىلەن غايىب بولدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزۈك كۆرۈپ باقمىغان بىرسى بىلەن توي قىلىپ كۆرگەن چۈشكە ئوخشىتىش مۇمكىن ئىدى. ئۇلار چۈشتىن ئويغىنىۋىدى، ھەممىسى غايىب بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارىلىسى
www.uyghurkitap.com

ئون سەككىزىنچى باب

# توزۇغان گۇل

## 81

قەمبەرخاننىڭ قايغۇسىمۇ كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىرئاز بېسىقىپ قالدى . بىراق ئۇنىڭ قەلبىدە يەنىلا بىر پىغان . يۇقىرى بېسىملىق قازاندا قايىنىتىلغان سۇدەك ۋاراقشىپ قايناپتتى . ھوشۇر سەلەينىڭ قايغۇسى بېسىلغان بىلەن ئادالەتنىڭ تەشۋىشى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى . «ئۆلۈكنىڭ دەردىدىن تىرىكنىڭ غېمى يامان» دېگەن شۇ ئىكەن . ھەر كۈنى كېچىسى تەكرار كۆرۈۋاتقان بىر ــ بىرىدىن قورقۇنچلۇق چۈشلەر ئۇنىڭ قايغۇسىنى ئوتنىڭ ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك بارغانسېرى ئۇلغايتماقتا ئىدى . شۇڭىمۇ ئۇ بىرەرسىنى كۆرۈپ قالغۇدەك بولسا ، ئاشۇ قىزنىڭ گېپىنى قىلىپ ، قايتىدىن ھازا ئاچىدىغان بولۇۋالغانىدى .

ھىممىتجاندىن ئاجراشقان رىسالەتنىڭمۇ ئىشلىرى كۆپىيىپ قالغانىدى . ئۇ ھەركۈنى ھاردىم ــ تالدىم دېمەستىن ، ئىشقا باراتتى ۋە ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ، يېرىم كېچىلەرگىچە ماتېرىيال كۆرەتتى ، خاتىرە يازاتتى . بەزىدە ئۇ شۇنداق ئولتۇرۇپ كىتاب دۆۋىسىگە يىقىلغانچە ئۇخلاپمۇ قالاتتى . ئۇرۇمچىدىن بىرنەچچە ساۋاقدىشىنىڭ پەتلەپ كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشۇلغانىدى . ئۇ بىر ئىشقا قەتئىي بەل باغلىغاندەك قىلاتتى . قەمبەرخان قىزىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ تېگىگە يېتەلمەي جىلە بولاتتى ۋە پات ــ پات ئۇنىڭغا شۇنداق دەيتتى :

ــ بىر ئوبدان ئەردىن ئاجرىشىپ ، تۇل قالدىڭ قىزىم ،

ئەمدى يېشىنىڭ بىر يەرگە بارغاندىمۇ كىتاب خالتىسى بولۇپ يۈرەمسەن؟

رىسالەت ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلماسلىق ئۈچۈن، ئۇ قۇشقا بارىدىغان ئىشنى ھازىرچە ئۇنىڭغا دېمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر بىر ئۇقۇشماسلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. بەزىدە قەمبەرخان ئۆزىچە خۇيلىنىپ قالاتتى. رىسالەتكە قېيىداپ بەچچە كۆنگىچە گەپ قىلماي تۇگۇلۇۋالاتتى. بۇ ھال رىسالەتنىڭ كۆڭلىنى بەكمۇ يېرىم قىلاتتى.

رىسالەتنىڭ خىزمىتى بارغانسېرى ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتاتتى. كۆز كىرىش بىلەن ھاۋا بىراقلا سوۋۇغان بولغاچقا، زۇكام ئەدەپ كەتكەن ۋە دوختۇرخانىدىمۇ بىمار ئاۋۇپ قالغانىدى. گەرچە ئوپېراتسىيە ئىلگىرىكىگە قارىغاندا، بىر ئاز ئازايغان بولسىمۇ، زۇكامنى داۋالاش ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ بەزى كېچىلىرى ئۆيگە قايتماي ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلىشىگىمۇ توغرا كېلەتتى.

— قىزىم، — دېدى قەمبەرخان بىر كۈنى ئۇنى يېنىغا چا قىرىپ، — ئېرىدىن ئاجراشقان ئاياللىنى كىشىلەر تۇل خوتۇن دەپ ئاتىشىدۇ. ئاياللار تۇل خوتۇنلارنى ئېرىنىڭ سايىسىدىنمۇ كۆنلەيدۇ، ئۇلار بىرسىگە قاراپ كۈلۈپ قويسىمۇ، كىشىلەر بىر دەمنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن گەپ تاپىدۇ. تۇل خوتۇن دېگەن ئاق كىگىزگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا ئاسان قارا يۇقىدۇ. شۇڭا، بەزى ئىشلاردا ئۆزۈڭگە پۇختا بول. ئاتاڭنىڭ نامىغا داغ چۈشۈپ قالمىسۇن، بولمىسا ئۇ گۆرىدە ئۆرە ئولتۇرىدۇ، قىزىم. ئىشقا ۋاقتىدا بار، ۋاقتىدا ئۆيگە قايت. شاراپەتكىمۇ سۆزلەپ قوي، ئۆزىنى تۈيۈپ يۈرسۇن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئانا، نەسىھەتىڭىزنى چوقۇم قۇلاقتا تۇتىمەن.

بۇنداق پاراڭلار پات - پات بولۇپ تۇراتتى. قەمبەرخان راستلا قىزىنىڭ ھازىر نېمە ئويلاۋاتقىنىنى، نېمىگە تەييارلىق قىلىۋاتقان

لىقىنى پەقەتلا بىلمەيتتى . شۇڭا ، ئۇ ھەمىشە قىزىنىڭ ۋاقتىدا ئۆيگە كەلمەيۋاتقىنىدىن نارازى بولاتتى .

بۈگۈن كۈنگە شەنبە ، ئادەتتە رىسالەت دەم ئالىدىغان كۈن ئىراق ، بۈگۈن ئۇ دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ماقالىسىنى تۈزىتىپ بېرىدىغانلىغا كېلىشىپ قويغانىدى . شۇڭا ، يەنىلا دوختۇرخانىغا كەلدى . ئۇنىڭ ۋەدىسىدە تۇرغىنىنى كۆرۈپ ، دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى . ئۇ بىر دۆۋە ماتېرىيالنى يېيىپ ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئېغىزچە بىرقۇر چۈشەندۈرۈپ چىقتى . بۇ ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ھەققىدە يېزىلغان ماتېرىيال ئىدى . ئۇنىڭدا ئەمەلىي مىسساللار خېلى كۆپ بولسىمۇ ، نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەش يېتەرلىك بولمىغانىدى . شۇڭا ، رىسالەت باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ ، ئىككى سائەتتىلا ئۇنى ماقالە شەكلىگە كەلتۈردى . بۇنىڭدىن دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك بولدى .

— ناھايىتى ياخشى بولدى ، — دېدى ئۇ قوللىرىنى ئىشقىلاپ تۇرۇپ ، — سىزنىڭ ياردىمىڭىز بىلەن مەنمۇ ئۆمرۈمدە بىر ماقالىلىق بوپقالدىم . رەھمەت ، رىسالەت دوختۇر ، ماقالەم ئېلان قىلىنسىلا ، سىزنىڭ شەرىپىڭىزگە چاي بېرىمەن .

— چاي ئەمەس ، بىز بېرىمىز دوختۇرخانا باشلىقى ، — دېدى رىسالەت كۈلۈپ تۇرۇپ ، — سىزنىڭ ئۇتۇق قازانغانلىقىڭىزنى ئۆزۈم تەبرىكلەيمەن .

ئۇ بىر ئىشلارنى ئويلىغاچ ئۆز ئىشخانىسىغا قايتىپ چىقتى . دوختۇرخانىغا كەلگەنىكەن ، بىرەر - يېرىم سائەت ئىشلەپ قويغانىنىڭ زىيىنى يوق . ئۇنىڭ ئۈستىگە قايسى كۈنى باشلىغان ماقالىسىنىڭ يېرىمى قالغانىدى . شۇڭا ، ئۇ بۈگۈنكى بوش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ، بۇ ئىشنىمۇ پۈتتۈرۈۋېتىشنى ئويلىدى .

ئۇ ئەمدىلا ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ تۇراتتى ، ئىشىك ئېچىلىپ ھەمدۇللا دوختۇر كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ مايلىشاڭغۇ يۈزى پارقى-

-راپ تۇراتتى .
— ھە رىسالەت دوختۇر ، بۈگۈن دوختۇرخانا باشلىقى بىلەن بىللە ئىشلىگەنمىدىڭىز ؟ — ئۇ «بىللە» دېگەن سۆزنى ئۇرغۇلۇق قىلىپ ئېيتتى ، — قانداق ، ئىشىڭىز تۈگىگەن بولسا بىزگىمۇ ئاشارسىزمۇ ؟ ئاڭلىسام ، ئاجرىشىپسىز ، مۇشۇنداق چاغدا دوستلار بىر چەتتە قاراپ تۇرساق بولماس .
— قاراپ تۇرماي نېمە قىلماقچىدىڭىز ؟ — رىسالەتنىڭ چىشى قېرىشىپ تۇرسىمۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ سورىدى .
— بىر ئەرنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان يەردە ئە-مەسسىزغۇ ، رىسالەت دوختۇر . ياش ئاياللار ئەرسىز يۇرسە ئاسان زېرىكىدۇ ، ئوبدانراق بىر يەرگە بېرىپ پاراڭلاشساق قانداق ؟
— ھېلىقى جىگدىلىكنىمۇ خېلى بولىدىغان يەر دەپ ئاڭلاي -مەنغۇ ؟ — رىسالەت ئۇنىڭ چىرايىدىن كۆز ئۈزمەستىن سورىدى .
— شۇنداق ، بەلەن يەر ، بەكمۇ خىلۋەت ، شامىلىمۇ ساپ ، ئادەتتە قۇشلارنىڭ چۇرۇقلاشقىنىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلان-مايدۇ . ئۇ يەر ئەر - ئاياللارنىڭ بىر - بىرى بىلەن قانغۇدەك پاراڭلىشىشىغا ، خالىغانچە كۆڭۈل ئېچىشىغا بەكمۇ ماس كېلىدۇ .
ھەمدۇللا دوختۇر قىزارماي ، تاتارماي ئېغىزىدىن كۆپۈك ياند-دۇرغىنىچە جىگدىلىكنى تەرىپلەپ كەتتى . ئۇنىڭ بۇ داپپىۋازلۇقىد-دىن رىسالەتنىڭ تېنى تىكەنلەشتى .
— ئاڭلىسام ئۇ يەردە قۇشلارنىڭ چۇرۇقلاشقىنىلا ئەمەس ، خوتۇننى ئېزدەپ بارغان ئەرلەرنىڭ يولۋاستەك ھۆركىرىگەن قە-ھىرلىك ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ قالارمىشقۇ ؟
ھەمدۇللانىڭ چىرايى بىرئاز قىزارغاندەك بولدى ۋە تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى .
— ئەمدى سىزنى ئىزدەپ چىقىدىغان ئەر بولمىغاندىكىن ، ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ قالماس ، — دېدى ئۇ ھىجىيىپ ، — ئاياللارنىڭ ئەرلەر كۆڭلىنىڭ ئەرمىكى قىلىپ يارىتىلغىنىدىن سىزنىڭمۇ خە-ۋىرىڭىز بولۇشى مۇمكىن . ئەرلەرگىمۇ ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى ئې-

www.uyghurkitap.com

چىپ قويۇش پەرز قىلىنغان ، بولۇپمۇ مۇشۇنداق ئېرىدىن ئاجراش-
قان ئايالالارغا بىرەر ئېغىز چاقچاق قىلسىمۇ ، كاتتا ساۋاب بېرىلەر-
مىش . شۇڭا ، بويىنى قاتتىقلىق قىلماڭ ، رىسالەت دوختۇر . بولمىد-
سا ئىگىمىزنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قالىسىز .

ئەمدى رىسالەتنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتكەندى .
ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ بېگىز بارمىقىنى ئۇنىڭ بۇرنىغا
نىقتىدى .

ــ ھەي سولتەك ، ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان ئالۋاستى ،
سەن تېخى گۇناھتىن سۆز ئېچىۋاتامسەن ؟ ئاياللارنى ئازدۇرۇپ
باللارنى يېتىم قىلغاندىنمۇ ئارتۇق گۇناھ بولامدۇ بۇ جاھاندا ؟
بىلىپ قوي ، ئىگىمىز ئاياللارنى مەيلى نېمە دەپ ياراتقان بولمد-
سۇن ، ساڭا ئەرمەك بولىدىغىنى دوختۇرخانىنىڭ تازىلىق ئىشچد-
سى ! ئاق ـ قارىنى ، تولكىنىڭ ئۆزىگە قورغان قىلتىقىنى ئىلغا
قىلالمايدىغان نادان ئاياللار ! ھۇ تېگى پەس شەرمەندە ، بىلىپ
قوي ، مەن سەن ئويلىغاندەك ئايال ئەمەس . مەن زېرىكىشتىن
ئۆلەي دېسەممۇ سەندەك لاتا قاسقاسقا ھەرگىز ئەرمەك بولمايمەن .
سەن بۇ ئىشخانىغا خاتا كىرىپ قاپسەن . سەتلەشمەي دېسەڭ ،
قۇيرۇقۇڭنى قىسىپ كۆزۈمدىن يوقال ! ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆ-
رۈنگۈچى بولما ، بىرىپ دىغىراپ يۈرگەن ئاياللىڭنى ئەرمەك قىل ،
بولمىسا سەنمۇ ئۇنىڭ شالتىقىدا تېيىلىپ كېتىسەن ، چىقە ئىشخا-
نىدىن سولامچى . ھېلى بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرۈپ قالىسەن
...

ئۇ چاي قۇتىسىنى ئېلىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى ـ دە ،
ئۇنىڭ يۈزىگە قارىتىپ ئاتتى . ھەمدۇللا چاققانلىق بىلەن ئۆچۈپ
كېلىۋاتقان قۇتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، چىرايى تاتارغان ھالدا
ئىشخانىدىن يۈگۈرگەندەك چىقىپ كەتتى . قۇتىنىڭ تامغا تەگكەندد-
كى تاراڭلىغان ئاۋازى كارىدوردا ئەكس سادا بولۇپ ياڭرىدى .
ئىشلەۋاتقان بىرنەچچە دوختۇر ـ سېسترا كارىدورغا چىقىپ ئاۋاز
كەلگەن تەرەپكە قارىدى ۋە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ھەم-

دۇللا دوختۇرنى كۆرۈپ ، پىخىلداپ كۈلۈپ كېتىشتى .
رىسالەتنىڭ خىلىلا تەسكىن تېپىپ قالغان كۆڭلى غەزەپتىن يەنە ئۆرىدەشكە باشلىدى ، قولى ئىشقا بارمىدى ، ئالدىدىكى قەغەز دۆۋىسىمۇ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈشكە باشلىدى . ئۇ ئىشخانىدىن چىقىپ ئىشكىنى قاتتىق ياپتى ۋە رېنتگېنخانىغا قاراپ يۈگۈردى . بۈگۈن ئۇ چوقۇم ھەمدۇللانىڭ بىر يېرىنى قاتتىق چىشلەپ ، تېنىگە مەڭگۈ ئىز سېلىپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى . بىراق ، ھەمدۇللا ئاللىقاچان قۇيرۇقىنى خادا قىلغانىدى . ئىشىكتىكى يوغان قۇلۇپ ئۇنىڭ بۇيەردە يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىپ تۇراتتى .
رىسالەتنىڭ ھېلىقى ماقالىنى پۈتتۈرۈۋېتىش ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلاندى . شۇڭا ، بۇ يەردە ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىپ يۈرمەي ئۆيگە قايتىش نىيىتىگە كەلدى . ئۇ ئىشخانىسىغا يەنە كىرىپ سومكىسىنى ئالغاندىن كېيىن ، ئۆيگە قاراپ يول ئالدى .
دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا ، كوچىلاردا ئادەملەرمۇ شالاڭ ئىدى . ئەتىگەن بىر چىرايلىق كۈلۈپ تۇرغان قۇياش قانداقتۇر بىر نەرسىدىن قېيىداپ قالغاندەك ئۆزىنى بۇلۇت كەينىگە ئالغان ، تۆتەكلىشىپ تۇرغان قارا بۇلۇتلار كۆز يامغۇرىدىن شەپە بېرىپ تۇراتتى . كوچىلاردا شامال كۆچەيگەنىدى . ئۇ يول بويلىرىدىكى دەرەخلەرنىڭ سارغىيىشقا باشلىغان غازاڭلىرىنى شىلدىرلىتىپ تۆكەتتى . رىسالەت يولدىكى غازاڭلارنى دەسسىگىنىچە كېتىپ باراتتى . ئۇنىڭ نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلىرى نامەلۇم شامالنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ، مۇشۇ غازاڭلاردەك زاۋاللىققا يۈزلەنگەنىدى . ئۇ قۇپقۇرۇق بىر كۆڭۈلنى كۆتۈرۈپ يۈرەتتى . گەرچە ئۇ يەردە سۇلايمان قاسىمنىڭ سۈرىتى نەقىشلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ ، بۇ سۈرەتنى ئەمدىلىكتە بىر قەۋەت تۇمان قاپلاپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىنى چەكسىز ھەسرەت ـ پىغان رەھىمسىزلەرچە تىلغىماقتا ئىدى . ئۇ ئاشۇ قارا بۇلۇتلارغا قاراپ خىتاب قىلدى :
— كۆز ياشلىرىڭنى تېزرەك تۆككىن بولۇتلار ، سېنىڭ يامغۇر بولۇپ تۆكۈلگەن ياشلىرىڭ قەلبىمدىكى ئاشۇ تۇماننى تارقىتى-

ۋەتسۇن . مەن ئۇ يەردە مەڭگۇ چاڭ باسمايدىغان ، تۇماندا قالمايدىغان بىر نۇرلۇق سىيمانى ھەرۋاقىت كۆرۇپ تۇراي !

ئۇ قورۇغا كىرىپ كەلگەندە ، گۇللۇك فونتان يېنىدا تۇرغان ھىمىت ياسىننى كۆرۇپ قالدى . ئۇ بۇگۇن ئالاھىدە ياسىنىۋالغاندى . كىرپە تىكىنىدەك دىردىيىپ تۇرىدىغان ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىرغان ، ئۇستىگە قارا كۆك سارجىدىن تىكىلگەن كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ ، بوينىغا قىزىل يوللۇق گالىستۇك تاقىۋالغاندى . ئۇنىڭ روھىي ھالىتى بەكمۇ كۆتۇرەڭگۇ ، چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلغان ، ئۆزىچە قايىسىدۇر بىر ئاھاڭغا غىڭشىپ قوياتتى . ئۇنى بۇ ھالدا كۆرگەن رىسالەت بەكمۇ ھەيران قالدى ، ھەمىشە بوتۇلكىنىڭ قېشىدىن نېرى بارماي ، ئۆزىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ، يۇرۇش ـ تۇرۇشى بىلەنمۇ كارى يوق لەلەڭشىپ يۇرىدىغان بىر ئادەم تۇيۇقسىز مۇنداق ياسىنىۋالسا ، ئادەمنىڭ ھەيرانلىقى تۇتىدۇ ئەمەسمۇ ؟ ئۇ ھىمىت ياسىننىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ ، ئۇنى چوقۇم بىرسى بىلەن ئۇچرىشىشقا ماڭغان بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلدى ۋە ئىچىدە ئۇنىڭغا بەخت تىلىدى . ھىمىت ياسىنمۇ ئۇنى كۆرۇپ بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ سالام قىلدى ، رىسالەت جاۋابەن كۇلۇپ قويدى ۋە بىناغا قاراپ تېز ـ تېز ماڭدى . چۇنكى ، ئۇ ھىمىت ياسىننى ئۇيالدۇرۇپ تەڭقىسلىقتا قويۇشنى خالىمىغانىدى .

رىسالەت ئۆيگە كىرگەندە قەمبەرخان كۆرۇنمەيتتى . ئۇ سومكىسىنى ياتاق ئۆيگە ئەكىرىۋەتكەندىن كېيىن ، سۇلايمان قاسىمنىڭكىگە چىقتى . قەمبەرخان ئۆيدە بولمىسىلا كۆپ ھاللاردا مۇشۇ يەردىن تېپىلاتتى . ئۇ قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكنى چېكىپ يۇرمەستىن ئۆيگە كىرىۋەردى . بۇ چاغدا قەمبەرخان يەنە ئادالەتنىڭ گېپىنى قىلىپ ، كۆز يېشى قىلىۋاتاتتى . زۇلخۇمار ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ ئولتۇراتتى . سۇلايمان قاسىم بولسا گېپىسلانغان پۇتىنى ئۆزۇن سۇنغىنىچە گېزىت كۆرۇپ ياتاتتى . زۇلخۇمار رىسالەتنى كۆرۇپ ، ئورنىدىن تۇردى .



www.uyghurkitap.com

— كېلىڭ ، سىڭلىم ، بۇياققا ئۆتۈڭ ، تېخى چۈشلۈك تاماق يېمىگەنسىز ؟
رىسالەت كۆلگىنىچە بېشىنى چايقىدى . زۇلخۇمار ئۇنىڭ ئال-
دىغا بىر پىيالە چاي قويغاندىن كېيىن ، ساپما كەشنى پالاقلاتقىنى-
چە ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى .
— بۈگۈنمۇ ئارام ئالماپسىز - دە ؟ — سورىدى سۇلايمان
قاسىم گېزىتنى قاتلاپ ياستۇقنىڭ يېنىدا قويغاندىن كېيىن ، —
ھەي ، نېمە جاپا بۇ سىزگە ؟ ھەپتىدە بىرەر كۈنمۇ ئارام ئالالمايۋاتى-
سىزغۇ مۇشۇ كۈندە .
— مۇشۇنداق قوتۇر ئاكتىپلىشىپ دوختۇرخانىغا باشلىق بو-
لاي دېدىمىكىن بۇ ؟ — دېدى قەمبەرخان ئۇھ تارتىپ قويۇپ ، —
ھە دېسە خىزمەت ، ھە دېسە كېسەل دەپ يۈرۈپ ئۆيدە ئولتۇرغۇسى-
مۇ كەلمەيدۇ . ئايال كىشى تۇل قالسىغۇ پايپېقىغا پىت چۈشىدىغان
ئىش ، ئەمدى بۇنىڭ قاتراپ يۈرۈشلىرىگە نېمىمۇ دېيەلەيمەن سۇلاي-
مان ئۇكام ؟ ئۆيگە كەلسىمۇ قەغەز بىلەن چېلىشىپ بىرنېمىلەرنى
قىلىپ يۈرىدۇ . ھەرقانچە ئىشلىسىمۇ ئادەم دېگەن ئەرشئەلاغا
چىقمايدىكەن . دادىسى رەھمەتلىكمۇ خىزمەت دەپ بىر ئۆمۈر چاپقان
ئادەم ئىدى ، ئۆلگەندە ئارانلا سەككىز مېتىر خەسە بىلەن ئۇزىتىپ
قويدۇق . بۇ دېگەن شۇنچىلىك ئالەم . بىر قاچا ئۇماچقا
قورساق ئەستەرلىنىدۇ . شۇنداق تۇرۇپ بۇنچە كۆ-
چەپ نېمىمۇ قىلار ؟ ئەتە - ئۆگۈن ماڭا يىقىلىپ بەرسە قانداق
قىلىمەن ؟
— قەمبەرخاچا ، — دېدى سۇلايمان قاسىم گېلىنى قىرىپ
قويۇپ ، — ھازىر دېگەن رىسالەتنىڭ تازا ئۆگىنىدىغان ۋاقتىلى-
رى . ئۇنىڭ خىزمىتىنى ھوشۇركامىنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرسىلا
بولمايدۇ . ھوشۇركام بىر ئۆمۈر باشقىلاردىن مىننەتدار بولۇپ
ئۆتكەن ئادەم . ئۇ قولىدىكى ناننى باشقىلارنىڭ تارتىۋالمىغىنىدىن
خۇشال بولاتتى . بىراق ، ئەمدى باشقىلار رىسالەتتىن مىننەتدار
بولۇپ ياشاۋاتىدۇ . بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ كۆپرەك بىرنەرسە ئۆگەنمى-

www.uyghurkitap.com

سه ، ئىزدەنمىسە بولمايدۇ . دوختۇرخانىدا نۇرغۇن دوختۇرلار بار .
ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قېرىپ كەتتى . چېكە چاچلىرى چۈشۈپ ،
بېشى پاينەكۋاش بولۇپ كەتكەنلىرىمۇ جىق . بىراق ، ئۇلار ئۆگى-
نىشكە تازا باب كېلىدىغان ياش ۋاقىتلىرىنى ئويۇن - تاماشا بىلەن
ئۆتكۈزۈۋەتكەچكە ، قېرىغاندا بىرەر نەرسە ئۆگىنەلمەي پالاقشىپ
يۈرۈشىدۇ . كىشىلەرنىڭ ئالدىدىكى ئىناۋىتىمۇ چاغلىقلا . ئۇ-
لارنىڭ ئۈستىدىكى ئاق خالاتىقا چۈشلۇق بىلىمى يوق . ئادەم
دېگەن بىر - بىرسىدىن كېيىۋالغان كىيىمى بىلەن ئەمەس ، قور-
سىقىدىكى ئۈمچى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان نېمە . مەن بۇ
قېتىم دوختۇرخانىدا خېلى ئۇزۇن ياتتىم . ھەممىسى ۋاي رىسالەت
دوختۇر دېيىشىدىكەن . رىسالەت بولمىسا ھېچ ئىش قىلالمايدىكەن .
مانا ، بۇنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ توختىماي ئۆگەنگەنلىكىدىن ، ئىزدەنگەن-
لىكىدىن ئەمەسمۇ ؟ ھوشۇركام رىسالەتتىن مۇشۇ جەھەتتە بەكمۇ
پەخىرلىنەتتى . ئۇنىڭ ھەمىشە دەيدىغان ھېلىقى گېپى ئەسلىرىدە
بارمۇ ؟ «قاغا چاڭگىسىدىن بۈركۈت قوپتى» دېگەن مۇشۇ گەپتە
ئالەمچە ھېكمەت بار . مۇشۇنداق تىرىشچانلىق بولمىسا ، قاغا چاڭ-
گىسىدىن قاغا قوپىدۇ . قاغىنىڭ بۈركۈتكە ئايلىنىشى ئۈچۈن تى-
رىشچانلىق كېرەك . شۇڭا ، سىلى ئۇنىڭ روھىغا سوغۇق سۇ
سەپمەي ، قىزلىرىنى قوللىسىلا بولىدۇ . مۇمكىن بولسا رىسالەت
چەت ئەللەردە ئوقۇپ كىرسە ، ھېچبولمىسا ئىچكىرى ئۆلكىلەردى-
كى تەرەققىياتى تېز بىرەر دوختۇرخانىغا بېرىپ ، بىلىم ئاشۇرۇپ
كەلسىمۇ بولىدۇ . بۇنىڭ زىيىنىدىن پايدىسى كۆپ . ئۆگەنگەن
نەرسىلەرنىڭ ئادەمگە ھامان ئەسقاتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىلىغۇ ؟

ھوشۇر سەلەينىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ، قەمبەرخانىنىڭ كۆزلىرى-
گە يەنە ياش كەلدى . ئۇ ياشقا تولغان كۆزلىرىنى رىسالەتكە تىككى-
نىچە پىچىرلىغاندەك دېدى :

— ئىشقىلىپ ئۇنىڭ خىزمەت ئىنغىركېلىپ يىقىلىپ قېلى-
شىدىن بەك ئەنسىرەيمەن . بۇ ئۆيدە ئۇ بولمىسا بولمايدۇ . رىسالەت
بولمىسا ، مېنىڭمۇ ئۆلگىنىم شۇ .

زۇلخۇمار چاچتەك ئىنچىكە سىلىنغان بىر قاچا لەگمەننى ئېلىپ چىقتى . رىسالەت ئامراق تامىقىنى كۆرۈپ ، ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن قاچىنى قولىغا ئالدى ـ دە ، لازا ـ ئاچچىقسۇنى بولۇشىچە قويۇپ يېيىشكە باشلىدى .

سۇلايمان قاسىمنىڭ پۇتى سەللىمازا ساقايدى . سۆڭەك كېسەللىكى دوختۇرى ئۇنىڭ تېڭىقىنى يېشىۋەتتى . قىرىق نەچچە كۈن تېڭىپ قويۇلغان ۋە پىتلاپ كەتكەن پاقالچەك قىچىشىشتىن توختىدى . ئۇنىڭ سىرقىراپ تۇرغان پۇتى يەر دەسسىدى . قەلبىدە ئاجايىپ بىر خۇشاللىق مەۋج ئۇردى .

— يەنە بىرەر ئايغىچە قاتتىق ھەرىكەت قىلماڭ ، ئېگىز ـ پەس يوللاردا ماڭماڭ ، — دەپ جېكىلىدى دوختۇر ئۇنىڭغا دورا يېزىۋېتىپ ، — سۆڭەكنىڭ تولۇق تۇتۇشى ئۈچۈن ئادەتتە ئالتە ئايچە ۋاقىت كېتىدۇ . شۇڭا ، دىققەت قىلمىسىڭىز تۇتقان سۆڭەك قويۇپ بېرىشى مۇمكىن . بولسا كۈندە بىرەر قاچا سۆڭەك شورپىسى ئىچىپ بېرىڭ . بۇنىڭ سۆڭەكنىڭ چىڭىشىغا پايدىسى بار .

سۇلايمان قاسىم ئىنتائىتەمەن ئوقۇغۇچىدەك دوختۇرنىڭ بۇيرۇتمىلىرىغا توختىماستىن بېشىنى لىڭشىتاتتى .

سۇلايمان قاسىم ئاخىر ئىشقا چۈشتى . ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭ پەلەمپەي ۋادىكىگە ئېسىلىپ بەكمۇ قىيىندا چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، تەسىرلەنگىنىدىن قولىنى چىڭ قىستى .

— بولدى ، سۇلايمان ئاكا ، كۆڭلىڭىز بىزگە تېگىل بولدى . گەرچە سىز مەسئۇل بولغان خىزمەتلەر بىرئاز ئاقساپ قالغان بولسىمۇ ، بۇ ھالدا قىينىلىپ يۈرسىڭىز بولمىغۇدەك . يەنە بىر مەزگىل ئارام ئېلىپ ، پۇتىڭىز تولۇق ساقايغاندا ، ئاندىن ئىشقا چۈشۈڭ .

— رەھمەت ، ئىدارە باشلىقى . سىز ئەمدىلا كېلىشىڭىزگە مەن ياردەم بەرمەكتە يوق ، يېتىۋېلىپ سىزنىڭ خىزمەت پىلانىڭىزغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويدۇم ، ھازىر خېلى ساقىيىپ قالدىم . ئەمدى ئىشقا چۈشەي . مېڭىش ـ تۇرۇشتا ئاز ـ تولا دىققەت قىلسىلا

بولىدىكەن . ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوق . خاتىرجەم بولۇڭ .

— ئۆزىڭىزنى كۆپرەك ئاسراڭ ئەمىسە .

ئۇ ئىدارە باشلىقى بىلەن خوشلىشىپ ئىشخانىسىغا كىردى ، ئۈستىلىدە بىر ئىلىك توپا ، ئىشخانىنىڭ ھاۋاسى بۇزۇلغان ، ھەممە يەردىن ئېچىغان زاغرىنىڭ ھىدى كېلەتتى . ئۇ چېچىلىپ ياتقان ماتېرىياللارنى بىرقۇر رەتلىۋەتكەندىن كېيىن ، ئۈستەل - ئورۇندۇقلىرىنى پاكىز سۈرتتى . ئىشخانىنىڭ تېگىنى پول سۈرتكۈچ بىلەن مايلىغاندەك پارقىرىتىۋەتتى . بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن ، ئۇ نېمىشقىدۇر ئىشكاپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى . ئۇ ھاياجاندىن يېنىك تىترەپ كەتتى . ئىشكاپنى خۇددى ئەينەكتىن ياسالغان قانداقتۇر بىر نەپىس بۇيۇمنى يۆتكىگەندەك ئاۋايلاپ ئاچتى . قىزىل لېنتىسى يېشىلگەن كونۋېرتلار بىلەن قاتلىقى بۇزۇلغان قىزىل يوللۇق گالستۇك ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداقلا تاشلاپ قويۇلغان ھېلىقى سۈرەت ··· بۇنىڭدىن خەتنى ئوقۇغان ھېممەت ياسىننىڭ بەكمۇ ئازابلانغانلىقى ۋە نەرسە - كېرەكلەرنى شۇنداقلا تاشلاپ قويۇپ ئىشخانىدىن ئوڭ - سولىنى بىلمىگەن ھالدا چىقىپ كەتكەنلىكىنى قىياس قىلماق تەس ئەمەس ئىدى .

سۇلايمان قاسىم خەتلەرنى كونۋېرتقا سېلىپ ھېلىقى قىزىل لېنتا بىلەن قايتىدىن چىگدى . گالستۇكنى چىرايلىق قاتلىدى . سۈرەتنىڭ ئۈستىدىكى نېپىز بىر قەۋەت چاڭنى سۈرتتى . ئاندىن بۇ نەرسىلەرنى ئىشكاپنىڭ ئەڭ ئاستىنقى تارتمىسىغا سالغاندىن كېيىن ، ئۇنى قۇلۇپلىدى . بۇ چاغدا ئۇنىڭ پېشانىسىدىن مۇنچاق - مۇنچاق تەر قۇيۇلۇشقا باشلىغانىدى .

ئىشلار ئۇ تۈزگەن پىلان بويىچە باشلىنىپ كەتتى . ئۇنىڭ يىغىلىپ قالغان ئىشلىرىنى ئىزىغا سېلىش ئۈچۈن بىر مەزگىل كۆچەشكە توغرا كېلەتتى . شۇڭا ، ئۇ ئىشخانىسىغا بىر كېلىۋالسا ، بەزىدە چۈشلۈك تاماقنىمۇ ئىشخانىسىغا ئەكەلدۈرۈپ يەيتتى . ئۇنىڭ كۈندۈزلىرى ئۆيگە قايتىدىغان چاغلىرى بەكمۇ ئاز بولاتتى . ئۇ مۇشۇنداق يۈرۈپ رىسالەت بىلەن كۆرۈشمىگىلىمۇ بىر ، ئىككى

ھەپتە بولۇپ قالغانىدى .
بۈگۈن ئارام ئالىدىغان كۈن . شۇڭا ، ئۇ ئىشخانىسىغا كەلمە-
دى ، كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئاخشام ئۆيگە ئالغاچ كەلگەنىدى .
ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن ياتاق ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ كىچىك
شىرەنىڭ ئۈستىگە ماتېرىياللىرىنى يېيىۋەتتى . ئۇنىڭ ئاقىرىشقا
باشلىغان شالاڭ چاچلىرى شىرە ئۈستىگە توزۇپ تۇراتتى . بىر
چاغدا رىسالەت كىرىپ كەلدى . ئۇ زۇلخۇمار بىلەن پاراڭلاشقاچ
ياتاق ئۆيگە كىردى . گرادۇسلۇق ئەينىكىنى بۇرنىنىڭ ئۇچىغا
قوندۇرۇۋېلىپ ماتېرىيال كۆرۈپ ئولتۇرغان سۇلايمان قاسىمغا
قاراپ كۈلۈپ تاشلىدى .
— ۋاي - ۋۇي ، سۇلايمان ئاكا ، پاكىستاننىڭ «نومۇسسىز-
لىق» دېگەن كىنوسىدىكى تېلېفوننىڭ يېنىدىن قوپمايدىغان پومېش-
چىكنىڭ بوغالتىرىغا بەكمۇ ئوخشاپ قاپسىز جۇمۇ ؟ قاراڭا ئەينە-
كىڭىزنىڭ ياراشقىنىنى ؟ نېمە كۆرۈۋاتىسىز ؟
— ئالدىمىزدا ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەر-
نىڭ پىلانى ، — دېدى ئۇ ئەينىكىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ ، — قان-
داق ، ئۆزىڭىز نېمە قىلىپ يۈرۈيسىز ، رىسالەت ؟ دوختۇرخانىدىكى
بىمارلار بىرئاز ئازايدىمۇ ؟ ئىشلار بېسىققاندۇ ؟
— ھازىر خېلى ئازلىدى ، — دېدى ئۇ كارىۋاتنىڭ لېۋىگە
كېلىپ ئولتۇرۇپ ، — بىراق ئوپېراتسىيە كۆپ بولۇۋاتىدۇ . شۇ-
ڭا ، بەكلا ئالدىراش يۈرۈيمەنغۇ تاڭ . قانداق ، پۈتىڭىز يەنە خاپا
قىلمىغاندۇ ؟
— ھازىرچە ياخشى ، — سۇلايمان قاسىم ماتېرىياللارنى يى-
غىشتۇرغاندىن كېيىن ، ئەينىكىنى قاپچۇققا سالدى . ئاندىن رىسا-
لەت تەرەپكە ئازراق سۈرۈلدى ، — بىنانىڭ تۆتىنچى قەۋىتىگە چى-
قىپ - چۈشۈپ يۈرۈپ سەل تەسىرلەندىمىكىن ، ئاغرىقى بىرئاز
كۈچىيىپ قالغاندەك . باشقا ئۆزگىرىش يوق . تەتقىقاتىڭىز قانداق
كېتىۋاتىدۇ ؟
— بۇ ھەپتە يەنە بىر ماقالەم ئېلان قىلىنىپتۇ ، تېببىي

ئۇنىۋېرسىتېتنىكى بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا سۇنۇلغان ماقا-
لەم باھالاشتىن ئۆتكەن ئوخشايدۇ . 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېر-
رىشكەنلىكىنى ئېيتىپ، بۇ ئىشنى بىلسىلەر، كىشىلەر شۇن-
داقراق بىر گەپنى قىلىۋاتىدىغۇ . يەنە ئىككى تېمىنى تۇتۇۋاتىمەن.
مۇشۇ بىر ئىككى ھەپتە ئىچىدە تاماملاپ بولۇشۇم مۇمكىن. ئاتقا
مىنمىسەم بوپتىكەن ، ئەمدى مىنىپ قويۇپ چۈشمىگىم تەسكە
توختاۋاتىدۇ . قولۇم سەللا بوشاپ قالسا ، مېنى ئاچچىق تۇتۇۋالىدى-
غان بولۇپ كەتتى . ھەي ، مۇشۇنداق يۈرۈپ كاللىدىن كەتمىسەملا
بولاتتىغۇ ؟

— تىرىشىڭ ، رىسالەت . ئاتقا مىنگەن ئىكەنسىز ، چۈشۈشنى
ھەرگىز خىيال قىلمىغىنىڭىز تۈزۈك . ئورنىدىن قوزغالغان پويىز-
نى توختىتىۋېلىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس . سىزمۇ پويىزغا ئوخشاش
ئورنىڭىزدىن قوزغىلىپ بولدىڭىز . ئەمدى توختىتىۋېلىشنى ئە-
مەس ، گۇدۇك چېلىپ تېخىمۇ تېز چېپىشنى ئويلىشىڭىز كېرەك .
رىسالەت ، مەن سىزگە ئىشىنىمەن ، سىز ھەرگىزمۇ يېرىم يولدا
توختىۋالىدىغانلاردىن ئەمەس . ھە راست ، ئوقۇشقا بېرىش ئىشىنى
قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىز ؟

— بۇ ئارزۇيۇمنى ئۇستازىم نىياسەم خانىمغىمۇ
ئېيتتىم ، — دېدى ئۇ زۇلخۇمار ئېلىپ كىرگەن بىر پىيالە چاينى
ئېھتىرام بىلەن قولىغا ئالغاچ ، — ئۇستازىم مېنىڭ ئىنتايىن توغ-
را ئويلىغانلىقىمنى ، ئەگەر شۇنداق نىيىتىم بولسا مېنى پۈتۈن
كۈچى بىلەن قوللايدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئۇ ۋىلايەتتىكىلەر بىلەن
ئالاقىلىشىپ بولغاندىن كېيىن ، ماڭا خەۋەر قىلىدىغان بولدى .

— بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش بوپتۇ ، — دېدى سۇلايمان قاسىم
مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ ، — مەنمۇ سىزنىڭ ئوقۇشىڭىز-
نى قوللايمەن . ياردەملىشىدىغان ئىش بولسا ، تارتىنماي ئېيتىۋې-
رىڭ . ھەي ، سىزنىڭ مۇشۇنداق ئۇتۇق قازىنىۋاتقىنىڭىزنى ھو-
شۇركام ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولسا ، قانداق خۇشال بولۇپ
كېتەتتى ـ ھە ؟ راست ، سىز قايسى تۇر بويىچە ئوقۇشنى ئويلى-

شۇاتسىز ؟
— تېخى بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتىمەن ، — دېدى رىسا-
لەت چايدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ ، — مېنىڭچە يۈرەك - قان تومۇر
كېسەللىكلىرى بويىچە تەربىيلەنسەممىكىن دەيمەن . مۇشۇ ساھە-
دە ناھىيىمىزدىلا ئەمەس ، ۋىلايەتتىمۇ بوشلۇق خېلى بار-
دەك . يۈرەك - قان تومۇر كېسەللىكلىرى كەلسىلا ئۈرۈمچىگە
يۆتكەيدىغان ئىش ئىكەن . بۇنىڭدا بىمارلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى
ئېشىپ كەتكەننىڭ ئۈستىگە ئارىلىق يىراق بولغاچقا ، يولدا ئۆلۈپ
كېتىدىغانلارمۇ كۆپ بولىدىكەن . شۇڭا ، مۇشۇ ساھەنى تاللىسامىمى-
كىن دېگەن ئويدىمەن .
— مەن داۋالاش ساھەسىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيمەن ، — سۇ-
لايمان قاسىم تاماكىسىغا ئوت ياققىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ قويدى ، —
بۇ جەھەتتە ئۆزىڭىزدە ئېنىق بىر نىشان بولسۇن . كەسىپنى توغرا
تاللىماي ، كېيىن پۇشايماندا قالىدىغان ئىش بولسا ، ھەرگىزمۇ
بولمايدۇ . شۇڭا ، بۇنىڭدا ئەستايىدىل ئويلىنىڭ .
— مەن بۇ قېتىم دوختۇرخانىمىز تەشكىللىگەن سەييارە كې-
سەل كۆرۈش گۇرۇپپىسى بىلەن يىراق تاغلىق يېزىلارغا بارماق -
چى ، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا ، — بەلكىم شۇ يەرلەردىكى كېسەل-
لىك ئەھۋالىنى كۆزەتكەندىن كېيىن ، ئاندىن بىر قارارغا كېلىشىم
مۇمكىن . بىز ئەتە يولغا چىقىمىز ، شۇڭا بۈگۈن سىز بىلەن
خوشلىشىشقا كىرگەنىدىم . مەن كەلگۈچە ئانامنىڭ ھالىدىن خەۋەر
ئېلىپ قويساڭلار . ئۇ مېنىڭ تاغلىق يېزىلارغا بارىدىغانلىقىمنى
ئاڭلاپلا يىغلاۋاتىدۇ . ئۇ بۇنداق تۇرسا ، مەن خاتىرجەم بولالمايدى-
كەنمەن .
— ۋاي ، قەمبەرخاچامغا بىز بارغۇ ؟ — دېدى زۇلخۇمار تې-
رىككەندەك قىلىپ ، — سىز خاتىرجەم يولغا چىقىۋېرىڭ ، سىڭ-
لىم . بۇ خوتۇندىن ھەرگىز ئەنسىرىمەڭ ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھالى بىلەنلا
قالماي ، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنىمۇ ئويلىشى كېرەك - دە . دوخ-
تۇرخانىدىن سىزنى بىرىڭ دېسە ، ئۆيدە ئانام بار ئىدى دەپ قۇتۇل-

غىلى بولاتتىمۇ؟ مۇشۇ قەمبەرخاچامنىزە، كۆزىدە كۆل بارمىكىن دەيمەن. قانداقلا ئىش بولسا يىغىسى تەييار. تۇرۇپ تۇرۇك، مەن شاققىدە كىرىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ كىرەي. بەئەينى يىغلىسا كۆزىگە ياغاچ تىقىۋېتىمەن.

زۇلخۇمار شۇنداق دېگىنىچە دىكىكاڭلاپ چىقىپ كەتتى. رىسالەت يەرگە قاراپ بىر ئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن، سۇلايمان قاسىمنىڭ تېگىقى ئېلىۋېتىلگەن پۇتىنى سىلاشقا باشلىدى. سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە جىممىدە قاراپ قالدى.



رىسالەتنىڭ سەييارە داۋالاش ئەترىتى بىلەن مۇشۇ تاغلىق يېزىلارنى كېزىپ يۈرگىنىگە ھەپتىدىن ئاشقانىدى. ئۆكتەبىر ئايلىرى چىقىپ كەتمەي تۇرۇپ بۇ يەرلەردە قېلىن قار ياغقانىدى. ئېگىز - پەس تۆپىلىكلەر، ھەرخىل قورام تاشلار تاۋۇزدەك چېچىلىپ ياتقان سايلىقلار، ئوت - چۆپلىرى سارغىيىپ كەتكەن يايلاقلار، مېۋىسى يىغىۋېلىنغان جىگدىلار، يالىڭاچلانغان قارا تال، دەل - دەرەخلەر، كونا ئېقىن ئىچىدىكى كىچىك ئېرىقتا ئېقىۋاتقان، ھازىر مۇز تۇتقان بىر تارام سۇنىڭ ھەممىسى قېلىن قار تېگىدە قالغانىدى. قوي تېرىسىنى ئاشلاپلا بېشىغا ئارتىۋالغاندەك كۆرۈنىدىغان سالۋا تەلپەك كىيگەن دېھقانلار ئېغىزىدىن قويۇق ھور پۈركۈپ تىمىسقىلاپ يۈرەتتى. جىرالارنىڭ تۈۋىگە سىڭىنغان، ھازىر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان توپا تاملىق پاكار ئۆيلەرنىڭ تۈرخۇنىدىن كۆتۈرۈلگەن كۆكۈچ ئىس ھاۋاغا سىڭىپ كېتىشنى خالىمىغاندەك تاغ چوققىلىرى ئەتراپىدا لەيلەشىپ يۈرەتتى. تېزەك - ماياقلارنىڭ ھىدى كېلىۋاتقان بۇ تۈتۈنلەر ئادەمنىڭ دىمىغىنى ئېچىشتۇراتتى. ھاۋا شۇنچىلىك ئوچۇق، كۆپكۆك ئاسماندا ئاپئاق بۇلۇتلار كېزىپ يۈرسىمۇ، سوغۇق شامالنىڭ كۈچى خېلى بار ئىدى. تاغ قاپتاللىرى ئارىسىدا سوزۇلۇپ ياتقان

چىغىر يوللار قىلىن قار تېگىدە قالغاچقا، بۇ يەرنى ئەسلىدىن بىلىدىغان ئادەم بولمىسا، يول مېڭىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
بۈگۈن داۋالاش ئەترىتى قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان چاتاش مەھەللىسىگە قاراپ يولغا چىققانىدى. بۇ يەرگە بارىدىغان يول بەكمۇ ناچار، ماشىنا مېڭىش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئۇلار ئات ــ ئېشەكلەرگە مىنىپ سەپەرنى باشلىۋەتتى. ئەڭ ئالدىدا يول باشلاپ كېتىۋاتقان قاۋۇل سېكرىتار كۆك تاماكىسىنى شورىغىنىچە ئەتراپقا قاراپ، ئۇ يەر ــ بۇ يەرلەرنى ئېترەتتىكىلەرگە تونۇشتۇرماقتا ئىدى.
ــ مانا بۇ ھاسا دۆڭ، نېمىشقا ھاسا دۆڭ دەپ ئاتىلىدۇ؟ شۇ ئاتام زامانىسىدا بىر ئەۋلىيا مۇشۇ يەردە ئارام ئېلىۋاتقاندا، ھاسىسىنى يېتتۇرۇپ قويغانىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ھاسا دۆڭ بولۇپ قالغانمىش. ئەنە ئاۋۇ كۆرۈنگىنى چورۇق ئاستى. ئۇ يەردە-مۇ بىر چوكان بار ئىكەنمىش، ھەر كۈنى ئېرى بىر يەرلەرگە كەتىسە مۇشۇ دۆڭگە چىقىپ چورۇق ئاسىدىكەن. بۇ ئۆزىنىڭ قايسى-بىر يەردىكى ئاشنىسىغا بەرگەن بەلگىسى ئىكەن. چورۇقنى كۆر-سىلا ئاشنىسى يېتىپ كېلىدىكەن. شۇڭا، بۇ يەرمۇ چورۇق ئاستى بولۇپ قالغانمىش. ئەنە، ئاۋۇ يەر قاۋان ئۆلدى، بۇيەردە بىر ئوۋچى ياشىغانمىش، ئۇ بىر كۈنى ئوۋغا چىقىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، بىر قاۋاننى ئۇچرىتىپتۇ ۋە ھېچ كۈچىمەيلا بىر پاي ئوق بىلەن يەر چىشلىتىپتۇ. شۇڭا، قاۋان ئۆلدى بولۇپ قالغانىكەن...
قاۋۇل ئاخۇننىڭ مۇشۇ يەرنىڭ تارىخى ھەققىدە بىلمەيدىغىنى يوقتەك قىلاتتى. ئۇ مىنىۋالغان كۆك ئېشەك پات ــ پات ئۇزۇن يىل ئىشلىتىلگەن سوپۇرگىدەك قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ قويۇپ، بىر خىل قەدەم ئېلىپ كېتىپ باراتتى. رىسالەتمۇ قىلىن كۆرپە سېلىنغان سۇر ئېشەكنىڭ ئۈستىدە قورقۇمسىراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇنداق جانىۋارلارغا مىنىشى تۇنجى قېتىم بولغاچقا، يۈرىكى پۈكۈلداپلا تۇراتتى. ئۇ ھەر چوڭ ئوپېراتسىيەلەردىمۇ، ئۇرۇمچى-

دىكى جۈشقۈننىڭ ياتقىدىن چىقىپ ، مۈزدەك سوغۇق شامال كې-
زىپ تۇرغان كوچىلاردا تەنها كېتىۋاتقاندىمۇ بۆگۈنكىدەك قورقۇپ
باقمىغان . ئۇ ئۆزىنى خېلى يۈرەكلىك قىز ھېسابلايتتى . مانا
ئەمدى قار قاپلىغان تاغ يولىدا ، يەنە كېلىپ ئېشەكنىڭ ئۈستىدە
كېتىۋېتىپ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتەيلا دېگەندى . بولۇپمۇ
ئېگىز دۆڭلەردىن پەسكە چۈشكەندە ، ئۇ سىيرىلىپ بېرىپ ئېشەك-
نىڭ بويىنىغىلا چۈشۈپ قالاتتى . بۇنداق چاغدا ئۇ قورقۇنچتىن
چىرقىراپ كېتەتتى .

ئۇلار ئەمدى بىر تاغنىڭ يانباغرىدىكى تۈزلەڭلىككە چۈشتى .
رىسالەت سائىتىگە قاراپ قويدى . ئۇلارنىڭ يولغا چىققىنىغا ئۈچ
سائەتتىن ئېشىپتۇ . ئىراق تېخىچە ئالدى تەرەپتىن چوقچىيىپ
تۇرغان تاغلاردىن باشقا بىرەر مەھەللىنىڭ ئىزناسىمۇ كۆرۈنمەيت-
تى . پارقىراپ چىققان ئاپئاق قارلار چېقىنداپ ئادەمنىڭ كۆزىنى
ئاچۇرمايتتى . كۆكىرىپ تۇرغان ئاسماننىڭ يىراق چېتى تاغلاردىن
ھالقىپ بېرىپ ، ئاشۇ ھەممىلا يېرى ئاقىرىپ تۇرغان ئۇپۇق بىلەن
تۇتىشىپ كېتەتتى . ئېگىز چوققىلاردا قارامتۇل بۇلۇتلار لەيلىشىپ
يۈرەتتى . يول يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى ئۇلار بېسىپ ئۆتكەن مۇسا-
پىدە بىر قارا ئارغامچا پەيدا بولۇپ ، ساي قويندا سوزۇلۇپ ياتات-
تى . رىسالەت ئۆمرىدە بۇنداق گۈزەل مەنزىرىنى كۆرۈپ
باقمىغاندى .

— يەنە ماڭىمىزمۇ ؟ — سورىدى ئامىنە ئېشەك ئۈستىدە ئول-
تۇرۇۋېرىپ ئۇيۇشۇپ كەتكەن بېلىنى تولغاپ تۇرۇپ ، — ئالدى-
مىزدا ھېچبىر مەھەللە ياكى ئۇنىڭ تۈتۈنىمۇ كۆرۈنمەيدۇ . قاۋۇل-
كا ، بىزنى مۇشۇنداق ئېلىپ بېرىپ ، تاغنىڭ كەينىدىكى بىرەرسى-
گە سېتىۋەتمەيدىغانسىز ؟

— ۋاي خېنىم ، شۇنداق قىلىشقا مېنىڭ كۆڭلۈم
ئۇنامدۇ ؟ — قاۋۇل سېكرېتارمۇ بۇرۇتىنى تولغاپ قويۇپ ھەييار-
لىق بىلەن جاۋاب بەردى ، — باشقىسىنى ساتسام ساتىمەنكى ، سىلى-
دەك گېپى ئۈز ، لېۋى تۈز ، خۇلقى جانىنى ئالىدىغان لەۋەنى مىڭ

پۈلغىمۇ ساتمايمەن .
ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى .
— ئەردىن تەلىيىڭ چىقمىغان چوكان ئىدىڭ ، — دېدى رىسالەت كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ ، — بۇ قېتىم سەييارە داۋالاش ئەترىتى بىلەن تاغقا چىقىپلا بەختىڭ ئېچىلدى مانا ، سېكرېتارىنىڭ پېشىنى مەھكەم تۇت ، ئامىنە . بولسا شەھەرگە كىرىپ كېتىمەن دېمە .
— مېنى تاشلاپ كىرىپ كېتىشكە خېنىمىنىڭ بېشى ئون ئەمەستۇ ؟ — دېدى قاۋۇل سېكرېتار كۈلۈپ تۇرۇپ ، — ناۋادا شۇنداق قىلىدىغان بولسا ، ئېرىگە كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىمەن .
— مەسىلەن قانداق قىلىپ ؟
— شەھەرگە بىر پادا قوي بىلەن كىرىپ ، ئېرىنى مال باققۇلى سالىمەن . شەھەر دېگەندە تاشتىن باشقا نېمە بار ؟ قويلار ئاچ قالسا يەنىلا تاغقا چىقماي ئامالى يوق . غوجام تاغقا چىقىپ قوي باقىدۇ ، خېنىم ئۆيدە قېلىپ مېنى ...
ئېشەكلىك كېتىۋاتقانلار دالىنى بېشىغا كىيىپ يەنە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى . ئامىنەمۇ كۈلكىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ، ئېشەك ئۈستىدىن دومىلاپ كەتكىلى قىل قالدى .
كۈلكە - چاقچاق بىلەن ماڭغاچقا ، ئۇلارغا تاغنىڭ سوغۇقىمۇ ، سەپەرنىڭ جاپاسىمۇ بىلىنمىدى . ئەكسىچە ساپ ھاۋا ، غۇر - غۇر شامال ، كۆككە باش قويغان ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلار ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئاپئاق قارلار ، قاۋۇل سېكرېتارنىڭ شوخ چاقچاقلىرى رىسالەتنىڭ كەيپىياتىنى خېلى كۆتۈرگەنىدى . ئۇ ئەتراپىدىكى مەنزىرىلەرگە تويماي قارايتتى . ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدا ئاشۇ ئېگىز تاغ چوققىسىغا چىقىۋېلىپ ، جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ ناخشا ئوقۇغۇسى كېلىپ كەتتى . ئۇ خىيالىدا ئاشۇ ناخشا ئوقۇغان چاغلارنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆردى . شۇنداق ، ئۇنىڭ ئاۋازى تاغلارنىڭ چوققىسىدىن ، قار قاپلىغان دالانىڭ كۆز يەتكۈسىز بوشلۇقلىرىدىن ئەكس سادا بولۇپ قايتىشى مۇمكىن . ئۇ ئۆزىنىڭ ئالەمنى كې-

ـزىپ قايتىــپ كەلگــەن ئاۋازـىنى ئاڭلىـغانـدەك بولدى . ئۇ خىيالىدا يەنــمۇ ئىلگــىرلىــگەن ھالدا ئاشۇ تاغــلارغا قاراپ «سۇلايمان !» دەپ ۋارقىرىدى . تۇشمۇ تۇشتىن سانسىزلىغان رىۋـسالەتلەرنىڭ «سۇلايمان !» دەپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ ئىشەك ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ھاياجانلانماقتا ئىدى . كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان ياشلىرى يەرگە مۇز بولۇپ چۈشەتتى .

ئالاھازەل يەنە بىر سائەت ماڭغاندىن كېيىن ، ئۇلار بىر تۆپىـلىككە ياماشتى . ئىشەكلەرنىڭ بۇرنىدىن ئىسسىق ھور كۆتۈرۈلەتـتى . تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى ئارتىلغان ئىشەكلەرمۇ تەرلەپ كېـتىشكەنىدى . رىسالەت ئۆزى مىنىپ كېلىۋاتقان سۇر ئىشەكنىڭ بېشىغا قارىدى . ئۇنىڭ ئىككى تەرەپكە پەغەزدەك تاشلىنىپ تۇرغان قۇلاقلىرى ئارىسى تەردىن نەمدەلگەنىدى . ئىشەك تىنماستىن پۇشـقۇرۇپ قوياتتى . رىسالەت ئىككى پۇتى بىلەن ئىشەكنىڭ قورسىقىـنى چىڭ قىسقىنىچە ئىگىشىپلا قالغانىدى . خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن ، ئۇلار تۆپىلىككە چىقىشتى ۋە پەستىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان تېزەك تۈتۈنلىرىنى كۆرۈپ چۇرقىراپ كېتىشتى . داۋاننىڭ ئاستىـدا ، تۆپىلىكتىن باشلانغان چىغىر يولنىڭ بويىدا مورىسىدىن تۈتۈن چىقىپ تۇرغان بىرنەچچە ئۆي خىرە ـ شىرە كۆرۈنەتتى . ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن بۇ ئۆيلەر رىسالەتكە ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋىسىغا بېسىلغان چەت ئەلنىڭ ماي بوياق رەسىملىرىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى . دەل ـ دەرەخلىرى شالاڭ ، تاغ قاپتىلىدىكى ئېقىن بويىغا جايلاشقان بۇ مەھەللە بەكمۇ خىلۋەت ، خۇددى دۇنيادىن ئايرىلىپ ياشاۋاتقان ئاشىقنىڭ كەپسىدەك سۈكۈتلۈك ئىدى . بۇ يەردىن نە بىر ئىتنىڭ كاڭشىغىنى ، نە بىر ئىشەكنىڭ ھاڭرىغىنى ئاڭلانمايتتى . ئاشۇ تۈتۈن چىقىپ تۇرغان مورىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، بۇ يەردە ئادەم ياشايدۇ دېسە ھېچكىم ئىشەنمەيتتى .

ــ ئالدىمىزدا كۆرۈنگىنى چاتاش كەنتى شۇ ، ــ دېدى قاۋۇل سېكرېتار ساقال ـ بۇرۇتلىرىدا قېتىپ كەتكەن مۇز پارچىلىرىنى

تاتلاپ تۇرۇپ، ــ ئۇن نەچچە ئائىلىسى بار كىچىككىنە مەھەللە بۇ . بۇ يەردە مەكتەپ يوق ، ئوقۇش يېشىدىكى باللار چوڭ سايغا بېرىپ ، شۇ يەردىكى ياتاقلىق مەكتەپتە ئوقۇيدۇ . ئۆيلىرىگە يىلدا بىر ەر قېتىم قايتالايدۇ . شۇڭا ، بۇ يەردە باللارنىڭ قى ـ چۇلىردىمۇ ئاڭلانمايدۇ .

بۇ يەردە ياشايدىغان كىشلەرگە رىسالەتنىڭ ئىچى بەكمۇ ئاغرىدى . ئۇ پەسكە قاراپ سوكۇلداپ كېتىۋاتقان ئېشەكنىڭ بوينىغا يېپىشقىنىچە تۇتۇنلەر بۇخسۇۋاتقان ئۆيلەرگە ئېچىنىش نەزىرىدە قاراپ قويدى . ئۇلار ئاخىر بۇ خىلۋەت مەھەللىگە يېتىپ كېلىشكەنىدى .

ئۇلار قاۋۇل سېكرىتارنىڭ يول باشلىشى بىلەن مەھەللە باشلىقىنىڭ ئىشكى ئالدىغا كېلىپ ، ئۇلاغلىرىدىن چۈشتى . رىسالەت ئېشەكتىن چۈشۈپلا پۇتى يەر دەسسىيەلمەي ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ بېلى چىدىغۇسىز دەرىجىدە سىرقىراپ ئاغرىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئامىنەنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىشى بىلەن مەھەللە باشلىقىنىڭ تېرەك شاخلىرىدىن قوراشتۇرۇپ ياسىۋالغان باغنىلىق ئىشىكىدىن كىرىپ ، ئۆزىنى پېشايۋاننىڭ سۇپىسىغا تاشلىدى . ھويلىدىكى تاراق ـ تۇرۇقنى ئاڭلاپ ، يىرتىلىپ كەتكەن چىت كۆڭلىكىدىن خالتىلىشىپ تۇرغان ئەمچەكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر ئايال چىقىپ كەلدى . ئۇنىڭ ياغلىقسىز بېشى بەئەينى قاغا چاڭگىسىغا ئوخشايتتى . رەڭدە بوياپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان قىپقىزىل مەڭزى ئاق سېرىق چىرايىغا بەكمۇ ياراشقانىدى . ئۇنى كۆرۈپ سېكرىتارنىڭ ئېغىزى ئېچىلدى :

ــ ھە مەسۇيدىخان سېكلەك ، بارات قوچقار بارمۇ ياكى بىر يەرگە ساغلىق ئىزدەپ كەتتىمۇ ؟

ــ ساغلىقى يېنىدا تۇرسا يەنە سۇيدۇك پۇراپ يۈرىدىغان سىلى ئەمەس جۇمۇ بىزنىڭ ئادەم ، ــ دېدى ئايال قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ، ــ قانداق سېكرىتار ، قار توزۇغاندا چۈشۈپ قالغان توڭ تېزەكتەك كېلىپ قاپتىمىزغۇ ئەمدى ؟ قىشلىق يەم ـ خەشەك

تۇگەپ كەتمىگەندۇ ؟

ــ ھەي ، سىزنىڭ مۇشۇ ئېغىزىڭىزنىزە ، ــ قاۋۇل سېكرېتار بېشىنى قاشلىغىنىچە كالچىيىپ كۇلدى ، ــ گەپكە كەلگەندە ئوتتۇز يەردىن پەدە باغلايسىز ـ دە ، مەسۇيدىخان . قېنى ئەمسە ، بارات قوچقار بۇياققا چىقسۇن . تېزدىن بېجىرىدىغان ئىش بار ، ماۋۇ كەلگەنلەر ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ ئادەملىرى ، ئۇلار بۇ يەردىكىلەرنىڭ كېسىلىنى ھەقسىز كۆرۈپ قويۇشقا كەلگەن . ھەر قايسىڭلارنىڭ يىرتىلغان ، يامايدىغان يەرلىرى بولسا ، ئەرلىرىگە ئەرزىگۈدەك قىلىپ ياماپ قويىدۇ . قوچقارتى تېز چاقىرىڭ .

ــ نېمىگە ئالدىرايدىلا بۇنچە ؟ خۇددى قوچقارسىراپ كەلگەندەك ، ھە دېسە قوچقار ، قوچقار دەپلا كەتتىلىغۇ ؟ ئالدىرىمىسىلا ، قوچقار ھېلى كېلىدۇ . قېنى مېھمانلار ، ئاۋۋال ئۆيگە كىرىپ ، پۇت ـ قولۇڭلارنى ئازراق ئىسسىتىۋېلىڭلار . پېتكىدىن ئىسسىق ئىچىپ ئارام ئېلىۋېلىڭلار .

ئايال كەلگەنلەرنىڭ ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرلىرى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ چاقچىقىنى يىغىشتۇردى ۋە ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى . تاملىرى ئىسلاشقان ، سۇپىغا سېلىنغان كىگىزلەرنىڭ ئۈستىنى بىر ئىلىك توپا بېسىپ كەتكەن بۇ قاراڭغۇ ئۆيگە كىرگەن ئادەمنىڭ كۆزلىرى دەماللىققا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيتتى . ئۇلار سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ سۇپىنى ئاران تېپىۋالدى ۋە مەسۇيدىخان پالاق ـ پۇلۇق سالغان كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرىنى تاشلاشتى . مورا ئوچاقتا كالا تېزەكلىرى ، قوي مايىقلىرى تۇتەپ كۆيمەكتە ئىدى . كۇلۇڭغا قويۇلغان قوم چۆگۈن بوشقىنا شىڭىلدايتتى . سۇپىنىڭ تۆرىدە بىر جۇۋىغا چۇمكەپ قويۇلغان بالا تاتلىق ئۇخلىماقتا ئىدى . تورۇسى ھېلىلا گۇمۇرۇلۇپ چۈشىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان بۇ ئۆي خېلىلا ئىسسىق ئىدى . رىسالەتنىڭ كۆز ئالدى بىرئاز سۈزۈلدى ، ئۇ ئۆيئىچىگە نەزەر تاشلىدى . تاملىرىغا قىزىل گۈللۈك چىتتىن زەدىۋال تۇتۇلغان ، تام بويلىتىپ ياسالغان تەكچە ـ ئويۇقلارغا ھەرخىل گۈللۈك چىنە ـ قاچىلار دەستىلەپ

تىزىپ قويۇلغان ، كۆنىپتىش تىمىغا كىچىككىنە بىر مېھراپ چىقد-
رىلىپ ، ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ئەرەبچە ئايەتلەر گەج بىلەن قاپارت-
ما قىلىپ يېزىلغان بۇ ئۆينىڭ ۋاي دېگۈچىلىكى يوق ئىدى . ئايال
ھېلىمۇ ئوچاقتا كالا تېزىكى تاشلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى .
— بارات قوچقار زادى نەگە كەتكەن ؟ — بىر ئاز جىددىيلەد-
شىپ سورىدى قاۋۇل سېكرىتار بارماق چوڭلۇقىدا ئورىۋالغان كۆك
تاماكىسىغا ئوت يېقىۋېتىپ ، — بۇلارنىڭ ۋاقتى قىس . يېزىلىق
ھۆكۈمەت بۇ دوختۇرلارنى بىزنىڭ كەنتكە ئارانلا ئىككى كۈنلۈك
بەرگەن . ھېلىمۇ بۇ مەھەللە بۇلارنىڭ بىر كۈنلۈك ۋاقتىنى يەپ
كەتتى . مەسۈيدىخان ، تېز بېرىپ قوچقارنى تېپىپ كېلىڭ . ماياق
پۇراپ نەدە يۈرگەن بولمىسۇن ، بىزگە بىر كۆرۈنۈش قىلسۇن .
مەھەللىدىكى ئاقساق - چولاق ، كېسەل - پېسەللەرنى تىزىملاپ
بۇ يەرگە ئېلىپ كەلسۇن . ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىساق بولمايدۇ .
سىلەرگە ئوخشاش ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا بىرەر قېتىم شە كۆرۈپ
باقمايدىغان ، كېسىلىگە تېزەك قاينىتىپ ئىچىپلا تۇرۇپ كېتىدد-
غان كىشىلەرنى كۆپرەك كۆرستىۋالمىساق ، كېيىن تەشكىلنىڭ
ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىدىغان گەپ . تېز بولۇڭ ، مەسۈيدىخان ،
ئۇنى تېپىپ كېلىڭ .
— بۇ ئادەم ئەتىگەن يۇقاقى مەلىگە كەتكەن ، چۈشكىچە كې-
لىپ بولمەن دەۋاتقان ، ھېلىغىچە سايىسىمۇ يوق . قانداقمۇ قىلار-
مەن ئەمدى ؟
— ئابىيام ئۇنى ئۆيدە بار دېگەنىدىڭىزغۇ ؟ ئېغىزىڭىزنىڭ
پەقەت تايىنى يوق چوكان جۇمۇ سىز .
قاۋۇل سېكرىتار پېشانىسىنى سىلىغىنىچە كايىپ كەتتى .
— ئېرىمنى ئۆيدە بار دېمىسەم ، سىلىنىڭ پۇت - قوللىرى
جىم تۇرامتى ؟ — دېدى چوكان پىخىلداپ كۈلۈپ ، — ئالدىرىمد-
سىلا ، باراتنىڭ ئالدىغا ئادەم ماڭغۇزاي ، ئۇزاق قالماي تېپىپ
كېلىدۇ .
ئايال شۇنداق دېگىنىچە تېزەك يۇقى قولىنى قېقىشتۇرغاچ

سىرتقا چىقىپ كەتتى.
— بۇ يەرنىڭ خوتۇنلىرى مۇشۇنداق شوخ كېلىدۇ، رىسالەت
دوختۇر، — دېدى قاۋۇل سېكرېتار كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھەمىشە
تاغنىڭ ئىچىگە بېكىنىپ ئولتۇرغاچقا، زېرىكسە كېرەك، ئىككى
ئېغىز چاقچاق قىلىپ قويساق، قىزىق قازانغا تاشلانغان قوي مېيى-
دەك ئېرىپ، ھېيتلىق ئالغان بالىدەك خۇشال بولۇپ، قىلغىلى
قىلىق تاپالماي قالىدۇ.
— بۇ چوكانمۇ سىلىدىن ھېيتلىقنى خېلى ئوبدان ئالسا كې-
رەك، — دېدى رىسالەت ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، — قارىسام ئۇ-
نىڭ گېپىنىڭ تېگىدە بىر گەپ بار. بىز بولمىغان بولساق، نېمە
كارامەتلەرنى كۆرەردىلە بۇ چاغقا؟
— ئوھوي رىسالەت دوختۇر، ئادەمنى بىر خىجىل قىلمى-
سىلا، — دېدى سېكرېتار قىزىرىپ تۇرۇپ، — سىلى ئايال كى-
شى، بەزى ئىشلارنى بىلمەيلا. ئادەم بۇ يەرگە خىزمەت تەكشۈرۈپ
كەلسە، بەئەينى غالجىر ئىتنىڭ ئۆزى بولۇپ كېتىدۇ. بۇ يەرنىڭ
يا كۆرىدىغان تېلېۋىزورى، يا ئاڭلايدىغان رادىئوسى يوق. ئىس
يۇرقۇپ تۇرىدىغان قارا چىراغنىڭ يورۇقىدا داپ بىلەن دۇتار-
نى تىرىڭلىتىپ ئولتۇرغاننىڭ ھېچبىر مەززىسى يوق.
شۇڭا، خوتۇن - قىزلارغا ئاز - تولا كۆز تاشلايدىغان گەپ. بۇ
يەرنىڭ خوتۇنلىرىمۇ ئاجايىپلا. ئېرى يېنىدا تۇرسىمۇ ئادەمگە قاش
دېگەننى ئېتىۋېرىدۇ. شۇڭا، بىزمۇ كۆنۈپ قاپتۇق.
— ئەمەسسە بۇ يەرگە تەكشۈرۈشكە خېلى كۆپ كېلىدىكەن-
لىدە؟
— كەلگۈمىز بار، بىراق يولنى سىلىمۇ كۆردىلە، يېرىم
كۈن يول مېڭىپ ئېشەكنىڭ ئۈستىدىن چۈشمەكمۇ ئۇنچىۋالا ئاسان
ئەمەس. شۇڭا، بۇ يەرگە يىلدا بىرەر - ئىككى قېتىم كېلىمىز.
قاۋۇل سېكرېتار كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرىدىغان ئا-
دەملەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى كۈندىن بېرى قىلغان
پاراڭلىرىدىن رىسالەت بۇنى تولۇق ھېس قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ

راست سۆزلۈك بىلەن دېگەن گەپلىرىنى ئۇ ئانچە ئېغىر ئېلىپمۇ كەتمىدى. دېمىسىمۇ ئەر خەق دېگەن ئايال كىشىدىن ئايرىلسا ئۆلگىنى شۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭمۇ ئاساسى بار ئىدى. ئۇ يەنە بىر نەرسە دەي دەپ تۇرۇشىغا ئۆيگە ئىككى ئايال كىرىپ كەلدى. ئۇلار بېشىغا قارا رومال ئارتىپ، ئۇچىسىغا تەڭگە تۇتۇلغان قارا چىپەرقۇت چاپان كىيىۋالغانىدى. چىرايىدىن قارىغاندا يېشى ئەللىكلەردە بولسا كېرەك، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، يۈزلىرىدە سانسىز قورۇقلار چوڭەك تارتقان، قەددىمۇ يادەك ئېگىلىپ تۇراتتى. ئۇلار كىرىپلا قاۋۇل سېكرىتارنى كۆرۈپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كېتىشتى.

— ھە نېمە گەپ؟ نېمىگە يىغلايسىلەر؟ تازا قاملاشتۇرۇپ يىغلاپ بەرسەك، ئاچىققان نەرسىسىدىن جىقراق بېرەر دەپ ئويلىغانمىدىڭلار؟ بۇلار نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرىنى تارقىتىشقا كەلگەن كادىرلار ئەمەس جۇمۇ. ھەر ئىش بولسا چىرايلىق دەڭلار. نېمە ئۇنداق كۆزۈڭلارنىڭ يۇندىسىنى ئېقىتىسىلەر؟ بولدى، بولدى، ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرماي نەق گەپنىڭ ئۆزىنى بىر دەڭلا، نېمە گەپ ئۆزى؟

— سىلىنىڭ بۇ يەرگە نۇرغۇن دوختۇرلارنى باشلاپ كەلگەنلىرىنى مەسۇيدىخاندىن ئاڭلىدۇق، — دېدى ياشقا چوڭراق ئايال ئۆپكىدەپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ خۇدا ئۇرغان بۇ مەھەللىمىزگە ئەزەلدىن بۇنداق دوختۇرلار كېلىپ باقمىغان. سىلى باشلاپ كەلمىگەن بولسىلا، دوختۇرلار كېلىمىز دېسىمۇ، يولنى تاپالماي يېرىم يولدىن قايتىپ كەتكەن بولار ئىدى. ھەرنېمە بولسا بۇلار ھاۋانى سوغۇق، ئارىلىقنى يىراق دېمەي كەپتۇ. بىزنىڭ ئۆيدە بىر كېسەل بار. ئۇ بەئەينى غالجىر ئىتنىڭ ئۆزى. ئادەمنى كۆرسە چىشلەيدۇ، تېپىدۇ، قولىغا نېمە چىقسا شۇنى چاقىدۇ. نېمە بولغىنىنى بىلمىدۇق. ئالتە ئايدىن بېرى شۇنداق ياتىدۇ. ئىچكىرىگە بىر كىرىپ چىققاندىن بېرى شۇنداق بولۇپ قالدى. داۋالىتايلى دېسەك، قولدا پۇل يوق. يا جان چىقمىدى، يا بۇ كېسەل ئۆزلۈكىدىن ساقايمى-

دى . بالا چالا ئۆلۈك بولۇپ ياتىدۇ . يازدا شەھەردىن تىرە ـ يۈك ئالغىلى چىققانلار ئوغلۇمنى كۆرۈپ «بۇ كېسەلنىڭ داۋاسى يوق ، داۋالاتساڭلارمۇ پايدىسىنى كۆرەلمەيسىلەر» دېيىشتى ، جېنىم سېكرېتار ، مۇشۇ دوختۇرلار ئوغلۇمنى بىر كۆرۈپ قويغان بولسا ناۋادا ئوغلۇمنى ساقىيىدىكەن دېسە ، مۇشۇ جېنىمنى ئېلىشقىغا سېتىپ بولسىمۇ داۋالاتسام …

ئايالنىڭ ئورا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى .

ــ بۇ يەرنىڭ هارامىلىقلىرىغا ئىچكىرىدە نېمە باركىن زادى ؟ ھە دېسە ئىچكىرىگە قېچىشقان . ئۇ يەردە بىرسى سوۋۇتۇپ قويمىغاندىكىن ، مۇشۇ يەردە مايىقىنى قالاپ ، زاغرىسىنى يېسە نېمە بولىدۇ ؟ يا پۇل دېگەننى تۇزۇك تاپالمىغان ، يا ئىسسىق جېنىنى ئوبدان بىر باقالمىغان ، تېخى غالجىر بولۇپ چىقىشقان ، بۇنداق نېمىلەرنى ئارا يارنىڭ داۋنىغا ئاپىرىپ ، ھاڭغا ئىتتىرىۋېتىش كېرەك زادى .

قاۋۇل سېكرېتار قايناپلا كەتتى . ئىككى ئايال گويا بۇ گەپنىڭ ئۆزلىرى بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوقتەك ، بېشىنى ئېگىپ جىمىدە قاراپ تۇراتتى . ئايالالارغا رىسالەتنىڭ ئىچى ئاغرىدى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئىچكىرىگە كىرىپ چىققىنىنى ئاڭلاپ تۇيۇقسىز ئادالەت يادىغا يېتىپ قالدى . شۇڭا ، ئۇ سۇنايلىنىپ ياتقان ئورنىدىن تۇرۇپ ئايالالارنىڭ ئالدىغا كەلدى .

ــ ئۆيۈڭلار يىراقمۇ ؟ ــ سورىدى ئۇ ھېلىقى يىغلاپ تۇرغان ئايالدىن .

ــ يىراق ئەمەس ، يىراق ئەمەس ، مۇشۇ ئۆيدىن چىقىپ ئازراق ماڭساقلا يېتىپ بارىمىز ، ــ دېدى ئايال كۆز ياشلىرىنى ئىتتىك سۈرتۈپ ، ــ جېنىم قىزىم ، شور پېشانە ئوغلۇمنى بىر كۆرۈپ قويغان بولسىلا ، خۇدايىم ئەجىر ـ تۆھپىلىرىگە قوشلاپ ساۋاب بېرەر ئىدى . بولسا ئوغلۇمنى بىر …

ــ بولدى ، يول باشلىسىلا ، ــ دېدى رىسالەت ۋە بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ياتقان ئامىنەنى چاقىرىۋالدى ، ــ سىز دورا سومكىڭىزنى

كۆتۈرۈۋېلىڭ ، بىز شاققىدە بېرىپ كېلەيلى .
— بولدى ، بارمايلا قويسىلا ، رىسالەت دوختۇر ، — دېدى قا-ۋۇل سېكرېتار ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ ، — غالجىر ئىتنىڭ قېشىغا بارغان ئادەمنىڭ قولى ساق قالماس ، دەپتىكەن . ئالىمادىس بىرەر ئىش چىقىپ قالسا ، مەن ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالمايمەن .
— ھېچقىسى يوق ، سېكرېتار ، بىز بۇ يەرگە ئىسسىق ئۆيگە كىرىپ ئۇخلىغىلى ئەمەس ، دەل مۇشۇنداق بىمارلارنى داۋالىغىلى كەلدۇق ئەمەسمۇ ؟ جان چىقماي ياتقان بىر بىمارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسا ، بىزنى قانداقمۇ دوختۇر دېگىلى بولسۇن ؟ قېنى ، بىزگە يول باشلىسىلا ، ئانا .
ئىككى ئايال ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ يول باشلاپ ماڭدى . قار قاپلىغان چىغىر يول بۇقا سۈيدۈكىدەك ئەگرى - بۈگرى سوزۇلغانىدى . ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىن يۇمشاق قارلارنىڭ خۇد-دى زارلىنىۋاتقاندەك غىرسىلىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى . ئۇلار بىر-نەچچە ئايلانمىدىن ئەگىپ ئۆتكەندىن كېيىن ، ئەتراپىنى قويۇق جىغانلار ئوراپ تۇرغان بىر ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . ئىشىك تۈۋىدە غولىغا قوچاق يەتمەيدىغان ئىككى تۈپ قېرى تېرەك كۆككە باش قويغان ھالدا شۈمشىيىپ تۇراتتى . ھېلىقى ئايال يۈگۈرۈپ بېرىپ ، تال پىلەكلىرىدىن توقۇلغان ھويلا ئىشىكنى ئاچتى .
— قېنى مەرھەمەت ، — دېدى ئايال يۇمشاق ئاۋازدا ، — ئۆي-ئىچىمىز سەل بىسەرەمجانراق . كۆڭۈللىرىگە ئېلىشمىسىلا ، ئوغ-لۇم ئاشۇ ئۆيدە .
ئۇلار تار ۋە قاراڭغۇ بىر دەھلىزدىن ئۆتۈپ ، ياندىكى ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى . ئىشىك چىڭ يېپىپ قويۇلغان بولسىمۇ ، بىرسىنىڭ بوغۇق ئاۋازدا نالە قىلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . رىسالەتنىڭ تېنى بىرئاز شۈركۈنگەندەك بولۇپ ، ئامىنەگە قاراپ قويدى . ئۇنىڭ چىرايىمۇ تاتىرىپ كەتكەنىدى . ئۇلار ئىشىك تۈۋىدە ئارىسالدى بولۇپ بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن ، يېپىپ قويۇلغان

www.uyghurkitap.com

ئىشىكنى ئىتتىردى . ئۆيئىچىدىن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان بەتبۇي پۇراق ئېتىلىپ چىقتى . رىسالەت ئىختىيارسىز قولى بىلەن بۇرنىنى توستى ۋە ھېلىقى ئايالنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك تېزلا قولىنى چۈشۈردى . ئۇ ئىشىكنى چوڭراق ئېچىۋەتكەندىن كېيىن ، ئۆيگە كىردى .

تۆڭلۈك چوڭراق ، تاملىرىمۇ ئۇنچىۋالا قارىيىپ كەتمىگەچكە ، ئۆيئىچى خېلىلا يورۇق كۆرۈنەتتى . بۇ يەردىكى ئۆيلەر شەھەرلەردىكى قەۋەتلىك ئۆيلەرگە ئوخشاش پاسون ۋە قورۇلما جەھەتتىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى . ئۆينىڭ يېرىمىغا سېغىز لايدىن سۇپا چىقىرىلغان ، سۇپىغا توپا بوخسۇپ تۇرىدىغان كىگىزلەر سېلىنغان (قارىغاندا بۇ يەردىكىلەر كىگىزنى بىر سالغانچە توپىسىنى قاقماي ، تىتىلىپ كەتكەندە بىراقلا ئېلىپ چىقىپ تاشلىۋەتسە كېرەك ) ، تامغا مودەن گۈللۈك چىتتىن زەدىۋال تۇتۇلغان ، تاملاردىكى تەكچە ـ ئويۇقلارغا ياغاچتىن ياسالغان ئاياق ـ قوشۇق ، ساپال قاچا ـ قومۇشلار رەتلىك تىزىلىپ قويۇلغان ، قىبلە تەرەپتىكى ئويۇققا يوغان بىر قۇرئان تىكلەپ قويۇلغانىدى . ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغان يوتقان ـ كۆرپە ، كىيىم ـ كېچەك دېگەنلەر ئۇنچىسى چېچىلىپ كەتكەن خاماندەك دۆۋىلىنىپ تۇراتتى . ئاشۇ يەردە يوتقانغا پۇركىنىپ ياتقان بىرسى چىشلىرىنى كاراسلىتىپ ، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ ۋارقىراپ ياتاتتى :

ـــ ئانا ، جېنىم ئانا ، مېنىڭ بۇ جېنىم بەكمۇ قىينىلىپ كەتتى ، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار ، مېنى ئەمچەك دۆڭگە ئېلىپ چىقىپ چوڭقۇر ھاڭغا تاشلىۋېتىڭلار ، ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن ، مېنى ئاشۇ چوڭقۇر ھاڭغا تاشلىۋېتىڭلار ، مەن ئۆلەي ، مېنى ...

رىسالەت ئۇنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ نېمىشقىدۇر يىراقتىكى سىڭلىسىنىڭ قان ـ ياشلىق قىسمىتىنى كۆرگەندەك بولدى . ئۇ تېنى ئەيمىنىپ تۇرسىمۇ سۇپىغا ئاستا چىقتى ۋە بىچارە ئانىنىڭ ياردىمىدە جېنى قىينىلىۋاتقان ھېلىقى بىمارنىڭ يېنىغا كەلدى .

ـــ بالام ، جېنىم ئوغلۇم ، قارا ، كىم كەلدى ؟ سېنى داۋالايـ

دىغان دوختۇرنى باشلاپ كەلدىم جېنىم بالام . بۇ ئاچاڭ سېنى داۋالايدۇ . بىردەم جىم بولغىن . كېسەلىڭنى كۆرۈپ قويسۇن ، شىپا تېپىپ قالساڭمۇ قالارسەن ، ئوبدان بالام ...

بىمار ۋارقىراشتىن توختىدى . ئەمما ، ئۇ قولىنى غاراسلىتىپ چىشلەيتتى . ئۇنىڭ قول بېغىشلىرى تولا چىشلەنگەچ كۆكۈرۈپ ئىششىپ كەتكەن ، چىرايىمۇ ئۇزۇن يىل كېسىلگەن خەسە كۆڭلەكتەك ئۆڭگەن ، قىيا ئوچۇق تۇرغان كۆزلىرىنىڭمۇ خۇنى قاچقانىدى . پاخپىيىپ تۇرغان چاچلىرى بەئەينى مانىدادەك سالۋاراپ تۇراتتى . رىسالەت بىمارنىڭ 20 ـ 25 ياشلار چامىسىدىكى يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئىچى سىيرىلدى .

— بالىنىڭ مۇشۇنداق ياتقىنىغا قانچە ئۇزۇن بولدى ، — سورىدى رىسالەت ئۇنىڭ قاپىقىنى كۆتۈرۈپ ، سارغىيىپ كەتكەن كۆز ئالمىسىغا قاراپ قويۇپ .

— يېرىم يىلدەك بولدىمىكىن ، — دېدى ئانا بارمىقىنى پۈكۈپ بىرنەرسىلەرنى ھېسابلىغاندىن كېيىن ، — ئۇنىڭچىلىكمۇ بولمىغاندەك قىلىدۇ . ئوغلۇم ئىچكىرىدىن چىققاندا قوينىڭ بىرىنچى قېتىملىق قىرقىمى ئۆتۈپ كەتكەن .

— بالىدا قانداق كېسەللىك ئالامىتى بار ؟ — يەنە سورىدى ئۇ يىگىتنىڭ ئورۇقلاپ ، بىر تېرە ـ بىر سۆڭەك بولۇپ كەتكەن بىلەكلىرىنى تۇتۇپ ، — نېمانچە كۆپ چىش ئىزى بۇ ؟ ھەي ئىسىت .

— تويۇقسىز تارتىشىپ قالىدۇ ، شۇنداق چاغدا ئېغىزىدىن شالا ئاقىدۇ ، كۆزىنىڭ قارىقى تارتىلىپ ، بەدىنى سوۋۇيدۇ . ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ ، تاملارغا ئۇسۇپ ، بەكلا قىينىلىپ كېتىدۇ . بىلىكىدىكى چىش ئىزلىرىمۇ شۇ چاغدا چىشلىگەنلىكتىن قالغان .

رىسالەت بۇنىڭ خىروئىن خۇمارىنىڭ تۇتۇشى بىلەن قوزغىلىدىغان ئازاب ئىكەنلىكىنى پەملىدى ۋە ئامىنەگە قاراپ دېدى :

— ئۇنىڭغا ھازىرچە تىنچلاندۇرۇش ئوكۇلىدىن بىر ئامپۇل ئۇرۇپ قويۇڭ ، قالغان گەپ ـ سۆزلەرنى ھېلى سىرتقا چىققاندا

دېيىشۋالارمىز .

ئامىنە ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يىگىتنىڭ چوكىدەك بولۇپ كەتكەن بىلىكىگە ئۇكۇل ئۇردى . ئۇ خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك بوشىشىپ ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە سوزۇلۇپ ياتتى . يىگىتنىڭ ھېلىلا كۆتۈرگەن ئاھۇ پەريادلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى . بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىك پۇشۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇيقۇغا كەتكەنىدى .

— رەھمەت دوختۇر ، — دېدى ئايال يۇم - يۇم يىغلىغان ھالدا ، — ئوغلۇم قايتىپ كەلگەندىن بىرى مۇنداق راھەتلىنىپ ئۇخلاپ باقمىغانىدى . خۇدايىم شىپالىق قوللىرىغا دەرد بەرمىسۇن ، ئوغلۇمنىڭ سىلىنىڭ قوللىرىدا ساقىيىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىمانىم كامىل . ئۇنى بىر ساقايتىۋەتسىلە ، ئوغلۇم مۇشۇ دەردتىن خالاس بولسا ، مېنىڭ بۇ ئىسسىق جېنىمنىڭمۇ كېرىكى يوق . مەن جېنىمنى سېتىپ بولسىمۇ ئوغلۇمنى داۋالاتمىسام بولمىدى ، بالا دەردىگە چىداپ بولمايدىكەن . ئۇنى بىر داۋالاپ قويسىلا ، جېنىم دوختۇر .

رىسالەت ئۇندىمەستىن ئامىنەگە قاراپ بېشى بىلەن سىرتنى ئىشارەت قىلدى . ئۇلار قارلىرى پاكىز سۈپۈرۈلگەن ھويلىغا چىقىشتى .

— بالا خىروئىنغا خۇمار بولۇپ قاپتۇ ، — دېدى رىسالەت ئايالنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ ، — بەدەن ھالىتىدىن ۋە كېسەللىك ئالامىتىدىن قارىغاندا ، باشقا كېسىلىمۇ باردەك . نېمىشقا ئۇنى بۇرۇنراق دوختۇرغا كۆرسەتمىدىڭلار ؟

— بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزلىرىمۇ كۆردىلە ، قىزىم ، — ئايال يېشىنى قىلىن تور ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتكىنىچە رىسالەتنىڭ ئالدىغا يېقىنراق كەلدى ، — بالىنىڭ دادىسى ئون نەچچە يىل ئىلگىرى قوي بېقىۋېتىپ قىيادىن ئۇچۇپ كېتىپ قازا قىلغان . ئانا - بالا ئىككىمىز تىكەندەك يالغۇز قالغاندۇق . ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇ ناھىيە بازىرىغا كىرىپ چىقىمەن دەپ بىر كەتكەن-

چە مۇشۇنداق چالا ئۆلۈك قايتىپ كەلدى . مەھەللىدىكىلەر ئىماند-
خانىنىڭ ئوغلى غالجىر كېسەل بوپقاپتۇ دەپ بىزدىن قېچىپ ، ئۇنى
دوختۇرخانىغا ئاپىرىشىپ بەرگۈدەك ئادەممۇ چىقمىدى . ئوغلۇممۇ :
«بولدى ئانا ، مەن نەگە بېرىپ داۋالانسامىمۇ ئوخشاش ، مېنىڭ بۇ
كېسىلىم ساقىيىدىغان كېسەل ئەمەس . ھەرنېمە بولسا كۆزۈمنىڭ
ئوچۇقچىلىقىدا بۇ يەرگە كېلىۋالدىم ، ئەمدى ئۆلسەممۇ ئارمىنىم
يوق . مېنى ئارامىمغا قويۇڭ» دەپ زادىلا بارغىلى ئۇنىمىدى .
ئۆتكەندە تېرە ئالغىلى شەھەردىن چىققانلار ئۇنى كۆرۈپ : «بۇ بالا
يامان كېسەلگە گىرىپتار بوپتۇ ، ئۇنىڭ داۋاسى يوق» دېيىشىپ
ئۇمىدىمنى ئۈزۈۋەتتى . شۇڭا ، ئۇنى بىرەر يەرگە ئاپىرىپ كېسىلد-
نى كۆرسىتىشكە مۇمكىن بولمىغان . مانا ، ھەرقايسىلىرىنى خۇدا-
يىم يەتكۈزدى . ئوغلۇمنىڭ تارتقان دەردلىرىگە خۇدايىمنىڭ ئىچى
ئاغرىغان ئوخشايدۇ . ھەرقايسىلىرىنىڭ قەدىمىنى خۇدايىم يەتكۈز-
دى . ئوغلۇمنى بىر داۋالاپ قويسىلا ، جېنىم دوختۇر ، بىزدەك
مەزلۇم خەققە ئىچىلىرى ئاغرىسۇن .
ئايالنىڭ كۆز ياشلىرى يامغۇردەك قۇيۇلاتتى . ئۇ قورايدەك
قېتىپ كەتكەن بارماقلىرى بىلەن رىسالەتنىڭ يۈزىنى سىلايتتى .
رىسالەت ئىمانىخانىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ، ئادالەتنىڭ دەردىدە
كېچىلەرنى يىغا بىلەن تاڭغا ئۇلايدىغان ئانىسىنى كۆز ئالدىغا كەل-
تۈردى . ھەي ئانا دەردى ، بالا ئۈچۈن يۈرىكى سەكپارە بولغان ئانا
دەردى ؟ !
رىسالەتمۇ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇرۇپ تۇراتتى . ئۇ
سائىتىگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ، ئايالنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇ-
رۇپ پەس ئاۋازدا تەسەللى بەردى :
— كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا ، بالا ھازىر ئۇخلاپ قال-
دى . ئۇنىڭدىن تەپسىلىي ئەھۋال سوراشقا ئامال يوق . ئۇنىڭ
ئۈستىگە بىزنىڭ كېرەكلىك تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىمىز دوختۇر-
خانىدا قالغان . شۇڭا ، ئۇنىڭ كېسىلىگە كېسىپ بىرنەرسە دېگىلى

بولمايدۇ . مەن ھازىر ئىشىمغا باراي ، كەچتە يەنە كېلىپ ، بالا
ئويغانغاندا ، ئۇنىڭدىن كېسەللىك ئەھۋالىنى سوراپ كۆرەي ، شۇ
چاغدا بىرنېمە دېيىشەيلى .

— بولىدۇ قىزىم ، ئوغلۇمنى ئوبدانراق بىر تەكشۈرۈپ قويـ
يسىلا ، ساقايتقۇدەك يېرى بولسا ، مەن ئۇنى سىلىگە تاپشۇرىمەن ،
خۇدايىمنىڭ مۆجىزىسى سىلىنىڭ قوللىرى بىلەن ئۆزىنى كۆرسەتـ
سىمۇ ئەجەب ئەمەس ، — ئايال زور ئۈمىدلەر ئۇچقۇنداپ تۇرغان
ئورا كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ ئۈزىتىپ قالدى . رىسالەت ئامىنە-
نى كەينىگە سالغىنىچە قار توزۇپ تۇرغان چىغىر يول بىلەن
مەھەللە باشلىقىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى . بۇ چاغدا مەھەللە
باشلىقىمۇ قايتىپ كەلگەن ۋە قوتازنىڭ قۇيرۇقىدەك بۇرۇتىنى
دىڭگايتىپ ، كىمگىدۇر ۋارقىراپ يۈرۈپ يېقىن ئەتراپتىكى بىر
نەچچە ئائىلىلىكنى يىغىپ كەلگەنىدى . قانداقتۇر ۋەھىمىدىن كۆز-
لىرى پارقىراپ كەتكەن كىشىلەر ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىقىلىشىۋې-
لىپ ، ئاق خالات كىيىپ ، قولىدا قانداقتۇر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈ-
ۋالغىنىچە ئالدىراپ يۈرۈشكەن دوختۇرلارغا قورقۇمسىراپ قاراپ
تۇرۇشاتتى . ئۇلارنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى بەئەينى قوشخانىدىكى
قاسساپنىڭ قان يۇقى پىچىقىغا قاراپ ، ئۆزىنىڭ ئۆلۈم نۆۋىتىنى
كۈتۈپ تۇرۇشقان قويلارغا ئوخشاپ قېلىشقانىدى .

رىسالەت كېلىپلا ئىشقا چۈشۈپ كەتتى . تۈرلۈك تەكشۈرۈش-
لەردىن كېيىن ، بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ تېنىنىڭ ئاجايىپ ساغ-
لاملىقىنى ، ئۆپكىسىنىڭمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجە-
دە بىجىرىم ئىكەنلىكىنى ، بۇ يەرنىڭ بۇلغانمىغان ساپ ھاۋاسى
ۋە جاپالىق تۇرمۇش شارائىتى مەھەللىدىكىلەرنىڭ ساغلام تۇرۇشى-
نىڭ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى .

كۈن بىردەمدىلا كەچ كىرىپ كەتتى . مەھەللىنىڭ ھەممە
تەرىپى تىك قىيالار ، ئېگىز تاغلار بىلەن قورشىلىپ تۇرغاچقا ،
كۈن غەربكە ئۆتسىلا كۆگۈم پەردىسى يېيىلىپ ، ئەتراپنى قاراڭغۇ-

لۇق باساتتى . رىسالەت بۇ يەردىن بۇگۇن قايتىپ كېتەلمەيدىغان-
لىقىنى پەملەپ ، نىمىشقىدۇر يېنىك تىنىپ قويدى . ئۇنىڭ يۇرىكى
قانداقتۇر بىر ئىشلارنىڭ يۇز بېرىدىغانلىقىنى تۇيۇپ قالغاندەك ،
قانداقتۇر بىر مۆجىزىنىڭ كۆرۈلۈشىنى كۇتۇۋاتقاندەك تېپچەك-
لەيتتى . ئۇ بىمارلارنى كۆرۈپ بولغاندا ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق
پۇتۇنلەي ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى .

ــ ئەمدى ئۆيگە كىرىپ كەچلىك تاماقنىڭ غېمىنى
قىلايلى ، ــ دېدى قاۋۇل سېكرېتار رىسالەتنىڭ يېنىغا
كېلىپ ، ــ بارات قوچقار بىر پاقلاننىڭ بېشىنى كەسكەن ئوخ-
شايدۇ . كاۋاپمۇ پىشاي دەپ قالدىغۇ دەيمەن . قوللىرىنى چايقىۋا-
لامدىلا ؟

ــ مېنىڭ يەنە بارىدىغان بىر يېرىم بار ، ــ دېدى رىسالەت
يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان ئاسمانغا بىر قارىۋېتىپ ، ــ ھەرقاي-
سىلىرى تاماقلانغاچ تۇرسىلا ، مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ،
ئاندىن بىرنەرسە يەرمەن .

ــ ئايھاي رىسالەت دوختۇر ، بولدى قىلسىلا ئەمدى ، بۇ يەردە
يېقىلغانلارنى سىلى ھەرقانچە كۇچەپمۇ ئۆرە قىلىپ بولالمايدىلا .
ئۆلىدىغانلار خالىغانچە ئۆلۇپ ، تۇغۇلىدىغانلارمۇ چامىنىڭ يېتىشى-
چە تۇغۇلىدىغان يەر بۇ . بۇنچە قىلىپ نىمە كەپتۇ ؟ بىر كۇنلۇك
ۋەزىپىلىرى تامام بولدى . ئەمدى ئىسسىق كاۋاپتىن تويغۇچە يەپ ،
تەكىينى دۆك قويۇپ ئارام ئالسىلا بولمىدىمۇ ؟ بۇ قاراڭغۇ كېچىدە
نەگىمۇ بارارلا ئەمدى ؟ ئۇقمىغانلار سىلىنى كۇندۇز كۆرگەن بىرەر
بوز تەلپەكنى كېچىدە ئىزدەپ ماڭغان ئوخشايدۇ دەپ قالمىسۇن
يەنە .

قاۋۇل سېكرېتار بۇ چاقچىقىدىن سۆيۇنۇپ ئۆزىچە قاقاقلاپ
كۇلۇپ كەتتى . بىراق ، رىسالەتنىڭ كۆڭلى ھېلىقى يەرگە ، ھېلى-
قى يىگىتنىڭ يېنىغا تەلپۈنۇپ تۇراتتى . ئۇ يەردە يۇز بېرىدىغان
قانداقتۇر بىر مۆجىزىنى كۇتۇۋاتقاندەك ئىدى . ئاشۇ مۆجىزىنى

كۆرمەي تۇرۇپ ، ئۇنىڭ گېلىدىن بىرنەرسە ئۆتمىگەندەك قىلمايتتى .

— يولنى بىلمەن ، سىلىنىڭ باشلاپ بېرىشلىرىنىڭ ھاجىتى يوق ، بىردەمدىلا قايتىپ كېلىمەن ، — دېدى ئۇ ۋە تىكىشىغۇچىنى يانچۇقىغا سالغىنىچە ھويلىدىن چىقىپ ، قاراڭغۇلۇق قاپلىغان چىغىر يولغا سىڭىپ كەتتى .

## 83

رىسالەت ھېلىقى ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە ، جىن چىراغ يېقىلغانىدى . چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان چىراغنىڭ ھەر تەرەپكە سوزۇلغان ئىنچىكە تىلى تاملاردا ئەلەڭگۈپ تۇرغان نۇرغۇن قورقۇنچلۇق رەسىملەرنى ھاسىل قىلغانىدى . ئايال پەگادا بىرنەرسىلەرنى قىلىپ ئولتۇراتتى . ئۇيقۇسىغا قانغان يىگىت بولسا ، تامغا يۆلەنگىنىچە خامۇش ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ ئالدىدىكى قاچىدا بىر توخۇنىڭ قانتى قويۇلغان ، بىراق يىگىتنىڭ كۆڭلى تاماق تارتمايۋاتقان بولسا كېرەك ، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايتتى . رىسالەتنىڭ كىرىپ كەلگىنىنى كۆرگەن ئىمانخان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى سۆيۈشكە باشلىدى ۋە ئاستىغا چەت ـ چۆرىسىدىن مازلىرى چىقىپ قالغان بىر كۆرپىنى سالدى . رىسالەت كۆرپىگە جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن ، يىگىتتىن سورىدى :

— قانداق ئەھۋالىڭىز ؟ بىرئاز ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرامسىز ؟

يىگىت ئۇنىڭغا ئېرىنچەكلىك بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن ، بېشىنى تۆۋەن سالدى ، بىراق ئۇ يەنە بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك بېشىنى شارتتىدە كۆتۈرۈپ رىسالەتنىڭ چىرايىغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى . بۇ ھالدىن بىرئاز غەيرىيلىك ھېس قىلغان رىسالەت ئەجەبلىنىپ ئايالغا قارىدى .

— قانداقراق ئاچا، بالا خېلى ئوبدان ئۇخلىدىمۇ؟
— مەن ئوغلۇمنىڭ بۇنداق قېنىپ ئۇخلىغىنىنى كۆرمىگىلى ئۇزۇن بولغان، — دېدى ئايال ئۇنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، — ئۇخلاپ قوپقاندىن كېيىن، بىر بۇردا نان يېدى، بىراق توخۇنىڭ قانتىنى ئېلىپ بەرسەم مۇنداقلا قاراپ قويۇپ ئولتۇردىغۇ تاڭ.
ئىمانىخان ياغاچ تاۋاقتا سۇزۇپ قويۇلغان بىر توخۇنىڭ گۆشىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.
— ئالسىلا قىزىم، ئۆيدە بارى شۇ ئىكەن، يۇمشاق پىشىپتۇ. بىر چىشلەم ئېغىزلىرىغا سېلىپ قويسىلا.
رىسالەت ئايالنىڭ كۆڭلىنى ئاياش يۈزىسىدىن تەكلىپلىرىگە تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمىدى ۋە توخۇنىڭ ئاپئاق پىشقان تۆشىدىن بىر پارچە ئېلىپ يىگىتكە سۇندى.
— ئېلىڭ ئۇكام، بىللە يەيلى، بۇ ئانىڭىزنىڭ كۆڭلى، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.
يىگىت تېخىچە يىتتۇرۇپ قويغىنىغا ئۇزۇن يىل بولغان قانداقتۇر بىرنەرسىسىنى ئىزدەۋاتقاندەك، ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ رىسالەت سۇنغان توخۇ گۆشىنى گەپ قىلمايلا قولىغا ئالدى. بىراق، ئۇ كۆزلىرىنى رىسالەتتىن يۆتكىمىدى.
ئايالمۇ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ داستىخانغا كەلدى. ئۇلار بىللە ئولتۇرۇپ توخۇ گۆشىدىن ئازراق يېيىشتى. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، رىسالەت يانچۇقىدىن تىڭشىغۇچنى چىقىرىپ، يىگىتنى تەكشۈرۈپ كۆرمەكچى بولدى. يىگىت سىلىق بىر ھەرىكەت بىلەن ئۇنىڭ قولىنى ئاستا ئىتتىرىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ قالغانىدى. ئۇ رىسالەتكە قاراپ بېشىنى ئاستا چايقىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ «ئەمدى ئاۋارە بولماڭ، ھەممە ئىش تۈگىدى، سىزنىڭ بۇ تىڭشىغۇچىڭىز بىلەن يۈرىكىمدىكى دەرد - ھەسرەت ۋە پۇشايماننىڭ شاۋقۇنىنى تىڭشاپ بولالمايسىز» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

— تەكشۈرگىلى قويغىن، جېنىم بالام، — دېدى ئايال ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ، — بۇ ئاچاڭنىڭ قولى بەكمۇ شىپالىق ئىكەن، بىر قېتىم سالغان ئوكۇل بىلەن سېنى خېلىلا ئارام تاپقۇزدى، جېنىم بالام، ئۇنداق قىلماي تەكشۈرگىلى قوي. مەن سەندىن خۇش بولاي، ئويدان بالام، ئۆزۈڭگە ئىچىڭ ئاغرىمىسىمۇ، مېنىڭ ھالىمغا يېتىپ قويغىن، سەن قىينالغىلى تۇرساڭ مەنمۇ تىرىك تۇرۇپ دوزاخنىڭ ئازابىنى تارتىدىكەنمەن. قىزىم، — ئۇ رىسالەتكە يۈزلەندى، — ئۇنىڭ رايىغا بارماي تەكشۈرۈۋەرسىلە، بولسا كېسىلىنى بىر تېپىپ چىقسىلا، مەن سىلىدىن خۇش بولۇپ قالاي.

رىسالەت قانداق قىلىمىز؟ دېگەندەك يىگىتنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى. ئۇ مايلىشىپ كەتكەن چاچلىرىنى قاماللىغىنىچە ئۈنسىز ئولتۇراتتى. گۈنى قاچقان كۆزلىرىنىڭ تېگىدە ئۆزى ئۇزۇندىن بۇيان ئىزدەپ يۈرگەن قىممەتلىك بىر نەرسىسىنى تېپىۋالغاندەك بىر تۇيغۇ ئەكس ئەتمەكتە ئىدى. رىسالەتمۇ يىگىتكە تىكىلىپ قارىدى. ئۇ رىسالەتكە قاراپ بىرھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن، لېۋىنى ئۆمەللىدىيۇ، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ بولغان گېپىمنى يۇتۇۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە يەرگە قارىغىنىچە ئولتۇرۇۋالدى.

— بۇ كېسەلنىڭ سىزگە چاپلاشقىنىغا ئۇزۇن بولدىمۇ؟

— ...

— كېسەل قوزغالغاندا، يەنە قانداق ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ؟

— ...

— ئىچكىرىنىڭ قەيرىدە تۇرغاندىڭىز؟

— ...

ئۇنىڭ سوئاللىرى ھامان جاۋابسىز قالاتتى. ئوغلىنىڭ بۇ قىلىقىغا قاراپ، ئانىسى بىچارە ئاچچىقتىن بوغۇلاتتى. رىسالەت ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويغاندىن كېيىن، ئىمانخانىغا قاراپ ئوغلىنى تەكشۈرۈشكە ئامالسىز قالغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېشىنى چايقىدى. ئەتىدىن بېرى ئۆزىنى مىڭ تەستە بېسىپ كەلگەن ئانا بىردىنلا

ئاۋازنى قويۇۋېتىپ ، ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى :

— مەن ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن؟ بۇ شورلۇق بېشىمنى قەيەرگىمۇ قويارمەن؟ كىمدىن مەدەت تىلەرمەن؟ كىمگە باش ئۇرارمەن؟ خۇدا ، بۇنداق كۈنگە قويغۇچە جېنىمنى ئالساڭ بولمامدۇ؟ مەن بىچارىنى قېشىڭغا ئەكەتسەڭ بولمامدۇ؟ ساڭا نېمە تەس؟ ئەزرائىلنى ئەۋەتسەڭلا بولمىدىمۇ؟ ئاھ خۇدا ، ئاھ خۇدا ...

رىسالەت ئايالنىڭ يىغىسىغا چىداپ تۇرالمىدى . ئىمانىخان ئوغلى ئۈچۈن ھاياتىدىن ۋاز كېچىشكىمۇ رازى ئىدى . ئۇ ئوغلىنىڭ ئازاب چېكىشىگە قاراپ تۇرالمايتتى ، ئوغلى بىر ئوچاقتا چاراسلاپ كۆيسە ، ئۆزى مىڭ گۈلخاننىڭ ئىچىدە لاۋۇلداپ كۆيەتتى . شۇڭا ، بۇنداق كۈننى كۆرگەندىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل بىلگەندى .

رىسالەت بىچارە ئانىنىڭ ئاھۇ پەريادىغا تاقەت قىلىپ تۇرالماي سىرتقا ماڭدى . بىراق ، ئۇ نەچچە قەدەم ئېلىشىغا ھېلىقى يىگىتتىن زۇۋان چىقتى :

— توختاپ تۇرسىڭىز ، دوختۇر ، — دېدى ئۇ غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا ، — سىزدىن سورايدىغان بىر گەپ بار ئىدى .

رىسالەت كەينىگە بۇرۇلدى . يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن سۇس نۇر تۆكۈلۈپ تۇراتتى . ئۇ كەينىگە يېنىپ سۇپىغا چىقتى ۋە يىگىتنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى .

— ئىسمىڭىز رىسالەتمۇ؟ — سورىدى ئۇ قانداقتۇر بىر ئىچكى ھاياجاننىڭ تۈرتكىسىدە ، — سىز ماڭا بەكلا تونۇش چىراي كۆرۈنۈۋاتىسىز . مەن سىزنى كۆرۈپلا ...

ئۇ يەنە جىم بولدى . رىسالەت ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ بەكلا ھەيران قالدى ۋە ئالدىراپ جاۋاب بەردى :

— توغرا ، مېنىڭ ئىسمىم رىسالەت ، سىز قانداق بىلىسىز؟

— سىزنىڭ ئادالەت ئىسىملىك بىر سىڭلىڭىز بولغانمۇ؟

رىسالەتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى . ئۇ سىڭلىسىنىڭ بەكمۇ يىراق بىر يەردە تۇرۇپ ئۆزىنى چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان-

دەك بولدى .

ــ شۇنداق ، مېنىڭ بىر سىڭلىم بار ئىدى . بىراق ، ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن .

يىگىتنىڭ كۆزلىرى يەنە بىر قېتىم ئۇچقۇندىدى ۋە ئىچىگە تىنغىنىچە شوكلەپ قالدى . رىسالەتنىڭ ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتۈپ تاقىتى تاق بولدى .

ــ سىز مېنىڭ سىڭلىمنى قانداق بىلىسىز ؟ ئادالەتنى قانداق تونۇيسىز ؟ ئۆتۈنۈپ قالاي ، جېنىم ئۇكام ، ئەگەر ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلسىڭىز ئېيتىپ بېرىڭ ، ھازىر بىزنىڭ ئۆيدىمۇ سىزنىڭ ئانىڭىزغا ئوخشاش بىر ئانا مۇشۇ قىزىنىڭ دەردىدە يىغلاپ ساراڭ بولاي دېدى . بىزگە ئىچىڭىز ئاغرىسۇن ، جېنىم ئۇكام ، بىلگەنلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭ ...

يىگىتنى قاتتىق ئەسنەك تۇتتى . ئۇ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆز-لىرىنى رىسالەتكە تىكىپ بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن ، ئانىسىغا قارى-دى . كۆزلىرى ئىششىغان ئايال ھودۇقۇشتىن نېمە قىلارىنى بىل-مەي قالغانىدى .

ــ ئەمدى كېچىكتىڭلار ، ــ دېدى ئۇ خۇددى ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىغاندەك پەس ئاۋازدا ، ــ ئەمدى ئۇنى ھەرقانچە ئىزدىسەڭ-لارمۇ تاپالمايسىلەر ، ھەي ، بىچارە ... ــ يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن شۇرقىراپ ياش قويۇلۇشقا باشلىدى ، ــ سىڭلىڭىزنىڭ سەرگۈزەش-تىلىرىنى ئاڭلىسىڭىز بەكلا ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىشىڭىز مۇمـ-كىن ، ئاچا . شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى سىزگە بىلدۇ-رۇش ئويى بار ئىدى . بىراق ، بۇنىڭغا مۇمكىن بولمىدى . بوپتۇ ، سىڭلىڭىزنىڭ ئاھۇ پەريادلىق ھاياتىدىن خەۋەر تېپىپ قىلىڭ . بەلكىم مېنىڭمۇ ۋاقتىم ئاز قالغاندۇ . مۇشۇ چەكلىك ۋاقىتتا سىزگە سىڭلىڭىزنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بەرسەم ، ئۇنىڭ روھىمۇ ئەمىن تېپىشى ، مەنمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا خاتىرجەم ھالدا بارالىشىم مۇمكىن . بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ۋەزىپەمـ-مۇ ئادا بولىدۇ .



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇ ئانىسىغا قاراپ : «سۇ» دېدى . ئانا يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر چىنە مۇزدەك سۇ ئېلىپ كەلدى . يىگىت چىنىنى تىترەپ تۇرغان قولىغا ئېلىپ ، ئۇنىڭدىكى سۇنى بىر كۆتۈرۈشتە ئىچىۋەتتى ۋە گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمىگەندەك ئىچىگە تىنىپ بىرئاز ئولتۇ-رۇۋالدى . ئاندىن ئانىسىغا قاراپ دېدى :

— بىردەم سىرتقا چىقىپ تۇرالامسىز ، ئانا ؟

ئايال كۆز ياشلىرىنى ئالىقىنى بىلەن سۈرتكىنىچە رىسالەتكە لاپپىدە قاراپ قويۇپ تالاغا ماڭدى . ئۆيدە يىگىت بىلەن رىسالەت يالغۇز قالدى .

— بۇ فوجىيەن ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىڭ دېگەن يېرىدە بولغان ئىش ، — دېدى ئۇ قىسقا يۆتىلىپ ئاۋازىنى رۇسلىغاندىن كېيىن ، — ئۇ مەنمۇ مۇشۇ مەھەللىدىن بىر چىقىپ كەتكەنچە قاڭقىپ يۈرۈپ شۇ يەرگە بېرىپ قالغان ۋە خۇددى ئۆمۈچۈك تورىغا چۈشۈپ قېلىپ ئۇ يەردىن قۇتۇلالمايۋاتقان ھاشاراتتەك تېپىرلاپ يۈرگەن چاغلار ئىدى . خوجايىنىم ھاپىز باي قىرىق بەش ياشلاردىن ھالقى-غان ، يۈزىدە ئۆتكۈر تىغ قالدۇرغان تارتۇقى بار ، چىرايى قارام-تۇل ، ئاچچىقى يامان ، سەپرا ئادەم ئىدى . بىر ئىشلار كۆڭلىگە ياقماي قالسا ، ئادەم دېگەننى ئۆلۈپ قالار دېمەستىن شۇنداق قاتتىق ئۇراتتى . ئۇنىڭ مۇشۇ شەھەردىكى ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر ئارىسىدا قاتتىق قوللۇقتا نامى بار ئىدى . «ھاپىز باينىڭ قولىغا چۈشكەن سامۇ تەتۈر ئۇچىدۇ» ، دېيىشەتتى باشقىلار .

مەنمۇ بىرسىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغان ۋە مۇشۇ ئادەمگە سېتىۋېتىلگەنىكەنمەن . دېتىمغا ياقمىغان ئىشلار ئۈچۈن بىر قېتىم ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويغىنىمغا بۇ ئادەمنىڭ تايىقىغا قېلىپ ، ساق بىر ھەپتە ئورنۇمدىن تۇرالماي ياتقانىدىم . «باشقىلار تاياق دېگەن ھايۋاننى كۆندۈرىدۇ» دېيىشىدى-كەن . بىراق ، ئۇ ئادەمنىمۇ كۆندۈرىدىكەن . شۇ تاياقتىن كېيىن مەن ھەرقانداق ئىشقا غىڭ قىلمايدىغان بولغانىدىم . قېچىپ كېتەي دېسەم ، بۇ ئادەمنىڭ تۇشمۇتۇشتا قولاقلىرى بار ئىدى . بىر بالدى-

نىڭ قېچىپ كېتىپ ۋوگزالدىن تۇتۇپ كېلىنگىنىنى ۋە تاياققا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆلۈپ كەتكىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. ھاپىز باينىڭ چاڭگىلىدىن قانات چىقىرىپمۇ ئۇچۇپ كەتكىلى بولمايتتى.

— ماڭا قاراش، — دېگەنىدى ھاپىز باي ھېلىقى ئۆلۈپ كەتكەن بالىنىڭ يۈزىگە دەسسەپ تۇرۇپ، — كىمكى قاچىمەن دەيدىكەن، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئۆلۈم بولىدۇ. سەنلەرنىڭ جېنىنى ئېلىش مەن ئۈچۈن بىر قېتىم تىرناق ئالغانچىلىك ئىش. شۇڭا، ئارتۇقچە ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، سىڭگەن نېنىڭنى يەپ، بۇيرۇغاننى قىلىش. باشقىلاردىن بەك ئۈمىد كۈتۈپمۇ كېتىشمە. دۇنيادا ئاكاڭ قارىغاينى سوتلايدىغان قانۇن تېخى يېزىلمىدى. شۇڭا، ئۆلۈكۈم بۇ يەردە قالمىسۇن دېيىشسەڭ، قېچىشنىڭ خىيالىنى قىلىشما. بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭ مۇشۇنداق بولىدۇ...

شۇنداق قىلىپ مەن تەقدىرگە تەن بەردىم. ھاپىز باينىڭ بۇيرۇغىنىنى قىلىپ كۈن ئالىدىغان بولدۇم. بىزنىڭ قىلىدىغان ئاساسلىق ئىشىمىز شەھەر ئاتلاپ بىر نەرسىلەرنى يۆتكەش ئىدى. يۆتكەيدىغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزىمىزمۇ بىلمەيتتۇق. بەزىدە بىرەر كاۋا، بەزىدە بىرەر تاۋۇز، يەنە بەزىدە زاكىدالغان بوۋاق دېگەندەك، ئەلۋەتتە بالا كۆتۈرۈۋالغان چاغلاردا بىزگە ئۆزىمىز ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بىرەر ئايال ھەمراھ بولۇپ ماڭاتتى. ئىشلار ئەپلەشسە نان يەيتتۇق، چاتاق چىقسا كۆنلەپ تاياق يەيتتۇق...

ھاپىز باينىڭ تىجارەت دائىرىسى بەكمۇ كەڭ ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ يېشى ئەڭ كىچىكلىرى سەككىز - توققۇز ياشتا، ئەڭ چوڭلىرى بىزنىڭ يېشىمىزدا ئىدى. كىچىك بالىلار كۈندۈزلىرى ئوغرىلىق، كېچىلىرى مايلامچىلىق قىلاتتى. ئۇلارنىمۇ مۇقىم ۋەزىپە توختىتىپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇ بالىلار مۇشۇ يېشىدا ئانىسى ئېتىپ بەرگەن ئىسسىق تاماقنى يېگىلى ئۇنىماي قەغىشلىك قىلسا، يارىشىدىغان چاغلىرى ئىدى. بىراق، ئۇلار شۇ

تاپتا ھاپىز بايغا ئامەت ئېلىپ كېلىدىغان بايلىق ئىلاھىغا ئايلانغاندى . ئۇلارنىڭ سىرتلاردا قورقۇمسىراپ يۈرۈپ باشقىلارنىڭ يانچۇقىغا قول سېلىشىمۇ ئاسانغا توختىمايتتى . تۇتۇلۇپ قالسا ئۆلگۈدەك تاياق يەيتتى . بىرنەرسە تېپىپ كېلەلمىسە ، يەنە تاياق يەيتتى . ھاپىز باينىڭ خىزمەتكارلىرى ئارىسىدا بۇ بالىلارنىڭ ھالى بەك خاراب ئىدى .

ھاپىز باينىڭ ئىلكىدە يەنە مۇشۇ شەھەردە نامى بار بىر كۆڭۈل ئېچىش شەھەرچىسى بار ئىدى . بۇ يەرنىڭ سودىسىمۇ ياخشى ئىدى . ھاپىز باي بۇ يەردە كۆڭۈل ئېچىش كەسىپلىرىنىڭ ھەممە تۈردىن مۇلازىمەت ئورنى تەسىس قىلغانىدى . ئىچىملىكلەر سېتىلاتتى ، دىسكو - تانسا ئوينىلاتتى . يەنە چىرايلىق قىزلارنىڭ چېچىنى سېرىق بوياپ ، «رۇس» قا ئايلاندۇرۇپ ، پۇلنى نەگە خەجلەشنى بىلمەي يۈرگەن خوجايىنلارنىڭ بۇرنىنى پوردا تېشەتتى . بۇ قىزلارنىڭ ھالىمۇ كىشىنى ئېچىندۇراتتى .

مەن بۇ ئادەمنىڭ قولىدا ساق بىر يىل ئىشلىدىم . ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرىنى ئۆز يېنىدىن ئاسانلىقچە كېتەلمەيدىغان قىلىۋېتىش ئۇچۇن تامىقىغا ، ئىچىملىكلىرىگە يوشۇرۇنچە خىروئىن سېلىۋېتىدىغان ئادىتى بار ئىكەن . مەنمۇ تۇيماي يۈرۈپ بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇ تۇزىقىغا چۈشۈپ كەتكەنىكەنمەن . كۆپ ئۆتمەي بۇ نەرسىنىڭ خۇمارى مېنى قىينايدىغان بولۇپ قالدى . بىردەم چەكمىسەم تۇرالمايتتىم . بىراق ، چېكىدىغان ئۇ نەرسىنى ئېلىش ئۇچۇن پۇل بولمىسا بولمايتتى . ھاپىز باي بىزگە رەھىم قىلىپ ، ئاز - تولا چەكتۈرۈپ قوياتتى ۋە ئۇنىڭ پۇلىنى گەدىنىمىزگە قەرز ھېسابىدا يېزىپ قوياتتى . مۇشۇنداق نېسى چېكىپ يۈرۈپ ، بىر ئۆمۈر ئىشلەپ بەرسەكمۇ ئۈزەلمىگۈدەك قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەنلىكىمىزنى تۇيمايلا قالغانىدۇق .

شۇ كۈنلەردە ھاپىز باينىڭ ئايسىما دەيدىغان بىر شېرىكى چىرايلىق بىر قىزنى باشلاپ كەلدى . قىزنىڭ ناچىدەك چىرايلىق بۇرنىدا غۇبارسىز چىرايىغا ياراشمايدىغان غەلىتە بىر تارتۇقى بار

ئىدى . بىراق ، بۇ تارتۇق ئۇنىڭ گۈلدەك ھۆسنىگە نۇقسان يەتكۈزەلمەيتتى . ئۇنى كۆرۈپ يۈرىكىم پىژ قىلىپ ئېچىشتى . ئېھتىمال ، مەن ئۇنىڭ ئاشۇ گۈلدەك رۇخسارىنىڭ بۇ يەردە چەيلىنىپ، خازان بولۇپ كېتىشىنى خالىمىغاندىمەن . قىز ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق كۈلۈپ تۇراتتى . ھاپىز باي ئۇنى بىر كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالدى ۋە ئۆزىنىڭ خاس مۇلازىمى قىلىۋالدى .

رىسالەت دوختۇر ، سىز خاس مۇلازىم دېگەننى بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن ، بەلكىم شۇ تاپتا سىز مۇشۇنداق كاتتا بايغا خاس مۇلازىم بولغان سىڭلىم ھېچ نەرسىدىن قىسىلماي ، ئوبدان كۈن كۆرۈۋاتسا كېرەك دەپمۇ ئويلىغانسىز . بىراق ، ئادەمنىڭ تېنىنى ئەڭ شۈركۈندۈرىدىغان ئىش مۇشۇ خاس مۇلازىملىقتۇر . ھاپىز باي قولىغا چۈشكەن ھەربىر قىزنى تېنى بۇلغانماستا ئۆزىگە بىر - ئىككى ھەپتە خاس مۇلازىم قىلىۋالاتتى . ئۇنىڭ قولىغا چۈشكەن قىزنىڭ جېنىغا ۋاي ! قانداقتۇر كۆمىلاچ دورىلار ۋە نەشىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە تايىنىپ ، قىزلارنىڭ جېنىنى قاقشىتىدىغان بۇ ئادەم مۇشۇ ئىشتا بەكمۇ قارام ۋە قوپال ئىدى . ياتىقىدىن بىچارە قىزلارنىڭ ئېچىنىشلىق چىرقىراپ يالۋۇرغان ، نالە قىلغان ئاۋازلىرى كېچىچە ئۈزۈلمەيتتى . شۇنداق يۈرۈپ ھېلىقى قىزمۇ بۇ تەقدىردىن قۇتۇلالمىدى . ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ ، يۈرىكىم قوقاسقا كۆمگەندەك ئېچىشىپ كەتتى . ئۇنىڭ گۈلدەك چىرايىنىڭ ئىزناسىمۇ قالمىغانىدى . ھەممە نەرسىگە ۋەھىمىلىك تىكىلىدىغان كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ تۇراتتى . ئۇ بىر - ئىككى كۈن ئارام ئالدۇرۇلغاندىن كېيىن ، چىچى سېرىق رەڭدە بويالدى ۋە ھېلىقى كۆڭۈل ئېچىش شەھەرچىسىگە مۇلازىملىققا چۈشۈرۈپ بېرىلدى .

بۇلارنى ئاڭلاپ رىسالەتنىڭ يۈرىكى خۇددى بىرسى قىزىتىلغان خەنجەر بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى . ئۇ ئاۋاز چىقارماسلىققا تىرىشىپ ، يۇم - يۇم يىغلىماقتا ئىدى .

— مەنمۇ ھاپىز باينىڭ يېنىدا چۆرگىلەپ يۈرىدىغان ئادەم

بولغىنىم ئۈچۈن ، بەزىدە بىرنەرسىلەرنى ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن ئاشۇ كۆڭۈل ئېچىش شەھەرچىسىگە بېرىپ قالاتتىم . ھەر قېتىم بارغىنىمدا ، مىغىلداپ يۈرگەن كىشىلەر ئارىسىدىن ئاشۇ ئىسسىق چىراي قىزنى ئىزدەيتتىم . كۆپىنچە ئۇ خېرىدارلار بىلەن شەھەرچىنىڭ ئايرىمخانىسىدا بولاتتى . بۇنداق چاغلاردا ئۇنى كۆرەلمەي ، ئىچىم ئاچچىققا تولغان ھالدا قايتىپ كېتەتتىم . بەزىدە ئۇنى بىرەر ئۇستەلنىڭ يېنىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ھالدا كۆرۈپ قالاتتىم . ئۇنى كۆرسەم نېمىشقىكىن كۆڭلۈم بىرئاز خاتىرجەم بولۇپ قالاتتى . ئۇنى يەنە بىر كۆرگۈچە كەيپىمنى چاغ سېزەتتىم . بىراق ، ئۇنى كۆرۈپ يېرىم يىل ئۆتكۈچە بىرەر قېتىم پاراڭ قىلىشقىمۇ پۇرسەت بولمىغانىدى .

بىر كۈنى مەن يەنە بىر ئىش بىلەن كۆڭۈل ئېچىش شەھەرچىسىگە بېرىپ قالدىم . ئۇ كۈنى بۇ شەھەردە سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتقانىدى . يامغۇر يېغىپ تۇرغىنىغا قارىماستىن ھاۋا بەكمۇ دىمىق بولۇپ كەتكەنىدى . ئادەمنىڭ ئۈستىۋېشىدىن شۇرۇلداپ قۇيۇلغان تەر يامغۇر تامچىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كېتەتتى . ئىشىكتىن كىرىپلا بۈگۈن خېرىدارلارنىڭ كۈندىكىگە قارىغاندا ، ئانچە كۆپ ئەمەسلىكىنى بايقىدىم . ھارغىن كۆرۈنىدىغان مۇلازىم قىزلار ئۇستەللەرنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىپ ، ئۇنىڭ - بۇنىڭ پارىڭىنى قىلىپ ئولتۇرۇشقانىكەن . مەن ھېلىقى قىزنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن تاپالمىغاندىن كېيىن ، يەنە بىر بۆلۈمچىگە ئۆتتۈم . ئۇ قىز يۈزىنى دېرىزە ئەينىكىگە ياققىنىچە ئاشۇ سىمىلداپ تۇرغان يامغۇرغا قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇرغانىكەن . مەن ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ، بەئەينى قەپەستىكى سايراشتىن قالغان ئاجىز قۇشقاچنى كۆرگەندەك بولدۇم . ئاستا مېڭىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قانداق بېرىپ قالغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن . قىزنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن پەس ئاۋازدا سورىدىم :

— قانداق ، بۇ يەرگە كۆنۈپ قالغاندەك تۇرامسىز ؟

ئۇ ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغانغان كىشىدەك ئالدىراپ ماڭا

قارىدى. كۆزلىرى ياش يۇقى ئىدى.

— بۇ ئادەم كۆنىدىغان يەر ئەمەسكەن، — دېدى ئۇ ئۆزىمۇ ئاڭلىيالمىغۇدەك قىلىپ.

— بىراق، ھاپىز باي بىزنى كۆندۈردى، — دېدىم ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىغان ھالدا، — كۆنمەيمۇ ئامالىمىز يوق. خوش، ئىسمىڭىز نېمە؟ قەيەردىن كەلدىڭىز؟ تونۇشۇپ قويايلى، ناۋادا ئۆلۈپ كەتسەك، بىر- بىرىمىزنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي تۇرۇپ قانداقمۇ دۇئا قىلالايمىز؟ مېنىڭ ئىسمىم پەرھاد، يۇرتۇم ...

ئۇ مېنىڭدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى.

— بىر يۇرتلۇق ئىكەنمىزغۇ؟ مېنىڭ ئىسمىم ئادالەت، سىز دېگەن ناھىيىنىڭ بازار ئىچىدىن.

ئۇنىڭ مېنىڭ كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنگىنى بىكار ئەمەسكەن. بىز بىر ئېقىننىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان ئادەملەر ئىكەنمىز. شۇڭا، يۇرت مېھرى مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئۇنىڭغا تارتىپ تۇرغانىكەن. دەل شۇ چاغدا ئۇنى بىرسى چاقىرىپ قالدى. ئادالەت ماڭا قىيمىغان ھالدا خوشلىشىپ نەچچە قەدەم ماڭدى ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ مېنى يېنىغا چاقىردى. ئۇ ماڭا قۇلاقچىلىك كېلىدىغان بىر قەغەزنى سۇنۇپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— پەرھاد، مېنىڭ ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان بىر ئاچام بار، ئىسمى رىسالەت، بۇ ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرى. شۇنىڭغا بىر پۇرسىتىنى كەلتۈرۈپ تېلېفون قىلىۋەتسىڭىز، ئۇ مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى بىلسە، جەزمەن قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ. خوش، مەن تېزرەك ماڭمىسام بولمايدۇ. سىز مېنىڭ مۇشۇ ئىشىمغا بىر ياردەم قىلىڭ ...

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ياندىكى بىر خانىغا كىرىپ كەتتى. قىزنىڭ تاغدەك ئۈمىدى ماڭا باغلانغانىدى. مەن بۇ ئىشنى قانداق قىلىشنى بىلمەيلا قالدىم. ناۋادا ھاپىز باي مېنىڭ تېلېفوندا خەۋەر قىلغىنىمنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، تىرىك تۇرغۇزۇپ تېرەمنى

تەتۈر سوياتتى . خەۋەر قىلماي دېسەم ، ئادالەتنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قوياتتىم . بىر پىكىرگە كېلەلمەي ئارىسالدى بولۇپ تۇرغىنىمدا ، ئالدىمدا تاغدەك بەستلىك ، كۆزلىرى بەقەمدەك قىزارغان ، چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان بىرسى پەيدا بولۇپ قالدى . مەن ئۇنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدىم .

— قولۇڭدىكىنى چىقار ، — دېدى ئۇ ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك قوپال ئاۋازدا ، — ھېلىقى پاسكىنا بەرگەن قەغەزنى چىقار !

مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرغان ئاشۇ دەقىقىدە ھېلىقى بىرنېمە قولۇمنى تارتىپلا قەغەزنى ئېلىۋالدى . ئۇ قەغەزدىكى تېلېفون نومۇرىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ، قولاق تۈۋىمگە زەرپ بىلەن بىر مۇشت سالدى ، مەن قەغەزدەك ئۇچۇپ بېرىپ ئۈستەلنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتتىم .

— باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماي كۆتۈڭنى غىت قىسىپ ياشا ، — دېدى ئۇ بىگىز بارمىقىنى بۇرنۇمغا سانجىپ تۇرۇپ ، — بولمىسا ئۆلگىنىڭ شۇ .

مەن مۇشت زەربىسىدىن تۆكۈلگەن بىر چىشىمنى يەردىن تەرگىنىمچە قان تۈكۈرۈپ ئورنۇمدىن تۇردۇم . بۇ زالدا ئەسلىدە ھەربىر ئىش - ھەرىكەتنى كۆزىتىدىغان ئوغرى كۆز بار ئىكەن . ئۇ قاۋان ھېلىقى كۆزدىن قىزنىڭ ماڭا بىرنەرسە بەرگىنىنى كۆرۈپ قالغانىكەن .

ئۇ كېپىنى تۈگىتىپ بولۇپ ئادالەت كىرىپ كەتكەن خانىغا ماڭدى . بىر پەستىن كېيىن ئۇنىڭ تاياقتا چىدىماي چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . شۇنىڭدىن كېيىن بىر ئايغىچە ئۇنى ھېچ يەردە ئۇچرىتالمىدىم . ئۇنى كۆرمىگەنسېرى ئەندىشەم يەنىمۇ كۈچىيىپ باراتتى . ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ ئۇنى ھېلىقى خانىدا يەنە ئۇچراتتىم . ئۇنىڭ چىرايى زەپىراندەك سارغىيىپ كەتكەنىدى . ئۇ مېنى كۆرۈپ چىرايىغا زورمۇ زور كۈلكە يۈگۈرتتى .

— قايسى كۈنى سىزنى بىكاردىن - بىكار تاياقتا قويدۇم - ھە ؟ — دېدى ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ ، — ھەي ، ئاچام

بىلەن پەقەت ئالاقىلىشالمىدىم. قايسى كۈنى قېچىپ چىقىپ تېلې-
فوننى ئەمدى ئۈلىشىمغا ئۇلار قوغلاپ كېلىپ تۇتۇۋالدى. مەن يەنە
تاياق يېدىم.

— بۇلارنىڭ قولىدىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ چىقىش مۇم-
كىن ئەمەس، — دېدىم ئۇنىڭغا چارىسىزلىقىمنى بىلدۈرمەكچى
بولغاندەك بويىنۇمنى قىسىپ تۇرۇپ، — ئۇلارنىڭ كۆز - قۇلىقى
بەكلا كۆپ. نېمىلا قىلساقمۇ يوشۇرۇپ قالماق تەس.

— بىراق، مەن ھامىنى بۇ يەردىن چىقىپ كېتىمەن، يۇرتقا
قايتىپ، ئاتا - ئانامنىڭ پېشىنى كۆزۈمگە سۈرتۈپ، ئۆتكۈزگەن
گۇناھلىرىم ئۈچۈن ئۇلاردىن كەچۈرۈم سورايمەن. ئۇلارنىڭ سىز-
غان سىزىقىدىن ھەرگىز چىقمايمەن.

مەن ئۇنىڭ قەلبىدە گۈلخاندەك گۈرۈلدەپ تۇرغان بىر قەتئىي
ئىرادىنىڭ شولىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇ بىر قىز بالا تۇرۇپ
ئىرادىسىدىن قايتماي، بۇ يەردىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن يېگەن
تاياقلىرىغا بەرداشلىق بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىكى بۇ قورقۇمسىز روھ-
تىن بەكلا تەسىرلەندىم. ئۆزۈمنىڭ بىر ئەر كىشى تۇرۇپ ئۇنىڭ-
چىلىك بولالمىغىنىمدىن بەكمۇ ئۇيالدىم.

بىر كۈنى ھاپىز باي مېنى ئالدىغا چاقىردى.

— ھەي لاتا قىسماققا گوندا بولىدىغان ھاراملىق، — دېدى
ئۇ ھە دېگەندە مېنى تىللاپ، — ئاڭلىسام كۆڭۈل ئېچىش شەھەر-
چىسىگە تولا قاتراۋېتىپسەنغۇ؟ ئۇ يەردە بىرسى پىشۇرۇپ قويۇپتىد-
مۇ ساڭا؟

— باي ئاتا، ئۇ يەردە مېنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىم بار
ئىدى ... شۇنى ئىزدەپ ...

شۇ سۆزۈم بىلەن تەڭ يۈزۈمگە تەگكەن بىر شاپىلاقتىن كۆز-
لىرىمدىن ئوت چىقىپ كەتتى.

— ھەي غالچا، — دېدى ئۇ يەرنى قاتتىق تېپىپ تۇرۇپ، —
بۇ يەردە ھېچكىمنىڭ ھېچنېمىسى يوق، بىز ھەممىمىز ئوقەتچى،
نەۋرە سىڭلىم، پەۋرە سىڭلىم دېگەننى تونۇماسلىقىمىز كېرەك.

بۇنىڭدىن كېيىن يەنە شۇنداق گەپنى ئاڭلاپ قالغۇدەك بولسام، پۇتۇڭنى چېقىۋېتىمەن. ھوشۇڭنى يىغىپ، ئۆز ئىشىڭنى قىل، يوقال!

ئۇ مېنى خۇددى بىر ئىتنى قوغلىغاندەك يېنىدىن چىقىرىۋەتتى. نەچچە كۈنگىچە ئوڭ ـ سولۇمنى بىلمەي يۈردۈم. بۇ كۈنلەردە مېنىڭ خۇمارىم بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتكەندى. ئىلگىرى بىر كۈندە بىر قېتىم چېكىۋالسام، بولدى قىلاتتىم. بىراق، يېقىندىن بېرى بىر قېتىم بىلەن بىر كۈننى كەچ قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانىدىم. بەزىدە ئارقا ـ ئارقىدىن چەكسەممۇ خۇمارىم بېسىلمايتتى. شۇڭا، خىرويىننى ئوكۇل قىلىپ تومۇرۇمغا سېلىشقا باشلىدىم. مېنىڭ ئەمدى ئانامنى، يۇرتنى، كۆڭۈل ئېچىش شەھەرچىسىدىكى ئادالەتنى ئويلىغۇدەك ھالىم قالمىغانىدى. كۆڭلۈم قانداق قىلىپ بىرەر قېتىم ئوكۇل قىلغۇدەك چېكىملىككە ئېرىشىشنىڭ كويىدا ئۆتمەكتە ئىدى. بەدىنىم ھالسىز، خاراب ئىدى. گالغا تۇزۇك يېمەيلا چېكىملىككە ئۆزۈمنى ئۇرۇپ كەتكىنىم ئۈچۈن بەكلا ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەنىدىم. ۋەزىيەم ئادا بولماي نەچچە قېتىم ئاچمۇ قالدىم. بىراق، قورساقنىڭ ئاچلىقى ھېچ گەپ ئەمەس، خۇمارنىڭ دەردى يامان ئىدى.

ئارىدا ئادالەت بىلەن بىر قېتىم كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولدى. ئۇنىڭ ھالىمۇ مېنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. ئورۇقلاپ ئىسكىلىتقىلا ئوخشاپ قاپتۇ. ئالتۇن رەڭ چاچلىرى تۇزۇپ، چىرايىمۇ ئۆزۈن يىل كېسەل تارتقان ئادەمنىڭكىدەك تاتىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپ پاڭڭىدە يىغلىۋەتتى.

— مەن نېمە بولدۇم، پەرھاد؟ پۈتۈن بەدىنىم ئوتتا كۆيگەندەك ئېچىشىدۇ. نېمىگىدۇر خۇمارىم تۇتىدۇ. شۇنداق چاغلاردا كۆزۈمدىن ياش ئېقىپ، بۇرنۇمنىڭ سۈيىنى توختىتالمايمەن. چۈشكۈرىمەن، بەدىنىم تارتىشىدۇ. ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ قالىمەن. پۈتۈن بەدىنىمگە ئەسۋەت ئۆرلەپ كەتتى، ئىشتىھايىممۇ تۇتۇلدى، گېلىمدىن ھېچ نەرسە ئۆتمەيدۇ. پەقەت

قانداقتۇر بىرنەرسە ، خۇمارنى ئالىدىغان بىرنەرسە بولسىلا بولىدى-
غاندەك . مەن بۇنداق بولۇپ قالسام بولمايتتى . قارىغاندا ، ئۇلار
مېنى خىروئىنغا خۇمار قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلدى . گەرچە ئۇنىڭ
ھامان توزۇپ كېتىدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرسىمۇ ، بۇنچە تېز
بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن . ئۇ مېنىڭ كۆكسۈمگە بېشىنى
قويغان ھالدا بىرھازا يىغلىدى . ئىككىمىزنىڭ كىشى يۇرتىدا مۇ-
ساپىرچىلىقتا يۇرۇپ تۆككەن ياشلىرىمىز قوشۇلۇپ كەتتى .

ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتۈپ كەتتى . ئەمدى مەن ھاپىز باينىڭ
قولىنى سوۋۇتالمايدىغان بولۇپ قالغانىدىم . پۇت - قولۇم بەزگەك-
نىڭكىدەك تىترەيتتى . كۆز نۇرۇممۇ خىرەلىشىپ كەتكەن ، يولنى-
مۇ ئېنىق پەرق ئېتەلمەيتتىم . مېنىڭ بۇ ھالىتىم باينى بەكمۇ
ئۈمىدسىزلەندۇرۇپ قويغانىدى . ئەمدى مېنىڭ ئۆزىگە ئاش بولال-
مايدىغانلىقىمنى بىلىپ يەتكەن باي بىر كۈنى ھېلىقى دېۋىگە شۇن-
داق بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ :

— ماۋۇ بىر زەمبىل پوقنى كۆزدىن يىتتۇرۇڭلار ، بىراق ئۇ
قېچىپ كەتمىسۇن ، ئۇنىڭ ئۇستىخىنىدىن نۇرغۇن خىروئىن ئالغى-
لى بولىدۇ . جەستى قەرزگە ھېساب بولسۇن .

بىر ھەمراھىمدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ، بەكمۇ ئۈمىدسىزلى-
نىپ كەتتىم . ھەتتا جەستىممۇ قەرزگە ھېسابلىنىدىكەن ئەمەس-
مۇ ؟ شۇ چاغدا يۇرتتىن چىققىنىمغا ، بۇ يەرگە كەلگىنىمگە بەكمۇ
پۇشايمان قىلدىم .

پەرھاد ھاسىراپ تۇرۇپ بىرئاز دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كې-
يىن ، يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى :

— سىز بۇ تەرەپلەرنىڭ ياز پەسلىنى كۆرۈپ باقمىغان ، رىسا-
لەت ئاچا . ياز كەلسە ، بۇ يەر شۇنچىلىك گۈزەللىشىپ كېتىدۇ .
تاغلاردا ياپيېشىل ئوتلار ئۆسىدۇ ، قىيالاردا چىغىرتماق گۈللىرى
ھۇپپىدە ئېچىلىدۇ . ھەممە يەردىن گۈللەرنىڭ خۇشبۇي ھىدى
تاراپ تۇرىدۇ . مۇشۇنداق چىرايلىق يەرنى تاشلاپ خەقنىڭ شەھىرى-

گە كېلىپ ، قان شورايدىغان ئالۋاستىلارنىڭ ، يەتتە باشلىق يالماۋۇزلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كۆرگەن كۈنۈمگە ئېچىندىم . ئۆزەمگە بەكمۇ ئىچىم ئاغرىدى .

شۇ كۈنلەردە بۇ يەردە ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا بىر قېتىملىق قانلىق جەڭ بولۇپ ئۆتتى . نېمە تالاشقىنىنى بىلمىدىم . قايسى بىر ھاجى بىلەن ھاپىز باينىڭ ئادەملىرى تۇتۇشۇپ قالغاندى . بۇ جېدەلنىڭ ھاپىز باينىڭ بېشىغا چىقىشىنى كىم ئويلىغان ؟ شۇ قېتىمقى ئايپالىتا بىلەن چېپىششىتا كىمدۇر بىرى ھاپىز باينىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلغانىدى . ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم ئۆلگەن . بۇ جېدەلنى ساقچىلار بەكمۇ تەسلىكتە يىغىشتۇردى . ھاپىز باينىڭ شېرىكى ، ھېلىقى دېۋىمۇ قولغا چۈشۈپ ساقچىلارنىڭ كامېرىغا كىرىپ قالغانىدى . ھاپىز باينىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى نۇرغۇن مال - مۈلۈك بۇلىنىپ ، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېچىش شەھەرچىسى قارىغۇچىسى يوق باغقا ئوخشاپ قالغانىدى . بۇ بىزنىڭ ئۆزدىمىزنى دالدىغا ئېلىشىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى ئىدى .

مەن ماغدۇرسىز جىسمىمنى سۆرەپ كېلىپ ، ئادالەتنى ئىزدىدىم . ئۇ تىترىگەن پېتى بىر ئايرىمخانىنىڭ ساپاسىدا ياتقانىكەن . ئۇنى كۆرۈپلا يۈرىكىم جايىغا چۈشۈپ ، پۇت - قولۇمغا ئاز - تولا جان كىرگەندەك بولدى . ئادالەتمۇ مېنى كۆرۈپ بېشىنى كۆتۈردى . ئەمدى بىزنىڭ قاچىدىغان ۋاقتىمىزنىڭ بولغىنىنى ئاڭلاپ ، يىغلىغان پېتى كېلىپ مېنى قۇچاقلىدى . ئىككىمىز بىرھازا يىغلاشتۇق . بىزنىڭ تارتىشقۇدەك نېمىمىز بولسۇن ؟ ئۇ خەقتىن ئالغان ئاز - تولا چاي پۇلىنى تىقىشتۇرۇپ قويغانىكەن . شۇ پۇلنى ياتىقىدىن ئېلىپ چىقىشقا كىرىپ كەتتى . بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتتى ، ئۇنىڭدىن ھېچبىر سادا يوق ، تاقىتىم تاق بولۇپ ياتىقىغا كىردىم . ئەسلىدە ئۇنى بىر خىزمەتكار بېسىۋالغانىكەن . كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى . بۇلۇڭدا تۇرغان بىر ئورۇندۇقنى ئالدىم - دە ، ھېلىقى بىرنېمىنىڭ بېشىغا كۈچەپ سالدىم . ئىبھ قىلغان ئاۋاز بىلەن ئۇ كونا چاپاندەك سىيرىلىپ چۈشتى . يانچۇقىنى

ئاقتۇرسام يۈز سومدەك پۇل بار ئىكەن. ئاز بولسىمۇ خۇدانىڭ
بەرگىنى دەپ قوينۇمغا تىقتىم. ئادالەت ئامنىڭ تۈۋىدىكى بىر
كاھىشنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ تېگىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئالدى بى-
مىشقىدۇر ئۇنىڭ بىر ئىشتىن خىجىل بولۇپ، ماڭا تۇرۇۋېلىپ
قارىيالمايۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ھەممىنى چۈشەندىم.
— بولدى ئادالەت، سىز باشقىچە ئويلىنىپ يۈرمەڭ، بىز
مۇشۇ يولۋاس ئۇۋىسىدىن ساق - سالامەت چىقىپ كەتسەكلا بولدى،
بۇ يەردىكى ئىشلار بىزنىڭ ئىختىيارىمىزچە بولغىنى يوققۇ؟ نېمە-
دىن ئويلىسىز؟ بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ، ماڭا قاراپ بىر كۈلۈڭا،
ئادالەت. بۈگۈن دېگەن بىزنىڭ كۈلىدىغان كۈنىمىز.
شۇنداق قىلىپ ئىككىمىز پويىز ئىستانسىسىغا كەلدۇق ۋە
تۈرلۈك ئەندىشىلەر بىلەن تىمىسقىلاپ يۈرۈپ بىلەت ئېلىش ئۈچۈن
كۆزنەككە يېقىنلاشتۇق. ئەپسۇسكى، بۇ يەردىن شىنجاڭغا بارىدى-
غان بىۋاستە پويىز لىنىيىسى يوق ئىكەن. مۇشۇ شەھەرنى كۆزد-
مىز بىر كۆرمىسۇن دەپ، ئۇدۇل كەلگەن بىر يەرگە بىلەت ئال-
دۇق. بۇ يەردىن ساق - سالامەت كېتىۋالساقلا ھاپىز باينىڭ
ئادەملىرىنىڭ چاڭگىلىدىن چىقىپ كېتىش مۇمكىن ئىدى. شۇڭا،
ئوغرىدەك دەككە - دۈككە ئىچىدە پويىزغا چىقىپ يۈرۈپ كەتتۇق.
پويىز ئورنىدىن قوزغالغاندىلا يۈرىكىمىز جايىغا چۈشتى.
بىراق، بۇ خاتىرجەم ۋاقىت ئۇزۇنغا بارمىدى. مېنىڭ تۇيۇق-
سىز خۇمارىم تۇتۇپ كەتكەندى. ئادالەت مېنىڭ بىر ئاز قىينىلىپ
كەتكىنىمنى كۆرۈپ قول سومكىسىدىن كىچىك بىر بولاقنى چىقار-
دى ۋە باشقىلارغا تۇيدۇرمايلا ئالقىنىمغا تىقىپ قويدى. مەن
پويىزنىڭ تازىلىق ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردۈم. ئىشىمنى تۈگىتىپ
قايتىپ كەلگىنىمدە، ئادالەتنىڭمۇ ئەھۋالى باشقىچە ئىدى. ئۇمۇ
چۈشكۈرۈپ، بۇرنىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋاتقانىكەن. مېنى كۆرۈپ
چوڭقۇر ئۇھ تارتقىنىچە تازىلىق ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. مەن ھاڭۋاق-
قىنىمچە ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ قالدىم.
پويىز ئاخىرقى بېكەتكە كېلىپ توختىدى. بىز نەرسىلىرد-

مىزنى كۆتۈرۈپ پويىزدىن چۈشتۇق . بىز شەھەر كوچىلىرىدا قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلىگىلى ماڭغان تەۋەككۇلچىلەردەك كېتىپ باراتتۇق . بىزنىڭ نە بىر قونالغۇمىز بولسۇن ؟ يات شەھەردە ياتسىراپ كېتىپ باراتتۇق . ئادالەتنىڭ قورسىقى ئاچقانىدى . بىر ماگىزىندىن تەييار چۆپ سېتىۋالدۇق . ئۇ قۇرۇق چۆپنى كاراسلىتىپ يېيىشكە باشلىدى . شەھەر كوچىسىدا مۇشۇنداق بىچارە هالدا كېتىۋاتقانلىقىمىزنى ئويلاپ مېنى يەنە يىغا باستى . ئېگىز - ئېگىز بىنالار قەددەمدە بىر ئۇچراپ تۇرسىمۇ ، بېشىمىزنى تىققۇدەك پاناھگاھىمىز يوق ئىدى . تەرەققىي قىلسا خەقنىڭ شەھىرى تەرەققىي قىپتۇ . بىزگە نېمىدى ؟ شۇ كۆرۈۋالغىنىمىز قالدۇ ، مۇشۇ ئېگىز بىنالاردىن بىرەر چالما قومۇرساق ، بىزنى تۇتىدىغان ئادەم تەييار ! مۇشۇلارنى ئويلاپ يۇرتنى تاشلاپ چىققىنىمدىن ، ئاتامنى تاشلاپ چىققىنىمدىن بەكمۇ ئۆكۈندۇم . بىر بىنانىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ ، ئادالەتكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ بىرهازا يىغلاپتىمەن . مېنىڭ شۇ چاغدىكى پۇشايمانلىق ياشلىرىمغا چىدىمىغاندەك ئاسمانمۇ يېشىنى قويۇۋەتكەنىدى .

ئاشۇ بىنانىڭ دالدىسىدا تۈننى كۈندۈزگە ئۇلىماقچى بولدۇق : كېچىنىڭ سالقىن شامىلى ئادەمنىڭ تالجىققان ۋۇجۇدىغا ئارام بەخش ئېتەتتى . ئاسماندا گەرچە بىر تال يۇلتۇز كۆرۈنمىسىمۇ ، بىراق شەھەرنىڭ ئېگىز بىنالىرىدىكى ۋىۋىسكا ۋە زىنىنەت چىراغلىرىنىڭ نۇرى بىلەن ئاسمان گۈگگا يورۇپ تۇراتتى . شەھەر كوچىلىرىدا تاكسىلار توختىماستىن ئۆتۈشۈپ تۇراتتى . مەن ئاشۇ ئادەمنىڭ نېرۋىسىنى چارچىتىدىغان شەھەرنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىگە قۇلاق تۇتۇۋېتىپ مۇشۇ خىلۋەت مەھەللىمىنىڭ تىپتىنچ مۇھىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم . ئويلىغانسېرى ئۆزۈمنىڭ بۇ يەرگە نەقەدەر قارا يۈزلۈك قىلغىنىمنى ھېس قىلاتتىم . ئادالەت مۈرەمگە بېشىنى قويغان هالدا تاتلىق ئۇخلىماقتا ئىدى . ئۇنىڭمۇ ئاتا - ئانىسى ، سۆيۈملۈك ئائىلىسى ، بىر تۇغقانلىرى باردۇ - ھە ؟ دېگەنلەرنى خىيال قىلدىم . شۇنداق تۇرۇپ ئۇمۇ بىر ماكانسىز

ساياقتەك بۇيەردە — ئاي دالىدا ئۇخلىماقتا ئىدى . شۇ چاغدا ئادەم دېگەن قانائەتسىز بولسا ، بېشىغا ھەر بالالار كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم .

ئەتىسى سەھەردە قاسقان شەپكىلىك بىر قوغداش ساقچىسى بىزنى بىنانىڭ تۆۋىدىن قوپۇرۇۋەتتى . ئۇ قولىنى شىلتىپ ، بىزنى ماكانسىزلار دەپ تىللىدى ۋە بۇ يەردىن دەرھال كەتمىسەك ، ساقچى چاقىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كالدىرلىدى . دېمىسىمۇ بىز خەقنىڭ يېرىدە بىر كېچە قونغاندۇق . شۇڭا ، لام - جىم دېمەستىن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ، كىيىملىرىمىزنى قاققانچە بۇ يەردىن ئايرىلدۇق . پىيادىلەر يولىدا ۋوگزالغا قاراپ كېتىۋېتىپ بوگۈن يولغا چىقالارمىزمۇ ، دېگەننى ئويلىدىم . ئادالەت بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئۇستۇبىشىدىن شورۇلداپ تەر قۇيۇلاتتى . چىرايىدىكى سېرىقلىق يەنىمۇ ئاۋۇپ كەتكەندەك ئىدى . ئۇنىڭ ھەربىر قەدەم ئالغاندا ، لەۋلىرىنى چىشلىشى بۇ سەپەرنى ئامالىنىڭ يوقىدىن ياكى قانداقتۇر بىرنەرسىگە تارتىشىپ تۇرغانلىقتىن داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى . ئۇنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ ئىچىم بەكلا سىيرىلىپ كەتتى .

— ئادالەت ، — دېدىم ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ، — بەك قىينىلىپ كېتىۋاتىسىز . دوختۇرغا كۆرسىتەيمۇ يا ؟ بۇنداق مېڭىپ يىراقتىكى يۇرتىمىزغا قانداقمۇ يېتىپ بارالايمىز ؟ بارغان تەقدىردىمۇ سىزنى داۋالىيالايدىغان دوختۇر نەدە ؟ ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ يەردە....

— نېمە دەيسىز ؟ — ئادالەتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى ، — بىلىپ قويۇڭ ، مېنىڭ ئاچام ئەڭ ئۇستا دوختۇر ، ئۇنىڭ قولىدىن ھېچقانداق كېسەللىك قېچىپ كېتەلمەيدۇ . مەن ئاچامدا داۋالىنىمەن . يۇرتقا ئامان - ئېسەن بېرىۋالسام ، مېنى ئاچام ئۆز قولىدا داۋالايدۇ .

ئادالەتنىڭ چىرايىدا ئاجايىپ بىر سۆيۈنۈش ئىپادىسى بالقىدى . ئۇ يىراقلارغا تىكىلگىنىچە بار ئاۋازى بىلەن «ئاچا !» دەپ

ۋارقىرىدى . يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار بىزگە ھەيران بولغىنىچە قاراپ قويۇشاتتى .

ئادالەت يولىدا كېتىۋېتىپ سىز ، ئاندىڭىز ، دادىڭىز ۋە ئىنى – سىڭىللىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى . پاراڭ بىلەن كېتىۋېتىپ ئالدىمىزدىلا بىر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىنىڭ بارلىقىنى كۆردۇم ۋە ئادالەتكە كىرىپ كۆرۈنۈپ بېقىشنى ئېيتتىم . ئۇ دوختۇرخانىنىڭ ۋېۋىسكىسىغا قاراپ بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن ، مەيلى ئەمىسە ، دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى . ئىككىمىز كىرىپ نومۇر ئېلىپ ، تەكشۈرۈش ئۆيىگە كىردۇق . چېكە چاچلىرى ئاقارغان ، كۆزىگە يۇقىرى گرادۇسلۇق ئەينەك تاقىۋالغان ، ئېگىز بويلۇق بىر دوختۇر بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى . ئۇ بىزگە بىر قاراپلا ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمىزنى بىلىۋالغانىدى .

— ياخشىمۇسىلەر ، — دېدى ئۇ ئۇيغۇرچە سۆزلەپ ، — ئۇيغۇرچە سۆزلىگىنىمدىن بەكلا ھەيران قالغانسىلەر – ھە ؟ مەنمۇ شىنجاڭدا ئوتتۇز يىلدەك تۇرغان ، تېخى ئۆتكەن يىلىلا قايتىپ كەلدىم . شۇڭا ، سىلەر بەكمۇ چىرايلىق كۆرۈنىسىلەر . قانداق ، كېسەل كۆرسەتمەمسىلەر ؟ قايسىڭلارنى ئاۋۋال تەكشۈرىمەن ؟

— بۇ قىزنى تەكشۈرۈپ قويسىڭىز ، — دېدىم ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىققان ھالدا .

ئۇ گرادۇسلۇق ئەينىكىنى سەل يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويغاندىن كېيىن ، ئادالەتنى تەكشۈرۈش سۇپىسىغا چىقاردى ، مەن ئۇنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىقىپ كارىدوردا ساقلاپ تۇردۇم . بىر چاغدا دوختۇرنىڭ تاتارغان چىرايى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى . ئۇ نېمىگىدۇر جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى .

— ئىش چاتاق ، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ پەس ئاۋازدا ، — بۇ قىزنىڭ كېسىلى بىرئاز ئالاھىدىرەك تۇرىدۇ . ئەيدىزنىڭ ئالامىتى بار . قان ئېلىپ تەكشۈرمەكچىمىز . سىز يەنە بىردەم كۈتۈپ تۇرمىسىڭىز بولمايدۇ .

تاپىنىمدىن كىرگەن بىر ئوت چوقامدىن چىقىپ كەتتى . كا-

رىدوردا قانچىلىك تۇرغىنىمنى ، نېمىلەرنى ئويلىغىنىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن . بىر چاغدا مۇرەمگە مۇزدەك بىر قول تەگدى . قارىسام ئادالەت ئىكەن . ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ يۈرىكىم يەنە ئېچىشتى . مۇشۇنداق بىر قىز قاراپ تۇرۇپ شۇنداق مەرەز كېسەلگە گىرىپتار بولسا ـ ھە؟ بۇ كېسەلنىڭ داۋاسى يوق دەپ ئاڭلىغانمەن . ئادالەت ئۇن گۈلنىڭ بىرى ئېچىلماي ، تۇرمۇشنىڭ راھىتىنى بىر قېتىم كۆرمەي تۇرۇپ ئالەمدىن كەتسە ، ئۇنىڭغا بەكمۇ ئۇۋال بولمامدۇ؟ ھەي تەتۈر پەلەك؟

ــ نەتىجە ئەتە ئەتىگەن چىقىدۇ ، ــ دېدى ھېلىقى دوختۇر مۇلايىم كۆزلىرىنى بىزگە تىككەن ھالدا ، ــ سىلەر ئەتە سائەت ئونلاردا كەلسەڭلار قانداق؟

ئادالەت ئىتتىكلا ماڭا قارىدى . مەن دوختۇرنىڭ تەكلىپىگە ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشىمنى لىڭشىتتىم . ئادالەتنىڭ كېسىلىگە ئېنىق بىر دىئاگنوز قويۇلۇرماي تۇرۇپ ، بۇ يەردىن كەتكۈم يوق ئىدى .

ــ تەكشۈرۈش نەتىجىسى نېمىشقا بۈگۈن چىقمايدىكەن ، ــ دېدى ئادالەت كوچىغا چىققاندا كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ ، ــ ياكى مېنىڭ كېسىلىم ...

ــ دىئاگنوز دېگەن بەك ئالدىراپ چىقىپ كەتسىمۇ بولمايدۇ ، ــ دېدىم زورىغا كۈلۈمسىرىگىنىمچە ، ــ بىر كېچە دېگەن تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ ، ئادالەت . ئەتە يولغا چىقساقمۇ كېچىكمەيمىز .

شۇنداق قىلىپ بىز بۇ شەھەردە يەنە بىر كېچىنى تام يۆلەپ ئۆتكۈزۈۋەتتۇق . ئەتىسى ئەتىگەن دوختۇرخانىغا كەلدۇق . نېمىشقىكىن مېنى غەم بېسىپ تۇراتتى . ھېلىقى دوختۇر بىزنى كۆرۈپ بېشىنى دوستلارچە لىڭشىتقاندىن كېيىن ، ئازراق كۈتۈپ تۇرۇشىمىزنى ئېيتتى .

بىز نەتىجىنى كۈتۈپ دوختۇرخانىنىڭ كارىدورىدا ئولتۇر-

دوق . ئادالەت يەنىلا مۆزدەك تەرلەپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ گېلى قۇرۇپ ، لەۋلىرى قارا گەز باغلاپ كەتكەن ، چىرايىدىكى قىزىل ئەسۋىنىڭ ئورنىمۇ بارغانسېرى چوڭايماقتا ئىدى . ئۇنىڭ چىرايىغا ھەر قېتىم قارىغىنىمدا مېنى يىغا تۇتاتتى . ئۇنىڭ ئايىسما باشلاپ كەلگەن چاغدىكى گۈلدەك چىرايى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا شۇنداق ئېنىق تۇراتتى . ئاشۇ گۈلدەك چىرايىنىڭ مۇشۇنچىلىك قىسقا ۋاقىتتا مۇدۇر - چوقۇر بىر تېرىگە ئايلىنىپ قالغانلىقى كىشىنى ئېچىندۇراتتى . ئادالەت يەنە مۇرەمگە بېشىنى قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتى . ئۇنىڭ تىنقلىرى تىكەندەك ساقال باسقان يۈزۈمگە يېنىك ئۇرۇلاتتى .

بىر چاغدا مېنىڭ خۇمارىم تۇتۇپ كەتتى . بىراق ، يانچۇقتا چەككۈدەك بىرنەرسە يوق ئىدى . مېنىڭ گېلىم قىچىشىپ ، بۇرنۇمدىن شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ئېقىشقا باشلىدى . مەن خۇددى بۇ ئەيىبىمنى بىرسىدىن ئەتەي قاچۇرۇۋاتقاندەك يەرگە قارىۋالدىم . بىراق دەۋرەپ كېلىۋاتقان خۇمارنىڭ دەردىگە چىداپ تۇرالمىدىم . بىر چاغدا مېنىڭ قىمىشىپ كېتىشىم بىلەن ئادالەت ئويغاندى ۋە چىرايىمغا بىر قاراپلا ھەممىنى چۈشەندى . ئۇ كاردورنىڭ باش - ئايىغىغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن ، قول سومكىسىدىن بىر كىچىك بولاقنى چىقىرىپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ ، بېشى بىلەن كاردورنىڭ باش تەرىپىنى ئىشارەت قىلدى .

مەن خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ ، شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم . كاردورنىڭ باش تەرىپىدە ئەرلەر ھاجەتخانىسى بار ئىكەن . مەن ئېرى ، بېرىسىنى ئويلاپ ئولتۇرماستىن بىر بۇلۇمچىگە كىردىم ۋە ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ تۇگۈچنى يەشتىم .

خۇمارىم بېسىلىپ قايتىپ كەلگىنىمدە ، ھېلىقى دوختۇر مېنىڭ يولۇمغا قاراپ تۇرغانىكەن . ئۇ ئادالەتكە شۈبھە بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن ، مېنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى . مەن ئۇنىڭ تەر قۇيۇلۇپ تۇرغان چىرايىغا ، بىر ئىشلاردىن جىددىيلىشىپ تۇرغان تۇرقىغا قاراپلا كېسەلگە قانداق دىئاگنوز قويۇلغىنىنى پەملى-

www.uyghurkitap.com

دىم ۋە لېۋىمنى ئەلەم بىلەن چىشلىدىم . ئادالەتمۇ مېنىڭ ھەربىر
ھەرىكىتىمنى كۆزىتىپ تۇرغانىكەن ، ئۇمۇ ماڭا قاراپ بىرئاز شۈك-
لەپ قالغاندى . مەن دوختۇر ئىشخانىسىغا كىردىم . ئۇ كۆزەينە-
كىنى قولىغا ئېلىپ ، يېغىنى سىلاشتۇرۇپ بىرئاز ئولتۇرغاندىن
كېيىن ، ئېغىز ئاچتى :
ــ سىزگە بىر شۇم خەۋەرنى ئېيتاي ، يىگىت . قىز دوستىڭ-
ىز زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىكەن ھەم ئەيدىز بوپقاپتۇ . كۆتۈ-
نۈشى ياخشى بولمىغاچقا ، ئىممۇنىتېت كۈچى تېز ئاجىزلاپ ، ھازىر
كېسەل كۈچىنى كۆرسىتىۋېتىپتۇ . شۇڭا ، ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋا-
لى بەكمۇ چاتاق ، ئەمدى كېلىپ سىزنىمۇ تەكشۈرمەي بولمايدۇ .
چۈنكى ، بۇنداق كېسەل جىنسىي يول بىلەن يۇقىدۇ ئەمەسمۇ ؟ مەن
سىلەرنى ئوبدان بىلمەن ، ئۇيغۇر ئەرلىرى خوتۇنىسىز يۈرەلمەيدۇ .
شۇڭا ، سىزمۇ تەكشۈرتۈپ بېقىشىڭىز كېرەك .
ــ ئۇ مېنىڭ قىز دوستۇم ئەمەس ، ــ دېدىم تەكشۈرسە زە-
ھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغانلىقىمنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن
قورقۇپ ، ــ بىز بىر يۇرتلۇق ، ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ قېتىم فۇجو
شەھىرىدە تونۇشۇپ قېلىپ ، يۇرتقا بىرگە ئېلىپ كېتىۋاتىمەن .
شۇڭا ، مېنىڭ تەكشۈرتۈشۈمنىڭ ھاجىتى يوق . بۇ خىل كېسەلنى
داۋالىيالامسىلەر ؟
ــ ھازىرچە بۇنىڭغا بىزنىڭ ئامالىمىز يوق ، ــ دېدى دوختۇر
ئاق چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ ، ــ دۆلەت ھازىر ئەيدىزنىڭ ئالدىنى
ئېلىش ۋە داۋالاش بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ . بۇ تەتقىقات-
نىڭ نەتىجىسى چىقىپ بولغۇچە بۇ قىزنىڭ تەقدىرى بەلگىلىنىپ
بولغۇدەك . ئۆمرى ئاز قاپتۇ . شىنجاڭغا بارساڭلارمۇ بۇ كېسەلنى
داۋالايدىغان ئۈنۈملۈك دورا - ئوكۇل يوق…
ــ مەن ئۇنى ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ
كېتىۋاتىمەن ، ــ دېدىم دوختۇرغا چۈشەندۈرۈپ ، ــ ئۇ بىر سىڭلىنىڭ
ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىپ ئىچكىرىگە كەلگەن ۋە بىر كۆ-
ڭۈل ئېچىش شەھەرچىسىدە ئىشلىگەنىكەن . خوجايىنىنىڭ قاتتىق

بىسمى ئاستىدا يۇرۇپ مۇشۇ كۈنگە قاپتۇ. ئۇنى تېزرەك ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قويسامىلا مېنىڭ ۋەزىپەممۇ ئاخىرلىشىدۇ. شۇڭا، بىزگە ياردەم قىلىپ ئازراق دورا يېزىپ بەرسىڭىز. ھە راست، بۇ شەھەردىن شىنجاڭغا بىۋاستە بارىدىغان پويىز بارمۇ؟

— يوق، — دېدى ئۇ بىرئاز ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، — سىلەر ئاۋۋال لەنجۇغا بېرىپ، ئاندىن شىنجاڭغا بارىدىغان پويىزغا ئالماشساڭلار بولىدۇ، — ئۇ ھەيران بولۇۋاتقاندەك ماڭا بىر قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سىز راستىنلا تەكشۈرتمەمسىز؟

— مەندە بىرەر چاتاق بولمىسا، تەكشۈرتۈپ نېمە قىلىمەن؟ — دېدىم دوختۇرغا گويا ھېچ ئىش يوق دېگەندەك كۈلۈپ قاراپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قىزنىڭ قايتىدىغان پۇلى يوق ئىكەن. شۇڭا، ھەممە چىقىمنى مەن قىلىۋاتىمەن. تەكشۈرتىمەن دېسەم پۇلدىن قىسىلىپ قالغۇدەكمەن. ئازراق دورا يېزىپ بېرەمسىز؟

دوختۇر چىرايىمغا قاراپ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بىر قەغەزگە شارتىلدىتىپ بىرنەچچە قۇر خەت يازدى. ئۇ بىر سېسترانى چاقىرتىپ كىرىپ، ئۇنىڭغا قەغەزنى تۇتقۇزدى ۋە دورىنى ئۆزىنىڭ ھېساباتىغا يېزىپ قويۇپ ئېلىپ كىرىشنى ئېيتتى.

— شىنجاڭدا شۇنچە ئۇزۇن يىل تۇرغانمەن، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، — ئېغىر كۈنلەردە سىلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇر دوستلارنىڭ نۇرغۇن تۇز ـ تامىقىنى يەپ، مۇشۇ كۈنگە ئۇلاشقانىدىم. سىلەر بۇ يەرگە مۇساپىر ئىكەنسىلەر، دورىنى مەن ئېلىپ بېرەي. ئەمما، بۇ قىزغا پۇرسىتى كەلگەندە ئېيتىپ قويۇڭ. ئۇ باشقىلار بىلەن قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە بولمايدۇ. سىزمۇ قاتتىق دىققەت قىلىڭ. بىردەملىك كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرسىڭىز ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قالىسىز. بۇ دېگەن ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس. ئەسلىدە بەلگىلىمە بويىچە ئەيدىز بىمارى

بايقالسا ، دەرھال مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا مەلۇم قىلىدىغان گەپ ئىدى . بىراق ، سىلەرنى كۆرۈپلا بۇ قائىدىنى بۇزۇۋاتىمەن . بۇمۇ مېنىڭ ئەھۋالىڭلارنى تولۇق بىلگەنلىكىمدىن بولسا كېرەك . ئۇيغۇرلاردا ئاتا ـ ئانىنىڭ يۈزىنى كۆرۈۋېلىش چوڭ ئىش ھېسابلىنىدۇ . بوپتۇ ، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرۈۋالسۇن . مەنمۇ سىلەرنى كۆرمىگەن بولاي . بۈگۈنلا يولغا چىقىڭلار ، كىچىك-سەڭلار ئۆلگۈرەلمەي قېلىشىڭلار مۇمكىن .

دوختۇرنىڭ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتقان بۇ گەپلىرىدىن بەكمۇ ھاياجانلاندىم . ئەمما ، «كىچىكسەڭلار ئۆلگۈرەلمەسلىكىڭلار مۇمكىن» دېگەن گېپى كۆڭلۈمنى بەكمۇ يېرىم قىلدى . مەن دورىنى ئېلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ چىقتىم . كۆڭ-لۈم بىسەرەمجان بولغاچقا ، رەھمەت دېگەن ـ دېمىگەنلىكىم ئېسىم-دە يوق . كارىدورغا چىققىنىمدا ، ئادالەتنىڭ روھمۇ بىراقلا چۈ-شۈپ كەتكەنىدى ؛ مەن ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىدىم . ئۇمۇ بېشىنى سالغىنىچە كەينىمدىن ئەگىشىپ چوڭ يولغا چىقتى . بىز دوختۇر-خانىنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ ئۇزۇن ئولتۇردۇق . تېخى ناشتىسىز بولغاچقا ، ئاخشام ئالغان تەييار چۆپنى چىقاردىم . بىراق ، ئۇنىڭ كۆڭلى ھېچ نەرسە تارتمايتتى . ئۇ يەرگە قارىغىنىچە قولى بىلەن بىرنەرسىلەرنى جىجاپ ئولتۇراتتى . بىز شۇ ھالەتتە يېرىم كۈن ئولتۇردۇق . ئۇنى مېڭىشقا شۇنچە ئالدىراتساممۇ زوۋان سۈرمەيت-تى . بىر چاغدا ئۇ شارت قىلىپلا بېشىنى كۆتۈردى . چىرايىدىن قانداقتۇر ئىش ئۈچۈن بىر قارارغا كەلگەن ئادەمنىڭ ئەكس ئېتىدى-غان قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى . ئۇ ماڭا قاراپ بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن ، ئېغىز ئاچتى :

ــ پەرھاد ، ھەي مېنىڭ بېشىمغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەن چاغدا ھەمراھ بولغان ناتونۇش دوستۇم ، ئادەمنىڭ ھاياتى نېمىدې-گەن قىممەتلىك ـ ھە ؟ بىراق ، مەن شۇ ھاياتنىڭ قەدرىنى بىلمەي مۇشۇ كۈنگىچە ياشاپ كەپتىمەن . ئاتا ـ ئانامنى قاقشىتىپ ، مەك-تەپتىمۇ ياخشى ئوقۇماي ، ھاۋايى ھەۋەسنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ

مۇشۇ كۈنگە قاپتىمەن . دۇنيادا پۇشايماننىڭ دورىسى بارمىدۇ ؟ ھەي تەقدىر ، رەھمەت ساڭا ، مەندەك بەڭۋاش قىزنىڭ قىلمىشىغا بەرگەن جازايىڭ ھەق بولدى . پەرھاد ، سىز بىلەمسىز ؟ مەن ئەسلىدىمۇ ئۇنچىۋالا دۇرۇس قىز ئەمەستىم . يۇزۇمدىكى مۇنۇ تارتۇقمۇ بىكارغا پەيدا بولۇپ قالمىغان . مەن شۇ قىلمىشلىرىمنىڭ جازاسىنى تارتىۋاتىمەن . ئەمدى پۇشايمانغا ئورۇن يوق . پەقەت ئويلايدىغىنىم ، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا ، ئاتا ـ ئانام نىمە بولۇپ كېتەر ؟ دادام بىر ئۆمۈر بىز ئۇچۇنلا ياشىغان ئادەم ئىدى . مېنىڭ بۇ قىسمىتىم ئۇنىڭغا چوقۇم ئېغىر كېلىدىغان بولدى . بوپتۇلا ، خۇدايىمنىڭ ماڭا بۇيرۇغىنى شۇ بولسا ، ئەلھۆكمىلىللا . ھەي پەرھاد ، سىزنى نائۇمىد قويىدىغان بولدۇم . ئەگەر يۇرتقا ئامان ـ ئېسەن يېتىپ بارسىڭىز ، بۇ خەۋەرنى ئاتا ـ ئانامغا ھەرگىز ئېيتماڭ . ناۋادا رىسالەت ئاچام بىلەن ئۇچرىشىپ قالغۇدەك بولسىڭىز ، شۇنىڭغا ئېيتىپ قويارسىز . ئاچام قانداق قىلىش مۇۋاپىق بولسا شۇنداق قىلار . مېنىڭمۇ ئەمدى ھاياتتىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم قالمىدى . جەسىتىمنىڭ نەدە قېلىشى مۇھىم ئەمەس . ئاچام مەن ئۇچۇن ئۇنچىۋالا قايغۇرۇپ كەتمىسۇن ، پەقەت روھىمغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ قويسىلا بولدى . سىزمۇ ئەسلەپ قويارسىز ، پەرھاد . كىشى يۇرتىدا خانىۋەيران بولغان مەندەك بىتەلەي قىزنى يادىڭىزدىن چىقارماڭ ! روھىم يالغۇزسىراپ قالمىسۇن !

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ بەكمۇ ئازابلاندىم . ئۇنى باغرىمغا چىڭ باستىم .

— سىز نېمە دەۋاتىسىز ، ئادالەت ؟ خۇددى يۇرتقا بارماي مۇشۇ يەردە قالىدىغاندەك گەپ قىلىۋاتىسىزغۇ ؟ بىز قول تۇتۇشۇپ ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ ، رىسالەت ئاچىڭىزنىڭ ئالدىغا بارىمىز . ئاچىڭىز سىزنى ئۆز قولى بىلەن داۋالايدۇ . سىز ساقىيىپ كېتىسىز . ناۋادا مېنى ئۆزىڭىزگە لايىق كۆرسىڭىز ، بىز تويىمۇ قىلىمىز تېخى …

ئادالەتنىڭ كۆزلىرىدىن قارا يامغۇردەك ياش قۇيۇلدى . ئۇمۇ مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۆكسۈگىنىچە دېدى :

ـــ بۇنداق كۈنلەر مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلمەپتۇ، پەرھاد. بايا دوختۇرنىڭ سىزگە دېگەن گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىم. ئەمدى مەن بۇ مەرەز تېنىمنى سۆرەپ ئاتا ـ ئانامنىڭ ئالدىغا كىرىدىك قىنىمنى تۆكۈلگەن پاك تۇپراققا بارالمايمەن. مەن ئۈچۈن ماماتىنىڭ تەتۈر سانىقى باشلاندى. پەرھاد، بۇ سومكىدا ئازراق پۇل بار، سىزنىڭ يۇرتقا بېرىۋېلىشىڭىزغا يېتىدۇ. يۇرتتىكىلەرگە ئېيتىڭ، ھېچقانداق يەردە تەييار گۆر يوق! تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز! ئاتا ـ ئانىسىنى قەدىرلىسۇن، يۇرتىنى قەدىرلىسۇن! ھاياتىنى قەدىرلىسۇن! ئەگەر ماڭا يەنە بىر قېتىم تۇغۇلۇش پۇرسىتى نېسىپ بولسا، مەن يەنىلا ھوشۇر سەلەينىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاشۇ تۇپراققا تۇغۇلۇشقا رازىمەن.

ئۇ شۇنداق دەپ يەنە قولىقىمغا پىچىرلىدى:

ـــ سومكىدا ئازراق چېكىملىك بار، يولدا قاتتىق دىققەت قىلىڭ. سىز يۇرتقا بېرىۋالغۇچە يېتىدۇ. ئەمما، مۇمكىن بولسا ئۇنى چېكىشنى تاشلاڭ. بەك تاشلىيالماي قالسىڭىز، ئۆزىڭىز بىلىپ بىر ئىش قىلارسىز. خوش، قەدىرلىك دوستۇم، ئانا يۇرتقا مەندىن سالام دەپ قويۇڭ ۋە مەن ئۈچۈن ئاشۇ تۇپراقنىڭ بىر چىمدىم توپىسىنى كۆزىڭىزگە سۈرتۈپ قويۇڭ!

ـــ ئادالەت!

مەن ۋارقىراپ قالدىم. بىراق، بەكلا كېچىككەنىدىم. ئۇ ۋۇجۇدىدىكى ئاخىرقى كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى يىغىپ يۈگۈرۈپ بارغىنىچە ھېلىقى دوختۇرخانىنىڭ ئاپئاق تېمىغا بىرنى ئۇستى. شۇئان تامنىڭ بىر مۇنچە يېرى قانغا بويالدى. ئادالەتمۇ كۆزىنى يۇمغىنىچە يەرگە يىقىلدى...

ياق... ! ـــ رىسالەت خۇددى بىر تەسىرلىك مۇھەببەت ھېكايىسى ئاڭلاۋاتقاندەك ئۇنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغانىدى. مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ يىغان بىلەن ئانا بۆرىدەك ھۆۋلىدى. ئۆيئىچىنى يىغا قاپلىدى. تالادا بىرنەرسىلەرنى قىلىپ ئولتۇرغان ئىمانىخانمۇ ئەنسىرەپ يۈگۈرۈپ كىردى. رىسالەت چاچ-

لىرىنى يۇلغىنىچە ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىماقتا ئىدى .
ــ ھېلىقى دوختۇر بەكمۇ كۆپ ئەسقاتتى ، ــ دېدى پەرھاد سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، ــ ئادالەتنىڭ جەسىتىنى يۆتكەش مۇم-كىنچىلىكى بولمىغاچقا ، ئۇ شۇ يەردىكى بىر مۇسۇلمانلارنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى بىلەن ئالاقىلىشىپ ، ئۇنىڭ ئاخىرەت-لىك ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى .
پەرھاد گېلى قۇرۇپ كەتكەچكە ، يەنە ئانىسىغا سۇ دېدى . ئىمانىخان ئۇنىڭغا بىر چىنە سۇ قويۇپ ئۇزاتتى . پەرھاد بىر قاچا سۇنى ھاسىراپ تۇرۇپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ، گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى :
ــ مەن ئۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالدىم . ئادالەتنىڭ ئاخىـ-رەتلىك ئىشلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، يولغا چىقتىم . ئۆزۈمـ-نىڭ قانداق مېڭىۋاتقىنىمنى ئېسىمدە يوق . پەقەت ئادالەتنىڭ قاتتىق ئۇمىدسىزلىنىپ كەتكەندىكى چىرايىلا كۆز ئالدىمدىن نېرى بار-مايتتى . تامدىكى ئاشۇ قان ئىزى ، خۇددى بىر چوغلۇقنى ئەسلىتىـ-دىغان ئاشۇ يەر مېنىڭ خىيالىمدىن چىقمايتتى . بىر ھەپتە مېڭىپ ئاخىر يۇرتقا كېلىۋالدىم . ئەسلىدە سىزنى ئىزدەپ دوختۇرخانىغا بېرىشىم ، ئادالەتنىڭ خەۋىرىنى ئېيتىپ قويۇشۇم كېرەك ئىدى . بىراق ، كۆڭلۈم بەكلا بىسەرەمجان بولغاچقا ، سىزنى ئىزدەشكە جۈرئەت قىلالمىدىم . ماشىنا بىلەن يېزىغا چىققاندىن كېيىن ، چاتاش مەھەللىسىگە پىيادە كەلدىم . سىلەر ئېشەك بىلەن ماڭغان شۇنچە يولنى پىيادە مېڭىپ ، ھەربىر قەدىمىمدە مۇقەددەس تۇپراقـ-نى ئۆزۈم ئۈچۈن ، ئادالەت ئۈچۈن كۆزۈمگە سۈرتتۈم . يول بويلىـ-رىدا ئېچىلغان ئادراسمان چېچەكلىرىنى ، ساپسېرىق چېچەكلىگەن بابۇنە گۈللىرىنى مەڭزىمگە يېقىپ ئادالەت ئۈچۈن ياش تۆكتۈم . ئانا يەرنى باغاشلاپ ھۆركىرەپ يىغلىدىم . مېنىڭ پەريادلىرىم ئاشۇ چوقچىيىپ تۇرغان تىك قىيالارنىڭ ئۈستىدىن ئەكس سادا بولۇپ قايتاتتى .
ئۆيگە كەلگەندە ، چېكىملىكلىرىممۇ تۈگەپ كەتكەنىدى . بۇ

يەرلەردىن ئۇنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس . تاپاي دېسەكمۇ پۇل يوق .
نەچچە رەت تىك قىيالاردىن ئۆزۈمنى تاشلىۋېلىشنىمۇ ئويلىغاند-
دىم . ئەمما ، كۆڭلۈم قانداقتۇر بىرنەرسىگە تارتىشىپ مۇشۇ چاغ-
قىچە كەپتىمەن . مانا ، ئەسلىدە مېنىڭ تارتىشقىنىم سىز
ئىكەنسىز . ئادالەت ! ئۇ مېنىڭ قەلبىمدە تۇنجى ئېچىلغان
بىر گۈل ! مەن ئۇنىڭغا چوقۇنىمەن ، ئۇنى كۈتىمەن ! ئۇنى سېغى-
نىمەن . ئانا ، — ئۇ ئايالغا قاراپ دېدى ، — ھېلىقى قول سومكى-
سىنى ئېلىپ چىقىڭ .
ئىمانىخان قازناق ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ، بۆرەك شەكلىدىكى
بىر ئاق سومكىنى كۆتۈرۈپ چىقتى .
— مەن ئىچكىرىدىن ئادالەتنىڭ پەقەت مۇشۇ سومكىسىنىلا
ئېلىپ چىقالىغانىدىم ، — دېدى ئۇ خورسىنغان ھالدا ، — ئەمدى
ئۇنى سىزگە قايتۇرۇپ بېرەي ، سىڭلىڭىزنىڭ خاتىرىسى قىلىپ
ساقلارسىز .
رىسالەتنىڭ كۆز ياشلىرى بۇلاق سۈيىدەك ئۇقچۇيتتى . ئۇ
سومكىنى باغرىغا مەھكەم باستى . ئۇنىڭدىن سىڭلىسىنىڭ ھىدىنى
ھىدلىغاندەك بولدى . قەلبى دەھشەت سېلىپ ئۆركەشلەۋاتقان دې-
ڭىزدەك چايقىلىپ كەتكەن رىسالەت ئاخىر ئۈن قويۇپ يىغلىۋەتتى .
ئۇنىڭ پەرياد كۆتۈرۈپ بوزلاشلىرى بەئەينى كۆچۈكنى يىتتۈرۈ-
ۋەتكەن ئانا بۆرىنىڭ ئازابلىق ھۇۋلاشلىرىغا ئوخشايتتى . ئۇنىڭدا
كۆتۈرۈپ قويغۇسىز ئازاب ، بەرداشلىق بېرىش مۇمكىن بولمايدىغان
قايغۇ ۋە چەكسىز سېغىنىش مۇجەسسەملەشكەنىدى . رىسالەت تۇن
يېرىمىغىچە يىغلاپ چىقتى .
— ھېلىقى ئوكۇلىڭىزدىن يەنە بارمۇ ؟ — سورىدى پەرھاد
رىسالەتكە يېلىنىۋاتقاندەك قاراپ ، — مۇمكىن بولسا يەنە بىر تال
ئۇرۇپ قويغان بولسىڭىز ، سىزدىن بەكمۇ مىننەتدار بولغان بولات-
تىم . مېنىڭمۇ كۈنۈم ئاز قالدى . قالغان ۋاقتىمنى ئازابلانماي
ئۆتكۈزگۈم بار .
— بار ، مەھەللە باشلىقىنىڭ ئۆيىدە ، مەن ھازىرلا بېرىپ

ئەكېلەي . پەرهاد ، سىڭلىم مېنىڭ ئۆز قولۇمدا داۋالىشىمنى بەك-مۇ ئارزۇ قىلغانىكەن . بىراق ، ئۇ بۇ ئارزۇسىغا يېتەلمەپتۇ . ئەمدى مەن سىزنى داۋالايمەن . خۇددى ئۆز قېرىندىشىمغا كۆيۈن-گەندەك هالىڭىزدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمەن . ماڭا ئىشىنىڭ .

— بىراق ئاچا ، مېنىڭ ئەمدى داۋالىنغۇم يوق . داۋالانساممۇ پايدىسى يوقلۇقىنى ئوبدان بىلىمەن . مەن دېگەن هاياتىمنى ئۈمىدد-نى ئۈزگەن ئادەم . شۇڭا ، ئەمدى سىز مېنى ئويلىماي ، مېنىڭ كۈنۈمنى كۆرۈۋاتقان سان - ساناقسىز ياشلارنى ئويلاڭ . شۇلارنىڭ كېسىلىنى قانداق قىلىپ ساقايتىشنى ئويلاڭ . ئاڭلىسام ، بۇ كې-سەل بىزگە ئوخشاش نادان ياشلارنى ئىزدەپ ئىشىك ئالدىغىچە كەلگەن ئوخشايدۇ . سىز ئەنە شۇ ياشلارنىڭ هالىنى ئويلاڭ . مې-نىڭ ئەمدى هاياتىمدىن كۈتىدىغان هېچقانداق ئارزۇيۇم يوق . بۇ دۇنيا بىلەن ئالاقەممۇ ئۈزۈلۈپ بولدى . ئەمدى مەن ئەزرائىلنىڭ بىر يەردىن چىقىپ كېلىشىنىلا كۈتۈپ ئولتۇرۇۋاتىمەن . بەلكىم ئۇ كەلمىسە ، مەن ئىزدەپ بېرىشىم مۇمكىن . مالال كەلمىسە ، ئوكۇلىڭىزنى ئەكېلەمسىز ؟

رىسالەت ئورنىدىن تۇردى ۋە سىرتقا قاراپ ماڭدى . تالادا ئاي تۇغقان ، هاۋانىڭ شۇنچە سوغۇقلۇقىغا قارىماي ، چاۋا ياغدەك شالاڭ بۇلۇتلار ئارىسىدا كۈمۈش تاۋاقتا ئوخشاش يۇمىلاق ئاي پارلاپ تۇراتتى . ئەتراپتىكى تاغلار تېخىمۇ زورىيىپ كەتكەندەك چوقچى-يىپ تۇراتتى . رىسالەت بەدەنگە يېڭىنىدەك سانجىلىدىغان سوغۇق-نىڭ ئازابىنىمۇ سەزمىدى . ئۇ ئايغا قاراپ ، ئۇنىڭ نۇر تۆكۈپ تۇرغان قوينىدىن سىڭلىسى چىقىپ كېلىدىغاندەك بىر خىل تەقەز-زالىق ئىلكىدە خېلى ئۇزۇن تۇردى . ئاي ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىغا تاقەت قىلالمىغاندەك ئۆزىنى قارا بۇلۇت كەينىگە ئاتتى . ئەتراپنى لىپپىدە قاراڭغۇلۇق قاپلىدى . رىسالەت چۆچۈپ خىيالدىن ئويغاندى ۋە قەدىمىنى تېزلىتىپ مەهەللە باشلىقىنىڭ ئۆيىگە كەلدى . ئۇنىڭ يولىغا قاراپ ياتقان ئامىنە بېشىنى كۆتۈردى . رىسالەت گەپ - سۆز قىلماستىن ، دورا سومكىسىنى ئالدى ۋە يەنە سىرتقا ماڭدى .

ئامىنە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.
— بۇنچە كېچىدە نېمە قىلىپ يۈرىسىز، رىسالەت؟ ئارام ئالماسسىز؟ — دېدى ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ، — يەنە ھېلىقى بالىنىڭ ئىشىمۇ؟

رىسالەت بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇنىڭ ئاي نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان كۆز ياشلىرىنى كۆرۈپ، ئامىنەنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى.

— نېمە بولدى؟ نېمىگە بۇنچە ياش تۆكىسىز، رىسالەت؟ ھېلىقى بالا ياكى ئۇنىڭ ئانىسى كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتتىمۇ؟ نېمە بولسا ماڭا دېمەمسىز؟ ياكى مېنى يات كۆرۈپ قالدىڭىزمۇ؟

رىسالەت ئۇنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئامىنەنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى.

— سىڭلىم ... — دېدى رىسالەت يىغلاپ تۇرۇپ، — ئۈزۈندىن بېرى دېرىكىنى ئالالمىغان سىڭلىمنىڭ خەۋىرىنى مۇشۇ بالا بىلىدىكەن. ئۇ ھەممىنى سۆزلەپ بەردى، ھەممىنى ...

— ۋاي خۇدايىم، سىڭلىڭىز ھازىر قەيەردە ئىكەن؟ — ئامىنە ئالدىراپ سورىدى.

— ئۆلۈپ كېتىپتۇ، قان شورىغۇچى ئالۋاستىلارنىڭ زۇلمىدىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. جەسىتى يات يەردە قاپتۇ، كۆزى ئوچۇق كېتىپتۇ، — رىسالەت پىغاندىن بوغۇلۇپ ۋارقىراپ تۇرۇپ دېدى، — سىڭلىم ئۆلۈپ كېتىپتۇ ...

ئامىنە قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇ رىسالەتنىڭ مۇشۇ خىلۋەت مەھەللىدىن سىڭلىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغانلىقىغا تېخىچە ئىشەنمەي تۇراتتى. رىسالەت كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە يولىنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە، پەرھاد كىيىم - كېچەكلىرىنى رەتلىك كىيىپ بولغانىدى. رىسالەت ئۇنىڭ بۇنچە كەچتە نېمىگە ئورنىدىن تۇرۇۋالغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. بىر بۇلۇڭدا بارمىقىنى چىشلەپ تۇرغان ئانىنىڭ چىرايى مۇردىنىڭكىدەك تاتىرىپ

كەتكەندى . ئۇ ئوغلىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە شۈبھە بىلەن قاراپ يۇم - يۇم يىغلايتتى .

رىسالەت تىنچلاندۇرۇش ئوكۇلىنى شىپىرىسقا تارتقۇزۇپ ئۇنىڭ بىلىكىگە سانجىدى . پەرھادنىڭ چىرايىدا ئاجايىپ بىر رازىمەنلىك ، خاتىرجەملىك جىلۋە قىلدى . نېمىشقىكىن ئۇنىڭ چىرايى بۈگۈن نۇرلىنىپ كەتكەندى . ئوكۇل ئۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇ بېشىنى سېلىپ بىرئاز ئولتۇردى ۋە لىككىدە ئورنىدىن تۇردى .

— مېنىڭ نەچچە ۋاقتتىن بېرى ئۆيگە سولىنىپ ياتقىنىم يېتەر . ھېلىمۇ ۋاقتنى كۆپ ئۆتكۈزۈۋەتتىم . ئەمدى سىرتلارنى بىر ئايلىنىپ كىرگۈم بار . بۈگۈن ئاي تولۇپتۇ . كېچە ھاۋاسىمۇ ئوچۇق ئىكەن . مۇشۇنداق بىر كېچىنى كۈتۈۋاتقىنىمغا ئۇزۇن بولغانىدى . ئوكۇلنىڭ تەسىرى تۈگەپ بولغۇچە ئايلىنىپ كېلەي ، خوش ، خۇداغا ئامانەت !

— با ... بالام ، جېنىم ئوغلۇم ، ئەتىمۇ خۇدانىڭ كۈنىغۇ ؟ ئەتە كۈندۈزدە ئايلانساڭ بولمامدۇ ؟ بۇ كېچىدە نېمە بار ساڭا تالادا ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋامۇ سوغۇق ، توڭلاپ كەتسەڭ قانداقمۇ قىلارمەن ؟

— مەندىن ھەرگىز ئەنسىرىمەڭ ، ئانا ، — دېدى ئۇ ئىماندخاننىڭ ھېلىلىدەك قورۇلۇپ تۇرغان يۈزىنى سىلاپ ، — مەن ئۇزۇن قالمايمەن ، بىردەمدىلا كېلىپ بولىمەن . سىزنىڭ قېشىڭىزغا ، ئىسسىق قۇچىقىڭىزغا بىردەمدىلا كېلىپ بولىمەن ، ئانا .

ئۇ رىسالەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ بېشىنى ئېگىپ سالام قىلدى ۋە ئۆرۈلۈپلا گۈس - گۈس دەسسىگىنىچە چىقىپ كەتتى . ئۈچ ئايال ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن بەكمۇ تاسادىپىيلىق ھېس قىلغىنىچە بىر - بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى .



سەييارە داۋالاش گۇرۇپپىسى ئەتىسى چۈشكە يېقىن يولغا چىقىشتى . ئەسلىدە پىلان بويىچە ئۇلار ئەتىگەنلا سەپەرنى باشلى-

ماقچىدى . كۆتۈلمىگەن بىر ئىش چىققىنى ئۈچۈن بۇ سەپەر نەچچە سائەت كېچىكىپ كەتتى .

پەرھاد شۇ چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى . ئۇنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرغانلارنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس . ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئانىسىنىڭ ئەندىشىسى كۈچىيىشكە باشلىدى . ئۇلار بىر ـ بىرىگە تەئەججۈپ ئىلكىدە قاراپ قويۇشاتتى . سەھەر پەيتى يېتىپ كېلىپ ، كىمنىڭدۇر ھويلىسىدىكى خوراز ئۈچىنچى قېتىم چىللىغاندىلا ، تاقەت قىلالمىغان ئانا ئۆينى بېشىغا كىيىپ سۈرەن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى .

ـــ جېنىم ئوغلۇم ، بىردەمدىلا قايتىمەن دېگىنىڭ قېنى ؟ سىرتتا ھايال قالمايمەن ، ئىسسىق قۇچىقىڭغا قايتىپ كېلىمەن دېگىنىڭ قېنى ؟ نەلەردىمۇ چۆرگىلەپ يۈرىدىغانسەن ؟ شۇنچە يىل سەرسان بولغىنىڭ يەتمىگەنمىدى ؟ ۋاي جېنىم بالام ...

رىسالەت يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ھويلىغا چىقتى . تاغ بىلەن قور-شالغان مەھەللە ئاسمىنى بېلىقنىڭ قورسىقىدەك ئاقىرىشقا باشلىد-غانىدى . ئەتراپ گۇڭگا يورۇپ تۇراتتى . ئۇ يەرگە ئېڭىشىپ قارىدى . پەرھادنىڭ يوغان رەزىمدىلىك ئايىغىدىن قالغان ئىزلار خىرە ـ شىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇ قىرو كۆمۈپ ئۆلگۈر-مىگەن ئىزلارنى قوغلاپ مېڭىشقا باشلىدى . پەرھاد ھويلا ئالدىدىن باشلانغان بىر چىغىر يولغا چۈشكەن ۋە قەدىمىنى چوڭ ئالغىنىچە ئالدىراپ ماڭغاندەك قىلاتتى . رىسالەت ئاشۇ ئىزلارغا قاراپ ئۇنىڭ نىمىنى ئويلىغانلىقىنى ، كۆڭلىدىن نىمىلەرنىڭ كەچكەنلىكىنى تە-سەۋۋۇر قىلىشقا تىرىشتى . پەرھاد شۇ ماڭغانچە نۇرغۇن تۆپىلىك-لەرنى كەينىدە قالدۇرۇپ ، ئۆزىگە يورۇقلۇق ئاتا قىلغان ئاينى نىشانلاپ ماڭغان ۋە ئاخىر بىر تىك چوققىغا يېتىپ كەلگەنىدى . رىسالەت پەسكە شۇنداق قارىشىغا بېشى قىيىپ كەتتى . چوققىنىڭ كەينى تەرىپى كۆز يەتكۈسىز يارداڭلىق بولۇپ ، شاماللار ۋىژىلداپ تۇراتتى . پەسكە قارىغان ئادەمنىڭ كۆزىگە تۇمان قاپلاپ كەتكەن بىر پارچە بوشلۇقلا كۆرۈنەتتى . رىسالەتنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ



www.uyghurkitap.com

قالدى . دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا پەرھادنىڭ «مەن نۇرغۇن ۋاقىتنى ئۆيگە سولىنىپ ئولتۇرۇپ بىكار ئۆتكۈزۈۋېتىپتىمەن» دېگەن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى . پەرھادنىڭ ئىزلىرى مۇشۇ تىك قىياغىچە كەلگەن ۋە شۇ يەردە ئاخىرلاشقانىدى . رىسالەت ئاشۇ بوران گۈركىرەپ تۇرغان بوشلۇقتا قارىغىنىچە يۈرىكىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى قىزىل تەۋىتىلىق پەلتوسىنىڭ ئاق بولىغۇن تېرىسىدىن قىلىنغان ياقىسىنى ھۆللىمەكتە ئىدى .

ــــ پەرھاد !

ئۇ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى . ئۇنىڭ ئاۋازى ئەتراپتىن ــــ قارلىرى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان تىك قىيالاردىن ، بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ ئوينىشىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان قاپتاللاردىن ، كۆز يەتكۈسىز بوشلۇقلاردىن ئەكس سادا بولۇپ ياندى . بىراق ، پەرھاد ئۇنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلىمايۋاتقاندەك ئىدى ...

سەل تۇتەكلىشىپ تۇرغان ئاسماندا قۇياش پەيدا بولدى . ئۇ بولۇۋاتقان مۇشۇ ئىشلارغا بەكلا ھەيران قېلىۋاتقاندەك ئىدى . ھارارەتسىز نۇرلىرى مۇشۇ زېمىننى باغاشلاپ ياتقان ئاپئاق قارلار سۇ يالتىرايتتى . رىسالەتنىڭ يۈرىكى لەختە ـ لەختە بولغان ، ئۆزىنىڭ كۆزىچە ئۆلۈپ كەتكەن پەرھادقا ، بىئەجەل كۆز يۇمغان سىڭلىسىنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنىپ ياش تۆكەتتى . ئاشۇ چوڭقۇر ھاڭغا ئۆزىنى تاشلىۋالغان پەرھادنىڭ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى خروئىن خۇمارىنىڭ دەھشەتلىك ئازابىغا چىداپ ئۆزىنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغانلىقىنى ، ئۇنىڭ سىڭلىسىغا بولغان ساپ سەمىمىي كۆڭلىنى ئويلىغىنىدا ، ئۆزىمۇ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن كەتكۈسى كېلەتتى . مۇشۇ چوڭقۇر ھاڭغا ئۆزىنى تاشلىسىلا ، ھەممە ئىش ھەل بولاتتى .

بۇ مەھەللىدە ئەمدى غالجىر ئادەم يوق ، ھېچكىم غالجىر بولمايدۇ . ھېچكىم ئەمدى ئىمانىخانىنىڭ ئوغلىدەك ئازاب چەكمەيدۇ . ئۆزىنىڭ بىلىكىنى ئۆزى چىشلىمەيدۇ . ئۆز تېنىنى ئۆزى

تالىمايدۇ . بۇ خىل قاباھەتلىك قىسمەت پەرھاد بىلەنلا كەتتى ، بىراق ئۇنىڭ بۇ قان ـ ياشلىق قىسمىتى بىر ياش يۈرەكنىڭ بېغىشىغا نەقىش بولۇپ چېكىلدى .

رىسالەت پەرھادنىڭ ئانىسىغا بىرنەچچە كۈن ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن چاتاشتا قالدىغان بولدى . سەييارە داۋالاش ئەترىتى قاۋۇل سېكرىتارنىڭ يول باشلىشى بىلەن تاغدىن چۈشۈشكە تەييارلاندى . ئۇلار مېڭىش ئالدىدا رىسالەتنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ قويۇشنى مەھەللە باشلىقى بارات قوچقارغا تاپىلاشتى .

— ئۆزىڭىزنى ئالدۇرۇپ قويماڭ ، — دېدى ئامىنە ئۇنى قۇ- چاقلاپ تۇرۇپ ، — ئۆيگە تېزرەك قايتىشىڭىز ئىشنى قىلىڭ . بولمىسا قەمبەرخاچام ئەنسىرەپ قالىدۇ .

— بۇ گەپنى ئانام ھەرگىز ئاڭلاپ قالمىسۇن ، — دېدى رىسا- لەت ئۇنىڭغا تاپىلاپ ، — بولمىسا ئانام بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ . سىڭلىمنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئۇنىڭغا ئاڭلاتقۇم يوق . ئۇ قىزىنىڭ يەر شارىنىڭ بىر يېرىدە بارلىقىنى ، ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ يۈرۈۋەرسۇن . ئا- نام ئەمدى يىقىلىپ قالسا ئۆرە بولالمايدۇ .

ئامىنە ماقۇل دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى . ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن تاغلار ئارىسىدىكى يىلان باغرى سوزۇلۇپ ياتقان چىغىر يولدا بىر توپ ئادەم ئۇلاغلىرىنى ھەيدىگىنىچە ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ بارماقتا ئىدى . رىسالەت ئۇلارنىڭ كەينىدىن قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى . ئۇ ئەمدى بۇ دۇنيادا تىكەندەك يالغۇز قالغاندەك ، كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى . پەرھادنىڭ ئۆيى تەرەپتىن ئىمانىخاننىڭ قوشاق قېتىپ يىغلىغان مۇڭلۇق ئاۋازى كېلەتتى . بۇ ئاۋاز زېرىكىشلىك قىش كېچىسىدە ئۇيقۇسى قاچقان بوۋاقنى ئۇخلىتالماي ئاۋارە بولۇۋاتقان ئانىنىڭ ئەللەي ناخشىسىغا ئوخشاش كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى .

رىسالەت ئىمانىخانغا بىردەم تەسەللى بەرگەندىن كېيىن ، ھوي- لىغا چىقتى . بۇ يەردىمۇ تۇرغۇسى كەلمەي ، ھېلىقى چىغىر يولغا

چۈشتى ۋە پەرھادنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ تىك چوققىغا كەلدى . بۇ چاغدا قۇياش تولۇق چىققان ۋە ئەتراپنى ئوبدانلا يورۇتقانىدى . بىراق ، ئۇنىڭ سوغۇق نۇرى رىسالەتنىڭ قاراڭغۇلۇق قاپلىغان قەلبىنى مەڭگۈ يورۇتالمايدىغاندەك قىلاتتى . ئۇ ئاشۇ قىيادىن پەسكە قارىغىنىچە بىرھازا ئولتۇردى . قەلبى بولسا قۇپقۇرۇق ئىدى . ئەتراپتىن جىرالارغا ئۆرۈلگەن شامالنىڭ ھۇشقۇيتقىنى ئاڭلىناتتى . سوغۇق شامال ئۇنىڭ ئاق ياغلىق تېگىدىكى كەپىنەك چاچلىرىنى ئۇچۇراتتى . ئاپئاق قاردىن قېلىن لىباس كىيگەن دالا قۇياش نۇرىدا چېقنىدايتتى . ئەتراپ شۈنچىلىك سۈكۈتلۈك ، تاغلار ئۇنىڭ قەلبىدەك ئېغىر مۇسىبەت تۇيغۇسىغا چۆمگەن ، ھەممە نەر-سە بىر مۆجىزىكار كۈچنىڭ قۇدرىتى بىلەن قېتىپ كەتكەندەك قىلاتتى .

كەچ كىردى ، رىسالەت ئولتۇرغان چوققىغا قارشى تەرەپتىكى تاغلارنىڭ سايىسى چۈشتى . ئەتراپ بىردىنلا كۆكۈم پەردىسى ئىچىد-گە كىرىپ قالغانىدى . رىسالەت ئاشۇ كۆكۈچ تۇمان لەيلەپ تۇرغان بوشلۇققا تىكىلگىنىچە پەس ئاۋازدا شۇنىرلىدى :

— روھىڭىز ئەمىن تاپسۇن ، پەرھاد . بەلكىم بۇ چاغقىچە ئادالەت بىلەن كۆرۈشۈپمۇ بولغانسىز . مەندىن سىڭلىمغا سالام دەڭ . ياتقان يېرىڭلار جەننەتتە بولسۇن ، ئىككىڭلارنىڭ روھى مەڭگۈ مەن بىلەن بىللە !

ئۇ شۇنداق دەپ پەرجىسىنىڭ ئىچىگە كىيىۋالغان ئىسسىق ھەم يۇمشاق قىزىل پەلتوسىنى سېلىپ ، شامالالار گۇرۇلدەپ تۇر-غان يارداڭلىققا بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ تاشلىدى . قىزىل پەلتو بىر قىزىل قۇشقا ئايلىنىپ ئاشۇ كۆز يەتكۈسىز بوشلۇققا شۇڭغۇدى .

پەرھادنىڭ ئۆچ نەزىرىسى بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن ، رىسا-لەت ئىمانىخان بىلەن خوشلاشتى . مەھەللە باشلىقى بارات قوچقار ئېلىپ كەلگەن ئىككى ئاتنىڭ بىرىگە ئۇ مىندى . يەنە بىرىگە مەھەللە باشلىقى ئۆزى مىنىپ يول باشلىماقچى بولدى . ئۇلار يېزىغا تۇتىشىدىغان چىغىر يولنىڭ ئېغىزىغا كەلگەندە ، ئىمانىخان

ئاتنىڭ تىزگىنىدىن تۇتتى .

ــ قىزىم ، ــ دېدى ئۇ تولا يىغلاپ سۇيى تارتىلغان قۇدۇققا ئوخشاپ قالغان كۆزلىرىنى رىسالەتكە تىكىپ ، ــ بۇ يەرگە يەنە كېلىپ تۇرارسىز . مۇمكىن بولسا ياز ۋاقىتلىرىدا بىر كېلىڭ . شۇنداق قىلسىڭىز ئوغلۇمنىڭ قەبرىسىدە ئېچىلغان سېرىق ، يېشىل ، كاۋا چېچەكى ، سۆسۈن ، زەڭگەر رەڭلىك گۇللەرنى كۆرەلەيسىز . يازدا بۇ يەرنىڭ ھەممىلا يېرى گۈل ـ چېچەككە تولىدۇ ، ھاۋادىمۇ گۇللەرنىڭ خۇشبۇي ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ . شۇ چاغدا ئوغلۇمنىڭ نىمىشقا شۇنچە ئۇزۇن يەردىن بۇ يەرنى سېغىنىپ كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلەيسىز . ناۋادا بۇ تەرەپلەرگە ئۆتۈش نېسىپ بولسا ، ئوغلۇمنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىپ قويارسىز . خۇداغا ئامانەت . ئاق يول بولسۇن !

ئىمانىخان شۇنداق دېدى ۋە ھېلىقى قىياغا تۇتىشىدىغان چىغىر يولغا چۈشۈپ ، ئۇششاق قەدەملەر بىلەن يۈرۈپ كەتتى . رىسالەتنىڭ كۆڭلىمۇ ئىنتايىن يېرىم بولدى . ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەنىچە ئاتنىڭ باش بېغىنى سىلكىدى .

ھاۋانىڭ ئەلپازى يەنە بۇزۇلغانىدى . تاغ چوققىلىرىدا ئېغىر قارا بۇلۇتلار لەيلىشىپ يۈرەتتى . سوغۇق شامال كوچەيگەن ، چەغىر يولدىكى تېخى ئېرىپ ئۈلگۈرمىگەن قارلار قايتىدىن مۇز بولۇپ قېتىشقا باشلىغانىدى . بارات قوچقار بوقا چۈيىسىدەك تومەلۇقتا ئورىۋالغان موخوركىسىنى قىڭغىر چىشلەپ كېتىپ باراتتى . ئۇ مىنگەن شاش ئات نىمىگىدۇر جىلە بولۇۋاتقاندەك پۇشقۇرۇپ قوياتتى . ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېتىۋاتقان چىلانتۇرۇق ئاتنىڭ ئۈستىدە رىسالەت قىلدەك تولغىنىپ ئولتۇراتتى . بىر پەستە ئۇلار مەھەللىدىن خېلى ئۇزاپ كېتىشكەنىدى . رىسالەت ئاخىرقى قېتىم كەينىگە بۇرۇلۇپ ھېلىقى تاغ چوققىسىغا قارىغىنىدا ، ئىمانىخان ئوغلى ماڭغان چىغىر يول بىلەن تاغقا ياماشقانىدى . ئۇنىڭ ھوشۇقىغىچە چۈشۈپ تۇرغان ئاق ياغلىقى تاغ شامىلىدا توختىماستىن لەپىلدەيتتى . ئۇ ئاشۇ شامال ئۇچۇرۇپ تۇرغان ياغلىقى بىلەن ئوغلىغا ئاخىرقى قېتىم خوش دەۋاتقاندەك قىلاتتى . بۇ ھال رىسا-



www.uyghurkitap.com

لەتنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ يېرىم قىلىۋەتتى .

ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە تۇيۇقسىز پەرھادنىڭ : «بىراق ئاچا ، مېنىڭ ئەمدى داۋالانغۇم يوق . داۋالانساممۇ پايدىسى يوقلۇقىنى ئوبدان بىلىمەن . مەن دېگەن ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئادەم . شۇڭا ، ئەمدى سىز مېنى ئويلىماي ، ئادالەتنىڭ ، مېنىڭ كۈنۈمنى كۆرۈۋاتقان سان - ساناقسىز ياشلارنى ئويلاڭ . شۇلارنىڭ كېسىلد-نى قانداق قىلىپ ساقايتىشنى ئويلاڭ ... » دېگەن گېپى ياڭرىغاند-دەك بولدى .

بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە تەكرار ئاڭلاندى ، پەرھاد ئاشۇ يارداڭلىقتا تۇرۇپ ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى . رىسالەتنىڭ يېشى قۇرۇغان كۆزلىرى دەممۇدەم ئاشۇ تاغ چوققىسى تەرەپكە ئاغدۇرۇلاتتى . ئەمما ، ئۇ ھېچنېمىنى كۆرەلمەيتتى . رىسا-لەت ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ خۇددى پەرھادقا ۋەدە بېرىۋاتقاندەك ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلايتتى :

— توغرا ، مەن ئەمدى نېمە ئۆگىنىشنى بىلىۋالدىم . بىزنىڭ بۇ يەردە كەمچىل بولۇۋاتقىنى دەل مۇشۇنداق يۇقۇملۇق كېسەللىك-لەر دوختۇرى ۋە مۇنتىزىم دوختۇرخانىلار . شۇ سەۋەبتىن داۋالد-نىش پۇرسىتى قولدىن كەتكەن ياشلىرىمىز ئۆزىنى تىك قىيالاردىن تاشلىۋالماقتا . بەلكىم پەرھاد ئادالەتنى بەكمۇ سېغىنغانلىقىدىن ياكى بولمىسا ئانا يەرگە ، ئۆزىنى قاتارغا قوشقان ئانىسىغا يۈز كېلەلمىگەنلىكتىن مۇشۇ يولنى تاللىغاندۇ . نېمىلا بولمىسۇن ، بۇ يەردىمۇ ئەيدىز بىمارلىرىنى ۋە زەھەرلىك چېكىملىك بىمارلىرىنى داۋالايدىغان ، ئۇلارنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىدىغان دوختۇرلار ، مۇن-تىزىم دوختۇرخانىلار بولۇشى كېرەك . مەنمۇ ئەمدى پەرھادنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاپ ، ئۇلارغا ئوخشاش بىمارلارنى ھايات قوينىغا قاي-تۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئىزدىنىشىم كېرەك .

رىسالەت نېمىشقىدۇر سىڭلىسىنىڭ سومكىسىنى باغرىغا باس-تى . ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلگەن بىر ئىللىق سېزىم ئۇنىڭ قەلبىنى شۇررىدە ئېرىتىۋەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئون توققۇزىنچى باب

## پەرۋاز

### 85

رىسالەتنىڭ قارىلىق كىيىم بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەلگىنىنى كۆرگەن قەمبەرخاننىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى . ئۇ قىزىنىڭ بۇنداق قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى . شۇڭا ، ئۇ لەۋلىرى تىترىگەن ھالدا رىسالەتنىڭ كۆزلىرىگە گۇمانسىراپ قارىدى . ئۇنىڭ كۆڭلى بىر ئىشنى تۇيغاندەك تەۋرەپ كەتكەنىدى .

— نېمە بولدى ؟ — سورىدى ئۇ گەز باغلىغان لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ ، — ئاڭلىسام ، باشقىلار سەندىن نەچچە كۈن بۇرۇن قايتىپتۇ . ئۈستۈڭدە قارىلىق كىيىم ، مەن بىر ئىشلاردىن تولا غەم يەپ تۇراتتىم . ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەرگەن ئوخشىمامدۇ ؟

— نېمىدىن ئەنسىرىگەنىدىڭىز ؟ — دېدى رىسالەت چىرايىغا زورمۇزور كۈلگە يۈگۈرتۈپ ، — سىزنىڭ ھەممە نەرسىدىن غەم يەپلا تۇرىدىغان مۇشۇ كاللىڭىزنىزە ، باشقا ئىش يوق ، ئانا . يېزىدا تۇرىدىغان بىر ساۋاقدىشىمنىڭ سىڭلىسى قازا قىپتىكەن . بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ، قايتىپ كېلىشكە يۈزۈم بولمىدى . شۇڭا ، نەچچە كۈن تۇرۇپ قالدىم . ھەممىمىز يېنىڭىزدا تۇرساق ، يەنە نېمىدىن غەم قىلىسىز ، ئانا ؟

— نېمىدىن غەم قىلىدىغىنىمنى سەنمۇ ئانا بولغاندا بىلىسەن ، — دېدى قەمبەرخان ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ ، — مۇشۇ كىنىڭ ئاسلىنىدەك بىر بالىنى بېقىپ مۇشۇنچىلىك ئادەم

قىلماق ئاسانمۇ؟ بالا دېگەننىڭ مېھرى بەئەينى يالقۇنجاپ تۇرغان ئوت. بۇنداق ئوت ئاسان ئۆچمەيدۇ. بالام. ۋاي ئادالەت قىزىم، كىمنىڭ بوسۇغىسىدا بىر نانغا تەشنا بولۇپ يۈرىدىغانسەن؟ سېنى بىر كۆرۈۋېلىپ ئۆلۈپ كەتسەم، نېمە ئارمان، قىزىم؟ سەن بىلەن قۇچاقلىشىپ يېتىپ مۇڭدىشىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ؟ سېنىڭ ھىدىڭنى پۇراپ يېتىپ تاڭمۇ ئاتارمۇ؟ ۋاي مېنىڭ شور پېشانە قىزىم ...

قەمبەرخاننىڭ كۆڭلى بىرنەرسىنى تۇيۇپ قالغاندەك ئىدى. ئادالەتنىڭ پارىڭى بولغانسېرى، رىسالەتنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۇشكە باشلىدى. ئۇ كۆز چاناقلىرىدىن سىرغىپ چىقاي دەپ قالغان ياشلىرىنى ئانىسىدىن يوشۇرۇپ، ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. قەمبەرخان تېخىچە ئادالەتنىڭ ئىشقىدا پەرياد چەكمەكتە ئىدى.

ياتاق ئۆيگە كىرگەندىن كېيىنمۇ رىسالەتنىڭ قەلبىدە قوتراۋاتقان پىغان بېسىقمىدى. ئۇ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ بىرپەس ياتتى. كۆز ئالدىدا بىر خالتا تەييار چۆپنى قورۇق پېتى چايناپ ناتونۇش كوچىلاردا تېنەپ يۈرگەن ئادالەت، ھاپىز باينىڭ قىيناشلىرى بىلەن بوتلىقىدىن ئايرىلىپ قالغان ھىنگاندەك ئېچىنىشلىق بوزلاۋاتقان ئادالەت، ئەجەلنى سۆرەپ كەلگەن كېسەللىك ۋۇجۇدىدىكى قۇۋۋەتنى ئاستا - ئاستا سۇمۇرۇۋاتقاندەك ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن ئادالەت، ئاشۇ يەردە دوختۇرخانىنىڭ تېمىغا ئۇسۇپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان ئادالەت، تىك قىيادىن ئۇچۇپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان پەرھاد، ئادالەتنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ، يات يەرنىڭ ناتونۇش كىشىلىرىدىن مەدەت تىلەپ ئۆكسۈۋاتقان پەرھاد ... ئۇلارنىڭ خىلمۇخىل قىياپىتى كىنو كۆرۈنۈشلىرىدەك بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ سىڭلىسىنىڭ مۇشۇ ئاقىۋەتكە قالغىنىدىن بەكمۇ ئەپسۇسلاندى. ئەسلىدە ھوشۇر سەلەي ئائىلىسىدىن بۇنداق قىز ۋە بۇنداق پاجىئە چىقماسلىقى كېرەك ئىدى. قارىغاندا، تەقدىرنىڭمۇ ئادەملەر بىلەن ئوينىشىدىغان، قېرىشىدىغان چاغلىرى بولىدىكەن. ئۇ ھوشۇر سەلەي ئائىلىسىگە كۆتۈرگىلى بولمايدىغان قوپال چاق-

چاقتىن بىرنى قىلغانىدى .

رىسالەت بۈگۈن كەچ ئۆيدە كۆڭلىنىڭ ئەمىن تاپمايدىغانلىقىنى ئويلاپ چاپىنىنى قايتىدىن كىيدى ۋە ئاق ياغلىقىنى ئېڭىكىدىن چىگىپ ، ئادالەتنىڭ سومكىسىنى ئاسقىنىچە سىرتقا ماڭدى . بۇنى كۆرۈپ قەمبەرخان يەنە چېچىلدى :

ــ مانا ، مانا ، ئەرگە بەرسە كېلىشمەيسەن ، ئەمدى بىردەممۇ ئۆيدە ئولتۇرغۇڭ كەلمەيدۇ . خۇدايا توۋا ، قىز بالىنىمۇ چوڭ قىلامدۇ كىشى ؟

ــ ئانا ، ــ ئاچچىقتىن رىسالەتنىڭ ئاۋازى قوپال چىقىپ كەتتى . ئۇ تېخىچە كوتۇلداۋاتقان قەمبەرخانغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ ، ئىشىكنى زەرب بىلەن ياپقىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ قەلبىدە گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئۇستىگە ماي چاچقاندەك يەنىمۇ ئۇلغايدى . ئۇ كۆز ياشلىرىنى ئېقىتقىنىچە قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇقىدا مۇگدىراپ تۇرغان گۈللۈك فونتاننىڭ يېنىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ چوڭ يولغا چىقتى . ئەتراپ قاراڭغۇلۇققا چۆمگەن ، كوچا چىراغلىرى پەرھادنىڭ ئۆيىدىكى جىن چىراغدەك سۇس يورۇپ تۇراتتى . كىشىلەر ئاللىقاچان ئىسسىق ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشكەن ، ئادەمسىز كوچىلاردا تاغ شامىلىغا ئوخشاپ كېتىدىغان قۇرغاق شامال كېزىپ يۈرەتتى . بازار تەرەپتىن قايسىدۇر بىر ئۆي ــ سىن دۇكىنىدىن يۇقىرى ئاۋازلىق كانايدا قويۇپ بېرىلگەن ئەبجەش مۇزىكىنىڭ غالدۇر ــ غۇلدۇرلىرى ۋە ناخشىچىنىڭ يىقىمسىز چىرقىراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ رىسالەتنىڭ تېنى تىكەنلەشتى . ئۇ ئەمدى نەگە بارسام بولار ، دېگەندەك ئارىسالدى بولۇپ بىر ئاز تۇرۇپ قالدى . راستىنى دېگەندە ئۇنىڭ مۇشۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە دەريا بويىغا بارغۇسى ، قىرغاقتىكى ئۇششاق تاشلارنى شىرىقلىتىپ دەسسەپ ئۆزىگە تەۋە روھىي ئالەمدە ئادالەت بىلەن ئوبدانراق بىر مۇڭداشقۇسى بار ئىدى . بىراق ، هازىر بەكلا كەچ بولۇپ كەتكەن ، رىسالەت ئۇ يەرگە يالغۇز بېرىشتىن قورقاتتى . هەي ، يېنىدا سۇلايمان قاسىم بولسىچۇ ؟ ئۇ چاغدا ئۇ هېچ نەرسىدىن قورقمايتتى .

ئەكسىچە سۇلايمان قاسىمنىڭ مۇرىسىگە بېشىنى قويۇپ ، ئادالەت-نىڭ ئېچىنىشلىق كەچۇرمىشلىرىنى ئۇنىڭغا بىرمۇبىر سۆزلەپ بەرگەن بولاتتى .

ئۇ چوڭ يولدا قاياقتا مېڭىشنى بىلەلمەي خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قالدى . بىر چاغدا كوچا چىراغلىرى سۇس يورۇتۇپ تۇرغان چوڭ يولدىن سۇلايمان قاسىم چاپىنىنى يېپىنچاقلىۋالغان هالدا كېلىپ قالدى . دەل ئۇنى ئويلاپ تۇرغاندا سۇلايمان قاسىمنىڭ خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇشى رىسالەتنى بەكمۇ هاياجانلاندۇ-رۇۋەتتى . ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا سۇلايمان قاسىمنىڭ ئالدىغا ياردى .

— سۇلايمان ...

ئۇ بىر•تونۇش ئاۋازنىڭ ئۆزىنى چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ ، ئېغىر خىياللار قوينىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى ۋە رىسالەتنى كۆرۈپ هەي-ران بولغىنىچە ئالدىراپ سورىدى :

— هوي ، رىسالەتمۇ سىز ؟ يېزىدىن قاچان كەلگەنىدىڭىز ؟ دەل سىزنى خىيال قىلىپ كېلىۋاتسام ، ئالدىمدا پەيدا بولغىنىڭىز-نى قاراڭا . قارىلىق كىيىم كىيىنىۋاپسىزغۇ ؟ مەن ئاڭلىماي قالغان بىر ئىش بولغانمىدى ؟

رىسالەت ئۇنىڭ قايسىبىر سوئالىغا جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى ۋە بىرپەستىن كېيىن توختاۋسىز تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە دېدى :

— ئىچىم بەكلا سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ ، سۇلايمان . بىرسى بىلەن ئازراق مۇڭدىشىۋالسام دەيمەن . ۋاقتىڭىز بارمۇ ؟

سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدىن بەكلا غەلىتىلىك هېس قىلدى ۋە ئۇنىڭ بېشىغا قانداقتۇر ئېغىر كۈنلەرنىڭ سايە تاشلىغان-لىقىنى هېس قىلدى . ئۇستىدىكى قارىلىق كىيىمگە ، كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان ئاچچىق ياشلىرىغا قاراپ ، دەرهال ئادالەتنى ئې-سىگە ئالدى . ئۇمۇ بىرئاز جىددىيلىشىپ قالغانىدى . شۇڭا ، ۋا-قىتنىڭ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغىنىغا قارىماستىن بېشىنى

لىڭشىتتى .

— بولىدۇ ، رىسالەت . مېنىڭ ۋاقتىم بار . بىراق ، سىز سەل يېنىك كىيىنىۋاپسىز ، سوغۇق ئۆتۈپ كېتەرمىكىن؟ ياكى بولمىسا ئىسسىقراق بىر يەرنى تاپامدۇق؟ كەچلىك تاماق يېدىڭىزمۇ؟

سۇلايمان قاسىمغا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇ يەنە رىسالەتنى بىر تالاي سوئاللار بىلەن كۆمۈۋەتتى .

— بولدى ، مۇشۇ يولدا ماڭايلى . بولسا سوغۇق تېخىمۇ كۈچەيسە ، شىۋىرغانلىق بوران چىقسا ئىچىمدىكى ئوتنى ئۆچۈرەلەرمىكىن ، سۇلايمان ، — رىسالەت شۇنداق دېگىنىچە ئەتراپىدىكى يالىڭاچ دەرەخلەر لىڭشىپ تۇرغان پىيادىلەر يولىغا چۈشتى . سۇلايمان قاسىم گەپ - سۆز قىلماستىن ، ئۇنىڭغا ياندىشىتى . ئىككىسى ئۈن - تىنسىز ھالدا مېڭىپ شەھەر سىرتىغا جايلاشقان شېغىل زاۋۇتىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختاشتى .

— ئۇھ ، — دېدى رىسالەت ئېغىر خورسىنىپ ، — ئاسمان مېنىڭ كۆڭلۈمدەك نېمانچە تۇتەكلىشىپ كەتكەن ، بۈگۈن كېچە ئاي چىقمىسا كېرەك . ئەتراپ بەكمۇ قاراڭغۇ ...

سۇلايمان قاسىم يانچۇقىدىن بىر تال تاماكا چىقاردى ۋە ئۇنى تۇتاشتۇرۇپ چېكىشكە باشلىدى . ئۇ ھەر قېتىم تاماكىسىنى شورىغىنىدا قاراڭغۇلۇقتا پاتقان بۇ يەردە بىر قىزىل چېكىت پەيدا بولاتتى .

— ئادالەتكە بىر ئىش بوپتىمۇ؟

سۇلايمان قاسىم ئېغىزىنى كۆيدۈرۈپ تۇرغان بۇ سوئالنى ئاخىر سورىدى . نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ تىترەڭگۈ ئىدى . بەلكىم كۈچلۈك سوغۇق ئۇنى تىترىتىۋەتكەندۇ ياكى بولمىسا قانداقتۇر بىرنەرسە بوغۇزىدىن سىققاندۇ . ئىشقىلىپ ئۇ بۈگۈن بەكمۇ جىمغۇرلىشىپ كەتكەنىدى .

— ئۆلۈپ كېتىپتۇ ، ئىچكىرىدە خەقنىڭ ئالىقىنىدا كۆرمىگەن كۈنى قالماپتۇ ، ئاخىر ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ ، — دېدى رىسالەت ۋە ئالدىدىكى شېغىل دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى .

سۇلايمان قاسىمۇ كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى . رىسالەت ئۇ-
نىڭ مۇرىسىگە بېشىنى قويغىنىچە پەرھادتىن ئاڭلىغانلىرىنى بىر
باشتىن سۆزلەشكە باشلىدى . ئۇنىڭ تۇن باغرىغا يېيىلىۋاتقان ئاۋا-
زى بەكمۇ ھەسرەتلىك ئىدى ...

سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆز ئالدىدا ئاشۇ كەپسىز قىز ... ئۇ
ئەمەت ھاجىنىڭ كەينىدىن رېستوراننىڭ ئايرىمخانىسىغا كىردى ،
ئۇنىڭ كېيىكنىڭكىدەك شوخ كۆزلىرى ئۆزىگە تىكىلگەندە قىلچە
ھېيىقماستىن «ھوي ، سىزمۇ باركەنسىز - دە ، ئازادە ئولتۇرۇڭ ،
زۇلخۇمار ئاچامغا ھەرگىز دېمەيمەن جۇمۇ ... » دەپ كۈلۈپ قويۇ-
دى . ئەنە ، ئۇ سۇلايمان قاسىمنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىردى ، «سۇلاي-
مان ئاكام دېگەن بەڭۋاش تېخىچە ئورنىدىن تۇرماپتۇ - دە» دېدى
ئۇ يەنە كۈلۈپ قويۇپ . مۇشۇ مەنزىرىلەر سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆز
ئالدىدا زاھىر بولغاندا قايتا ئاشۇ چاغدا بۇ قىزنى كۆزگە ئىلماي
قىلىپ قويغان قوپاللىقلىرى يادىغا يېتىپ ، يۈرىكىنى ھەرە چاققان-
دەك ئېچىشتۇرۇۋەتتى . ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا رىسالەتنىڭ
بوينىدىن چىڭ قۇچاقلىدى .

— شۇنداق ، بىچارە سىڭلىم ئۆلۈپ كېتىپتۇ . ئۆيگە كەلسەم
ئانامنىڭ كوتۇلداشلىرى ، بېشىم ئوچاق بولۇپ كەتتى . ئىچىم
سىقىلىپ ، خۇددى ھازىرلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك ھالەتتىمەن .
ئېيتىڭا ، سۇلايمان ئاكا ، ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟ مەنزىلىم
بەكمۇ خىرە ، ئۆزۈمنى تۇۋۆى يوق بىر ھاڭغا خۇددى پەرھادنىڭ
كەينىدىن شۇڭغۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتىمەن . ئادالەتنىڭ
دەردىنى قانداق ئۇنتۇيمەن؟ سىڭلىمنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئانامغا
ئېيتقىلى بولمايدۇ . ئۇنىڭ نەزىرىنى تېگىشلىك ئىززەتتە بىلەن
بەرمىسەك ، روھى قورۇنۇپ قېلىشى مۇمكىن . ئەمدى مەن سىڭ-
لىمغا نېمە قىلىپ بېرەلەيمەن؟ ...

سۇلايمان قاسىم ئۈنچىقمايتتى . ئۇ تېخىچە ھەسرەتلىك تى-
نىپ ، ئادالەت ئۇچرىغان بۇ پاجىئەلىك قىسمەتكە ، ئۇنىڭ بۇ
دۇنيادىن شەپىسىزلا كېتىپ قالغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغاندەك بىر

تۆيغۇدا ئولتۇراتتى. رىسالەت ئاھ ئۇرغىنىچە ئاسمانغا قارىدى. بىراق، ئۇ يەردە ئادەمگە ئۈمىد ـ ئىشەنچ ئاتا قىلغۇچى بىرمۇ يۇلتۇز يوق ئىدى.

ــ مەن بەكمۇ ئازابلىنىۋاتىمەن، ــ دېدى سۇلايمان قاسىم رىسالەتنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ، ــ خۇددى مۇشۇ ئىشلار ئۆز بېشىمغا دۈچ كەلگەندەك، يۈرىكىم ئېچىشىپ كېتىۋاتىدۇ. رەھمەتلىكنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي. رىسالەت، بۇ ئىشنى قەمبەرخاچامغا ھەرگىز تىنغىلى بولمايدۇ. بىراق، ئادالەت ئۈچۈن نەزىر ئۆتكۈزمىسەكمۇ بولمايدۇ. مېنىڭچە ئۇنىڭ نەزىرىگە ئاتىغان پۇلنى چاتاش كەنتىدىكى ئىمانىخاندەك نامرات كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ رەھمىتىنى ئالساقمۇ بولىۋېرىدۇ. تېخى بۇنىڭ ساۋابى قورسىقى توق ئادەمگە نەزىر بېرىپ ئاش تارتقانىنىڭكىدىن چوڭ بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ئەڭ چوڭ نەزىر يەنىلا سىزنىڭ بىرەر تەتقىقات ئارقىلىق يېڭىلىق يارىتىپ، ئادالەتكە، پەرھادقا ئوخشاش تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان ياشلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىشىڭىز ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە باش قاتۇرمىسىڭىز، سىڭلىڭىزنىڭ، پەرھادنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويغان بولىسىز. شۇڭا، سىز چۈشكۈنلۈك پاتقىقىدىن قۇتۇلۇشىڭىز كېرەك. مەن سىزنىڭ شۇنداق قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. رىسالەت، قەددىڭىزنى رۇسلاڭ، قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇڭ، بۇنداق دېسەم مېنى كىتابىي سۆزلەرنى قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. بىراق، مەنمۇ شۇنداق دېمەي نېمە دەيمەن؟ سىز ئەمدى بۇنداق قايغۇرۇپ يۈرۈۋەرسىڭىز بولمايدۇ. قەمبەرخاچام سەزگۈر ئايال. ئۇ بىلىپ قالىدىغان بولسا، سىلەر ئاناڭلاردىن ئايرىلىپ قېلىشىڭلار مۇمكىن. شۇڭا، سىز ئەمدى قىلچىلىك چاندۇرۇپ قويماڭ.

رىسالەت سۇلايمان قاسىمنىڭ مۈرىسىدىن بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇنىڭ نۇرانە كۆزلىرى چاقنىغاندەك بولدى.



www.uyghurkitap.com

— بولدى ، مەن سىز دېگەندەك قىلىمەن ، — دېدى رىسالەت ۋە يەنە قوشۇپ قويدى ، — ئانام قېرىغانچە شۇنچە كوتۇلدىغاق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ . بىرەر يەرگە ئوقۇشقا بارىدىغانلىقىمنى ئاڭلىسا ، ئۇ يەنە چىچاڭشىپ كېتىشى مۇمكىن . قانداقمۇ قىلارمەن ؟

— قەمبەرخاچامغا بىر ھېسابتا قوش مۇسىبەت بولدى ، — دېدى سۇلايمان قاسىم يەنە بىر تال تاماكىغا ئوت يېقىۋېتىپ ، — ھوشۇركامنىڭ ۋاپاتى ۋە ئامراق قىزنىڭ دېرىكىنىڭ بولماسلىقى ئۇنى روھىي جەھەتتىن چارچىتىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن . بۇنى سىز دوختۇر بولغاندىكىن ماڭا قارىغاندا ، ئوبدانراق بىلىسىز . شۇڭا ، ئۇنىڭ بەزى قىلىقلىرىغا ھە دەپ قويماي بولمايدۇ . ئۇنىڭغا تەڭ خاپا بولۇشۇپ بەرسەك ، بىچارە ئايال بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ . قەمبەرخاچامنى كۆندۈرۈش ئىشىنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ ، سىز ئاۋۇال مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر بىلەن كۆرۈشۈۋېرىڭ . يۇقىرىدىن ئوقۇشقا بېرىشىڭىزنى تەستىقلاپ قالسىلا ، قەمبەرخاچامنىڭ ماقۇل دېمەي ئامالى يوق .

رىسالەت بېشىنى لىڭشىتتى . سۇلايمان قاسىم قولىدىكى تاماكىنىڭ كۈلىنى قېقىۋەتكەندىن كېيىن ، يەنە سورىدى :

— مەن ياردەملىشىدىغان باشقا ئىش بارمۇ ؟

— يوق ، ئەمما مەن مېڭىشتىن ئىلگىرى ... — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى . سۇلايمان قاسىم يۈزىگە ئۇرۇلغان ئىسسىق نەپەسنى ھېس قىلدى . رىسالەتنىڭ تىنىقى تېزلىشىپ ، ھاسىراپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ سۇلايمان قاسىمنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرغان قوللىرى بوراندا قالغان ياپراقتەك تىترەيتتى . ئۇ ھەممىنى چۈشەندى ، رىسالەتنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇنىڭ بىچارە قىزغا قىلىپ بېرەلەيدىغانلىرى شۇنچىلىك ئىدى . ئۇ ئۆزىدىمۇ سەزمىگەن ھالدا رىسالەتنىڭ لېۋىگە بوشقىنا بىرنى سۆيۈپ قويدى ...

— يۈرۈڭ ، رىسالەت ، ئەمدى قايتايلى ، ۋاقىت بىر چاغ بولۇپ قالدى .

— مېنىڭ بۇگۇن كېچە بۇ يەردىن پەقەتلا كەتكۇم يوق ، —
دېدى رىسالەت ئۇنى قويۇۋېتىپ ، — ئۆيگە بارسام مۇ مېنىڭ ئەھۋا-
لىم يەنىلا شۇ . ئۇنىڭدىن كۆرە مۇشۇ ئاسمىنى كەڭرى زېمىندا
بىر كېچە تۈنىسەم دەيمەن .
— بىراق ، رىسالەت ، مېنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ ، مەن دېگەن
خوتۇن - بالىلىق ئادەم ، بوينۇم قىلدا باغلاقلىق . سەۋەبسىزلا بىر
كېچە سىرتتا تۈنەپ قالسام ياخشى بولمايدۇ . زۇلخۇمار مەندىن
ئەنسىرەپ قالىدۇ . بالىلارنىڭمۇ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ .
— شۇنداق ، مەن بوينۇمدىكى قىلنى ئۈزۈۋەتكەن ئادەم ، شۇ-
ڭا مېنىڭدىن ئەنسىرەيدىغان ھېچكىم يوق ، — رىسالەت يەنە ئۇھ -
چەيدى ، — مېنىڭ نېمە بولۇشۇم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق .
بوپتۇ ، سىز كېتىمەن دېسىڭىز كېتىۋېرىڭ . مەن بۇ يەردە يالغۇز
تۈنەپ ، سىڭلىمغا قارىلىق تۇتىمەن .
— رىسالەت ، سىز بۇنداق دەپ تۇرسىڭىز مەن قانداقمۇ
ئالدى - كەينىمگە قارىماي كېتىۋېرىمەن ؟ بولدى ، قارىلىق دېگەننى
تاڭ - سوغۇق كىرىپ يورگەن ئايدالىدا ئەمەس ، ئىسسىق
ئۆيدە ئولتۇرۇپ كۆڭۈلدە تۇتىدىغان نېمە ئۇ .
— مېنىڭ كۆڭلۇممۇ تاڭ - سوغۇق كىرىپ يورگەن
مۇشۇ قاقاس دالىغا ئوخشايدۇ .
— ئۇنداق قىلماڭ ، رىسالەت ، مېنىڭ بىر ئېغىز گېپىمگە
قۇلاق سېلىڭ ، — سۇلايمان قاسىم ئۇنى قولىدىن تارتىپ تۇر -
غۇزدى ، — بۇ دېگەن مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئوبدان چارىسى
ئەمەس . سىز رېئاللىقتىن قاچقانسېرى تۇرمۇشمۇ سىزدىن يۈز
ئۆرۈيدۇ . ئەڭ ياخشىسى سىز كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا بېرىشىڭىز ،
تۇرمۇشقا يۈزلىنىشىڭىز كېرەك . بۇ يەردە سوغۇق يەپ ئولتۇرغى-
نىڭىز بىلەن ھېچكىمنىڭ بىر يېرى غىڭ قىلىپ قويمايدۇ . سىزگە
ئەسقاتىدىغىنى يەنىلا ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مېھىر -
مۇھەببەت ! ئادالەتنى ئېيتايلى ، ئۇ ئاشۇ مۇدھىش يەردىمۇ پەرھاد-
نىڭ كۆڭۈل بېرىشىگە ئەرزىپتۇ . ئادەملەر ئارىسىغا بارغاندىلا ئاد-

دىن ئۆزۈڭگە تەۋە نەرسىنى تاپالايسەن . بۇ جەھەتتە سىز ئادالەتتىن ئۆگىنىشىڭىز كېرەك . يۇرۇڭ ، راستىمنى دېسەم ، سىڭلىڭىزمۇ سىزنىڭ بۇ يەردە ئۆزى ئۇچۇن سوغۇق يېپىشىڭىزنى خالىمايدۇ . ئەمدى كەتمىسەك ، قەمبەرخاچامنىڭ كۆزىگىمۇ ئۇيقۇ كىرمەسلىكى مۇمكىن...

رىسالەت ئۇنىڭ ئۇزۇندىن ئۇزۇن چۇشەندۇرۇشلىرىنى ئاڭ-لاپ ، بېشىنى سالغىنىچە ئۇنىڭغا ئەگەشتى .

قىشنىڭ بەرىكەتسىز كۇنلىرى شامال تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەت-تى . رىسالەتمۇ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ بىلىم ئاشۇرۇشقا بېرىشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتكەنىدى . ئارىلىقتا ئۇ ئىككى قېتىم ۋىلايەتكە بېرىپ ئالىمجان بىلەن كۆرۈشتى ۋە بىلىم ئاشۇرۇش ئارزۇسىنى ئېيتتى . نىياسەم خانىم بىلەنمۇ ئالاقىلەشتى . خانىم ئۇنىڭغا چامىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىپ ، ئىچكىرىدىكى نۇقتىلىق دوختۇرخانىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ بەرمەكچى بولدى . ئارىدا بىر-نەچچە ئاي كۇتۇشكە توغرا كەلگەنىدى .



رىسالەتنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش ئارزۇسى ئاخىر ئەمەلگە ئاشقان-دى . ئۇستازى نىياسەم خانىم ۋە ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا يېڭىدىن ئۆستۈرۈلگەن ئالىمجانىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ شاڭخەي شەھەرلىك بىرىنچى دوختۇرخانىغا بېرىپ ، ئەيدىز كېسە-لىنى نۇقتىلىق داۋالاشنى ئۆگىنىشكە بارىدىغان بولدى . رىسالەت بۇ خەۋەرنى ئالىمجاندىن تېلېفون ئارقىلىق ئۇققاندا ، ھاياجاندىن كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى .

بىراق ، بۇ خۇش خەۋەر دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ كاللىسىغا تاش بولۇپ تەگدى . ئۇ رىسالەتنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئەمدىلا ئاۋاتلىشىشقا يۇزلەنگەن . نامى چىقىۋاتقان دوختۇرخانىنىڭ ئۇ كەت-سە قانتىدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى ، بىمارلارنىڭ داۋالىنىپ ساقىيە-

شىغا كۆزى يەتمەي ، رايى يېنىپ يەنە تېزىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، گويا بىرسى يۈرىكىگە پىچاق تىققاندەك بىئارام بولۇپ كەتتى . ئۇ ئىشخانىسىدا ئادىتىگە يات ھالەتتە تاماكىنى چەككىنىچە پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلايتتى . تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى .

— كىرىڭ ، — دېدى ئۇ بوغۇق ئۈندە . ئىشىك ئېچىلىپ رىسالەتنىڭ گۈلدەك چىرايى كۆرۈندى .

— مېنى چاقىرتىپتىكەنسىز ، — دېدى ئۇ ئاستا قەدەملەر بىلەن ئىشخانىغا كىرىپ كېلىۋېتىپ ، - شەمشىدىن دوختۇر شۇنداق دېدى ، مەسلىھەتلىشىدىغان بىرەر جىددىي ئىش بارمىدى ؟

دوختۇرخانا باشلىقى دەماللىققا بىرنەرسە دېمىدى . ئۇ ئېغىر تىنغان ھالدا يەرگە قاراپ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، نەزىرىنى ئۈنىڭغا تىكتى .

— رىسالەت ، سىزنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشقا بارىدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ ، ئىچىم ئېچىشىپ كېتىۋاتىدۇ . بۇ خەۋەرنىڭ ماڭا قانچىلىك ئېغىر كېلىۋاتقانلىقىنى بىلەمسىز ؟ — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا ، — ئەينى چاغدا قىزىم ياتلىق بولۇپ ئۆيدىن كېتىدىغان چاغدىمۇ كۆڭلۈم بۇنچىلىك يېرىم بولمىغانىدى . راستىنى دېسەم ، سىز تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان چېغىڭىزدىلا سىزنى بۇ يەردە ئۇزۇن تۇتۇپ قالالمايدىغانلىقىمنى ، مۇشۇ قابىلىيىتىڭىز بىلەن سىزنى ھەرقانداق چوڭ دوختۇرخانىلارنىڭ تارتىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيغانىدى . ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى ، سىزنى ئۇچۇرتۇۋېتىدىغان بولدۇم .

رىسالەتنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلىشقا راستلا كۆڭلى ئۇنىمايتتى ، بىراق تەستە قولغا كەلتۈرگەن بۇ پۇرسەتتىن ۋاز كەچكۈسىمۇ يوق ئىدى . ئۇ دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئالدىدا نېمە دېيىشنى بىلمەي بىرئاز تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ، دېدى :

— ئىككى يىل دېگەن بىردەمدىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ ، دوختۇرخانا باشلىقى ...

ــ دېمەككە ئاسان بولغان بىلەن ئىككى يىلنى توشقۇزماق ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس، ــ دوختۇرخانا باشلىقى ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى، ــ ئىككى يىل دېگەن يەتتە يۈز ئوتتۇز كۈن دېگەن گەپ. سىز يولغا چىققاندا تۇغۇلغان بالىمۇ سىز كەلگۈچە خېلىلا غەرەز ئۇققۇدەك بولۇپ قالىدۇ. رىسالەت، مېنى ئالدايمەن دېمەڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز بىلىم ئاشۇرۇپ كەلسىڭىز قابىلىيىتىڭىز هازىرقىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن مەن سىزنى تېخىمۇ تۇتۇپ قالالمايمەن، يەنىلا خەق سىزنى تارتىپ كېتىدۇ، سىز بىلەن بىللە ئىشلىگىنىمىز مۇشۇ بولۇپ قالغۇدەك، قىزىم...

رىسالەت دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ كۆز جىيەكلىرىنىڭ بىرئاز قىزىرىپ قالغانلىقىنى كۆردى.

ــ ئوقۇشۇم تۈگىسە، مەن مۇشۇ دوختۇرخانىغا قايتىپ كې-لىمەن، ــ رىسالەت ئۇنىڭ بىرئاز تىترەپ تۇرغان قولىنى مىننەتدارلىق ھېسسىياتىدا چىڭ قىسقىنىچە دېدى، ــ مېنىڭ قې-رىنداشلىرىم، كۆڭلۈم ئەڭ يېقىن كىشىلىرىم مۇشۇ يەردە تۇرسا، مەن ئۇلارنى تاشلاپ نەگىمۇ كېتىمەن؟ سىز خاتىرجەم بولۇڭ، دوختۇرخانا باشلىقى. بۇ يەردىن باشقا ھېچ يەرگە بارمەيمەن.

ــ بىراق، ۋاقتى كەلگەندە باشقىلار سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزغا ھۆرمەت قىلىشنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، ــ دېدى دوختۇرخانا باشلى-قىمۇ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، ــ ئۇلار سىزنىڭ رايىڭىزغا بېقىپ ئولتۇرمايدۇ. يۇقىرى ئىمتىياز، زور بايلىقلىرى بىلەن سىزنى تارتىپ كېتىدۇ، ــ ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئېغىر تىنغى-نىچە بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يەنە قوشۇپ قويدى، ــ كىم بىلىدۇ، سىز قايتىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ بىزنىڭ بىللە ئىشلىشى-مىزگە پۇرسەت بولامدۇ، يوق؟ چۈنكى، مېنىڭ يېشىممۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. قوغۇن پىشسا ساپىقىدا تۇرمايدۇ. بولدى، بولدى، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بۇنداق گەپنى نېمىشقىمۇ سىزگە دەپ يۈرگەندىمەن؟ ــ ئۇ خۇددى ئۇستا ئارتىسلاردەك چىرايىغا

زورمۇزور كۆلكە يۇگۇرتتى ، ــــ ھە راست ، ئەتە ــ ئۆگۈننىڭ ئىچىدە يولغا چىققۇدەكسىز ، ئابايام ئامىنە قاتارلىق سېستىرالار كىرىپتىكەن . سىزنى ئۇزىتىپ قويساق دېيىشىدۇ . بۇ خىيالنى مەنمۇ قىلغان . سىزنىڭ دوختۇرخانىمىز ئۇچۇن تۆككەن تەرلىرىڭىزمۇ ئاز ئەمەس ، ئەسلىدە سىزگە ئوبدانراق خوش دېسەك بولاتتى ، بىراق بەزى ئىشلارنى سىزمۇ ئوبدان بىلىسىز ، دوختۇرخانىمىز ئەمدىلا قەددى رۇسلانغان ، يېغىرى قاقاچ باغلىغان ئورۇن ، مالىيە قىيىنچىلىقىمىزمۇ ئاز ئەمەس . مۇشۇنداق شارائىتتا سىز كەتسىڭىز كۆنمىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا مەن بىرنەرسە دېيەلمەيمەن . شۇنداقتىمۇ ئازراق كۆڭۈل سوۋغىمىز بار . كەچتە ۋاقتىڭىزنى بەرسىڭىز ، بىز سىزنى ئۇزىتىپ قويايلى ، رسالەت دوختۇر !

رىسالەتنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى . ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان لەۋلىرى ئارىسىدىن زۇۋان چىقمىدى . شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ تىلىغا ھېچقانداق سۆز كەلمىگەندى .

ــ بولامدۇ ، رىسالەت ؟ ــــ دېدى دوختۇرخانا باشلىقى ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا ، ــــ بىللە ئىشلىگەن ھەمشىرىلىرىڭىزنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرماڭ ، قىزىم ...

ــ دوختۇرخانا باشلىقى ... ــــ رىسالەتنىڭ تاشالماي تۇرغان كۆڭۈل تۈگۈنى ئاخىر يار ئالدى ، ئۇ بۇلاقتەك ئۇقچۇپ تۇرغان كۆز ياشلىرىنى ئەمدى تۇتۇپ قالالمىغانىدى ، ــــ سىزنىڭ ماڭا قىلغان ئەجرىڭىزنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن . سىز ماڭا بىر باشلىق سۈپىتىدە ئەمەس ، ئاتا ئورنىدا مۇئامىلە قىلدىڭىز . مەن نۇرغۇن باشلىقلارنى كۆرگەن ، مەن كۆرمىسەم دادام كۆرگەن ، ــــ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ياستجاننىڭ يىرگىنچلىك چىرايى ۋە ھوشۇر سەلەيىنىڭ ھەمىشە مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان چېھرى نامايان بولدى ، ــــ بىر ئادەمدە قابىلىيەت ياكى ئۆز خىزمىتىگە نىسبەتەن سادىقلىق بولغان بىلەن ، ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىدىغان ، قەددىنى كۆتۈرىدىغان ، روھىنى ئۇرغۇتىدىغان رەھبەر بولمىسا بىكار ئىكەن . داداممۇ ئۆمە-

ـرىنىڭ ئاخىرىدا نۇرغۇن دەرد يۇتۇپ ئالەمدىن ئۆتتى . بۇنى ئۆل-
سەممۇ ئۇنتۇپ قالمايمەن . سىز مېنىڭ ئۆگەنگەنلىرىمنى ئەمەلىـ-
يەتتىن ئۆتكۈزۈشۈمگە رىغبەت بەردىڭىز . ماڭا ئەۋزەل شارائىت
يارىتىپ بەرمىگەن بولسىڭىز ، بۇ ئۇتۇقلار نەدە تۇرۇپتۇ ؟ شۇڭا ،
مەن سىزدىن بىر ئۆمۈر مىننەتدارمەن . ئوقۇشۇم تۈگىسە ، مەن
ئىككى يېقىمغا قارىماي مۇشۇ دوختۇرخانىغا قايتىپ كېلىپ ، يەنىلا
سىزنىڭ قولىڭىزدا ئىشلەيمەن . سىز مېنى كۈتۈڭ ، دوختۇرخانا
باشلىقى . مەن سىزنى ھەم بۇ يەردىكى ھەمشىرىلىرىمنى ھەرگىز
نائۇمىد قويمايمەن . بىز چوقۇم بىللە ئىشلەيمىز .

— ئەمىسە شۇنداق كېلىشتۇق ! — دوختۇرخانا باشلىقى
خۇددى كىچىك بالىلاردەك چىمچىلاق بارمىقىنى چىقاردى ، رىسا-
لەت ئۇنىڭ بىلەن قول باغلاشتى .

— ئەمدى چىقىپ تەييارلىق قىلىڭ ، — دېدى دوختۇرخانا
باشلىقى مەمنۇن بولغان ھالدا ، — كەچتە «يۇلغۇن» رېستوراندا
كۆرۈشەيلى .

— بىراق ، — رىسالەت لېۋىنى يېنىك چىشلەپ ، تىلىنىڭ
ئۇچىغا كېلىپ قالغان گېپىنى يۇتۇۋەتتى . چۈنكى ، بۈگۈن كەچ
سۇلايمان قاسىم ۋە زۇلخۇمارلار ئائىلە بويىچە ئۇنى ئۇزاتماقچى
بولغانىدى . سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭغا قاراپ :

— ئەينى چاغدا سىز ئالىي مەكتەپكە ماڭغاندا مەن ئۇزاتقان ،
ئۇ چاغدا ھوشۇركاممۇ ھايات ئىدى . مانا ئەمدى سىز يەنە بىلىم
ئاشۇرۇشقا ماڭغىلى تۇراتسىز . شۇ تۇرقىدا ھوشۇركامنىڭ كۆزى
ئوچۇق بولغان بولسام ، بۇ قېتىم چاينى ئۇ بېرىپ ، سىزنى يىراق
سەپەرگە ئۇزاتقان بولاتتى . ھېلىھەم ھوشۇركام بولمىغان بىلەن
سىز يالغۇز ئەمەسسىز ، ئەمدى مەن ھوشۇركامنىڭ ئورنىدا سىزنى
ئۇزىتىپ قوياي . قەمبەرخاچاممۇ ، زۇلخۇمارمۇ ، بالىلارمۇ ، ھەم-
مەيلەن بىللە «يۇلغۇن» غا بارايلى ، — دېگەنىدى . ئۇنىڭ بۇ
تەكلىپىنى رىسالەت جان دەپ قوبۇل قىلغانىدى .

— بىراق دەيسىزغۇ ؟ — دېدى دوختۇرخانا باشلىقى سەل

www.uyghurkitap.com

ئەندىشىگە چۈشكەن هالدا، — ياكى سىزنىڭ باشقىچە ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىز بارمىدى؟ بىزگە ۋاقىت چىقىرالامسىز؟...

— هەرگىز باشقىچە ئويلىنىپ قالماڭ، دوختۇرخانا باشلىقى، — دېدى رىسالەت ئالدىراپ، — ئەسلىدە سۈلايمان ئاكامىز بۈگۈن كەچ «يۈلغۈن» دا ماشا ئۈزىتىش چېيى بەرمەكچىدى. بۇ يەردىكى ئىشتىن خەۋىرىم بولمىغاچ، ماقۇل دەپ قويۇپتىمەن. ئۆيدىكىلەرنىڭ هەممىسى بارىدىغان بولۇپ كېلىشكەن.

— ياخشىغۇ، — دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ چېھرىدىكى غەم بۇلۇتلىرى تارقاپ، پەيدا بولدى، — ئەمىسە ئورۇن بىر يەردە بولىغاندىكىن، ئىككى چاينى بىرلەشتۈرەيلى، بىر ئۈستەل بولمىسا، ئىككى قىلارمىز، هەركىم ئۆزىنىڭ رىزقىنى يەيدۇ، رىسالەت دوختۇر. بىز يات ئادەملەر ئەمەسقۇ؟

رىسالەت ئويلىنىپ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ماقۇل دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

رىسالەت دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدىن چىققاندا، ئامىنە كارىدوردا ئۇنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. نېمىگىدۇر مەيۇسلىنىپ، خۇددى يىغلىۋېتىدىغاندەك ئۈمچىيىپ تۇرغان ئامىنە كېلىپلا ئۇنىڭ بوينىدىن قۇچاقلىدى. رىسالەتمۇ ئۇنى باغرىغا باستى. ئامىنەنىڭ بوش سىلكىنىپ تۇرغان ۋۇجۇدىدىن بۇ جۇدالىققا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقىنىنى بىلىنىپ تۇراتتى.

— دوختۇرخانا باشلىقى ماشا هەممىنى دېدى، كۆڭلىڭىز ماشا تېگىل بولدى، ئامىنە. رەهمەت سىزگە...

— سىزدىن ئايرىلىشقا پەقەتلا چىدىمايۋاتىمەن، نېمانچە ئوتتىڭىز ياماندۇ؟ ئىسسىت هىممىت ياسىن، كارغا كەلمەيدىغان لەقۋا، مۇشۇنداق مېھرى ئىسسىق خوتۇنىنىڭ قۇچىقىدا بىر ئۆمۈر راهەت كۆرمەي، ئۇنى قويۇۋېتكىنىنى كۆرمەمدىغان؟ ناۋادا مەن ئەر كىشى بولغان بولسام، بۇنداق بەختىنى ئالدىراپ قولدىن چىقىرىپ قويۇۋەتمىگەن بولاتتىم...

— هوي، هوي، بۇ نېمە قىلىق؟ — تۇيۇقسىز ئاڭلانغان

بۇ ئاۋازدىن ئىككى ئايال چۆچۈپ كېتىشتى . رىسالەت ئامىنەنىڭ مۈرىسىدىن بويۇنداپ قاراپ ، كارىدورنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان ھەمدۇللا دوختۇرنى كۆردى . كارىدورنىڭ ئىچى غۇۋا يورۇپ تۇرغان بولغاچقا ، ئۇنىڭ چىرايىمۇ قارا كۆرۈنەتتى ، — خۇددى ئادەم تېپىلمىغاندەك ، ئىككى ئايال چاپلىشىپ قاپسىلەرغۇ ؟ سىلەرنىڭ بۇنداق تۇرغىنىڭلار بىز ئەرلەر ئۈچۈن نومۇس جۇمۇ . باشقىلار كۆرسە ، بۇ دوختۇرخانىدا ئاياللار قۇچاقلىمىغۇدەك ئەر قالمىغان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ قالىدۇ ، خېنىملار .

— دېمىسىمۇ بۇ دوختۇرخانىدا بىز قۇچاقلىغۇدەك ئەر يوققۇ ، — دېدى ئامىنە دېمىغىنى قېقىپ قويۇپ ، — بۇ يەردىكى ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى سىزگە ئوخشاش ئادەم سۈرەتلىك ھايۋانلار تۇرسا ، ئۇلارنى قانداقمۇ ئەر دېگىلى ، قانداقمۇ قۇچاقلىغىلى بولسۇن ؟

— ئامىنە ئەجەب بىر گەپ قىلىسىزغۇ ؟ — دېدى ھەمدۇللامۇ پېتىدىن چۈشمەي تۇرۇپ ، — ئەينى چاغدا رىنتگېن سۈپىتىغا ئۆزىڭىز چىققان تۇرۇپ ، ئەمدى مېنى ھايۋانغا چىقىرامسىز ؟ بار ئويۇننى تەڭ ئويناپ ، ئەمدى ئاق بالىخان بولۇۋالسىڭىز قانداق بولىدۇ ؟ گېپىڭىز سەل ئېشىپ كەتتىمۇ نېمە ؟ ئۆزىڭىزگىمۇ بىرەر قوشۇق ئېلىپ قالامسىز ؟ چاۋاك دېگەن ئىككى قولدىن چىقىدىغۇ ؟

— شۇنداق ، رىنتگېن سۈپىتىغا ئۆزۈم چىققىنىم راست ، ئۇ چاغدا مەنمۇ بىر ھايۋان ئىكەنمەن ، — ئامىنە ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە مىختەك قادالدى ، — ئاشۇ كۈنلىرىمنى ئويلىسام نومۇس قىلىمەن . ئۇ دېگەن بىر قېتىملىق قورقۇنچلۇق چۈش ، مەن ئۇنى پاك - پاكىز ئۇنتۇپ كەتتىم .

ھەمدۇللا دوختۇر مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويۇپ دېدى :

— شۇنداق ئامىنە ، مۇشۇكنى مىسالغا ئالساق ، ئۇ بەز يەپ بولۇپ ، لېۋىنى شۇنداق بىر يالىۋېتىدىغان بولسا ، ئۆزىنىڭ نېمە يېگەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىدۇ …

— ئىپلاس !

ئامىنە غەزەپتىن بوغۇلۇپ كەتتى ، چىشلىرى كاسىلداپ تۇراتتى . رىسالەت ئۇنى بويىنىدىن قۇچاغلىغىنىچە ئۆز ئىشخانىسىغا ئېلىپ ماڭدى . شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ ھەمدۇللانى بوغۇۋەتسىمۇ دەردى چىقمايدىغاندەك قىلاتتى .

— بولدى قىلىڭ ، ئامىنە . پوقىقا چالما ئاتسىڭىز يۈزىڭىزگە چاچرايدۇ ، — دېدى رىسالەت ھەمدۇللاغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ ، — بۇنداق سېسىق گەندىدىن يىراق قاچقۇلۇق …

ئىككى ئايال ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن ، بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە گەپ - سۆز قىلىشماستىن ، خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كېتىشتى .

رىسالەت قولىدىكى نەرسە - كېرەكلەرنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن ، ھەممەيلەن بىلەن كەچتە كۆرۈشىدىغان بولۇپ دوختۇرخانىدىن چىقتى . كۈن چۈشتىن قايرىلغانىدى . كوچىلار ئادەمسىز ، دوختۇرخانا ئالدىدا مېۋە - چېۋە ساتىدىغان ئۇقەتچىلەرمۇ مۈگدىشىپ ئولتۇراتتى . يول بويلىرىدىكى مەجنۇنتال شاخلىرى خامۇش ھالەتتە ساڭگىلاپ تۇراتتى . يىراق ئاسمان بوشلۇقىدا پارقىراپ تۇرغان ياز قۇياشى زېمىنىنىڭ سۈكۈتىنى بۇزۇشنى خالىمىغاندەك شەپىسىزلا غەربكە سىلجىماقتا ئىدى .

رىسالەت ئاندا - ساندا ماشىنا ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئاسفالت يولىنىڭ چېتىدىكى پىيادىلەر يولىغا چۈشتى . يېڭىدىن گۈللۈك خىش ياتقۇزۇلغان بۇ يول چاڭ - توزاڭدىن خالىي ھالدا پارقىراپ تۇراتتى . رىسالەت ئاشۇ يول بىلەن مېڭىپ يېڭى شەھەر رايونىغا باردى . يېڭىدىن ياسالغان گۈللۈكلەر ، دوقمۇش - دوقمۇشقا ئورنىتىلغان سۈنئىي تاغلار ، راۋاق - شىپاڭلار ، چىملىقلارغا تەكشى چېچىلىۋاتقان فونتان ئۇنچىلىرى ، كەڭرى كەتكەن مەيدانلارنىڭ ئەتراپىدىكى قەۋەت - قەۋەت بىنالار ، بىنا ئەتراپىغا ئورنىتىلغان چىنىقىش ئەسلىھەلىرىگە يامىشىپ ئويناۋاتقان كىچىك بالىلارنىڭ شادلىق تولۇپ تۇرغان قى - چۇلىرى … بۇ يەردە بىر خىل

قاينام - تاشقىنلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى . رىسالەت ئاشۇ مەنزى-رىلەرنى بىرپەس تاماشا قىلغاندىن كېيىن ، كونا شەھەر رايونىغا قاراپ يول ئالدى .

بۇ يەردىمۇ ھايات ئىلگىرىكىدەك داۋام قىلماقتا ئىدى . لەمپى-سى ئىسلىشىپ تۇرغان تۆمۈرچىخانىلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان بازغان ساداسى كىشىنى ھاياجانغا سالاتتى ، دۇكان ئەتراپىغا رەت - رېتى بىلەن تىزىۋېتىلگەن پالتا - پىچاق ، كەكە - ئورغاق ، بەل - لاخشىگىر ، زەنجىر - توقۇناقلار قۇياش نۇرىدا كۆزلەرنى قاماشتۇ-راتتى . تۆمۈرچىخانىلارغا ياندىشىپ قاتار ساتىراشخانىلار بار ئىدى . سەل چەتتىكى بىر ئىشىككە تۇتۇلغان بۇلبۇلنىڭ بىر گۈل شېخىنى چىشلەپ تۇرغان رەسمى كەشتىلەنگەن ئاق رەڭلىك ئىشىك پەردى-سى رىسالەتنىڭ دىققىتىنى تارتتى . ئاشۇ ئىشىككە ئاشۇ پەردە تۇتۇلغان ساتىراشخانىنىڭ يوغان ئەينەكلىك دېرىزىسىنىڭ تەكچى-سىگە ھەرخىل چاچ سوپۇنلىرىنىڭ قۇتىلىرى تىزىۋېتىلگەن ، ئى-شىك بېشىدىكى كانايدىن دۇتار بىلەن ئورۇنلانغان پەرىدە قاسى-نىڭ «يايرىمغا نېمە دەرمەن» دېگەن ناخشىسى ياڭراپ تۇراتتى . رىسالەت بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ نېمە ئۈچۈندۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى . ئەنە ، يول بويلىرىدا كىر - قاسماق دەردىدىن ئۇستۇېشى قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەن يالىڭاچ باللىرىنى يېنىدا ئۇخلىتىپ قويۇپ ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە ئۈمىد بىلەن قاراپ ئولتۇرغان گازىرچىلار ، ئۈزۈم - ئەنجۈر ، ئالما - نەشپۈت ساتقۇچى باققاللار ، كانىيى يىرتىلىپ كەتكۈدەك ۋارقىراپ خېرىدار چاقىرىۋاتقان ناۋايلار ، ئەۋرەز كاتەكلىرى بولمىغاچ يۇندىلىرى پې-تىقشىپ تۇرغان پاسكىنا كوچىلار ... ئۇ بۇ يەرلەر بىلەن مەڭگۈگە خوشلىشىۋاتقاندەك بىر خىل قىيالماسلىق نەزىرىدە ئەتراپقا تويماي قارايتتى . رىسالەت نەچچە ۋاقىتتىن بېرى خىزمەت - تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئۇھ دېگۈدەكمۇ ۋاقىت چىقىرالمىغاچقا بۇ يەرلەرگە پەقەتلا كېلىپ باقمىغانىدى . بۇ يەرلەردىكى بىچارىلىكنى ، غېرىبى-چىلىقنى ، موھتاجلىقنى كۆرۈپ نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يۈرىكى سى-

قىلدى . ئۇ تۇرمۇشنىڭ قاتتىق تاشلىرى ئارىسىدا يانجىلىۋاتقان ئاشۇ كىشىلەرنى كۆرگەندە ، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە قانچىلىك ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چۈشىنىپ يەتتى .

ــ ھۇي ، رىسالەت دوختۇرغۇ بۇ ؟ بۇگۈن كۈن قاياقتىن چىقتى ؟ ئەجەب بۇ تەرەپلەرگە ئۆتۈپ قاپلىغۇ ؟ ــ ئۇ ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندا بىر باققال ئايال ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى ، ــ قانداق ئەھۋاللىرى ، رىسالەت دوختۇر ؟ تىنچ ـ ئامان تۇردىلىمۇ ؟ قېنى بۇياققا كەلسىلە ، قېنى ماۋۇ ئورۇندۇققا ...

رىسالەت ئۆزىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ ماڭغان ئايالغا قارىدى ، يېشى ئەللىكلەردىن ھالقىغان ، چاچلىرى تامام ئاقىرىپ كەتكەن ، قورايدەك بەدىنىگە بىر نەچچە يېرىگە ياماق سېلىنغان گىرىپ كۆڭلەك كىيىۋالغان ، بېشىغا ئۆڭۈپ كەتكەن ياغلىق چىگ-كەن بۇ ئايالنىڭ چىرايىمۇ ئاپتاپتا قارىداپ قالغانىدى . رىسالەت ھەم ھەيران بولغان ، ھەم قىزىقسىنغان ھالدا ئايال كۆرسەتكەن ياغاچ ئورۇندۇققا ئولتۇردى .

ــ مېنى تونۇمىدىلا ھەرقاچان ، ــ دېدى ئايال ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ ، ــ قارىسىلا ، ماۋۇ كۆك پوتلىنى سىلى داۋالاپ ساقايتقان ئەمەسمۇ ؟ سىلىنىڭ قوللىرىدا شىپاھ تېپىپ چىققاندىن بېرى كېسىلى قايتا قوزغالمىدى ، قارىسىلا ئۇنىڭ يول-ۋاس كۈچۈكىدەك پۇشۇلداپ بىر تاتلىق ئۇخلاۋاتقىنىنى ...

رىسالەت ئايال كۆرسەتكەن بالىغا مۇنداقلا قاراپ قويدى ، ئۈزۈم تەۋەڭلىرى يېنىدا بەش ـ ئالتە ياشلاردىكى قارا قۇمچاق بىر بالا ئۇخلاپ ياتاتتى . باش ـ كۆزىدە چىۋىنلار گىژىلدىشىپ يۈرسە-مۇ ، ئۇ شاھانە سۇپىدا ياتقاندەك ھوزۇرلىنىپ ئۇخلىماقتا ئىدى . بالىنى كۆرۈپ ، رىسالەت ئىچىنى مۇشۈك تاتىلىغاندەك بىئارام بولۇپ كەتتى .

ــ قېنى ئالسىلا ، رىسالەت دوختۇر ، ــ دېدى ئايال بىر ساپاق ئۈزۈمنى پاكىز چايقىغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا سۇنۇپ ، ــ

ئاددي كۆرمەي تېتىپ باقسىلا ...
رىسالەت سۈيى كۆز يېشىدەك تامچىلاپ تۇرغان ئۇزۇمنى قو-
لىغا ئالدى . نېمىشقىكىن ، ئۇ غىققىدە بولۇپ قالغانىدى . ئۇ ئايال
بىلەن بىر پەس مۇڭداشقاندىن كېيىن ، ئورنىدىن تۇردى . بۇ چاغدا
بالا ئۇيقۇدىن ئويغانغان ، چاپاق قايناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ
ئەتراپقا ئالاڭلاپ قاراشقا باشلىغانىدى . رىسالەت سومكىسىدىن ئون
سوم چىقاردى ۋە بالىغا تۇتقۇزۇپ قويدى .
— ھىممىتجانىنىڭ ئۇستۇبېشىنى يۇيۇپ قويسىلا ، — دېدى
بۇ بالىنىڭ قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەن تۇرقىغا قاراپ ، — مۇنداق
يۇرىۋەرسە يەنە ياللۇغلىنىپ قېلىشى مۇمكىن .
— ۋاي ، مېنى يۇيۇپ قويمايدۇ دەمدىلا ، دوختۇر ؟ — دېدى
ئايال ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ ، — قارىسىلا بۇ يەرلەرگە ، ھەم-
مىسى پېتىقىشىپ تۇرغان پاتقاق تۇرسا ، بىزگە نېمە چارە ؟ بالا
دېگەن ئويۇنغا ئامراق كېلىدىكەن ، ئۇستۇبېشىنى شۇنچە پاكىزلاپ
قويساممۇ ، بىر دەمدىلا ئويۇندىن پوق ئالغان بەلدەك بولۇپ قايتىپ
كېلىدۇ بۇ ياغاچ قولاق .
ئۇلار بىر - بىرىگە ئامانلىق تىلەپ خوشلاشتى .
رىسالەت بازارنى ئالاھازەل ئىككى سائەتتەك ئايلاندى . بۇ
يەرلەردە كۆرمىگەننى كۆردى ، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدى . نېمىشقى-
دۇر كۆڭلىدە ئاشۇ ناچار مۇھىت ئىچىدە تۇرۇپمۇ كۆنلىرىنى
خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ خۇشچاقچاق كىشىلەرگە ندىس-
بەتەن بېسىۋېلىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر خىل مۇ-
ھەببەت ئۇرغۇدى .
كۈن ئاستا - ئاستا ئۆز چۈشكىگە باش قويۇشقا باشلىغانىدى .
كوچىلاردا كەچكى مەيىن شامال كۆتۈرۈلدى . گەز باغلاپ كەتكەن
كالپۇكلارغا نەملىك يۇگۇردى ، كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدى قايتىدىن
كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇشقا باشلىدى . ئۇخلاۋاتقان بالىلار ئويغاندى ،
بازارنىڭ بېسىقىپ تۇرغىنىغا خېلى بولغان شاۋقۇن - سۈرەنلىرى
يەنە كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغانىدى .

رىسالەت بىر تاكسىنى توسۇپ ئاۋۋال ئۆيىگە بىرىپ ، دوختۇر-خانا باشلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن سۇلايمان قاسىمنى خەۋەر-لەندۈرمەكچى بولدى . دېمىسىمۇ بۇ ئىشتا سۇلايمان قاسىمنىڭ ئېغىزىغا قارىمىسا بولمايتتى . چۈنكى ، ئېغى بىغىغا كەلمىگەن سورۇن ئادەمنى بىزار قىلىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى . ماشىنا غۇيۇلداپ يۈرۈپ كەتتى ، ئۇ دېرىزىدىن ئەتراپقا تويماي قارايتتى . ئاشۇ كوچىلاردىن تۇرمۇش غېمى يەلكىسىدىن تاغدەك باسقان دادى-سى هوشۇر سەلەي ۋە مەست ـ ئەلەسلىشىپ خۇدىنى بىلمەي مېڭىپ ، قاتناش هادىسىسىگە ئۇچرىغان سۇلايمان قاسىمنىڭ ئاياغ ئىزلىرىنى ئىزدەيتتى . ئەمما ، ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇلار چېلىقمايتتى ...

ئۇ قورۇ ئالدىغا كېلىپ ، ماشىنىدىن چۈشۈپ تۇرۇشىغا زۇل-خۇمار بىلەن سۇلايمان قاسىم قورۇدىن چىقىپ كەلدى . رىسالەت غۇلىچىنى كەڭ ئاچقىنىچە ، زۇلخۇمارنى چىڭ قۇچاقلاپ قويدى ۋە سۇلايمان قاسىمغا قاراپ دېدى :

ــ سىز بىلەن بىر ئىشنى مەسلىھەتلىشەي دېگەن ، كەچكى چېيىمىزنىڭ شەكلىدە بىر ئاز ئۆزگىرىش بولىدىغاندەك قىلىدۇ ، سۇلايمان ئاكا ...

ــ نېمە ، سىز بۇ چاينى ئۆتكۈزمەيلى دېمەكچىمۇ ؟ ــ ئېغى-زىنى ئۆمەللەۋاتقان سۇلايمان قاسىمنىڭ ئېغىزىنى زۇلخۇمار تۇ-ۋاقلاپ قويدى ، ــ بىزنى نامرات كۆرۈپ قالغان ئوخشىمامسىز ، سىڭلىم ؟

ــ ياقەي ، ــ دېدى رىسالەت ئۇنى يەنە بىر قۇچاغلاپ قو-يۇپ ، ــ مەن دېمەكچى ، دوختۇرخانىدىكىلەرمۇ «يۇلغۇن» دا مېنى ئۇزىتىش ئۇچۇن داستىخان تەييارلاپتىكەن ، دوختۇرخانا باش-لىقىمىز ھەممىمىز تونۇشقاندىكىن ، ئىككى چاينى بىر قىلىپ بىللە ئۇزىتايلى دەيدۇ ، سىزنىڭچە قانداق بولار ؟

ــ بۇمۇ بولىدىغان گەپ ، ــ دېدى سۇلايمان قاسىم يېنىك تىنىپ قويۇپ ، ــ سىزمۇ بۇ دوختۇرخانىدا ئۇزۇن ئىشلىدىڭىز ،

شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىمۇ يەردە قويۇشقا بولمايدۇ . بوپتۇ ، ئەمىسە شۇنداق قىلايلى ، «تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر » دەپتىكەن ، چاينى بىللە ئىچسەك ئىچتۇق .

## 87

«يۇلغۇن » رېستورانىنىڭ چوڭ زىياپەت زالى بۈگۈن باشقىچە قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى . يۇمىلاق ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان دوختۇرخانا باشلىقى ۋە ئامىنە قاتارلىق دوختۇر ، سېستىرالار ، ئۇنىڭغا يانداش قويۇلغان يەنە بىر ئۈستەلدىكى قەمبەر-خان ، سۇلايمان قاسىم ، زۇلخۇمار ۋە بالىلار قىزغىن پاراڭلى-شىپ ، زالنى بېشىغا كىيىشكەنىدى . رىسالەت ئەدەپ يۈزىسىدىن باشتا دوختۇرخانىدىكىلەر بىلەن بىر ئۈستەلدە ئولتۇرغانىدى . تا-ماق تارتىلدى ، ئەمما ھېچكىمنىڭ چوكىنى قولىغا ئالغۇسى كەلمى-دى . ھەممىنى سېزىپ ئولتۇرغان دوختۇرخانا باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ گېلىنى قىرىپ قويدى .

— مەن ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي ، — دېدى ئۇ ئۈستەلدە ئولتۇرغانلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن ، — بۈگۈن بىز بۇ يەرگە رىسالەت دوختۇرنى ئۇزىتىش ئۈچۈن جەم بولدۇق . ئەسلى بۇ خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك ئىش بولسىمۇ ، شۇ تاپتا ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولماقتا . بۇ بەلكىم بىزنىڭ رىسالەت دوختۇردىن ئايرىلىشقا كۆزىمىزنىڭ قىيىمىغانلىقىدىن پەيدا بولغان ھېسسىيات بولۇشى مۇمكىن . نېمىلا بولمىسۇن ، بىز يۇرتىمىزدىن يېتىشىپ چىققان ۋە دوختۇرخانىمىزغا شان - شەرەپ كەلتۈرگەن رىسالەت دوختۇردىن پەخىرلىنىمىز . ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدى-كى ئوقۇشىنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىنى ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كې-يىن ، بۇ يەرنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز . قېنى ئامىنە ، سىز رىسالەت دوختۇرغا كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىنى يەتكۈزۈڭ ...

ئامىنە ياشقا تولغان كۆزلىرىنى رىسالەتكە تىككىنىچە ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ قولىدا خېلى قېلىن بىر كونۋېرت تۇراتتى. ئۇ ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇۋاتقانلارنىڭ كەينىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ رىسالەتنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنى بار مېھرى بىلەن قاتتىق قۇچاقلىدى، ئاندىن قولىدىكى كونۋېرتنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— بۇ بىزنىڭ ئازغىنا كۆڭلىمىز، — دېدى ئۇ ئۆكسۈپ تۇرۇپ، — ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قوبۇل قىلىڭ، رىسالەت. دوختۇرخانىدىكى ھەممەيلەن سىزنى ئەسلەپ تۇرىمىز ۋە چەكسىز سېغىنىمىز. سىزنىڭمۇ بىزدەك ھەمشىرىلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

رىسالەت بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ جۇدالىق يېشى قۇيۇلماقتا ئىدى. ياندىكى ئۇستەلدىن قەمبەرخاننىڭ مىشىلداپ يىغلىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

كۆز يېشى بارا - بارا كۆلكە - چاقچاققا ئالمىشىپ، ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالدى. ئامىنە شوخ، لېكىن پەردىشەپكە ئورالغان بىرنەچچە يۇمۇر سۆزلىۋىدى، ئولتۇرغانلارنىڭ شادلىقى بىراقلا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

زىياپەت شۇ تەرىقىدە ئىككى سائەتتەك داۋاملاشتى.

— مەنمۇ ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي، — دېدى رىسالەت سورۇن ئاخىرلىشاي دېگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ، — مېنىڭ تېگىشلىك ئىززىتىمنى قىلىپ، مۇشۇ سورۇننى ھازىرلىغان بارلىق دوستلارغا، ھەمشىرىلەرگە، جۈملىدىن دوختۇرخانا باشلىقىغا، سۇلايمان ئاكامغا مىڭلارچە رەھمەت، مەن سىلەرنىڭ ئۈمىدىڭلارنى ھەرگىز يەردە قويمايمەن. ماڭا ئىشىنىڭلار، خۇدا بۇيرۇسا يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن مۇشۇ يەردە جەم بولىمىز. شۇ چاغدا مەن سىلەرگە ئەمەلىي ھەرىكىتىم بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن. سىلەرگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىمەن.

ئۇلار رېستوراندىن ئۇزاپ چىقىشتى. ھەممەيلەننىڭ رىسالەتتىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. شۇڭا، رېستوران ئالدىدا بىر -

بىرگە تارتىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى . ھەركىم ھەرنېمىلەرنى دەيتـ
تى ، رىسالەتكە ئايرىم ـ ئايرىم ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشەتـ
تى . ئۇلار پاراڭلىشىپ تۇرغان ئاشۇ دەقىقىدە رېستوراننىڭ ئىچىدـ
دىن بىر جېدەلنىڭ شەپىسى كەلدى ، كىمدۇر بىرى ئاچچىقتىن
بوغۇلۇپ ۋارقىرايتتى ، بىر ئايالنىڭ مايمۇندەك چىرقىرىغان ئاۋاـ
زىمۇ كېلەتتى . ھەممەيلەن ھەيران بولغىنىچە رېستوران تەرەپكە
قاراشتى . دەل شۇ چاغدا رېستوراندىن كۆڭلىكىنىڭ ئالدى پېشى
يىرتىلغان ، يېرىلغان قاپىقىدىن شورۇلداپ قان ئېقىۋاتقان كالتە
ئىشتانلىق بىرسى ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى ۋە نېمە بولدىكىن دەپ
قاراپ تۇرغانلارنى نېرى ـ بېرى ئىتتەرگىنىچە قاراڭغۇلۇققا ئۆزىـ
نى ئاتتى . ئارقىدىن يەنە ياقىلىرىنى بوغۇشقىنىچە ئىككى ئادەم
چىقىپ كېلىشتى .

— ھۇ پاسكىنا شەرمەندە ، نەخ مەيداندا قولۇمغا چۈشتۈڭمۇ ؟
ئۆزۈڭنىڭ نېمە قىلغىنىڭنى بىلەمسەن ؟ ئەمدى تېنىۋالىمەن دېمە !
قېنى ئۆيگە بىر بارايلىچۇ ، ئالدىڭغا نوغۇچ تىقىپ ، كۆرگۈلۈكۈڭـ
نى كۆرسەتمىسەم ھېساب ئەمەس ...

بۇ تونۇشلا بىر ئاۋاز ئىدى . رىسالەت بىلەن ئامىنە ھەيران
بولغىنىچە بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇشتى .

— تولا ئېغىزىمنى غېرىچلىما پەسەندى . سەن نېمە ئىش
قىلغان بولساڭ ، مەنمۇ شۇنى قىلدىم ، سېنىڭ قولۇڭدا پاكىت
بولسا مېنىڭ قولۇمدىمۇ بار . نەچچە ۋاقىتتىن بېرى گەپ قىلماي
يۈرسەم ، بىلمەي قالدى دەپسەن ـ دە ؟ ئۇخلاپ چۈشۈڭ ، قېنى ،
مەنمۇ سەن تېزەك نەسلىنىڭ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسەتمىسەم ئايجامال
دېگەن ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن ، قېنى ماڭە سولامچى ، ساڭا تېتىدـ
مىغان جاننى ئىتقا تاشلاپ بېرىمەن ...

ئۇلار رىسالەتلەرنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ قالغانىدى . رېستوران
ئالدىدىكى چىراغنىڭ يورۇقىدا ھەمدۇللانىڭ قانغا بويالغان يۈزى
ئايان بولدى . ئايجامال خانىم ئۇنىڭ ئەپتىگە ھۆسن قوشىدىغان
گالستۇكىدىن تۇتۇپ ، ئىتنى سۆرىگەندەك تارتقۇشلاپ كەلمەكتە

www.uyghurkitap.com

ئىدى ! ھەمدۇللا ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلماق بولۇپ يۇلقۇناتتى . ئايجامال خانىمنىڭ ئىچىدىن جىگەر رەڭلىك لىپتىكى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ھەمدۇللانىڭ ھەمىشە قاتۇرۇپ كىيىۋالىدىغان كاستۇم - بۇرۇلكىسى قورۇملار بىلەن بۇلغىنىپ ، قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى . ئۇلارنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ، ئامىنە ئەتراپنى بېشىغا كىيىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . كۈلكە ساداسى قاراڭغۇلۇقتا پاتقان بوشلۇقتىن ئەكس سادا بولۇپ قايتىپ كەلدى . بۇ كۈلكىدە بەختى خازان بولغان ئامىنەنىڭ ئازابلىق كەچمىشى بار ئىدى . بۇ كۈلكىدە سىقىلغان يۈرەكنىڭ نالەشلىرى بار ئىدى ، بۇ كۈلكىدە يەنە كۆتۈرۈپ قويغۇسىز تەنە ۋە مەسخىرىنىڭ تۈز - تەمى بار ئىدى .

ئامىنەنىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلاپ ، ھەمدۇللا دوختۇر قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى . ئۇ قېرى كالىدەك تېپىشىپ تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى ۋە دوختۇرخانا باشلىقىنى ، رىسالەتنى ، ئامىنەنى ... نۇرغۇن تونۇش چىرايلارنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتكىلى قىل قالدى . ھېلىلا چانقىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچەيگەن كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ، يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى . ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنچە ئادەم ئالدىدا بۇنداق رەسۋالىشىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرمىگەنىدى . كونىلارنىڭ «غەپلەت باسىدۇ» دېگىنى شۇ بولسا كېرەك ، بولمىسا ئۇ نېمىدەپ ئايالىنى ماراپ بۇ يەرگىچە كېلىدۇ ؟ مانا ، ئۇنى ھېلىقى «يېقىنى» بىلەن تۇتقانمۇ بولدى . بىراق ، ئايجامالنىڭ بۇرنىنىڭ بېزىنى ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ باش بېغىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئىناۋىتىنى تۆكۈۋالدى . تېخى بۇ خوتۇن ئۇنى ئىتنى سۆرىگەندەك سۆرەپ كېلىۋاتىدۇ . بۇنىڭغا ئەمدى نېمە دېگۈلۈك ؟

رىسالەتنىڭمۇ قانداقتۇر بىر ئىچكى ئەزاسىدىكى ئىششىق يازغاندەك ، كۆڭلى بوشاپلا قالدى . ئۇ يېنىك تىن ئالغىنىچە ئامىنەنىڭ قولىنى چىڭ - چىڭ قىسىپ قويدى .

— ھوي ، بۇ بىزنىڭ ھەمدۇللاغۇ ؟ — دوختۇرخانا باشلىقى

ئۇلارنى كۆرۈپ ، دەرھال ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى ، — ۋاي نېمە قىلىق بۇ ؟ ئايجامال خانىم ، سىلەردەك يۈز - ئابرۇيلۇق ئادەملەرمۇ ئىت - مۈشۈكتەك بوغۇشۇپ ، شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ كۆزىچە سەتلىشىپ يۈرەمسىلەر ؟ نى ئات ، نى نومۇس ؟ بولدى ، بولدى ، ھەمدۇللانى قويۇۋېتىڭ ! ھەر ئىش بولسا چىرايلىق ھەل قىلمامسىلەر ، نېمە قىلىق بۇ ئەمدى ؟

ئايجامال خانىممۇ دوختۇرخانىدىكىلەرنى كۆرۈپ ، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىدى :

— يۈز - ئابرۇيلۇق ئادەملەر دېدىڭىزمۇ ؟ بۇ شاپاقچىنىڭ قانچىلىك يۈز - ئابرۇيى بولماقچىدى ، دوختۇرخانا باشلىقى ؟ قىلغۇلۇقنى ئۆزى قىلىپ بولۇپ ، يۈندىسىنى بېشىمغا چاچسا قانداق بولىدۇ ؟ ئۇنىڭ سىرتلاردا نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگىنىنى مېنى بىلمەيدۇ دەمدىلا ؟ بۈگۈن بىر يېقىنىم مېنى تاماققا تەكلىپ قىلغان . ئايرىمخانىغا ئەمدىلا كىرىپ ئولتۇرۇشىمىزغا ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ ، ھېلىقى يېقىنىم بىلەن مۇشتلىشىپ كەتتى . ئۇنى ئاز دېگەندەك مېنىمۇ تىللاپ رەسۋا قىلىۋەتتى . سەت بولمىسۇن دەپ گەپ قىلمىسام ، بارغانچە ئەزۋەيلەپ كېتىۋاتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ياقىسىغا ئېسىلدىم . بۇنداق شاپاقچىغا تەڭ تۇرالمىسام ، چاترىقىمغا شۇمەك قىستۇرۇپ ، ئايجامال دېگەن ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن .

ھەمدۇللا خوتۇنىنىڭ دوختۇرخانا باشلىقىغا دادلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، ۋارقىراپ كەتتى :

— ھەي پاسكىنا ، ئېغىزىڭغا بېقىپ سۆزلە ! سېنىڭ ئايرىمخانىغا خالىغانچە بىللە كىرىۋېرىدىغان قانداق يېقىنىڭ ئۇ ؟ ئايرىمخانا دېگەندە بىر ئەر بىلەن بىر ئايال يالغۇز ئولتۇرسا ، نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن ؟ تولا خەقنىڭ كۆزىنى بويايمەن دېمە ، دوختۇرخانا باشلىقىنى ئىشەندۈرگىنىڭ بىلەن مېنى ئالدىيالمايسەن ...

— ئۇ يەردە نېمە ئىشلارنىڭ بولۇشىنى بىلگەن ئادەم نېمىشقا

قولۇڭغا بىرەر جام ئېلىۋالمىدىڭ؟ ساڭا ئىچكۈدەك بىر نەرسە چىقاتتى ئەمەسمۇ ...

— ھوي - ھوي، بۇ بولمىدى، پەقەتلا بولمىدى. ئايجامال خانىم، تەربىيە كۆرگەن ئادەمدەك گەپ قىلمامدىلا؟ — دېدى دوختۇرخانا باشلىقى قۇلاقلىرىغا ئىشەنگۈسى كەلمىگەن ھالدا، — مۇنداق دېسىلە قانداق بولىدۇ؟ بولىدى، بولىدى، تالا - تۈزدە گەپ - سۆزگە دىققەت قىلمىساق بولمايدۇ. چىرايلىق قايتىپ، ھەر گەپ بولسا ئۆيگە بارغاندا دېيىشمەمسىلەر؟ نېمە ئۇنداق ئادەمنىڭ قۇلىقىنى قاتۇرۇپ ...

ئۇلار بىر - بىرىنى سۆرەشكىنىچە قاراڭغۇلۇق قوينىغا شۇڭغۇدى. خېلى يىراقتىنمۇ ئۇلارنىڭ ۋارقىراشقان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. بۇ كېچە ھەمدۇللا دوختۇرنىڭ ئۆيىدە قىيامەت قايىم بولىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

— ئىچىم ئەجەب بىر بوشاپ قالدى، — پىچىرلىدى ئامىنە رىسالەتنىڭ قولىقىغا، — خۇدانىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن بولغان بىلەن بۇ جاھاندا ھېچقانداق ئىشنى نېسى قويمايدىكەن. ئۆتنە ئالەم دېگىنى شۇ بولسا كېرەك، بۈگۈن بىز يىغلىساق، ئەتە قوپۇپ بىزنى يىغلاتقانلارنىڭ كۆزىدىن بۇلاق ئاقىدىكەن. مانا ئەمدى ھەمدۇللانىڭ سېسىقى تارالدى، خۇدايىم كۆزۈمگە ئەجەب بىر كۆرسەتتى دېسە، شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا رەسۋا بولغىنىنى دېمەيمۇ ...

رىسالەت گەپ قىلماستىن، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ قويدى.

ئۇلار خۇشلىشىپ ھەركىم ئۆز ئۆيلىرى تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى. قەمبەرخاننىڭ پۇتى ئاغرىيدىغان بولغاچقا، بىر تاكسى توسۇشتى. بىراق، ئادەم كۆپ، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا سىغمايتتى. شۇڭا، قەمبەرخان، زۇلخۇمار ۋە ئۇششاق باللار ماشىنىغا چىقىشتى، سۇلايمان قاسىم بىلەن رىسالەت ماشىنىغا پاتمىدى.

— بولدى، سىلەر قايتىۋېرىڭلار، — دېدى سۇلايمان قاسىم ماشىنىدىكىلەرگە قاراپ، — بولسا رىسالەتنىمۇ سىغدۇرۇۋالغان

بولساڭلار ياخشى بولاتتى ، مەن ئوغرى چىشتەك سىرتتا قالسامىۇ مەيلى ئىدى ...

— مەن چۈشۈپ قالسام ، رىسالەت چىقىۋالسۇنمۇ يا ؟ — دېدى زۇلخۇمار قەمبەرخانغا قاراپ .

— بولدى ، سىڭلىم . سىلى ئولتۇرىۋەرسىلە ، ئۇ دېگەن ياش ، نەچچە قەدەم ئالسىلا ئارقىمىزدىن يېتىپ بارالايدۇ . سىلى چۈشۈپ قالسىلا قۇددۇسجان بىلەن خالىقجاننى نەدە قويىمەن ؟ ئۇلارغا ئاناڭلار كەلگۈچە بىزنىڭكىگە كىرىپ تۇرۇڭلار دېسەم ئۇنامدۇ ؟ بولدى ئولتۇرىۋەرسىلە ، سىڭلىم . رىسالەت سۇلايمان ئاكىسى بىلەن ئارقىمىزدىن بارسۇن .

ماشىنا قوزغالدى . سۇلايمان قاسىم بىلەن رىسالەت قاراڭغۇلۇقتا پاتقان يولدا گەپ - سۆز قىلىشماستىن مېڭىشتى . جىمجىت تۈن قوينىدىن ئىككىسىنىڭ رىتىملىق تاشلانغان قەدەم تىۋىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

— قاچان يولغا چىقاي دەيسىز ؟ — سورىدى سۇلايمان قاسىم ئارىدىكى جىمجىتلىقتىن بىزار بولغاندەك ئۇھسىنىپ قويۇپ .

— ئۆگۈنلۈككە ، — رىسالەتمۇ گويا بۇ سۆزنى باشقا بىرى ئاڭلاپ قالسا بولمايدىغاندەك پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى .

— سىزنى ئۇزىتىپ ۋىلايەتتىكى ئايرودرومغىچە باراي دەيمەن ، — دېدى سۇلايمان قاسىم يۇلتۇزسىز ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ ، — سىزنى بوسۇغا ئاتلىماي ئۇزىتىپ قويۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ . رەھمەتلىك ھوشۇركام ھايات بولغان ياكى ھىممەت ياسىن يېنىمىزدا بولغان بولسا ، مەن بۇنداق خىياللارنى قىلىپمۇ يۈرمەيتتىم . سىزنى ئىگە چاقسى يوق ئادەمدەك بوسۇغا تۈۋىدىنلا يولغا سېلىپ قويساق ، كۆڭلىڭىز يېرىم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن . بىراق ، سىزنى ئۇزىتىپ بارىمەن دېسەم ، قەمبەرخاچام قانداق ئويلاپ قالار ؟ ئۇنىڭ ئەسلىدىنمۇ ماڭا نىسبەتەن بىر غومى بار ئىدى ، ئاشۇ ئىشتىن كېيىن ھەر قېتىم مەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا كۆزلىرىگە گۇمان بىلەن قارايتتى . مەن سىزنى ئۇزىتىمەن

دەپ يۈرۈپ يەنە ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويسام ياخشى بولمايدۇ . ئىككى كۈندىن بېرى مۇشۇ ئىشنى تولا ئويلاپ ، سارالڭ بولاي دەپ قالدىم .

رىسالەت ئۇنچىقماستىن ، سۇلايمان قاسىمنىڭ مۇرىسىگە بېشىنى قويۇپ ، لەرزان قەدەم تاشلاپ مېڭىۋەردى . ئەمما ، ئۇ نىيىتىدۇر توختىماستىن ئۇھسىناتتى . ئۇ بىر چاغدا ئۇيقۇلۇقتا جۆيلۈگەندەك دېدى :

— ئانام نىمە دەپ ئويلاپ قالسا مەيلى ، مەن سىزنىڭ ئۇزدىتىپ بېرىشىڭىزنى بەكمۇ خالايمەن ، سۇلايمان ! شۇنداق قىلسىڭىز مەن يېتىمسىرەشتىن خالىي بولۇپ ، يېڭى مەنزىلگە خۇشاللىق بىلەن يولغا چىقالايمەن .

سۇلايمان قاسىم بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى . قاراڭغۇلۇق ئۇزئىلكىگە ئالغان يولدىن ئىككى جۈپ ئاياغنىڭ رىتىملىق تىۋىشى كۆتۈرۈلۈپ ، كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى . قاراڭغۇلۇقتا پاتقان كوچىدا بىر قىزىل چېكىت پات - پات كۆرۈنۈپ قالاتتى …

88

«ئاق قۇ مېھمانخانىسى»نىڭ چىرايلىق بېزەلگەن بىر ئېغىزلىق ياتىقى . ھاۋا تەڭشىگۈچتىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سوغۇق شامال بەئەينى چاتاش كەنتىدىكى تاغ سەلكىنىگە ئوخشاش ئادەمنىڭ ئىسسىقتىن تالچىققان تېنىگە راھەت بېغىشلاپ تۇراتتى . تېلېۋىزوردا ھىندىستاننىڭ بىر كىنوسى قويۇلماقتا ئىدى . كىنودىكى بىر ھىندى قىزنىڭ يىراققا مېڭىش ئالدىدا تۇرغان يىگىتىنى ئۇزىتىپ ئېيتىۋاتقان مۇڭلۇق ناخشىسى بوشقىنا ئاڭلىنىپ تۇراتتى . سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆزى گەرچە تېلېۋىزور ئېكرانىدا بولسىمۇ كۆڭلى ئاللىقانداق بىر يەرلەردە تېنەپ يۈرەتتى . رىسالەت بولسا بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە كىنو ناخشىسىغا قۇلاق سالماقتا

ئىدى .

كىنونىڭ دەل ئەكسىچە سۈلايمان قاسىم يىراقتا مېڭىش ئالدى-
دا تۇرغان رىسالەتنى ئۈزىتىشقا كەلگەنىدى . تەقدىرنىڭ يازمىشى
شۇنداق بولسا كېرەك ، نېمە ئۈچۈندۇر ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋاق-
تى بىر كۈن كېچىككەنىدى . شۇ سەۋەبتىن ئۇلارغا بۇ يەردە بىر
كېچە قونۇشقا توغرا كەلگەنىدى .

كەچلىك تاماقتىن كېيىن سۈلايمان قاسىمنىڭ سىرتلارنى
ئايلىنىپ كەلگۈسى بولسىمۇ ، رىسالەتنىڭ ھېچ يەرگە بارغۇسى
كەلمىگەچكە ، ئۇلار ياتاققا قايتىپ كىرىشكەنىدى . بىراق ، ئۇلار-
نىڭ قەلبىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان تولىمۇ نازۇك بىر تۇيغۇ بىر -
بىرىگە ئېغىز ئاچۇرمايۋاتاتتى . كىنودىكى ناخشىمۇ ئوقۇلۇپ بول-
دى ، قىز يىگىتنى سۆيۈپ تۇرۇپ يولغا سالدى . ئاندىن يىگىتنىڭ
سەرسانلىق ھاياتى باشلاندى ... ئۇ نۇرغۇن يەرلەرگە بارغان بولدى ،
بايلارنىڭ تايىقىنى يېدى ، مۇشتۇمزورلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچ-
رىدى . نۇرغۇن رىيازەتلەردىن كېيىن ئۇلار قايتا ئۇچراشتى .
بىراق ، ئۇ چاغدا يىگىتنىڭ كەينىدە بىر قىز كۈلۈمسىرەپ تۇرات-
تى . ئۇنى ناخشىسى بىلەن ئۈزىتىپ قالغان قىز ئۆزىنى دەرياغا
تاشلىدى ، خۇددى پەرھاد ئۆزىنى تاغ چوققىسىدىن ھاڭغا تاشلىغان-
دەك ...

سائەت نېمىگىدۇر ئىچى پۇشقاندەك توختىماستىن چىكىلدايت-
تى . رىسالەتنىڭ كۆڭلىمۇ تاش چۈشكەن كۆل سۈيىدەك داۋالغۇپ
تۇراتتى . ئۇ تېخىچە ئەسنەپ ، ساقىلىنى تاتىلاپ ئولتۇرغان سۈلاي-
مان قاسىمغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويدى . ئۇنىڭ ئىچىمۇ سىقى-
لىۋاتاتتى .

— مەن ئەتە ماڭىمەن ، — دېدى پەس ئاۋازدا .

سۈلايمان قاسىم بىلىمەن ، دېگەندەك بېشىنى لىڭ-
شىتىپ قويدى .

— بىر كەتسەم ئىككى يىلغىچە قايتىپ كېلەلمەيمەن ، —
دېدى يەنە رىسالەت .

— بىز سىزنىڭ يولىڭىزغا قارايمىز، — دېدى سۇلايمان قاسىم پەرۋاسىز هالدا.

— ماڭا دەيدىغان باشقا گېپىڭىز يوقمۇ؟ — رىسالەت كۆزىگە ياش ئالغان هالدا يەنە سورىدى.

— مەن سىزگە پەقەت ئاق يوللا تىلىيەلەيمەن، — دېدى سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — يات شەهەردە، يات كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ.

— مەن هازىرمۇ يات ئادەمنىڭ ئالدىدىغۇ؟ بىزنىڭ يات ئادەمدىن نېمە پەرقىمىز بار؟ — رىسالەت ئۇن قويۇپ يىغلىۋەتتى، — بوپتۇ سۇلايمان، بەزىدە مەن سىزنى ئاكا دېدىم، بەزىدە سۇلايمان دېدىم، نېمىلا دېمەي سىز مېنىڭ يۈرىكىمگە تۇنجى مۇھەببەت ئوتىنى ياققان ۋە ئۇنى مەڭگۈ يالقۇنجىتىپ تۇرىدىغان سۆيگۈ ئىلاهى. شۇڭا، مەن سىزدىن هازىرغىچە ئۈمىدىمنى ئۈزەلمەي كېلىۋاتىمەن. بەلكىم قەلبىمدىكى بۇ ئورنىڭىزنى مۇشۇ ئالەمدە هېچكىم تارتىپ ئالالماس. شۇنداق ئىكەن، سەپەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى سىزگە بىر قېتىم قىنىۋالسام نېمە بولىدۇ؟ بەلكىم سىزنىڭ مەندىن باشقا بىرسىگە هېسسىيات جەهەتتە قەرزىڭىز يوقتۇر. بۇ قەرزنى مەن بۇگۈن سىزگە تۆلىتىمەن، سۇلايمان. شۇنداق قىلمىسام ئۆلسەممۇ كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ. قېنى، ئەمدى مېنى رەت قىلماڭ. مېنى تىخىچە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى كۆرۈپ ئۆگىنىشكە هەيدىيسىز. بىراق، مەنمۇ تاشتىن پۈتكەن ئادەم ئەمەس، مېنىڭ قەلبىمدىمۇ ئاياللىق هېس - تۇيغۇ پەۋەس تۇرۇپتۇ. مېنى ئەمدى بىر قېتىم سۆغىرىڭ سۇلايمان، چاڭقاق دىلىم بىر قېتىم بولسىمۇ ۋىسال شەربىتىگە قىنىۋالسۇن. هېچبولمىسا مۇشۇ بىر قېتىم بولسىمۇ...

بىر كېچە يامغۇر ياغدى، ياستۇقلار هۆل بولدى، چاك - چاك يېرىلغان ئەت تۇپىلىق زېمىن يامغۇر تامچىسى بىلەن قەلبىنى نەمدىدى. هېسسىياتلار يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ياتاق ئىچىدە بىهوش بولغان كەكلىكنىڭ شادلىق ساداسى ياڭرايتتى!...

ئايرودرومنىڭ كۈتۈش زالى ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى بىلەن شاۋقۇنلاپ كەتكەنىدى. ئېغىر سومكىلىرىنى ھارۋىلارغا بېسىپ ئۇياق - بۇياققا چېپىپ يۈرگەن ساياھەتچىلەر، قانداقتۇر رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشكە ئالدىراۋاتقان يېنىك سەپەر سومكىلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان خىزمەتچىلەر، تەرتىپ ساقلاۋاتقان قوغداش خادىملىرى، يۈك - تاق توشۇغۇچىلار زالغا لىق كەلگەنىدى. كانايدىن بىر قىزنىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنىڭ قوزغىلىش ۋاقتى، ھازىر كېلىدىغان ئايروپىلاننىڭ قېتىم سانىنى ئىنگلىزچە - خەنزۇچە ئېلان قىلغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ، پەسلەپ قونۇۋاتقان ئايروپىلانلارنى تاماشا قىلىۋاتقان بالىلارنىڭ شادلىقى ئىچىگە سىغمايتتى. قىسقىسى، بۇ يەردە ئاجايىپ زور قاينام - تاشقىنلىق كەيپىيات ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

رىسالەتنىڭ ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بېقىشى مۇشۇ تۇنجى قېتىم ئىدى. شۇڭا، ئۇ رەسمىيەتلەرنى قانداق بېجىرىشنىمۇ ئۇقمايتتى. ئۇنىڭ ھەممە رەسمىيىتىنى ئالىمجان يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئۆتەپ بەردى. ئۇ ئەمدى ئايروپىلانغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى تېپىپ ئولتۇرسىلا بولاتتى.

رىسالەت سىڭلىسى ئادالەتنىڭ ھېلىقى بۆرەك شەكىللىك قول سومكىسىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئۇنىڭ خۇشاللىق بالقىپ تۇرغان كۆزلىرى ئىچىگە تىنىپ ئولتۇرغان سۇلايمان قاسىمغا چۈشكەندە، يۈرىكى يەنە بىر قېتىم ئاغدى. ئۇ سومكىنىڭ بېغىنى چىڭگىدە تۇتۇۋالغانىدى. سۇلايمان قاسىم سائىتىگە قاراپ قويغاندىن كېيىن، قايغۇلۇق بىر كەيپىياتتا ئۇنىڭغا قارىدى.

— رىسالەت، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — يىراق سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسىز، ئۆزىڭىزگە پۇختا بولۇڭ، ئۆز يۇرتىڭىزدىن سىرتقا چىققاندا، دىققەت قىلمىسىڭىز بولمايدۇ. سالامەتلىكىڭىزگە دىققەت قىلىڭ، ئۆگىنىشكە زىيادە كىرىشىپ كېتىپ، ئۆزىڭىزنى ئالدۇرۇپ قويماڭ. ئۆيدىن غەم قىلماڭ، مەن قەمبەرخاچامنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمەن. ئۆگىنىدىغانىنى

راۋۇرۇس ئۆگىنىپ ، تېزرەك قايتىپ كېلىڭ . بۇ يەردىكى دوختۇرلار ۋە كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتقان ئەيدىز بىمارلىرى سىزنىڭ يولىڭىزغا قاراشلىق . ئۇلارنىڭ سىزگە باغلىغان ئۈمىدىنى يەردە قويماڭ .

رىسالەتنىڭ كۆز چاناقلىرىدا چىڭقىلىپ تۇرغان ياش خۇددى تۇغاننى بۆسۈپ ئۆتكەن سەلدەك قۇيۇلدى . ئۇنىڭ يەنە سۇلايمان قاسىمغا ئېيتىپ بولالمىغان نۇرغۇن يۈرەك سۆزلىرى بار ئىدى . بىراق ، يېنىدا ئالىمجان بولغاچقا ، دېمەكچى بولغانلىرىنى پەقەت كۆزلىرى بىلەنلا ئىپادىلەيتتى . ئاشۇ كۆزلەر سۇلايمان قاسىمغا مېنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ ، ھېچبولمىسا تېلېفون ئارقىلىق بولسىمۇ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاپ تۇراي ، ماڭا ھەر ۋاقىت مەدەت بېرىپ تۇرۇڭ ، دەپ ئەسكەرتەتتى . ئاشۇ كۆزلەر مەن ئەمدى سىزنى يەنە قاچان كۆرەرمەن ، دەپ سورايتتى . ئاشۇ كۆزلەر يەنە ئۇنىڭدىن نۇرغۇن مەسىلىلەر ھەققىدە جاۋاب ئېلىشقا ئىنتىلەتتى .

— ئۈرۈمچىگە بېرىپلا نىياسەم خانىمنى ئىزدەڭ ، — دېدى ئالىمجان كۆزلىرىنى رىسالەتنىڭ ھىجران ياشلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىن قاچۇرۇپ ، — ئاشۇ ھۆرمەتلىك ئۇستاز سىزگە ئۈرۈمچىدە ئۆتەيدىغان رەسمىيەتلىرىڭىزنى قانداق بېجىرىشنى ئۆگىتىدۇ ۋە ياردەملىشىدۇ . بىز سىزنىڭ ئىككى يىلدىن كېيىن ، بۇ يەرگە يەنە قايتىپ كېلىشىڭىزنى تۆت كۆزىمىز بىلەن كۈتىمىز . قايتىپ كەلسىڭىز سىزنى ئالغىلى يەنە ئۆزۈم چىقىمەن .

رىسالەت بېشىنى لىڭشىتتى . ئۇ مەكتەپ زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاشۇ تانسا كېچىلىكىدە تۇنجى قېتىم قولىنى تۇتقان ئالىمجاننىڭمۇ ئۆزىنى ئۇزاتقىلى چىققىنىدىن تەسىرلەنگەنىدى . شۇڭا ، ئۇ چىن دىلىدىن ئالىمجانغا رەھمەت ئېيتتى .

— خاتىرجەم بولۇڭ ، — دېدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن ، — ئۆگىنىشىم ئاخىرلاشسىلا ، ئىككى يىقىمغا قارىمايلا يېنىڭلارغا قايتىپ كېلىمەن . خەقنىڭ قوندىقىغا قونۇۋېلىپ ، سىزنى ھەرگىز يەرگە قاراتمايمەن .

ئايروپىلانغا چىقىش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى . رىسالەت سۇلاي-
مان قاسىمغا قاراپ دېدى :
— سىزنىڭ قان بېسىمىڭىز يۇقىرى ، بۇ دېگەن سەل قارايدى-
غان كېسەل ئەمەس . دورىنى ۋاقتىدا يەپ ، سالامەتلىكىڭىزنى
قەرەللىك تەكشۈرتۈپ تۇرۇڭ . مېنىڭ بىردىنبىر ئەنسىرەيدىغان
ئادىمىم سىز . ئۆزىڭىزنى ئاسراپ تۇرمىسىڭىز بولمايدۇ . قانداقلا
ئىش بولسا ماڭا خەۋەر قىلىپ تۇرۇڭ . سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزدىن
ۋاقتىدا خەۋەر تاپالمىسام ، مېنىڭ ئۆگىنىشىممۇ قۇرۇق گەپكە
ئايلىنىپ قالىدۇ : «يىراق يەرنىڭ ئەندىشىسى يامان» دېگەننى
ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز ؟

سۇلايمان قاسىم ئالىمجاننىڭ ئالدىدا ئۇيالغىنىدىن شەلپەردەك
قىزىرىپ كەتتى . ئۇ گەپ قىلماستىن بېشىنى لىڭشىتتى . رىسالەت
سومكىسىنى كۆتۈرگىنىچە كەينىگە قاراپ - قاراپ قويۇپ ئايرو-
پورتقا كىرىپ كەتتى . سۇلايمان قاسىم بىلەن ئالىمجان ئۇنىڭ
كەينىدىن قارىغىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى .

— ئۇ يەنە كەتتى ، — دېدى ئالىمجان ئۆز - ئۆزىگە پىچىر -
لاپ ، — ئاق يول بولسۇن ، رىسالەت مەڭگۈ كۆڭۈلدىن كۆتۈرۈلمەيدى-
غان تۇلپارىم ...

— ئەمدى كەتسىڭىز قاچانمۇ قايتىپ كېلەرسىز ؟ — دېدى
سۇلايمان قاسىممۇ پىچىرلاپ ، — سىز كەلگۈچە قومىچىم پىشىپ
قالمىسا بولاتتى .

ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك قاتتىق ئاۋاز بىلەن ئايروپىلان بوشلۇققا
كۆتۈرۈلدى . رىسالەت دېرىزىدىن پەسكە قاراپ ، سۇلايمان قاسىمنى
ئىزدىدى . ئەمما ، ئۇنىڭ كۆزىگە سەرەڭگە قېپىدەك بىنالاردىن
باشقا ھېچ نەرسە چېلىقمىدى . ئايروپىلان بارغانسېرى يۇقىرى ئۆر-
لىمەكتە ئىدى . ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىگە تىنىق دېڭىز سۈيىدەك كۆپ-
كۆك ئاسمان ، ئۈزۈپ يۈرگەن ئاپئاق بۇلۇتلار كۆرۈنۈشكە باشلىغا-
نىدى . ئۇ ئايروپىلان يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنسېرى ئۆزىنى خۇددى
ئادالەت بىلەن پەرھادنى ئىزدەپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى . ئۇ

www.uyghurkitap.com

ئۆزىگە قۇچاق ئاچقان ئاشۇ يېپيېڭى مەنزىرىلەر ئىچىدىن قەلبىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان سىيمانى ئىزدىدى . ئەپسۇسكى ، ئۇ ھېچ يەردە كۆزگە چېلىقمىدى .

— خوش ، سۇلايمان ، ئامان بولۇڭ ،ئەمما مېنى قەلبىڭىزدىن مەڭگۈ چىقىرىۋەتمەڭ ۋە مەن ئۈچۈن دۇئا قىلىڭ ... دۇنيادا سىزنى چىن دىلىدىن سۆيىدىغان رىسالەت ئىسىملىك بىر بەختسىز قىزنىڭ بارلىقىنى مەڭگۈ ئەستىن چىقارماڭ ...

سۇلايمان قاسىم ئايروپىلاننىڭ غارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى . كۈمۈش رەڭلىك ئايروپىلان كۆزنى قاماشتۇرغىنىچە ئۇنىڭ باش ئۇستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى . ئۇ ئايروپىلاننىڭ بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلگىنىگە قاراپ تۇردى . ئارىلىق يىراقلىغانسېرى ئايروپىلاننىڭ گەۋدىسى كىچىكلەپ باراتتى . بىردەمدىن كېيىن ئۇ كۈمۈش رەڭلىك كىچىككىنە بىر قۇشقا ، ئاندىن بىر چېكىتكە ئايلىنىپ ، كۆكۈچ ئاسماننىڭ بېتىگە قوشۇلۇپ كەتتى .

سۇلايمان قاسىم رىسالەتنى ئاشۇ چېكىت بىلەن بىللە ھاۋاغا سىڭىپ كەتكەندەك بىر تۇيغۇدا يۈرىكى ئالاغۇدى . ئۇنى ئەمدى ئادالەتكە ئوخشاش مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغاندەك قەلبى ئۆرتەندى . ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۇھ تارتقىنىچە پىچىرلىدى :

— خوش ، رىسالەت ، مەن بەختكە ئېرىشتۈرەلمىگەن پەرىشتەم . سىزگە يېڭى بىر تۇرمۇش قۇچاق ئاچتى . ئەمدى سىز ئۆزىڭىزگە تەۋە ھەقىقىي بەختنى تېپىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىڭ . بۇنىڭدىن كېيىنكى قەدەملىرىڭىز قۇتلۇق بولسۇن !

2006 ـ يىلى 13 ـ ئىيۇن ، شەھىرى خوتەن .

[General Information]
书名=诀别　（下册）维吾尔文
SS号=40214278